خارالد مۈللېر [گېرمانىيە]



# مەدەنىيەتلەرنىڭ بىللە مەۋجۇتلۇقى

— سامۇئىل خۇنتىنگتوننىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» نەزەرىيەسىگە تەنقىد



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

مەدەنىيەتلەرنىڭ بىللە مەۋجۇتلۇقى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن



ISBN 978-7-5469-5131-7

定价: 60.00 元

www.uyghurkitap.com



The Coexistence of Civilizations

خارالد مۆللېر [گېرمانىيە]

# مەدەنىيەتلەرنىڭ بىللە مەۋجۇتلۇقى

— سامۇئىل خۇنتىنگتوننىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» نەزەرىيەسىگە تەنقىد

تەرجىمە قىلغۇچى: خالىق ئاۋۇت

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

文明的共存：维吾尔文 / (德) 米勒著；哈力克·阿吾提译. — 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社；新疆电子音像出版社，2014.2

ISBN 978-7-5469-5131-7

Ⅰ. ①文… Ⅱ. ①米… ②哈… Ⅲ. ①国际政治–研究 Ⅳ. ①D5

中国版本图书馆CIP数据核字(2014)第045185号

策　　划　艾尔肯·伊布拉音·湃达
责任编辑　扎帕尔江·乌其洪
特约编辑　伊斯坎代尔·艾尼瓦尔
责任校对　阿不都热依木·阿不里米提
美术编辑　努尔买买提·艾买尔
责任复审　海拉提江·吾斯曼
责任决审　艾尼瓦·库迪力克
责任印刷　刘伟煜

书　　名　文明的共存（维吾尔文）
作　　者　哈拉尔德·米勒[德]
翻　　译　哈力克·阿吾提
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路5号（邮编 830026）
制　　版　新疆奥敢图书发行有限公司
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　乌鲁木齐市科恒彩印有限公司
开　　本　880mm×1230mm　1/32
印　　张　16.25
版　　次　2014年2月第1版
印　　次　2015年8月第1次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-5131-7
定　　价　60.00元

# كىرىش سۆز

مەن 1996 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سەيمىل خۇنتىنگتون ئەپەندى بىلەن ئۇنىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دېگەن بۇيۇك ئەسىرى توغرىسىدا بىر قېتىم ئاشكارا مۇنازىرىلىشىشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. بۇ قېتىملىق پائالىيەتنى فىرانكفوردتىكى «ئامېرىكا ئائىلىسى» تەشكىللىگەنىدى، مۇنازىرە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، فىشۆر نەشرىياتىدىكى دومزالىسكى ئەپەندى ماڭا خۇنتىنگتوننىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىگە ئوخشىمايدىغان قاراشلىرىمنى رەتلەپ كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى، مېنىڭمۇ بۇنداق ئوبدان تەكلىپنى رەت قىلغۇم كەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قولىدىكى بۇ كىتاب روياپقا چىقىپ قالدى.

بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىدا خۇنتىنگتوننىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى پىرىنسىپچانلىق بىلەن تەنقىد قىلدىم (بىرىنچى باب بىلەن ئىككىنچى باب). ئىككىنچى قىسمىدا نۇقتىئىنەزەرلىرىمنى ئېنىق شەرھلىدىم. بىرىنچى بابتا «مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيلىك» دېگەن ئىككى ئۇقۇمنىڭ پەرقىنى سېلىشتۇرۇپ، هازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان هەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى تەتقىق قىلدىم. ئىككىنچى بابتا مەدەنىيەت بىلەن سىياسىي ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى مۇهاكىمە قىلىپ، مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ قانداق ئەهۋالدا، قانداق شەكىل بىلەن «سىياسىي مەسىلە» گە ئايلىنىدىغانلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەھلىل قىلدىم. ئۈچىنچى بابتا زوراۋانلىق توقۇنۇشلىرىنىڭ سەۋەبى ۋە مۇساپىسىنى تەتقىق قىلىپ، ھالقىلىق مەسىلىنى، يەنى خۇنتىنگتوننىڭ قىياسىنىڭ بۇگۈنكى ئۆرۈشلاردا ئىسپاتلانغان ـ ئىسپاتلانمىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم.

ئۈچىنچى قىسىمدا خەلقئارالىق سىياسىيدىكى چوڭ رايونلار، يەنى غەرب دۇنياسى، ئاسىيا، ئىسلام دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان رايونلار، رۇسىيە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى قاتارلىق «چەت رايونلار»نى كونكرېت كۆزىتىپ تەھلىل قىلدىم. بەش بابنىڭ ھەربىرىدە ئىقتىساد، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، خەلقئارالىق سىياسىينىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى قىياس قىلىپ باقتىم ياكى بولمىسا مۆلچەرلەپ باقتىم.

كىتابنىڭ ئاخىرقى قىسمى (تۆتىنچى قىسمى)دا رايونلار ئارا مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى تەسۋىرلەپ، تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدىغان «بۇزغۇنچىلىق ئامىللىرى» — تېررورىزم، مۇھىت بۇلغىنىش، كەڭ كۆلەملىك كۆچمەنلەر مەسىلىسىنى شەرھلىدىم. ئاخىرقى بابتا بۇ تەھلىللەردىن سىياسىيدا قوللىنىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان يەكۈنلەرنى چىقاردىم.

كىتابتا مۇرەككەپ خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەرنى ئاددىي يوسۇندا «دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىش» تەك خۇنتىنگتونچە ئەندىزىگە سېلىشقا ئىجابىي يول بىلەن رەددىيە بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ ئوقۇرمەنلەردىن بەش قىتئەدە يۈز بەرگەن، مۆلچەرلەش ئاساسەن مۇمكىن بولمىغان مۇرەككەپ ۋەقەلەرگە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە باھا بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن مۇنداق بىر شەك ـ شۈبھىسىز پاكىتنى ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتتۈم:

دەۋرىمىزدىكى سىياسىي، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىنسانلارغا غايەت زور خەۋپ تۇغدۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تىپىلغۇسىز پۇرسەتمۇ يارىتىپ، ھەر مىللەتتىن بولغان ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى خەتەرلىك دۈشمەنلىشىشلەرنى ياراشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت تۇغدۇرىدۇ. دېمەك، مەدەنىيەتلەرنىڭ توقۇنۇش ھادىسىسى تېبىئىي كۈچ تۈرتكىسىدە كېلىپ چىققان ھادىسە ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئادەملەر كەلتۈرۈپ چىقارغان، شۇڭا ئىنسانلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، بۇ توسۇقتىن تامامەن ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ.

پۈتكۈل خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەرگە چېتىلىدىغان بىر ئەسەرنى بىرلا ئادەمنىڭ ئىقتىدارىغا تايىنىپ ۋۇجۇدقا چىقىرىش س گەپ، مەن بۇ يەردە رايونلار سىياسىيسىنى تەتقىق قىلىشتا مرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بارلىق مۇتەخەسسىسلەرگە سەمىمىي ھمەت ئېيتىمەن ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن، دەل شۇلارنىڭ ئاتقىقات نەتىجىلىرى بولغاچقىلا، مەن بۈگۈنكى خەلقئارالىق ۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تونۇشتا بىر يېڭى پەللىگە ېتەلىدىم. بۇنىڭدىن سىرت، مەن يەنە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خېسسىن ئىشتاتلىق تىنچلىق ۋە توقۇنۇش تەتقىقات فوندى جەمئىيىتىدىكى خىزمەتداشلارغا سەمىمىي رەھمىتىمنى بىلدۈرمەكچىمەن، ئۇلار ماڭا نۇرغۇن پايدىلىق تەكلىپلەرنى بەردى ۋە ياردەم قىلدى. يەنىس بېگخاۋ، جىنكا گېرك ۋە داشىم سىپاننېلار كىتابنىڭ قىسمەن باب، پاراگرافلىرىنى ئوقۇپ چىقتى ھەمدە ئورۇنلۇق پىكىرلەرنى بەردى. رېيشانىنا دېتاسد، شابىنا فىشېل ۋە كېئارستېن ۋېستفالىنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىنىڭ كىتابىمدىكى مۇھىم نۇقتىئىنەزەرلەرنى

شەكىللەندۈرۈشكىمۇ كۆپ پايدىسى بولدى. يەنس بېگخاۋ، ئۇنتا بېگى ۋە ستېفىن سونئۇسلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەھەتتە ناھايىتى زور ياردەم بەردى. كومپيۇتېرىمدا ساقلانغىلى بولمايدىغان بەزى كاشىلىلار كۆرۈلگەندە، ماكس مئۇلمان خۇددى پەرىشتىدەك يېنىمدا پەيدا بولدى.

خانىمىم ئۇلرىيك مۇللېر گەرچە خىزمىتى ئالدىراش بولسىمۇ، بىراق ئويلىغانلىرىمنى دېگۈم كەلگەن چاغدا، ئېيتقانلىرىمنى خۇشاللىق بىلەن ئاڭلاپ، ئىدىيەمدە ھەمىشە تۇراقسىزلىق كۆرۈلۈپ تۇرغان بۇ رېئاللىقنى ئۇن - تىنسىز قوبۇل قىلدى، شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ ئائىلىدىكى ئۇشىشاق - چۈشىشەك ئىشلارنى تەرتىپلىك بىر ياقلىق قىلىپ، پۈتۈن ئەس - يادىم بىلەن كىتابنى يېزىپ پۈتكۈزۈشۈمگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. خانىمىمنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئىنتايىن مىننەتدار بولدۇم.

خارالد مۇللېر

1998 - يىلى ئاۋغۇست

# مۇندەرىجە


بىرىنچى قىسىم تەنقىد ...... 1

خۇنتىنگتوننىڭ نەزىرىدىكى دۇنيا ......

I

ئىككىنچى قىسىم ئىدىيە ...... 47

مەدەنىيەت، مەدەنىيلىك، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ...... 47

ئىجتىمائىي كىرىزىس ۋە سىياسىي ھۆكۈمرانلىق ...... 104

ھازىرقى ئۇرۇش ۋە توقۇنۇشلار ...... 138

ئۈچىنچى قىسىم تەھلىل ...... 179

بىز كىم؟ — گەپنى «غەرب مەدەنىيىتى» نىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىدىن باشلايلى ...... 179

«سېرىق تەنلىكلەردىن كېلىدىغان خەتەرلىك ئاپەت» — ئاسىيانىڭ قەد كۆتۈرۈشى ...... 226

ۋېينا شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى تۈركىيە يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنى — ئىسلامىيەتنىڭ كۆپ ياقلىمىلىقى ...... 288

مۇقىم بولمىغان يادرو چوڭ دۆلىتى: رۇسىيە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار ...... 346

خەلقئارالىق سىياسىيدىكى چەت جايلار: ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى ...... 383

تۆتىنچى قىسىم نەزەر ...... 423

خەلقئارالىق سىياسىينىڭ تەرەققىيات يۈنىلىشى: كەلگۈسىگە نەزەر ...... 423

بىز نېمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەك؟ ...... 476

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى قىسىم
# نەنقىد

## 1

### خۇنتىنگتوننىڭ نەزىرىدىكى دۇنيا

ئىنسانلار ھەمىشە قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە ئېسەنگىرەپلا يۇ-رۇشىدۇ، چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ھاياتى شۇنداق نازۇك بولۇپ، ئاسانلا زىيان - زەخمەت يېتىپ قالىدۇ ھەم ھەر ۋاقىت تەھدىتكە ئۇچراپ تۇرىدۇ. باياشات تۇرمۇش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، مەدەنىيەتنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۆز سالاھىيىتى دېگەنلەرگە ھەمىشە يۇقىرىقى-دەك ئىشلار سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. ئىنسانلار ئۆزىنىڭ كىملىكى-نى ئىپادىلەيدىغان ئىسپاتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى، نەدىن نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلىشنى ئارزۇ قى-لىدۇ ھەم شۇلارنى بىلىشكە ئېھتىياجلىق. سالاھىيەتنى بەلگىلەش-تىكى چەك - چېگرانىڭ ئايرىلىشى مەلۇم بىر كىشىنىڭ باشقا بىر كىشىگە ئايلىنىپ قالمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىدا ئىپا-دىلىنىدۇ. ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتقان، كىرىزىسلار كۆرۈلۈۋاتقان ۋە كۆلپەتلەر يېغىۋاتقان دەۋردە، بۇ ئىككى خىل ئاساسىي ھادىسە بىرلىشىپ كېتىدۇ، يەنى قورقۇنچنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، چاك - پاسىللارمۇ بارغانسېرى مۇھىم بولۇپ قالىدۇ. بىرەر دۈشمەن تېپىش ياكى بىرەر قۇربانلىق تېپىش مۇئەييەن ئېھتىياجغا ئايلى-

نىپ قالىدۇ، يەنە كېلىپ بۇنداق ئېھتىياجلار ئېنىق هالدا ئاشۇ ئا-
تالمىش «ياتلار»غا قارىتىلغان بولىدۇ. دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تەھدى-
تىدىن قورقماي بولمايدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا ئوخشاشلا
قورقۇنچلۇق بىر نەرسە، يەنى دۈشمەنلىنىڭ ئارزۇسى يوشۇرۇنغان بو-
لىدۇ، بولۇپمۇ ۋەزىيەت يامان بولغاندا تېخىمۇ شۇنداق.

«مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دەل مۇشۇنداق يېتەرسىزلىكلەر
ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىققان. ئەڭ چوڭ دۈشمەن كۈچ بولغان كوم-
مۇنىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ،
غەرب سىياسىي جەمئىيىتىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بۇرۇنقىغا
قارىغاندا ئاز ـ تولا ئاشتى، ھەتتا ئۆزىنى خېلى بىخەتەر سېزىدى-
غان بولدى. ئۇلار ئۇرۇشنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىمايدىغان بولىدى،
يادرو قورالىلىرى ئارقىلىق قارشىلىشىشمۇ ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا
بىۋاسىتە يۈز بەرمەيدىغان بولدى، ئەمما ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى، كۈن-
دىلىك دۇنياسى بۇنىڭلىق بىلەنلا تېخىمۇ بىخەتەر بولۇپ كەتمى-
دى. ئەكسىچە، نۇرغۇن ئىشلار قالايمىقانلىشىپ كەتتى، بۇ غەرب
بىلەن شەرقنىڭ ئىختىلاپى ئاخىرلاشقانلىقىدىن كېلىپچىققان
بىۋاسىتە ئاقىۋەت ئەمەس، بىراق ئۇنىڭ پۈتكۈل دۇنيانىڭ تەرەق-
قىيات مۇساپىسىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدە شەك يوق؛ ئۈزۈك-
سىز تەرەققىي قىلىۋاتقان دۇنيا ئىقتىسادى ۋە ئۇنىڭ بىلەن زىچ
باغلىنىشلىق بولغان سودا، پۇل مۇئامىلە ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ
ئۈزۈكسىز يۈغۇرۇلۇشى ۋە تېزلىشىشىگە، كۆچمەنلەر دولقۇنىنىڭ
كۈنسايىن ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىز
ئىلگىرىكىگە ئوخشىماي قالدى، كەلگۈسىمىز توغرىسىدا بىرنەر-
سە دېيەكمۇ تەس بولدى، ئەمدىلىكتە يەنە ھەممە گۇناھنى يىر-
گىنچلىك سوۋېت ئىتتىپاقىلىقلارغا ئارتىپ قويساق بولمايدۇ ـ
دە، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## خۇنتىنگتوننىڭ مەدەنىيەت نەزەرىيەسىدىكى ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەرلەر

خۇنتىنگتون بىرگە ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىدىن بېشارەت بېرىپ: «مىللەتلەرنىڭ ئايرىلىشى ۋە ئىدېئولوگىيەنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈرتكىسىدە، ھازىر دۇنيا تارىخىدىكى ھەر خىل مەدەنىيەتلەر تىركىشىشكە يۈزلەندى. ھەر خىل مەدەنىيەتلەر بىر-بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان غايەت زور گۇرۇھلارنى شەكىللەندۈردى، ئەمەلىيەتتە بۇنداق قارشىلىشىش ھازىر شەكىللىنىپ بولدى. ئۇپۇق سىزىقىدا ئىسلامىيەت بىلەن كۇڭزىچىلىقنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈشى غەرب جەمئىيىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە بىۋاسىتە تەھدىت پەيدا قىلىدۇ» دەيدۇ. بۇ يەردە، «سېرىق تەنلىكلەر تەھدىتى» (غەربكە يۈرۈش قىلىپ دوناي دەريا ۋادىسىغىچە بارغان موڭغۇل چەۋەندازلىرىنى كۆرسىتىدۇ — تەرجىماندىن) ۋە «ۋېيىننا شەھەر سېپىلىغىچە قىستاپ كەلگەن تۈركىيە جازا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنى» مول ئىجادچانلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن، بۇ ئىككى خىل كۈچ غەرب مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق ئەسلىمىسىدە چوڭقۇر جاراھەت قالدۇرغاندى.

«مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دۇنيانى يېڭىباشتىن تونۇشىمىزغا يېڭىچە يول كۆرسەتتى، ئۇ ئەمەلىيەتتە دۇنيانى يېڭىباشتىن پىلانلاش يولىدىكى ئىنتايىن قەيسەرانە ئىزدىنىشتۇر. ئۇ بىزنى مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تىركىشىشنىڭ دەل ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى «ئەڭ ماھىيەتلىك ئەھۋال» ئىكەنلىكىگە؛ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭلا كىشىلەرنىڭ ئورتاق ھەرىكەت قوللىنىش، ئورتاق ئىدىيە شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان مەنبە ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. خۇنتىنگتون ئىن-

سانلار مەدەنىيىتىنىڭ چەك ـ چېگراسىنى يېڭىباشتىن ئايرىپ چىققان، ئۇ تارىخىي مەنبە، قىممەت سىستېمىسى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، دۇنيا قاراش ۋە مۇناسىپ ئىجتىمائىي، سىياسىي تەپەككۇر شەكلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەتنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىللىرىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش ئارقىلىق يېڭىچە بىر دۇنيا خەرىتىسىنى سىزىپ چىقماقچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەدەنىيەتنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ، كەلگۈسىدىكى دۇنيا ۋەزىيىتىنى لايىھەلەپ چىققان ۋە تەسەۋۋۇر قىلغان. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، خۇنتىڭتون مەدەنىيەتنىڭ چەك ـ چېگراسىنى ئايرىشتا دىنىي ئېتىقادنى ئاساس قىلغان. دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ دىندىن خالىيلىشىشقا يۈزلىنىۋاتقانلىقىغا نەزەر سالساقلا، ئۇنىڭ قاراشلىرىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلماي قالمايمىز. بىراق، خۇنتىڭتون ئەپەندى ھازىرقى جەمئىيەتتىكى بۇنداق «ئاتېئىزم»لىق (خۇداسىزلىق) يۈزلىنىشنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، دىنىي ئاساسنى تېخىمۇ مۇھىم ۋە ھەل قىلغۇچ تەرەققىيات يۈزلىنىشى دەپ قارايدۇ، بۇ گەپتە مەسىلە بارلىقىدا شەك يوق، ئۇ مۇشۇ ئاساستا ئىنسانلار مەدەنىيىتىنى مۇنداق بىرقانچە بۆلەككە ئايرىغان:

ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكا ۋە ئوكيانىيەنىڭ غەرب خىرىستىيان مەدەنىيىتى؛

سىلاۋىيان، گىرېك ئەللىرىنىڭ پىراۋۇسلاۋىيە مەدەنىيىتى؛

ئوتتۇرا ئافرىقا، ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارتىپ ھىندونېزىيەگىچە بولغان دائىرىنى قاپلىغان ئىسلام مەدەنىيىتى؛

ئافرىقا مەدەنىيىتى ــ گەرچە قالايمىقان، بىرلىككە كەلگەن ئىپادىلىنىش شەكلى يوق بولسىمۇ؛

ھىندىستاننىڭ ھىندى دىنى مەدەنىيىتى؛

ياپونىيە مەدەنىيىتى؛

جۇڭگو ۋە شەرقىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىدىكى كۇڭزىچىلىق مەدەنىيىتى.

بۇلاردىن سىرت، لاتىن ئامېرىكىسى مەدەنىيىتىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا سىستېمىسى بولۇپ، ئاساسەن خىرىستىيان ـ غەرب مەدەنىيىتى كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ، خۇنتىنگتون ئۇنىڭغا قارىتا ئېنىق يەكۈن چىقارمىغان.

خۇنتىنگتوننىڭ قارىشىچە، غەرب مەدەنىيىتى تېخنىكا جەھەتتىكى ئىلغارلىقى، ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى ھەمدە دۆلەت ۋە ھەربىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى تۈپەيلىدىن ئۇزاقتىن بېرى دۇنيادا ئاساسلىق يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. ئەمما، بۇ دەۋر كەلمەسكە كەتتى. باشقا دۆلەتلەرمۇ شىجائەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، يېقىن كەلگۈسىدە غەرب ئەللىرىدىن تېزلىكتە ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. ئاسىيا ياۋروپاغا يېتىشىۋالدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ، 21 ـ ئەسىردە جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە دۇنيادا 1 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىدۇ. غەرب جاھانگىرلىكى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغاندا، غەرب مەدەنىيىتى بىلەن باشقا ئەللەر مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق سوقۇلۇش بولغان ھەم بۇنداق سوقۇلۇش ئۇزاققىچە داۋاملاشقانىدى. ھازىر غەربنىڭ قىممەت قارىشى گۇمان قوزغاۋاتىدۇ ۋە تەنقىدكە ئۇچراۋاتىدۇ، كۆچ سېلىشتۇرمىسىنىڭ باشقا مەدەنىيەتلەرگە پايدىلىق يۆنىلىشكە قاراپ يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، غەرب مەدەنىيىتىنى چەتكە قېقىش ئۇزۇكسىز كۈچىيىۋاتىدۇ.

نوپۇس ئىستاتىستىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، دۇنيا نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش ۋەزىيىتىنى توغرا، تېز بىلىۋالالايدىغان بولدۇق. ئىستاتىستىكىلىق ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، غەرب

مەدەنىيىتىگە قارشى كۆچ كۆرۈنەرلىك ئاشماقتا. بۇ غەربتىن باشقا رايونلار نوپۇسىنىڭ تېز كۆپىيىۋاتقانلىقىدا كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. دۇنيادىكى باشقا ئەللەر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى غەرب ئەل-لىرىدىن ئېشىپ كەتتى. ئافرىقا ۋە ئىسلام دۇنياسى نوپۇسىنىڭ يىللىق كۆپىيىش نىسبىتى 3% كە يەتتى ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى، بۇ دۆلەتلەردە 25 ياشتىن تۆۋەنلەر ئومۇمىي ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئىقتىسادنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قېلىشى سە-ۋەبىدىن تۇرمۇشتا باشپاناھسىز قالغان بۇ ياشلار ھەممىدىن ئۇمى-دىنى ئۈزگەن، ئۇلار ئىشەنچىنى يوقاتقان، رايى قايتقان ھەم كۆڭلى ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان بولۇپ، ئاچچىقىنى چىقىرىۋالىدىغانغا توختىماستىن ئوبيېكت ئىزدىشىدۇ. غەرب مەدەنىيىتىگە قارشى ئېقىمنى تەرغىب قىلىدىغان ئۆزىنى تونۇش قارىشى ئۇلارنىڭ ھا-ياتلىقتا ئۆزىنى يېڭىباشتىن تېپىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ياشنىپ قالغان ئەجدادلارغا قارىغاندا، ياش بىر ئەۋلادلار تېخىمۇ قارشىلىق ۋە زوراۋانلىق خاھىشىغا ئىگە بولىدۇ. 80 - يىللاردىن بېرى، ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ قىزىققان ياشلار ئورتودوكس خىرىستىيان مەدەنىيىتىگە قارشى تۇرىدىغان كۈچلۈك سورۇن تاپتى، شۇڭا غەربنىڭ سىياسىي-سى ۋە مەدەنىيىتىگە قارشى غايەت زور سەپەرۋەرلىك كۈچى مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن.

مەدەنىيەتلەرنىڭ تۈرى ئادەتتە مەلۇم يادرو دۆلىتىنى چۆرىدەپ ئايرىلىدۇ: ئامېرىكا ۋە باشقا غەربىي ياۋروپا ئەللىرى ئىتتىپاقى تەبئىيلا خىرىستىيان مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى؛ شەرقىي ئاسىيا رايونلىرىدا جۇڭگونى مەركەز قىلغان كۇڭزىچىلىق مەدەنىيەت چەمبىرىكى شەكىللەنگەن؛ مەيلى ئېتىراپ قىلايلى - قىلمايلى، ياپونىيە مەدەنىيىتىنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن نۇرغۇن مەنبە-

داش تەرەپلىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا خاسلىقى بار: رۇسىيە پىراۋوسلاۋىيە مەدەنىيىتىدىكى يادرو دۆلەت؛ ھىندىستاننىڭ مەدەنىيەت چەمبىرىكى بىلەن ئۇنىڭ دۆلەت دائىرىسى ئۆزئارا جىپسىلىشىدۇ؛ ئافرىقا مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىدە مەركىزىي دۆلەت يېتەرسىز. خۇنتىنگتون تۈركىيەنىڭ مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا رەھبەرلىك رولىنى ئوينىش مۇمكىنچىلىكىنى ئاندا ـ ساندا تىلغا ئېلىپ قويغان، شۇڭا كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئەنقەرە ئاخىر بېرىپ ياۋروپادىكى نىيىتى يامان ھەمراھلىرىغا رەت قىلىش قارارىنى چىقىرىپ قالسا، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى بۇ كونا ئىتتىپاقدىشىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن كەچۈرۈشى لازىم.

خۇنتىنگتوننىڭ قارىشىچە، ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەتلەر ئالەمش «ھۆكۈمرانلىق ئېڭى»نى نامايان قىلغان، گەرچە ئۇلارنىڭ پەرقى بولسىمۇ، بىراق ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەربىكىتىگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا سوقۇلۇشتىن ساقلىنىش تەسكە چۈشىدۇ، توقۇنۇشمۇ تەبىئىيلا توختىماي يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ھازىر ھەر خىل مەدەنىيەتلەر گىرەلەشكەن جايلار سۈركىلىش، تالاش ـ تارتىشلار كۆپ يۈز بېرىدىغان جايلار بولۇپ قالدى. كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتتىن تەركىب تاپقان دۆلەتلەر، مەسىلەن، بوسنىيە، سۇدان، مالايشىيا ۋە ھىندونېزىيەلەردە ئىچكى دەز كۆرۈلۈۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن بەلكىم تېخىمۇ كەسكىن زوراۋانلىق توقۇنۇشلىرى يۈز بېرىشى، ھەتتا ئىچكى ئۇرۇش پارتلىشى مۇمكىن. بولۇپمۇ ئىسلام دۇنياسىدىكى «قانلىق چېگرا» لاردىكى مەسىلە تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇشى مۇمكىن. دەل شۇ سەۋەبتىن، بۆلۈنۈش تىنچلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىردىنبىر يول بولۇپ قالدى: كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتكە خاتىمە بېرىپ، مەدەنىيىتى ساپ بولغان دۆلەت قۇ-

رۇش؛ مەدەنىيەت چەك ـ چېگراسى ۋە دۆلەت چېگراسىدىن ھالقى-
غان ۋەزخانلىقنى توختىتىش دېگەندەك ھەرىكەتلەر دىن ۋە مەدەنى-
يەت تارقىتىش، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جە-
ھەتتە، يەنى ئىنسانىي ھوقۇقنى كاپالەتلەندۈرۈش، ھاكىمىيەت بى-
لەن دىننى ئايرىش ۋە ئاياللار ئازادلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە زور
مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، بىر خىل سىياسىي دەل مەدە-
نىيەتلەرنىڭ قوشۇلۇش ئورنىدا تۇرۇۋاتقاندا، ئىچكى قىسىمدىكى
ھەر خىل مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سوقۇلۇش ۋە سۈركىلىش-
لەرنى ئازايتقاندىلا، ئاندىن دۇنياۋى توقۇنۇشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى
توسىغىلى بولۇشى مۇمكىن.

خۇنتىنگتون بۇنىڭلىق بىلەن قالماي يەنە بىز كۆڭۈزىچىلىق
بىلەن ئىسلام دىنىدىن غەربكە قارشى ئېتتىپاق ھاسىل بولغانلى-
قىنى كۆرەلەيمىز دەپ قارىغان. بۇ بىر قاباھەتلىك چۈشتۇر: مەدە-
نىيەتلەر ئارا ئۆرۈش كۈچلۈك ئۆچمەنلىك ۋە توقۇنۇشلارنىڭ كۆپ
خىللىشىشى ۋە تۇيۇقسىز يۈز بېرىشى تۈپەيلىدىن كەڭ كۆلەملىك
يوقىتىش خاراكتېرىدىكى قوراللارنىڭ ئىشقا سېلىنىشىنى كەلتۈ-
رۈپ چىقىرىشى، ھەتتا ئاخىرىدا دۇنياۋى يادرو ئۇرۇشىغا ئۆزگىرىپ
كېتىشى مۇمكىن. ئىش شۇنداق بولىدىغان بولسا ئىنتايىن قور-
قۇنچلۇق ھادىسە يۈز بېرىپ، ئىنسانلار شۇ تۈپەيلىدىن بارلىق غايە
ۋە ئارزۇلىرىدىن مەھرۇم قېلىپ ئىستىقبالىنى تۈگەشتۈرىدۇ.

كىشىنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىققىنى شۇكى، خۇنتىنگتون
مۇشۇنداق چۈشكۈن يەكۈننى چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن،
«مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دېگەن كىتابىنىڭ ئاخىرقى بابىدا
توساتتىنلا نۇقتىئىنەزىرىنى ئۆزگەرتىپ، مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى
ھەمكارلىق ۋە ئالماشتۇرۇشنى ئاقلاشقا چۈشىدۇ، بۇ ئالدىنقى باب،
پاراگرافلاردا ئىپادىلەنگەن باش تېمىغا قىلچە ماس كەلمەيدۇ.

ئەجەبا، بۇ ئوقۇرمەنلەرنى ئەركىن ئەسەۋۋۇر قىلىشقا يېتەكلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان تاكتىكىلىق يېزىقچىلىق ۋاستىسىمۇ ياكى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتەك ئىدراكىي ئۇسۇلنىڭ ئاخىرى دوگما، قاتمال تەپەككۇر ئەندىزىسى ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكىمۇ؟ مەيلى نېمىلا دېيلى، دېتېر سېڭخاۋسىنىڭ باھاسى ناھايىتى ئورۇنلۇق بولغان. ئۇ ئەمەلىي پاكىتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دېگەن كىتابتا يېزىلغىنى «ياراشتۇرۇش پىلانىدۇر، ئەگەر بىز ئۇنىڭ تەپەككۇر يولىنى بويلاپ كۆپ ئويلىنىپ يۈرمەيلا تەھلىل قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ پىلاننى راست دەپ كېتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلالايمىز»① دەپ كۆرسەتتى.

## دۇنيا ئەندىزىسى ۋە دۇنيادىكى رېئاللىق

بۈگۈنكى دۇنيا ئەندىزىسى شەرق - غەربنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن شەكىللەنگەن يېڭى دۇنيا ئەندىزىسىدۇر. ئۇنىڭ بىر خىل خەلقئارالىق يېڭى تەرتىپ ئىكەنلىكىدە شەك يوق. بىز ئۇ توغرۇلۇق جىق گەپلەرنى قىلىشىپ، ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى مۇرەككەپ دۇنياغا ئۇزاق مەزگىللىك تىنچلىق ئېلىپ كېلىشىنى كۈتكەنىدۇق. خۇددى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدە، ئاتالمىش ئەركىن دۇنيا ۋە كوممۇنىزم دۇنياسى دەپ ئايرىغىنىمىزغا ئوخشاش، بۈگۈنكى كۈندىمۇ دۇنيانى ئاشۇنداق ئاددىي ئۇسۇل بىلەن يۇزەكى ئايرىپ قويۇۋاتىمىز. «مەدەنىيەت» جەھەتتىكى پەرق بىزنىڭ مەسىلىلەرگە يېڭى نەزەر بىلەن قارىشىمىزغا شا-

① دېتېر سېڭخاۋس «‹مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى›دىكى تەرسالارچە قاراشلار» «Blaetter fuer Deutsch and Internationale Politik»نىڭ 1997 - يىللىق 2 - سان، 215~226 - بەت.

رائمت يارىتىپ بەردى، ئەمما ئۇنىڭ كەينىگە غايەت زور مەنپەئەت تۇرتكىسى يوشۇرۇنغان، شۇڭا بىر قەدەر چوڭ پەرق كېلىپچىقىشىدىن ساقلانماق تەس. شۇنىڭ ئۇچۇن ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا خاتالىق ئۇچۇن زور بەدەل تۆلىشىمىز مۇمكىن. يەنە كېلىپ، مەدەنىيەتنى ئۆلچەم قىلىپ يېڭىباشتىن ئايرىپ چىقىلغان دۇنيا ئەندىزىسى رېئال دۇنيادىكى نۇرغۇن پاكىتلارغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىپ كەتمەيدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خۇنتىنگتون تەرتىپىنى يېڭىدىن ئورناتماقچى بولغان رېئال دۇنيانى تېخىمۇ مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ ھەمدە تىزگىنلىمەك تېخىمۇ تەس. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خۇنتىنگتوننىڭ نەزەرىيەسىدە تەجرىبىچىلىك خاتالىقى ئىنتايىن كۆپ. بۇ نۇقتىئىنەزەرلەر كىشىدە ئۇزۇكسىز گۇمان پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ، بىر خىل ئىدىيە سىستېمىسى رېئاللىقتىن بەكلا ئايرىلىپ قالسا، دەرۋەقە كەسكىن تەنقىدكە ئۇچرايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ بىزگە نىسبەتەن ئەھمىيىتى بار ـ يوقلۇقىدىنمۇ گۇمان قىلىپ قالىمىز. بۇنداق مودا نەزەرىيەلەر نەزەرىيەچىلەر ۋە ئەمەلىيەتچىلەرنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا تۇيۇق يولغا باشلاپ قويىدۇ، شۇڭا بۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ. دۇنيا تارىخىدىكى نۇرغۇن ئىشلار بۇنىڭغا ئىسپات بولالايدۇ: ماركسىزم ـ لېنىنىزم نەزەرىيەسى بىر مەھەل ھۆكۈم سۈرگەنىدى، بىراق بىز ھازىر ئۇنىڭدىن ئاخىر ۋاز كەچتۇق.

مەن بۇ يەردە خۇنتىنگتوننىڭ كىتابىدىكى بەزى خاتالىقلارنى ھەم مۇشۇ بۇرمىلانغان پاكىتلارغا ئاساسەن چىقىرىلغان «ئاقىلانە» يەكۈنلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن، بۇ يەردە نەزەرىيە ئېھتىياجى تۇ-پەيلىدىن يېڭى دۇنيا ئەندىزىسىنىڭ ئىجادچىلىرى قۇربانلىققا ئايلىنىپ قالغان:

1 ـ مىسال: خۇنتىنگتون «قانلىق ئىسلام چېگراسى» دېگەننى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىستاتىستىكىلىق مەلۇمات ئارقىلىق بۇ مەسە-لىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان. ئۇ يېقىندا يۈز بەرگەن ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى 31 قېتىملىق قوش تەرەپلىك ياكى كۆپ تەرەپلىك زورلۇق كۈچ توقۇنۇشلىرىنىڭ 21 قېتىملىقى، يەنى 2/3 قىسىم توقۇنۇش مۇسۇلمانلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن بولغان[1] دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، مۇسۇلمانلار ئىنتايىن ئۇ-رۇشقاقتەك كۆرۈنىدۇ. بىراق، بىز مەسىلىنى كۆزىتىشتىكى نۇق-تىنى ئالماشتۇرساقلا، ئىسلام قوغدىغۇچىلىرىنىڭ «مەدەنىيەتلەر ئارا توقۇنۇش»تا ئىسلامدىن باشقا دىندىكىلەرنىڭ رەقىبى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بايقايمىز. بىز مۇشۇ تەپەككۇر ئاساسىدا بۇ سانلىق مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى شەكىللەر ئارقىلىق يېڭىباشتىن ئوقۇپ چۈشىنىپ باقساق بولىدۇ: مەدەنىيەتلەر ئارا زوراۋانلىق تالاش-تارتىشىغا ئارىلىشىپ قالغان 62 دۆلەت ياكى گۇرۇھلار ئىچىدە، پەقەت 21 دۆلەت، يەنى تەخمىنەن 1/3 قىسمى ئىسلام دىنىدىكى دۆ-لەت ياكى گۇرۇھ. بۇ ئاگلاشقا پۇتۇنلەي باشقىچىدەك بىلىنىدۇ. ئە-گەر بىز خەرىتىگە يېڭىباشتىن قاراپ باقساق ھەم ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى چەك - چېگرانى تەپسىلىي كۆزىتىپ باقىدىغان بولساق، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ تاشقى چېگراسى ھەرقان-داق بىر رايوننىڭ تاشقى چېگراسىدىن كۆپ ئۇزۇن ئىكەن دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە مىللەتلىرى ساندىۋېچنىڭ قېتىغا سۇركىگەن ئىرىمچىككە ئوخشاش باشقا مەدەنىيەتلەر ئارىسىغا قىسىلىپ تۇرغان، باشقا دۆ-لەتلەر چېگرالىرىنىڭ كۆپ قىسمى بىپايان دېڭىز بىلەن ئورىلىپ

---

[1] سەيمىل خونتىنگتون: «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى — 21 - ئەسىردى-كى خەلقئارا سىياسىيسىنىڭ قايتا ئورنىلىشى» (The Clash of Civlizations)، Munich /Wien 1996 420 - بەت.

تۇرغان، مەسىلەن: «لاتىن» مەدەنىيىتىنىڭ بىرلا كېيىنكىسى پاسىلى بار، ئۇ بولسىمۇ مېكسىكا بىلەن ئامېرىكا. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خۇنتىنگتوننىڭ ئىستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلىرى بىزگە مەلۇم بولغان نەرسىلەرنىمۇ ئېيتىپ بېرەلىگىنى يوق: ئۆز-ئارا چېگرالىنىدىغان دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئارا سودىنى راۋاجلاندۇرۇش ئېھتىماللىقى ئەڭ چوڭ. ناۋادا ئەتراپلىق ئويلىنىپ كۆرىدىغان بولساق (بەلكىم كىشىلەر بىر ئالىمدىن مۇشۇلارنى كۈتسە كې-رەك)، ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى ئۇرۇشقاقلىقنىڭ «باشقىلاردىن ئې-شىپ چۈشىدىغانلىقى»نى ھەم ئۇلار «قان تۆكىدىغان چېگرا»نى ئو-ڭايلا كۆرۈۋالالايمىز، ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر تەرەپلىمە قاراش تۈپەيلىدىن ماتېرىياللارنى خاتا تاللاپ، خاتا يەكۈن چىقارغان-لىقتىن بولغان. ئۇ سانلارمۇ ئوتتۇرىچە ئىستاتىستىكىلىق كۈتۈل-مە قىممەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

2 ـ مىسال: خۇنتىنگتون ئىسلام ـ كۇڭزىچىلىق ئىتتىپا-قىدىن كېلىدىغان قورقۇنچلۇق باLAيىئاپەتنى دەلىللەش ئۈچۈن، جۇڭگو بىلەن شىمالىي چاۋشيەننىڭ ئىسلام ئەللىرىگە قورال ـ ياراغ سېتىش قىلمىشىنى، بولۇپمۇ پاكىستان، ئىران، ئىراق ۋە سۇرىيەگە ھەربىي قورال ـ ياراغ ساتقانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. ئۇ يەنە جۇڭگو بىلەن ئىراننىڭ يادرو تېخنىكىسى جەھەتتىكى ھەمكارلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.[1] بىراق نېمە ئۈچۈنكىنتاڭ، ئۇ غەرب ئەللىرى ـــ بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ ئىسلام ئەللىرىگە قورال ـ ياراغ ساتقانلىقىدەك پاكىتنى تىلغا ئېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، شۇڭ-لىسى بۇلارنىڭ ساتقان قورال ـ ياراغلىرىنىڭ سانى جۇڭگو ۋە شىمالىي چاۋشيەننىڭكىدىن ئون ھەسسە ئارتۇق، ئەجەبا، بۇ غەرب

① خۇنتىنگتون: «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى»، 387 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىتتىپاق تۈزگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئەمەسمۇ؟ هازىرنى ئېلىپ ئېيتساق، ئىراننىڭ پۇقراۋى يادرو تېخ-نىكىسى جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم ھەمراھى رۇسىيە، ئىككى تەرەپ ئېنېرگىيە يادرو رېئاكتورىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، يەنە يېڭىدىن ئىككى رېئاكتور ياسىماقچى بولۇۋاتىدۇ، شۇنداقلا يادرو تېخنىكىسى تەتقىقاتى ساھەسىدىمۇ كۆپ تۈرلۈك ھەمكارلىق شەرتنامىلىرىنى ئىمزالىدى، ئەجەبا بۇ پىراۋوسلاۋىيە ـ ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ شە-كىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەمدۇ؟ هازىر يادرو تېخنىكىسى جە-ھەتتە ئەڭ كەڭ ھەمكارلىشىۋاتقىنى ئارگېنتىنا بىلەن ئىسلام دۇن-ياسى بولۇپ قالدى. ئارگېنتىنا ئالجىرىيەدە تەتقىقات ئىشلىرىدا قوللىنىدىغان بىر يادرو رېئاكتورىنى پۈتكۈزدى، مىسىردىمۇ بىر يادرو رېئاكتورى قۇردى، شۇنداقلا سۈرىيە بىلەنمۇ شۇنىڭغا ئوخ-شاش ھەمكارلىق كېلىشىملىرىنى ئىمزالىدى. ئارگېنتىنانىڭ ياد-رو يېقىلغۇلىرى ئالجىرىيە ۋە ئىرانغا توشۇلدى، بۇ ئىشلاردىن بىز «لاتىن ـ ئىسلام ئىتتىپاقى» نىڭ تەھدىتىنى ھېس قىلمىزمۇ ـ قانداق؟

3 ـ مىسال: بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنا توقۇنۇشىدا خۇنتىنگ-توننىڭ گېپى بويىچە بولغاندا، غەرب ئەللىرى كاتولىك دىنىغا ئې-تىقاد قىلىدىغان كىرودىيەلىكلەرگە يان باستى، ئەمما رۇسىيە، گىرېتسىيە دېگەندەك پىراۋوسلاۋىيە ئەللىرى سېربىيەلىكلەرگە ياردەم قىلدى، ئىسلام ئەللىرى ئىزچىل تۈردە بوسنىيەدىكى مۇ-سۇلمانلارنى قوللىدى. بىراق بۇلار پاكىتنىڭ مەلۇم بىر تەرىپى بو-لۇپ، ئەمەلىي ئەھۋال ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. توقۇنۇش يۈز بەرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، گېرمانىيە (پىروتېستانتلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەت) ۋە ئوخشاشلا پىروتېستانىزم دۆلىتى بولغان دانىيە كىرودىيەنى قوللىدى، ئەمما كاتولىك دىنى ئەللىرى، مەسە-

لەن، فىرانسىيە، ئىسپانىيە، ئىتالىيە ۋە ئېپىسكوپۇل مەزھىپىدىكى ئەنگلىيە سېرىبلار بىلەن بىر سەپتە تۇردى. ئۇرۇشنىڭ يەنىمۇ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ ھېسداشلىقى ئەھۋالنى ئۆزگەرتىۋەتتى، غەرب ئەللىرى جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا باشقىچە يول تۇتۇپ، بوسنىيەدىكى مۇسۇلمانلارنى قوللاشقا باشلىدى، ئۇلار خېلى ۋاقىتقىچە ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەي يۈرگەندىن كېيىن، ئاخىر بۇ توقۇنۇشقا قورال كۈچى بىلەن ئارىلىشىش قارارىغا كېلىپ، توقۇنۇش يۈز بەرگەن رايونغا تەۋەكۇل قىلىپلا 50 مىڭ ئەسكەرنى ئەۋەتىپ، مەدەنىيەتتى كۆپ مەنبەلىك بولغان بۇ رايوندىكى سېرىبلاردىن باشقا ئاھالىلەرنى قوغدىماقچى بولدى، بۇ ئەلۋەتتە مۇسۇلمانلار ئاپتونوم رايونىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. رۇسىيە كۆپ ئارىلىشىشنى خالىمىغانلىقتىن، سىياسەت جەھەتتە سېرىبلار مەنپەئەتىنىڭ ئەڭ يادرولۇق قىسمىنى قوغداش بىلەنلا چەكلەندى. ئۇ دەسلەپتىلا يۇگوسلاۋىيەنىڭ باشقا رايونلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن جازالاشقا قوشۇلۇپ، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ يۇگوسلاۋىيەنى جازالاشتا ھەرىكەت قوللىنىشىنى توسمىغانىدى. ئەگەر بۇ ئۇرۇش «مەدەنىيەتلەر ئارا ئۇرۇش»نىڭ ئەندىزىسى بويىچە بولغان بولسا، ئۇنداقتا غەرب بىلەن پىراۋوسلاۋىيە ئىتتىپاقى كۈچلىرى مىلوشېۋىچ بىلەن تۇئوچمانىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا قوشۇلغان، يەنى كىرودىيە بىلەن سېرىبىيەگە ئىگە بولۇپ، بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنانى ئايرىپ بەرگەن بولاتتى. شۇنداقلا، ئۇلار مۇشۇ پىلاننىڭ ئىشقا ئېشىشىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرگەن بولاتتى، ئىش ھەقىقەتەن شۇنداق بولدى، بۇ خۇنتىنگتوننىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە نىسبەتەن كۈچلۈك قوللاش ھېسابلىنىدۇ. گېزى كەلگەندە شۇنىمۇ دەپ ئۆتەي، خۇنتىنگتون بۇنى دېيىشنى «ئۇنتۇپ قاپتۇ»، گېرېتسىيەنىڭ سېرىبلارغا يېقىنلىشىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ماكېدونىيە (ئوخشاشلا پىراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ) ئىتتىپاقىغا تاقابىل تۇرۇش ئىدى. چۈنكى، ئافىنا بەزى كۆچلەرنىڭ گىرېتسىيەنىڭ ئوخشاشلا ماكېدونىيە دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئۆلكىسىگىمۇ يېرتقۇچلاردەك خىرىس قىلىۋاتقانلىقىدىن ئەندىشە قىلىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئۇرۇشى» دېگەندىن ئەمەلىيەتتە ئەندىشە قىلىپ كەتكۈدەك ئىش يوق، يامان يېرى شۇكى، خۇنتىنگتوننىڭ نەزەرىيەسىدە ئۇرۇشقا بېرىلگەن ئەڭ ئاخىرقى باھادا بىتەرەپلىمىلىك بار: «بوسنىيەدە مۇسۇلمانلار بىلەن پىراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سېربلار ئوتتۇرىسىدا بىر مەيدان ئاپەت خاراكتېرلىك قانلىق ئۇرۇش بولدى ھەمدە كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىرودىيەلىكلەرگىمۇ زوراۋانلىق ھەرىكىتى قوللىنىلدى.»[1] بۇ يەردە ئاق قارا ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن، كاللىكېسەرلەر بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. بىراق، خۇنتىنگتون ئۇرۇش توغرىسىدا گەپ بولسىلا «قانلىق ئىسلام» دېگەننى كۆتۈرۈپ چىققانلىقتىن، تارىختىكى ئەينەن ئەھۋال بىر چەتكە تاشلىنىپ قالغان.

شۇڭا، بىز كۆپچىلىكنىڭ سەمىگە شۇنى سېلىپ ئۆتىمىزكى: ئاشۇ قۇرۇق گەپ بىلەن توشۇپ كەتكەن «بۈيۈك نەزەرىيە»دىن ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ، كىمكى رەڭلىك كۆزەينەك تاقىۋالىدىكەن، ئۇ دۇنيانى شۇ كۆزەينىكىنىڭ رەڭگىدىلا كۆرەلەيدۇ ـ دە، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن دۇنيا شۇ رەڭدە ئوخشايدۇ دەپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ھاۋا ئوچۇق كۈنلەردە ئاسمانغا قارايدىغان بولساق، كۆز ئالدىمىزدىكى رېئال دۇنياغا خاتا

---

① خۇنتىنگتون، «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى»، 416 ـ بەت.

هۆكۈم قىلىپ سالمايدىغىنىمىزدا گەپ يوق. بىراق، ناۋادا نەزىرىمىزنى يەر يۈزىگە ئاغدۇرۇپ قارىغىنىمىزدا، سەزگۈ ۋە تەسىرگە ئاساسلىنىپ ئۆزىمىزمۇ سەزمىگەن ھالدا بىرەر نەرسىنىڭ رەڭگىگە خاتا ھۆكۈم قىلىپ قويۇشىمىز مۇمكىن. خۇنتىنگتوننىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» نەزەرىيەسىمۇ ئەنە شۇنداق، بىراق نەزەرىيەنىڭ كۆزەينەكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان رېئاللىقنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.[①]

**دۇنيا قاراش ۋە يۈنىلىشلىك ئېھتىياج ــ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دېگەن ئەسەرنىڭ بازىرى چىقىپ كېتىشىدىكى سەۋەب**

مەن يۇقىرىدا كەلتۈرگەن ئۈچ مىسال «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دېگەن ئەسەردىكى ئايرىم ھادىسە ئەمەس، بىراق شۇنىسى ئېنىقكى، خۇنتىنگتوننىڭ بۇ مەشھۇر ئەسىرى، يەنى «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرى خەلقئارا مۇناسىۋەت ساھەسىدە غايەت زور ئىنكاس پەيدا قىلىپ، كۆپ ماختاشلارغا ئېرىشتى. ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە ساھەسىدىكى سەردارلارنىڭ زۇۋانى بولغان نوپۇزلۇق «تاشقى ئىشلار» ژۇرنىلىنىڭ خەۋىرىدە ئېيتىلىشىچە، بۇ ئەسەردە تۆھمەتلىك سۆز ـ ئىبارىلەر ئارىلىشىپ كەتكەن، بېرىلگەن باھا بىردەك بولمىغان بولسىمۇ، جامائەت پىكرى ساھەسىدە بۇنداق داغدۇغا قوزغاپ باققان ئەسەر بۇنىڭدىن ئىلگىرى چىقىپ باقمىغانىكەن. «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دېگەن بۇ ئەسەر

① دېيتېرسىڭخاۋس «‹مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى›دىكى تەرسالارچە قاراشلار»، «Blaetter fuer Deutsche and Intirnationale Politak»نىڭ 1997 ـ يىللىق 2 ـ سانىنىڭ 215~221 ـ بەتلىرىدىن ئېلىندى.

گېرمانىيەدىمۇ ناھايىتى داغدۇغا قوزغىدى، كىتابنىڭ بازىرىمۇ ئوبدان بولدى، ئاپتور سەيمىل خۇنتىنگتون ھەر خىل مۇھاكىمە يىغىنلىرى ۋە مۇنازىرە پىروگراممىلىرىنىڭ تالىشىپ تەكلىپ قىلىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى، ھەتتا گېرمانىيە فېدېراتسىيە پالاتاسى ئۇنى تاشقى مەدەنىيەت، سىياسىي جەھەتتە مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلدى. تېخىمۇ مۇھىمى، «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دېگەن بۇ ئۇقۇم سىياسىي ۋە مەتبۇئات تىلىمىزدا دائىم ئۇچرايدىغان خاس سۆزگە ئايلىنىپ قالدى، بۇنداق ئەھۋال كىشىنى ئەندىشىگە سالماي قالمايدۇ. تىلنىڭ ئىدىيەمىزگە بولغان چوڭقۇر تەسىر كۈچى ئىدىيەمىزنىڭ تىلغا بولغان بەلگىلەش رولىغا ئوخشاشلا مۇھىم. بىز بەزى ئۇقۇملارنى تولا دەۋەرسەك، توساتتىنلا شۇ ئۇقۇمنىڭ ئىخلاسمەنىگە ئايلىنىپ قېلىشىمىز مۇمكىن؛ بىر ئۇقۇم قانچىكى كەڭ تارقالسا، ئۇنىڭغا كىشىلەرنىڭ قارىغۇلارچە ئەگىشىشىدىكى خەۋپ ـ خەتەر كوئېففىتسېنتى شۇنچە يۇقىرىلاپ بارىدۇ. «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دېگەن ئەسەردە تەرغىب قىلىنغان ئۇقۇم پۇتكۇل دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇالغان مەركىزىي نۇقتا بولۇپ، ئۇ بىر دۇنيا قاراشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

خەتەرلىك سىگنال ئەمەلىيەتتە بۇرۇنلا بېرىلىپ بولغانىدى، مەن يۇقىرىقى مىسالدا بۇ ئۇقۇمنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان نەزەرىيەنىڭ ناھايىتى ئېغىر ھەم تۇزەتكىلى بولمايدىغان يېتەرسىزلىكلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتتۇم. شۇبھىسىزكى، بۇنداق ئاساس ئۇستىگە تۇرغۇزۇلغان ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ بېقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەكۇن ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دېگەن كىتاب ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ماقالىلەرگە بولغان ئوخشىمىغان ئىنكاسلىرى، بولۇپمۇ بەزى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ۋە كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ باھاسى ئا-

ساسىدا چىقىرىلغان. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ئىد-
كاسلاردىن ھەممە بىردەك ماقۇللۇق بىلدۈرگەنلىك ئالامەتلىرىنى
كۆرگىلى بولمايدۇ، ئەمەلىي پاكىتلار دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ،
مەدەنىيەت مۇتەخەسسىسلىرى ۋە رايون مەسىلىلىرىنى تەتقىق قى-
لىدىغان مۇتەخەسسىسلەر ئاپتورغا ئۆز گۇمانلىرى ئۈستىدە نۇرغۇن
سوئاللارنى قويدى، تارىخشۇناسلار ۋە سىياسىيونلار بۇ نەزەرىيە ۋە
ئۇقۇملارغا جەڭ ئېلان قىلدى. بۇنچە كۆپ تەنقىدلەر ئالدىدا، بىز
شۇنى سورىماي تۇرالمايمىزكى، ئاپتورنىڭ ئاشۇ نۇقتىئىنەزەرلىـ-
رىگە بولغان قۇۋۋەتلەش، ئالقىشلارنى بېسىپ چۈشۈشكە كېتىدىغان
كۈچ زادى نەدىن كەلگەن؟

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، كىرىش سۆزدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان
بەزى ئىزاھاتلارنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىپ قالدى، كونكرېت
مەسىلىلەرنى كېيىنكى باب - پاراگرافلاردا مۇھاكىمە قىلىپ ئۆ-
تىمىز. بىز ئۇزۇكسىز ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقان بىر دەۋردە ياشاۋاتى-
مىز. دۇنيانىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا ئالەمشۇمۇل ئۆز-
گىرىشلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ، بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرى-
ماي قالغان بىرەر جايمۇ بولمىسا كېرەك، تەرەققىي تاپقان سانائەت
دۆلەتلىرىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئىنسانىيەت تا-
رىخى بۇنداق باسقۇچلارنى بېشىدىن كۆپ ئۆتكۈزگەن، باربارا تۇخ-
مان خانىم تارىخ تەتقىقات ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان «14 -
ئەسىردىكى خاتالىق» مۇشۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. ئۇ دەۋردە فېئوداللى-
لىق مۇناسىۋەتلەر يىمىرىلىشكە باشلاپ، كاپىتال ئىقتىسادى
سۇبستانسىيەلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، جەم-
ئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا چېتىلىدىغان بىر مەيدان ئۆزگى-
رىش ئەۋج ئالدى. زامان ئاخىرى بولىدۇ دەيدىغان كەيپىيات، مەز-
ھەپچىلىك ۋە يەھۇدىيلارنى قىرغىن قىلىشتەك زوراۋانلىق قىل-

www.uyghurkitap.com

مىشلىرى ئاشۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى[1]. يەنە ئالاي-
لۇق، 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، دۇنيا سودىسى ئۇچقاندەك تەرەققىي
قىلدى، ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە، ئالدى بىلەن ئاسترونومىيەدە بۆ-
سۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، «يەر مەركەز تە-
لىماتى»غا نىسبەتەن گۇمان پەيدا بولدى، ئىنسانلارنىڭ ئالەمگە
بولغان تونۇشى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. ياۋروپادىكى دىن ئىسلاھاتى
پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئاساسىنى تەۋرىتىپ قويدى؛ ھازىرقى دەۋرد-
ىمىزگە يېقىنلا بولغان 19 ـ ئەسىردە، سانائەتلىشىش ۋە شەھەرلى-
شىش ھەرىكىتى ئەسلىدىكى غەرب جەمئىيىتىنى ئۇزۇل ـ كېسىل
ئۆزگەرتىۋەتتى. دىنىي ئىسلاھات ۋە دىنىي ئىسلاھاتقا قارشى كۈ-
رەشتە، غەرب جەمئىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن خىرىس-
تىيان دىنىدا ئىككى خىل ئېتىقاد بارلىققا كەلدى؛ سانائەت ئىن-
قىلابى داۋامىدا، دۆلەتچىلىك ۋە ئىرقچىلىق كېلىپچىقتى.

بۈگۈنكى كۈندە، دۇنيا «يەر شارىلاشتۇرۇش» شوئارى ئاستىدا
بىر مەيدان بۈيۈك ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرمەكتە[2]. بىز بىرلا
ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش جەريانىنى مۇشۇ ئۇقۇم بىلەن تەس-
ۋىرلەيمىز، كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئاخىرىدا ئومۇمىيۈز-
لۈك غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە بىرىنچى
ئورۇندا تۇرىدىغان ئۆزگىرىشتۇر. ئۇنىڭ نۇرغۇن تۇسالغۇلارغا
ئۇچرىغان چاغلىرىمۇ بولغان. تېخى ئۆتكەندىلا كومپارتىيە ھۆكۈم-
رانلىقىدىكى ئەللەردە يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلگەن پىلان-

① باربارا تۇخمان: «يىراقتىكى ئەينەك ــ كومېدىيەلىك 14 ـ ئە-
سىر» مىيونخېن، 1882 ـ نەشرى.

② لوفار بىروك، مافىئاس ئالبېرىت: «دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دۇن-
ياۋى چېگرانىڭ يوقىلىشى ــ خەلقئارادىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ
يۈزلىنىشى ئۈستىدە تەھلىل».

لىق ئىگىلىك، ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنىڭ كۆپ قىسمىدا ئەۋج
ئالغان قورۇقچىلىق ۋە چات كىرىۋېلىش تۈسىدىكى ئىقتىسادىي
تۈزۈلمە بۈگۈنكى كۈندە ئاللىقاچان يوقىلىپ، كۆلى كۆككە سو-
رۇلدى. بۇ دۆلەتلەردە ئىگىلىكنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىللىرى (دۆلەت
ئىلكىدىكى چوڭ تىپتىكى كارخانىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تې-
خى كونا قېلىپتىن چىقىپ كېتەلمىدى، بۇنداق كېتىۋەرسە پايدى-
سىز ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ. يۈز مىليونلىغان ئاۋام-
پۇقرانىڭ تۇرمۇشىنى قامداش شەكلىدە جىددىي ئۆزگىرىشلەر يۈز
بەرمەكتە؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقئارالىق كاپىتالنىڭ ئو-
بوروت سۈرئىتىدىمۇ ئېشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلمەكتە. ئىقتىسادىي
مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىش سۈرئىتىمۇ شۇ سەۋەبتىن ئىلگىرىكىگە قا-
رىغاندا كۆپ تېزلىشىپ كەتتى، ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ تېز بو-
لۇۋاتىدۇ، بىز بۇنى 1997 ـ يىلىدىن بۇرۇن ئىقتىسادى تەرەققىي
قىلىپ گۈللەنگەن ئاسىيا ئەللىرىدىن كۆرۈۋالايمىز. خىزمەت
ئورنىنىڭ مۇقىم بولۇشى، يەنى بىر ئادەتلىنىپ قالغان تۇرمۇش
ئۇسۇلىمۇ ھازىر تازا كاپالەتكە ئىگە بولماي قېلىۋاتىدۇ. يەر شارى
قاتناش سىستېمىسىنىڭ قولايلىشىپ كېتىشى، ئىنتېرنېت تورى
ئارقىلىق ئىشقا ئاشقان يەر شارىلاشقان ئالاقە ۋە تېخىمۇ چوڭ ماكان
ئىچىدە كۆرۈلۈۋاتقان كۆچمەنلەر دولقۇنى تۈپەيلىدىن ئەسلىدە بىر-
بىرىگە يات، ئوخشىمايدىغان قىممەت سىستېمىسىدا تۇرۇۋاتقان
كىشىلەر تېخىمۇ كۆپ ۋە تېخىمۇ قويۇق ئارىلىشىدىغان بولۇپ
كەتتى. نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئادەتلىنىپ قالغان تۇرمۇش
ئۇسۇلى ۋە ھەركىم ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش قىلىدىغان كۈندىلىك
ئەمەلىيەت خىرىسقا دۇچ كەلدى.

بەزى كۆزەتچىلەر تېخىمۇ كەڭ ماكاندا، بولۇپمۇ ئاھالىسى
بىرلا مىللەتتىن تەركىب تاپقان جەمئىيەتتە مۇنداق يېڭى نۇقتى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىنئەزەرلەرنى بايقىدى، ئۇلار «ئىككىنچى خىل زامانىۋىلىشىش» دەيدىغان بىر ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇ بىرىنچى خىلدىكىسىدىن ماھىيەتلىك پەرقلىنىدۇ[①]. باشقا بەزى ئالىملار: يەر شارىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا تەبىئىي پەن، تېخنىكا بىلەن كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ بىرلىشىشى ئارقىلىق يېڭى دەۋردىكى ئويغىنىشقا تۈرتكە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ. مەنمۇ شۇنداق قارايمەن. بىراق، بۇ ئىككى خىل نۇقتىئىنەزەر مۇنداق بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا بىردەك، يەنى مۇشۇ خىل ئۆزگىرىش ئارقىسىدىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي ئاقىۋەت ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ.

مۇشۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ مۇقىمسىزلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىدىغان غايەت زور خىرىسنى توغرا كۆزىتىش ۋە تىزگىنلەش ئاسان ئىش ئەمەس، ناۋادا ئۆزىنى تونۇش تۇيغۇسىدا تەۋرىنىش كۆرۈلۈپ، ماددىي تۇرمۇش ئاساسىدا مەسىلە چىقسا، ئۆزىنىڭ ئۈمۈرلۈك غايىسىنى مۇستەقىل ئىشقا ئاشۇرۇش تەسكە چۈشىدۇ[②]. بۇنداق ئەھۋالدا كىشىلەر بىر يېڭى يولنى تاللاپ، شۇ بويىچە ئىش كۆرسە بەلكىم بۇ توختاۋسىز ئۆزگىرىپ تۇرغان، خەۋپ ـ خەتەر بىلەن تولغان دۇنيادىن چىقىش يولى تاپالىشى مۇمكىن. شۇڭا، كۆپچىلىك دۇنيا خەرىتىسى، قىممەت ئۆلچىمى ۋە ھەرىكەت قىبلىنامىسىنى ئىنتايىن ئالقىشلايدۇ. خۇنتىنگتوننىڭ كىتابى كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق ئېھتىياجىغا ئوبدانلا ماس كەلگەن، ئۇ تەۋسىيە قىلغان دۇنيا قاراش بىر قۇراشتۇرۇلغان ئاددىي ئەندىزە بولسىمۇ، بىراق ئۇ غايەت زور سىرلىق ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىگە يوشۇرۇنغان. خۇنتىنگتون تارىخ،

---

① ئۇلرىچ بېك: «يەر شارىلاشتۇرۇش دېگەن نېمە؟ — يەر شارىلاشتۇرۇش ئىدىيەسىدىكى خاتا نۇقتىلار»، 1997 ـ يىلى فىرانكفورت نەشرى.

② دېيتېر سېڭخاۋس: «يەر شارىلاشتۇرۇش بىلەن رايونچىلىق ئوتتۇرىسىدا: دۇنياۋى تەرتىپ توغرىسىدىكى بەس ـ مۇنازىرىلەر ئۈچۈن»...

مەدەنىيەت ۋە پەلسەپە توغرىسىدىكى نۇرغۇن تەسۋىرلەر، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يۈز بەرگەن سانسىز ھادىسىلەرنىڭ تەپسىلاتى-نى كۆپلەپ نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق، بۇ قۇراشتۇرۇپ چىقىلغان ئەندىزىنى خېلى قايىل قىلىش كۈچىگە ۋە نوپۇزغا ئىگە قىلغان، بۇ كەسىپ ئەھلى ئەمەسلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق. ئەمما، كىتابتىكى نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەر، مەسىلەن، بىز ئالدىدا كۆر-سىتىپ ئۆتكەن بەزى مىساللارنى بىر بولسا كىشىلەر بايقىماي قال-غان، بىر بولسا نەزىرىدىن ساقىت قىلىنىۋەتكەن. چۈنكى ئەسەر كىم-شىگە ھەمىشە ھەقىقىي ئىشەنچلىكتەك ھەم ناھايىتى ئەستايىدىل-لىق بىلەن يېزىلغاندەك تۇيۇلىدۇ. بۇ نۇقتا دەل «مەدەنىيەتلەر تو-قۇنۇشى» دېگەن ئەسەرنىڭ مېغىزى ھەم خەۋپلىك يېرى.

**بىرگە كېرىكى ئاشۇنداق ئاددىي خەلقئارالىق سىياسىي نەزەرىيەمۇ؟**

**ئوكخامنىڭ «ئۇستىرا»سى ۋە نەزەرىيەنىڭ ئەسلىي قىد-ياپىتى**

«مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دېگەن ئەسەر خەلقئارالىق مەسىلى-لەرنى ئامېرىكىچە پەن تەتقىقات ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ تەھلىل قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. ئامېرىكىدا مەيلى تەبىئىي پەن ئالىملىرى بولسۇن ياكى ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى بولسۇن، تەتقىقاتتا تەبى-ئىي پەن نەزەرىيەسىدىن ئېلىنغان مۇنداق بىر قىياس ئەندىزىسىگە ئەمەل قىلىدۇ، يەنى نەزەرىيەنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ئاز ساندىكى ئاسا-سىي تەسەۋۋۇرلارنى ئاساس قىلغان بولۇپ، رېئاللىقتا سىناپ كۆ-رۈشكە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىخچام ھەم توغ-را بولۇشى كېرەك. بىراق مۇنداق سىناشلار ئارقىلىق بۇ نەزەرىيەنى ۋاقتىنچە ئىسپاتلىغىلى ياكى رەددىيە بەرگىلى بولىدۇ، بارلىق

www.uyghurkitap.com

ئىسپاتلار ۋاقىتلىق بولىدۇ، چۈنكى كەلگۈسىدە مەلۇم سىناقنىڭ نەتىجىسى بۇ نەزەرىيەنى ئاغدۇرۇۋەتمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئالىملارغا قويۇلغان تەلەپ ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ قىياسلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن «پەردازلىشى» كېرەك. چۈنكى، نۇرغۇن سىناقلاردا ئاغدۇرۇلۇپ كەتمىگەن نەزەرىيەلا كەسىپداشلار ۋە جامائەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلەيدۇ، ئالدى بىلەن كارل پوپپېر راۋاجلاندۇرغان ئىلمىي نەزەرىيە «بىردىنبىر تەنقىد نەزەرى- يەسى»نى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ تەبىئىي پەن تەجرىبىلىرىنى را- ۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن[1].

بۇنىڭدىن قارىغاندا، ۋايىغا يەتكەن بىر خىل نەزەرىيە ئاز مىق- داردىكى، ئاددىي ئاساسىي قىياسلار ئۈستىگە تۇرغۇزۇلۇشى كېرەك ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇنى تەپسىلىي شەرھلىمە- سە بولمايدىكەن. بىز ئوخشاش بولمىغان نەزەرىيەلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش داۋامىدا ھەمىشە ئاز مىقداردىكى قىياسلار ئارقىلىقلا ئوخ- شاش مەزمۇننى ئىپادىلىگەن نەزەرىيەلەرگە يېپىشىپلا قالىمىز، گەپنىڭ قىسقىسى نەزەرىيە دېگەن «ئاددىي، ئىخچام، چۈشىنىش- لىك» بولۇشى كېرەك. پەن تارىخىدا نەزەرىيەلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇش بىر خىل گۈزەل ئەخلاق سۈپىتىدە كەڭ تارقالغان، بۇنداق ئىلمىي روھ مەشھۇر مەدرىسە پەيلاسوپى، زامانىۋى ئىلىم - پەننىڭ پېشۋا- سى ۋىلىيام فونگ ئوكخامنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، «ئوكخام- نىڭ ئۈستىرا»سى دېيىلىدۇ. ئومبېر توئېكاۋ بىلەن شاۋ كونىبېرى «ئەتىرگۈلنىڭ ئىسمى» دېگەن كىتابىدا بۇ پېشۋا ئۈستازنى چوڭ- قۇر شەرھلىرى بىلەن مەڭگۈلۈك خاتىرىلىگەن.

---

① كارل پوپپېر، «تەتقىقات لوگىكىسى» 1969 - يىلى تۈبىنگېن نەش- رى.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ھازىر نۇرغۇن ئامېرىكىلىق ئا-
لىملار ئاددىيلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاقنىڭ مەنىسى-
نى يۈزە چۈشىنىۋېلىپ، ئۆز نەزەرىيەلىرىنى شۇنداقلا ئوتتۇرىغا
قويۇشماقتا. ئۇلارنىڭ نەزەرىيەلىرىدە، ئوششۇقچە نەرسىلەرنىڭ
ھەممىسى چىقىرىپ تاشلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۇرغۇن ئەسقا-
تىدىغان ئىدىيەلەرمۇ چىقىرىۋېتىلگەن بولۇپ، بۇ ئىدىيەلەر رېئال-
لىقنى چۈشىنىشتە كەم بولسا بولمايتتى. دۇنيا سىياسىيسى ئۇ-
زۈكسىز مۇرەككەپلىشىپ بېرىۋاتىدۇ، ئەمما بۇ ئەھۋاللار ئۇلارنىڭ
نەزەرىيەلىرى ۋە ئەندىزىلىرىدە تولۇق ئەكس ئەتتۇرۇلمەي ۋە نامايان
قىلىنماي، شۇنچە كۆپ نەرسىلەر قىسقارتىۋېتىلىۋاتىدۇ، ھەتتا
دۇنيا تارىخىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئۆزگىرىشچان مىقدار
ۋە ئامىللارمۇ نەزىرىمىزدىن ساقىت بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

بۇنداق ھادىسىلەرنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى دەل رېئالىزملىق
نەزەرىيەنى خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيەسىدىكى كىشىنى ئۆزىگە
جەلپ قىلىدىغان «جەلپكار نۇقتا»غا ئايلاندۇرغانلىقتۇر، ئۇ يەنە
«مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دېگەن كىتابتا تەرغىب قىلىنغان نەزەرى-
يەنىڭ يول باشلىغۇچىسى ۋە ئەسلىي تىپى ھېسابلىنىدۇ. رېئا-
لىزمدا دۇنيادا يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلار خەلقئارالىق سىستېمى-
دىكى ھۆكۈمەتسىز ھالەتنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ تۇرۇپ چۈشەن-
دۈرۈلىدۇ. تۆۋەندە بىز رېئالىزملىق ئەندىزىدىن پايدىلىنىپ بىرلا
مىللەتلىك دۆلەتلەر ئارىسىدىكى كۈچ سىنىشىشلارنى تەھلىل قى-
لىپ كۆرەيلى. بۇنداق سىنىشىشتا «رېپىر» بولمىغانلىقتىن، بۇ-
نىڭغا ئارىلىشىپ قالغان دۆلەت ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۆزىنى قوغ-
داش ئارقىلىقلا مۇشۇنداق ناچار مۇھىتتا داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ
تۇرالايدۇ. مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۇلار ھوقۇقىنى كاپا-
لەتلەندۈرىدىغان قوراللارنى توپلايدۇ ۋە كۆپەيتىدۇ، بۇنىڭ ئىچى-

ده ھەربىي كۈچنىڭ ئېشىشى ئەڭ مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار بەزىدە يەنە ئۆزىگە ئوخشاش تەھدىتكە ئۇچرىغان دۆلەتلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزىدۇ ياكى بولمىسا ئۆزئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىدۇ. مەسىلەن: سودا ئالاقىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بايلىق مەنبەسىنى كۈچەيتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ھەمكارلىق كەمدىن كەم، ۋاقىتلىق بولىدۇ، چۈنكى بۇنىڭ ئىچىدە بىر خىل تەۋەككۈلچىلىك ئامىلى مەۋجۇت؛ ھەمكارلىق تۈپەيلىدىن ھاسىل بولغان مەنپەئەتنى تەقسىم قىلىشتا پەرق كۆرۈلۈشى مۇمكىن. بۇ مەنپەئەتلەر ھوقۇقنىڭ بايلىق مەنبەسىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقتىن، ھەر قېتىملىق تەڭسىز تەقسىمات زىيان تارتقۇچىغا نىسبەتەن ئىنتايىن خەۋپلىك: پايدا ئالغۇچى يوشۇرۇن رەقىبكە ئايلىنىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پايدىلىق شارائىت كېيىنكى قېتىملىق تۇتۇشۇشلارغا ھەربىي جەھەتتە ئەۋزەللىك يارىتىپ بېرىشى مۇمكىن. ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىمۇ ئورتاق تەھدىت مەۋجۇت بولغان ئەھۋالدىلا ساقلىنىدۇ، بۇگۈنكى ئىتتىپاقداشلار ئەتىسى خەتەرلىك دۈشمەنگە ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

«رېئالىزمچىلار» خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەرنى مۇشۇنداق ئادىي ئەندىزىدىن پايدىلىنىپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇستا، ئۇلار ھەرقانداق دۆلەت تۈزۈلمىسىنىڭ دېموكراتىك، مۇستەبىت ياكى ھاكىممۇتلەق تۈزۈلمە بولۇش ياكى ھەرقانداق دۆلەتنىڭ پاراۋان، تىنچ دۆلەت ياكى ھەربىي ئىشلارغا «قاتتىق» مايىل دۆلەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوخشاش ھەرىكەت ئەندىزىسىگە ئەمەل قىلىدۇ. خەلقئارالىق تۈزۈلمىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان مۇھىم ئامىل، يەنى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنىڭ زىددىيەتلىكلىكى ئاددىيلا يوسۇندا ھوقۇق، باي-

لىق مەنبەسىنىڭ ھەرقايسى ئەللەر ئارىسىدىكى تەقسىمات پەرقىگە يىغىنچاقلاپ قويۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىياتى مۇنداق ئەندىزىگە ئاساسلىنىشى كېرەك، يەنى، ھوقۇق، بايلىق مەنبەسىنىڭ تەقسىملىنىشىدىكى ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، ھازىرقى تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلىدۇ، بەزى دۆلەتلەر شۇ تۇ-پەيلىدىن كۈچىيىپ كېتىسە، بەزى دۆلەتلەر ئاجىزلاپ كېتىدۇ. شۇ-نىڭ بىلەن تەڭپۇڭلۇق مېخانىزمىنى قايتىدىن ئورنىتىشقا ئۇرۇنە-دىغان ئىتتىپاق شەكىللىنىدۇ. ئەگەر باشقىچە يول قالمىسا، بۇنداق «كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى» بۇزۇلىدۇ ـ دە، ئۇرۇش پارتلايدۇ.

بۇ نەزەرىيەدە باشقا نۇرغۇن ئامىللارغا سەل قارالغان. مەسىلەن، دۆلەتنىڭ ئىچكى سىياسىتى، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، خەلقئارالىق تەشكىلاتلار دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى «ئوكخامنىڭ ئۇس-تىرا»سى بىلەن شەپقەتسىزلەرچە قىرىپ چىقىرىۋېتىلگەن. بۇ يەر-دە رېئالىزمچى نەزەرىيەچىلەر بىلەن تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتۇپ كەلگەن راتسىيونالىستىك قاراشتىكى ئالىملار ئوتتۇرىسىدا مۇھىم بىر پەرق نامايان قىلىنغان، كېيىنكىسى تۇرمۇش ھەرىكەت مىزانى ۋە زامانىۋى تەبىئىي پەن تەرەققىياتىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىسپاتلانغان. ئامېرىكىنىڭ خەلقئارالىق مۇناسىۋەت ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق نە-زەرىيەچىلەر، يەنى يېڭى رېئالىزمچىلاردىن تارتىپ سەيمىل خۇن-تىنگتونغىچە ھەممىسى ئاشۇ «ئۇستىرا»نى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئوينىتىپ، تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتقان راتسىيونالىزمچىلارنىڭ تەجرىبىنى سىناق قىلىشقا يۈزلىنىشتىكى تەلەپ قويغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭكىنى راست قىلىپ بولالمىدى. ئۇلار ئۆز پەرەزلىرىنى بىتەرەپ ئورۇنغا قويماقچى بولۇشتى، ئەمما ئەمەلىيەتتە كۈچىنىڭ بارچە ئادۇۋكاتىنىڭ «گەپ ئويۇنى قائىدىسى» بويىچە ئىش تۇتتى، يەنى ئۆز دەۋالاشقۇچىسىغا پايدىلىق دەلىل ـ ئىسپاتلارنىلا يىغىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر تەرەپ قىلماق تەس بولغان پايدىسىز دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ھەـ مىشە كۆرمەسكە سېلىۋالدى.

شۇڭا نەزەرىيەنىڭ تەرەققىياتىدىن ئىبارەت بۇ مەسىلىنى مۇـ ھاكىمە قىلغاندا، توماس كۇئىن شەرھلىگەن تارىخىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى ئىلمىي ئىنقىلاب نەزەرىيەسىگە ئۆتتۈرۈپ قويغان[1]. كۇئىننىڭ قارىشىچە، تەجرىبە ئاساسىدا چىقىرىلغان ھۆكۈمنىڭ پاكىتقا مۇخالىپ كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشـ تۈرگىلى بولمىسا، ئىلمىي دۇنيا قاراش (بۇ ھەر خىل ئۆلگىلىك مىساللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كىرىزىس پاتقىقىغا پېتىپ قالىـ دۇ. ئالىملار بۇنداق خەتەرلىك سىگنالغا باشتىلا سەل قارىغان بولـ سا، ئۇلار يېڭى يەكۈننى شەكىللىنىپ بولغان ھۆكۈمگە تىرىشىپ ئۇيغۇنلاشتۇرغان بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ تەسەۋۋۇرلارنىڭ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشىنى قوللايدىغان قائىدىلەرنى يەنە بىر قېتىم مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھەمدە بۇ قائىدىلەرگە يېڭىچە تەسەۋـ ۋۇرلارنى قوشۇپ، بۇ تەسەۋۋۇرلار ئارقىلىق زېرىكىشلىك تەجرىبە ھۆكۈملىرى ئارىسىغا كۆۋرۈك سالغان بولاتتى. نەزەرىيەدە بۇنداق يەلگىلەر قانچىكى كۆپ بولسا، نەزەرىيە شۇنچە تومتاقلىشىپ كېتىـ تىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ياردەم تۈسىنى ئالغان قىياسلار بىلەن لىق تولغان «نەزەرىيە ئىمارىتى» بىلەن «ئاددىيلاشـ تۇرۇلغان نەزەرىيە» ئەندىزىسى ئوتتۇرىسىدا غايەت زور پەرق بولىـ دۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ بەزى قورقماس پېشىۋالارنىڭ ئاشۇ ئاساسىي قىياسلارنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇپ، يېڭى ئاساستا «ئوخشىمىغان» تەجرىبە سانلىق مەلۇماتلىرىنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ناۋادا بۇنداق ئۇرۇنۇشلار كىشىلەرنى قايىل قىلىپ غالىب

[1] توماس كۇئىن «ئىلىم ـ پەن ئىنقىلابىنىڭ قۇرۇلمىسى»، فىرانكـ فورد، 1973 ـ يىلى نەشرى.

ئورۇنغا ئۆتۈپلا قالسا، قائىدىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ
دەل كۇخنىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىدۇر. بۇ ئىلمىي قا-
نۇن شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، نەزەرىيە ئەمەلىيەت جەريانىدا
ئىنچىكە سىناقلاردىن ئۆتكەندىلا، ئاندىن ئىلىم - پەن تەرەققىياتى-
نىڭ ئالدىنقى شەرتى بولالايدۇ. بۇ ئالدىنقى شەرت بولمىسا، تەرەق-
قىيات دېگەندىن سۆز ئاچقىلىمۇ بولمايدۇ، بۇنداق نەتىجىنى كۆ-
رۈشنى ۋاقتى ئۆتكەن قائىدىلەرگە ئەگىشىپ يۈرگەنلەرمۇ ئەڭ ئار-
زۇ قىلىدۇ.

شۇڭا، ھەرقانداق بىر قائىدىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە قارشى
نەزەرىيەنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچى ئىنتايىن قۇدرەتلىك بولىدۇ. ئۇ
پەيدا قىلىدىغان خەۋپلىك ئاقىۋەت شۇ بولىدۇكى، ئىجتىمائىي پەن
ئالىملىرى ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيە ھەمىشە سىياسىي پائالىيەتكە
نىسبەتەن مەلۇم ياردەم بېرىش خاراكتېرىدىكى تەكلىپ ھېسابلىنى-
دۇ ياكى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەرنى تاللاشقا بولىدىغان سىياسەت -
فاڭجېنلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئەمما، شەپقەتسىز «ئۇستىرا» بىلەن
ئەستايىدىللىقتىن مۇستەسنا بولمىغان، «ئادۋوكاتلارچە ئاڭ»، گۇ-
رۇھۋازلىق تەسىرىگە ئۇچرىغان تەجرىبىچىلىك «نەزىرى» ئۆزئارا
بىرلىشىپ كەتسە، كىشىلەرنى ئەتراپلىق بولمىغان، چولتا نەزەرىيە-
لەرگە يۈزلەندۈرۈپ قويىدۇ - دە، بۇ نەزەرىيەلەردىكى چولتىلىقمۇ
سېزىلمەي، شۇنداقلا تۈزىتىلمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ. چۈنكى، بۇ نەزە-
رىيەلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلار تىلغا ئېلىنمايدۇ؛ بۇ نەزەرىيە-
لەرگە ياندىشىپ كەلگەن نۇقتىئىنەزەر ۋە ئاساسلار پەرۋاسىز قېلى-
ۋېرىدۇ. پەقەت ئەپلاتونچىلارچە تۇس ئالغان، بۈيۈك «سەرخىل» نەر-
سىلەرلا ئېشىپ قالىدۇ. مۇنداق ھەرىكەت مىزاننىڭ يېتەكلىشىدى-
كى سىياسىي پائالىيەتلەر روشەن ئوبيېكتىپلىققا قارشى تەۋەككۇل-
چىلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ. ئەڭ ئوسال ئەھۋالدا ئۇ قورقۇنچ-

www.uyghurkitap.com

لۇق ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

ئەلۋەتتە، نەزەرىيەنىڭ بەك ئاددىيلىشىپ كېتىشى ئاۋامنى تەپسىلىي ئىزاھلانغان مەلۇم بىر مۇرەككەپ «ھەقىقەت» ئەندىزىسىنى جىق كۈچىمەيلا چۈشىنىۋېلىش ئېھتىياجىغا باب كېلىدۇ. دەل شۇ ئامېرىكىدا ئىنستىتۇتلار ئارىسىدىكى كەسكىن رىقابەت تۈپەيلىدىن رەھبەرلەر بەزىدە بازارلىق كىتابلارنىڭ رەت تەرتىپ ئېلانى ۋە باشقىلار پۇل چىقىرىپ ئۇيۇشتۇرغان تېلېۋىزىيە سۆھبەت پىروگراممىلىرىنىڭ كۆرۈرمەنلىرىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى تەقەززالىق بىلەن كۈرۈشىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئوقۇرمەنلەر ۋە كۆرۈرمەنلەرنىڭ رايىغا بېقىش ئۇچۇن، ئاددىيلاشتۇرۇش بىر ئالدىنقى شەرتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. رېئال مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان زىددىيەتلەرنى، تۈيۇقسىز يۈز بېرىدىغان تاسادىپىي ھادىسىلەرنى ۋە ئېتىكا، ئەخلاق جەھەتتىكى «كۈل رەڭ» بەلباغلارنى ئومۇمىيۈزلۈك، تارىخىي يوسۇندا ئوبيېكتىپ نەزەر بىلەن توغرا چۈشەندۈرۈش ناھايىتى تەس، دۇنيا سىياسىسىدىكى رېئال كۆپ خىللىقنى دېمەيلا قويايلى، چۈنكى بۇنداق قاپ بەلدىن باشلاپ «يۇقىرىغا چىقىش» ئىنتايىن تەس. شۇڭا، «ئوكخامنىڭ ئۇستىرىسى» بىر ئىلمىي قورالدىن بىلىپ - بىلمەيلا شەرەپ مۇنبىرىدىكى پىچىچى ئالىملارنىڭ خالىغانچە قىيىپ - كېسىپ ئوينايدىغان قورالىغا ئايلىنىپ قالغان.

### «بىز» «ئۇلار»غا قارشى ــ بەكلا ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىلگەن سىياسىي نەزەرىيەنىڭ ئاساسىي ئەندىزىسى

تاكامۇللاشمىغان ھەرقانداق نەزەرىيەنىڭ ئوخشاش بىر ئاددىي قېلىپقا چۈشمەيدىغىنى يوق، بىز بۇلارنى «سىياسىيدىكى مانىي دىنى» دېسەك بولىدىغاندەك قىلىدۇ. مانىي دىنى مۇرىتلىرى قەدىمكى دەۋرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى مەلۇم دىنغا ئېتىقاد قىلغان

تەلۋە مۇرىتلار بولۇپ، ئۇلار دۇنيانى قارىمۇقارشى ئىككى قۇتۇپقا ئايرىغان. ئۇلار ئاشۇ ئىككى قۇتۇپ ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش، يەنى يورۇقلۇق بىلەن زۇلمەت ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىشنىڭ دۇنيانىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ. مانى دىنى مۇرىتلىرى ئۆزلىرى ھىمايە قىلىدىغان گۇرۇھلار بويىچە قارىمۇقارشى ئىككى گۇرۇھقا ئايرىلغان، يەنى «بىز» «ئۇلار»غا قارشى، سىياسىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، كارل سىمىت ھېچقانداق ئۇسۇلغا سىغىشتۇرغىلى بولمايدىغان بۇنداق ھادىسىنى سىياسىي ئۇقۇم دەرىجىسىگە كۆتۈردى ھەمدە شۇ تۇپەيلىدىن گېرمانىيە تارىخىدا مۇشۇ ساھەدىكى مەشھۇر شەخسكە ئايلاندى. ئۇ يەنە «ناتسىزمنىڭ ئوردا قانۇنشۇناسى» دېگەن ئاتاققىمۇ ئېرىشتى، چۈنكى ئۇ ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن دۆلەت ئۇچۇن ئىلمىي ئاقلىغۇچى بولدى. سىمىت: سىياسىينىڭ ماھىيىتى دوست بىلەن دۈشمەننى ئايرىش، سىياسىينىڭ ئىچكى قىسمىغا ۋە سىرتقا قارىتىلغان ۋەزىپىسى دوست بىلەن بىرلىشىپ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش، بۇ تاكى ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىچە داۋاملىشىدۇ، دەپ قارايدۇ؛ دۈشمەنگە قارىتىلغان ساقلانغىلى بولمايدىغان ئۇرۇشلاردا سىياسىي قورالنى «چاقلاپ ئىتتىكلىتىش» ئۈچۈن، سىمىت ھوقۇق مەركەزلەشكەن دۆلەت تۈزۈلمىسىنى تەرغىب قىلغان، چۈنكى ئۇ تەبىقە قاتتىق ئايرىلغان بىر دۆلەتتە ۋە بۇ ھاياتلىق ئۇرۇشىدا ھايات قالغۇدەك ئىقتىدار بولىدۇ، دەپ قارىغان[1].

ماركسىزم ـ لېنىنىزممۇ «بىز» «ئۇلار»غا قارشى دەيدىغان تەپەككۇر ئەندىزىسىنى تەرغىب قىلىدۇ، بۇ ئالدى بىلەن سىنىپىي كۈرەش نەزەرىيەسىدە ئىپادىلىنىدۇ. سىنىپىي كۈرەش دىيالېكتىـ

① كارل سىمىت: «سىياسىينىڭ ئۇقۇمى»، بېرلىن، 1963 ـ يىلى نەشرى.

كىلىق تارىخىي ھەرىكەتنىڭ مۇقەررەر باسقۇچى قىلىپ قويۇلغان بولۇپ، بۇ باسقۇچتا ئېزىلگەن سىنىپ كونا جەمئىيەت سىستېمى- سىنى ئۈزۈل - كېسىل بىتچىت قىلىپ تاشلايدۇ. كونا تۈزۈمنىڭ خارابىسىدە يېڭى ئىجتىمائىي قۇرۇلما بارلىققا كېلىدۇ، ئاندىن ئۇلار يەنە بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان سىنىپلارغا ئايرى- لىپ، بىر - بىرى بىلەن كۈرەش قىلىدۇ ھەمدە جەمئىيەتنىڭ تە- رەققىياتىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىدۇ. مانا بۇ دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بولۇپ، ئۇ ئاساسىي قارشى تەرەپ- لەرنى تارىخنى ئالغا باستۇرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىۋا- لىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ماركسىزمچىلار بىلەن لېنىنىزم- چىلار تامامەن گېگېلنىڭ پەلسەپە ئىدىيەسىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئەلۋەتتە، گېگېل تارىخنى «روھىي» نەرسە دەپ قارىغان؛ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەنزىلگە توتاشقان ھەربىر پەلەمپەي ئىلگىرى بىر - بىرى بىلەن قارشىلاشقان شەيئىلەرنىڭ بىرىكىشىدىن ھا- سىل بولغان. بۇنىڭ ئەكسىچە، لېنىنىزم - ستالىنىزمنى تەرغىب قىلىدىغان سىنىپىي كۈرەشچىلەر دۈشمەن كۈچلەرنى بىتچىت قى- لىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. پەقەت پرولېتارىياتنىڭ ئۈزۈل - كې- سىل غەلىبىسىلا ئىنسانلارنى كوممۇنىزمنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتەكلىيەلەيدۇ. بۇ مەيدان ئۇرۇشتا كاپىتالىزم يوقىتىلغاندىلا، تا- رىخ تەرەققىياتىنىڭ ئاندىن تېخىمۇ قىممىتى بولىدۇ، رۇسىيە ئاق- سۆڭەكلىرىنىڭ كاللىسى ئېلىنغاندىن تارتىپ، كارتو ئورمانلىقىدا پولشا خەلق ئارمىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىجراچى ئەمەلدارلىرىنىڭ مىلتىقى ئاستىدا يىقىلغۇچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە لېنىنىزم نەزەرىيەسىنىڭ قانلىق ئىزنالىرى ئىپادىلەنگەن. ستالىنىزمچىلارنىڭ قارىشىچە، غەرب بىلەن شەرقنىڭ توقۇنۇشى يورۇقلۇق بىلەن زۇلمەتنىڭ قار-

شىلىشىشى بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا كوممۇنىزمنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، يەنى بۇ مەيدان غەلىبە ئاتوم قورالللىرى ئارقىلىقلا قولغا كېلىدۇ[1].

## «ئاددىيلاشتۇرۇشقا بولغان تەلۋىلەرچە چوقۇنۇش»: ئامېرىكا تارىخىدىكى «بىز ئۇلارغا قارشى» نەزەرىيەسى

نەزەرىيەنى ئاددىيلاشتۇرۇش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان يۇقىرىقى قانلىق تارىخىي پاكىتقا سىلىشتۇرغاندا، تاكى بۈگۈنگە قەدەر دۇنيادىكى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت ئامېرىكا خېلى يۇز ـ ئابرۇيىنى ساقلاپ ئىش قىلىدىغان بولدى. ئەمەلىيەتتە دۇنيانىڭ تارىخ مۇساپىسىدە ئاجىزلارغا بۇنداق «دوستانە مۇئامىلە قىلىدىغان»، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى تولۇپ ـ تاشقان مۇشتۇمزور تېخى مەيدانغا كەلمىگەنىدى. بۇ نۇقتا ئامېرىكىنى تەنقىد قىلىدىغان سىياسىي باياناتلاردا ئامېرىكىنى قوللاش ئاساسىي ئېقىمىدىكى جامائەت پىكىرلىرىنىڭ رەددىيە بېرىشىگە ئۇچرىدى، بۇ گېرمانىيە جامائەت پىكىرىدىمۇ ئورغۇن جەھەتلەردە ئىپادىلەندى. ئەمما، «مانىي دىنى»غا بولغان رىشتە ئامېرىكا تارىخىدا ۋە سىياسىي مەدەنىيەت تۈرمۇشى جەريانىدا ھەقىقەتەن ئىنتايىن چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن. ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرىنىڭ ياراتقۇچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنى ئاڭلىق تۈردە گېپى ئۆزى بىلەن بىر يەردىن چىقمايدىغان، كونىلىققا ئېسىلىۋالىدىغان، پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ياقلايدىغان، دىنىي چەكلىمە تۇيغۇسى كۈچلۈك بولغان ھەم ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىغا ۋە دەپسەندە قىلىشقا ئۇچرىغان كونا ياۋروپا بىلەن

---

[1] سېباستىئان خافېنر: «گىتلېر ئۈستىدە تەھلىل» مىيۇنخېن، 1978 ـ يىلى نەشرى.

www.uyghurkitap.com

قارشى قويۇۋېلىپ، ئۆزىنى جىنايەت بىلەن تولغان دۇنيادىكى «يېڭى
يېرۇسالېم» قىلىپ پەردازلاپ كۆرسىتىشىدۇ. مۇستەملىكە ئاچقۇ-
چىلار يەرلىك ئاھالىلەرگە قارشى؛ شىمالدىكى ئىشتاتلار جەنۇبتىكى
ئىشتاتلارغا قارشى؛ ئەركىن، دېموكراتىك ئامېرىكا ياۋايى مۇستەم-
لىكە زومىگەرلىرىگە قارشى كىشىلەر ئامېرىكا تارىخىدىكى بۇ
ئىشلارنى ھېلىمۇ ئەسكە ئالالايدۇ، بۇ دەۋردە «بىز» «ئۇلار»غا قارشى
دەيدىغان ئىدىيەنىڭ ئىزنالىرى يەنىلا گەۋدىلەنگەن. بارلىق كۈچلەر
ئالدى بىلەن ئۇرۇشقاق گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلھېلمغا تاقابىل
تۇرۇشقا، ئاندىن رەزىل كۈچلەرنىڭ غەلىتە مەھسۇلى گىتلېرنىڭ
ناتسىستلار گېرمانىيەسىگە ۋە توجوخېدىكى باشچىلىقىدىكى مىلى-
تارىستىك ياپونىيەگە تاقابىل تۇرۇشقا مەركەزلەشكەن. ئىككى قې-
تىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ سىنىقىنى باشتىن كەچۈرگەن ئامېرىكا
دۇنيانىڭ داھىيسىلىق رولىنى قانداق ئويناشنى تېزلا بىلىۋالغان،
ئۇلار ھەممىشە ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى ۋە بۇرچىنى «ھەققانى-
يەت» (دېموكراتىيە، ئىنسانىي ھوقۇق دېگەندەك)نى قوغداپ، «رە-
زىللىك»كە قارشى تۇرۇش، دەپ چۈشىنىۋالىدۇ.

**«سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» نەزەرىيەسى**

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە
ياپونىيەدىن ئىبارەت ئۈچ فاشىست دۆلەتنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگە-
شىپ، ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوت-
تۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشمۇ باشلاندى، جون تاغا بىلەن ئۇرۇش
داۋامىدا بۇ ئىتتىپاق ھەمراھىنىڭ مەنتىقىگە ئۇيغۇن مۇناسىۋىتى
بۇزۇلدى، ئامېرىكىلىقلارنىڭ قارىشىچە، ستالىندىن ئىبارەت بۇ
قىزىل ھاكىمىيەتنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانى گىتلېرنىڭ ۋارى-
سىغا ئايلىنىپ قالغاندى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ پارت-

لىشى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇرۇشتىن كېيىنكى خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى ئوخشاشمايدىغان بايانلارنىڭ ئورنىنى ئەڭ ئاددىي بولغان دۇشمەنلىشىش نەزەرىيەسى ئالدى، دىپلومات ۋە تارىخشۇناس گېئورگى كېنىنان 1946 ـ يىلـ دىن 1947 ـ يىلىغىچە ئارىلىقتا ئوتتۇرىغا قويغان سوۋېت ئىتتىـ پاقىنى ئومۇمىيۈزلۈك «ئىسكەنجىگە ئېلىش» سىياسىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئىدى. كېنىنان ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ سىياسىي ۋە ئىقـ تىسادىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، بىر مۇرەككەپ «تور» ھاسىل قىلىپ، كوممۇنىزمنىڭ كېڭىيىش «پاسلى» ۋە «تۆمۈر پەردە» ئار ـ قىسىدىكى ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرگۈچىلەر دۇنياسىنى قاتتىق ئىسكەنجىگە ئېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بىراق، ئۇزاققا بارمايلا بۇز ـ داق نىسپىي «يۇمشاق» سىياسەت يىراقلارغا چۆرۈپ تاشلىنىپ، ئۇ ـ نىڭ ئورنىنى ئەنئەنىۋى ھەربىي زوراۋانلىق سىياسىيسى ئىگىلى ـ دى. «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» نەزەرىيەسى بىلەن ھەربىي «ئىسكەنجىگە ئېلىش» سىياسىتى ئىستراتېگىيەسى مۇشۇ ئاساستا تەرەققىي قىلغانىدى[①]. شۈبھىسىزكى، خۇنتىنگتون مۇشۇ نەزەرىيە ـ دىن ئۆلگە ئالغان، چۈنكى ئۇنىڭدا دائىرىسى ئېنىق بولغان بىر پارچە دۇنيا سىياسىي «خەرىتىسى» سىزىپ چىقىلغان، ئۇ كۆپچە ـ لىككە ھەر ۋاقىت نىشانىنى ئېيتىپ بېرىپ، يولدىن ئېزىپ قال ـ غانلارغا يولنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

«سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» نەزەرىيەسى دۇنيانى ئىككى چوڭ لاگېرغا ئايرىۋەتتى: بىرى، ئامېرىكا رەھبەرلىكىدىكى «ئەر ـ كىن دۇنيا»؛ يەنە بىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھوقۇقنى مەركەز ـ

① يوسىف ئىستالىن: «لېنىنىزمنىڭ ئاساسى توغرىسىدا»، Berlin، 1952 ـ يىلى نەشرى.

لەشتۈرۈش ھۆكۈمرانلىقىدىكى كوممۇنىزم لاگېرى ئىدى. دۇنيادىكى باشقا ھەممە ئىش مۇشۇ ئىككى چوڭ لاگېر ئوتتۇرىسىدىكى تىركىشىشنى چۆرىدەپ قانات يېيىشى لازىم ئىدى. «ئۈچىنچى دۇنيا»دا دۆلەت ھالقىغان كارخانىلارغا قارىتا دۆلەت ئىلكىگە كىرگۈزۈۋېلىش يولغا قويۇلدى، ھۆكۈمەت مىللەتچىلىك خاھىشىغا ئىگە بولدى، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى تەشكىلاتلىرى ۋە بەزى سوتسىيالىستىك سىياسىي پارتىيەلەر (مۇشۇ دۆلەتلەر ياكى سىياسىي پارتىيەلەر مەلۇم خاتا خاھىشقا ئىگە ھەم تۇيۇق يولغا ماڭغان دەپ قارىلىدۇ) بىر بولسا 5 ـ كالوننىغا قېتىلىشى ياكى بولمىسا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىزمىنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان دەلدۈشلەردىن بولۇشى كېرەك. كوممۇنىزمغا قارشى بەزى ئىستىبدات ھۆكۈمرانلار، مەسىلەن، ئىسپانىيەدىكى فىرانكو، فىلىپپىندىكى ماكس ئىشەنچلىك ئىتتىپاقداشلار دەپ تەرىپلەندى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئامېرىكىنىڭ سىياسىيسى ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىنى قىلچە چۈشەنمەيدۇ، شۇغىنىسى بۇ دۆلەتلەر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئەپچىللىك بىلەن موكىدەك قاتراپ يۈرۈشىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆكتىچىلەرمۇ ئەسەبىيلىكنىڭ مىسالى سۈپىتىدە ئوخشاش ئاقىۋەتكە دۇچار بولدى: 50 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدىكى «ماك كارتى دەۋرى»دە، مەلۇم جەھەتتە كوممۇنىستىك پارتىيەگە ھېسداشلىق قىلدى، دەپ گۇمان قىلىنغان ئامېرىكا سول قانات لىبېراللار پارتىيەسىدىكىلەر بىكاردىن ـ بىكارغىلا سىياسىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. بۇنىڭغا چېتىشلىق ئادەمنىڭ كۆپلۈكى، ساھەسىنىڭ كەڭلىكى جەھەتتىن مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىش ھېسابلىناتتى. «ئاتوم بومبا ئاتىسى» روبېرت ئوپپېخېيمىدىن تارتىپ خامفۇردى بېركاتقىچە ھېچقايسىسى بۇ بالا ـ قازادىن قېچىپ قۇ-

تۈلالىغان ئەمەس.

ئەمەلىيەتتە، ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم خەلقئارالىق تەشكىلات بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىمۇ ئىلگىرى مۇشۇنداق تەپەككۇر ئەندىزىسى بويىچە ئىش كۆرگەن، شۇڭا غەرب ئەللىرى ۋە ئامېرىكاپەرەس ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى (ئاساسلىقى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئەللەر) بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەندە، ئامېرىكا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قورال، دەپ بىلگەن. بۇنداق پايدىلىنىش ئالدى بىلەن چاۋشيەن ئۇرۇشىدا ئىپادىلەندى، ئاسىيادا كوممۇنىزمنىڭ كېڭىيىشىگە قارىتىلغان بۇ بىر مەيدان ئۇرۇشنى ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تۇغى ئاستىدا قوزغىدى. ئەمما، 50 ـ، 60 ـ يىللاردىن بېرى، مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى دولقۇننىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ، ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىچىدە كۆپ سانلىقنى ئىگىلەپ، بىلەت تاشلاپ ئاۋاز بېرىشتە بارغانسېرى تېخىمۇ كۆپ سوتسىيالىزم لاگېرى ئەللىرى بىلەن يەڭ ئىچىدە يېقىنلىشىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئامېرىكا تەرىپىدىن خەلقئارالىق سىياسىيدىكى ئۆكتىچىلەرنىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسى دەپ قارالدى، ئامېرىكا سىياسەتچىلىرى شۇنىڭدىن تارتىپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا قىزىقمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق ھالەت تاكى بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. كىشىنى چۆچۈتىدىغان ۋەقە 1997 ـ يىلى ئاخىر يۈز بەردى، ئامېرىكا پارلامېنتى ئامېرىكا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا قەرز بولۇپ قالغان بىر مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىغان ئەزالىق بەدىلىنى تۆلەشنى رەت قىلدى. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇنىڭ مەنىسى نېمىدېگەن چوڭقۇر ـ ھە!

ئامېرىكا خەلقئارا مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىدىغان زور بىر تۈركۈم كۆزگە كۆرۈنگەن مۇتەخەسسىسلەرگە ئىگە، ئۇلار مۇرەككەپ خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەرنى ئىنتايىن چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىنى هازىرلىغانىدى، بەزىدە ئۇلارنىڭ تەزىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن ھەيران قالىمىز. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنىمۇ كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، شەيئىلەرنى ئاددىيلا يوسۇندا ئىككى تۈرگە ئايرىش، يەنى «بىز» «ئۇلار»غا قارشى دەيدىغان ئىدىيە ھەم ياخشى بىلەن يامان ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سىنىشىش قاتارلىق نۇقتىئىنەزەرلەر ئامېرىكىنىڭ سىياسىي ساھەسىگە ئىزچىل تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن ئەڭ يادرولۇق بىر قىسىم بولۇپ قالدى. مەسىلەن، كىشىلەر ناھايىتى ياقتۇرىدىغان زۇڭتۇڭ رونالد رېگان ھەمىشە سوۋېت ئىتتىپاقىغا «رەزىللىك پادىشاھلىقى» دېگەن قالپاقنى كىيدۈرەتتى. ئامېرىكىدا تاشقى سىياسىيدىكى ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىش سىياسىي سەردارلارغا نىسبەتەن ئىنتايىن جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى، بۇمۇ ئامېرىكىنىڭ سىياسىي مەدەنىيىتى ۋە سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ خۇسۇسىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئامېرىكىنىڭ سىياسىيسى «ئىچكى تارتىش كۈچى»نىڭ تەسىرىگە خېلى زور دەرىجىدە ئۇچرىغان، بىر جەھەتتىن، ئامېرىكىنىڭ زېمىنى ئىنتايىن كەڭ بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ تاشقى دۇنياغا بولغان قىزىقىشى مەلۇم چەكلىمىگە ئۇچرىغان. يەنە بىر جەھەتتىن، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئامېرىكىلىقلارنىڭ تاشقى دۇنيانى تونۇشىمۇ ئىنتايىن چەكلىك بولغان. شۇڭا، ئايرىمىلىق سىياسىي ئېقىمى سىياسىي جەھەتتە ئىزچىل ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلگەن. ناۋادا بىز زۇڭتۇڭ غايەت زور بايلىق سەرپ قىلىپ بىر قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشماقچى ۋەياكى خەلقئارا سىياسىي سەھنىدىكى رەقىبى بىلەن

ئۆزاقتىچە كۆرەش قىلماقچى بولسا، ياكى داھىيسىنى يوقىتىپ قويغان دۇنيادا داھىيلىق رولىنى ئالماقچى بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بايلىقىنى، يەنى مۇشۇ ئەسىردە ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتى ۋە خەۋپسىزلىك سىياسىتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان ئاشۇ بايلىقنى ئىشلىتىشى كېرەك. بۇ زۇڭتۇڭ ئەپەندىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، شەك - شۈبھىسىز ئىنتايىن قىيىن بىر مەسىلە، ئۇ ئايرىمچىلىقنىڭ قاتمۇقات توسالغۇلىرىنى قەدەممۇ قەدەم يېڭىپ، ئىئوۋا ئىشتاتىدىكى دېھقانچىلىق مەيدان ئىگىلىرى، ۋيومىڭ ئىشتاتىدىكى چارۋىچىلار، تېكساس ئىشتاتىدىكى نېفىت ئايرىش ئىشچىلىرى ۋە چېكاگودىكى ئايال كاتىپلار تاپشۇرغان باج پۇللىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن دۆلەت ئىچىدىكى پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلمەي، بەلكى تاشقى سىياسەت ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنلىكى ۋە ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي يىراقتىكى دۆلەتلەرگە بېرىشى كېرەكلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرمىسە بولمايدۇ، چۈنكى پۇقرالار بەزىدە مۇشۇ دۆلەتلەرنىڭ يەر شارىنىڭ قايسى بىر بۇلۇڭ - پۇچقىقىغا جايلاشقانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. ناھايىتى روشەنكى، خېلى تەسكە توختايدىغان بۇنداق سۆز بىلەن قايىل قىلىش خىزمىتى يۈزەلا ئاددىيلاشتۇرۇش ئىقتىدارى ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تېزلا تاماملىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئالدىدا خەتەرلىك، رەزىل ھەم قۇدرەتلىك بىر دۈشمەن نامايان بولۇپ، «بىز» بوكس مەيدانىدىكى رەقىبلەرگە ئوخشاش شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، «ئۇلار» (دۈشمىنىمىز)نى يەر چىشلىتىشىمىز كېرەك، دېگەن قاراش پەيدا بولىدۇ، بۇ خىل قاراش ئامېرىكا پۇقرالىرى ئارىسىدا غايەت زور تەسىر كۈچكە ئىگە. شۇڭا ئامېرىكىدا خەلقئارالىق سىياسىي نەزەرىيەنى شەكىللەندۈرۈشتە «ئاددىيلىقتىن ئىبارەت تەلۋىلىك

كېسەلى» ئەۋج ئالغان، ياكى بولمىسا نەزەرىيەدە (قارىمۇقارشى بولغان ئىككى قۇتۇپتىكى) مانىي دىنىچە خاھىش ئىپادىلىنىدۇ، ياكى بۇ نەزەرىيە سىياسىي سەردارلار ئارىسىدا كەڭ قوللاشقا ۋە ئاۋاز قوشۇشقا ئېرىشىدۇ، بۇنىڭمۇ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق.

## ئاددىي نەزەرىيە ئۇچۇن تۆلىنىدىغان يۇقىرى بەدەل

«سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» نەزەرىيەسى بۈگۈنكى كۈندە توغرا ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىك دەپ قارىلىدۇ. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۇنياسى ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. بىراق، كىشىلەر 90 ـ يىللاردا بۇ غەلىبىگە ھەدەپ مەدھىيە ئوقۇۋاتقاندا، كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان بەزى «ئەمەلىي پاكىت»لارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆزدىن نېرى قىلماي بولمايتتى، يەنى بۇ «غەلىبە» ئۇچۇن تۆلەنگەن بەدەل بەك يۇقىرى بولۇپ كەتتى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەر ئەمەلىيەتتە بىھۇدە قۇربانلىق بولۇپ، ئۇلار ئاشۇ دەۋرنىڭ ھەمدەپنىسىگە ئايلىنىپ كەتتى. «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» نەزەرىيەسىنىڭ زىيادە ئاددىيلىقى، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ زىيادە ئەسەبىيلىكى بۇنداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپچىقىشىدىكى بىۋاسىتە سەۋەب ئىدى. بۇنىڭدىن كېلىپچىققان يامان ئاقىۋەتنى بۈگۈنمۇ ھېس قىلالايمىز[1].

بىرىنچىدىن، ئامېرىكا كوممۇنىزم دۇنياسىنى بىكىنمە لاگېر قاتارىغا چىقىرىۋەتكەنلىكتىن، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇنىڭ جۇڭگو مەسىلىسىگە قاراتقان سىياسىتىدە نۇرغۇن ئېغىشلار كۆرۈلدى، ھەتتا مىللەت ئامىلىنىڭ جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىدىكى رولىغا پۈتۈنلەي سەل قاراپ، ستالىنىزمنىڭ

---

① جون لېۋىس گاددىس «يۇقىرى دەرىجىدىكى تەھلىلچى»

جۇڭگو ئىنقىلابىي ھەرىكىتىدىكى تەسىر كۈچىنىڭ ئۈزۈكسىز
كۈچىيىشىگە قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇردى، شۇڭا ئۇ جۇڭگو
مەسىلىسىدە تۈرلۈك «بېسىش» سىياسەتلىرىگە باشتىن ـ ئاخىر
ئەمەل قىلدى ھەم ئۇنى ئەڭ قاتتىق ئىجرا قىلدى. چاۋشيەن ئۇرۇ ـ
شى ۋە 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى تەيۋەن بوغۇزى كىرىزى ـ
سىدا، ۋاشىنگتون ھەتتا جۇڭگوغا ئاتوم بومبىسى ئاتىمىز، دەپ
تەھدىت سالدى، بۇنىڭ تەسىرىدە ئىككى ئەۋلاد جۇڭگولۇقلار ئامې ـ
رىكىغا ھەم پۈتكۈل غەرب دۇنياسىغا قەتئىي ئىشەنمەس بولۇپ قال ـ
دى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ جۇڭگونىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن زاتلىرى يەنىلا
جۇڭگونىڭ 19 ـ ئەسىردىكى پاجىئەلىك تارىخى ـــ ئاجىزلار كۈچ ـ
لۈكلەرگە يەم بولۇش، خەلق خالىغانچە تالان ـ تاراج قىلىنىشتەك
ئاشۇ كۆلپەتلىك كۈنلەرنى توختىماي ئەسلەپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ
ئىدىيەسىدە بۇ ئىشلار چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان. مۇشۇ ئىشلار تۈپەي ـ
لىدىن بۈگۈنكى كۈندە ئاسىيا رايونىدا تىنچلىق شەكلى ئارقىلىق
تەرتىپ ساقلاش ناھايىتى تەس. يەنە بىر جەھەتتىن، ھىندىستاننىڭ
«بىتەرەپلىك» سىياسىتى ۋە يېڭى دېھلىنىڭ موسكۋا بىلەن دوستا ـ
نە مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىشىنىمۇ ئامېرىكا چۈشە ـ
نەلمەيدۇ ۋە قوبۇل قىلالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئامېرىكا بىلەن ئا ـ
سىيادىكى ئىككىنچى گىگانت ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىدە بۈگۈنگە قە ـ
دەر باش ئاغرىقى توختىماي كەلدى.

ئىككىنچىدىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنى
ئىزچىل تۈردە ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن بىكىنمە دۆ ـ
لەت دەپ قارىغانلىقتىن، خىرۇششېفنىڭ ئىسلاھاتتىكى تىرىشچان ـ
لىقلىرىنى ـــ ئىنتايىن قىيىنغا توختىغان «پولات ئارقاندا مېڭىش
ھەرىكىتى»نى خاتا چۈشىنىپ قالدى. ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتى ـ
پاقىنىڭ بۇ رەھبىرى رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى ستالىنىزمچىلارغا

نىسبەتەن ئېچكى قىسمىدىكى سىياسىي ئىتتىپاق ئارقىلىق ئىسلاھ قىلىشتەك زور تەدبىرنى قوللىنىشقا ئۈرۈنغانىدى. خىرۇششېۋ ئەمەلىيەتتە ھەربىي ھازىرلىقلار خام چوتىنى كېمەيتىش، ھەربىي كۈچنى تېزگىنلەشكە قىزىقاتتى، ئەمما بەش يۈزجەكلىك بىنا ۋە ئاقسارلاي بۇ ئىشلارغا دىققەت قىلمىدى. ناۋادا ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى چەكلىمىگە ئازراق ئۇچرىغان يوسۇندا بايقىۋالىغان بولسا، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۈرۈشىدىكى توڭنى بەلكىم تېخىمۇ بالدۇرراق ئېرىتكىلى بولغان بولاتتى؛ 70 ـ يىللاردىكى ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىدىنمۇ ساقلىنىش مۇمكىن ئىدى. بولۇپمۇ، بەزى رايونلاردا كىشىلەر شۇ تۈپەيلىدىن ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە قالمىغان بولار ئىدى. مەسىلەن، سابىق دېموكراتىك گېرمانىيە (شەرقىي گېرمانىيە) ئاھالىلىرىنىڭ ئەركىنلىكى بېرلىن تېمىنىڭ سېلىنىشى بىلەن چەكلىمىگە ئۇچرىدى، تېخىمۇ يامان بولغىنى شۇكى، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۈرۈشى ئاخىرلاشقان 90 ـ يىللاردا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى يەنىلا 50 ـ يىللاردىكى سەۋىيەدە توختاپ قالغانىدى، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشلاردىن تامامەن ساقلىنىشقا بولاتتى.

ئۇچىنچىدىن، ئامېرىكا ھەمىشە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى تەبىئىيلا موسكۋا رەھبەرلىكىدىكى كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى قىلىۋالىدىغانلىقتىن، بۇنداق خاتا قاراش ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ۋېيېتنامدىكى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ خاراكتېرىنى قاتتىق بۇرمىلىۋېتىشىگە تۈرتكە بولدى. ئۇلار ئۇرۇشنى مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىنكى مىللىي بىرلىككە كېلىش ئۇرۇشى دەپ قارىماي، بەلكى ۋېيېتنام ئىنقىلابىي پارتىيەسىدىكىلەرنى كوممۇنىزمنى كېڭەيتكۈچى چاپارمەن، ئەركىن دۇنياغا بولغان تەھدىت دەپ قارىدى، تۈپتىن خاتا بولغان بۇنداق ھۆكۈم

ۋاشىنگتوننى ئۇزاققا سوزۇلغان، تۇتۇرۇقسىز، قانلىق ھەم مەغلۇ-بىيەتلىك بىر مەيدان ھەربىي ھەرىكەتكە سۆرەپ كىردى، ۋيېتنام ئۇرۇشىدىن ھېچقانداق نەتىجىنىڭ چىقماسلىقى ئامېرىكىنىڭ ئۇ-چىنچى دۇنيا ئەللىرى ۋە ياش ئىتتىپاقداشلىرى ئارىسىدىكى نوپۇ-زىنىمۇ چوڭقۇر زەخىمگە ئۇچراتتى، ھەتتا بۇگۈنكى كۈندىمۇ كۆڭ-ۈللىك بۇ چوڭقۇر جاراھەت ئىزلىرىنى يەنىلا كۆرۈۋالالايدۇ. بۇ تۇتۇرۇقسىز ئۇرۇش تۇپەيلىدىن مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ۋە شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى نەچچە مىليون ئاۋام-پۇقرا تېنىدىن، ھەتتا قىممەتلىك جېنىدىن ئايرىلدى، بۇنىڭ بەدە-لىگە كوممۇنىستىك يېڭى ۋيېتنام دۇنياغا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن غەرب ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىدىكى تەسىر كۈچىدىن ئۇزۇل-كېسىل ئايرىلىپ قالدى. بىراق، بۇ رايونلاردا نەزەرىيەچىلەر بېشا-رەت بەرگەندەك «دومىنو ئېففېكتى» يۈز بەرمىدى؛ شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى بىر - بىرىگە ئەگىشىپ كوممۇنىزمغا ئۆتۈپ كەت-مىدى، ئەكسىچە ئۇلار ئەينى چاغدا كىرىزىس پاتقىقىغا پېتىپ قال-غان بولسىمۇ، ئاخىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كاپىتالىستىك تە-رەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتكە ئايلاندى. بۇ ئارىلىقتا ۋيېتنامىمۇ كوم-مۇنىزمدىن خوشلىشىپ، بازار ئىگىلىكى تەرەققىيات يولىدا قوش-نىلىرىغا يېتىشىۋېلىش ۋە قوشنىلىرىدىن ئېشىپ كېتىش ئارزۇ-سىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى[1].

خۇلاسە كالام شۇكى، ئاتالمىش مۇۋەپپەقىيەت قازانغان «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» نەزەرىيەسى ئۆزىدىكى ئەجەللىك كەمتۈكلۈك تۇپەيلىدىن ماھىيەتتە بىزنى ئېغىر بەدەل تۆلەتكۈزدى

① ئولېگ گىرىنېۋسكىي: «توڭنى ئېرىتىش دەۋرى»، «بوشىشىش، كىرىزىس ۋە يېڭى مۇز دەريا ئېراسى»، بېرلىن، 1996 - يىلى نەشرى.

ۋە بىرگە قىسقا مۇددەتتە داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغان جاراھەتلەرنى قالدۇردى. شۇڭا، كوممۇنىزم لاگېرىنىڭ «غەلىبىسى» ئۇتىڭغا مەنسۇپ، بۇنى ھەقىقەتەن بىر كۈلكىلىك گەپ دېمەي بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە 70 ـ يىللارنىڭ دەسلەپىدىكى يۇمشاق سىياسەت دۇنيا ۋەزىيىتىدە تەدرىجىي كىچىك ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغانىدى، نىكسون جۇڭگوغا قارىتىلغان «دۇنيانى ئۆزگەرتكەن بىر ھەپتە»لىك زىيارىتى ئارقىلىق ئاسىيادا يۇمشاق سىياسەتنىڭ مېۋىسىنى كۆردى. ئامېرىكا شۇ ۋەجىدىن بۇ رايونغا بولغان يۇمشاق قوللۇقنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەچكە، ھەربىي جەھەتتىكى چەكلەش ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېمەيتىش ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىققا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي ياۋروپادىكى ئىتتىپاقداشلىرىغا قاراتمىلىق ھالدا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنىدىغان بولدى. يۇمشاق سىياسەتنىڭ تەسىرىدە سوتسىيالىزم لاگېرىدىكى ھەرقايسى ئەللەر، گۇرۇھلار ئارىسىدىكى ئارازلىق كۈچىيىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گۇرۇھ ئەزالىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت يەنىمۇ كەسكىنلىشىپ، ئەڭ ئاخىرىدا «ئىككىنچى قېتىملىق سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى»نىڭ تەسىرىدە «گورباچېف ھادىسىسى»نىڭ يۈز بېرىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. بىراق، بۇ ھەرگىزمۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى نەزەرىيەسىنى ئادىيلاشتۇرۇشنىڭ تۆھپىسى ئەمەس.

خۇنتىنگتون بۇ ھەقتە توختىلىپ: «بۇنى مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى دېمەي، يەنە نېمە دەيمىز؟» دەيدۇ ھەم مۇشۇنداق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ نەزەرىيەسىدە پاكىت ۋە تەبىئىي پەنگە توغرا كەلمەيدىغان جايلار بار، دەپ تەنقىد قىلىشىدۇ، ئۇمۇ بۇنىڭغا ئىقرار، ھەممىنى توغرا چۈشەندۇرۇپ كېتەلەيدىغان نەزەرىـ

يە تېخى يوق ـ تە. ئۇ چاغدا بىز ئۇنىڭ مەدەنىيەت نەزەرىيەسىدىن باشقا يەنە كۆپچىلىك تاللىۋالغۇدەك باشقا نەزەرىيەسى بارمۇ؟ دەپ سورايمىز. دۆشمەنلىك ۋە قارشىلىشىشنى توگىتەلەيدىغان ئاددىي ئۇسۇل بىلەن بۇ دۇنيانى ئۆز يولىدا تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيمىز. خۇنتىنگتون بۇ مەسىلىدىن ئەپچىللىك بىلەن ئۆزىنى قاچۇرغان. ناۋادا «ھەممە»نى چۈشەندۈرۈشكە قۇربى يەتمەيدىغان نەزەرىيەنى قۇ - رۇق گەپكە چىقىرىۋەتسەك، ئوخشاشلا خەلقئارا سىياسىيدىكى كۆپ قىسىم رېئاللىقتا سەل قارايدىغان، توغرا بولمىغان، ئاغزىغا كەل - گىنىچە ئېيتىپ قويۇلغان ۋە يالغان ـ ياۋىداق گەپلەر بىلەن تولغان بىر خىل نەزەرىيەنىڭمۇ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. شۇڭا، ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان، ئوخشاشلا ئاددىي بولغان باش - قا بىر خىل نەزەرىيەنى ئىزدەپ يۈرۈش ئارتۇقچە ئىش بولۇپ قالىـ - دۇ، چۈنكى بۇنداق نەزەرىيە قەتئىيلا مەۋجۇت ئەمەس، ئۇنى ئىزدەپ ئاۋارە بولۇشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق، ئەلۋەتتە. «بىز» «ئۇلار»غا قارشى دەيدىغان ئەندىزىدىكى نەزەرىيەدە (بۇ خۇنتىنگتوننىڭ «غەرب بىلەن باشقا رايونلارنىڭ قارشىلىشىشى» دېگەن كىتابىدا ئۇچرايدۇ) ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى، سوتسىيال دارۋىنىزم، ماركسىزم، لىب - نىنزم ۋە رېئالىزم توغرىسىدىكى ئىشلار شەرھلەنگەن بۇ نەزەرىيە - لەردە، ھەقىقەتنى قۇربان قىلىۋېتىش ھېسابىغا ئۆزىدىكى ئاد - دىيلاشتۇرۇش گۈزەل ئەخلاقىنى قوغداپ قالغان ئىشلار كۆپ. ئاشۇ ئاددىي نەرسىلەرنىڭ نۇقسانلىرىمۇ يېتىپ ئاشقۇچە بار، ئاشۇ نەر - سىلەر ھەمىشە كىشىلەرنى ئۆزىگە بەك ئىشەندۈرۈۋالىدۇ، بۇ كى - شىلەرنىڭ ئاسان چۈشىنىۋېلىشىدەك يېتەكچى پىرىنسىپ بىلەن ياشلىنىپ، ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى، ئۇرۇش ۋە قىرغىن قىلىشلار بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە بىز بۇنداق نەزەرىيە - لەرگە موھتاج ئەمەس.

## بىر خىل خەلقئارالىق سىياسىي نەزەرىيە بىزگە نېمە-لەرنى تونۇتۇشى كېرەك؟

«ئوكخاممىنىڭ ئۇستىرىسى» نائۇستا ساتىراشنىڭ قولىغا چۈ-شۈپ قالمىغان بولسا، بىرلا سىيرىلىش بىلەن ئەجەللىك جاراھەت پەيدا قىلىپ قويۇشتەك خەۋپ - خەتەردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ يا-كى خۇنتىنگتوننىڭ گېپى بويىچە ئېيتساق، ئاددىيلا سىزىلغان بىر ۋاراق خەرىتىنى ئەمەلىي يەر شەكلىنى چۈشەنگەن ئەھۋالدىلا پايدىلانغىلى بولىدۇ. تاغقا چىقىش تەنھەرىكەتچىلىرى ماسشتابى 1: 25000 لىك خەرىتىنىڭلا ئۆزىگە ياردىمى تېگىدىغانلىقىنى ئوب-دان بىلىدۇ، ماڭغۇدەك يول يوق، قورام تاشلار چوقچىيىپ تۇرغان يەرلەردە (ئەڭ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا)، ئاددىي ماسشتاب-لىق خەرىتە كىشىنى تۆيۇق يولغا باشلاپ قويىدۇ، خەلقئارالىق مۇ-ناسىۋەتلەردە نەزەرىيەنىڭ رولى خەرىتىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇ بىز-نىڭ رېئاللىقتىكى تىك قىيالارغا يامىشىپ چىقىشىمىزدا يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

خەلقئارالىق مۇناسىۋەت نەزەرىيەسى شەرھلەيدىغان ۋە چۈشەن-دۈرىدىغان مەزمۇنلار رېئاللىقنىڭ كەڭ دائىرىلىكلىكى بىلەن ماس-لىشىشى كېرەك. بۇ دېگەنلىك ئۇ نەزەرىيە رېئاللىقتىكى ھەربىر تەپسىلاتلارنى بىر - بىرلەپ شەرھلەپ بېرىشى كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇ رېئاللىقنىڭ تولۇق ئىنكا-سى بولۇپ قالىدۇ - دە، بىزگە ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەيدۇ. بە-راق، بىز خەلقئارالىق سىياسىينىڭ مۇھىم مۇساپىسىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان بارلىق ئامىللار ۋە ئۆزگەرگۈچى مىقدارلارنى نەزەرد-يەگە كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىشىمىز كېرەك. مۇناسىپ كەلمەيدى-غان بىر ئۆلچەم ماسشتابى بىلەن دۇنيانى كىچىكلىتىمەن دېسەك

قاملاشمايدۇ.

مەبلەغ پۈتكۈل دۇنيادا كۆپلەپ ئوبوروت بولۇپ تۇرۇشى كېرەك؛ زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا ئەڭ كەڭ تۈردە تارقىلىشى كېرەك؛ ئىچكى يۆلەنچۈكىمىز بولغان يەر شارى ئېكولوگىيەلىك سىستېمىسى قوغدىلىشى كېرەك؛ دۆلەت ھالقىغان ئاخبارات يەتكۈزۈش ۋاسىتىسى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشى كېرەك. بىز مانا شۇنداق «يەر شارىلاشتۇرۇش» مۇساپىسىگە ئىنتىلىمىز. بىز سىياسىي تەشكىلىي شەكىل (دۆلەت ۋە ئۇلارنىڭ خەلقئارالىق تەشكىلاتلىرى) دىن ئۇنۇملۈك باھا بېرىشنى تەلەپ قىلساق بولىدۇ. خەلقئارالىق مۇناسىۋەت پائالىيەتچىلىرىنىڭ قوشۇنى مۇھىم غەيرىي دۆلەت تەشكىلاتى، مەسىلەن، دۆلەت ھالقىغان كارخانا ۋە غەيرىي ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى چۆرىدەپ ئىش كۆرسە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تارىخىي ئامىل ۋە مەدەنىيەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن قىممەت سىستېمىسىغىمۇ ئاخىرىدا تېگىشلىك ئەھمىيەت بەرمەي بولمايدۇ.

خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەر نەزەرىيەسىدە مۇنداق بىر پاكىتنى تولۇق نەزەرگە ئالماي بولمايدۇ، ئۇ بولسىمۇ بۈگۈنكى دۇنيانىڭ «زاماندىشىسىزلىقىنىڭ زامانداشلىقى»دۇر، ئۇ كەسكىن يەر شارىلىشىش داۋامىدا كېلىپچىققان. ئاددىيلاشتۇرۇش ۋە ئاددىيلىق ھەممە مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى يېشىدىغان ئالتۇن ئاچقۇچ ئەمەس، ئۇلار ئامېرىكىنىڭ ۋاستىلىرى ياكى سىياسىي مەدەنىيىتى ئۇچۇن بازارلىق مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرالىسىمۇ، بىراق خەلقئارالىق سىياسىينى تەھلىل قىلىشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاددىيلاشتۇرۇشنىڭ ئۆزى تەلىيىنىڭ كاج كەلگەنلىكىدۇر. كۆپ مەنبەلىك دۇنيا بىزگە كىرىزىس ۋە خىرىس ئېلىپ كېلىدىغان دۇنيا، شۇڭا بىز كۆپ مەنبەلىك كۆزىتىش نۇقتىسىغا موھتاج.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى قىسىم
# ئىدىيە

## 1

### مەدەنىيەت، مەدەنىيەتلىك، دۆلەت ۋە جەمئىيەت

بىز «مەدەنىيەت» (Kultur) دېگەن چوڭقۇر مەنىلىك بۇ سۆزنى زادى قانداق چۈشىنىشىمىز كېرەك؟ نېمىس تىلىدا «مەدەنىيەت» (Kultur) نى بىلدۈرىدىغان سۆزنىڭ مەنىسى ئىنگلىز ياكى فىرانسۇز تىللىرىدا «مەدەنىيلىك» (Zivilisation) دېگەننى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. دېمەك، نېمىس تىلىدىكى «مەدەنىيەت» ئۇقۇمى باشقا ئىككى تىلدىكىدىن پەرقلىنىدۇ، دېگەن گەپ. بۇ تاسادىپىيلا چىقىپ قالغان پەرق ئەمەس، بۇ ئوخشاشمايدىغان ئىدىيە تارىخى شەكىللەنگەن تۇپراقتىن قوبۇل قىلىنغان ئۆزۈقلۇقنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن تەبىئىيلا ئوخشاشمايدىغان نەتىجە چىققانلىقتىن بولغان. بىزنىڭ ياۋروپادىكى قوشنىلىرىمىز ۋە ئامېرىكىلىقلارنىڭ قارىشىچە، «مەدەنىيەت» مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچتا ياشاش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان ئىجتىمائىي قوراللارنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، ئۇ ئىقتىسادىي شەكىل، تەسىر كۆچكە ئىگە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، سىياسىي جەھەتتىكى ئىجتىمائىي ئالاقە، كۆچمەنلەر سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلمىسى، مائارىپ سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە دىن، قىممەت سىستېمىسى ۋە ئېستېتىكىدىنمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قىسقىسى، مەدەنىيەت ئۇقۇمى ئىجتىما-

ئىي ئەمەلىيەتتى قاپلىغان ئىنتايىن كەڭ دائىرىلىك بىر ئۇقۇم شۇڭا ئورتاق مۇھىم ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت سىستېمىسى ئوخشاش «مەدەنىيەت» تۈپى دەپ قارىلىشى كېرەك.

گېرمانىيەدە «مەدەنىيەت» دېگەن بۇ ئۇقۇم ئەزەلدىن «ھەقىقىي يەرلىكلىشىش»نى ئىشقا ئاشۇرالمىدى، چۈنكى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى گېرمانىيەدىكى ياخشى تەربىيە ئالغان شەھەر ئاھالىسى قاتلىمىدا «مەدەنىيەت» دېگەن بۇ ئۇقۇم ۋە ئىش ـ ھەرىكەتنى چۈشىنىشكە قارىتا چەتنەش پەيدا بولدى ھەمدە ئۇنى كۆزىتىدىغان نەزەرلەرمۇ ناھايىتى تار دائىرىلىك بولدى. بۇ ئىجتىمائىي قاتلام «مەدەنىيەت» (kultur) دېگەن بۇ سۆزنىڭ گېرمانىيەدىكى مەنىسىگە ناھايىتى مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى. بۇ مەزگىلدىكى گېرمانىيە شەھەر ئاھالىلىرى قاتلىمىنىڭ ۋەزىيىسى پۈتۈنلەي ئىجتىمائىي رېئال پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئەمەس ئىدى. ئۇلار سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئەمەلىيەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن، مەخپىي ياكى يېرىم ئاشكارا دائىرىدە «سەمىمىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك، گۈزەللىك» ھەرىكىتىگە ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلدى.[1] شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇلار سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي يېتەكچى كۈچ ئەمەس ئىدى. شۇڭا، بۈگۈنگىچە گېرمانىيەدە «مەدەنىيەت سىياسىتى» دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەرنىڭ ئېسىگە ئالدى بىلەن ئوپېرا، رەسساملىق، ئەدەبىيات قاتارلىقلار كېلىدۇ، ھەرگىزمۇ پەن ـ تېخنىكا كەلمەيدۇ. ئوسۋولد سپېڭلېر ئىلگىرى يازغان «مەدەنىيەت، مەدەنىيلىكنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يوقىلىشى» ناملىق نېمىسچە ئەسىرىدە، ئۇ مەدەنىيلىكنى مەدەنىيەت-

---

① جېرگېن خابېرماس: «جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى — شەھەر ئاھالىلىرى ئىجتىمائىي كاتېگورىيەسىنى تەكشۈرۈش»، نيۇۋېد/ بېرلىن، 1968.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ يېمىرىلىش باسقۇچى دەپ چۈشەندۈرىدۇ، بۇ باسقۇچتا نوپۇس-نىڭ شەھەرلىشىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر رېئال تۇرمۇشقا بەكرەك كۆڭ سەرپ قىلىدۇ، بولۇپمۇ سودا ساھەسىدىكىلەر مەنىۋىلىك، ئەخلاقىي - پەزىلەت ۋە سەنئەت دېگەنلەرنى ئانچە بەك تەكىتلەپ كەتمەيدۇ، بۇ بىر خىل ئۆزگىچە بولغان گېرمانچە چۈشىنىش ئۇ-سۇلىدۇر.[①] ئەكسىچە، ئانگلو - ساكسون مىللىتى مەملىكىتى ۋە فىرانسىيەدە بۇ باسقۇچ راۋاجلىنىپ، شەھەر ئاھالىلىرى قاتلىمىنى ئازاد قىلدى، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىدىكى ئاساسىي كۈچ ۋە سىياسىي، ئىقتىسادىي ھوقۇقنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلاندى. بۇ ۋاقىتتا كىشىلەر «مەدەنىيلىك» ئۇقۇمى ئارقىلىق، بىر دەۋرنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنى ئويلاشتى، لېكىن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش دائىرىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىرنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ «مەدەنىيەت» ئۇقۇمىدىكى مەنىسىنى ئويلاشمىدى.

شۇبھىسىزكى، «مەدەنىيەت»نىڭ مەنىسىنى قانداق چۈشىنىش مەسىلىسىدە، ئەنگلىيەلىكلەر بىلەن فىرانسىيەلىكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەپەككۇرى گېرمانىيەچە تەپەككۇرغا قارىغاندا تېخىمۇ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى بارلىق

① ئوسۋولد سپېڭلېر: «ياۋروپانىڭ زاۋاللىقا يۈزلىنىشى»، «دۇنيا تا-رىخى يەر شەكلى تۈزۈلۈشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، مۇنچ، 1980؛ باسسام تىبى يەنە بىر يۈرۈش سىستېما ئىجاد قىلىدۇ، ئۇ مەدەنىيەت سىستېمىسى يەرلىك قىممەتكە ئىگە بولىدۇ، مەدەنىيلىكنىڭ مەنىسى تېخىمۇ كەڭ بو-لىدۇ، ئۇ ئادەتتىكىچە قىممەت سىستېمىسىغا ئىگە، دەپ قارايدۇ (مەسىلەن، مىسىر مەدەنىيىتى، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى دېگەندەك). مەدە-نىيەت ۋە مەدەنىيلىك ئۇقۇمىنىڭ ئانچە چوڭ پەرقى يوق، ئۇلارنى ئاسان چۈشەنگىلى بولمايدۇ. باسسام تىبى: «مەدەنىيلىك جېڭى» ناملىق كىتابنىڭ «ئاقىلانىلىك بىلەن ئىپتىدائىي دىنىي ئەقىدىچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى سى-ياسىي ۋە دىن» دېگەن بابى، ھامبۇرگ، 1995

«ساقلاپ قىلىنىدىغان تۇرلەر»گە قارىتىلغان. بۇنداق قاراش بىر خىل مەدەنىيەت شارائىتىدا ئىناق ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە مەۋجۇتلۇق مەسىلىسىدە كاپالەتكە ئىگە بولۇشىغا پايدىلىق. ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنە گېرمانىيە ئەنئەنىسىدىكى «مەدەنىيەت» ئۇقۇمىدىن كۆپ ھالقىپ كەتكەن. ئىنسانلارنىڭ «گۈزەل» ھەرىكەت-لىرىنى مۇشۇنداق لايىقىدا ئۇقۇم ئارقىلىق چۈشىنىش ۋە تەسۋىر-لەش پۇتكۇل «ساقلاپ قىلىنىدىغان تۇرلەر»نىڭ بىر قىسمى، ئەگەر مۇشۇ بىر قىسمى بولمىسا، بۇنداق «گۈزەل» ئىش - ھەرىكەتلەرنى تارىخىي پاكىتلار ئىچىدە چۈشىنىدىغان كىشىنىڭ چىقىشى ئىنتا-يىن تەس.

ھايۋانلار ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارىغا تايىنىپ ياشايدۇ، ئەم-ما ئىنسانلار بىيولوگىيەلىك بىۋاسىتە سەزگۈ جەھەتتە دېگەندەك سەزگۇر بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى «مەدە-نىيەت ئەسۋابلىرى» ئارقىلىق تولۇقلايدۇ. «كوللېكتىپ ئۇقۇ-مى»نىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ. تەبىئىي خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقان ئىنسانلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرىمەن دەيدىكەن، ئالدى بىلەن ماددىي تۇرمۇشنىڭ ئالدىنقى شەر-تى بولغان مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى توپلاپ، كوللېكتىپ ھەمكارلىششى كېرەك. ئۇ ئومۇمەن ئىجتىما-ئىي ئىش تەقسىماتىنىڭ شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ھۆكۈم-رانلىق ئۇسۇلى، تاشقى خەۋپكە تاقابىل تۇرۇش جەھەتتىكى خەۋپ-سىزلىك تەدبىرلىرى، تالاش - تارتىشلارنى پەسەيتىش ئۇسۇللىرى، ياش ئەۋلادلار قاتناشقان مەلۇم خىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى قانداق تەشكىللەش قاتارلىقلار. بىر ئىجتىمائىي كوللېكتىپ مەۋ-جۇت بولۇپ تۇرىمەن دەيدىكەن، مۇشۇ شەرتلەرنى ھازىرلىمىسا بول-مايدۇ. ئىنسانلار كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى مۇرەككەپ، چىگىش مۇ-

ناسۇەتلەر ئىچىدىن ئۆزىنىڭ نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، ئىش ــ ھەرىكىتى بىلەن كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىنى ياخشى ماسلاشتۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك، بولمىسا ئىجتىمائىي كوللېكتىپلار ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىققا دەخلى يېتىدۇ. كىشىلەر ئىش ــ ھەرىكىتىنىڭ ئەھمىيىتىگە نىسبەتەن ئۆزئارا بىر دەك قاراشنى شەكىللەندۇرۇپ، بۇ خىل مۇناسىۋەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ماسلاشتۇرۇشى كېرەك. بۇلاردىن سىرت، كۆندە دۇچ كېلىنىۋاتقان ھەر خىل ئەھۋال ۋە خىرىسلارغا ئۆزىمىز ئادەتلىنىپ قالغان تورمۇش ئۇسۇلى بويىچە يۈزلەنسەك بولمايدۇ، بەلكى ئۇنى ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگەرتىپ تۇرۇشىمىز كېرەك. جەمئىيەت ئەزالىرى تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ھادىسىلەرگە تېزلىكتە مۇناسىپ تەدبىر قوللىنالىسا، پۈتكۈل جەمئىيەت تەشكىلى ھەرگىزمۇ يىمىرىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەيدۇ. شۇڭا، ئۆزىدە ياخشى بولغان زۆرۈر ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ھازىرلاش ئۈچۈن، قىممەت سىستېمىسى ۋە بىلىم سىستېمىسىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇش (مەدەنىيەت تارقىتىش) ئەلۋەتتە زۆرۈر. ئىقتىسادىي شەكىل بىلەن پەن ــ تېخنىكا بۇ جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيەت، يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتىدىن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىگە تەرەققىي قىلىشى مۇشۇ ئىككى ئىجتىمائىي ئۆزگەرگۈچى مىقدارنىڭ ئۇزۇكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. كىشىلەر ناۋادا ئۇلارنىڭ رولىغا سەل قارىسا، ماشىنا دەۋرىدە ئىلاجسىز قالىدۇ. ئەگەر 19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىكى كىشىلەرنى ھازىرقى كومپيۇتېر دۇنياسى ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈر، دېيىشكە بولساق، ئۇلارنىڭ قانچىلىك تەس كۆنگە قالىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس ئەمەس. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ماركسىزم، لېنىنىزمنىڭ «مادداا ئاڭنى بەلگىلەيدۇ» دەپ دوگ-

ملارچە تەكتىلەپ كېتىشى بەكلا يۈزەكى بولۇپ قالغان. ئەمەلـ-يەتتە، پەن ـ تېخنىكا بىلەن ئىقتىسادىي شەكىللىنىش «مەدەنىـ-يەت»كە نىسبەتەن پەيدا قىلغان تەسىر كۈچىگە ئوخشاشلا، ئىنـ-سانلارنىڭ قىممەت سىستېمىسىمۇ بىزنىڭ پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەسىر كۈچىگە بولغان پوزىتسىيەمىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇنداق ئۆزئارا تەسىرگە سەل قاراشقا قەتئىي بولمايدۇ. بىراق، بىر خىل «مەدەنىيەت»نىڭ تېخنىكا سەۋىيەسى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تەرەقـ-قىيات جەريانىنى ئەستايىدىل كۆزەتمەي تۇرۇپ، بۇ خىل «مەدەنىـ-يەت»نى چۈشىنىمىز ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىمىز دېسەك، تامامەن خاـ-تالاشقان بولىمىز. ھەتتا، بۇنداق ئىشلار ئەقلىگىمۇ سىغمايدۇ. خۇنتىنگتوننىڭ «مەدەنىيەت» ئۇقۇمىغا بولغان چۈشەنچىسى قىمـ-مەت سىستېمىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە دىنىنى ھەل قىلغۇچ ئۆلچەم قىلىۋالغان، بۇنداق چەكـ-لىك پايدىلىنىشقا بىر «سىر» يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇ بىزنى خۇنـ-تىنگتوننىڭ نەزەرىيەسى بىلەن رېئال دۇنيا ئوتتۇرىسىدا بۇنچە كۆپ ئوخشاشلىق ۋە ماسلىقنىڭ بارلىقىغا ئىشەندۇرۇپ قويىدۇ، ئەمما بۇنىڭدا ئاسىيا، ياۋروپا ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق ئورـ-تاقلىقلار نەزەردىن ساقىت قىلىنغان، بىز كېيىن بۇ مەسىلىنى يەـ-نە تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىمىز.

ماھىيەتتە، مەنمۇ مۇشۇ خىل تونۇشنى بويىلاپ «مەدەنىيەت» ئۇقۇمىدىن ۋە خۇنتىنگتوننىڭ نەزەرىيەسىدىن پايدىلانسام بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىمنى توغرا شەرھلەشكە قىلچە پايـ-دىسى يوق. خۇنتىنگتوننىڭ ئىدىيەسى «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دېگەن ماركا بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، بۇ پاكىتقا سەل قاـ-رىساق، ئاقىلانىلىك بولمايدۇ.

ئەگەر بىز بىر خىل مەدەنىيەتنى مۇكەممەل تەسۋىرلەيمىز

www.uyghurkitap.com

دەيدىكەنمىز، ئۇنداقتا تېخنىكىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسى، ئىقتى-
سادىي شەكىل، ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى، ئىجتىمائىي قاتلامنىڭ
ئايرىلىشى، قانۇن - تۈزۈم ۋە قىممەت سىستېمىسىدىن ئىبارەت
بىر قانچە جەھەتنى ئەتراپلىق ئويلىشىشىمىز كېرەك. بۇ مەسىلىدە
دىيتېر سېنگخاۋس «ئالتە تەرەپلىك» نەزەرىيەسى ــ مەدەنىيەتنى
ئىلگىرى سۈرىدىغان ئالتە تەرەپلىكنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ بۇنى
جەمئىيەتنى ئالغا يېتەكلەيدىغان ئۆلچەملىك مەندىكى ھەرىكەت
مىزانى قىلىۋالغان بولۇپ، بۇ ئالتە تەرەپلىكنىڭ ئالتە تەرىپى دۆ-
لەتنىڭ ھوقۇق مونوپوللۇقى، قانۇن - تۈزۈم سىستېمىسى، دې-
موكراتىك قاتنىشىش، زورلۇق كۈچى بولمىغان زىددىيەت مەدەنى-
يىتى، جەمئىيەتنىڭ ئادىللىقى ۋە ھېسسىياتنى تىزگىنلەشنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ[1]. ئاخىرىدا بۇ ئۇقۇم مائارىپ ۋە ئىجتىمائىيلىشىش-
نىڭمۇ مەدەنىيەتنىڭ رەت قىلىنىۋېتەلمەيدىغان بىر تەركىبىي قىسمى
ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئەمدى بىز مۇشۇ ئىجتىمائىي ئامىللارغا ۋە ئۇلارنىڭ بىر -
بىرىگە بولغان رولى ۋە تەسىرىگە قارايدىغان بولساق، ھەممىسى
ئايدىڭلىشىدۇ، دېمەك، بۇ يەردە ھېچقانداق مەدەنىيەت تۇرغۇنلۇقى-
نىڭ ئىزناسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ھەر خىل مەدەنىيەتلەر ھەمى-
شە ئۈزۈكسىز ئالماشتۇرۇلۇش، قوشۇلۇش نەتىجىسىدە ئالغا ئىل-
گىرىلەيدۇ، ئۇلار ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، گەۋدىلىك ئالاھىدى-
لىكلىرىنى ئۈزۈكسىز ئۆزگەرتىپ بارىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش كۆپ
چاغلاردا ئىنتايىن ئاستا بولىدۇ. بىراق بەزىدە شىددەتلىك ئىلگى-
رىلەش يۈز بېرىپ، سۈپەت جەھەتتە ئۇچۇش كۆرۈلىدۇ. بىز ئۇلارنى

① دىيتېر سېنگخاۋس: «دۇنيا نەگە بارىدۇ ــ تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش-
نىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا»، 20~30 - بەت، فىرانكفۇرد، 1994 - يىلى
نەشرى.

مەدەنىيەتنىڭ قايتا تەشكىللىنىشى ۋە قايتا بەرپا قىلىنىشى دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ، بۇ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان بىر خىل تەرەققىيات جەريانى ھېسابلىنىدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچتا ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىك ئىپادىلەنگەنلىكىگە قاراپلا، ئۇلارنى بىر - بىرىگە قارشى قىلىپ قويۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش بولىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى ياراشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا جاھىللارچە بېشارەت بېرىپ يۈرسەك قاملاشمايدۇ.

## زامانىۋىلىشىش ــ مەدەنىيەتكە بولغان خىرىس

بىز مەدەنىيەتنىڭ نىسپىي تۇرغۇنلۇق ھالىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئادەتلىنىپ قالغان ئۇسۇل بەلكىم ئۆتكەن بىرقانچە ئەسىردە ئىنتايىن مۇۋاپىق كەلگەن بولسا كېرەك. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا زور كۆلەملىك كۆچمەنلەر ھادىسىسى كۆپ كۆرۈلمىگەندى، مەدەنىيەت چەمبىرەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچرىشىش ۋە ئالماشتۇرۇشمۇ چەكلىكلا بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زامان ۋە ماكان ئارىلىقىمۇ ئىنتايىن يىراق ئىدى. ئەينى چاغدا قاتناش قوراللىرى ۋە خەۋەرلىشىش ئۇسكۇنىلىرى چاغلىقلا بولغاچقا، ئۇچۇرلارنىڭ يەتكۈزۈلۈشىمۇ ئىنتايىن ئاستا ئىدى. شۇڭا، مەدەنىيەتلەرنىڭ بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش پۇرسىتىمۇ ئىنتايىن چەكلىك بولۇپ، ئاكتىپ ياكى پاسسىپ بويسۇندۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇمىي ئەھۋال يۇقىرىقىدەك ئىدى. بۇ ھالدا، نىسپىي تۇرغۇنلۇقتىكى پەرقنى چىقىش قىلىپ، سىياسىينىڭ ئىستىقبالىنى پەرەز قىلىشقا بەلكىم يېتەرلىك سەۋەب ۋە ئاساس تېپىلىپ قالار، ئەمما بۈنداق دەۋر ئەمدى كەلمەسكە كەتتى. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىدە قىسقىغىنا بىرقانچە دەۋر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىچىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر كۆپ بولدى، بەزىدە بۇنداق ئۆز-گىرىشلەر ھەتتا بىر دەۋر كىشىلىرى ئىچىدىلا يۈز بەردى. كومپيۇ-تېر تۇرمۇشىمىزنى ئۆزگەرتىپ، ئادەتلىنىپ كەتكەن تۇرمۇشىمىز-غا شىددەت بىلەن بۆسۈپ كىردى. ئۇ نۇرغۇن جەھەتلەردە بىزگە يېڭى ئۆلچەم تۇزۇپ بەردى. مەسىلەن، بىلىم قۇرۇلمىسى، بىلىم ئېلىش يوللىرى ۋە بىلىمنىڭ يېڭىلىنىشى دېگەندەك. يەنە كېلىپ ئۇ قىسقىغىنا بىرنەچچە يىل ئىچىدە خەۋەرلىشىش ئۇسۇلىمىزنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەدەنىيەتنىڭ مۇ-ھىم ۋە يېڭى ئالاھىدىلىكى دېمەي بولمايدۇ.

كومپيۇتېر ئىنسانلار بۈگۈنگە قەدەر يەتكەن يۇقىرى پەللە، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئىككى - ئۈچ يۈز يىلغا سوزۇلغان زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىنقىلابىنىڭ بىر باسقۇچى. غەرب مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئاقارتىش دەۋرىدىن باشلاپلا زامانىۋىلىشىشقا قەدەم قويغان بولۇپ، سانائەت ئىنقىلابىنىڭ غايەت زور نەتىجىسى دۇنيا-نىڭ ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنىمۇ زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. شۇ دەۋردىكى بارلىق مەدەنىيەتلەر مۇشۇ ئۇلۇغۋار، نەچچە ئەسىرگە سوزۇلغان زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدىكى «تالاش - تارتىش»نىڭ مەھسۇلى بولۇپ قالدى. مۇشۇنداق تارىخ مۇساپىسىگە قارشى ھالدا، ھەقىقىي «ئالتۇن دەۋر»گە قايتىشقا ئۇرۇنۇش بارلىق چېكىنمە ئى-دىيەۋى ئېقىمنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى بولسا كېرەك. ئۇلار كى-شىلەر قەلبىنى ھاياجانغا سېلىشىمۇ، ھەيرانلىق ئىچىدە تەئەججۇپ-لەندۈرۈپ قويۇشىمۇ مۇمكىن، بىراق بۇ بىھۇدە ئاۋارىچىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

زامانىۋىلاشتۇرۇش جەمئىيەتنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى بىر قاتار جەريانلار بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، پۇل ئىگىلىكىدىن ئى-بارەت زەپەر قۇچقان قوشۇن بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر ھالقا، بۇ يەنە

تېخنىكا دەۋرىدىكى تەتتىجىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۇلار مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىنىمۇ ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتتۇەتتى. كونسېرى ئىنچىكە ئايرىلىۋاتقان ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى جەمئىيەتتىكى ئۇل ساھەلەردە بۆلۈ- نۈش پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ رابون ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت- لەرنىڭ چەكلىمىسىنى قايرىپ قويۇپ، كەسپىي ئىش تەقسىماتىنى شەكىللەندۇرۇشكە تۈرتكە بولدى؛ كىشىلەر يەرنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدى، جەمئىيەتنە سىنىپ، قاتلام، تەبىقە ياكى سالاھىيەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان بولدى. سىياسىي ھۆكۈمرانلىق مۇ- ۋاپىق ئىسلاھ قىلىنىپ، دىنىي ئاساستىن ئاجرىتىلىپ، ھاكىمى- يەت بىلەن دىن ئايرىلدى. باشقۇرۇش بىيۇروكراتلىشىپ كەتتى؛ قانۇن ئۆزى باب كېلىدىغان ئىجتىمائىي دائىرىنى «مۇۋاپىق تاللى- ۋالدى». سۇبيېكتىپچاللىق ۋە مۇناسىپ قائىدە - يوسۇنلار ئۆز لايىقىدا ھەرىكەت مىزانىغا ئايلىنىپ، كىشىلەر دىنىي ئەھكاملار ياكى ئۆرپ - ئادەتنى سەۋەب قىلىپلا بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلىپ كەتمەيدىغان بولدى. زامانىۋىلاشتۇرۇش دېگەنلىك مۇشۇ ئالاھىدى- لىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ياكى كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ زەربىسىگە قىسمەن ئۇچرىغان جەمئى- يەت، مەسىلەن، ئىلگىرى مۇستەملىكە قىلىنغان دۆلەتلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلار مىللەت ۋە ئىرق مەسىلىسىنى ھەل قىلالماي چاك - چېكىدىن بۆلۈنۈپ كەتتى، ئۇلارنىڭ يېڭىباشتىن تەڭپۇڭلىشىشى ئۇچۇن تېخىمۇ ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ.

زامانىۋىلىشىش ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە جەڭ ئېلان قىلدى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىكى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن نەرسى- لەرنىڭ بۇنداق تېز ئۆزگىرىشكە ماسلىشىپ كېتەلمىگى تەسكە چۈش- تى، بۇنداق ئۆزگىرىش ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا ئۇلارغا شىددەت

بىلەن تاشلاندى. جەمئىيەتنىڭ بىرلىكى ۋە سىياسىي مۇقىملىق دېگەنلەرمۇ مۇشۇنداق خىرىس تۇپەيلىدىن ۋەيران بولۇشى مۇمكىن، زامانىۋىلىشىش مەدەنىيەتنىڭ ئاستا بولغان تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىنى بۇزۇپ، ئۇنى ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلەتتى. مەدەنىيەتنىڭ ئىنپىرتسىيەسى ناھايىتى زور بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا زامانىۋىلىشىشنىڭ شىددەتلىك زەربىسىگە ۋە مەجبۇرلاشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەممىسى تېز، ئەمما ئازابلىق بولغان ئۆزگىرىش قايىنىمىغا كىرىپ قالدى.

## زامانىۋىلىشىش ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇزۇلۇش: گېرمانىيە مىسال قىلىنىدۇ

ئەمدى بىز قىممەت سىستېمىسى ھەمدە ئۇلار ۋە باشقا جانلىق مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ئۆزئار تەسىرىگە نەزەر سېلىپ باقايلى، ئۇنىڭدىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىمىزكى، ئۆزگەرمەس مەدەنىيەت ئۇقۇمىغا ئىسلىۋېلىش كىشىنى قايىل قىلالمايلا قالماي، بەزىدە ھەتتا ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىز دۆلىتىمىزنى مىسال ئېلىپ كۆروپ باقايلى: 19 ـ ئەسىردە گېرمانىيە تەبىقە تۈزۈمى قاتتىق، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقتىكى دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ قىممەت قارىشى ئىنتايىن مۇتەئەسسىپ ئىدى، تىرىشچانلىق، ئىنتىزام، بويسۇنۇش، نوپۇزنى ئېتىراپ قىلىش، ئائىلىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئىقتىسادچانلىق بىلەن كۈن كەچۈرۈش جەمئىيەتتە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان قىممەت قارىشى ئىدى[①].

---

① توماس نىپپېردېي: «1866 ـ يىلىدىن 1918 ـ يىلىغىچە بولغان گېرمانىيە تارىخى» 1 ـ قىسىم، «خىزمەت دۇنياسى ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ روھى»، مىيۇنخېن، 1990 ـ يىلى نەشرى. ھانس ـ ئۇلرىچ ۋېخلېر: «گېرمانىيەنىڭ جەمئىيەت تارىخى» 3 ـ قىسىم، مىيۇنخېن، 1995 ـ يىلى نەشرى.

غەربىي ياۋروپا بىلەن ئامېرىكا ئەركىن سودىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ۋېيمار دەۋرىدە قائىدە ـ يوسۇن بىر چەتكە قايرىپ قويۇلـ غان قىسقىغىنا خۇشاللىق پەيتى باشتىن كەچۈرۈلگەن بولسىمۇ، بىراق گېرمانىيە جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي ئېقىم بولغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە ئوتتۇرا، يۇقىرى قاتلامدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر تاكى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقانغا قەدەر يەنىلا ئەنئەنىۋى قىممەت ئۆلچىمىدىن ۋاز كەچمىدى. دەل مۇشۇنداق قىممەت پەلسەـ پەسى ۋە بۇنىڭدىن ھاسىل بولغان ئىجتىمائىي تەبىقە ئايرىمىسى نەتىجىسىدە ناتسىستلار ۋەزىيەت ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كېـ لىپ، ۋېيمار جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇن چىقىرىش پىرىنـ سىپى ھېچقانچە تەسىر پەيدا قىلالماي قالدى[1]. ناتسىستلار مۇشۇنـ داق قىممەت سىستېمىسىدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ پايدىلىنىپ، بىر مەيدان قاباھەتلىك تىراگېدىيەنى ئويناپ چىقتى (شۇ ۋەجدىن ئۇـ رۇشتىن كېيىنكى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەر خانىۋەيرانچىلىققا ئۇچـ رىدى)، ئۇلارنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرى كونا جەمئىيەتنىڭ ئۇلىنى ۋە قىممەت سىستېمىسىنى ۋەيران قىلىۋەتتى.

تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى، «غەرب» دېيىلگەندە تېخى گېرمانىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالـ مايتتى، بۇ خىل قاراش گېرمانىيەدىلا شۇنداق بولۇپ قالماي، ھەتـ تا ئەينى چاغدىكى «غەرب دۇنياسى»دىمۇ گېرمانىيەنىڭ زادى ئۆزـ لىرىنىڭ مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە تەۋە ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە گۇمان بار ئىدى. گېرمانىيەنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئىلىم ساھەسىدىكى مۇتەئەسسىپ زاتلار ئۆز دۆلىتى بىلەن غەرب مەدەنىـ

① Heinrich August Winkler «ۋېيمار جۇمھۇرىيىتى 1918 ـ يىلىدىن 1933 ـ يىغىچە» گېرمانىيەدىكى تۇنجى دېموكراتىيەنىڭ تارىخى، 1993 Munich.

يىتى ئوتتۇرىسىدا پەرق بارلىقىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ، غەرب مەدەنىيىتىنى چۈشكۈنلىشىش ۋە گېرمانىيەدىن ياتلىششىشىنىڭ سىمۋولى دەپ قاراشتى. ئۈچىنچى ئىمپېرىيەنىڭ قۇرۇلۇشى غەرب ئەللىرىنىڭ غەرب مەدەنىيىتى تۈزۈمىنىڭ گېرمانىيەنىڭ سىياسىي، قانۇن ۋە قىممەت سىستېمىسىدا پۈت تىرەپ تۇرۇش ـ تۇرالماسلىقىغا بولغان گۇمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئەنگلىيە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا ئائىت تەشۋىقاتلاردا گېرمانىيەلىك دۈشمەنلەرنى «ياۋايى ھۇنلار» دەپ ئاتاپ، گېرمانىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە بولغان گۇمانىنى بەس ـ مۇنازىرە شەكلى بىلەن ئىپادىلىدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرى گېرمانىيەنى رايونغا ئايرىپ ئىشغال قىلدى، گېرمانىيەنىڭ غەربىي قىسمىدا ئامېرىكا قوللىغان دوكتور ئادېناۋېر ئۇرۇشتا ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان بۇ دۆلەتنىڭ رەھبىرى بولۇپ قالدى. ئادېناۋېر ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، غەرب دۇنياسى گېرمانىيە مەدەنىيىتىگە ئىشەنمەسلىك تۇيغۇسىنى تەدرىجىي تۈگەتتى، شۇنىڭ بىلەن غەربىي گېرمانىيە ئۇلارنىڭ كوممۇنىزمنىڭ كېڭىيىشىگە قارشى تۇرۇشتىكى «يېقىن ھەمراھ»ى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئادېناۋېر دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا چەكلىك دائىرىدە مەدەنىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى. «كونا قىممەت پەلسەپىسى» يېڭىباشتىن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ باشلامچىسىغا ئايلاندى، بىراق ئۇرۇشتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇنداق غايەت زور قۇرۇلۇشقا سەپەرۋەر قىلىش شەكلى (ئىدىيەۋى تەييارلىق) بولغان مەدەنىيەتنى قىسمەن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. ياشراق بىر ئەۋلاد كىشىلەر زامانىنىڭ مۇنداق ئۆزگىرىشلىرىنى تولا كۆرگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە قىممەت

سىستېمىسىدا مەسىلە كۆرۈلۈشى چوقۇم ئىدى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ قىممەت قارىشى ناتسىستلارنىڭ سەۋەبىدىن تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. 1968 ـ يىلىدىكى ھەرىكەت غەربنىڭ قىممەت قارىشىغا قارشى تۇرۇشتىكى خېلى چوڭ بىر قېتىملىق ھەرىكەت بولدى، گەرچە ئۇ سىياسىي تۈس ئېلىپ قالغان بولسىمۇ، شۇنداق دېمەي بولمايدۇ. فېدېراتىپ گېرمانىيە مەدەنىيىتىنىڭ بەلگىسى بولغان ئەركىن ئىدىيە دەل شۇ دەۋرنى مەنبە قىلىپ شەكىللەنگەن. كىشىلەر «كونا قىممەت قارىشى»نى بىراقلا چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆنىڭدىكى بەزى نەرسىلەرنىڭ جەمئىيەتكە پايدىسى بار ـ يوقلۇقى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلاشمىسا، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ناۋادا بىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدىغان قورالنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىنى (بۇمۇ ئوخشاشلا بىزنىڭ قىممەت قارىشىمىز ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىلغىمايلا پۈتۈنلەي چۆرۈپ تاشلىساق، ئۆزىمىزنى بالاغا ئىتتىرمەي قالمايمىز. بۈگۈنكى ئىسلاھات دەۋرىدە كىشىلەر ئىلگىرى تاشلىۋەتكەن «ئانچە مۇھىم ھېسابلانمىغان گۈزەل ئەخلاق» كېرەك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، بىراق بۇ گۈزەل ئەخلاقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ـ كەلتۈرەسلىك يەنىلا ئوبدان باش قاتۇرۇشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە.

شۇنداق بىر نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، گېرمانىيەلىكلەرنىڭ قىممەت سىستېمىسى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تارىخىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار ئۆزۈل ـ كېسىل بۇرۇلۇش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، گېرمانىيە مەدەنىيىتىنى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەۋرەنمەس تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇردى. شۇڭا، بىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

شۇنداق دېيەلەيمىزكى، بىر مىللەت مەدەنىيىتىگە چىقىرىلغان ھۆكۈم مەڭگۈلۈك بولماستىن، بەلكى دەۋرنىڭ قاتتىق چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ.

## زامانىۋىلىشىش بىلەن مەدەنىيەتنىڭ يېقىنلىشىشى: ياپونىيە مىسال قىلىندۇ

ئىككىنچى مىسالدا بىز نەزىرىمىزنى ياپونىيەگە، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى يەنە بىر مەغلۇبىيەتچىگە ئاغدۇرۇپ باقايلى، چۈنكى ياپونىيەمۇ ئۇرۇشتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇشتا غەلىبە قىلغان. سىرتىدىن قارىغاندا ياپونىيە مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قىلچە ئوخشاشلىقى يوقلۇقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ياپونىيە ئۆز ئەنئەنىسى ۋە مەدەنىيىتىنى يۇكسەك دەرىجىدە ساقلاپ قېلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا زامانىۋى دۆلەتكە ئايلاندى. ئەمما ئىنچىكە كۆزىتىدىغان بولساق، بۈگۈنكى ياپونىيە مەدەنىيىتىنىڭ غەرب ئەللىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ناتونۇش ۋە قىلچە ئالاقىسى يوق مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئەمەسلىكىنى بايقىۋالماق تەس ئەمەس.

ياپونىيە ئېدوباكو دەۋرى (جامىس كىلۋېرسىنىڭ بازارلىق كىتابى «شوگۇنات دەۋرى»دە توكوگاۋا شوگۇناتىنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان توكوگاۋا ئېياسۇ تەسۋىرلەنگەن)دىن تارتىپلا دۆلەتنى بېكىنمىلىك بىلەن قامال قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلغان ھەمدە «باشقا دۇنيا» بىلەن ئۇچرىشىشنى قاتتىق تىزگىنلىگەن. توكوگاۋانىڭ مەقسىتى ياپونىيە جەمئىيىتىنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش ھەمدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى سىرتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراتماسلىق ئىدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ ساموراي‌لار قاتلىمى مۇقىم، ئىنتىزامچان بىر خىل بيۇروكرات

ئىمتىيازلىقلار سىنىپىغا ئايلىنىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋا-قىتتا ئۇلار يەنە كېيىنكى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئىنتايىن مۇھىم ئاساس سالدى. 1853~1854 ـ يىللىرى ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيە-سىنىڭ بىرىگادا گېنېرالى بورلېيىنىڭ ھەربىي جەھەتتە ئاجىز ئو-رۇندا تۇرغان ياپونىيەنى چېگرانى ئېچىۋېتىشكە قورال كۈچى ئار-قىلىق مەجبۇرلىشى نەتىجىسىدە، شوگنات تۈزۈمى ئاخىر يىمىرىل-دى. بۇنداق زەربە ئاستىدا ياپونىيە «مېيجى يېڭىلىققا كۆچۈش» ھە-رىكىتىنى يولغا قويدى، يەنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى ئىسلاھات يۇقىرى قاتلامدىن باشلاپ تەۋرەنمەستىن يولغا قويۇلدى. بۇ جەريان-دا ھۆكۈمرانلارنىڭ ئارىلىششى بىلەن ياپونىيەنىڭ سىياسىي تۈ-زۈلمىسىدە ساقلىنىپ كەلگەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى زور دەرى-جىدە ساقلاپ قېلىندى، بولۇپمۇ ئەڭ قاتتىق بولغان تەۋەلىك ئىند-تىزامى، قانات ئاستىغا ئېلىش مۇناسىۋىتى ۋە يۇقىرى ھەربىي ئۇنۋان بىلەن مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەبىقە تۈ-زۈمى تېخىمۇ شۇنداق بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار قۇر-بان بېرىش روھى، باتۇرلۇق ۋە شەرتسىز بويسۇنۇشتەك پەزىلەتنى يۇكسەك پەللىگە كۆتۈردى.

ئەلۋەتتە، مېيجى يېڭىلىققا كۆچۈش دەۋرى ياكى 30~40 ـ يىللاردىكى تېننو خىروختو دەۋرىدىكى ياپونىيەگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ياپونىيەنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتىدا زامانىۋىلىشىش ئىزنالىرىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئاقسۆڭەكلەر (سامۇرايلار قاتلىمى) بىلەن ئادەتتىكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قاتتىق ئايرىمىچىلىق بىكار قىلىندى. ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ساھەسىدىكى يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ تەشكىللىنىشى جەھەتتە، ئۇنىڭ تۈزۈلمىسى تېخىمۇ كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئېھتىياجلىق ئىدى. بۇ دەۋردە ئىقتىسادىي ساھەدە جانلىق پائالىيەت قىلىۋاتقانلارنىڭ سىياسىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھوقۇقتا يېقىنلىشىش يولى قاتتىق قامال قىلىنمايدىغان بولدى، چۈنكى زامانىۋىلىشىش سىياسىي بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۆزگەرگەن، ئىگىلىكنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئېغىر سانائەتتە ھۆكۈمران ئورۇنىنى ئىگىلىگەن دەۋردىلا ئىشقا ئاشىدۇ. كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادشۇناسلىق دەل ھۆكۈمرانشۇناسلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، ھاكىمىيەت تۇتقانلار ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ باھالاپ بېكىتىشىنى رەت قىلالمايدۇ، شۇڭا دۆلەت ۋە جەمئىيەت «ياماتو مەدەنىيىتى»نىڭ نوقۇل يوسۇندىكى قانلىق تەبىقە غايىسىگە يەنە ماسلىشىپ كېتەلمەيدۇ.

رايون خاراكتېرلىكى كۈچلۈك دۆلەت ياپونىيە زور كۆلەملىك قورالىق كۈچكە ئېھتىياجلىق بولغاچقا، ئاۋام ـ پۇقرالارمۇ ھەربىي ئىشلارغا مايىل ئادەتنى يېتىلدۈرگەنىدى، بۇ خىل كەيپىيات يۈكسەك ئىنتىزامچان ياپونىيە ئارمىيەسىدە تېخىمۇ ئەۋج ئالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ياپونىيەنىڭ ھەرقايسى ئىجتىمائىي قاتلاملىرى ئارىسىدىكى پەرقمۇ ئاخىر تۈگىگەندەك بولدى، بىراق بۇ ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھەربىي ئىشلارغا مايىل ئاقسۆڭەكلەر بىلەن قورالسىز ئاۋام ـ پۇقرالار ئارىسىدىكى سىنىپىي ئايرىمىچىلىق بىلەن ماسلىشىپ كېتەلمىدى، مېيجى يېڭىلىقتا كۆچۈش دەۋرىدىكى ياپونىيە تەسىرى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇلغان زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسىنىڭ زىلزىلىگە سېلىشى نەتىجىسىدە، ئىنتايىن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىراق «ياماتو مەدەنىيىتى»نى تولۇق قوغداپ قېلىشقا ئامال قىلالمىدى.

زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بۇنداق جەمئىيەت كونىلىقتىن چېكىنىپ يېڭىلىقتا ئۆتمىسە بولمايتتى، گەرچە ھۆكۈمرانلىق قاتلىمىدىكىلەر ياپونىيەنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى

ئىمكانىيەتنىڭ بارچە قۇتقۇزۇپ قىلىپ، زامانىۋى جەمئىيەتتە يە-
نىلا ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بىراق پەسەيتكىلى بول-
مايدىغان زىددىيەتلەر پاتقاقىغا پېتىپ قالدى. بۇنداق ئەنئەنىچىلىك
ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا چىققانىدى،
20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا ئەركىن تەدرىجىي تەرەققىيات
نەزەرىيەسى ياپونىيەدە باش كۆتۈرۈپ، ئاخبارات ئەركىنلىكى ۋە
جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەرىكىتى ئەينى
چاغدىكى ھاكىمىيەتكە تەھدىت سالدى، ياپونىيە جەمئىيىتىدە شۇ
ۋەجىدىن پەيدا بولغان جىددىي ۋەزىيەتنى تاشقى دۇنياغا تايىنىپ
پەسەيتىشكە توغرا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن يېقىنقى، ھازىرقى زاماز-
دىكى ياپونىيە جان تىكىپ كېڭەيمىچىلىك قىلىدىغان دۆلەتكە ئاي-
لىنىپ، ھەربىي كۈچىنى ئالدىراپ - تېنەپ چەت ئەللەرگە —
چاۋشيەن يېرىم ئارىلى، جۇڭگوغا يۆتكەپ، ئاخىرىدا پۈتكۈل شەر-
قىي ئاسىيا ۋە شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا رايونىغا كېڭەيمىچىلىك قى-
لىپ، شۇ ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدىكى جىددىي كىرىزىسنى پەسەيت-
مەكچى بولدى. بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسى ياپونىيەنىڭ غەرب ئەنز-
دىزىسىگە ئەمەل قىلماي زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرغىنى بىلەن
قىلچە ئالاقىسىز بولغاچقا، ياپونىيە شۇ تۈپەيلىدىن ئىككىنچى دۇز-
يا ئۇرۇشى پاتقىقىغا پېتىپ قالدى، بۇ گېرمانىيەدىكى ئۇرۇشخۇمار
كۈچلەرگە ئوخشاشلا ئۆزىگە لايىق پەۋقۇلئاددە زامانىۋىلاشتۇرۇش
يولىنى تاللاشتىكى بىر خىل مەغلۇبىيەتنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇشتەك ئېچىنىشلىق
پاكىت ياپونىيە مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن زامانىۋىلىشىش يولىغا مې-
ڭىشتىكى ئىككىنچى قېتىملىق زور بۇرۇلۇشتىن دېرەك بەردى،
مىلىتارىزمنىڭ تەسىر كۈچى مەغلۇبىيەت تۈپەيلىدىن ئېغىر ئو-
ڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەن «سامۇ-

راي جەمەتى» تەبىقە جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭمۇ ئابرۇيى قالمىدى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇلارنى ھىمايە قىلمايدىغان بولدى. مۇتەئەسسىپ ھەتتا ئۆزگىچە تۇس ئالغان كۆپ پارتىيە دېموكراتىيەسى ئامېرىكىنىڭ تۇرتكىسىدە سىياسىي سەھنىگە چىقتى. ئۇلار ياپونىيە جەمئىيىتىدىكى تەبىقە تۈزۈمىنى تۈپتىن يوقىتىۋېتەلمىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۆپ مەنبەلىكلىكى ۋە سىغىشچانلىقىنى ئىشقا ئاشۇردى. «غەرب» مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم يېڭى ئاملى بولغان «سۆز ئەركىنلىكى» ۋە «تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكى» ياپونىيەگە كەلدى، بايلىقتا قاراپ رەتكە تىزىش رەھبەرلىك ئورنىدىكىلەرنى سايلاشنىڭ ئاساسلىق ئۆلچىمى قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق ياشراق بولغان قابىل كۈچلەر بارغانسېرى رەھبەرلىك قاتلىمىغا كۆپلەپ كىرىپ، كۆنسېرى كۆپىيىۋاتقان قابىل ئاياللارمۇ كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. قانات ئاستىغا ئېلىش مۇناسىۋىتى ئۇزاقتىن بۇيان ياپونىيەنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىكى مۇھىم بىر تەركىبىي قىسىم بولۇپ كەلگەندى، ئەمما كىشىلەر بۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ پەقەت كارخانىلاردىلا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىغا سەل قاراشتى. شۇغىنىسى، ئوتتۇرا ـ كىچىك كارخانىلاردا ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيدىغىنى كاپىتال بىلەن ئەمگەك مىقدارىنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ تەرىپى غەرب ئەندىزىسىدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. ھازىرقى يەر شارىلاشتۇرۇش دەۋرىدە ياپونىيە ئىقتىسادىي ساھەسىگە تۈرتكە بولۇۋاتقان كىگانتلار، يەنى چوڭ كارخانىلار تەدرىجىي بۇنداق قانات ئاستىغا ئېلىش مۇناسىۋىتىنى ئۆزىنىڭ ياللانما خادىملىرى ۋە خىزمەتچىلىرىگە قاراتتى.

شۇڭا، بىزنىڭ ياپونىيە تېخى پۈتۈنلەي غەرب جەمئىيىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ كېتەلمىدى، دەپ قاراشقا ئاساسىمىز بار. ياۋرو-

يا ۋە ئامېرىكىنىڭ مەھسۇلاتلىرى ياپونىيە بازارلىرىغا كىرگەن چاغدا، «مەدەنىيەت» قورغىنى مۇتلەق مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالال-مىغان بولسىمۇ، باشتىن - ئاخىر يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ كەلدى، يەنە كېلىپ نىشانى ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە ئەتراپلىق پىلانلانغان با-زار تاكتىكىسى ئارقىلىق بۇ توسۇقتىن ئۆتۈپ كەتكىلى بولاتتى. سانائەت تارماقلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇش ۋەكىل-لىكىدىكى سىياسىي مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسى بىلەن چوڭ كونسېرىن كاپىتالىستىك مونوپول تەشكىلاتىنىڭ بىر خىل شەكلى ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق مەۋجۇتلۇق مۇناسىۋىتى ئۇزاقتىن بېرى ساقلىنىپ كەلدى، ناۋادا بىز 150 يىل ئاۋۋالقى شوگنات دەۋرىدىكى ياپونىيە، مېيجى يېڭىلىقتا كۆچۈش دەۋرىدىكى ياپونىيە ۋە بۈگۈنكى دېموكراتىك ياپونىيەنى غەرب جەمئىيىتى بىلەن بىر - بىرلەپ سېلىشتۇرىدىغان بولساق، بۇ ئىككىسى ئارىسىدىكى پەرقنىڭ يار-غانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەلۋەتتە، بۈگۈنكى ياپونىيە ياۋروپا جەمئىيىتىگە مەنسۇپ ئەمەس، بىراق مە-دەنىيەت ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئورتاق جايلىرى ئىل-گىرىكىگە قارىغاندا خېلى كۆپەيدى، ھازىر ئۇنۇملۇك بولغان زاما-نىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسى ياپونىيەنى غەرب مەدەنىيىتىگە يېقىنلى-شىشقا مەجبۇرلىغان بولسىمۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن زور قۇربانلىقلارنى بەردى.

## زامانىۋىلىشىش ۋە كۆپ مەنبەلىشىشنىڭ باشلىنىشى: جۇڭگو مىسال قىلىنىدۇ

دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدە جانلىق پائالىيەت قىلىۋاتقان، ئەمما غەرب مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە نىسبەتەن ئىنتايىن ناتونۇش بولغان گىگانت — جۇڭگودۇر. شەرقتىكى بۇ گىگانتنىڭ 5000

www.uyghurkitap.com

يىللىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بار، ئۇ كۇڭزىچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ
بۆشۈكى، ئۇ هازىرغا قەدەر كوممۇنىستىك پارتىيەدىن ئىبارەت بىر
پارتىيە تۈزۈمى ۋە هوقۇق مەركەزلەشكەن هۆكۈمرانلىق ئاستىدا
كېتىۋاتىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر جۇڭگو ئۇزاققا بارماي غەرب جەمئى-
يىتى بىلەن ھەقىقىي ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرالايدىغان بىردىنبىر كۈچ
بولۇپ قالىدۇ، دەپ پەرەز قىلىشماقتا. خۇنتىنگتوننىڭ قارىشىچە
بولغاندا، جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسى-
دىكى غايەت زور پەرق شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، غەرب مەدەنى-
يىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان دۆلەت زامانىۋىلاشتۇرۇشتا مۇۋەپ-
پەقىيەت قازىنالمايدۇ. ئۇ جۇڭگو 21 - ئەسىردە بارلىق توقۇ-
نۇشلارنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، دەپ پەرەز قىلغان.

جۇڭگو زامانىۋى جەمئىيەتكە كىرىشتە ياپونىيە ياكى سابىق
سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش يول تۇتۇشى ناتايىن، چۈنكى بۇ ئىك-
كى دۆلەت ئېغىر سانائەت ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن دەۋردە بۇ مۇ-
ساپىنى تاماملىغان، ئۇ دەۋردە مەركەزنىڭ تەقسىماتى ۋە قاتتىق تە-
بىقە ئايرىمىسى تېخىمۇ پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىگەن. بۈ-
گۈنكى دۇنيا ئۇ چاغدىكىگە ئوخشىمايدۇ، ئىنسانلار هازىر كېيىنكى
سانائەت دەۋرىگە قەدەم قويدى. ناۋادا جۇڭگو رىقابەت كۈچىگە ئىگە
بولۇشنى ياكى مەلۇم جەھەتلەردە ئۆز ئەۋزەللىكىنى ساقلاشنى،
شۇنداقلا كەلگۈسىدە يەنىلا ئىقتىسادنىڭ تېز ئېشىش نىسبىتىنى
داۋاملىق ساقلاپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، ئۇنداقتا سودا ئىش-
لىرىنى ئېلېكترونلاشتۇرۇشتەك دەۋر تەلىپىگە تىرىشىپ ئۇيغۇن-
لىشىشى كېرەك. بۈگۈنكى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ بۇنچە تېز تەرەققىي
قىلىشىدىكى سىر خەۋەرلىشىشتە، ناۋادا ھەرقانداق بىر دۆلەت ئۇ-
چۇر ئالماشتۇرىدىغان ئېلېكترونلۇق تور سىستېمىسىغا كىرەل-

ـمسە، دۇنيادىكى بۇ مەيدان رىقابەتكە قاتنىشالمايدۇ. جۇڭگومۇ مۇ-
شۇنداق جەرياننى باشتىن كەچۈرۈپ، نۇرغۇن ساھەلەردە قوللىنىل-
غان سىياسەتلەر سىياسىي تۈزۈلمىسى بىلەن ماسلاشمىسىمۇ يەنىلا
ئازابلىق ھەم مەجبۇرىي يوسۇندا پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگى-
لىكىگە ئۆتتى. مەسىلەن، ئالاقە تورىدىكى ئۇچۇر ئەركىنلىكى بى-
لەن ئاخبارات تەكشۈرۈش تۈزۈمى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش كېلىپچى-
قىشتىن ساقلانماق تەس. بىراق، بۈگۈن مىڭلىغان جۇڭگو ئالىمل-
ىرى ئېلېكترون پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىكى مۇتەخەسسىسلەر
سۆھبىتىگە قاتناشتى، سان ـ ساناقسىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچى-
لىرى ۋە ئالىملار ئالاقە تورىدىن نۇرغۇن پايدىلىق ئۇچۇرلارغا ئې-
رىشتى.

جۇڭگو ھازىر ئىقتىسادىي خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئىستراتېگى-
يەسىنى تەۋرەنمەي يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونل-
ىرىنى ئايرىپ ھەم ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى
قوللىنىپ، پۈتكۈل دۇنياغا قارىتىلغان ئېلېكترونلۇق ئالماشتۇ-
رۇلىدىغان ئۇچۇر ساھەسىنى ئىلاجسىز ئېچىۋەتتى. بۇ ئۇچ جەريان
جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى ئۇزۈكسىز تۈردە
خىرىسقا يۈزلەندۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. بولۇپمۇ، ھۆكۈمرانلىق شەك-
لى جەھەتتە تېخىمۇ شۇنداق بولدى. ماۋ زېدۇڭ دەۋرىگە سېلىش-
تۇرغاندا، بۈگۈنكى جۇڭگودا ئۆزگىرىش چوڭ، يەنە كېلىپ مۇشۇن-
داق ئۆزگىرىش جەريانىنى ئىزچىل ساقلاپ، 5000 يىللىق قەدى-
مىي جەمئىيەتكە ئىمكانقەدەر ماس كېلىدىغان سۈرئەتتە ئالغا قاراپ
ئىلگىرىلىمىسە بولمايدۇ. ياپونىيە بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپا-
قىنىڭ زامانىۋىلىشىش جەريانى مۇئەييەن بېسىمنىڭ ئۈزۈكسىز
ئېشىپ بېرىشى ئارقىسىدا داۋاملاشتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا

سىرتقى دۈشمەن كۈچلەرگە قارشى كۈچنى قوزغىتىش ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ھوكۇمرانلىقنى مۇستەھكەملىدى، بىراق بۇنداق ئىش جۇڭگودا ئاقمايدۇ. بۈگۈن تاشقى مۇھىتتا مىسلىسىز ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، پەن - تېخنىكا ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى، بۇنى پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش ۋە تاشقى دۇنيا بىلەن كەڭ تۈردە ئالاقە باغلاش ئاساسىغا تۇرغۇزۇش زۆرۈر، شۇڭا جۇڭگو ئۆزىنىڭ بازىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېچىشى كېرەك، ئۇنداق بولمىسا، ئۇنىڭ زامانىۋىلىشىش مۇساپىسى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ.

بىز جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى تەدرىجىي غەرب مەدەنىيىتىگە يېقىنلىشىۋاتىدۇ، دەپ پەرەز قىلساق بولىدۇ. بىراق، بىز بۇ مۇساپىنىڭ ھېچقانداق قىيىنچىلىقسىز، توقۇنۇشسىز تاماملىنىدىغان - تاماملانمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلالمايمىز. ئەمدى ھەر قايسى دۆلەتلەردىن تەشكىل تاپقان دۇنيا توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتمەيمۇ بولمايدۇ.

## مەدەنىيەت ۋە دۆلەتلەر دۇنياسى

«مەدەنىيەت» قانداقسىگە خەلقئارا سىياسىي سەھنىدىكى جانلىق ئامىلغا ئايلىنىپ قالدى؟ بۇ مەسىلە نەزىرىمىزنى تەبىئىيلا «دۆلەت» ئۇقۇمىغا بۇرايدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، تېررىتورىيە ئايرىشنى ئۆزىنىڭ بەلگىسى قىلغان دۆلەت ئەڭ ئاساسلىق سىياسىي تەركىبكە ئايلاندى ھەمدە شۇ تۈپەيلىدىن دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدىكى ئەڭ مۇھىم «ئاكتىپ»قا ئايلىنىپ قالدى. دۆلەتنىڭ رولى ھەممىگە قادىر بولمىسىمۇ، ئۇلار بىردىنبىر شەكىل ۋە ھوقۇق ئىلىمىنتى ئارقىلىق بىرىكتى، بۇنداق بىرىكىشنى ئۇلارنىڭ «رىقابەتچىلىرى» (دۆلەت ھالقىغان چوڭ كارخانىلار، خەلقئارالىق

تەشكىلاتلار خەلقئارالىق جىنايەت گۇرۇھلىرى) دورىيالمايدۇ؛ ئۇنىڭ باج كىرىمىدىن ئۇزۇكسىز كېلىپ تۇرىدىغان مالىيە مەنبەسى، چىنىقتۇرۇلغان ساپالىق ئارمىيەسى ۋە ساقچىسى، مەخپىي ساقچىلارنىڭ ئۇچۇر مەنبەسى، نوپۇس باشقۇرۇش ئاپپاراتى، جامائەت خەۋپسىزلىك تەكشۈرۈش ئورگىنى ۋە ئىستاتىستىكا ئاپپاراتى، قانۇن چىقىرىش هوقۇقى، قانۇن ئىجرا قىلىش هوقۇقى ۋە كېسىم چىقىرىش هوقۇقى قاتارلىق قانۇن بايلىقى مەنبەسى ۋە دۆلەتنىڭ مەمۇرىي تەشكىلىي بايلىقى مەنبەسى بولىدۇ. بۇ هوقۇق يوشۇرۇن كۈچلىرى دۆلەتنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە ئۇنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتىنىڭ ئۇنۇمىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ، هەربىر دۆلەتنىڭ «ياد-رو»سىدا ساقلىنىپ تۇرىدۇ. هۆكۈمرانلار ئۆز هاكىمىيىتىنىڭ غۇلاپ چۈشۈشى ياكى ئىچكى ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ۋەيران بولۇشىنى خالىمىسىلا، ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايدۇ.

مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن هوقۇق يۆرگۈزۈش هەم خەلقئارا-لىق تەسىر كۈچكە ئىگە بولۇش ئىدىيەسى مۇقەررەر هالدا ئارمىيە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سىياسىي پائالىيەتلەرنىڭ هامان بىر كۇ-نى دۆلەت هوقۇقىنى قولىغا ئېلىشىغا تۈرتكە بولاتتى. ئۇلار دۆلەت-نىڭ هازىرقى هوقۇقىنى قولىغا ئېلىشى ياكى دۆلەتنىڭ هوقۇق يادروسىغا قاتنىشىشى ۋەياكى زېمىنىنى بۆلۈۋېلىپ، يېڭىدىن بىر دۆلەت قۇرۇشى لازىم ئىدى. ئەمەلىيەتتە زور قوراللىق كۈرەشلەر-نىڭ ھەممىسىنى ماهىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، دىن، جەمئىيەت ياكى ئىدېئولوگىيەنى چىقىش قىلىشتىن قەتئىينەزەر، مۇشۇ ئەندىزىگە ئەمەل قىلاتتى.

ئەكسىچە، مەدەنىيەت ئامىللىرى سىياسىي سەھنىدىكى ئاك-تىپلاردىن بولمىغاچقا، خەلقئارالىق سىياسىي جەھەتتە رولىنى بى-ۋاستە جارى قىلدۇرالمايدۇ، مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى دېگىنى ئەمە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىيەتتە بىر ئوخشىتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەنى كۆزگە سىڭىشىپ قالغان سىياسىي رېئاللىق ئەمەس. سىياسىي دۇنيا شەكىللىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىك دۆلەت تېررىتورىيەسىنىڭ ئايرىلىشىدا ئەڭ روشەن ئىپادىلىنىدۇ، يەنى دۆلەت جۇغراپىيەلىك پاكىت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ھۆكۈمران ۋە ئۇنىڭ دۆلەت ماشىنىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن نامايان بولىدۇ، كىمكى دۆلەتنىڭ شەكىللىك مەۋجۇتلۇقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدىكەن، دۆلەتنىڭ نوپۇزىنى قوغدايدىغان ساقچى بىلەن ئارمىيە ئۇنى تېزلا ئېسىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا «ئازاب»نىڭ تەمىنى تېتىتقۇزۇپ، تېگىشلىك بەدەل تۆلەتكۈزىدۇ.

ھازىرلا خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەر نەزەرىيەسىدە باش كۆتۈرگەن كېيىنكى مودېرنىزم ئىلمىي مۇلاھىزىلەردە دۆلەت ئۇقۇمىنى تارايتىپ، نوقۇل بىر قۇرۇلما شەكلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ، ئەلۋەتتە ھەر خىل ئەھدىنامىلەر ۋە شەرتنامىلەرگە ئاساسەن شەكىللەنگەن ھازىرقى زامان دۆلەت ئەندىزىسىنىڭ چېگرا پاسىللىرىنى يېڭىباشتىن ئايرىشقىمۇ بولىدۇ. بىراق، ھازىرقى زامان ھاكىمىيىتىدىكى دۆلەتنىڭ كونكرېت مەۋجۇتلۇقىدىن ئىبارەت ئوبيېكت ئەمەلىيەتتە كۆپ سانلىق دۆلەت پۇقرالىرىدىن كۈندىلىك تۇرمۇشتا «دۆلەت»نىڭ قانۇنلۇق يوسۇندا مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشنى مۇقەررەر تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ كېيىنكى مودېرنىزمچە پىكىر ئەمەس، ماكس ۋېبېر بۇ نۇقتىنى بۇرۇنلا ھېس قىلغان. يەنە بىر جەھەتتىن دۆلەتنىڭ ئېنىق، شەكىللىك مەۋجۇتلۇقى ئۇنىڭ ئۇقۇمىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇشتەك ئىدىيە ئېقىمىغا ئېنىقلا قاتتىق «قارشى» تۇرىدۇ، چۈنكى دۆلەتنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى خەلقئارالىق سىياسىي ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىشتىكى زۆرۈر ئالدىنقى شەرت.

بۇنىڭ ئەكسىچە، مەدەنىيەتتە بۇنداق شەكىللىك ئالاھىدىلىك كەمچىل بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇ-رۇش، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش جەريانىدىكى ئۇزۇكسىز تەكرار ئىش-لەپچىقىرىش داۋامىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ھەمدە مۇئەييەن تېر-رىتورىيە ياكى ئىرقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان مەدەنىيەت ئۆلچىمى تېخى ھېچقانداق بىرەر قانۇنغا كىرگۈزۈلگىنى يوق، ھەتتا تەسىرى زور، ئەھمىيىتى چوڭقۇر بولغان مۇقەددەس دىنىي كىتابلارغىمۇ مەدەنىيەتكە دائىر ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم مەزمۇنلارلا كىرگۈزۈل-گەن. شۇڭا، مەدەنىيەت بىلەن سىياسىيىنىڭ ماسلىشىشچانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك تامامەن «نامايان قىلىش»تىن ئىبارەتتۇر. خۇددى بەزى ئەپسانە ۋە چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەندەك، ئەرۋاھ ياكى جىن ئادەم تېنىگە قوشۇلۇپ كەلگەندىلا، ئاندىن بۇ شەكىللىك دۇنـ-يادا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى تاپالايدۇ.

خۇنتىنگتون بۇ نۇقتىنىمۇ ئېنىق كۆرۈپ يەتكەن، ئۇ ئوقۇر-مەنلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، ئۆزىنىڭ گېپىنى قايىل قىلىش كۈ-چىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، بىر «ئەپچىل چارە» تاپقان، يەنى ھەر-بىر ئۇرۇشخۇمار مەدەنىيەتلەر دائىرىسىدىن بىردىن يادرو دۆلەتنىڭ ئىسمىنى كۆتۈرۈپ چىقىرىپ، شەكىلسىز «مەدەنىيەت ئەرۋاھى»نى شەكىللىك دۆلەت گەۋدىسىگە يۆكلىگەن. ئوخشاش بىر مەدەنىيەت فورماتسىيەسىدىكى باشقا دۆلەتلەر مۇشۇ يادرو دۆلەتنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان. خۇنتىنگتون بۇنداق ئۇقۇمنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ يەردە شۈبھىسىزكى بىر ئەنئەنىۋى زومىگەر دۆ-لەتلەر ئىتتىپاقى تەسەۋۋۇرى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى يادرو دۆلەت (مە-سىلەن، ئامېرىكىنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلا-تىدىكى ئورنى) سىياسىي داھىيلىق رولىنى ئالىدۇ، مەدەنىيىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوخشاش بولغان باشقا دۆلەتلەر ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۇنىڭغا ئازدۇر - كۆپتۇر ئەگىشىدۇ. بۇنداق ئۇق مەركىزى ۋە ئەتراپتىكى جايلاشتۇرۇشنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، مەدەنىيەت ئاخىر ئۆز تېررىتورىيە گەۋدىسى ۋە خەلقئارالىق سىياسىيغا ئارىلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ. بىراق، خۇنتىنگتون قوللانغان بۇ، ئۇستىلىق بىلەن يۆتكەش ۋاستىسى كىشىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلالارمۇ؟

## دۆلەتلەر دۇنياسىنىڭ پائالىيەتچانلىقى

ئەمەلىيەتتە، ھەرقايسى دۆلەتلەر خەلقئارالىق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش شەكلى ۋە ئۇسلۇبى جەھەتتە، ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش كۆرەلمەيدۇ، دۆلەتلەر دۇنياسى خاسلىق، قۇرۇلما جەھەتتىكى ئالدىنقى شەرتنى ئالاھىدىلىك قىلىپ تەشكىللەنگەن توپ بولغاچقا، شۇ سەۋەبتىن ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە شۇ دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ھەرىكىتىدىكى «ئەركىن - ئازادلىك»كە چەك قويۇلغان. ئاتالمىش «خەۋپسىزلىك مۇشكۇللۇكى» بۇ خىل قۇرۇلما شەرتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى ھېسابلىنىدۇ. دۆلەتلەر دۇنياسىنىڭ تۈزۈلمىسى ئاساسەن «ھۆكۈمەتسىز ھالەت»تە تۇرۇۋاتقانلىقتىن، يەنى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئىشلارغا كېسىم چىقىرىپ، دۆلەت ئىش - ھەرىكىتىنىڭ ئادىل، قانۇنلۇق بولغان - بولمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىدىغان سوتچى بولمىغانلىقتىن، تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكىنى ساقلاش، ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مۇستەقىللىق مەسئۇلىيىتىنى ھەربىر دۆلەت ئۆزى ئۈستىگە ئالمىسا ھەم ئۆزىدە تاشقى بېسىم، قورقۇتۇش ۋە تەھدىت سېلىشلارغا بەرداشلىق بەرگۈدەك ئىقتىدار ھازىرلىمىسا بولمايدۇ. ھازىر مەسىلە شۇ يەردىكى، دۆلەتنىڭ ئۆزىنى قوغداش تەدبىرلىرى ھەمىشە قوشنا ئەللەر تەرىپىدىن بىر خىل تەھدىت دەپ

قارىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ بۇنىڭغا مۇناسىپ تەدبىر قوللى-
نىدۇ. بىراق، ئۇلار ئۆزىنى قوغداش تەدبىرلىرىدىن ۋاز كېچىپ،
تىنچ قوشنىدارچىلىقنى ساقلاش ئارزۇسىنى ئىپادىلىسە، كۇنلەر-
نىڭ بىرىدە قوشنا ئەللەر ئىچىدىن بەختكە قارشى ئۇرۇشقاق «باس-
مىچى دۆلەت»تىن بىرەرسى چىقىپ قالغاندا، ئۇلار ئىنتايىن ئېغىر
خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ، دېگەن گەپ. ئىنگۋاگەرلەرچە ھەربىي ھازىر-
لىقلارنى كۇچەيتىپ، ئۇرۇشقا ھازىرلىق كۆرۈش بىلەن «ياخشى نە-
يەتتە ياردەم بېرىش»تەك تىنچلىق سىياسىتى ئارىسىدا، دۆلەتلەر
ھەر ئىككىلا جەھەتتە مۇشكۇل ئەھۋالغا قالىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان -
ئەتكەنلىرى خاتا بولۇشى، بۇ قىلچە زۆرۈرىيىتى بولمىغان ھەربىي
ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىگە سەۋەبچى بولۇپ، ھەربىي كىرىزىس ۋە
ئالدىن ئۇرۇش قوزغاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى ياكى قۇدرەتلىك
قوشنا دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ، كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا
ئۆزىنى قوغداشقا قۇربى يەتمەي قېلىشىمۇ مۇمكىن[1].

«رېئالىزمچىلار»نىڭ قارىشىچە، پەقەت ئۆزىنى قۇتقۇزۇشلا
بىردىنبىر چىقىش يولى ئىكەن، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۆز كۈچىگە
تايىنىپ، گاھىدا پەۋقۇلئاددە خەۋپلىك تاجاۋۇزچىلارغا قارشى
تۇرۇش يۈزىسىدىن باشقا دۆلەتلەر بىلەن ۋاقىتلىق ئىتتىپاق
تۈزۈشى كېرەك ئىكەن. ياخشى بولغىنى شۇكى، دۆلەتلەر دۇنياسى
سىستېمىسى ھازىر مۇكەممەل ھەم تاللاشقا بولىدىغان ھەر خىل
ھەل قىلىش يوللىرىنى ھازىرلىغان بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر
تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشى بىلەن ھەققانىي ھەرىكەتنى
پەرقلەندۈرۈشنى بىلىۋالدى؛ مۇلايىملىق سىگناللىرىنى

[1] پاۋل كېننېدي: «چوڭ دۆلەتلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە زاۋال تې-
پىشى: 1500 - يىلدىن 2000 - يىلىغىچە بولغان ئىقتىسادىي ئۆزگىرىش
ۋە ھەربىي توقۇنۇشلار»، فىرانكفورد، 1989 - يىلى نەشرى.

چۈشەندۈرۈش ۋە چۈشىنىشنى ئۆگىنىۋالدى؛ ھەربىي ھازىرلىقلارنى تىزگىنلەش ئارقىلىق خەۋپسىزلىك مۇشكۇلاتلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىۋالدى. ئەمما، يەنە بەزى دۆلەتلەر پۈتكۈل ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش نۇقتىسىدىن چىقىپ ۋە بىر گەۋدىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق خەۋپسىزلىككە تەھدىت سالىدىغان يوشۇرۇن مەسىلىلەرنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىش ئارزۇسىدا بولدى.

ناۋادا ئۇرۇشقاق قوشنا ئەللەر تاللاشقا بولىدىغان بۇ يوللارنى ياقتۇرمىسا، بۇ تەدبىرلەرنىڭمۇ رولى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ تەدبىر-لەرنى يولغا قويۇشتا زۆرۈر ئالدىنقى شەرت كەم بولسا بولمايدۇ، يە-نى دۆلەت زېمىنىغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە خەلقئارالىق قانۇنلاردىكى باراۋەرلىك پرىنسىپى ھەققىي تۈردە ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، تەھدىت خاراكتېرىنى ئالغان مۇشتۇمزورلۇق ھەرىكەتلىرى دۆلەت-لەر دۇنياسىنى «ئۆزىگە ئۆزى ياردەم قىلىدىغان» كونا ئەندىزىگە بىراقلا قايتۇرۇپ كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، بىر رايوندىكى كۈچلۈك دۆلەت ھەمراھلىرىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، رەھ-بەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇنداقتا ئاتالمىش ھەمكارلىق يوسۇنىدىكى خەۋپسىزلىك سىياسەتلىرى ناھايىتى تېزلا چوڭقۇر پاتقاققا پېتىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەسەۋۋۇردىكى «ئە-گەشكۈچىلەر» تەھدىتكە ئۇچرىغاندەك ھېس قىلىدۇ -دە، «كۈچلەر باراۋەرلىكى» نەزەرىيەسىنىڭ مۇۋاپىقلىقى «شەپقەتسىز»لەرچە كۈ-چىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ؛ تەھدىتكە ئۇچرىغان دۆلەتلەر بىرلە-شىپ، مەنمەنچىلىك قىلىدىغان مۇشتۇمزورلارغا قارشى چىقىدۇ. ناۋادا ئۇلارنىڭ ئورتاق كۈچىمۇ بۇ قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ كۈچىگە

تەڭ كېلەلمىسە، كىشىلەر بۇ رايوننىڭ سىرتىدىن مۇۋاپىق ئىتتىپاقداش ئىزدەيدۇ.

تەھدىتكە ئۇچرىغان چاغدا، نېمە ئۈچۈن كۆپلەر باراۋەرلىكنى پرىنسىپىنىڭ ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى توسۇقنى بۇزۇپ تاشلايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ كەتمەك تەس. ئىنسانىيەت تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇنداق مىساللار ساماندەك. ئۇ ئاساسەن دۆلەتلەر دۇنياسىنىڭ «تارىخىي تەجرىبە سانلىق مەلۇماتلىرى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر مەدەنىيەت خەلقئارالىق سىياسىيغا تەسىر كۆرسىتىمەن دەيدىكەن، ئۇنداقتا دەل شۇنىڭ ياردىمىگە تايانمىسا بولمايدۇ. تەڭپۇڭ سىستېمىدا ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلەيدىغىنى دۆلەتلەر تەشكىلى (ئىتتىپاقى)نىڭ ھەرىكەت مىزانى بولۇپ، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ كېيىندىكى ۋەكىللىك قىلىدىغان مەدەنىيەت ئۆزىدىكى ئەسلىي قانۇنىيەتتىن ۋاز كەچكەن بولىدۇ، ئۇنداق قىلماي، مەدەنىيەت قائىدىسىگە چىڭ ئېسىلىۋالغان دۆلەتلەر خەلقئارالىق كۈچلەر رىقابىتىدە ئىلاجسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، سەپتىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. مەدەنىيەت «ئوخشاشلىقى» تەڭپۇڭلۇق قانۇنىيىتىنىڭ رولىنى يوقىتالايدىغان ئىش بولسا، بىز نۆۋەتتە بۇنىڭغا تېخىمۇ تولۇق ھەم مۇۋاپىق ئاساس تېپىشقا ئامالسىز. تارىختا تەڭپۇڭلۇق تۈزۈلمىسى بىلەن ئىچكى قىسمىغا قارىتىلغان ئىتتىپاق ئوخشاش بىر مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە تەئەللۇق بولغان دۆلەتلەرنى بىر ـ بىرىگە قارشى قىلىپ قويغان[1].

---

[1] خېلمۇت ۋىلكى: «دۆلەت سېھرىي كۈچىنىڭ يوقىلىشى ــ جەمئىيەتنى تىزگىنلەش نەزەرىيەسى توغرىسىدا تەپەككۇر»، كوئېنىكستېين، 1982 ـ يىلى نەشرى. «دۆلەتكە كىنايە ــ كۆپ مەنبەلىك ئىجتىمائىي دۆلەت نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى»، فىرانكفورد، 1992 ـ يىلى نەشرى.

بۇنداق مەسىلىلەر توغرىسىدا كېيىنكى باب ـ پاراگرافلاردا يەنە بىر ـ بىرلەپ توختىلىمىز. ئەمەلىيەتتە، ئاسىيادىكى بارلىق ئاسىيا ئەللىرى ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىشلىرىدىن شۇ ئايان بولىدىكى، بۇ ئۆزگەرمەس سىياسىي قانۇنىيەت ئۇ يەرلەردە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىماقتا.

ئەمما، خۇنتىنگتوننىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى «يادرو دۆلەت» توغرىسىدىكى بايانلىرى يەنىلا كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ پىكرى بويىچە بولغاندا، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھەربىر يادرو دۆلەت ھەرىكەت جەھەتتە ئۆزى تەئەللۇق بولغان مەدەنىيەت چەمبىرىكىنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدىكى باشقا دۆلەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىشى كېرەك. ناۋادا دۆلەت دائىرىسى ۋە مەدەنىيەت چەك ـ چېگراسى ھىندىستاننىڭكىگە ئوخشاش تولۇق بىرىكمىگەن بولسا، ئۇنداقتا ئوخشاش بىر پارچە زېمىندا يۇقىرىقى مەقسەتكە يېتىشتە، تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئۇسۇلغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ: بىرى، «دوستانە»، ئەمما ئۆزگە ئانچە چوڭ تەھدىت سالالمايدىغان «مۇشتۇمزور»دىن بىرنى تېپىش ئارقىلىق تىزگىنلەش كېرەك. بۇ «مۇشتۇمزور» چوقۇم ئەتراپىتىكى رايونلاردا مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭغا قارشى چىقىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ، شۇنداقلا قارشىلىقتىن ھېچقانداق نەتىجىمۇ چىقمايدۇ، ئامېرىكىنىڭ شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئورنى بۇ قانۇنىيەتنىڭ ئەڭ روشەن مىسالى بولالايدۇ. ئىككىنچىسى، دۇنيانىڭ باشقا ھەرقانداق رايونىدا، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئاتالمىش «يادرو دۆلەتلەر»نىڭ ھەممىسىلا ئۇنچە قۇدرەتلىك ئەمەس، ئەگەر تىزگىنلەش مەقسىتىگە يېتىشكە توغرا كەلسە، بېسىم قىلىش چارىسىنى قوللىنىش كې-

رەك، زۆرۈر تېپىلغاندا ھەتتا قورال كۈچى ئىشلىتىشكىمۇ توغرا
كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزلۈكىدىنلا دۆلەتلەر ئارا ئىتتىپاق شە-
كىللىنىپ، ئورتاق قارشىلىق ئۆزىنى ئۈستۈن چاغلايدىغان مەدەنى-
يەت يادرو دۆلىتىنىڭ باشقۇرۇشى ۋە تىزگىنلىشىدە بولۇپ قالىدۇ.
بۇنداق ئىتتىپاق ئۆزى ۋەكىللىك قىلىدىغان ئوخشاش بىر مەدەنى-
يەتتە چاك پەيدا قىلىپ، يادرو دۆلەتنىڭ مەدەنىيەتكە «كۆپ پايدىسى
تېگىدىغان» سىياسىي ئىشلارنى قىلىشىغا توسالغا پەيدا قىلىدۇ.
تېخىمۇ چاتاق يېرى شۇكى، ناۋادا بۇ مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچى-
دىكى ھەر خىل كۈچلەرنىڭ تەقسىملىنىشى تەكشى بولماي، تەڭ-
پۇڭلۇقنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمىسا، بەزى دۆلەتلەر بۇ مەدەنىيەت
چەك - چېگراسىدىن ھالقىپ چىقىپ، بۇ مەدەنىيەت چەمبىرىكى-
نىڭ سىرتىدىكى دۆلەتلەر بىلەن ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى
ئورنىتىشى مۇمكىن.

بىز «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» نەزەرىيەسى بويىچە تەپەككۇر
قىلساق، تۆۋەندىكىدەك يەكۈن چىقىدىغانلىقى ئېنىق: بۇ سىستې-
مىدا، پەقەت مەلۇم مەدەنىيەت دائىرىسىدىكى ئەۋزەللىككە ئىگە ياد-
رو دۆلەت ئەتراپىدا مەدەنىيەت ئىتتىپاقىنىڭ تەڭپۇڭ ھالىتى شە-
كىللەنگەندىلا، بۇنداق ئۆزگىرىش جەريانى ئاندىن سىستېمىلىق
ئېتىراپ قىلىنغان بىردىنبىر جەريانغا ئىگە بولىدۇ. بۇ خۇنتىنگ-
تون ئوتتۇرىغا قويغان پۈتكۈل نەزەرىيە ئىمارىتىنىڭ بىر پارچە
ئۇل تېشى. ئەمما، بۇ جەرياندا شۇنىڭغا مۇناسىپ ئەكس تەسىر كۈچ
چوقۇم قارشى يۆنىلىشلىك ھەرىكەتنى پەيدا قىلىپ، بۇنداق نەتى-
جىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئاقىۋەتتە مەدەنىيەت
ئامىلىنىڭ خەلقئارا سىياسىيدىكى رولى ئاجىزلاپ كېتىدۇ، چۈنكى
رېئال دۇنيادا مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىدىن ھالقىغان خەلقئارالىق
ئىتتىپاق شەكىللىنىشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن، دۆلەتلەر دۇنياسى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ «ئۆزىنى جانلاندۇرۇش» قائىدىلىرى ئاتالمىش «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى»نى يوققا چىقىرىۋېتەلەيدۇ.

## دۆلەت ۋە جەمئىيەت

يېقىنقى سىياسىي ئىلىم تەتقىقاتىدا، دۆلەت ئۇقۇمىنىڭ مەنىسىدىكى ئۆزگىرىش كىشىلەر كۆپرەك مۇلاھىزە قىلىدىغان نۇقتا بولۇپ قالدى. بۈگۈنكى «دۆلەت»نى ئۆتمۈشتىكىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى نۇرغۇن خۇسۇسىيەتلىرى هازىر قالمىدى. دۆلەت مەنىسىنىڭ يوقىلىشى، مەزمۇنىنىڭ تارىيىشى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ، بۇنىڭغا شەك كەتمەيدۇ. دۆلەتنىڭ يېڭى ئۇقۇمى كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك هۆكۈمرانلىق، تىزگىنلەش نەتىجىسىنى روياپقا چىقىرالمايدۇ. ئىجتىمائىي ۋە خەلقئارالىق ئامىللارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى بارا ـ بارا تۆۋەنلەپ كەتتى. تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، يەر شارىلاشتۇرۇش مۇساپىسى دۆلەتنىڭ «جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ يوقىتىلىشى»نى تېزلەتمەكتە①.

شۈبهىسىزكى، بۇنداق «جەلپ قىلىش كۈچىنى يوقىتىش» ئەهۋاللىرى ھەقىقەتەن يۈز بەردى، ئەمما بىز بۇ جەهەتتە سوغۇققانلىق بىلەن تەپەككۇر قىلىپ، توغرا هۆكۈم چىقىرىشىمىز، شۇ ئارقىلىق توغرا يەكۈنگە ئېرىشىشىمىز لازىم. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق هادىسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش ئىگىلىك هوقۇقى ئىگە دۆلەتنى تارىختىكى ئارخىپ ئىشكاپىغا سېلىۋېتىشكە بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، خۇددى بىز ئالدىدا تىلغا ئېلىپ

---

① ئېرنېست ـ ئوتتوكزىمپېيېل: «ئۆزگىرىۋاتقان خەلقئارالىق سىياسى»، 2 ـ نەشرى، 3 ـ باب. مىيونخىن 1996 ـ يىلى نەشرى.

ئۆتكەندەك، هوقۇق بايلىقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، «دۆلەت» ئۆزىگە تەھدىت پەيدا قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان دۈشمەن كۈچلەرنى ئۇزۇكسىز تۇردە «كىشىنى قايىل قىلغۇدەك هالدا» يوقىتىپ تۇ- رۇشى كېرەك. ئۇنىڭ هازىرقى ئىگىلىك هوقۇقىنى مۇستەبىت دۆ- لەتلەرنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى بىلەن بىر يەرگە قويۇشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىش ئىقتىدارىنى گىتـ- لېر ۋە ستالىنىنىڭ هوقۇق مەركەزلەشكەن دۆلىتى بىلەن سېلىشـ- تۇرغىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. بىراق، هازىرقى زاماندىكى دېموكراتىك دۆلەتلەر يەككە خەلقئارا پائالىيەتچى سۈپىتىدە بارلىق مۇهىم خەلقئارالىق مەسىلىلەردىكى تەدبىر بەلگىلەش تورىغا ئاكتىپ قاتـ- نىشىدۇ، بۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىـ- لىشىنى بەلگىلەش مەسىلىسى: ئىقتىسادىي ساھە، پۇل مۇئامىلە ساھەسى؛ مائارىپ ئىشلىرى ۋە تېخنىكا تەرەققىياتى؛ قانۇن – تۈ- زۈم قۇرۇلۇشى ۋە مۇهىت ئاسراش قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەلۋەتتە، دۆلەتلەر مۇشۇ پائالىيەتلەردە ھەمىشە ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسىي يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ بولالمايدۇ ھەمدە مەڭگۈ جەمئىيەت ئۇچۇن بەخت يارىتىپ بولالماي- دۇ. شۇنداق بولغاچقا، دۆلەت جەمئىيەتكە نىسبەتەن ياخشى – يا- مان، كۈچلۈك – ئاجىز، چوك – كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر هامان تەسىر كۈچىنى كۆرسىتىدۇ.

«دۆلەت»نىڭ ئەھمىيىتى دىپلوماتىيە سىياسىتى ۋە خەۋپسىز- لىك سىياسىتىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتە ئىنچىل مەركەزلىك ئىپادىلىنىپ كەلمەكتە، هەر قېتىم بۇ ئىككى تەرەپ تىلغا ئېلىنـ- سا، ئۇلارنىڭ «دۆلەت» بىلەن بولغان قوشكېزەكلىك مۇناسىۋىتىنى بايقىيالايمىز، دېمەك ئۇلار ئايرىلماس بىر گەۋدە. ئەگەر دۆلەتنىڭ بۇ ئۇقۇمىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، دىپلوماتىيە ۋە خەۋپسىز-

لىك سىياسىتى توغرىسىدا چوڭ گەپ قىلىپ يۈرسەك، شۈبھە-سىزكى ئەخمىقانە ھەم كۈلكىلىك ئىش قىلغان بولىمىز. بىراق، خۇددى ئالدىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھازىر خەلقئارا مۇناسى-ۋەتلەردە، بەزى ئامىللارنىڭ تەسىرى ھەقىقەتەن تەدرىجىي كۈچەي-مەكتە. بۇ ئامىللار دۆلەتلەر دۇنياسىنىڭ مەنپەئەتىنى مەلۇم شە-كىللەر ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. بۈگۈنكى ھەرقايسى ئەللەر ھۆكۈمەتلىرى، بولۇپمۇ دېموكراتىك ئاساسىي قانۇننى ئا-ساس قىلغان ھۆكۈمەت ھەرگىزمۇ ماكىياۋېللى (15 ـ ئەسىردە ئۆت-كەن ئىتالىيە سىياسىيونى ھەم تارىخشۇناسى، ئۇ سىياسىي مەق-سەتكە يېتىش ئۈچۈن ۋاسىتە تاللىماسلىقنى تەۋسىيە قىلغان. «كېيىنكى ماكىياۋېللىزم» ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىش، سىياسىي جەھەتتە ۋاسىتە تاللىماسلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ قالغان) ئېيتقاندەك فېئودال پادىشاھ ـ تۆرىلەرگە ئوخشاش مەنپە-ئەت ئۈچۈن خەلقئارا سىياسىي سەھنىدە خىيالىغا كەلگىنىچە ئىش قىلىدىغان بولمايدۇ. بۈگۈنكى ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمەتلىرى دۆلەت ئامىلىدىن باشقا ئامىللارنىڭ رولىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ كۆ-رۈشى كېرەك. ناۋادا دۇنيا بانكىسى ئارىلاشمايدىغان ئىش بولسا، دۆلەتنىڭ خەلقئارا مالىيە سىياسىتىنى ئەسلا تۈزۈپ چىقالمايمىز؛ نېفىت ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەتلەر ئورتاق قاتناشمايدىغان ئىش بولسا، دۇنيا ئېنېرگىيە مەنبەسىنىڭ مۇۋاپىق تەمىنلىنىشى ۋە تەقسىملىنىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ؛ خىمىيەلىك قو-راللارنى چەكلەيدىغان تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشتا، ھۆكۈمەت خىمىيە سانائىتىگە ئارىلىشىشى كېرەك؛ خەلقئارالىق مۇھىت ئاسراش سىياسىتىنى تۈزۈشتە، بەزى ئىلىم ـ پەن تەشكىلاتلىرى ياكى خەلقئارالىق ئېكولوگىيەنى قوغداش تەش-كىلاتى (مەسىلەن: يېشىل تىنچلىق تەشكىلاتى)نىڭ تۆرتكىلىك رو-

لىغىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. بۇلار ئارقىلىق شۇنى بايقايمىزدىكى،
ھەر خىل «پائالىيەتچى» سالاھىيىتى ۋە قىياپىتىدىكى «ئىجتىما-
ئىي» ئامىللار (ۋاستىلىك، شۇنداقلا ئىمكانىيەتلىك يوسۇندا) بۇ-
گۈنكى كۈندە سۆھبەت ئۈستىلىگە چىقتى ھەمدە بارغانسېرى مۇ-
ھىم رول ئوينىماقتا.

بۇلاردىن سىرت، خەلقئارالىق سىياسىيدا ئىجتىمائىي كول-
لېكتىپ ۋە تەشكىلاتلارنىڭ تەسىر كۈچىنى ئىككىنچى خىل يول
ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. دېمەك، جامائەتچىلىك ۋە مەن-
پەئەت گۇرۇھلىرى ھۆكۈمەتنىڭ تاشقى سىياسەتلىرىنى بەلگىلەش
جەريانىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندە بىرقانچە مىسال كەلتۈرد-
مىز: ناۋادا 80 ـ يىللاردىكى ھەربىي ھازىرلىقلارنى كەڭ كۆلەمدە
قىسقارتىش توغرىسىدىكى جامائەت پىكرىنىڭ چاقىرىقى ۋە تىنچ-
لىق ھەرىكىتى بولمىغان بولسا، جاھىل رېگان ھۆكۈمىتى «پىلانې-
تالار ئۇرۇشى»دىن ئىبارەت تەلۋىلەرچە خىيالىدىن ۋاز كېچىپ،
بۇنداق تېزلا ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش سۆھبىتىگە چۈش-
مىگەن بولاتتى؛ زۇڭتۇڭ كلىنتوننىڭ توساتتىنلا شىمالىي ئاتلان-
تىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىگە پايدىلىق
قارارنى چىقىرىشى كەم دېگەندىمۇ پولشا كۆچمەنلىرىنىڭ ئۇنۇملۇك
پائالىيەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئاز ـ تولا ئۇچرىماي قالمىغان، پولشا
كۆچمەنلىرى ئاساسلىقى دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ مۇھىم بازد-
لىرىدىن بىرى بولغان چىكاگو ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا
ئولتۇراقلاشقان؛ سىكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدىكى دۆلەتلەرنىڭ
خەلقئارالىق ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشقا نىسبەتەن
قوللاش سىياسىتىنى قوللىنىشىمۇ ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ دۆلىتى-
دە كۈچى زور مۇھىت ئاسراش تەشكىلاتىنىڭ بولغانلىقى بىلەن
مۇناسىۋەتلىك.

uyghurkitap.com

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھۆكۈمەت سىرتقا قارىتا ۋەكىللىك قىلغان «خەلق مەنپەئىتى» ئاساسەن دېگۈدەك ئىجتىمائىي كول-لېكتىپ مۇھاكىمىسىنىڭ نەتىجىسى. جەمئىيەت جامائەتچىلىك-نىڭ بەس - مۇنازىرىسى، پارلامېنتنىڭ قارارى ۋە تەدبىر بەلگىلە-گۈچى ھەم بىيۇروكراتلارنىڭ ۋائىزلىق قىلىشى قاتارلىق شەكىل-لەر ئارقىلىق ئۆز تەسىر كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ئا-تالمىش «دېپلوماتىيە سىياسەت ئىمتىيازى» ئەمدى ئۆزىنى كۆر-سىتەلمەيدۇ[①].

تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، پەقەت دېموكراتىك ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىلا يۇقىرىقى تەھلىلىمىزگە ماس كېلىدۇ، دېموكراتىك بولمىغان ھۆكۈمەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، جەمئى-يەتنىڭ رولى بۇنچە كۈچلۈك بولمايدۇ. بىراق، مۇستەبىتلىكتە ئۈچىغا چىققان ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى، جەمئىيەتنى تۈمۈر تاپىنى ئاستىغا بېسىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ھاكىمىيەتلا جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان جامائەت پىكرىگە قارىماي، ئۆز خاھىشى بويىچە دېپلو-ماتىيە سىياسىتى يۈرگۈزىدۇ. بىراق، مۇستەبىتلىك بىلەن ھو-قۇقنى مەركەزلەشتۈرۈۋالغان ھۆكۈمەتمۇ، جامائەتچىلىكنىڭ ئىرا-دىسىگە خىلاپ سىياسەتنى زورلۇق بىلەن يۈرگۈزۈشتىن ئىلگىرى ھەر ھالدا ئويلىنىشىپ ئىش قىلىدۇ. گەرچە مۇستەبىتلەر «جەمئى-يەت»تىكى جامائەت پىكرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىنىڭ دېگەن يېرىگە ئەكېلىپ، ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرسىمۇ، بىراق ئۇلار جامائەت پىكرىنىڭ تەسىرىنى كۆرمەسكە سېلىشقا پېتىنال-مايدۇ.

---

① نۇكلاس لۇخمان: «ئىجتىمائىي تۈزۈم — ئومۇمىي نەزەرىيە ھەققىد-دە ئومۇمىي بايان»، فىرانكفورد 1984 - يىلى نەشرى.

## سودا دۆلىتى ۋە جامائەت پىكرىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى

ھازىرقى جەمئىيەتتە، ئىجتىمائىي كوللېكتىپ (سىياسىي تەشكىلات) ۋە سودا تەشكىلاتى بارغانسېرى كەڭ دائىرىلىك بولۇۋاتـ قان ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى جەريانىدا ئايرىلىپ چىقتى، «لۇخمان سىستېمىسى» نەزەرىيەسىدە بۇنىڭغا ئېنىق چۈشەنچە بېرىـ رىلگەن، ئۇنىڭدا جەمئىيەتتىكى بېقىندى سىستېما، مەسىلەن، قاـ نۇن ـ تۈزۈم سىستېمىسى، مائارىپ سىستېمىسى، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي سىستېما قاتارلىقلار ئۆز سىستېمىسىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئۆز ئىشلىرىنى بىخەتەر يۈرگۈزىدۇ ھەمدە ئۆز سىستېمىسى ئىچىدە ئۆزىنىڭ سىستېما شىفىرى ئارقىلىق ئالاقە قىلىدۇ، بۇ شىفىرلارنى باشقا بېقىندى سىستېمىلار «يېشەلمەيدۇ»[1] دەپ كۆرسىتىلگەن. مۇشۇنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغاندا، كىـ شىلەرنىڭ جەمئىيەتىمىزدىكى ھەرقايسى كوللېكتىپلارنىڭ نىسـ پىي ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقان ماس مۇناسىۋىتىنى چۈشەنمىكى تەسكە چۈشىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئىشتى نەدىن باشلاشنى بىلمەيدۇ، شۇنداقلا بىز ئۇلارنىڭ شىفىرىنى ئەسلا بىلەلمەيمىز. گەرچە بۇ خىل چۈـ شەندۈرۈشتە بەزى ئېغىپ كېتىش ئەھۋاللىرى بولسىمۇ، بىراق بۇـ نى يولسىزلارچە چۈشەندۈرۈش دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، بۇ نەزەرىـ يەدە تەكىتلەنگىنى ھازىرقى جەمئىيەتتە سىياسىي كوللېكتىپ بىـ لەن سودا تەشكىلاتىنىڭ پەرقلىنىشى ۋە كەسىپلىشىشى بولۇپ، بۇلار ئىنتايىن پايدىلىق نۇقتىئىنەزەرلەردۇر[2].

---

[1] ئۇۋۋې سىچانىك: «ئىجتىمائىي پەرق نەزەرىيەسى»، 1996 ـ يىلى نەشرى.

[2] فىرىتز شارف: «20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەرىـ كەت ئىقتىدارى»، 93~115 ـ بەتلەر.

ناۋادا بۇنداق تۈزۈلمە ئەمەلگە ئاشىدىغان بولسا، ھوقۇق مەر-كەزگە مەركەزلەشكەن دۆلەت ھۆكۈمرانلىقى شەكلىدىن ۋاز كېچىش كېرەك، شۇنداق بولغاندا «دۆلەتنىڭ سىھرىي كۈچىنى يوقىتى-شى»دەك ۋەزىيەت زامانىۋىلىشىش جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللىنى-دۇ، ئىقتىساد ئۈزۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان، «ئالاقە تورى» ئارقى-لىق ئۇچۇر تېز تارقىلىۋاتقان ۋە ئالماشتۇرۇلۇۋاتقان ئېلېكترون دەۋرىدە، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى بىقىندى سىستېمىلارنىڭ جاۋا-بىقلىقىمۇ ئۈزۈكسىز تېز تەرەققىي قىلىدۇ. بىراق، جەمئىيەتتىكى بىقىندى سىستېمىلارغا قارىتا ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈپ ھۆكۈم-رانلىق قىلىشتىن ۋاز كېچىش شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، يېڭى تۈزۈلمىدە جەمئىيەتتىكى بۇ بىقىندى سىستېمىلار سىياسىي تەد-بىر كۆرۈشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان كۈچكە ئىگە بولۇپ، تارقاق تور سىستېمىسى ئارقىلىق جەمئىيەتنى تىزگىنلەشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بۇنداق قاتنىشىش سىنىپ بىلەن ئىجتىمائىي قاتلام ئارىسىدىكى ھوقۇق تەقسىمات مەسىلە-سىلا بولۇپ قالماي، بەلكى دۆلەت بىلەن جەمئىيەتنىڭ رولىنى جا-رى قىلدۇرۇشىدىكى ماھىيەتلىك «زۆرۈر بۇيۇم» بولۇپ قالدى.

ھازىر ئېغىرلىق مەركىزى «جەمئىيەت»كە پايدىلىق يۆنىلىش-كە قاراپ سىلجىماقتا، شۇڭا ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ دۆلەت سىياسىتىگە ئارىلىشىشى ۋە سىياسەت تۈزۈشكە چوقۇم كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنلۇقلۇقى ھەمدە مۇ-قىملىقى «سادىق چاكارلار» ياكى «بۇرۇندىن ئەگىشىپ كەلگەن-لەر»گە باغلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئوچۇق — ئاشكارا بولۇشىغا، ئۆلچەپ بېكىتكىلى بولىدىغان سىيا-سىي نەتىجىگە، يەنى پۈتكۈل جەمئىيەت ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەر-نىڭ قانائەتلەندۈرۈلۈش دەرىجىسىگە تېخىمۇ بەكرەك باغلىق بولى-

دۇ. بۇ تەلەپلەرنىڭ پۇتكۇل جەمئىيەت ۋە ھەرقايسى ئەزالارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى ئاشۇرۇشتىن باشقا مەقسىتى يوق. شۇڭا، دۆلەتنىڭ ھەرىكەتتىكى مۇھىم نۇقتىسى زوراۋانلىق سىياسىيسى ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە تاشقى كېڭەيمىچىلىكتىن پۇت-كۈل جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيەسىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈشكە يۆتكىلىدۇ. بۇنداق تەرەققىيات يۇزلىنىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، دۆلەت ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇساپىسىگە بىۋاسىتە كىرىشۈن ـ كىرمىسۇن، يەنىلا لايىقىدا تەدبىر قوللىنىپ، خۇسۇ-سىي ئىگىلىك پائالىيىتى ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك ئىقتىسادىي مۇ-ھىت (يەنى يېڭى لىبېرالىزم ئوتتۇرىغا چىقارغان مۇھىتتەك)نى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يارىتىش ئىنتايىن مۇھىم، چۈنكى بۇ ئىككى خىل ئەھۋالدا، دۆلەتنىڭ مەقسىتى بىردەك.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاشقى سىياسەت جەھەتتە تۆرلۈك ئامىللارنىڭ رەت تەرتىپىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. زېمىن كېڭەيمە-چىلىكى قىلىش تامامەن ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ، خەۋپسىزلىك سىياسەتلىرىمۇ مۇھىم بولغىنى بىلەن دىپلوماتىيە سىياسىتىدىكى مەركەزنى ئىگىلىيەلمەيدىغان قوشۇمچە شەرتكە ئايلىنىپ قالدى. ئەكسىچە، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە پەن ـ تېخنىكا قاتارلىق ئا-مىللار تاشقى سىياسەت تىزىملىكىدە ئالدىغا تىزىلىدىغان بولدى. بۇ جەرياننىڭ زادى قانچىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى مې-نىڭچە شەرق، غەرب لاگېرلىرىدىكى توقۇنۇش ئۇزۇل ـ كېسىل ئا-خىرلاشقاندىن كېيىن چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

شۇڭا، ھازىرقى زامان خەلقئارا سىياسىي سىستېمىسىدىكى تىپىك يەككە گەۋدە زومىگەر دۆلەتلەر ئەمەس، بەلكى سودا دۆلەتلىرىدۇر. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي تەلەپكە بولغان «سەممىيلىك دەرىجىسى»؛ مەنپەئەت

گورۇھلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى ۋە ھەمكارلىشىشى؛ تاشقى سىياسەتنىڭ نىشانى جەھەتتە، ھوقۇق ۋە خەۋپسىزلىك مەسىلىلىرىگە قارىغاندا، ئىقتىسادنىڭ روشەن ئالدىدا تۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى؛ ھەربىي ھازىرلىقلار خامچوتىنىڭ بىر قەدەر تۆۋەن سەۋىيەدە ساقلىنىشى، تاشقى سودىنىڭ ئىجتىمائىي بايلىقلارنىڭ توپلىنىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان رولغا ئىگە ئىكەنلىكى، بىكىنمىچىلىكتىن ھامان ۋاز كېچىلىدىغانلىقى، بىر - بىرىگە تايىنىۋېلىشنىڭ ئەمەلىيەت ئىكەنلىكى، يەنە كېلىپ ئاجىزلىق دەپ قارالماستىن، مۇۋەپپەقىيەت دەپ قارىلىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۆلەتلەرنىڭ تاشقى سىياستى خەلقئارالىق قانۇنلارنىڭ مۇكەممەللىشىشى ۋە يولغا قويۇلۇشىنى كۈچەيتىدۇ، ئەگەر خەلقئارا قانۇن بىخەتەرلىكنىڭ دائىرىسى كېڭەيسە، ھەرقايسى ئەل ۋە رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىسىدىكى سۈركىلىشلەرمۇ مۇناسىپ ئازىيىدۇ. شۇڭا، سودا دۆلەتلىرى كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسى ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتلار سىستېمىسىغا ناھايىتى خۇشتار. «قورقۇتۇش»نى دىپلوماتىيە سىستېمىسىدىكى بىر خىل ۋاستە قىلىۋېلىش ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى، قويۇق پۇقراۋى دىپلوماتىيە ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.

ھازىرقى زامان سودا دۆلەتلىرى ئىچكى سىياسەتلىرىنى پۇقرا ۋە كۈچلەر ئارقىلىق تولۇقلاپ تۇرىدۇ. ئىجتىمائىي قىممەتنى بالاشتا ھەربىي ئىشلار نىسبەتەن تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ. جەمئىيەتتە ھەربىي ئىشلار جەھەتتە بىر خىل ساقلاپ قېلىش پوزىتسىيەسى نامايان بولۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭدا ھەربىي ئىشلاردىكى تەۋەككۇلچىلىككە قارشى كەيپىيات تازا ئېنىق ئىپادىلەنگىنى يوق، بىراق بۇنداق كەيپىيات ھەربىي ھازىرلىقلارغا كېتىدىغان سىلىنما جەھەتتىكى

غايەت زور خەۋپ ـ خەتەر ۋە زور چىقىمغا نىسبەتەن ئىنتايىن سەزگۈر. ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بىر تىنچلىقپەرۋەرلىك يوشۇ ـ رۇن ئىقىمى جامائەت پىكرىدە ئاساسىي يېتەكچىلىك ئورنىنى ئىگـ ـلەپ، خەلقئارالىق پائالىيەتلەر ئۈچۈن توپلانغان ۋە ھازىرلانغان زور بايلىقلار ئاساسلىقى پۇقراۋى ئىشلارغا ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. فـ ـ رانسىيەلىكلەرنى چۆچۈتكەن «گېرمانىيەنىڭ ئاتوم بومبىسى — گېرمانىيە فېدېراتسىيە مەركىزىي بانكىسى» بۇ تارىخىي رېئاللىقـ ـنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگدى. ھازىر ياپونىيە ۋە گېرمانىيە زامانـ ـۋى سودا دۆلىتىنىڭ تىپىك مىسالى دەپ قارالماقتا؛ ئۇلارنىڭ تاـ يانغۇدەك قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچى يوق، ئەمما ئۇلار ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچ ۋە پۇقراۋى كۈچكە تايىنىپ، غايەت زور ھوقۇق ۋە پەۋقۇلئاددە خەلقئارالىق تەسىر كۈچىنى قولغا كەلتۈردى. بۇنىڭغا قايىل بولماي تۇرالمايمىز، ئەلۋەتتە!

## سودا دۆلەتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى

فىزىكىدىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقى پرىنسىپىنىڭ مەنتىقىسىگە ئاساسلانغاندا، ھازىرقى زامان خەلقئارالىق سىياسىي سىستېمىسىدا، سودا دۆلەتلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىمۇ ئوخشاشلا تەسىر كۈچ — «ھاياتىي كۈچ» پەيدا قىلىدۇ. ئۇ خەلقئارادىكى ئۆزئارا تايىنىش پرىنسىپى ئاستىدا پەيدا بولغان سىستېمىلىق ھالەت، بۇ ئۇقۇم پۈتكۈل دۇنيا ئىقتىسادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان پۈتكۈل ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. دۆلەتنىڭ ئەڭ مۇھىم نىشانى مىللىي بايلىقنى كۆپەيتىش، بۇنى ھەرگىز بىكىنمە ھالەتتە ئۆزى يالغۇز ئورۇنلاپ كېتەلمەيدۇ. خەلقئارادىكى ئۆز مەيلىچە رىقابەتلىشىش پەيدا

قىلىدىغان سەلبىي ئاقىۋەتتىن ساقلىنىشتا، مۇۋاپىق خەلقئارالىق پىرىنسىپ كەم بولسا بولمايدىغان ھەل قىلغۇچ شەرت ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئىشلار ئاڭلىماققا ھېچقانچە ئىش ئەمەستەك بىلىنىدۇ، بىراق رېئال دۇنيادا بۇ نىشانغا يەتمەك ئىنتايىن تەس. ھەرقايسى سودا گۇرۇھلىرى ۋە تەشكىلاتلىرى ئۆز ئىلكىدىكى بايلىقنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە كۆپەيتىشكە ئالدىرىغانلىقتىن، دۆلەت ۋاكالەتچىسىنىڭ خەلقئارالىق سۆھبەتلەردە مۇۋاپىق يول قويمىقىمۇ ئىنتايىن تەس، بىراق زۆرۈر كېلىشتۇرۇش ۋە يول قويۇش بولمىسا، سودا، پۇل مۇئامىلە، بانكا، تېلېگراف، ئاۋىياتسىيە قاتارلىق ساھەلەردە خەلقئارالىق ئىقتىساد، سودا كېلىشىمى ھاسىل قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ. بۇ مەسىلىدە قىيىنچىلىق زور بولسىمۇ، بىراق نەچچە ئون يىلدىن بۇيان خەلقئارا سودا ۋە ئالاقە يەنىلا ئۈزۈكسىز ئېشىپ بارماقتا، بۇ ئۆزئارا تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مۇناسىۋىتىنىڭ سودا دۆلەتلىرىنىڭ ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە توسقىلى بولمايدىغان تارىخىي يۈزلىنىش بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

سودا دۆلەتلىرىنىڭ «ھاياتىي كۈچى» تۆۋەندىكىدەك قانۇنىيەت بويىچە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ: ئىجتىمائىي كوللېكتىپ ۋە تەشكىلاتلارنىڭ مەنپەئەتكە ئېرىشىشىدە، دۆلەت ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىشى زۆرۈر، شۇنداق بولغاندا ئۇلار خەلقئارالىق سۆھبەتلەرگە ئوخشىمايدىغان شەكىلدە قاتنىشىپ، خەلقئارلىق قائىدىلەرنى تۈزىدۇ، ئادەتتە قانۇنىي شەكىلدە ئىپادىلىنىدىغان بۇنداق كېلىشىملەر ئارقىلىق رىقابەت جەريانىدا كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن

ساقلانغىلى بولمايدۇ. بەزى خەلقئارالىق تەشكىلاتلار بۇ خەلقئارالىق قائىدىلەرگە بويسۇنۇش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشنى ھەمىشە ھاۋالە بويىچە باشقۇرىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ. ھەرقايسىسىنىڭ بۇ قائىدىلەرنى چۈشەندۈرۈشى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن ھەمىشە بەزى سۈركىلىشلەر كۆرۈلۈپ، قائىدىگە خىلاپ ئۆتۈشتەك ئىشلارمۇ يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بۇ قائىدىلەرنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاش ۋە تەپسىلىيلەشتۈرۈش ھەم ئۇلارنى كونسايىن مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. خەلقئارالىق تالاش - تارتىشلارنى كېلىشتۈرۈش ئۇسۇلى بىكىتىلسە ھەم خەلقئارالىق جازالاشلار ئارقىلىق بۇ قائىدىلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ساقلانسا، خەلقئارالىق قانۇن ۋە خەلقئارالىق تەشكىللەر ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىپ زورىيىدۇ. كۆپ تەڭپۇڭلۇقى مەنتىقىسىدىن باشقا ئىشلاردا، بىر - بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش پىرىنسىپىنىڭ تۈرتكىسىدە خەلقئارالىق ھەمكارلىقنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشى خەلقئارالىق سىياسىيدىكى ئىككىنچى مۇھىم جانلاندۇرۇش مۇساپىسى بولۇپ قالىدۇ.

## سودا دۆلەتلىرىدىكى چەكلىمىلەر

يۇقىرىقى ئىككى مۇساپىنى ھامان يېقىن ھەمكارلىشىپ كېتىدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. بەزىدە ئۇلار بىر - بىرىگە قارشى يول تۇتۇپمۇ قالىدۇ. ھازىر خەلقئارا جەمئىيەتتە، سودا دۆلەتلىرى ھادىسىسى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولسىمۇ، بىراق زومىگەر دۆلەتلەر تېخى تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنگىنى يوق. دۇنيادىكى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت ئامېرىكىدا بۇ ئىككى خىل ھادىسە ئومۇملاشتۇرۇپ ئىپادىلەنگەن، ئۇ خەلقئارالىق سىياسىي سەھنىدە باش رول ئېلىپلا قالماي، دۇنيا ئىقتىسادىي سەھنىسىدىمۇ ئەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۆتكەن 30 يىلدا ئامېرىكا ئىقتىسادى بىر ـ بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش پىرىنسىپىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەسىرىگە ئۇچرىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئامېرىكىنىڭ تاشقى سودىسى خەلق ئىگىلىكى ساھەسىدىكى ئايرىم تارماقلار بىلەنلا چەكلىنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي سوممىسى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئاران 6% نى ئىگىلەيتتى؛ ئەمما ھازىر، ئامېرىكىنىڭ تاشقى سودىسى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە 20% تىن ئېشىپ، ئاكتىپ سودا ۋە پاسسىپ سودىدا ئامېرىكا ئوخشاشلا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا يەنە ھەربىي ئىشلار جەھەتتە دۇنيادىكى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى قۇدرەتلىك دۆلەت. دۇنيادا تېخى ھېچقانداق بىر دۆلەت ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئامېرىكىدەك يەر شارىنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك كېڭەيتەلىگىنى يوق. بۈگۈن ئامېرىكا ئارمىيەسى «21 ـ ئەسىردە ئۇرۇش قىلىش»نىڭ ئىستراتېگىيەلىك تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئالدى، بۇ ئەڭ ئىلغار ئېلېكترونلۇق رازۋېدكا ۋاسىتىسى، ئۆتكۈر ئېلېكترون تېخنىكىلىق ئىستراتېگىيەلىك يادرو قوراللار، نىشانغا دەل تېگىلىدىغان «ئەقلىي ئىقتىدارلىق» باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىستېمىسى، ئېلېكترونلۇق كاشىلا پەيدا قىلىدىغان رازۋېدكىغا قارشى تېخنىكا، رادارغا قارشى (ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم) تېخنىكىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە پەقەت ئامېرىكىنىڭلا يېتىشكەن، بۇ ھەربىي تېخنىكىلارنى ئۇنۇملۇك قوللىنالايدىغان كەسپىي قوشۇنى بار. ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى سودا دۆلەتلىرى پەقەت ئامېرىكىدىن ئىبارەت قۇدرەتلىك كۈچىنىڭ سايىسىدىلا باش كۆتۈرۈش پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

بىراق، بۈگۈنكى دۇنيادا سودا دۆلەتلىرىنىڭ ئىدىيەسى تېخى ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى، كىشىنى خاپا قىلىدىغان تاسادىپىي ۋەقەلەر يەنىلا يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ ھەم ھەر ۋاقىت يۈز بېرىشى مۇمكىن؛ ئىناقلىقنى ئېرەن قىلىپ كەتمەيدىغان تۇراقسىز رۇسىيە؛ ئۇلۇغۋار غايىنى كۆڭلىگە پۈككەن جۇڭگو؛ سادام ھۈسەيىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا پارس قولتۇقى رايونىدا تېرىسىگە سىغماي قالغان مۇشتۇمزور دۆلەت ئىراقنىڭ ئىستراتېگىيەچىلىرى بۇنداق خەتەرلىك ئامىللار ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشماقتا. كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ھەربىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق خەۋپ ـ خەتەرنى تۈگىتىپ، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ۋە بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئارزۇ قىلماقتا.

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ياپونىيە ۋە گېرمانىيەنىڭ كەسكىن بەس ـ مۇنازىرىلىرىدىن شۇ نەرسە ئايان بولدىكى (ياپونىيە بىلەن گېرمانىيەنىڭ ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭەشىگە دائىمىي ئەزا دۆلەت بولۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن بارلىق تىرىشچانلىقلىرى ۋە جامائەت پىكرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ دەبدەبىلىك سۆز ـ ئىبارىلەردىن ياپونىيە بىلەن گېرمانىيەنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە باراۋەر كەلگۈدەك خەلقئارالىق مەجبۇرىيەتلەرنى زىممىسىگە ئېلىش ئارزۇسى چىقىپ تۇرىدۇ ـــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن)، يۇقىراۋى كۈچلەر بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يولىدا ئىزدەنمەكتە. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن بۇيان، بۇ مەسىلىلەرنى ئاددىي يوسۇندا كۆرمەسكە سالىدىغان، پەقەت ۋاشىنگتوننىڭ «ئاكا» بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ رېئاللىقتا ئانچە ماس كەلمەيدىغانلىقى ئايان بولدى. بىراق، بۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ دېڭىز ئارمىيە كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىگە ئوخشاش يەر شارىنىڭ تەرتىپىنى باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ

تەرتىپكە سېلىشقا ئۇرۇنۇش كېرەك، دېگەن يەكۇننى چىقىرىشقا قەتئىي بولمايدۇ. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، گېرمانىيە ۋە تې-خىمۇ ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتىدىغان ياپونىيە كۆپ تەرەپلىمىك ھەربىي ھەرىكەتلەرگە چەكلىك يوسۇندا قاتنىشىش ئارقىلىق ئۆز-لىرىنىڭ غەرب (ياكى پۈتكۈل دۇنيا) مىللىي قوغدىنىش قوشۇنى-نىڭ ئىشەنچلىك ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىمزا-دەك مەكتە. كۆپ تەرەپلىمىك تۈزۈلمىنى قوغداش ۋە خەلقئارالىق ئومۇمىي قانۇننى ھۆرمەت قىلىش سودا دۆلەتلىرىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسى-تىدىكى ئىككى تۈۋرۈك، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەۋپسىزلىكنى قوغداش جەھەتتىمۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئامىل. پەقەت باشقا دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە ب د ت نىڭ ياكى بىر يەرلىك خەلق-ئارالىق تەشكىلىنىڭ ھوقۇق بېرىشىگە نائىل بولغاندىلا، گېرمانىيە بىلەن ياپونىيە ھەربىي ھەرىكەتلەرگە ئاندىن بىۋاسىتە قاتنىشالاي-دۇ. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقىنى دۆلەتنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلار كۈچىنى ئاشۇرۇش ياكى مەلۇم ھەربىي ئۈستۈنلۈكنى ساقلاش ئە-مەس، بەلكى مۇداپىئە خاراكتېرىدىكى خەلقئارالىق ھەربىي ھەرى-كەتلەرگە قاتنىششتىن ئىبارەت بولۇپ، كۆپ دېگەندە تىنچلىق ساقلاش ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، قوراللىق قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن رايونلارنىڭ تەرتىپىنى يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بەرگىلى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە مۇئەييەن چەكلىمە بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلماقتا. ئەمما، غەربتىكى نۇرغۇن ئىستراتېگىيەچىلەر غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇ-رىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئە-گىشىپ، ياپونىيە بىلەن گېرمانىيەدىكى مىلىتارىزم ئەرۋاھلىرى-نىڭ يادرو قوراللىرىنىڭ قوترىتىشى بىلەن يېڭىباشتىن خەلقئارا سىياسىي سەھنىگە چىقىپ، قايتا باش كۆتۈرۈشىدىن ئەندىشە قىل-

ماقتا. بۇنداق ئەندىشە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ، ياپونىيە، گېرمانىيەدىكى ئاۋامنىڭ كۈچىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىجتىما-ئىي كوللېكتىپلارنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىگە قويغان قاتتىق ئىنتىزامچانلىق تەلەپلىرى بۇ پاكىتنى مەلۇم جە-ھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

## ئىجتىمائىي دۇنيانىڭ ھاياتىي كۈچى

تۆۋەندە بىز يەنە ئىلگىرى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تېما ئۈستىدە توختىلىپ، ئىجتىمائىي كوللېكتىپلار ۋە تەشكىلاتلارنىڭ خەلقئارا سىياسىيدىكى تەسىر كۈچ مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ باقايلى. «دۇنيا خاراكتېرلىك جەمئىيەت»تىن ئىبارەت بۇ مەسىلىنىڭ مەۋ-جۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكى ئۈستىدە، كىشىلەر ئۇزاقتىن بۇيان توختىماي تالاش - تارتىش قىلىپ كەلدى: ھەرقايسى ئىجتىمائىي كوللېكتىپلار ۋە تەشكىلاتلار شۇنچە ئوخشىشىپ كېتىۋاتامدۇ - يوق؟ ئۇلار پۈتۈنلەي ئوخشاش يەككە گەۋدىلەرنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقىنى يوق، بەلكى ئۇلار ئارىسىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان بىر - بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مۇناسى-ۋىتى مۇرەككەپ بىرلىككە كەلگەن بىر گەۋدىنى شەكىللەندۈرگەن. سەيمىل خۇنتىنگتون ۋە ئاشۇ كوممۇنىزم نەزەرىيەچىلىرى ھەم تەشەببۇسچىلىرى (ئۇلار ھەر خىل مەدەنىيەت گۇرۇھلىرىنىڭ مۇس-تەقىللىقى، پەۋقۇلئاددىلىكى ۋە ساقلىنىپ قېلىشچانلىقىنى تەر-غىب قىلىشىدۇ) يۇقىرىقىدەك ئاتاشقا كوچلۇك ئېتىراز بىلدۈرۈ-شى مۇمكىن. ئەمما، ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى سودا، پۇل مۇئامىلە، قاتناش ۋە خەۋەرلىشىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۆپلەپ تەتقىق قىلغان مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ «دۇنيا خاراكتېرلىك جەمئىيەت» ئۇقۇمىغا گۇمانىي پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىرى نىسبەتەن

www.uyghurkitap.com

ئاز.

سىزبىگنېۋ «دۇنيا خاراكتېرلىك جەمئىيەت» ئۇقۇمىنىڭ ئورنىغا «ئىجتىمائىي دۇنيا» ئۇقۇمىنى دەسسىتىش تەكلىپىنى بەرگەن. بۇ ئاتالما نۇرغۇن ئالىملارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، بىر جەھەتتىن «دۇنيا خاراكتېرلىك جەمئىيەت»نىڭ تەرغىباتچىلىرى تەسۋىرلىگەندەك «كەڭ كۆلەملىك يۇغۇرۇلۇش» تېخى يۈز بەرگىنى يوق، بولۇپمۇ خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر هازىر خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ئىگىلىك هوقۇقىغا ئىگە دۆلەتنىڭ هوقۇقىنى بۆلۈۋېتىۋاتقان پەيتتە تۇرۇۋاتىدۇ؛ يەنە بىر جەھەتتىن، «ئىجتىمائىي دۇنيا» ئۇقۇمى يەنە شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن دۆلەتلەر دۇنياسىنىڭ سىرتىدىكى خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەردە ئىككىنچى قاتلام شەكىللىنىپ، ھەرقايسى ئىجتىمائىي كوللېكتىپلار ۋە تەشكىلاتلارنىڭ تەسىر كۈچى ئۆز ھۆكۈمەتلىرىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يەنە دۆلەتتىن ھالقىپ ئەركىن، مۇستەقىل پائالىيەت قىلىپ ھەم بىر ـ بىرى بىلەن چىڭ باغلىنىپ، بارغانسېرى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. CNN تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئالاقە تورى ۋە ھۆكۈمەت خاراكتېرىنى ئالمىغان دۆلەت ھالقىغان ئاپپاراتلار دەل مۇشۇنداق تەرەققىيات يۈزلىنىشىنىڭ روشەن ئىزناسىدۇر.

سىز ماشىنىڭىزنى ھەيدەپ تېھران ياكى بېيجىڭنىڭ كوچىلىرىدىن ئۆتسىڭىز، ئۆگزىلەرگە ئورنىتىلغان سان ـ ساناقسىز سۈنئىي ھەمراھ ئانتېنالىرىنى كۆرىسىز. بۇ يېرىم بىكىنمە ھالەتتىكى سىياسىي گەۋدىلەر بۇنداق ئىشلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قاتتىق باشقۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى خەلق ئېرىشەلەيدىغان ئۇچۇر مەنبەلىرىنى نازارەت قىلىپ، تىزگىنلەپ تۇرسىمۇ، تەكشۈرۈش مۇمكىن

بولمىغان نۇرغۇن ئۇچۇرلار سۇنئىي ھەمراھ ئارقىلىق بۇ يەرلەرگە ئۆزۈكسىز كىرىپ، كىشىلەر دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئەھ- ۋاللارنى كۆرۈپ تۇرماقتا؛ ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپلا ئۆزلىرىمۇ سەزمە- گەن ھالدا باشقا مەدەنىيەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بى- لەن ئۆزلىرىنى سېلىشتۇرماقتا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرماقتا. بۇنى بىرنەچچە يۈز يىل ئىلگىرىكى بېكىنمىچىلىك بىلەن سېلىشتۇر- غاندا، غايەت زور تەرەققىيات دېمەي بولمايدۇ. ئەمدىلىكتە پۈتۈن دۇنيانى قاپلىغان «ئالاقە تورى شامىلى» بۇ تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ، دۇنيانى چىڭ باغلاپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئا- مىلغا ئايلاندى قويدى.[1] بۇ خىل خەۋەرلىشىش شەكلىنىڭ نۆۋەتتى- كى ئومۇملىشىش نىسبىتى يەنىلا بىرقەدەر تۆۋەن (1997 ـ يىلىغا قەدەر شۇنداق ئىدى ـــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن)، ئەمما بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. بىزگە مەلۇمكى، كىشىلەر كۆپ مەدەنىيە- لەر ئۇقۇشقان، غەرب مەدەنىيىتىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ئىككى ھەرىكەت ـــ ئۆز خاسلىقىنى يېڭىباشتىن بايقاشتىكى گۇما- نىتارىزملىق ھەرىكىتى (يەنى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى قايتا گۈللەن- دۈرۈش ھەرىكىتى) ۋە فېئودال قامال قىلىنىشلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىدىيە ئەركىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرغان ئاقارتىش ھەرىكىتىگە دەس- لەپتە جەمئىيەتتىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى سەركىلەرلا ئاۋاز قوش- قانىدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتى ۋە گۇمانىتارىزم ھەرىكىتى لاتىن تىلىنى ۋاستە قىلىپ تارقالدى. ئەمما، ئەينى چاغدىكى غەرب دۇنياسىدا، كاتولىك دىنى كاھىنلىرى- نى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاز ساندىكى ئاقسۆڭەكلەر ۋە تەربىيە كۆر-

---

① نوربېرت ئېلىئاس، «مەدەنىيەتلەرنىڭ مۇساپىسى توغرىسىدا»، «ئىجتىمائىي گېنىنى ۋە روھىي گېنىنى تەكشۈرۈش» فىرانكفورد، 1978 ـ، 1979 ـ يىللىرى نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گەن شەھەر ئاھالىلىرىلا لاتىن تىلىدىن خەۋەردار ئىدى. ئاقارتىش ئىدىيەسى دەسلەپ فىرانسۇز تىلىدا ئالماشتۇرۇلدى ۋە مۇھاكىمە قىلىندى، ئەمما فىرانسۇز تىلىنى باشقا دۆلەتلەردە ئوخشاشلا ئاق-سۆڭەكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پەقەت تەربىيە كۆرگەن ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرلا بىلەتتى. بىراق، بۇ ئىككى قېتىملىق بۈيۈك مەنىۋى ھەرىكەت شۇ سەۋەبتىن چەكلىمىگە ئۇچراپ قالمىدى، بەلكى ئۇلار غەرب مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

نوربېرت ئېلىئاس «مەدەنىيەتلەرنىڭ مۇساپىسى» دېگەن ئەسىرىدە، مەدەنىيەت «مىزان» لىرىنىڭ «يۇقىرى»دىن «تۆۋەن»گە تارقىلىش جەريانىنى جانلىق تەسۋىرلىگەن ۋە ئوبرازلىق، كىشىنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان بىر مىسالنى كەلتۈرگەن. بەزى خان جەمەتىدىكى ئاقسۆڭەكلەر تاماق ئۈستىلىدە پىچاق ۋە ۋىلكا ئىشلىتىپ غىزالىنىدىغان بولغاندىن كېيىن، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر بۇنداق يېڭى ئادەتنى ئالدى بىلەن دورىدى. ئارقىدىنلا كاتولىك دىنى كاھىنلىرى ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرمۇ شۇنداق قىلىدىغان بولدى، ئاخىر بېرىپ بۇ «مىزان» دېھقانلار ۋە شەھەر پىرولېتارلىرى ئارىسىغىمۇ تارقالدى، بۇنداق ئومۇملىشىش جەريانى بەلكىم بىرقانچە ئەسىردىن ئۇزاق داۋاملاشقان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ ئۇقتىسادىن پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان بولسا، خۇنتىنگتون ئېيتقاندەك، ئىنگلىز تىلىنى ئىگىلىگەن ئاھالىلەرنىڭ نىسبىتى دۇنيا دائىرىسىدە كىچىكلەپ بارغان بولىدۇ (خۇنتىنگتون كۆرسەتكەن سەۋەب شۇكى، ئىسلام دۇنياسى ۋە باشقا ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئاھالىسى تېز كۆپىيىۋاتىدۇ، ئەمما غەرب ئەللىرىنىڭ ئاھالىسى كېمىيىۋاتىدۇ). ئەمەلىي ئەھۋال خۇنتىنگتوننىڭ ئېيتماقچى بولغىنىغا ئانچە ئوخشاشمىسىمۇ، نۇرغۇن ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى

ئىنگلىز تىلىنى ئالدى بىلەن ئۆگىنىدىغان چەت ئەل تىلى قىلىپ تالللىماقتا، مەكتەپلەردە ياشلار ئاتا ـ بوۋىلىرىغا قارىغاندا ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشتە تېخىمۇ كۆپ پۇرسەتكە ئېرىشتى. مەسىلەن، جۇڭگودا ئەھۋال شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، بىراق نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ ئارقىلىق ئىجتىمائىي دۇنيادىكى يېقىن ھەمكارلىقنىڭ مەدەنىيەتكە كۆرسىتىدىغان چوڭقۇر تەسىرىنى ئىنكار قىلىش خىيالىدا بولۇش ئاقمايدۇ. قارىغاندا خۇنتىنگتون نۇربېرت ئېلىئاسنىڭ بۈيۈك ئەسىرىنى ئوقۇمىغان بولسا كېرەك، ئەگەر ئوقۇغان بولسا ئۇنىڭ بىزنىڭ نۇقتىئىنەزىرىمىزنىڭ ئەكسىچە قاراشتا بولۇشىمۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس.

تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، غەيرىي ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى دۆلەت، رايون ۋە مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا پەۋقۇلئاددە بىر كۆۋرۈكنى شەكىللەندۇرگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ ئاپپاراتلار ماددىي مەنپەئەتنى ئانچە قوغلىشىپ كەتمەيدۇ، گەرچە بەزى چوڭراق خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ھەمىشە ئۆزىنىڭ بىيۇروكراتىك مەنپەئەتىنى قوغداش خاھىشىنى ئاشكارىلاپ تۇرسىمۇ، بىراق كۆپ چاغلاردا ئۇلار يەنىلا ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن يەرلىك، رايون خاراكتېرلىك ياكى دۆلەت دەرىجىلىك كوللېكتىپ ۋە تەشكىلاتلار ئۆز دۆلىتىدە مەقسىتىنى ئۆزى مۇستەقىل ھالدا ئىشقا ئاشۇرالماسلىق تۇيۇلىدىن، بىر ئورتاق نىشان ئۈچۈن چەت ئەللەردىكى مەسلەكداش كوللېكتىپ ۋە تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۆزۈكسىز كۈچەيتىپ، دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىپ ھەمكارلىشىدۇ. مەسىلەن: خەلقئارا قىزىل كىرېست جەمئىيىتى، قىزىل ھىلال ئاي جەمئىيىتى، ئىنسانىي ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى، خەلقئارا ئومۇمىي كەچۈرۈم ياكى يېشىل تىنچلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلار كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىپ زورايماقتا. ئەڭ يېڭى ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مۇشۇنداق رايون ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتتىن 2000 غا يېقىنى مۇھىت ئاسراش، ئىنسانىيەت تىنچلىقى، ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش ۋە ئىنسانىي ھوقۇق قاتارلىق پاراۋانلىق ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتقانلىقى ئېنىقلانغان. بۇ ساھەدىكى مۇكەممەل سانلىق مەلۇماتقا ئېرىشىش تەس بولغاچقا، يەنە تېخىمۇ چوڭ «قارا سانلىق مەلۇمات»لار بولۇشى مۇمكىن. 150 دۆلەت ۋە رايوننىڭ 80% ىدە كەم دېگەندىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پاراۋانلىق تەشكىلاتىدىن بىردىن بار، بۇلار بىزگە ھەمكارلىقى دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىپ كەتكەن، كۆنسېرى يۈكسىلىۋاتقان پۇقراۋى جەمئىيەتنىڭ بارلىققا كېلىۋاتقانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## دېموكراتىيەلەشتۈرۈش مۇساپىسى

دېموكراتىيەنى ئىشقا ئاشۇرغان دۆلەتلەردە ھەم مۇشۇ دېموكراتىك دۆلەتلەر ئارىسىدا، پۇقراۋى جەمئىيەت ئەڭ تېز تەرەققىي قىلىدۇ، كۈچىمۇ ئەڭ زور بولىدۇ. چۈنكى، بۇ دېموكراتىك دۆلەتلەردە سۆز قىلىش ۋە جەمئىيەتلەرگە ئۇيۇشۇش جەھەتتە ئەركىنلىك بولىدۇ، بۇ پۇقراۋى جەمئىيەتلەرنىڭ پائالىيىتىگە نىسبەتەن ئەڭ مۇنبەت تۇپراق ھېسابلىنىدۇ. «دېموكراتىيە» ئىنتايىن ئومۇملاشقان بىر شوئار بولۇپلا قالماي، بەلكى بىر خىل ئادەتكە ئايلىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئىجتىمائىي كىرىزىس سىياسىي كىرىزىسقا ئايلىنىپ قالسا، چوقۇم بۇنىڭغا دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكنى تەلەپ قىلىش چۇقانلىرى ئەگىشىپ كېلىدۇ. 1974 ــ يىلى پورتۇگالىيەدە سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز

بەردى، شۇنىڭدىن تارتىپ پۈتكۈل دۇنيادا داغدۇغىلىق دېموكراتىيەلەشتۈرۈش دولقۇنى قوزغىلىپ، ئاخىرىدا بېرلىن تېمىنىڭ ئۆرۈۋېتىلىشى بىلەن بۇ ھەرىكەت يۇقىرى پەللىگە چىقتى. 100 دىن ئارتۇق دۆلەت، يەنى دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى دېموكراتىك سايلام ۋە دېموكراتىك كېڭىشىش قاتارلىق سىياسىي مۇساپىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. دېموكراتىيە بولمىغان دۆلەتلەردىمۇ دېموكراتىك ئىسلاھاتنى تەرغىب قىلىدىغان ئۆكتىچىلەر، ئىجتىمائىي كوللېكتىپلار، سەرگەردان بولۇپ يۈرگۈچىلەر ۋە مەخپىي تەشكىلاتلار ئاز ئەمەس. يېڭى تىپتىكى تاراتقۇلارنىڭ ياردىمىدە، ئۆزۈكسىز كېڭىيىۋاتقان دۆلەت ھالقىغان خەۋەرلىشىش ئىشلىرىمۇ بۇ خىل «دېموكراتىك دەۋر روھى»نى تېخىمۇ جارى قىلدۇرغۇسى.

تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر ئىلگىرى-كىدەك ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ۋە باي جەمئىيەتتىلا «دېموكراتىيەنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ»، بىرقەدەر نامرات دۆلەت-لەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇستەبىتلەرچە ئىسلاھات ئارقىلىق جاپالىق دېموكراتىيەلىشىش مۇساپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ساقلان-غىلى بولمايدىغان ھادىسە، دەيدىغان خاتا قاراشنى تەدرىجىي ئۆز-گەرتتى. بۇنداق نۇقتىئىنەزەر ئىلگىرى «بۈيۈك ھېكمەت» بولۇپ، ئىلىم ساھەسىدە ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلەيتتى. تۇرمۇشتىكى با-ياشاتچىلىق ئەلۋەتتە دېموكراتىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇقىملىقىغا پايدىلىق، بۇ تەرىپىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ، ئەمما ئۇ دېموك-راتىيەنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئالدىنقى شەرت ئەمەس. بۈگۈنكى كۈندە زامانىۋىلىشىش ئىجتىمائىي كوللېكتىپ ۋە تەشكىلاتلارغا كۈچلۈك زەربە بەرمەكتە، ئۆزىنى چۈشىنىدىغان زىيالىيلار ۋە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەنىڭ شەكىللىنىشى ئىنتايىن ئو-

مۇمىيزلۇك ئەھۋال بولۇپ قالدى، دېموكراتىيەگە بولغان كۈچلۈك تەلەپ ۋە ئارزۇلارمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ مەيدانغا كەلدى، بەزى پايدىلىق ئەھۋاللاردا، دېموكراتىيە يەتكىلى بولمايدىغان يىراقتىكى نەرسىمۇ ئەمەس، بەلكى ئوخشۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن بولغان رېئاللىق. مانا بۇلار بىزنى تېخىمۇ مۇھىم بىر تونۇشقا كەلتۈرىدۇ، يەنى ئىقتىسادىي ئىسلاھات داۋامىدا، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ يۈكسەك جانلىقلىقى ۋە سىياسىي دېموكراتىيەلەشتۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ئىمكانىيىتى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. دېموكراتىيە، بازار ئىگىلىكى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن دۆلەتلەرنى ئوخشاش ئىجتىمائىي بايلىققا ئىگە دېموكراتىك بولمىغان دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئاۋامنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئىقتىدارى 70% كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنلۇقىنىڭ سىياسىي نەتىجىگە باغلىق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر باسقۇچ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور[①].

ئىرانمۇ چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدىغان بىر مىسال. ئەسەبىي ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن، ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىر گەۋدىلەشكەن بۇنداق دۆلەت — ھۆمەينىچە ئىلاھىي ھاكىمىيەتلىك دۆلەتمۇ ئۆزىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا دېموكراتىيە ئامىللىرىنى كىرگۈزمەي تۇرالمىدى؛ ھازىر بۇنداق قاتمال تۈزۈلمىمۇ ئەسلىدە ھىم ئېتىۋالغان دەرۋازىسىنى ئىسلاھاتقا كەڭ ئېچىۋەتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

---

① خۇنتىنگتون كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ خىل ئەھۋالغا سەل قارىغان، ئۇ 1992 ـ يىلى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش دولقۇنىنىڭ ئۆلچەملەشتۈرۈلۈشى توغرىسىدا ئەسەر يازغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلار بىلەن «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى»دىكى مەزمۇنلاردا پەرق چوڭ.

كى، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك پرىنسىپىنىڭ پۈتكۈل دۇنيادىكى تەسىر كۈچى ئەنئەنىچىلەر لاگېرىغىمۇ چوڭقۇرلاپ كىردى. بۇ مەدەنىيەت ئېيتقاندا، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ «ئېكسپورت» قىلىنىشى دەسلەپكى ئۇنۇمىنى كۆرسەتتى، چۈنكى دېموكراتىك ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسى، ئۇنىڭ تۈرغۇزۇلۇشىدا يەرلىك ۋە رايون خاراكتېرلىك پەرق بولسىمۇ، بۇ پەرقنى يوق دېيەرلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما، دېموكراتىيە ئىدىيەسىنىڭ تارقىلىشىنى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى سۆھبەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ مۇھىم بەلگە دېگىلى بولمىسىمۇ، ئەڭ مۇھىم سىمۋوللىرىنىڭ بىرى دېيىشكە تامامەن بولىدۇ.

## مەدەنىيەتلەرنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى

ئۆزئارا تەسىر ۋە دۇنيا ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش يۈزلىنىشى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى «ئومۇملاشتۇرۇش» نىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ جەرياندا ئىجتىمائىي دۇنيادىكى يەر شارى خاراكتېرىنى ئالغان ئالماشتۇرۇش ئەسلا ئوخشاشمايدىغان يولغا قويۇش چارىسىگە دۇچ كەلدى ھەم شۇ تۈپەيلىدىن ھەرقايسى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئوخشىمىغان ئۆلچەم سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. بۇنداق ئەھۋالدا كىشىلەر بۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەنئەنىۋى ئادەت بىلەن بىرلەشتۈرمىسە بولمايتتى، ئەمما يولغا قويۇش چارىسىنى پەۋقۇلئاددە زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندىلا ئۆزگەرتىشكە بولاتتى، شۇڭا ئىجتىمائىي مىزاننىڭ ئۆزگىرىشى تېخىمۇ ئاستا بولاتتى. بىراق، مەدەنىيەتنىڭ كۆچۈشى يېشى چوڭ كىشىلەر ئارىسىغا قارىغاندا، ياشلار ئارىسىدا تېخىمۇ ئاسان ئىشقا ئاشىدىغان بولۇپ، بەزىدە تېخى تەشەببۇسكارلىق تۈسىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئالاتتى. شۇڭا، «زامانىۋىلىشىش» نىڭ ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت چەمبىرىدىكى تەسىرىمۇ ئانچە ئوخشاش بولمايدۇ، بىراق ھەممىسىدىلا ئورتاق بىر يادرولۇق ساھەگە مەركەزلىشىدۇ. زامانىۋىلىشىش جەريانى ئۇزاق ۋە چوڭقۇر بولغانسېرى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى شۇنچە قويۇق بولىدۇ، بۇ ساھەنىڭ چېتىلىش دائىرىسىمۇ شۇنچە كەڭ بولىدۇ.

شۇڭا، يېڭى مەدەنىيەتلەرنىڭ بىر - بىرىنى قوشۇۋېلىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرى بىلەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئارىسىدا، مەدەنىيەتلەرنىڭ ئوخشاشلىقى بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ماسلىشىش تەلىپى ئارىسىدا ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ.

بۇنىڭدىن بىز مۇنداق ئۈچ جەھەتتىكى مۇھىم تونۇشنى ھاسىل قىلالايمىز:

بىرىنچى، زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىنىڭ قانۇنىيەتلىكلىكى مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىنى قوغداش پۇرسىتىنى زور دەرىجىدە چەكلەپ قويىدۇ. زامانىۋىلاشتۇرۇش تۈرلۈك مەدەنىيەتلەرگە تونۇشلۇق بولغان «قول ھۈنەر - سەنئەت قورالى» ئارقىلىق رويابقا چىقمايدۇ. زامانىۋىلاشتۇرۇش تەلىپىنىڭ خاس ئۇسۇللىرى باشقا شەيئىلەرنى چەتكە قاقىدۇ. شۇڭا، زامانىۋىلىشىشنى ئۆزگەرمەس مەدەنىيەتكە ماسلاشتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ماسلىشىشچانلىق ئۆزئارا بولىدۇ، شۇنداق بولغاندىلا تۈرلۈك مەدەنىيەتلەرنىڭ ئورتاقلىقى ئۆزۈكسىز كېڭىيىپ بارىدۇ.

ئىككىنچى، بۈگۈنكى پەن - تېخنىكىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىياتى تۈرلۈك مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇشنىڭ تېخىمۇ قويۇق ھەم كۆپ خىل بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن، بۇ مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى ماسلىشىش، ئۆگىنىش ۋە قوبۇل قىلىش جەريانى-

نى نىسبەتەن ئاددىيلاشتۇرغان.

ئۇچىنچى، ھەرقايسى مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى قىسمى بىلەن تۇر-لۇك مەدەنىيەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەممىگە ئايان بولغان خەلقئارالىق مۇناسىۋەت ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. مەسى-لەن، دۆلەتلەر دۇنياسىنىڭ تەڭپۇڭلىشىش جەريانى، ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان سودا دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنىڭ چەكلىمىسى؛ دۆلەتتىن مۇستەسنا ئىجتىمائىي دۇن-يانىڭ تورلىشىشى دېگەندەك، بۇ ئۈچ ئامىلدا زىددىيەت - توقۇ-نۇشلار بارغانسېرى گەۋدىلىنىپ بارماقتا، بىرىنچىدىن، خەۋپسىز-لىك جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلار دۆلەتلەرنى بىر - بىرىگە ئىشەن-مەس قىلىۋېتىدۇ، ھەتتا شۇ تۈپەيلىدىن نۇرغۇن مۇقىمسىزلىق ئا-ملىلىرى كېلىپچىقىپ، دۆلەتلەر دۇنياسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇ-زۇۋېتىشى مۇمكىن. ئىككىنچىدىن، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دۇنيا ۋە ئىقتىسادىنىڭ جانلىنىشى بىزنى «يەر شارى ئىقتىسادشۇناسلىقى» نىڭ كاتېگورىد-يەسى ئۈستىدە ئويلاندۇرىدۇ، دېمەك بىز بۈنى تېخىمۇ يۇقىرى نۇقـ-تىدىن — دۆلەت ۋە رايونلار ئارىسىدىكى بارلىق ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي رىقابەت ئەھمىيىتىدىن چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلمىساق بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەڭ ياخشى مەنپەئەتكە ئېرى-شىش لايىھەسىنى تاللاش ئارزۇسى سىياسىي جەھەتتىكى چەكلىمە ۋە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان سىياسىي زوراۋانلىقنىڭ بار-لىق مۇمكىنچىلىكلىرىنى تۈگىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇڭا سىيا-سىي زوراۋانلىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات يولىدىكى كىشىنى بىزار قىلىدىغان پۇتلىكاشاڭ ئۇنىڭ زىيىنى بولسا باركى، ھەرگىز پايدى-سى يوق. ئۈچىنچىدىن، ئىجتىمائىي دۇنيادىكى جانلىقلىق «يات مە-دەنىيەت» كە قارشى ھەرىكەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قارشى ئا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مىللارنى تېزلا كۆپەيتىۋېتىدۇ ھەم شۇ تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ مۇداپىئە ئىقتىدارىنى قوزغىتىدۇ، شۇڭا مەدەنىيەتلەر قوشۇلغاندا كەسكىن سوقۇلۇش يۈز بېرىدۇ، بىراق بۇ يەنە مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى ئەركىن ئالمىشىش پۇرسىتىنىمۇ كۆپەيتىدۇ.

# 2

## ئىجتىمائىي كىرىزىس ۋە سىياسىي ھۆكۈمرانلىق

مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرق قانداق ئەھۋالدا سىياسىي تۇرمۇشقا تەسىر كۆرسىتىپ، كەڭ ئاممىنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، دۆلەتنىڭ تاشقى سىياسىتىنى بەلگىلەپ قويىدۇ ھەم خەلقئارالىق توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟ نېمىلا دېگەنبىلەن خانتىگتوننىڭ نۇقتىئىنەزىرى ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق سۇبيېكتىپ ئويدۇرۇپ چىقىرىلغانمۇ ئەمەس، ئۇنى قىلچە ئاساسى يوق دېگىلىمۇ بولمايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بەزى نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ مۇئەييەن ئاساسى بار. «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دېگەن كىتابتا تىلغا ئېلىنغان ئىسلام دىنى ۋە ھىندى دىنىدىكى ئەسلىيەتچىلىك؛ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىدىكى دۆلەتلەر بىلەن غەرب دۆلەتلىرىنىڭ «ئاسىيا» ۋە «غەرب» قىممەت قارىشى مەسىلىسىدىكى كەسكىن مۇنازىرىلىرى؛ جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇق مەسىلىسىدىكى ئوخشاشمىغان قاراش ۋە تالاش - تارتىشلىرى ۋەھاكازا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ئوبيېكتىپ تارىخىي رېئاللىق. بىز بىر جەھەتتىن ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەردىكى بۇ پەرقلەرنىڭ بىزگە كەلتۈرگەن ئوبيېكتىپ ئاقىۋىتىگە سىياسىي نۇقتىدىن بەك يۇقىرى باھا بېرىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم، يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەدەنىيەتلەردىكى پەرقنىڭ تەسىرىنى ئىنكار قىلىشمۇ ئوخشاشلا خاتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## «مەدەنىيەت ئۈستىدىكى قايتا ئويلىنىش» تىن پايدىلىنىپ كىرىزىسنى يېڭىش

مەدەنىيەت قىممىتىنىڭ مۇھىملىقى ئېغىر ئىجتىمائىي كىرىزىس دەۋرىدىلا نامايان بولىدۇ. دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئاپپاراتى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ئۆزىگە ئۈمىد باغلىغان ئاۋامنىڭ ئاساسىي تەلىپىنى قاندۇرالمىغاندا، ئىجتىمائىي كىرىزىس يۈز بېرىدۇ. ئاۋامنىڭ تەلىپى ئالدى بىلەن ماددىي قاتلامدا، يەنى كىشىلەرنى كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ، يۈرۈش ـ تۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك زۆرۈر تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە، شۇنداقلا جەمئىيەت ياراتقان ئىشقا ئورۇنلىنىش پۇرسىتى، دۆلەت پىلانى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بىر ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئاساسىي ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇشقا قۇربى يەتمىسە، ھامان تەختتىن چۈشمەي قالمايدۇ. ناۋادا ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تۈزۈلمە بۇ ئاساسىي مەسىلىلەرنى ئۇزاققىچە ھەل قىلالمىسا، ئېغىر كىرىزىسقا دۇچار بولۇپ، ئۆزىنى ساقلاپ قالمىقى تەسكە چۈشىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ماددىي خۇسۇسىيەت بۇنداق كىرىزىسلارنىڭ ئىپادىلىنىشىدىكى بىردىنبىر خۇسۇسىيەت ئەمەس. ئېنىقنى ئېيتقاندا، كىرىزىسنىڭ بىزگە يەتكۈزىدىغان تەسىرى كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا، داۋاملىشىپ كەلگەن تۇرمۇش ئادىتىگە ۋە بارلىق مەدەنىيەت ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر سىڭگەن. ئۇ ھەممىلا يەردە مەۋجۇت، ئۇنىڭ تەسىر كۈچىمۇ ئۇزۇكسىز ئېشىپ بارىدۇ. كىرىزىس رېئال «ھاياتلىق دۇنياسى» نىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان كۆرۈنمەس «ماددا» ـــ ئېنىق بەلگىلىنىپ بولغان ئىشەنچلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىسى (بىلىم، ئېتىقاد، سېزىم ۋە تەپەككۇر ئادىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) گە تاجاۋۇز قىلىدۇ، رېئال

«ھاياتلىق دۇنياسى» دا كۈندىلىك ئىش ـ ھەرىكەت بىخەتەرلىككە، شۇنداقلا تەپەككۇرنىڭ قوللىشىغا موھتاج. كىشىلەر ئۆز ئادىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قالالمىغان، ئوبيېكتىپ ئەھۋال «ئەنئەنىۋى» تۇرمۇش ئۇسۇلىنى داۋاملاشتۇرۇشقا يول قويمىغاندا، پسىخىكىلىق بەرداشلىق بېرىش كۈچى ئىنتايىن نازۇكلىشىپ زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت سىرتىدىن كەلگەن خىرىس كۈچەيگەنسېرى مەدەنىيەت ئىچىدىكى جان تالىشىش ئامىللىرى شۇنچە قوزغىتىلىدۇ، بۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىگە يىلتىز تارتقان سالاھىيەت تونۇشى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئۆتىدۇ.

ھازىر سالاھىيەتكە بولغان تونۇش كىشىلەردىكى ئاساسىي ئېھتىياجنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، ئۇ كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش نىشانىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. كىشىلەر ھازىر «يېگانە بۆرە توپى» ئەمەس، بەلكى ئوخشاش مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە كوللېكتىپ، بىراق تەۋەلىك تۇيغۇسى كىشىلەرنىڭ بەدەن ئالاھىدىلىكى (مەسىلەن: ئۆڭى، چىراي ـ شەكلى ياكى تۇرقى) نى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىپ ئەمەس، بەلكى كۆپ ھاللاردا مەدەنىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەلىيەت پائالىيىتى ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلىدۇ. شۇڭا، كۈندىلىك تۇرمۇش دۇنياسىدىكى ئىش ـ ھەرىكەت، ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ ساقلىنىشى سالاھىيەتنى تەكشۈرۈشنىڭ ئۇسۇلىغا ئايلىنىپ قالغان.

بىز زامانىۋىلىشىش جەريانىنىڭ بۇنداق كىرىزىسنى ئەڭ زور دەرىجىدە كەلتۈرۈپ چىقىرالايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز، زامانىۋىلىشىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى، دۇنيا ۋە خەۋەرلىشىش تورىنىڭ بەرپا قىلىنىشى، يېڭى بىر نۆۋەتلىك كۆچمەنلەر دولقۇنى كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنداق غايەت زور ئۆزگىرىش كىشىلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇنيا قارىشىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلايدۇ؛ شۇ-نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە كىشىلەرنىڭ ئۆز مەدەنىيەت ئەنئە-نىسىگە يېڭىباشتىن نەزەر سېلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. چۈنكى رېئال ئەھۋاللارنىڭ كۆپىنچىسى ئەنئەنىگە يات بولغاچقا، ئەنئەنىۋى مەدە-نىيەت ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سىرتتىن كەلگەن مەدەنى-يەتكە كۈچلۈك سوقۇلىدۇ، شۇڭا مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقتىن ساقلانماق تەس بولۇپ، مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى قىسـ-مىدىن سىرتتىن كەلگەن ئامىلغا نىسبەتەن كۈچلۈك ئەكس تەسىر كۈچ گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ ياشاش يولىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغان، ئىجتىمائىي پۈتۈنلۈكنىڭ ئىتتىپاق-لىقىغا تەھدىت سالىدىغان ئامىللار ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش مۇ-ھىتىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بولمىسا كېرەك؛ بۇنداق تەرەققىيات جەر-يانىنى ھەم ئۇنىڭدىن كېلىپچىقىدىغان ئاقىۋەتنى تولۇق مۆلچەرلەپ كەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ بۇ مەسىلىدىكى تونۇشىدا ئېغىش كېلىپچىققان بولۇپ، مەسىلە چىققاندا ناھايىتى ئاددىي ھەم خاتا بولغان «ئۇستاتلىق نەزەرىيەسى» دىن پايدىلىنىپ، ھەممە سە-ۋەبنى «تاشقى ئامىل» — سىرتتىن كەلگۈچىگە يۈكلەپلا قويۇپ ئىشنى تۈگىتىدۇ، خۇددى ئەينى چاغدا 3 - ئىمپېرىيە دۇنيادىكى بارلىق بالايىئاپەتلەرنى «قارغىش تەگكۈر يەھۇدىيلار» دىن كۆرگەن-دەك، كىشىلەر ئۆز خاھىشىغا ماس كېلىدىغان دۇنياۋى رولنى يۈت-كۈل دۇنيا مىقياسىدىن ئىزدەشتىنمۇ يانمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا يات مىللەت مەدەنىيىتى خەۋپلىك دەپ قارىلىپ، بىر خىل تەھدىتنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالىدۇ[1].

---

[1] باسسام تىبى: «مەدەنىيەتلەر ئۇرۇشى»، «ئىدراك ۋە ئەسلىيەتچىلىك ئارىسىدىكى سىياسىي ۋە دىن»، 3 - باب. ھامبۇرگ، 1995 - يىلى نەشرى.

زامانىۋىلىشىش جەريانى ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئىككى جەھەتتە تەڭلا جارى قىلدۇرىدۇ: بىر جەھەتتىن، ئۇ كىشىلەر ئادەتلىنىپ قالغان ماددىي تۇرمۇش ئۇسۇلىنى بۇزۇپ تاشلاپ، كىشىلەرنى رېئال تۇرمۇشقا ماسلىشىش ئۈچۈن ئاز - تولا ئۆزگىرىش ياساشقا مەجبۇرلايدۇ. ئۇلار خالىمىغان تەقدىردىمۇ بۇنداق ئۆزگىرىش بەردىر يۈز بېرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇ كىشىلەر كېيىن شەكىللەندۈرگەن ئۆز سالاھىيىتىگە بولغان تونۇشىغا نىسبەتەن گۇمان پەيدا قىلىدۇ. ئۆزگىرىش يۈز بېرىۋاتقان يىللاردا كىشىلەر توساتتىنلا نېمە قىلارىنى بىلمەي قېلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ. چۈنكى، زامانىۋىلىشىش ھاياتلىق دۇنياسىنىڭ ئىپتىدائىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى بۇزۇپ تاشلايدىغانلىقتىن، كىشىلەر ئەسلىدىكى تۇرمۇش يۆلەنچۈكىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، بۇگۈنكى دۇنيا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. ئوخشاشلا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قىممىتى ۋە ئۇنۇملۇكلۇكىمۇ كىشىدە گۇمان پەيدا قىلىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ بىر مەيدان ئېغىر كىرىزىسنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ھەم غايەت زور خەۋپنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. ئىنساننىڭ ھايۋانغا ئوخشىمايدىغان بىر تەرىپى شۇكى، ئۇلاردا خەۋپلىك ئەھۋالغا بىۋاستە سېزىم بىلەن تاقابىل تۇرىدىغان ئىقتىدار كەمچىل، شۇڭا ئىنسانلار خەۋپلىك ئەھۋالغا يولۇققاندا، ھەمىشە ياشاش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا قوللانغان مەدەنىيەت قورالىدىن پايدىلىنىدۇ. ناۋادا مەدەنىيەت قورالى يېپيېڭى، ئۆزىگە تونۇشلۇق بولمىغان يېڭى ۋەزىپە ئالدىدا رولىنى جارى قىلدۇرالمىسا، كىشىلەر خۇددى كاجلىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان ھايۋانغا ئوخشاش جېنىنىڭ بارىچە چىقىش يولى ئىزدەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئەجەل ئالدىدا كاجلىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان بۇ ھايۋان بىر بولسا ئالاقزادىلىك ئىچىدە ۋاستە تاللاپ ئولتۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

مايدۇ، رەسۋا بولۇشى بىلەنمۇ ھېسابلاشمايدۇ، بىر بولسا دەھشەتلىك ھۆججۈمغا ئۆتىدۇ ياكى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان بۇ ئىككى خىل ئەھۋال ئارىسىدا دېلىغۇل بولۇپ قالىدۇ. ئىنسانىنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندىكى ئىش ـ ھەرىكىتىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاشىپ كېتىدۇ، شۇڭا بۇنداق ئىشلارنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ زامانىۋىلىشىش ئېلىپ كەلگەن كىرىزىس ئالدىدىكى ئىش ـ ھەرىكىتىدە روشەن مەدەنىيەت ئىزنالىرى بولۇشى مۇقەررەر، ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك بەش خىل ئىنكار شەكلى بولۇشى مۇمكىن:[1]

بىرىنچى، ئۆزگىرىشكە تامامەن ماسلىشىپ، يېڭى تۇرمۇش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىش. مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى مۇرەككەپ، كۆپ خىل بولىدۇ، ئىش ـ ھەرىكەت جەھەتتىكى بۇنداق تاللاش ئاز ساندىكى بىرقانچە مىللەتتىلا كۆرۈلىدۇ. بۇ مىللەتلەر ئارىسىدىكى ياخشى تەربىيە كۆرگەن، بىلىش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان ياش بىر ئەۋلاد تارىخ ئېقىمىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەڭ ياخشى ماسلىشىپ كېتەلىشى مۇمكىن، ئۇلار يېڭى شەيئىلەرنى قوبۇل قىلىشقا ماھىر بولۇپ، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە بولغان قارىشى نىسبەتەن سۇس، شۇڭا ئۇلارنىڭ يات مەدەنىيەتنى چەتكە قېقىشىمۇ نىسبەتەن ئاجىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە «ماسلىشىپ كەتكەن» لىرى جەمئىيەتتىكى قابىللار ياكى مەدەنىيەت ساپاسى جەھەتتىكى خاسلىقى ۋە جانلىقلىقى يۇقىرى دەرىجىدە ماس كەلگەن كىشىلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇڭا، بۇ مەدەنىيەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ئۆزلۈكسىز پەيدا قى-

---

① توماس مېيېر: «سالاھىيەت تۇيغۇ»، «مەدەنىيەت پەرقىنىڭ سىياسىيلىشىش»، بېرلىن، 1997 ـ يىلى نەشرى.

لىدىغان خەۋپ بىر قەدەر كىچىك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەدەنى-يەتلەردىكى «يېڭى» ئادەت ۋە ھەرىكەت شەكىللىرى ئوچۇق گەۋدى-لىنىدۇ. بىراق، «يېڭى» ھەرىكەت شەكىللىرىنىڭ ۋەكىللىرى ھە-مىشە شۇ تۇپەيلىدىن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ھىمايىچىلىرى نەپ-رەت ياغدۇرىدىغان ئوبيېكتقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئىككىنچى، زىخمۇ كۆيمەيدىغان ھەم كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان بىر تەرەققىيات يولىنى تېپىپ، «كونا ـ يېڭى» مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا مەلۇم بىر ھەرىكەتچان تەڭپۇڭلۇقنى روياپقا چىقىرىش. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى سوقۇلۇش ھەمىشە ھەل قىلماق تەس بولغان نۇرغۇن رېئال مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، كىشىلەر بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلالماي مۇشكۈل ئەھۋالدا قېلى-شىمۇ مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا زىيالىيلار ۋە پەن ـ تېخنىكا جە-ھەتتىكى قابىللارغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلار تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىجابىي ھەم كىشىنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدىغان ھەل قىلىش يولىنى ئىزدىشى مۇمكىن، جەمئىيەتتىكى بۇ قابىللارنىڭ نىشانى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، يېڭى تەپەككۇر بىلەن كونا ئەنئەنە ئارىسى-دىن مۇۋاپىق بىر مۇرەسسە ـ مادارا لايىھەسىنى تېپىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئىسلام ئىسلاھاتچىلىقىنى ياقلايدىغان زىيالىيلار شۇنداق قىلدى، بۇمۇ ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان سىناق، ئەلۋەتتە. مىسىرلىق ئەبۇ سەئىد ئۇلار ئارىسىدىكى ۋەكىللىك شەخستۇر. غەربنىڭ مەدە-نىيەت تارىخىدا يات دىن بولغان خىرىستىيان دىنى دەھرىي جەمئى-يەت بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرىككەن، بۇنى قايىل قىلارلىق بىر مىسال دېيىشكە بولىدۇ. شۇغىنىسى ئەڭ تەس يېرى شۇكى، بۇ دانا تەسەۋۋۇرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسىي شارائىتنىڭ بەزى ئوڭ كەلمەيدىغان تەرەپلىرى بولىدۇ، پەقەت شارائىت يار بەرگەن ھەم ئىنتايىن زۆرۈر بولغان ئەھۋالدىلا مۇشۇنداق مەدەنىيەت بىرىكمە

گەۋدىسى شەكىللىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتە تېـ-
گىشلىك رول ئوينىشى ئۈچۈن، ئۇنى تامامەن ئاممىبابلاشقان ئالا-
ھىدىلىك بويىچە پىلانلاش، لايىھەلەشكە توغرا كېلىدۇ. ناۋادا بۇنداق
ئۇرۇنۇشلار بىر باشقا چىقمىسا، ئۇنداقتا «كونا - يېڭى مەدەنىيەتنى
ئۆزئارا يۇغۇرۇش» نى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ۋە ئالدىدا تىلغا ئېـ-
لىپ ئۆتكەن «يېڭى مەدەنىيەتكە ماسلاشقۇچى» لار ئاساسىي ئېقىمغا
ئايلانغان مەدەنىيەتنىڭ سىرتىدا يېتىم قالىدۇ؛ ئەكسىچە، بۇنداق
ئۇرۇنۇشلار بىر باشقا چىقسا، ئەنئەنىۋى مەزھەپنىڭ چوڭ ھوقۇقنى
چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىشنى توسىدىغان ياكى ئۇنىڭ ھوقۇقنى ئا-
جىزلاشتۇرىدىغان ياخشى پۇرسەت چىقىدۇ.

ئۈچىنچى، كىرىزىس ئىچىدە قالغان، مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلۇش-
نى ئويلىسىمۇ، بىلىم، ماھارەت جەھەتتىكى چەكلىمە تۈپەيلىدىن
سۇبيېكتىپ جەھەتتە كىرىزىسنى يېڭىشكە ئۇرۇنۇپ باقماي، ئېـ-
قىمغا ئەگىشىپ ئەتراپتىكى مۇھىتقا پاسسىپ يوسۇندا ماسلىـ-
شىش، شۇنداقلا ئۆزى بىلىدىغان دائىملىق ئىش - ھەرىكەت بىلەن
يېڭى شەيئىنىڭ بېسىمى ئارىسىدىن تەڭپۇڭلۇق نۇقتىسىنى تېـ-
پىپ، مەدەنىيەت قىممىتىدىن بۇرۇلۇش ياساش. بۇ بىر خىل پاس-
سىپ، ئەمما ئاڭلىق تۈردىكى تاكتىكا بولۇپ، ئىككى قۇتۇپ ئارى-
سىدا ئېنىق بولمىغان، زورمۇزور يۆتكىلىش كېلىپچىقىدۇ. بۇنداق
ئىنكاس ئادەتتە زامانىۋىلىشىشنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان كەڭ ئام-
مىدا كۆرۈلىدۇ. ئۇلار سالاھىيەت جەھەتتىكى تونۇشنىڭ توقۇنۇشۇپ
قېلىشىدىن ئىمكانقەدەر ساقلانماقچى بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ
ئىدىيەسىنى بىر خىل خەۋپ تۇيغۇسى چۇلغىۋالىدۇ. روھىي دۇنيا-
سىدىكى يېڭى تەڭپۇڭلۇق بىلەن ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت سالاھى-
يىتىگە بولغان تونۇش مۇقىم بولمىغانلىقتىن، ناۋادا ئەتراپتىكى
مۇھىتتا تاسادىپىي ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا، بۇ كىشىلەر ئاسانلا

چەكتىن ئاشقان لاگېرنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ، يات، يار-دەمسىز مۇھىتتا بۇنداق «قايمۇقتۇرۇش» كىشىنى ئەنئەنىۋى مەدە-نىيەتنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ساختا ئىكەن، دېگەن ئويغا كەلتۈ-رىدۇ.

تۆتىنچى، تۆۋەندىكى ئىنكاس شەكلى ئالدىنقى ئۈچ خىل ئەھ-ۋالغا ئوخشىمايدۇ، بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىمىز ئەنئەنىۋى مەدە-نىيەتنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئاساسىدىكى ئىنكاستۇر. كىشىلەر زا-مانىۋىلىشىش خىرىسىغا دۇچ كەلگەندە، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى تا-رىخنىڭ ئەخلەتخانىسىغا چۆرۈۋەتمەستىن، بەلكى شۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە تايىنىپ ئۆزىنى قوغدايدۇ ھەم شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ شىددەت بىلەن بېسىپ كەلگەن يات مەدەنىيەتنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا زەربە بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت زامانىۋىلىقىقا ۋە كەلگۈسىنىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدىغان ھەرىكەت ماھارىتىنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن تەنقىد نىشانىغا ئايلىنىپ قالماستىن، بەلكى خىرىس قىلغۇچىنىڭ ئۆزى تېخىمۇ ئاسانلا زەربە نىشانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. كىشىلەر ئۆز مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن پايدىلى-نىپ سىرتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىغا كۈچلۈك زەربە بېرىش ئارقى-لىق، ئۆزىنىڭ كۈنسايىن تەھدىتكە ئۇچراۋاتقان سالاھىيەت تونۇ-شىنى ئىسپاتلايدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ. بۇنداق ئىنكاس شەكلى شەخس ۋە كوللېكتىپنىڭ كىرىزىسنى يېڭىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇڭا، كىرىزىس مەزگىلىدە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئورنى ھەمى-شە قىزىقارلىق يوسۇندا يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ھەمدە تەسىر كۈچىمۇ ئادەتتىكى ئەھۋالدىكىدىن خېلىلا ئېشىپ كېتىدۇ. مىللەتلەر ئارى-سىدىكى ئالاقىنىڭ كۆپىيىشى ھەمىشە تاپا ـ تەنىدىن خالىي بولال-مايدۇ، ئەمما تۈرلۈك مەدەنىيەتلەرنىڭ نەچچە 100 يىلدىن بۇيانقى يۇغۇرۇلۇشىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلار ئارىسىدىكى چەك ـ چېگ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

راني ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. تارىخىي مۇساپىسىدە يېڭى مىللەتلەر ئۆزۈكسىز مەيدانغا كېلىپ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى سان – ساناقسىز قوشۇلۇش ۋە ئاھالىنىڭ نۇرغۇن قېتىملىق كۆچۈشى ئەڭ ئىپتىدائىي بولغان «ھەقىقىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت»نى بىر خىل ئارىلاشما يېڭى مەدەنىيەتكە ئايلاندۇرغان. دىن جەھەتتىن ئالساق، يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن پىراۋوسلاۋىيە دىنى قەد كۆتۈرۈپ، ئەنئەنىۋى دىنىي ئەمرىمەرۇپلارغا بولغان ئىخلاس يەنە ئەۋج ئالدى، بىراق بۇ كونا مەدەنىيەتنىڭ ئاددىيلا قايتا باش كۆتۈرۈشى ئەمەس، بەلكى بۇلارنىڭ ھەممىسى دەھرىيلىشىش، يەرلىكلىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، مەدەنىيەتلەر يۇغۇرۇلغاندىن كېيىنكى بىر خىل يېڭى ئاقىۋەت، روھانىيلار ۋە دىنىي مەزھەپلەرمۇ مۇشۇنداق شانلىق دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن، كىشىلەر خىرىستىيان مۇخلىسلىرى ئىچىدىن شۇنچە كۆپ ئالىم، تەبىئىي پەن ئالىملىرى ۋە ئىنژېنېرلارنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقىدىن ھەيران قېلىشىدۇ. مېنىڭچە، ئەھۋال مۇنداق بولسا كېرەك: مەدەنىيەت سالاھىيىتىگە بولغان تونۇشنىڭ «ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار» غا بولغان زەربىسى ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ. ئادەتتىكى پۇقرالار رېئال مەۋجۇتلۇقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا بەكرەك ئالدىرايدۇ، دېمەك ئۇلارنىڭمۇ ئۆزى كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلىرى بار. كىشىلەر بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ مەدەنىيەتنى شەكلەن كۆچۈرۈپ كەلمەستىن، مەدەنىيەتنىڭ قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مۇلاھىزىلەر داۋامىدا مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى تارقىتىشنى بەكرەك ئارزۇ قىلىشىدۇ. شۇڭا، بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ مەدەنىيەتنى تونۇش مەسىلىسىدە جاپا – مۇشەققەتنى باشتىن كەچۈرۈشى تۇرغانلا گەپ.

بەشىنچى، بۇ خىل ئىنكاس شەكلى ئادەتتە تۆتىنچى خىل

شەكلىگە ھەمراھ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، يەنى بۇ يات مەدەنىيەت-كە نىسبەتەن ھۇجۇم قىلىش خاراكتېرىدىكى چەتكە قېقىش ھەرد-كىتىدۇر. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تونۇشىغا بولغان خىرىس خۇددى ئادەملەرنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىگە ئوخشاشلا بىر «يات دۈشمەن» نىڭ زىممىسىگە يۈكلەپ قويۇلغان ھەم شۇ ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىققان غەرب مەدەنىيىتى، ئامېرىكا، دۆلەت ھالقىغان كونسېرن (كونسېرن — كاپىتالىزمدىكى مونوپول تەشكىلاتنىڭ بىر خىل شەكلى)، يەھۇدىي قىساسچىلىقى، ئىسلام دىنى، تۈركۈملەپ كېلىد-ۋاتقان يات كۆچمەنلەر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى «يات دۈشمەن» نىڭ كونكرېت شەكلىدۇر. بۇ يەردە تولىمۇ قىزىقارلىق بىر ئىشنى تىلغا ئېلىپ ئۆتمەي بولمايدۇ. ئامېرىكىدىكى ئېكستىرىمىزمچىلار مۇنداق بىر قىياسنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇلارنىڭ قىياسىچە ئامېرىكىنىڭ كەلگۈسىدىكى دۈشمىنى كونكرېت دۆلەت ياكى دۆلەتلەر گۇرۇھى ئەمەس، بەلكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىكەن. ئەمەلىيەتتە بىرەر قۇربانلىق تېپىشنىڭ ئۆزى ئېغىر يۈكنى يەلكىسىدىن ئېلىپ تاشلىغاندەك، جىنايى جاۋابكارلىقتىن قۇتۇلغاندەكلا بىر ئىش. كىشىلەر ئۆز تۇرمۇشىغا تاجاۋۇز قىلغان خەۋپ - خەتەر ئوچۇق - ئاشكارا بولغاندا، ئۇنىڭغا ھېچنېمىگە قارىماستىن قارشى تۇرىدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ئادىتى، مەدەنىيىتى ۋە مەدەنىيەت تونۇ-شىنى ئۆزگەرتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا بولسا، بۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا باھانە تاپىدۇ. ئاشۇ ئېكستىرىمىزمچىلار نېگىزىدىن ئېيتقاندا، پەرىزىدىكى «ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت» قوغدىغان ھەم ئەس-لىگە كەلتۈرگەن، نۇرغۇن زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ ئۆز لاگېرىدىكى ئاتالمىش «ئاسىيلار» نى ئىزدىگەن، ساتقۇنلارغا دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن، دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ سوتلىغان. بۇ ساتقۇنلار پاك دىنىي ئەقىدىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئورتودوكسال ئە-

دىيەنى بۇزمىلاپ، مۇقەددەس ئەمرىمەرۇپلارنى دەپسەندە قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاسسىلىقى كىشىنىڭ نەپرىتىنى قوزغايدۇ، چۈنكى ئۇلار «ياتلىشىپ كەتكەنلەر» گە قارىغاندا ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان تۇرسا، نېمىشقا ئاسسىيلىق قىلىدۇ؟ بۇ مۇنداق بىر غەلىتە ھادىسىنىڭ سەۋەبىگە بېرىپ تاقىلىدۇ چەكتىن ئاشقان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ قۇربانلىقلىرى يات مەدەنىيەت چەمبىرىكىنىڭ ئەزالىرىدىن ئەمەس، بەلكى كۆپىنچە مەدەنىيەت چەمبىرىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن چىقىدۇ.

بۇ بەش خىل ئىش ـ ھەرىكەتتە مۇنداق بىر ئورتاقلىق بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن «يېڭى مەدەنىيەت» سوقۇلغاندا كۆرۈلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەنئەنىنىڭ ھىمايىچىلىرى «ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت» نى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى ياكى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان خام خىيال، خالاس. دۇنياۋىلاشتۇرۇش دولقۇنىغا قارشى ئەنئەنىۋى كۈچلەرنىڭ ئىدىيەسى ۋە ھېسسىياتى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ دەھشەتلىك زەربىسىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. ئېقىمغا قارشى يول تۇتقانلار ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان تارىخ چاقىنى ھەرگىز توسۇپ قالالمايدۇ. دۇنيا ھازىر دۇنياۋى مەدەنىيەت بىلەن رايون مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن يۇغۇرۇلۇشنىڭ تەسىر كۆرسىتىشىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، بۈگۈنكى ئەھۋالنى «يەر شارى خاراكتېرلىك رايونلىشىش» دېگەن سۆز بىلەن تەسۋىرلەش كېرەك.

## يەھۇدىيلارغا قارشى ئېقىم ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق كىرىزىسىنى يېڭىشتىكى ۋاستە

نۇرغۇن تارىخي پاكىتلارنى كىشىلەر ئېنىق بىلىپ كەتمەيدۇ،

ئەمەلىيەتتە، تاسادىپىي يۈز بەرگەن ھەرقانداق تارىخىي ۋەقەنىڭ
ئۆزىگە خاس مۇقەررەرلىكى بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى تونۇشنىڭ بىز تۆ-
ۋەندە ئېيتىپ ئۆتىدىغان ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى چۈشىنىشكە پاي-
دىسى بار. غەرب تارىخىدا بىرقانچە ئەسىردىن بۇيان يەھۇدىيلارغا
قارشى ئېقىمغا تېخى خاتىمە بېرىلگىنى يوق، يەھۇدىيلار بەزىدە
ھەتتا ۋەھشىيلىك بىلەن قىرغىن قىلىنغان. بىز يەھۇدىيلار بىلەن
خىرىستىيانلار، يەھۇدىيلار بىلەن ئەرەبلەرنىڭ قەدىمدىن تارتىپ
ئۇزاق مۇددەت تىنچ ئۆتۈپ كەلگەنلىكىنى، بۇنداق ئىناقلىقنىڭ نې-
مىشقا كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە تېرررورلۇق، زوراۋانلىق تەرىپى-
دىن يوققا چىقىرىلغانلىقىنى چۈشىنەلمەي كەلگەنىدۇق. 3 - ئىم-
پېرىيەنىڭ پۈتكۈل ياۋروپادا يەھۇدىيلارغا ئىنسان قېلىپىدىن چىق-
قان دەرىجىدە شەپقەتسىزلىك قىلىش، نەسلىنى قۇرۇتۇشتەك ئىر-
قىي يوقىتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشى تارىختا مىسلى كۆرۈل-
مىگەن ئىش. ئەمەلىيەتتە يەھۇدىي مىللىتىگە قارىتىلغان زوراۋان-
لىق چەكتىن ئاشقان خاھىش بولسىمۇ، بىراق ئۇ كەڭ تارقالغان
بىر خىل تارىخىي ھادىسە، غەرب جەمئىيىتىدە يەھۇدىي مىللىتى
باشتىن - ئاخىر چەك - چېگرانى ئېنىق ئايرىشقا توغرا كېلىدىغان
يات مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىپ كەلگەن. ناۋادا جەمئىيەت «نورمال»
ئايلىنىۋەرگەن بولسا، ئۇلار ئومۇمەن ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ
قانۇنلۇق ئەزاسى دەپ قارىلىپ، قوغدىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىپ
قالغان بولار ئىدى. شۇغىنىسى، جەمئىيەتتە كىرىزىس كۆرۈلگەن-
دە، نورمال ئەھۋالدا كىشىلەر دىققەت قىلىپ كەتمەيدىغان «ئۇششاق
پەرق» لەرمۇ گەۋدىلىنىدۇ، شۇڭا يەھۇدىيلار مۇتلەق ياتلار قاتارىغا
چىقىرىۋېتىلىپ، خەۋپلىك دۈشمەنگە ئايلىنىپ قالغان. شۇنداق
قىلىپ كىشىلەر كۆپ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا (قورال ئىشلىتىش
خەۋپىگە تەۋەككۇل قىلىپ) بالايىئاپەتنى يۈكلەپ قويىدىغانغا قۇر-

بانلىق ئىزدەشكە كىرىشكەن (رېئال دۇنيادىكى چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان تۈرلۈك كىرىزىسلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى بىرەر كىمزىممىسىگە ئېلىش كېرەكتە). كۆپ باش قاتۇرماي ھەم ھېچقانداق خەۋپكە قارىمايلا، ئاشۇ قۇربانلىقنى ئۆز جەمئىيىتىدىن يوقاتقان. بارابارا تۇچمان «تارىخنىڭ سۇنغان نۇرى» دېگەن ماقالىسىدە، 14 ـ ئەسىردىكى ياۋروپا جەمئىيىتىدە يەھۇدىيلارنى قىرغىن قىلىشتەك زوراۋانلىقلار پۇل ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ۋابانىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگەن.[1] دەپ يازغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن بۇيان، يەھۇدىيلارغا قارشى ئېقىم ياۋروپادا تېخىمۇ كېڭەيدى، فىرانسىيەدە يۈز بەرگەن درېففۇس ۋەقەسى (درېففۇس، يەھۇدىي ئەۋلادى، 1898 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ باش ئىشتابىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن، جاسۇس دېگەن گۇمان بىلەن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. شۇنىڭ بىلەن فىرانسىيەدە پۈتكۈل مەملىكەت بويىچە يەھۇدىيلارغا قارشى بىر مەيدان دولقۇن كۆتۈرۈلگەن، ئاخىرىدا گېرمانىيە جاسۇسىنىڭ باشقا بىر كىشى ئىكەنلىكى بايقىلىپ، درېففۇس قويۇپ بېرىلگەن — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن) بۇنىڭ گەۋدىلىك بىر مىسالى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، گېرمانىيەنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىدە زور ئۆزگىرىش بولۇپ، پادىشاھلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا دېموكراتىك ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى دەسسىتىلدى، ئۇرۇشتىكى مەغلۇبىيەتنىڭ تەسىرى، زور سوممىدىكى تۆلەم پۇل، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ھەربىيلەر، تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئىشسىز قېلىۋاتقان شەھەر پىرولېتارلىرى ھەم خاتا

---

① بارابارا تۇچمان (Barbara W.Tuchman): «يىراقتىكى يورۇق ئەينەك ـ كومېدىيەلىك 14 ـ ئەسىر»، مېيونخىن، 1982 ـ يىلى نەشرى.

ئىقتىسادىي سىياسەت پۈتكۈل جەمئىيەتنى كىرىزىس پاتقىقىغا
چۆكتۈرۈپ پاتۇردى، 1929 ـ يىلى پارتلىغان دۇنياۋى ئىقتىسادىي
كىرىزىس گېرمانىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۇنداق جىددىي ۋەزد-
يەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى، زىددىيەتنى باشقىلارغا يۆتك-
لەپ چىقىش يولى تېپىش ئۈچۈن ئاخىر تارىختىكى يەھۇدىي مىل-
لىتىگە قارىتىلغان ئەڭ دەھشەتلىك ئىرقىي قىرغىنچىلىق پارتلى-
دى. گىتلېر پۈتكۈل ياۋروپادىكى يەھۇدىيلارنى كوللېكتىپ يوقى-
تىش ھەرىكىتىنى تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا يولغا قويدى، يەھۇ-
دىي مىللىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر قېتىملىق تالان ـ تاراجنى
باشتىن كەچۈردى.
يەھۇدىيلارنى قىرغىن قىلىشتەك بۇنداق زوراۋانلىق ۋەكىللىك
خاراكتېرگە ئىگە تىپىك مىسال، بۇنىڭغا ئوخشاش ھادىسىلەردىن
يەنە مەھكىمە شەرئى (چېركاۋ سوتى) نىڭ كاپىرلار (يات دىن مۇخ-
لىسلىرى) غا زىيانكەشلىك قىلىشى، «بىدئەت ئايال داخان» غا خۇ-
راپىيلارچە ئىشىنىش، 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى
جۇڭگو ۋە ھىندىستاندىكى يات مىللەتلەر (ئاساسلىقى ئۇلارنى قۇل
قىلغان ۋە ئەزگەن غەرب دۆلەتلىرى — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىل-
غۇچىدىن) گە بولغان ئۆچىغا چىققان ئۆچمەنلىك كەيپىياتى قاتار-
لىقلارمۇ بار. بۇ تارىخىي ۋەقەلەر ئىچىدە شۇنداق بىر نۇقتىغا ئەتەي
دىققەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، يەنى مەدەنىيەتتىن ئىبارەت
بۇ ئاساسىي تېمىنى چۆرىدىگەن توقۇنۇشلار كۆزگە ئانچە چېلىقمايدى-
دۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا
ستالىن ئاتالمىش سىنىپىي دۈشمەنلەر — ئوتتۇرا دېھقان ۋە باي
دېھقانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «باي دېھقانلار قاتلىمى» نى كۆپلەپ
قىرغىن قىلىش ياكى بولشېۋىكلار پارتىيەسى ئىچىدىكى «شيۇ
جېڭجۇيىچىلار (رېۋىزىئونىزمچىلار) ۋە خائىنلار» نى تازىلاش ۋا-

www.uyghurkitap.com

ستىسى ئارقىلىق ئۆزىگە ياقمايدىغان «خەلق دۈشمەنلىرى»، سىياسىي رەقىبلەر، ھوقۇقتا خىرىس قىلغۇچىلار ۋە باشقىچە پىكىردىكىلەرگە پىرولېتارىيات دىكتاتورىسى يۈرگۈزۈپ، يەڭگىلرەك جازالىنغانلىرىنى سۈرگۈن قىلدى، ئېغىر جازالىنغانلىرىنى ئۆلتۈردى، ستالىن مۇشۇ يول بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى ئېغىر كىرىزىسنى تۈگەتتى، نەتىجىدە مىليونلىغان ئادەم بىئەجەل ھاياتىدىن ئايرىلدى. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «دۈشمەن» پۈتۈنلەي ئىدېئولوگىيە ئۆلچىمى بويىچە ئايرىلغان. پولپوت ھۆكۈمرانلىق قىلغان كامبودژادىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولغان، كىمكى يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن سوتسىيالىستىك كامبودژا ھاكىمىيىتىنى ياقلىمىسا ياكى ھىمايە قىلمىسا، شۇ ھامان ئۆلتۈرۈلگەن. ئىككى مىليونچە بىگۇناھ پۇقرا قىرغىنچىلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن. جۇڭگودىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىمۇ ئوخشاش پاجىئە يۈز بەرگەن. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ تارىخىي ھادىسىلەر، بولۇپمۇ يەھۇدىيلارغا قارشى ئېقىم يات مەدەنىيەت بىلەن قارشىلىشىش ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنىڭ ئەسلىدىكى مەلۇم بىر پۈتۈن قىسمىنى چەتكە قېقىشتىن ئىبارەتتۇر.

**مەدەنىيەت، مىللەت، ئىرق، سىنىپ: كىرىزىس دەۋرىدە مونوپول خاراكتېرىدىكى كەڭ كۆلەملىك سەپەرۋەرلىكنى چەكلەش كېرەك**

زامانىۋىلىشىش كىرىزىسىنىڭ چەتكە قېقىش شەكلىنى يېڭىش شۇبھىسىزكى، مىللەتچىلىكنىڭ بىۋاسىتە ئاقىۋىتى، يېقىنقى 200 يىلدىن بۇيانقى زامانىۋىلىشىش جەريانىدا، شۇ تۈپەيلىدىن كېلىپچىققان قانلىق ماجىرالار باشقا ھەرقانداق سەۋەبتىن كېلىپچىققان ماجىرالارنى بېسىپ چۈشىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇ بولۇشى مۇمكىن، مىللەتچىلىكتەك چاقىرىق كۈچى ۋە ئۇيۇش-

تۇرۇش كۈچىگە ئىگە ھېچقانداق سۆز يوق، ئۇ دۆلەتلەرنى مەقسە-تىگە يەتكۈزىدىغان ھۆكۈمرانلىق مەنبەسى. چۈنكى، دۇنيادا مۇتلەق كۆپ ساندىكى تېررىتورىيە ئەللىرىنىڭ بىرلا مىللەتكە تەئەللۇق دۆلەت ئىكەنلىكىدە شەك يوق، سىياسىي داھىيلار خۇددى ئىجادىيەت تالانتى ئۇرغۇپ تۇرغان سەنئەتكارلارغىلا ئوخشايدۇ، ئۇلار مىللەتنى ياسىغىلى بولىدىغان سەنئەت ئەسىرى دەپ بىلىدۇ، ئەمما ئاتا ـ بو-ۋىلىرى ياراتقان كۆپ مىللەت مەدەنىيىتى يۇغۇرۇلغان تارىخقا پەر-ۋاسىز قارايدۇ.

خۇنتىنگتوننىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە ئاساسلانغاندا، كىرىزىسنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاۋامنى سەپەرۋەر قىلىشتا، مەدەنىيەت مونو-پوللۇق ھوقۇقىغا ئېرىشىپ قالسا بولمايدۇ، جەمئىيەت، ئەخلاق ۋە مىللىي ئۇيۇشۇش كۈچىمۇ ئوخشاشلا سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇ-ھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ، ئۇ بەزىدە ھەتتا «تېخىمۇ زور رول» ئوي-نايدۇ. بۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت دۇنيا مىقياسىدا كەلگۈسى مەدەنى-يەتنى تونۇش جەريانى ۋە ئۇنىڭدىن چەتلەش جەريانىغا باھا بېرىشتە ئىنتايىن مۇھىم، بۇ سەپەرۋەرلىك جەريانى ئىگە بولغان تەسىر كۈچ، زەربە كۈچى ۋە سىجىللىقنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىش ئۈ-چۈن، جەمئىيەتنىكى يەككىلىكنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتتىكى ئىنكاس شەكلىنىلا كۆزەتكەن ھەم دەلىللىگەن بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. چۈن-كى، پۈتكۈل جەمئىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇنداق سەپەرۋەرلىك ئارقىلىق مۇھىم ئىجتىمائىي بۇرچنى ئادا قىلغىلى بولىدۇ.

## ئىجتىمائىيلىقنىڭ بىرلىكى ۋە ئاۋامنى سەپەرۋەر قىلىش

كىرىزىسنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغىنى جەمئىيەتتىكى ئاز سانلىق يەككىلىكلەرلا بولۇپ قالماستىن، ئەكسىچە پۈتكۈل جەم-ئىيەتنى شەكىللەندۈرىدىغان بارلىق ئامىللار ۋە جەمئىيەتتىكى

ھەرقايسى كوللېكتىپلارنىڭ ئىچكى باغلىنىشى ئەڭ زور خەۋپكە، شۇنداقلا ئەڭ چوڭقۇر زەربىگە ئۇچرايدۇ. جەمئىيەتنىڭ بىرلىكى ئاساسلىقى «مەدەنىيەت» نىڭ ۋاستىلىك تۇتاشتۇرۇش رولىغا تايىنىدۇ، شۇ ئارقىلىق قۇرۇلمىنى مۇقىملاشتۇرىدىغان زۆرۈر كاپالەتكە ئېرىشىدۇ. ناۋادا جەمئىيەتتىكى ئامىللارنى تۇتاشتۇرۇشتىن شەكىللەنگەن كۈندىلىك ھەرىكەت زەنجىرى يېڭى، يات تەسىر كۈچ تۇپەيلىدىن ئۈزۈلۈش خەۋپىگە دۇچ كەلسە، پۈتكۈل جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى قۇرۇلمىلارمۇ بۇنىڭغا قول تىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىرىزىس كىچىك دائىرە بىلەنلا چەكلەنگەن ئايرىم ھادىسە بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي كىرىزىسقا ئايلىنىدۇ. جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىبلەر قانچىكى مۇرەككەپ بولغانسېرى، بۇنداق ئومۇميۈزلۈك كىرىزىس شۇنچە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

بۇنداق ئەھۋالدا ئاۋامنى سەپەرۋەر قىلىش ئورتاق بىر ئاساسىي تېمىنى چۆرىدەپ قانات يايدۇرۇلىدۇ ـ دە، جەمئىيەتنىڭ بىرلىكى سۈنئىي يوسۇندا يېڭىباشتىن روياپقا چىقىرىلىدۇ. بىراق، بۇ ھالدا يېڭى بىرلىكنىڭ شەكلى مەۋجۇتلۇقنى ساقلاشتا زۆرۈر بولغان شەكىللەر ئىچىدە ئېزىپ يۈرىدىغان ئەھۋال كېلىپچىقىدۇ. دىن، مىللەت، ئىرق ۋە سىنىپقا مۇناسىۋەتلىك ئىدىيە ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەر نۇرغۇن كىشىلەرنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرالايدىغان ئاساسىي كۈچكە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتىكى ئاز سانلىق كىشىلەر زەربىگە ئۇچرايدۇ ۋە ئېزىلىدۇ، بىراق بۇ جەمئىيەتتىكى باشقا كوللېكتىپلارنىڭ بۇ مۇساپىدىكى «مەنپەئەتى» گە دەخلى قىلمايدۇ. بۇنداق يېڭى ئىجتىمائىي بىرلىك سۈنئىي يوسۇندا روياپقا چىقىرىلغاچقا، ئۇنىڭ كېلەچەكتىكى كەم بولسا بولمايدىغان تەڭپۇڭلۇق پرىنسىپى بىلەن قىلچە ئالاقىسى بولمايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا قارشى يول تۇتىدۇ. ئۇنى روياپقا چىقىرىشتىكى ئۇسۇلمۇ

دەھشەتلىك ھەم ياۋۇز بولىدۇ، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئىرقىي يوقىتىش، چوڭ قىرغىنچىلىق، بىدئەت داخان ئايالنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈش دېگەندەك زوراۋانلىق قىلمىشلىرى ئىجتىمائىي كول- لېكتىپلارنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇق دۇنياسىدىكى يوچۇقنى يامايدىغان دائىملىق ۋاستىسى بولۇپ كەلدى. كىرىزىس مەزگىلىدە، كىشى- لەر ئورتاق ئاساسىي مېلودىيە، ئورتاق مىللىي تۇغ ئاستىدا، تە- سەۋۋۇردىكى ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بىرلىككە كېلىدۇ، بۇ گەرچە شەكىل جەھەتتىن ئاددىي بولسىمۇ، بىراق مە- سىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئىنتايىن ئۈنۈملۈك ئىدىيە ۋە يول ھې- سابلىنىدۇ، شۇڭا ئىنسانىيەت تارىخىدا كەڭ قوللىنىلغان، ئەلۋەت- تە. زامانىۋىلىشىش ۋە دۇنياۋىلىشىش پەيدا قىلىشى مۇمكىن بولغان ئاقىۋەتنى بىر مەزگىلدىكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش - قازىنالماس- لىقىقا قاراپلا مۆلچەرلەشنىڭ ئۆزىمۇ مۇۋاپىق ھەم ئەتراپلىق ئىش قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ.

## كىرىزىسنى يېڭىشنىڭ بەدىلى: گېرمانىيە مىسال قى- لىنىدۇ

گېرمانىيەنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى بىز توختالماقچى بولغان بۇ ئىنكاس جەريانى ئۈچۈن جانلىق بىر مىسالدۇر، گەرچە بۇ گەپ- نىڭ ۋەزنى بەك ئېغىر بولسىمۇ، بىراق تارىخ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان كىشى بۇنىڭ تېگىگە يېتەلەيدۇ، گېرمان مىللىتى بېسىپ ئۆتكەن يوللارغا توغرا نەزەر بىلەن قارىيالىغىنىمىز بارغانسېرى يېتىلىۋات- قىنىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە يېقىنقى زاماندىكى سانائەتلىشىشنى ئا- ساسەن تاماملاپ، دۆلەتنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ ۋە چەت ئەللەرگە كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، پۈتكۈل دۇنيانى تىزگىن-

www.uyghurkitap.com

لەش ھوقۇقىنى ئاساسەن قولغا كەلتۈردى. ھەممە ئىشتا ئالدىدا مېڭىپ ھەيۋە بىلەن كېتىۋاتقان غەرب جەمئىيىتىدە، گېرمانىيەنىڭ زامانىۋىلىشىش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بەكرەك ئەۋجىگە چىقتى، گېرمانىيە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەگە يېتىشىۋېلىپلا قالماي، بەلكى دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ياۋروپانىڭ كىندىكىدە قەد كۆتۈرۈپ چىقتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى گېرمانىيەنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە مۇتەئەسسىپ ئىدىيەسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئەمما، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيەت گېرمانىيەگە ئېغىر زەربە بولدى. جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر جىددىيلىشىپ كەتتى، بىراق كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى زىيادە ئۆز قىممىتى تۇيغۇسى چۇلغىۋالغانلىقتىن، بۇنداق تۇيغۇ ئاپەت خاراكتېرلىك مەغلۇبىيەتكە ماسلىشالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇشنىڭ سەۋەبىنى «دۈمبىدىن خەنجەر ئۇرغانلار» — ئارقا سەپتىكى ئاسىيلار (ئىنقىلاب ئېقىمىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى كىئېل سۇ قوشۇنى قوزغىلىڭى ۋە باشقا ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر) دىن كۆردى، يىرگىنچلىك «5 ـ كالونىنا» گېرمانىيەگە ساتقۇنلۇق قىلىپ، مىللەتنى ئار ـ نومۇسقا قويغاندى. بۇنداق خاتا تونۇش ۋېيمار جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىياسىي مەدەنىيىتىگە قاتتىق زىيانكەشلىك قىلدى ھەمدە كېيىنكى ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتنى بىۋاستە كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۈبھىسىزكى، ئىنقىلابنىڭ پارتلىشى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى بولالمايتتى، گېرمانىيەنىڭ مەغلۇپ بولۇشى 1917 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشقا ئارىلىشىشى بىلەن ئاللىقاچان جەزملىشىپ بولغان ئىش ئىدى. بىراق، ئىنقىلابنىڭ ئاقىۋىتى شۇ بولدىكى، پادىشاھلىق تۈ-

زۇم گېرمانىيە زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. شۇنداقتىمۇ گېرمانىيە جەمئىيىتى ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى داۋاملىق ساقلاپ قالىدىغان مۇتەئەسسىپ جەمئىيەت ئىدى. ۋېيمار جۇمھۇرىيىتىنىڭ دېموكراتىيە تونى بۇ جەمئىيەتنىڭ تۇرقىغا خوپ كەلمىدى، ماھىيەتتە يەنىلا جىمجىتلىق، خاتىرجەملىك، ئىنتىزام ۋە تەرتىپكە ئىنتىلىدىغان گېرمانىيە ئەنئەنىۋى جەمئىيىتى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ كەلگەن خاسلىقتا يات يۈزلىنىش بىلەن چىقىشىپ بولالمىدى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ كەڭ دائىرىلىكلىكى، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەتكە بېرىلىدىغان زور سوممىدىكى ئۇرۇش تۆلىمى، شۇنداقلا ۋېيمار جۇمھۇرىيىتىنىڭ ماددىي جەھەتتىكى مۇقىمسىزلىقى ئاجىز سىياسىي تۈزۈلمىنى باشتىن - ئاخىر قىيناپ كەلدى. 1922 - يىلىدىكى ئاپەت خاراكتېرلىك پۇل پاخاللىقىدىن 1929 - يىلىدىكى زەربىسى تېخىمۇ ئېغىر بولغان ئىقتىسادىي كىرىزىس ۋە شۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن ئىقتىسادىي كاساتچىلىق، ئاھالىلەرنىڭ كۆپلەپ ئىشسىز قېلىشى، پۈتكۈل جەمئىيەتنى قاپلىغان ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى «ئالتۇندەك 20 - يىللار» نى خۇددى چۆلدىكى كۆرۈنۈپلا غايىب بولىدىغان ئالۋۇنغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. تارىخىي رېئاللىق ئاجىز دېموكراتىيەگە كۈچلۈك ھەم مۇستەھكەم بولغان ئادىللىق پۇرسىتى بەرمىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق يوشۇرۇن ئىجتىمائىي كىرىزىس 19 - ئەسىردىن بۇيان باش كۆتۈرۈشكە باشلىغانىدى[1].

---

① ھېنرىخ ئاۋگۇست ۋىنكلېر: «ۋېيمار جۇمھۇرىيىتى 1918 — 1933». «گېرمانىيەنىڭ تۇنجى قېتىملىق دېموكراتىيە تارىخى» (10 - ، 11 - باب) مىيونخىن، 1933 - يىلى نەشرى.

ناتسىزم كىرىزىسنى يېڭىش ئۇچۇن تېخىمۇ ئاسان بازار تاپىدىغان ئاددىي نەزەرىيەنى، يەنى ئىرق ۋە مىللەتنى چۆرىدىگەن ھالدا سەپەرۋەر قىلىش؛ «ئۆزگە يات ئىرقتىن بولغان دۈشمەنلەر، بولۇپمۇ يەھۇدىيلارنى چەتكە قېقىش؛ مەجبۇرىي بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، ھەربىيلەشتۈرۈلگەن مەشىق ئارقىلىق يىمىرىلىش ئالدىدا تۇرغان جەمئىيەتنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قالىدىغان ئىنتىزامچانلىقنى يېڭىباشتىن يېتىشتۈرۈش، ناۋادا ئىككىلىسى ئاقمىسا، ھەممە يەردە قۇتراپ يۈرىدىغان مەخپىي ساقچى سىستېمىدىن پايدىلىنىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي كىرىزىس ئىچىدە ئەتىگىنى ئاخشىمىغا كۆزى يەتمەي ياشاۋاتقان، ئۇرۇش مەغلۇبىيىتى ۋە تەڭسىز ۋېرسال شەرتنامىسىنىڭ خورلۇقىنى يەتكىچە تارتقان گېرمانىيەلىكلەر مۇنداق بىر يېڭى نەزەرىيەنى، يەنى «ھۆكۈمران ئىرق» نىڭ تەسەۋۋۇرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، 50 يىلدىن بۇيانقى جاپالىق سەرگۈزەشتە بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغان، شۇنداقلا ئاۋامنىڭ ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ئوبدان قاندۇرىدىغان نۇقتىئىنەزەرنى تونۇپ يەتتى، گېستاپوچىلار ۋە SS چىلار ھۇجۇم قىلىشقا تەشنا بولۇپ تۇرغان كۆپ سانلىق گېرمانىيەلىكلەرگە يەھۇدىيلار، بەچچىۋازلار، مېيىپلار، كوممۇنىستلار ۋە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىدىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاز سانلىق كىشىلەر توپىنى قوغلاپ تۇتۇش ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى①.

ئەمما، ناتسىزم دولقۇنىدا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى، ناتسىت نەزەرىيەچىلىرى، مەسىلەن، روسېن-

---

① ھانناخ ئارېند: «ئومۇمىيۈزلۈك ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئاملى ۋە كېلىپچىقىشى» 3 ـ نەشرى، 3 ـ قىسىم، مىيونخىن 1986 ـ يىلى نەشرى.

بىرگىر، ستىراسسىر ۋە گوببېللار شۇ زامانىسىنىڭ تۆھپىكار ئا-لىملىرى ئىدى. گىتلېر ئۆزىنى ئۆزى «رەسسامچى» دەپ مەسخىرە قىلىپ، ئۆزىنى پىرولېتارلار قاتارىغا قويدى، ئەمەلىيەتتە ئۇنى كۆپ بولغاندا ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىغان بىر «سەنئەت ھەۋەسكارى» دېيىشكىلا بولاتتى. ناتسىستلارنىڭ ئىدېئولوگىيەسى كارل سىمىتنىڭ ئىدىيەسى ئۆتكۈر مەشھۇر ئالىملارغا، گوتتفرىد-تەك سىياسىي قارىشى ئوخشاشمايدىغان شائىرلارغا، خېيدېگگېردەك تەپەككۈرى چوڭقۇر پەيلاسوپلارغا چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا گېرمانىيەنىڭ بىلىم ساھەسىدىكى خېلى كۆپ قىسىم كىشىلەر نەچچە ئون يىلدىن بېرى باشقا لاگېرلارغا ياكى ستالىننىڭ كوممۇنىزم لاگېرىغا بۆرۈلۈپ كەتكەنىدى. لىبېرا-لىزملىق ۋە سوتسىيال دېموكراتىزملىق ئىدىيەگە ئىگە زىيالىيلار سولچىلىق مەيدانىنى ساقلاپ كەلدى. ئوڭچىلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەت-كەن زاتلار ئارىسىدا ئېنىنېسىت جۇئېرگېنغا ئوخشاش كونا مۇتە-ئەسسىپلەرمۇ بار ئىدى. ناتسىستلار ئۇلارغا كەڭ قورساقلىق بىلەن ئالىي شان ـ شەرەپلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، بىراق ئالدىنقىلار يە-نىلا قايمۇقتۇرۇشلارغا كۆنمىدى.

گېرمانىيە ناتسىستلىرى سۇنئىي يوسۇندا روياپقا چىقارغان يېڭى بىرلىككە بەك كۆپ بەدەل تۆلىدى. بىر ئەركىن جەمئىيەتنىڭ نازۇك ئىچكى قاتلىمى پۈتۈنلەي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى؛ جەمئى-يەتتە ۋە سىياسىي ساھەدە ئابرۇي قازانغان خېلى كۆپ كىشىلەر ئۆلتۈرۈلدى، ئۆلتۈرۈلگەنلەر يەھۇدىي زىيالىيلىرى ۋە دېموكراتىك زاتلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە پىرۇسسىيە دۆ-لىتىنىڭ ئەنئەنىۋى قابىللىرىمۇ بار ئىدى؛ ئاخىرىدا 3 ـ ئىمپې-رىيە نېرى ـ بېرىسىنى ئويلاپ ئولتۇرماستىن گېرمانىيەنى غەلىبە قىلىشتىن ئۈمىد يوق بىر مەيدان ئۇرۇشقا سۆرەپ كىردى. نات-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىستلار قىسقا مۇددەت ئىچىدە جەمئىيەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش-تەك غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ (بۇ غەلىبە ئاز سانلىق مىللەت-لەرنى يوقىتىش بەدىلىگە كەلدى)، شۇنىڭدىن كېيىن پۈتكۈل گېر-مان مىللىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن بالايىئاپەتكە دۇچار بولدى.

## كىرىزىس ئۈستىدىن غالىب كېلىش ۋە هۆكۈمرانلىقى-نى مۇستەھكەملەش

بىز گىتلېر گېرمانىيەسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلارنى بىر ياق-لىق قىلىشتىكى ۋاستىلىرىگە سەپسېلىپ قارايدىغان بولساق، ئۇ-نىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن شۇنى بايقايمىزكى، كىرىزىس ئۈستىدىن غالىب كېلىش، يات مىللەتلەرنى چەتكە قېقىشتەك ئىدىيە ۋە ئىش-ھەرىكەتلەر هۆكۈمرانلارنىڭ هاكىمىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئارزۇسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. بۇنىڭدىن ئىلگىرى كىشىلەر يەككىلىكنىڭ ئېھتىياجى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ فۇنكسىيەلىك ئېھتىياجىنى قانداق قىلىپ تەڭلا قاندۇرۇش توغرىسىدا كۆپرەك مۇلاھىزە قىلىشاتتى. ئەمدىلىكتە بولسا ئوخشىمايدىغان نەرسىلەرگە، يەنى هۆكۈمرانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ يۈرگەن مەنپەئەت گۇرۇھلىرىغا، هازىرقى هاكىمىيەتنىڭ هىمايىچىلىرىغا دىققەت قىلىشقا توغرا كەلدى.

هاكىمىيەتنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان هۆكۈمرانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي كىرىزىس پۈتكۈل دۆلەتنى ئىنتايىن خەۋپ-لىك هالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى. ئاۋام - خەلقنىڭ گۈزەل ئارزۇلىرى-نىڭ ئورنىنى چۈشكۈنلۈك ئىگىلىگەن چاغدا، ئىجتىمائىي كىرى-زىسنى كەلتۈرۈپ چىقارغان جاۋابكارلىقنى ئاشۇ هاكىمىيەت بې-شىدىكىلەر ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلارنىڭ بۇ جاۋابكارلىقنى زىممىسىگە ئېلىشى ھەقىقەتەن زۆرۈر، كىشىلەر ۋە-

زىيەتتە داۋالغۇش بولغاندا قورقۇنچ تۇپەيلىدىن تەشۋىشلىنىدۇ، ۋەھشىيلىك، ئۇرۇشقاقلىق يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. بۇنداق چاغدا سىياسىي رەھبەرلىكنى ئادا قىلىش تولىمۇ تەسكە توختايدۇ، ھۆ-كۈمرانلار غەزىپى قايناپ تاشقان ئاۋامنى تولىمۇ دىتلىق يوسۇندا يېڭىباشتىن تىزگىنلىنىدىغان سىياسىي ۋاستىگە ئايلاندۇرۇۋالى-دۇ، بۇ ھالدا يات مىللەتلەرنى چەتكە قېقىش، ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش يولىدىكى ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك ئارقىلىق ئاۋام ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشقا يېتەكلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىچكى-تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ بېشىغا بەختسىزلىك ۋە بالايىئاپەت ياغىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى سىياسىي مەقسەتكە يېتىشتىكى كۆڭۈلدىكىدەك ھۆكۈمرانلىق ماھارىتى، خالاس.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىرىزىس يامان نىيەتلەرنى ھوقۇق تارتىۋېلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۇ باسقۇچتا «تۆۋەن قاتلام» بىلەن «يۇقىرى قاتلام» ئارىسىدىكى ھوقۇق پەلەمپىيىنىڭ ئارىلىقى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە قىسقىراپ كېتىدۇ، ھوقۇقىدىن مەھرۇم قېلىش بىلەن ھوقۇققا ئېرىشىش ئارىسىدىكى قارشىلىق كۈچ ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئا-جىزلاپ كېتىدۇ. كۆككە كۆتۈرۈلگەن يېڭى سىياسىي چولپانلار ئەل رايىنى ئۆزىگە تارتالايدىغان ئاجايىپ ئىقتىدارغا ئىگە بولىدۇ. ئۇلار-نىڭ ئاۋام تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشىدىكى ئاچقۇچلۇق ئامىل بىلەن بىز ئالدىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ھۆكۈمرانلىققا كاپالەتلىك قىلىش ماھارىتى بىر قېلىپتىن چىققان، يەنى ئورتاق مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى تايانچ قىلىپ، قىممەتنى نامايان قىلىش، تونۇش تۇيغۇسى جەھەتتە بىرلىككە كېلىش ئۇستىدە ئىزدىنىش ئارقىلىق دۈشمەن كۈچلەر ئايرىلىپ، دۈشمەنگە قارشى بىرلىك سەپ شەكىل-لەندۇرۇلىدۇ ھەمدە بۇ ھوقۇق ئىستېلاسىدىكى ئەڭ ئەپچىل يول

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىنىۋېلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاۋام مۇشۇنداق پاراكەندىچىلىك ئىـ-چىدە توپلىنىشىپ غايەت زور كۈچ ھاسىل قىلىدۇ. يامان نىيەتلەر بۇ كۈچنى ئۆزلىرى كۆڭلىگە پۈككەن يۆنىلىشكە باشلاپ ماڭىدۇ. بۇنـ-داق ئەھۋالدا ھوقۇق تارتىۋېلىش ھوقۇقنى قوغداشتىنمۇ ئاسان. چۈنكى، ھوقۇقنى قوغداشقا جىق ئىش كېتىدۇ. ئالايلۇق، تاشقى سىياسەتكە كىشىلەر قايىل بولامدۇ ـ يوق؟ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەمدۇ ـ يوق؟ دېگەندەك، ئەمـ-ما ھوقۇق تارتىۋېلىشتا بۇلارنى ئويلاپ يۈرۈش ھاجەتسىز.

بۇنداق زور ئۆزگىرىش جەريانىدىن قورقمايدىغان ھېچقانداق جەمئىيەت يوق. ھۆكۈمرانلىقنى چۆرىدىگەن كۈرەش ئەڭ جىددىي، ئەڭ نېگىزلىك بولىدۇ. جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك پۈرسەتلەر تامامەن دۆلەت ھۆكۈمرانلىقنى چۆرىدىگەن ھالدا تەقسىم قىلىنىدۇ. بىر-قانچە يۈز يىلدىن بېرى غەرب مەدەنىيىتى تۈرلۈك تۈزۈملىلەرنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان مۇرەككەپ گەۋدە سۈپىتىدە داۋاملـ-شىپ كەلدى، ئۇنى يارىتىدىغان ئىجتىمائىي قىممىتىگە قاراپ سىـ-ياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، قانۇن ـ تۈ-زۈم دېگەندەك ئوخشاشمىغان تەركىبىي قىسىملارغا ئايرىشقا بولـ-دۇ. سىياسىي بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئەھۋالنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدـ-غان كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولسىمۇ، بىراق ئۇ قىممەت تەقسىماتىـ-غا كەلگەندە مونوپول قىلىۋېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. بۇ غەرب جەمئىيىتىدە كىرىزىس ئالدىدا شەكىللەنگەن ھوقۇق كۈرىشىنى تېخىمۇ قارشىلىق كۈچىگە ئىگە قىلغان، يەنى خۇددى گېرمانىيە-دىكى ئەھۋالدىكىدەكلا، زىيانكەشلىكتىن تامامەن خالىي بولالايدىغان ئىشمۇ يوق، پەقەت بۇنداق زىيانكەشلىكنىڭ دەرىجىسى باشقا ئىجـ-تىمائىي فورماتسىيەلەرگە قارىغاندا يېنىكرەك بولىدۇ، خالاس. چۈنكى، كاپىتالىستىك دېموكراتىيە ئۆزۈكسىز كۈچىيىپ بېرىۋاتـ-

قان بازار ئىگىلىكىدە، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تالىشىش جەريانىدى-كى ئۆتۈش - ئۆتتۈرۈشنى بىر يولىلا بەلگىلىۋېتىشنىڭ زۆرۈرىيە-تى يوق، ئۇ ھەرگىزمۇ ھايات - ماماتلىق كۈرەش ئەمەس.

بۇنىڭ ئەكسىچە، باشقا ئىدېئولوگىيەلەردە «مەنپەئەتدار تە-رەپ» بىلەن «زىيان تارتقۇچى تەرەپ» نى بەلگىلەيدىغان قورال ھا-كىمىيەت مەركىزىنىڭ قولىدا بولىدۇ. كوممۇنىزم تۈزۈمىدە، جۇم-لىدىن ئۇرغۇن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر، بىرەسمىي سوتسىيا-لىستىك دۆلەتتە، دۆلەتنىڭ قول تىقىش سىياسىتى يەنىلا ھۆكۈم-ران ئورۇندا تۇرغان دۆلەتلەردە «ئۇلۇغ»لار دۆلەتنى ئۆز ئولجىسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، مۇناسىپ مەنپەئەتنى مەرتىۋىسى يۇقىرىلار، قا-بىللار، بەزى ئىرقلار ۋە دىنىي كوللېكتىپلارغا بېرىدۇ.[1] دۇنيا مىقياسىنى قاپلىغان ئەركىنلىك ئىسلاھات ھەرىكىتىمۇ بۇ كونا يولدىن تېخى چەتلەپ كېتەلىگىنى يوق. ئەكسىچە، كوممۇنىزم، دىن ۋە مىللەت ئەسلىيەتچىلىرى دۆلەتنى ئاۋۋالقى ھوقۇق مەركەزلەش-تۈرۈلگەن ھۆكۈمرانلىق ئەندىزىسىگە يېڭىباشتىن قايتۇرۇپ كې-لىش ئۈچۈن توختىماي تىرىشىدۇ، ئۇلار ناۋادا شۇنداق قىلالىسا، ئۆز مەنپەئەتى بويىچە ئىجتىمائىي قىممەت تەقسىماتىنىڭ مول مېۋىلىرىدىن خالىغانچە بەھرىمەن بولالايدۇ ھەمدە ئۆز پايدىسىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەقسىم قىلالايدۇ.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا، يات مىللەتلەرنى چەتكە قېقىش ۋە ئۆزگىچە يانتاياق بولمايدىغانلارنى جازالاش تاكتىكىسى ئەلۋەتتە تېخىمۇ مۇھىم. سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىدە، رەقىبىنى «بىز» (قانداشلىق، مىللەت، سىنىپ، مەدەنىيەت) نىڭ

---

[1] خارتمۇت ئېلسېنخانس: «كاپىتالىزمنىڭ بېقىندىلىقى ۋە بىيۇ-روكراتىزمنىڭ تەرەققىياتى»، «3 - دۇنيا ئەللىرى قىلىۋاتقان سىناقلار»، فىرانكفورد، نيورك 1981 - يىلى نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لاگېرىنىڭ ساتقۇنلىرى دەپ بولۇشىغا ئەيىبلەش ئارقىلىق ھەمىشە ئويلاپ باقمىغان ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. دېمەك، رەقىبىنى يات مىللەت، دۈشمەن كۈچ ياكى تەھدىت سالىدىغان گۇرۇھ دەپ تەسۋىرلەش زۆرۈر، شۇنداق قىلغاندا رىقابەتكە چۈشكەن رەقىبىنىڭ ئەزالىرى سىياسىي ھوقۇق تەلەپ قىلىش سالاھىيىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ ـ دە، ئىجتىمائىي بايلىق ئېھتىياجىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن «بىز» گە تېگىدىغان نەپ تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ.

ھۆكۈمرانلىق مەنپەئەتى، تەقسىمات تەلىپى، مەدەنىيەت تونۇ ـ شى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ھوقۇق تالىشىشتىكى مۇھىم قورال ھەم بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىر جەمئىيەتتە ئىرق، مىللەت، دىن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى زور تو ـ قۇنۇشلار ھەرگىز ئۆزلۈكىدىنلا يۈز بېرىپ قالمايدۇ، بەلكى بەزى نىيىتى يامان سىياسەتچىلەر ھەمىشە بىر قىسىم ئۇششاق زىددى ـ يەتلەردىن پايدىلىنىپ ۋە بۇ زىددىيەتلەرنى كەسكىنلەشتۈرۈپ، ئۇ ـ نى سىياسىي تۈسكە ئىگە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھوقۇق كۈرە ـ شىدىكى نۇرغۇن قۇربان بولغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قىرغىن قىلىش كۈچىگە ئىگە ئەجەللىك قورالغا ئايلىنىدۇ. ناۋادا ھوقۇققا بولغان بۇنداق ئىنتىلىش خاسلىق ۋە ئىجتىمائىيلىققا ئىگە مەدە ـ نىيەت سەپەرۋەرلىك ئىقتىدارىغا ئايلانالمىسا، مەدەنىيەت پەرقىدىن سىياسىي يولدا پايدىلىنىش تولۇق ئىشقا ئاشمايدۇ. پەقەت «سىيا ـ سىي سودىگەر» لەر شەخسىيەتچىلىك ۋە مەنپەئەتخورلۇق ئاساسى ـ دىكى ھوقۇق ئىستىكى تۈپەيلىدىن مەدەنىيەت سىمۋولىغا ئەھمىيەت بەرگەن چاغدىلا، مەدەنىيەت سىمۋولى ئاندىن غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. يات ئىرق، «يات دۈشمەن» ۋە «ئىچكى دۈشمەن» لەرنى قاتتىق چەتكە قاقىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى

ئوخشاش بىر مەنتىقىگە ياتىدۇ. شۇڭا بۇلار قوغدىنىش ئىقتىدارى يوق ئۇچىنچى تەرەپنىڭ جىسمىدىكى بارلىق ئاجىزلىقلاردا ئەكس ئېتىدۇ ھەم ھۆكۈمرانلار ئۇستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك جىنايى جاۋابكارلىقنى يەڭگىللىتىپ بېرىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ھۆكۈمرانلار مەغلۇبىيەتكە دائىر تاپا ـ تەنىلەردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بۇلاردىن سىرت، ئۆچ ـ ئاداۋەت ئارتۇقچە كۈچ ـ قۇۋۋەتنى چىقىرىپ تاشلايدۇ، ھوقۇقنىڭ ئەھمىيىتىدىن قارىغاندا، بۇ كۈچ ـ قۇۋۋەتلەر چىقىپ كېتىشى كېرەك. مانا بۇ ھۆكۈمرانلىققا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن چوڭ قىرغىنچىلىق ئارىسىدىكى قورقۇنچلۇق دىيالېكتىكىدۇر.

## ھوقۇق كۈرىشىدىكى ئېتىياقنىڭ شەكىللىنىشى

مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىنى چۆرىدىگەن كۈرەشنى مۇنداق دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ، يەنى ئۇ ئورتاق مەنپەئەتتىن پايدىلىنىپ ئاۋامنى سەپەرۋەر قىلىشتىكى كۆپ خىل مۇمكىنچىلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، كىشىلەر مۇشۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ كىرىزىس ئۇستىدىن غالىب كېلىشكە، سىياسىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، مەيلى قايسى خىل ئەسلىيەتچىلەر بولسۇن، بۇلار ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلىدۇ، پەقەت ئېتىياق تۈزۈش، يەنى رادىكاللارغىمۇ، چەكتىن ئاشقانلارغىمۇ ياتمايدىغان ئاشۇ بىر بۆلەك كىشىلەرنى جەلپ قىلىشنى بىلگەندىلا غەلىبە قىلالايدۇ.

بىر دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈچنى مۇنداق بەش گۇرۇھقا ئايرىشقا بولىدۇ:

① رادىكال ئىسلاھاتچىلار ② مۆتىدىل ئىسلاھاتچىلار ③ يا ئۇيان ـ يا بۇيان ئۆتمەيدىغان بىتەرەپلەر ④ ئەنئەنىچىلەر ⑤

ئۆچىغا چىققان مۇتەئەسسىپلەر (ئەسلىيەتچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

بىز كىرىزىسنىڭ تىپىك ئىنكاس شەكلىگە ئاساسەن روياپقا چىقىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئىتتىپاق تۈزۈش تىپىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى. بىرىنچى خىلى: ناۋادا «رادىكاللار» بىلەن «ئىسلاھاتچىلار»، يەنى ئىككى مۇھىم ئىجتىمائىي گۇرۇھ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىتتىپاق تۈزەلىسە، مۇقەررەر يوسۇندا بىر خىل ئەركىن ئىسلاھات سىياسىتى يولغا قويۇلىدۇ. بىراق، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ كۈچى ھەمىشە ئاجىز كېلىپ، ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرۇشقا ئامالسىز قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ 3 ـ ئىجتىمائىي گۇرۇھنى قولغا كەلتۈرۈش ـ كەلتۈرەلمەسلىكى، يەنى يا ئۇيان ـ يا بۇيانغا ئۆتمەي ئوتتۇرىدا قالغان «ماداراچىلار» نىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ـ ئېرىشەلمەسلىكى تولىمۇ مۇھىم ئىش بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، بۇنداق چاغدا ئاشۇ «ماداراچىلار» ھەقىقەتەن ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

شۇڭىنىسى، كۆپىنچە ئەھۋالدا ئەنئەنىچىلەر (4 ـ ئىجتىمائىي گۇرۇھ) نىڭ تەسىر كۈچىمۇ ناھايىتى زور بولىدۇ. 2 ـ خىل ئىتتىپاق تۈزۈش شەكلى، يەنى ئالدىنقى تۆت ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ بىرلىشىپ ئىتتىپاق تۈزۈشىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇلار مۆتىدىل، ئەمما ئۇسلۇبى ئۆزگىچە ئىسلاھاتنى يولغا قويۇشى، بولۇپمۇ ئەنئەنىۋى قائىدە ـ يوسۇنغا تېگىشلىك ھۆرمەت قىلىشى مۇمكىن. بىراق، ناۋادا 3 ـ خىل ئىتتىپاق تۈزۈش شەكلى مەيدانغا كېلىپ قالسا، يەنى 2 ـ ، 3 ـ ۋە 4 ـ ئىجتىمائىي گۇرۇھ بىرلىشىپ قالسا، ئەنئەنىۋى ئاساسىي مەقسەتتە چىڭ تۇرىدىغان، ئۇنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن يولغا قويۇلغان ئىسلاھاتقا ماسلاشتۇرىدىغان سىياسىي ئاقىۋەت كېلىپچىقىشى

مۇمكىن، شۇنداقلا 1 ـ ئىجتىمائىي گۇرۇھتىكى رادىكاللارغا نىسـ-
بەتەن مەجبۇرلاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭدا
«كونسپرۋاتىپ ئىسلاھاتچىلار» ئىتتىپاقى شەكىللىنىدۇ.

4 ـ خىل ئىتتىپاق تۈزۈش شەكلى مۇنداق: 4 ـ ۋە 5 ـ ئىجـ-
تىمائىي گۇرۇھ ئىتتىپاق تەشكىللەيدۇ، ئاقىۋەتتە ئوتتۇرا ھال
دۆلەت ئېكستىرىمىزم يولىغا ماڭىدۇ. ناۋادا ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن
ئوتتۇرىلىقتىكى «مادارا چىلار» خاتىرجەمسىزلەنسە، شۇنداقلا چەكـ-
تىن ئاشقان ئىش ـ ھەرىكەتلەردە بولسا، ئۇنداقتا بۇ خىل ئىتتىـ-
پاقنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە پۇرسەت چىقىدۇ. بۇنداق
ئەھۋالدا نۇرغۇن توقۇنۇشلارنى ئەسلىدە مۇرەسسە شەكلى بىلەن
ھەل قىلغىلى بولسىمۇ، بىراق ئەنئەنىچىلەرنىڭ ناۋادا يېڭى ئېقىم
بىلەن مادارا قىلىشقا رايى بارمىسا، شۇبھىسىزكى ئەنئەنىچىلەر
ئۇچىغا چىققان ئەسلىيەتچىلەر تەرەپكە ئۆتۈۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار توقۇنۇشتا غەلىبە قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكۈدەكلا بولسا،
قورال كۈچىنى ئىشقا سېلىشتىنمۇ يانمايدۇ. بۇ ھاكىمىيەتنىڭ تەـ-
پىك بىر ئۇلگىسى خالاس، ئۇلار مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى توقۇنۇش
(ئىرقىي توقۇنۇش، مىللىي توقۇنۇش ۋە ياكى سىنىپىي توقۇنۇش)
قا قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئاشۇ توقۇنۇشلار
ئىچىدىن توختىماي پۇرسەت ئىزدەيدۇ.

ئەلۋەتتە، باشقىچە بىرىكىشلەردىن يۇقىرىقىدەك ئاقىۋەت چىـ-
قىشى ناتايىن. 1 ـ خىل ئىتتىپاق «يات قوۋم» لار بىلەن دوستانە
ئۆتۈشكە تىرىشىدۇ؛ بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك زامانىۋىلىشىش مۇساپىـ-
سىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. باشقا ئۈچ ئىتتىپاق بىرلىشىش ياكى چەتـ-
كە قېقىش، ئۆزئارا بېقىنىش ۋە ئارىلىق ساقلاپ قېلىشتەك ئوخـ-
شاشمىغان بىرىكىش شەكىللىرىنى تېخىمۇ ياقتۇرىدۇ. ئەمما، يات
قوۋم بىلەن توقۇنۇش ياكى قورال كۈچى ئارقىلىق توقۇنۇشنى ھەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىشنى ھەرقانداق بىر خىل ئىتتىپاق ئالدىن بەلگىلىۋالمايدۇ، پەقەت باشقا ئامىللارغا چېتىلغاندىلا، مەسىلەن، دۆلەتلەر دۇنياسىدىكى ھوقۇق رىقابىتىدىلا كىشىنى تەشۋىشلەندۈرىدىغان مۇشۇنداق ئاقىۋەت كېلىپچىقىدۇ. ئىسلاھات ئىتتىپاقىنىڭ شەكىللىنىشى ئەسلىيەتچىلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشىدەك خەتەرلىك ئاقىۋەتنى توسۇپ قېلىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، باشقا مىللەت ۋە مەدەنىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتا كىم بىلەن بىرلىشىش ئۈستىدە ئويدان ئويلىنىشىپ بېقىش زۆرۈر، چۈنكى ئىتتىپاق تىپى بىلەن ھۆكۈمرانلىق تىپى ئوخشاشلا مۇھىم.

بۇ جەھەتتە ئىراندا يۈز بەرگەن ئىشلار بىزگە ئىلھام بېرەلەيدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى پەھلىۋى سۇلالىسى ئىراندا دەھرىيلەشكەن بىر ھاكىمىيەت قۇرغانىدى؛ 30~40 ـ يىللاردا ھازىرقى زامان «ئۇسلۇبى» ئىرانغا كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، نېفىت سانائىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھازىرقى زامان كاپىتالىزمى كەم دېگەندىمۇ مۇئەييەن دائىرىدە قەدىمكى پېرسىيە زېمىنىغا كىرىپ كەلدى. پەھلىۋى سۇلالىسىنىڭ ياش پادىشاھى ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋالغاندا ئىسلاھاتچىلار شىئەلەر ۋە مۆتىدىل ئەنئەنىچىلەردىن تەشكىل تاپقان ئىتتىپاققا دۇچ كەلدى، ئۇلار قان تۆكمەي كۈرەش قىلىش ئارقىلىق پادىشاھتىن ھوقۇق تارتىۋېلىپ، مۆتىدىل ئىسلاھاتچىلىق ئاساسىدىكى پارس مىللىي دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىشقا ئۇرۇندى. بۇ سىناق ئارمىيەنىڭ، ئامېرىكىنىڭ قوغدىغۇچى كۈچلىرى ۋە پەھلىۋى سۇلالىسىدىكى بارلىق «مەنپەئەتدار» لارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ مەغلۇپ بولدى. يېڭىدىن تەختكە چىققان شاھ رىزا بۇ ئىشتىن ساۋاق ئېلىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش سىنىقىنى زورىغا يولغا قويدى. ئۇ-

نىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئېقىمغا زىيادە ماسلاشقان مەشھۇر كىشىلەر-
دىن بولۇپ قالدى، ئەمما دېموكراتىك ئىسلاھاتچىلار، شىئەلەر ۋە مۇ-
تىدىل ئەنئەنىچىلەر داۋاملىق شاھ ھاكىمىيىتىنىڭ باستۇرۇش سى-
ياسىتىنىڭ شەپقەتسىزلەرچە زەربىسىگە ئۇچراپ كەلدى. ئىسلام ئۆ-
لىمالىرى پەھلىۋى ھاكىمىيىتى يولغا قويغان زامانىۋىلىقنى ياقتۇر-
مايتتى، يەنە كېلىپ ئۆلارنىڭ مەنپەئەتىمۇ ئۇزۇكسىز تەھدىتكە
ئۇچراپ كېلىۋاتاتتى، چۈنكى شاھ ئىسلاھ ئۆلىمالىرىنىڭ ھوقۇق
ئاساسى ۋە ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئىگىلىۋېلىۋاتاتتى. 40 - يىللار-
نىڭ ئاخىرىدا، ئۆلىمالار دەھرىيلىك تۈسىنى ئالغان ئىسلاھات ھەرى-
كىتىنىڭ شېرىكىگە ئايلىنىپلا قالماي، بەلكى ئىران مەخپىي ساق-
چىلىرىنىڭ تازىلىشىغا ئۇچرىدى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئەھۋال
تۈپتىن ئۆزگەردى، ئەسلىيەتچىلەر بىلەن ئەنئەنىچىلەر ھوقۇق چەم-
بىرىكىنىڭ سىرتىغا سىقىپ چىقىرىۋېتىلدى، باشقا شىئەلەر، مە-
سىلەن، بازاغان، ئەركىن ئىسلاھاتچىلار، بەنى سەيد قاتارلىقلار
خەلقئارا سىياسىي سەھنىدە ۋاقىتلىق بولسىمۇ قوشۇمچە رول ئوي-
نىدى. شۇنىڭ بىلەن تامامەن كۆپ مەنبەلەشكەن ئىران جەمئىيىتىدە
ئېكستىرىمىزم مەنتىقىگە ئۇيغۇن ھالدا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى.

ئىسلاھات دەۋرىدە ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي كىرىزىسنى يې-
ڭىشكە تۇتۇش قىلىۋاتقىنىمىزدا، مەدەنىيەتتىن ئىبارەت بۇ ئاسا-
سىي تېما (ئىرق، مىللەت ياكى ئىدېئولوگىيە مەزمۇنلىرىنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ) نى چۆرىدىگەن سىياسىي سەپەرۋەرلىك پەرقلەندۇ-
رۇشكە بولىدىغان مۇنداق ئۈچ فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرىدۇ: ①
ئۇ جەمئىيەتتىكى يەككىلىكلەرنىڭ ئۆزىنى تونۇش تۇيغۇسىنى يې-
ڭىباشتىن تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئادەتتىكى مەۋجۇتلۇق دۇن-
ياسى زۆرۈر خەۋپسىزلىك كاپالىتى بىلەن تەمىن ئېتەلمىگەندە،
ئادىشىپ يۈرگەن ئۆزلۈك يېڭىباشتىن ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلە-

www.uyghurkitap.com

شىنى تاپىدۇ ھەم ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇۋالىدۇ ② ئۇ جەمئىيەتتىكى تېرىقتەك چېچىلىپ تۇرغان ھەرقايسى قىسىملارنى يېڭىباشتىن بىرىكتۈرۈشكە مۇئەييەن دەرىجىدە ياردەم بېرىپ، جەمئىيەتنىڭ يىمىرىلىشىنى ئۇنۇملۇك ھالدا توسۇپ قالالايدۇ (بىراق، يەنەمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆپ قۇتۇپلىشىشقا تۈرتكە بولىدۇ) ③ ئۇ سىياسىي ساھەدىكى مەشھۇر زاتلارنىڭ «كونا تەرتىپ» ۋە ھوقۇققا خىرىس قىلغۇچىلار بىلەن بولغان كۈرەشتە ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا، «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» زامانىۋىلىشىش كىرىزىسىنىڭ تەبىئىي مەھسۇلى ئەمەس، بىز ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ پەۋقۇلئاددە مەسىلىسى ۋە ھوقۇق ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئوخشاشمىغان ھۆكۈمرانلىق شەكلىنى ئويلىشىپ كۆرۈشەمىز كېرەك، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەدەنىيەتلەرنىڭ چەك - چېگراسى ئارىسىنى تۇتاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى، بەزىلىرى مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى چەتكە قېقىش ھادىسىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ھۆكۈمرانلىقنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالدى.

بۇ خىل ھادىسە ۋە فۇنكسىيەلەر خۇنتىنگتون ئېيتقاندەك يېڭى شەيئىي ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە شەيئىلەردۇر. تارىختا بۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىشلار ئاز ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭ يېڭى بىلىنىدىغان يېرى شۇكى، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىش مۇساپىسىدىگە ئەگىشىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى ئارىسىدىكى ئالاقە كۈنسايىن قويۇقلاشتى، بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رايون خاراكتېرلىك ۋەقەلەرمۇ چوڭقۇر دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالدى. شۇڭا، يەر شارىنىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدىكى توقۇنۇش، جۈملىدىن قوشنا رايونلار ئارىسىدىكى توقۇنۇشلاردىمۇ ئەۋجىگە چىقىش خەۋپى مەۋجۇت.

# 3

## هازىرقى ئۇرۇش ۋە توقۇنۇشلار

### تارىختىكى ئۇرۇشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەبلەر

ئىنسانلارنىڭ دەسلەپكى تارىخىدىكى قەبىلىلەر ئارىسىدىكى قانلىق توقۇنۇشلار ئەڭ قەدىمىي بىر خىل تارىخىي ھادىسە، ئىنسانىيەتنىڭ تارىخ تەرەققىياتىنى زۇلمەتكە دۇچار قىلىدىغان بۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر ئۇستىدىكى تەتقىقات، ئىزدىنىشلەرمۇ كۆپ بولدى.[1]

ئەمما، ئاخىرىدا زوراۋانلىقنىڭ ئاساسلىق ئامىلىنىڭ زادى نېمىلىكىنى ئىزدەپ تاپقىلى بولمىدى. ئۇرۇش يۈز بېرىشنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ خىل بولۇپ، بىر ياكى بىرقانچە ئامىل بىرىككەندە، قەبىلە، مىللەت، شەھەر، دۆلەت ۋە ئىتتىپاقلار ئارىسىدىكى قانلىق توقۇنۇشلارنىڭ ئاساسى شەكىللىنىدۇ.

بۇ ئامىللار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

زېمىن تالاش ـ تارتىشى؛

قىس بايلىقلارنى تالىشىش؛

مال ـ دۇنيانى تالان ـ تاراج قىلىش؛

دىنىي ئەسەبىيلىك؛

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئىختىلاپ؛

---

① كىلاۋس جۇئېرگېن گانتېل: «ئۇچىنچى دۇنيادىكى ئۇرۇش»، «ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى ئۇستىدىكى تەتقىق نەزەرىيەسى ۋە ماتېماتىكىلىق مەسىلىلەر — تۈزاق ئۇستىدىكى تەتقىقات» بادېن ـ بادېن، 1989 ـ يىلى نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىرق، مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىش؛

ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان خەۋپسىزلىك مەسىلىلىرى ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن؛

دېموكراتىيە ئىشقا ئاشمىغان دۆلەتلەردىكى مەشھۇر شەخسلەر بىلەن داھىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەنپەئەتى.

ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بۇ كۆپ مەنبەلىك ئامىللار بۈگۈنگە قەدەر يەنىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ۋەقەلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، زوراۋانلىق توقۇنۇشلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەب ئۇنداق ئاددىي بولمايدۇ. زوراۋانلىق توقۇنۇشلىرىنى ئاددىيلا بىر سەۋەب بىلەن چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنىدىغان نەزەرىيەلەر، جۈملىدىن ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ئىشنىڭ ماھىيىتىنى بۇرمىلايدۇ. ناۋادا بۇنىڭغا چوقۇم بىرەر نەزەرىيەۋى ئاساس تېپىش توغرا كەلسە، رايون سىياسىي ئامىلىدىن ئىبارەت كونا مۇقامنى تولۇلماي ئامال يوق، چۈنكى ئۇرۇش كۆپرەك بىۋاسىتە چېگرالىنىدىغان قوشنا ئەللەر ئارىسىدا يۈز بېرىدۇ.

## بۈگۈنكى دەۋردىكى ئۇرۇش ۋە توقۇنۇشلارنىڭ سەۋەبى

خۇنتىنگتون مەنىسى چوڭقۇر ئىبارىلەر بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈنكى دەۋردىكى قوراللىق توقۇنۇشلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت گۇرۇھلىرى ئارىسىدا يۈز بېرىۋاتىدۇ.»①

ئەلۋەتتە، ئۇ بۇنىڭدىن سوئالغا جاۋاب تاپقاندەك كۆرۈنىدۇ، بىراق «ئىسلام قانلىق چېگراسى» دېگەن تېمىغا كەلگەندە، ئىستا-

---

① خۇنتىنگتون: «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى».

تىستىكىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتىگە مۇخالىپ ئىش قىلىدۇ. باش-
قىچە قارىشى يوق ھەرقانداق بىر ئوقۇرمەن بۇ سانلارنى كۆرگىنىـ-
دە: ئىچكى ئۇرۇش ۋە خەلقئارالىق ئۇرۇشلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپ-
رەكى مەدەنىيەت ئامىلى تۈپەيلىدىن يۈز بېرىدىكەن ـ دە، دېگەن
يەكۈننى چىقارماي قالمايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ يەنە تا-
سادىپىي تەقسىملىنىش پرىنسىپىغا بېرىپ تاقىلىدۇ.
بىز يەر شارىدىكى ئۇرۇش ۋە توقۇنۇشلار توغرىسىدا چىقىرىل-
غان 1996 ـ يىلىدىكى ئىستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلارغا قا-
راپ باقايلى. خېيدېلبېرگ توقۇنۇش تەتقىقات جەمئىيىتى ئۇرۇش
ۋە زوراۋانلىق توقۇنۇشلىرىنى قەرەللىك ئىستاتىستىكا قىلىش
خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان مەخسۇس ئاپپارات، ئۇنىڭ ئىستاتىستىكا
سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، شۇ يىلى نۇرغۇن ئادەم ئۆلگەن
ئۇرۇش ۋە زوراۋانلىق كىرىزىسى 27 قېتىم يۈز بەرگەن. ئۇلارنىڭ
توققۇز قېتىملىقى خۇنتىنگتون جەزملەشتۈرگەن «مەدەنىيەت ئۇ-
زۇلمە قاتلىمى» دا يۈز بەرگەن، 17 قېتىملىقى ئوخشاش مەدەنىيەت
چەمبىرىكىدىكى ئىككى تەرەپ ئارىسىدا يۈز بەرگەن. ناۋادا ئىرق
ئامىلىنىمۇ شۇ دائىرىگە كىرگۈزۈپ ئويلىساق، ئەھۋال مۇنداق
ئۆزگىرىدۇ، يەنى ئوخشاشمىغان ئىرق ئەزالىرى، ئوخشاشمىغان قە-
بىلە، مىللەت، ئىرق ياكى دۆلەت 21 قېتىملىق زوراۋانلىق توقۇ-
نۇشقا قاتناشقان، شۇغىنىسى 27 قېتىملىق توقۇنۇشنىڭ ئاران
ئالتە قېتىملىقى ئىرق ئامىلى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. باشقىچە قى-
لىپ ئېيتقاندا، ئىرقىي توقۇنۇش زوراۋانلىق توقۇنۇش ۋەقەلىرى-
نىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەن. تېخىمۇ مۇھىمى، ئاتال-
مىش «مەدەنىيەتلەرنىڭ سوقۇلۇشى» دېن كېلىپ چىققان توققۇز
قېتىملىق توقۇنۇشقا ئىرقىي ئامىلمۇ ئارىلىشىپ قالغان. «مەدەنى-
يەتلەر توقۇنۇشى» توقۇنۇشۇۋاتقان ئىككى تەرەپ ئوخشاشمىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىرق گۇرۇھىغا تەئەللۇق بولغان ئالدىنقى شەرت ئاستىدا يۈز بې-رىدۇ. ئۇ مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ئېغىر ئىرقىي توقۇنۇش بىلەن بىللە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

«مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» نى دۇنيانى كۆزىتىشتىكى پەۋقۇل-ئاددە كۆرۈش بولۇقى قىلىۋالغان خۇنتىنگتون كەلگۈسىدىكى تو-قۇنۇشنى ئالدى بىلەن مۆلچەرلىيەلىشى كېرەك ئىدى، مۇشۇنداق بولغاندىلا بىز ئۇنىڭ نەزەرىيەسىنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى كۆرەلە-گەن بولار ئىدۇق. بۇ جەھەتتە، خېيدېلبېرگ توقۇنۇش تەتقىقات جەمئىيىتى چىقارغان ئىستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇمات مەسى-لىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىشى مۇمكىن. ئۇلار «يوشۇرۇن توقۇنۇش» نى ئىستاتىستىكا قىلىپ، ئىككى تەرەپ ياكى كۆپ تەرەپ ئارىسى-دىكى تالاش - تارتىش ياكى ئۇزاقتىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن مەلۇم بىر خىل ئىختىلاپ كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر پەيتتە تامامەن قورال كۈچىگە مۇراجىئەت قىلىشى مۇمكىنلىكىنى، بىراق نۆۋەتتە تېخى ئومۇمىيۈزلۈك توقۇنۇش پارتلىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. مەسىلەن، يۇگوسلاۋىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت - توقۇنۇشلار تېتو زامانىدىلا مەۋجۇت ئىدى. زىددىيەت - توقۇنۇش غايەت زور زەربە بېرىش كۈچى بىلەن ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ يوشۇرۇن مەزگىلى باشلانغان ۋاقتىنى 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرلىرىغىچە سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. بىز مۇشۇ كاتېگورىيە بويىچە كېلەچەكتە كەسكىن توقۇنۇش يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان رايونلارنى پەرەز قىلالايمىز، خەلقئارا جەمئى-يەت بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، مۇشۇنداق بولغاندا، بىر-لەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكى بەزى ياراشتۇ-رۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنالايدۇ. «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دېگەن كىتابتا تىلغا ئېلىنغان يوشۇرۇن 52 قېتىملىق توقۇنۇشنىڭ ئەھ-

ۋالى زادى قانداق بولۇپ كېتەر؟ بۇلاردىن كۆپ دىگەندىمۇ 18 قېتىملىقى، يەنى تەخمىنەن 1/3 ى مەدەنىيەت ئۆزۈلمە قاتلىمىدا يۈز بېرىشى مۇمكىن؛ قالغان 34 قېتىملىقىنىڭ مەدەنىيەت بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق. يۇقىرىقى ئەھۋالنىڭ ئەكسىچە، 52 قېتىملىق توقۇنۇشنىڭ 36 قېتىملىقى، يەنى 1/3 قىسمىدىن كۆپرەكى ئوخشاشمىغان ئىرق گۇرۇھى ئارىسىدا يۈز بېرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ يەردە ئىرق ئامىلى هۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.[①]

1 ـ جەدۋەل. 1996 ـ يىلىدىكى «مەدەنىيەت» ۋە «ئىرق» ئامىلىنىڭ زوراۋانلىق توقۇنۇشى ۋە يوشۇرۇن توقۇنۇشتا ئىگىلىگەن نىسبىتى (پىرسەنتى)

| نامى تۈرى | زوراۋانلىق توقۇنۇشى | يوشۇرۇن توقۇنۇش |
|---|---|---|
| «مەدەنىيەت» ئامىلى | 32 | 35 |
| «ئىرق» ئامىلى | 79 | 71 |

يۇقىرىقى ئىستاتىستىكا مۇنۇلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ: يۈز بەرگەن زوراۋانلىق توقۇنۇشى ۋە يوشۇرۇن توقۇنۇشلارنىڭ تۈر ئايرىمىسى ئىستاتىستىكىدىن چىققان ئاخىرقى يەكۈنگە تەسىر يەتكۈزەلمىگەن، مەدەنىيەت ئامىلى بىلەن ئىرق ئامىلى ئىگىلىگەن نىسبەت مۇناسىۋىتى بۇنداق تۈرگە ئايرىش تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىپ قالمىغان. بۇنىڭدىن سىرت، شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، يوشۇرۇن توقۇنۇشنىڭ كۆپ سانلىقى، يەنى 30 قېتىملىق توقۇنۇش ئەنئەنىۋى زېمىن تالاش ـ تارتىشى تىپىغا مەنسۇپ بولۇپ، خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇنىيىتىگە ياتىدۇ. بۇ نۇقتىنىڭ دىققەتنى قوزغايدىغان يېرى شۇكى، 1996 ـ يىلى يۈز بەرگەن 27 قېتىملىق زوراۋانلىق

① خېيدېلبېرگ خەلقئارا توقۇنۇش تەتقىقات جەمئىيىتى، «دۇنياۋى توقۇنۇش بارومېتىرى» 1996 ـ يىلى، خېيدېلبېرگ نەشرى.

توقۇنۇشى ئىچىدە، يەقەت ئالتە قىتئەلىك ئەنئەنىۋى زېمىن تالاش - تارتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەكسىچە 9619 - يىلىدىكى توقۇنۇشنىڭ كۆپچىلىكى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تالىشىش ياكى فېدېراتسىيەدىن ئايرىلىشقا ياتىدىغان «ئىچكى» توقۇنۇشتۇر. يوشۇرۇن زېمىن تالاش - تارتىشلىرى ئارىسىدىكى كۆپ قىسىم توقۇنۇش ئوخشاش ئىرق ئىچىدىكى ئوخشاشمىغان ئەزالار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن (مەسىلەن، جۇڭگو تەيۋەن، جەنۇبىي ئامېرىكا، ئەرەب يېرىم ئارىلى)، بۇنىڭدا يوشۇرۇن توقۇنۇش ئىچىدىكى ئىرق ئامىلىنىڭ ئىگىلىگەن ئۆلۈشى سەل تۆۋەنلىگەن، شۇغىنىسى بۇ تەرىپى ئانچە روشەن بىلىنىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، كەلگۈسىدىكى يوشۇرۇن توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەر ئىچىدە، «مەدەنىيەت» ئامىلى يەنىلا ئىرق ئامىلىدىن كېيىن تۇرىدۇ، دېيىشكە ئاساسىمىز بار، يەنە كېلىپ دۇنيادىكى ئەمنىلىك ئىشقا ئاشمىغان رايونلاردا يۈز بېرىۋاتقان دۆلەتلەر ئارا ئەنئەنىۋى زېمىن توقۇنۇشلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، بۇنىڭ بەك مۇھىم تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغانلىقى ئېنىق.

## ئىرق ۋە مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئامىلى قاتارىغا ئۆتۈشى

دۇنيا يېقىنقى زامان تارىخىدا، «ئىرق ئامىلى» نىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقىدا شەك يوق، ئۇ ھەمىشە مەلۇم شەكىلدىكى مىللەتچىلىككە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ھەم شۇ تەرىقىدە كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ، ئۇ 19 - ئەسىر ۋە 20 - ئەسىرنىڭ كۆپ قىسىم چاغلىرىغا زور ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بىز ئامېرىكا، فىرانسىيەلەردە شەكىللەنگەن مىللەتچىلىكنى بۇنداق توقۇل مىللەتچىلىكتىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «ئاساسىي قانۇنلۇق مىللەتچىلىك» دەپ ئاتىدۇق. ھەممە پاكىتلار مىللەتچىلىكنىڭ «تەبىئىي» يوسۇندىكى ئىرسىيەت ئەمەسلىكىنى، يەنى ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشىدە

«بىيوگېن» جەھەتتىكى ئاساس يوقلۇقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئىلگىرىدىن ئېيتقاندا، مىللەتچىلىكنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى زامانىۋىلىشىش جەريانى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مىللەت ئۇقۇمى دەل مۇشۇنداق زامانىۋىلىشىش ۋە تەرەققىيات جەريانىدا «ئىجاد» قىلىنىدۇ ۋە پەۋقۇلئاددە ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىگە ئىگە بۇ يېڭى ئۇقۇم ئارقىلىق، سانائەتلەشتۈرۈش بويىچە يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىچكى سودا ئېھتىياجلىق كەڭ رايونلار ئېچىلىدۇ. جەمئىيەتتىكى قابىللار «رىۋايەت، ئەپسانە» لەرنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئەل ئارىسىغا تارقالغان، ئەسلىدە ئانچە باغلىنىشى بولمىغان تارىخىي رىۋايەتلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆزگەرتىپ، غايەت زور ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىگە ئىگە ئوخشاش مەنىۋى تونۇشنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. پۈتكۈل 19 ـ ئەسىر ۋە 20 ـ ئەسىردە، قايمۇقتۇرۇش خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان گۇمانتارلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەلىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن «بومباردىمان» قىلىشى ئارقىسىدا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا «مىللەت» دېگەن بۇ ئۇقۇم يېڭى دەۋردىكى دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى روياپقا چىقاردى. بېنېدىكت ئاندېرسون «مىللەت» نى ئېنىق يوسۇندا «تەسەۋۋۇردىكى جەمئىيەت» دەپ ئاتىغان، بۇنىڭدىن قارىغاندا، مىللەت ھەم مەدەنىيەتنىڭ بىۋاستە مەھسۇلى، ھەم مەدەنىيەت تونۇشىنىڭ پايدىلىنىش نۇقتىسى بولسا كېرەك. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مىللەت بىرقەدەر كىچىك دائىرىدە خۇددى خۇنتىنگتوننىڭ ئېيتقىنىدەك جەمئىيەت مەركىزىدىكى «مەدەنىيەت جامائىتى»، خالاس.

ئەمما، مىللىي دۆلەتلەردە يەنە مىللەت چەك ـ چېگراسىدىن ھالقىغان مەلۇم شەكىلدىكى ئىرق تونۇشى بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇنداق تونۇش كۆپىنچە ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان بولىدۇ، ئۇ تارىختىكى بىر قىسىم پارچە ـ پۇرات ئۇقۇملاردىن شەكىللەندۇرۇلۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۇنئىي يوسۇندا بىرىكتۈرۈلۈپ ھاسىل قىلىنغان. ئۇنىڭ ئايرى-لىشى مېدىتسىنا ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ھەقىقىي ئىلمىي ئاساس ئۈستىگە تۇرغۇزۇلمىغان، شۇڭا «ئىرقنى سالاھىيەتنى تەكشۈرۈش-نىڭ بىر خىل پەۋقۇلئاددە شەكلى قىلىۋېلىش ئىرچىل داۋاملا-شىپ كەلگەن ئىش بولماستىن، بەلكى ئالدىنئالا توقۇپ چىقىرىل-غان ياكى ئىجاد قىلىنغان ئىشتۇر».[①] شۇڭا، ئىرق كوللېكتىپى يا-كى قەبىلىمۇ ئوخشاشلا «مەدەنىيەت جامائىتى» بولۇپ، ئۇنىڭ تەت-بىقلىنىش كاتېگورىيەسى «مىللەت» كە قارىغاندا تېخىمۇ تار.

تەتبىقلىنىش دائىرىسى تار ۋە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئىر-قىي ئالاھىدىلىك تۆۋەندىكى ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىكى مۇھىم سەۋەبتۇر. يەنى ئىرق جامائىتى (توقۇپ چىقىرىلغان بىر خىل مەدە-نىيەت توپلىمى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ) تونۇشنىڭ فوكۇس نۇق-تىسى قىلىنغان ھەم شۇ تۈپەيلىدىن بۇ ئىرق جامائىتى توقۇنۇش-تىكى بىر تەرەپكە ئايلىنىپ قالغان، بۇنى خۇنتىنگتوننىڭ مەدەنى-يەت جامائىتىگە سېلىشتۇرغاندا، ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ ئۇيغۇن كې-لىدىغان ئاتالما دېيىشكە بولىدۇ. شەرق - غەرب توقۇنۇشى — ئۇرۇش-تىن كېيىنكى خەلقئارالىق سىياسىي ئاساسىي شەكلىنىڭ يىمىرى-لىشى كىشىلەرنىڭ «مىللەت» دېگەن بۇ تەسەۋۋۇردىن گۇمان قىلى-شىغا تۈرتكە بولدى، ئولې ۋائېۋېر، باررى بۇزان ۋە ئۇلارنىڭ ھەم-راھلىرى ئوتتۇرىغا قويغان «جەمئىيەت خەۋپسىزلىكى» ئۇقۇمى تې-خىمۇ تار دائىرىدىكى جامائەت مەسىلىسىگە چېتىلىدىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ياشاش ھوقۇقى كەڭ دائىرىلىك مىللىي دۆلەت (كۆپىنچە-سى ئىمپېرىيە) تىكى مىللەت تونۇشىدا قىلچە ئېتىبارغا ئېلىنىم-

---

① رېناتې كىرېيلې: «ئافرىقا ئىرقىنىڭ سىياسىيلاشتۇرۇلۇشى»، 1997 - يىلى نەشرى.

غان ياكى يېتەرلىك ساقلاپ قېلىنمىغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە يۇگوسلاۋىيەدە جەمئىيەت خەۋپسىزلىكى ۋە مىللىي خەۋپسىزلىك زىددىيەت پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلىقتىن، مىللەت ئاساسىدا يېڭى مەدەنىيەت تونۇشى بارلىققا كەلگەن. ۋاقىت بىلەن بۇزان كەلگۈسىدە ئېغىر توقۇنۇشلارغا قاتنىشىش مۇمكىنچىلىكى بولغان «جانلىق ئۇنسۇر» نى كەڭ دائىرىلىك مەدەنىيەت جامائىتىدىن ئەمەس، بەلكى بىر قەدەر تار دائىرىلىك مەدەنىيەت توقۇنۇشىدىن بايقىغان.

لېكىن، ئۇلار «جەمئىيەت خەۋپسىزلىكى» مەسىلىسىنى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئامىلىنىڭ رولى بىلەنلا چەكلەپ قويغان، يەنى ئاساسلىقى مىللىي تونۇش تۇيغۇسى قالايمىقانچىلىق چىقىرىۋاتىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇلار زامانىۋىلاشقان ۋە زامانىۋىلىشىۋاتقان دۆلەتلەردە ئىجتىمائىيلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىر قانچە ئەۋلادنىڭ ئىشى، ئۇ بۇيۇك ئەپسانىلەر ۋە تونۇشنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولىدىغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد يەتكۈزۈلۈشىگە تايىنىپلا رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كېتەلمەيدۇ، دېگەن خاتا كۆزقاراشتا بولغان. ئۇلارنىڭ قارىشى ئەمەلىيەتتىن ئېغىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا بۇ ئامىللار داۋاملىق تۈردە ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناشقۇسى، بۇلاردىن سىرت يەنە ئىجتىمائىيلىشىشنىڭ مۇۋاپىق ئىككى جەريانى ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن، بىز ئۇلارنى فۇنكسىيەلىك ئىجتىمائىيلىشىش ۋە شەرتنامىلىك ئىجتىمائىيلىشىش دەپ ئاتايمىز.

فۇنكسىيەلىك ئىجتىمائىيلىشىش ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ، زامانىۋىلىشىش بۇ خىل ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنى ئۆزۈكسىز ئىلگىرى سۈرىدۇ. پۈتكۈل جەمئىيەت ۋە جەمئىيەتتىكى تۈرمۇش ھەم تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئاۋام تەكرار ئىشلەپچىقىرىش مۇمكىنچىلىكىگە كاپالەتلىك قىلغان، بۇنىڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىن مەيدانغا كەلگەن زور مۇۋەپپەقىيەتلەر مىليونلىغان كىشىلەر-نىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى، ئىنىق ئىش تەقسىماتى ۋە تەكرار پائالىيەت ئارقىلىقلا قولغا كېلىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر جەمئىيەتتە ئۆزى ئالىدىغان رولىغا ماسلىشىپ، ئېھتىياجغا قاراپ بۇ رولنى ساقلاپ قېلىشى ياكى ئۆزگەرتىشى كېرەك. بونبېرت ئېلىئاس بۇ خىل ھادىسىنى «ئۆزئارا گىرەلەشكەن پائالىيەت زەنجىرى» دەپ ئاتىغان، بۇ ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشنىڭ ئىككىنچى قاتلىمىدۇر.

ئۈچىنچى قاتلام شەرتنامىلىك ياكى قانۇن شەكىللىك ئىجتىمائىيلىششتۇر. قانۇن ـ تۇزۇم نېمىگە يول قويۇلىدىغانلىقى ۋە نېمىنىڭ چەكلىنىدىغانلىقى، نېمىنىڭ قانۇنلۇق، نېمىنىڭ قانۇنسىزلىقىنى ئەڭ كەڭ قاتلامدىن ئايرىغان ھەم شۇ ئاساستا جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى بەلگىلىگەن، مەيلى دۆلەتنى ھىمايە قىلىدىغان ياكى دۆلەتكە قارشى تۇرىدىغان ئادەم بولسۇن، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر. شۇڭا، قانۇن دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىيلىششىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. قانۇن كۈندىلىك تۇرمۇشتا يەنە قانۇن خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىشلارنى ماسلاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئەمما، تېخىمۇ تالاش ـ تارتىش قوزغايدىغىنى شۇكى، قانۇن نۇقتىسىدا ماجىرا كۆرۈلگەندە، ئۇنىڭ ئەمەلىي فۇنكسىيەسىگە چېتىلىدىغان مەسىلە جىنايى ئىشلار قانۇنى، ھەق تەلەپ قانۇنى ياكى خەلقئارا جامائەتچىلىك قانۇنىغا تەتبىقلاش مەسىلىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

## سالاھىيەت، تەقسىمات ۋە ھوقۇق: ئىرقىي پەرق قانداق چاغدا توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟

بۇنداق توقۇنۇشلارنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبىگە دائىر ئىستاتىس-

تىكىلىق سانلىق مەلۇماتلارغا قاراپ، ئىرق پەرقى ئامىلىنىڭ ئاساسىي يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرسەكمۇ، زوراۋانلىق توقۇنۇشلىرىنىڭ ھەممىسىگە پەقەت شۇلا بىردىنبىر سەۋەب بولىدۇ، دېيەلمەيمىز، يەنە كېلىپ مەيلى زامانىۋىلاشقان جەمئىيەت ياكى زامانىۋىلىشىۋاتقان جەمئىيەتتە بولسۇن، ئەھۋال ھەممىسىدە ئوخشاش. ئىرقىي كوللېكتىپنىڭ سالاھىيىتىنى جەزملەشتۈرۈشتە، خاس فىزىيولوگىيەلىك بەلگە مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى ئۇنىڭ ئەزالىرى تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان ئورتاق مەنىۋى مىراس، ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان يېرىمۇ دەل مۇشۇ. ناۋادا بىر ئىجتىمائىي كوللېكتىپتا سىياسىي ئامىل پەيدا قىلغان ئاۋارىچىلىكلەر باشقا ئىجتىمائىي كوللېكتىپلارغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ بولسا، يەنە كېلىپ ئۇ سىياسىي، ئىقتىساد ياكى مەدەنىيەتتە پەرقلىق مۇئامىلىگە ئۇچرىسا، ئىرقىي كوللېكتىپنىڭ باشقا كوللېكتىپلارنى چەتكە قېقىشىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئەتىۋارلىنىش بىلەن خارلىنىش ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەت ۋە باغلىنىشىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ھېس قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ. ئەكسىچە باشقا كوللېكتىپلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىش بۇ خىل كوللېكتىپ ئېڭىنىڭ خاسلىقىنى سۇسلاشتۇرىدۇ.

كوللېكتىپلار ئارىسىدا توقۇنۇش پەيدا قىلىپ، ئاخىرىدا زوراۋانلىق تالاش ـ تارتىشلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللار ئىچىدە، ئىرقىي پەرقتىن باشقا يەنە ئىقتىسادىي ئەھۋالنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى، سىياسىي كەمسىتىش، كۆچمەنلەر دولقۇنىنىڭ كۆچىيىپ، «ئۆز» زېمىنىنى ئىگىلىۋېلىشىدىن كېلىپچىققان نوپۇس بېسىمى، شۇنداقلا تەبىئىي مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېلىپچىققان «ئېكولوگىيەلىك جىددىيلىك» (ئىچىدىغان سۇ بايلىقىنىڭ كېمىيىشى، تېرىلغۇ يەرنىڭ ئازىيىشى ۋەھاكازا) قاتارلىقلارمۇ بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ تەرەققىياتلاردىكى ئورتاق بىر نۇقتا شۇكى، بۇلار ئاالاقىدار كول-لېكتىپلارنىڭ توپ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشىغا ئېغىر تەھدىت سالىدۇ. بىۋاسىتە تەھدىتكە ئۇچرايدىغىنى «سالاھى-يەت» ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى، تۇرمۇش سە-ۋىيەسى، يەنى ئەڭ جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ماددىي تەلەپنىڭ قاندۇرۇلۇش دەرىجىسى تەھدىتكە ۋە زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئەمەلىيەتتە، سالاھىيەتكە قارىتىلغان تەھدىت بىلەن ماددىي تۇرمۇش ئېھتىيا-جىغا قارىتىلغان تەھدىت ھەمىشە بىر - بىرىگە ھەمراھ بولۇپ كې-لىدۇ، ئۇلار ھەمىشە تەھدىتكە ئۇچرىغان كوللېكتىپ بىلەن «تاجا-ۋۇزچى» ئارىسىدىكى توقۇنۇشقا تۈرتكە بولىدۇ.

توقۇنۇش جەريانىدا ئوخشاشمىغان تەھدىت شەكىللىرى تۈپەي-لىدىن توقۇنۇشنىڭ شەكلى ۋە دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسى-لەن، ئەھۋال ئەڭ ياخشى بولغاندا، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كەمە-سىتىش زىيانغا ئۇچرىغان كوللېكتىپنىڭ تېخىمۇ كۆپ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھوقۇق - مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ؛ ئەھۋال ئەڭ ئېغىر بولغاندا، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىش يولىدىكى كەڭ كۆلەملىك قوراللىق كۈرەشكە تەرەققىي قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل يول ئارقىلىق ئىجتىمائىي بايلىقنى يېڭىباشتىن تەقسىملەش ئىستىكى تۇغۇلىدۇ. نوپۇس بېسىمى ۋە مۇھىت جىددىيچىلىكى مەسىلىلىرى ھەمىشە تېررىتورىيەلىك ئاپ-تونومىيە تەلەپ قىلىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ، ئەھ-ۋال ئېغىرلاشقاندا، مۇستەقىللىققە ئېرىشىش يولىدىكى ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن.

ئۇنداقتا، ھازىرقى زاماندىكى ئۇرۇشلاردا مەدەنىيەت ئامىلى بىلەن زورۋانلىق تالاش - تارتىشنىڭ مۇناسىۋىتى زادى قانچە-لىك؟ نۇرغۇن توقۇنۇش ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلغان ئالىم تېد

روبېرت گور بىلەن باربارا خارف ئىككى پارچە تەتقىقات دوكلاتىدا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيانقى دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى توقۇنۇشنى تەپسىلىي كۆزىتىپ، ئوخشاشمىغان ئىرقلارغا قارىتىلغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى كەمسىتىش خاراكتېرلىك مۇئامىلىلەر ئۇزۇكسىز كۆپىيىپ بېرىۋاتقان زوراۋانلىق توقۇنۇشلىرىغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك، دېگەن يەكۈننى چىقارغان. سالاھىيىتى جەزملەشتۈرۈلگەن 233 ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدىكى 80% مىللەت ئېغىر دەرىجىدىكى كەمسىتىشلەرگە ئاز - دۇر ـ كۆپتۇر ئۇچراپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ، دېموكراتىك دۆلەتلەردە ئۇلار سىياسىي تۇرمۇشقا ۋە يەرلىك ئاپتونومىيەگە ئارىلىشىشقا ئىنتىلىدۇ. مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق يولغا قويۇلغان ياكى ھاكىممۇتلەق دۆلەتلەردە بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇستەقىللىققە ئىنتىلىدۇ ياكى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئاندىن ئۆزى باشقا ئىرقتىكى ھوقۇق تالاشقۇچىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. دىنىنىڭ كۆرسىتىدىغان تەسىرى جەھەتتە، خۇنتىنگتون دىنىي مەدەنىيەتتىكى ئىنتايىن مۇھىم ئامىل، دەپ قارىغان. يۇقىرىقى ئىككى ئالىم بۇنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: «ئەنئەنىۋى ئىسلام دىنىنىڭ قىممەت قارىشى بىلەن دەھرىي قىممەت قارىشى ئارىسىغا دەز كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىرقىي كەمسىتىش كۆرۈلگەن چاغلاردا، ئاتالمىش ئەسلىيەتچىلىك ئىرق ئارىسىدىكى توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مەسىلەن، سۇداندىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىچكى ئۇرۇشقا ئوخشاش. بۇنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى شۇكى، ناۋادا ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرغان كوللېكتىپ، ئۆز ئەقىدىسىنى باشقىلارغا زورلاپ تاڭماقچى بولسا، دىن جەھەتتىكى پەرق توقۇنۇش داۋامىدا تېخىمۇ كۈچىيىپ بارىدۇ. بىراق، بۇ 233 ئىرقنى كۆزىتىشىمىزچە، دىن جەھەتتىكى پەرق ئىرقىي توقۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نۇشنىڭ پارتلىشىغا بىردىنبىر سەۋەب بولۇپ قالىدىغان ياكى ئا-ساسلىق سەۋەب بولۇپ قالىدىغان ئىشلار كەمدىن - كەم كۆرۈلىدۇ. ئەكسىچە، دىن جەھەتتىكى پەرق ھەمىشە ئاشۇ ئاز سانلىق مىللەت ياكى سىنىپىي پەرق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىرقىي توقۇ-نۇش بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ ... ئورتاق دىنىي ئېتىقاد بۇ كول-لېكتىپلار بىلەن ئاز - تولا يۇغۇرۇلۇپمۇ كېتىدۇ. ھازىر دىن جە-ھەتتىكى پەرق كوللېكتىپلار ئارىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولۇپ قالىدىغان جەمئىيەت ئىنتايىن ئاز.»

ئىرقىي توقۇنۇش توغرىسىدا بۇگۇنگە قەدەر ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ ئەتراپلىق تەتقىقاتلار مېنىڭ 1996 - يىلىدىكى توقۇنۇشقا ئالاقىدار ئىستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلارغا بولغان چۈشەن-دۈرۈشلىرىمنى ئاددىي، ئېنىق ھالدا ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. خۇن-تىنگتوننىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە بولغاندا «مەدەنىيەت ئامى-لى» مەدەنىيەت ئۇزۇلمە قاتلىمىدىكى توقۇنۇشنى كەسكىنلەش-تۇرۇۋەتكەن ھەم شۇ تۇپەيلىدىن زوراۋانلىق تالاش - تارتىشلى-رىنىڭ يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى ئاشقان تەقدىردىمۇ، بىراق «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» زوراۋانلىق توقۇنۇشىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى ياكى ئاساسى بولالمايدۇ. كەڭ كۆلەملىك زوراۋانلىق تو-قۇنۇشلىرى ياكى ھازىرقى زوراۋانلىق خاھىشىغا ئىگە تۇرلۇك تالاش - تارتىشلارغا نەزەر سالىدىغانلا بولساق، بۇ ھۆكۈم ئىس-پاتلىنىدۇ.

## سابىق يۇگوسلاۋىيەدىكى ئۇرۇش

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، تېتو رەھبەرلىكىدىكى يۇگوسلاۋىيەدە ئوخشاشمىغان مىللەت كوللېكتىپلىرى مۇئەييەن سىياسىي تەڭپۇڭلۇق ئىچىدە تۇردى. تېتو مەلۇم جەھەتتىكى يەر-

لىككە ھوقۇق بېرىش، ئىقتىسادىي تەڭپۇڭلۇق ۋە رايون ۋەكىللىك تۈزۈمى ئارقىلىق يۇگوسلاۋىيەدىكى مىللەتلەر ئارىسىغا ئۆزاقتىن بېرى يوشۇرۇنۇپ كەلگەن توقۇنۇش مەنبەسىنى تىزگىنلەشكە تىرىشتى. تېتو ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ئارقىسىدا تارىختىن قالغان جاراھەتلەرنى ساقايتىشنى ئارزۇ قىلغان بولسا كېرەك. تېتو دەۋرىدىكى يۇگوسلاۋىيەدە ئوخشاشمىغان رايونلار تىنچ ئۆتىدىغان ئىشلار ھەم جاھان ئەھلىنى خۇش قىلىدىغان دىن ۋە ئىرق چېگراسىدىن ھالقىپ نىكاھلىنىدىغان ئىشلار كۆپ بولغان، بۇ ئىشلار تېتونىڭ تاكتىكىسىنىڭ ئاز ـ تولا كۈچىنى كۆرسەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، تېتو يەنە «ئايرىپ ئىدارە قىلىش» سىياسىي ئەندىزىسى، بىر ـ بىرىدىن پايدىلىنىشتەك سىياسىي تاكتىكا ۋە قارشىلىشىشلارنى ساقلاپ قېلىشتەك ھۆكۈمرانلىق ۋاسىتىلىرىنى كۈچىنىڭ بارىچە ئىشقا سېلىپ، كۈچلۈك شەخسىيەتچىلىك ۋە مۇستەبىتلىككە ئىگە ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىدى. تېتو مۇشۇنداق تەڭپۇڭلۇقنى ياراتقۇچى ئۇلۇغ زات بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ تارازىنىڭ مۇھىم تېشى ھېسابلىناتتى، ئۇ ئىزچىل تۈردە كەم بولسا بولمايدىغان ئاچقۇچلۇق شەخس ئىدى.

تېتو ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يۇگوسلاۋىيەدىن «لاياقەتلىك» ئىز باسار چىقمىدى، سېرىب مىللەتچىلىرى ئۆزىنىڭ مەلۇم «قورال»دىن پايدىلىنىپلا دۆلەتنىڭ ھوقۇق تەختىگە چىقالايتتى. مىلوشېۋىچ ئۇ چاغلاردا پەقەتلا بىر تەلۋە ۋەتەنپەرۋەر ئىدى. 1987 ـ يىلىغا كەلگەندىلا، ئۇ ئاندىن ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ جىسمىدىكى مىللەتچىلىك كەيپىياتىنى بايقىدى. دەل مۇشۇ كەيپىيات ئۇنىڭ ھوقۇق يۇقىرى پەللىسىگە چىقىشىغا ياردەم بېرەلەيدىغان ئەڭ مۇۋاپىق قورال ئىدى. «سېرىب» دېگەن بەلگە ئۇنى ئېھتىياجلىق بولغان «سۇيۇرغاللىق ھوقۇقى» بىلەن تەمىن

ئەتتى، شۇنىڭ بىلەن مىلوشېۋىچ ئەڭ كۈچلۈك ھېسابلىنىدىغان مىللەت كوللېكتىپىنىڭ ۋە زور بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھوقۇق رىقابىتىدە دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى. بىراق، مىلوشېۋىچ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش داۋامىدا سېربلارنى مەركەز قىلغان ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈش ئەندىزىسىنى كۈچەپ يولغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن باشقا جۇمھۇرىيەتلەر، بولۇپمۇ سلوۋېنىيە بىلەن كىرودىيە ئۆزىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي مەنپەئەتى ئۈچۈن تېخىمۇ كۈچەشكە مەجبۇر بولدى. مىلوشېۋىچ كوسوۋودىكى ئالبانلار بىلەن ۋوۋوتىنادىكى ۋېنگرىيەلىكلەرنىڭ يېرىم ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى بىكار قىلغاندىن كېيىن، پىرىشتىنا بىلەن ساگرېبۇرادا شۇ ھامان ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى ياڭرىدى. 1990 ـ يىلى 1 ـ ئايدا يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالىدىغان، بېلگرادنىڭ ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمرانلىقىغا پايدىلىق بولغان بىر تۈرلۈك لايىھە قەپەستىن چىقتى، بۇ لايىھە ھەتتا يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيەسى ئىتتىپاقىنىڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق قۇرۇلتىيىنى ئېچىشقىمۇ پۇرسەت بەرمىدى. فېدېراتسىيە ئارمىيەسى پارچىلىنىپ كەتتى، سېربىيەدىكى مونتېگرىنېلار كىرودىيەلىك بىر زوڭتوڭنىڭ يۇگوسلاۋىيەدە سېربلار بىلەن نۆۋەتلىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەسەۋۋۇرىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى، ئاخىرىدا سلوۋېنىيە بىلەن كىرودىيە فېدېراتسىيەدىن ئايرىلىش يولىغا ماڭدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش پارتلىدى.

تېتو ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يۇگوسلاۋىيەدە تېتونىڭ ئورنىغا چىققان رەھبەر ناۋادا تولۇق دېموكراتىيەلەشتۈرۈش قارارىنى چىقارغان بولسا، ئەھۋال قانداق بولار ئىدى؟ بىزنىڭ تەسەۋۋۇر

قىلىشىمىزچە، كۆپ پارتىيەلىك بىر دۆلەت (بەلكىم تولۇق ئىرقچىلىقتا، دىنغا ياكى يەرلىك پارتىيەلەرگە قارشى پەرمان چۈشەندۈرۈلۈشى مۇمكىن) فېدېراتسىيەنىڭ ئىككى پالاتا تۈزۈمى ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېچىۋېتىش سىياسىتى روياپقا چىقسا، يۇگوسلاۋىيە ئىس - تۈتەك باسقان جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى، مىللەتلەر تىنچ ئۆتىدىغان ۋەزىيەت يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىشى مۇمكىن ئىدى، مەدەنىيەت پەرقى سىياسىي تالاش - تارتىشقا ئايلىنىپمۇ كەتمەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ زورلۇق سىياسىي مەنپەئەتى ۋە ئۇلارنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۆزئارا دۈشمەنلىشىدىغان ئىرق ئوبرازى قايتىدىن تىكلەندى، بۇ ئوبراز ئۆتمۈشتىكى ئاشۇ تارىخىي كۆلەڭگىلەردىن ئەندىزە ئالغان ھەم پەۋقۇلئاددە زور قىياپەتكە كىرگۈزۈلگەنىدى.

تۇيۇقسىزلا يۈز بەرگەن بۇ زوراۋانلىق توقۇنۇشى ئالدىدا، خەلقئارا جەمئىيەت نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە بىرلىككە كەلگەن يۇگوسلاۋىيەنىڭ رايون سىياسىيشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۇلار يەنە باشقا بەزى ئامىللارنىمۇ ئويلىماي قالمايتتى. مەسىلەن، ئۇلار تارىختىن بۇيان ئىزچىل ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەنىدى، شۇنداقلا بالقان يېرىم ئارىلىدا گېرمانىيە ئويلىمىغان بىرەر ۋەقەنى تۇغدۇرماقچى بولسا، گېرمانىيە بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرالايدىغان بىر كۈچنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. رۇسىيەمۇ بۇ نۇقتىئىنەزەرنى قۇۋۋەتلەيتتى. بۇ رايوندىكى مۇھىم دۆلەت گىرېتسىيەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سېربىيە ئۇنىڭ تۈركىيە ۋە ماكېدونىيە بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇشىدىكى ئىتتىپاقدىشى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئەنگلىيە بالقان رايونىدا

شىمالىي ئىرېلاندىيەدىكىگە ئوخشاش ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىن، كىشىلەرنىڭ باشقا دۆلەتتىكى ئىچكى ئۇرۇشقا ئارىلىشىمەن دەپ ئۆزىنى تارتىۋالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەچكە، بۇ جەھەتتە بۇرۇنلا تولۇق تونۇش ھاسىل قىلىپ بولغانىدى. فىرانسىيە ھەمىشە كورسىكادىكى بۆلگۈنچى كۈچلەردىن ئەندىشە قىلىپ يۈرەتتى، بەزىدە بىرېتاگنىي رايونىدىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىمۇ فىرانسىيەنىڭ بېشىنى ئاغرىتاتتى، شۇڭا ئۇلار بۇنداق فېدېراتسىيەدىن ئايرىلىش ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن ئانچە خۇش بولۇپ كەتمەيتتى. ئىسپانىيە (باسكىي رايونى) ۋە ئىتالىيە (جەنۇبىي تىرول ئىشتاتى)مۇ ئۆزلىرىدە شۇنداق يوشۇرۇن خەۋپنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئوخشاش ھېسسىياتتا ئىدى. ئەمما، گېرمانىيە مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى بەكرەك تەكىتلەپ، ھەممىگە ئايان تاجاۋۇزچىغا نىسبەتەن خەلقئارالىق كېسىم چىقىرىشتا چىڭ تۇردى. دانىيە بىلەن گوللاندىيە ئامېرىكىغا ئوخشاشلا بۇ قاراشنى قۇۋۋەتلىدى.

مۇستەقىللىققە ئېرىشىش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنىش ھەم خەلقئارا قانۇن ئومۇمىي پىرىنسىپىدىن پايدىلىنىپ، بۇ تالاش - تارتىشنى ھەل قىلىش تەسەۋۋۇرىنىڭ گۆدەكلەرچە خام خىيال ئىكەنلىكى ئەمەلىيەت تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى. ئۇ بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنا رايونىدىكى توقۇنۇشنىڭ سىرلىق پەردىسىنى ئېچىپ تاشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ يىلغا سوزۇلغان دەھشەتلىك ئىچكى ئۇرۇش پارتلىدى، ئۇ كىرودىيە بىلەن سېربىيەنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشىنى كۆزلەش يولىدىكى تالاش - تارتىشلارغا قارىغاندا دەھشەتلىك بولدى. بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنا توقۇنۇشىغا خەلقئارا جەمئىيەتمۇ بىرلىككە كەلگەن يەكۈن چىقىرىشقا ئامالسىز

قالغانىدەك قىلالتتى، ئوخشاشمىغان دۆلەت جامائەتچىلىكىنىڭ قاراشلىرىدىمۇ ئىختىلاپ زور ئىدى.[1]

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇنداق ئىختىلاپ ياۋروپا ئىتتىپاقى، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى ۋە ياۋروپا خەۋپسىزلىك تەشكىلاتىنى پارچىلىۋېتەلمىدى. ئۇرۇش ۋاقتىنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك نۇقتىئىنەزەر، كۆزقاراشلار ئۆزئارا يېقىنلىشىشقا باشلىدى، ئاخىرىدا ئامېرىكىنىڭ زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشى ئارقىسىدا ئورتاق ئارىلىشىش روياپقا چىقتى، بۇ ئىشلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇزاق ۋاقىت غۇلغۇلا قىلىنغان بولسىمۇ، ئاخىر قارار چىقىرىلدى. بۇ توقۇنۇش ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە بولۇپ، ئەسلىدە بىر دۆلەتتىكى ئىچكى ئۇرۇش ئىدى، ئەمما ناھايىتى تېزلا خەلقئارا ئارىلاشقان رايون توقۇنۇشىغا ئايلاندى. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بۇ ھەرگىزمۇ چوڭ دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ياكى بىرقانچە خىل مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۇرۇش ئەمەس. ئۆزئارا قىرغىن قىلىشقا قاتناشقان بىرقانچە پارتىيە ـ گۇرۇھ ئېچىنىشلىق بەدەل تۆلىدى. «غەرب ئەللىرى»، «پىراۋوسلاۋىيە دىنىدىكى دۆلەتلەر» ۋە «ئىسلام ئەللىرى» بۇنىڭغا ئاخىر چىداپ تۇرالمىدى. شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنادىكى سېربلارنى قورال كۈچى ئارقىلىق بويسۇندۇرغان ۋە رۇسىيەنىڭ دىپلوماتىيە ئەلچىلىرى ئۆمىكى ئۇلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراشتۇرغاندىن كېيىن، بۇ ئۈچ مەدەنىيەت گۇرۇھى بۇ رايوننىڭ تىنچلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن

---

① يوھان گېئورگي رېسمۆللېر: «بوسنىيەدىكى تىراگېدىيە»، سىن-تۇتگرات 1993 ـ يىلى نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەلقئارا تىنچلىق ساقلاش قىسىمىغا ئۆز قوشۇنلىرىنى قاتناشتۇردى.

**پارس قولتۇقى ئۇرۇشى**

1990 ـ يىلىدىن 1991 ـ يىلىغىچە پارس قولتۇقى رايونىدا كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش پارتلىدى، ئەمەلىيەتتە بىر ئەرەب ـ ئىسلام دۆلىتىنىڭ يەنە بىر ئەرەب ـ ئىسلام دۆلىتىنى قوپاللىق بىلەن ئىشغال قىلىۋېلىشى ھەم ئۇنى يۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇشى بۇ ئۇرۇشنىڭ پارتلىشىغا تۈرتكە بولدى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېرى شۇكى، خۇنتىنگتون بۇ نۇقتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ قويغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ئىراق قوزغىغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا كەسكىن تەدبىر قوللىنىلمىسا، مۇنداق ئۈچ خىل ئاقىۋەتنى بىۋاسىتە كەلتۈرۈپ چىقىراتتى: ① تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى توسىدىغان خەلقئارالىق شەرتنامىلەر ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايتتى، شۇ تۈپەيلىدىن خەلقئارالىق قانۇنلارمۇ دەپسەندە قىلىناتتى ② دۇنيادىكى نېفىت زاپىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن ھوقۇقى ئۆكتەم بىر مۇستەبىتنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتەتتى ③ ئۆزئارا كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش جەھەتتە مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا ئىگە بۇ رايوندا زومىگەر دۆلەتتىن بىرى ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ ئۈچ سەۋەب غەرب ئەللىرى، ئەرەب ئەللىرى ۋە «باشقا» دۆلەتلەرنىڭ بىرلىشىپ، پەۋقۇلئاددە ئىتتىپاق تۈزۈشىگە تۈرتكە بولدى، ئامېرىكىنىڭ قەتئىي رەھبەرلىكى، رۇسىيە، جۇڭگو ۋە ھىندىستاننىڭ كەڭ قورساقلىق قىلىشى ئارقىسىدا، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى كۆپ دۆلەت قىسىملىرى ئاخىر قورال كۈچىگە تايىنىپ، سادامنىڭ كۇۋەيتكە بولغان ئىشغالىيىتىگە خاتىمە بەردى.

سادام ھۈسەيىن ئاخىرقى باسقۇچتا (بۇ چاغدا كېچىككەنىدى) ئىسلامىيەت جەمئىيىتىنىڭ بىرلىككە كەلگەن مەنىۋى قىممەت تونۇشىنى ئۆزىنىڭ تەشۋىقات قورالى قىلىپ، ئەرەب دۇنياسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە، ئىسلام دۇنياسىنى تاشقى دۇنياغا قارشى ئورۇنغا قويۇشقا ئۇرۇندى. ئۇنىڭ «غازات» دەپ سالغان چۇقانلىرى ئەرەب دۇنياسىدىكى خەلقلەر ئارىسىدا (ھۆكۈمەتتە ئەمەس) مۇئەييەن قوللاشقا ئېرىشەلىدى. شۇڭىسى، بۇ قوللاشلار جەمئىيەتتە ئاساسىي ئېقىمنى ئىگىلىيەلمىدى. بۇ ھالنى كۆرگەن كىشىلەر ئەجەبا ئىسلام ئەقىدىلىرى ئىراقنىڭ بۇ دۆلەت كىشىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشىدىكى ئەڭگۈشتەر بولۇپ قالدىمۇ ــ قانداق؟ دېگەن سوئالنى قويماي تۇرالمىدى. ئەمەلىيەتتە ئىش ئۇنداق ئەمەس ئىدى، تېخىمۇ ئىشەنچلىك پەرەز شۇكى، نەچچە ئون يىلدىن بېرى ئەرەب ئارمىيەسى ھەربىي جەھەتتە ئۈزۈكسىز خورلۇق تارتىپ كەلگەنلىكتىن، نۇرغۇن كىشىلەر ئۈمىدسىزلىنىپ مۇرەسسە تاكتىكىسىنى تاللىغانىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، جاھانگىرلىكنىڭ مۇستەملىكە مەزگىلىدىكى قاتتىق خورلاشلىرىنى، ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ ئۇدا مەغلۇبىيىتىنى باشتىن كەچۈرگەن بىر قىسىم ئەرەبلەر كۆز ئالدىدىكى رېئاللىققا چىداپ تۇرالماي، ئەرەبلەردىن بىر مىللىي قەھرىماننىڭ چىقىشىغا تەقەززا بولغانىدى. شۇڭا، ئۇلار سادام ھۈسەيىندىن ئىبارەت بۇ قاتتىق قول ئەرەب پالۋىنىنى قوللىدى. ئەمەلىيەتتە، ئىراققا قارشى جەڭ قىلغان ئەرەب ھاكىمىيەتلىرى (ماراكەش، مىسىر ۋە سۈرىيە) ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ ئالتە يىلدىن كېيىنمۇ ھۆكۈمرانلىق تەختىدە تەۋرەنمەي ئولتۇرۇۋەردى، سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە پارس قولتۇقى رايونىدىكى بەزى دۆلەتلەر ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن سادامنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدى،

سادامنىڭ «جۇمەدىكى خۇتبىسى» گە بۇ يەرلەردىن ئاۋاز قوشىدىغانلار چىقمىدى.

بۇ ئۇرۇش ئاساسەن ئەنئەنىۋى سىياسىي نىشان ئۈچۈن پارتلىغانىدى. بۇ رايوندىكى ئۇرۇشقا قاتناشقان دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. ئىراقنىڭ مەقسىتى قورال كۈچى ئارقىلىق بۇ رايوندا زومىگەرلىك ئورنىغا چىقىپ، بېشىغا كەلگەن قەرز كىرىزىسىدىن قۇتۇلۇش ئىدى؛ پارس قولتۇقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئۇرۇشتىكى ئىنكاسىنى نوقۇل ھالدا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش پىرىنسىپى ئاساسىدىكى ئىنكاس دېيىشكە بولىدۇ. باشقا ئەرەب ئەللىرىنىڭمۇ «ئۆزىگە تۇشلۇق ئويلىغانلىرى» بار ئىدى. سۈرىيە ئۆزىگە بىۋاسىتە قوشنا بولغان دۆلەتنىڭ كۈنسايىن قۇدرەت تېپىپ، ئۆز خەۋپسىزلىكىگە تەھدىت سېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى؛ مىسىر ئەرەب دۇنياسىغا رەھبەرلىك قىلىشتىكى كۈچلۈك رىقابەتچىسىنى ئىسكەنجىگە ئالدى. پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىكى ئوپېراتسىيە ماھارىتى ۋە بۇ مەيدان ئۇرۇشنىڭ قانۇنلۇقلۇقىنى تېخىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ئۇ توقۇنۇشنى ھەل قىلىشنىڭ بىر خىل يېپيېڭى ئەندىزىسىنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈلۈش مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى، يەنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشى بۇنى سىياسىي جەھەتتىن بىۋاسىتە تىزگىنلىمىسىمۇ، بۇنداق ئەندىزىنى قوللىنىشقا ھوقۇق بەردى.

## يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى توقۇنۇشلار

پارس قولتۇقى ئۇرۇشى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ يېقىن شەرق توقۇنۇشىنىڭ چەت بەلبېغىدا يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ بەلباغ ئىنتايىن نازۇك رايون ئىدى. شۈبھىسىزكى، بۇنداق توقۇنۇش داۋامىدا دىنىي مەدەنىيەت ئامىلى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايتتى. بىراق، بىز

سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتىپ ئىنچىكە تەھلىل قىلساقلا، بۇ يەر - دىكى ئاساسلىق كۈرەش شەكلىنىڭ يەنىلا پارتىيە - گۇرۇھلار ئا - رىسىدىكى ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان توقۇنۇش شەكلى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز، يەنى بۇ يەردىكى كۈرەش ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۆزد - مىزگە تەئەللۇق دەپ قارىغان زېمىن تالىشىش يۈزىسىدىن بولۇۋا - تىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەب دۇنياسىدىكى پەلەستىنلىكلەر ئارىسىدىكى تالاش - تارتىش يېقىن شەرق ۋە ئوت - تۇرا شەرق رايونىدىكى ئىنتايىن مۇرەككەپ توقۇنۇش قۇرۇلمىسى - نىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

يەھۇدىي قىساسچىلىقى ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق نىشانى دۇن - يانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان يەھۇدىيلار ئۈچۈن ئۆز دۆلە - تىنى — يەھۇدىي مىللىتىنىڭ تارىخىي بۆشۈكىگە قۇرۇلغان بىر مىللىي دۆلەتنى روياپقا چىقىرىش ئىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يەھۇدىي قىساسچىلىرى ئەنگلىيە ھۆكۈ - مىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، بۇگۈنكى ئىسرائىلىيە زېمىنىدا ئەنگلىيەنىڭ مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقىدىكى دومىنئونى قۇرۇلدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىرلەشكەن دۆ - لەتلەر تەشكىلاتى، يەنى خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە ئەزا بارلىق دۆلەت - لەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، يەھۇدىيلار ئاخىر ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مىللىي دۆلىتى ئىسرائىلىيەنى قۇردى.

ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئەرەب ئەللىرىگە نىسبە - تەن ئېيتقاندا، قاباھەتلىك چۈشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى، پە - لەستىن رايونىدا نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت ۋە دىنىي ئېتىقادى ئوخشاشمايدىغان ئىرقلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردە يەھۇدىيلار، شىئە مەزھىپى ۋە سۈننىي مەزھىپىدىكى مۇسۇل - مانلار، خىرىستىيانلار ۋە دېرۇزېلار ياشايدۇ. ئۇلار ئوسمان ئىم -

پىرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بىرقانچە يۈز يىل ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرگەن. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇ-شىدىن ئىلگىرىكى يېقىنقى زاماندا، ئەرەب دۇنياسى ئىزچىل ئوسمان تۈركلىرىنىڭ زېمىن دائىرىسىگە تەئەللۇق بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ياۋروپا جاھانگىرلىكىنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىغان. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بىر مەيدان بۈيۈك ئازادلىق ھەرىكىتىگە ئوخشايدۇ. بۇ مەزگىلدە ئەرەبلەر ئەنگلىيە ئوفىتسې-رى لاۋرېنتىسنىڭ رەھبەرلىكىدە تۈركىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆ-كۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلىپ، ئاخىرىدا ئوسمانىيلارنىڭ قو-راللىق كۈچلىرىنى مەغلۇپ قىلىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. بىراق ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئەرەبلەرنىڭ دۆلەتنى مۇستەقىل قىلىش ئارزۇسى ئىشقا ئاشماي، ئۇلار ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ خەلقئارالىق ئىتتىپاق ۋاكالىتەن باشقۇرىدۇ، دې-گەن نىقابنى كۆتۈرۈپ چىقىپ قىلغان ھۆكۈمرانلىقىغا تىز پۈك-تى. ئەرەب دۇنياسى خالىغانچە تارتىلغان چېگرا لىنىيەسىنى بويلاپ ئايرىۋېتىلدى. ئاشۇ چاغلاردا ئەنگلىيە ۋاقىتلىق باشقۇرۇ-ۋاتقان پەلەستىن رايونىغا يەھۇدىيلار تۈركۈم - تۈركۈملەر كۆچۈپ كەلدى.

گىتلېر گېرمانىيەسىنىڭ يەھۇدىيلارغا قاراتقان زىيانكەشلىكى ۋە قىرغىنچىلىقى بۇ كۆچمەنلەر دولقۇنىنى ئەۋجىگە چىقىرىپلا قالماي، بەلكى بۇ ياش ئىسرائىلىيە دۆلىتى ئاھالىلىرىدە ئۆزگىچە مۇداپىئە ئىرادىسىنى يېتىلدۈردى. 1948 - يىلى بىرىنچى قېتىملىق ئەرەب - ئىسرائىلىيە ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مىڭلىغان، يۈز مىڭلىغان پەلەستىنلىكلەر ئۇرۇشتىكى مەغلۇبىيەت تۈپەيلىدىن ئانا ماكانىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى، ئۇلار ئەرەبلەرگە قارىتىلغان

بۇنداق خورلۇققا چىداپ تۇرالماي، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بۇ يەھۇدىي دۆلىتىنى يوقىتىش كويىغا چۈشتى. باشقا ئەرەب ئەللىرى ئۆز مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ، پەلەستىنلىكلەرنىڭ بۇ نىشانىنى ئاز ـ تولا قوللىغان بولدى. ئەرەب دۇنياسىدا داھىيلار نىشانىنىڭ تىكلىنىشىدە ھەممىشە پەۋقۇلئاددە مۇھىم رول ئويناپتتى. پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئۇرۇشخۇمارلىقى ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ دېموكراتىك تۈزۈلمىسى (دۆلەتتە مىللەتلەر باراۋەر ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە دەيدىغان ئېنىقلىما) تەرپىدىن ئەكسىچە دەلىللەندى. ئۇ يەردىكى ئاز سانلىق مىللەت بولغان ئەرەبلەر باشقا ئەرەب ئەللىرىدىكى قېرىنداشلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ پۇقرالىق ھوقۇقىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، بۇ ھوقۇقلار خېلىلا چەكلىمىگە ئىگە ئىدى، شۇڭا پەلەستىن مۇساپىرلىرى ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان زېمىنغا قايتىشنى رەت قىلدى.

بۇ رايوندا جەمئىي بەش قېتىم بىر قەدەر كەڭ كۆلەملىك قانلىق ئۇرۇش بولدى، 1967 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشتا ئىسرائىلىيە غەززا رايونى ۋە ئىيوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىنى تىزگىنلەش ھوقۇقىغا ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن پەلەستىن مۇساپىرلىرى تېخىمۇ كۆپەيدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىسرائىلىيە ئىشغال قىلىۋېلىنغان زېمىنغا قارىتا تالاش ـ تارتىش بولۇۋاتقان كۆچمەنلەر سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى، بۇ زېمىننى چۆرىدىگەن توقۇنۇش بۈگۈنگە قەدەر يەنىلا ھەل بولماي، ئۇمىد بىلەن باشلانغان ئوسلو تىنچلىق مۇساپىسىدىكى ئەڭ چوڭ پۇتلىكاشاڭ بولۇپ قالدى. شۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇكى، بۇ مەيدان تالاش ـ تارتىشتا ئىككى تەرەپنىڭ دىنىي ئېتىقاد پەرقى سىياسىي، مەدەنىيەت توقۇنۇشىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى، بىراق

بۇ توقۇنۇشنىڭ تۈپ سەۋەبى ئەمەس، بەلكى توقۇنۇشنىڭ ئەتىجىسى، خالاس.[1]

## ئوتتۇرا ئافرىقىدىكى ئۇرۇشلار

رىۋاند، بۇرۇندى ۋە زايىردىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقلار تېخىچە ھېلىلا يۈز بەرگەندەك ئېسىمىزدىن چىقىپ كەتكىنى يوق، بۇ يېقىندىن بۇيان يۈز بەرگەن ئەڭ قانلىق قورallıق تالاش ـ تارتىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار ئەڭ مۇرەككەپ توقۇنۇش تىپلىرىدىنىڭ بىر خىلىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇ يەردە مەدەنىيەت ئامىلى پەقەت ئادەتتىكىچىلا رول ئوينىغان.

بىرقانچە ئەسىر ئىلگىرى چوڭ كۆل رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن كۆچمەن چارۋىچى مىللەت تۇسىلار بىلەن ئىلگىرى بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان يەرلىك ئاھالە خوتۇ دېھقانلىرى ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى مۇناسىۋەت ئەزەلدىن جىددىي ئىدى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇلار ئارىسىدا روشەن پەرقمۇ قالمىغانىدى. شۇڭا، كىشىلەر ئىزدىسە ئىسپات تاپقىلى بولىدىغان ئىرقىي تەۋەلىك مەسىلىسىگە قارىغاندا، ئىجتىمائىي قاتلامغا بەكرەك دىققەت قىلىغانىدى. مۇستەملىكە دەۋرىدە، غەرب مۇستەملىكىچىلىرى ئۇرۇشقاق تۇسىلارغا ئىمتىياز بېرىش ئارقىلىق، بۇ قالدۇق مەدەنىيەت پەرقىدىن تولۇق پايدىلانغانىدى ۋە شۇ يەردىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىگەنىدى. غەربنىڭ تىزگىنلىنىشىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش خوتۇلار (رىۋاندا ۋە بۇرۇندى دۆلەت ئاھالىسىنىڭ 80%

---

① كىلاۋدىيە سىمىت: «ئىسرائىلىيە ـ پەلەستىن توقۇنۇشى ۋە ئوتتۇرا شەرقنىڭ شەرق ـ غەرب توقۇنۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن خەۋپسىزلىك سىياسىتى يولغا قويۇلىدىغان رايون قىلىنىشىنىڭ ئەھمىيىتى»، ئابادېن ـ بادېن، 1993 ـ يىلى نەشرى.

نى ئىگىلەيدۇ) غا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تار-تىۋېلىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشتىن دېرەك بېرەتتى؛ تۇ-سىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دۆلەت ھوقۇقىنى ئىگىلەش ساقلانغى-لى بولمايدىغان قىساس ئېلىشتىن مۇداپىئە كۆرۈشتىكى زۆرۈر ۋاستە ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بۇ ئىككى دۆلەتتە دۆلەت ھوقۇقى ئۆزۈكسىز ئالمىشىپ تۇردى ھەم شۇ تۇپەيلىدىن نۇرغۇن قىرغىن-چىلىق پاجىئەلىرى يۈز بەردى. رۋاندادا كۆپ سانلىق ئاۋام سايلى-غان خوتۇ مىللىتىدىن چىققان زۇڭتلى خابويا رۇمانا مىللىي يارى-شىش سىياستىنى يولغا قويغانلىقتىن، دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەت يەنىلا مۇقىم بولدى. بىراق، ئۇ 1994 ـ يىلى ئايروپىلان ھادىسى-سىدە قازا قىلغاندىن كېيىن، ۋەزىيەت جىددىي تۈردە ئۆزگەردى. خوتۇ مىللىتىدىن بولغان ئارمىيە بىلەن خەلق ئەسكەرلىرى پۈر-سەتنى غەنىيمەت بىلىپ، تۇسىلارغا ئىرقىي ئۇخشاپ كېتىدىغان كەڭ كۆلەملىك قىرغىنچىلىقنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋا-قىتتا ئۇگاندا ھۆكۈمىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشكەن بىر تۇركۇم تۇسى مىللىتى پارتىزانلىرى رۋانداغا بېرىپ، خو-تۇلارنىڭ سابىق ھۆكۈمىتىنى ۋە بۇ ھۆكۈمەت زايىرىدىكى مۇسا-پىرلار لاگېرىغا توپلىغان قوراللىق كۈچلەرنى قوغلاپ چىقارماقچى بولدى. ئالاھازەل شۇنىڭ بىلەن تەڭلا دېگۈدەك بۇرۇندىدىكى تۇ-سىلارنىڭ سابىق رەھبىرى بۇيويا خەلق سايلىغان خوتۇلار ھۆكۈمى-تىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، نەتىجىدە ئىككى دۆلەتتىكى تۇسىلارنىڭ تايانچ ئۇنسۇرلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ شېرىم «تۇغقىنى» — ئۇگاندا-نىڭ سايلاپ چىقىلغان زۇڭتۇڭى مۇساۋىنى ئىتتىپاق تۈزدى.

زايىر ئوتتۇرا ئافرىقىدىكى مىللەت قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ بىر چوڭ دۆلەت بولۇپ، ھەرقايسى ئۆلكىلەر ۋە قەبىلىلەر يەرلىككە ھوقۇق بېرىشنى تەكىتلەيتتى، ئەمما كىنشاسادىكى چىرىك ھۆ-

www.uyghurkitap.com

كۆمرانلار، يىلىغا ئالىدىغان ئوبدان تەمىنات بىلەن كۈن كەچۈرۈۋاتقان ئەمەلدارلار هوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن هۆكۈمرانلىققا تېخىمۇ مايىل ئىدى، شۇڭا بۇ ئىككى تەرەپ ئارىسىدا كەسكىن زىددىيەت كېلىپ چىقىشتىن ساقلانماق تەسكە چۈشەتتى. بۇ زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن مۇستەقىللىق يولىدا قان تۆكۈشلەر بولغان بولسىمۇ، مۇستەقىللىق ئىشقا ئاشمىدى. بىراق كىنشاسا هۆكۈمىتىدە خىيانەتچىلىك، چىرىكچىلىك ۋە خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش ئەهۋاللىرى كۈنسايىن ئېغىرلىشىپ، يەرلىك كۈچلەر بارغانسېرى هەرىكەت ئەركىنلىكىگە ئېرىشتى.

چوڭ كۆل رايونىدىكى كىۋۇ دېگەن جاي ئەنئەنە جەھەتتىن ئاساسلىقى تۇتسىلاردىن تەركىب تاپقان كۆچمەنلەر مەھەللىسى ئىدى، رىۋاندا ۋە بۇرۇندى مۇستەقىل بولغاندىن بېرى بۇ جايدا نۇرغۇن تۇتسى كۆچمەنلىرى تۇرۇپ كەلدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان بۇ ئاز سانلىق مىللەت يەرلىكلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغىدى. 1993 ـ يىلى ۋە 1994 ـ يىلى شىمالىي كىۋۇدىكى بانياۋاندا مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق تۇتسى كۆچمەنلىرى ئاپەت خاراكتېرلىك هۇجۇمغا ئۇچرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، 1996 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جەنۇبىي كىۋۇ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى مەركىزىي هۆكۈمەت 1981 ـ يىلى ئېلان قىلغان بىر تۈرلۈك پەرمانىنى يولغا قويماقچى بولدى، بۇ پەرمانغا بىنائەن شۇ جايدىكى تۇتسى ئاھالىلىرى ۋە بانيا رىنگېلار زايىردىن قوغلاپ چىقىرىلىشى كېرەك ئىدى. خۇددى كىشىلەرنىڭ كۈتكىنىدەكلا، بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، تاشقى دۇنيانىڭ ياردىمىدە كۈچى ئاجىز يەرلىك هۆكۈمەتنى ۋە مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ بۇ رايوندىكى هۆكۈمرانلىقىنى تېزلا تەۋرىتىپ قويدى.

1996 ـ يىلىدىن تارتىپ بۇ رايوندا تۆۋەندىكىدەك ۋەزىيەت كېلىپچىقتى: مۇساپىرلار لاگېرىغا مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان خو ـ تۇلار توپلاندى، سابىق خوتۇلار ھۆكۈمىتىنىڭ قوراللىق قىسىملى ـ رى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى بۇ يەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۇردى، رىۋاندا بىلەن بۇرۇندىدا پارتىزانلىق ئۇرۇشى باشلاندى. زايىر ھۆكۈمىتى بۇ ئىككى دۆلەتتىكى تۇسىلار ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇشنى كۆزلەپ، خوتۇلارنىڭ قورقۇنچاق سابىق مەركىزىي ھۆكۈمىتىنى قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن زايىرنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تۇسىلارنىڭ ئەۋلادلىرى زايىر مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغالدى ھەم ئۇنۇملۇك قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ـ نى يولغا قويدى.

بۇلاردىن سىرت، خەلقئارا ۋەزىيەت يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى: ئۇگاندا ئەسلىدە ساغلام كۆچىيىپ بېرىۋاتقان دۆلەت ئىدى، ئۇ ئې ـ رىترىيە ۋە ئېفىيوپىيە بىلەن بىرلىشىپ، جەنۇبىي سۇداندىكى يۈز ئۆرۈگەن ئارمىيەنىڭ خارتومدىكى ئىسلام ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇشىغا مەبلەغ ياردەم قىلدى. خارتومدىكى ئىسلام ھاكىمىيىتى ئۇگاندانىڭ شىمالىدىكى ۋە باشقا ئىككى دۆلەتتىكى مۇسۇلمانلار ھەم ئورتودوكسال خىرىستىيان دىنى مەزھىپىنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى قوللاش ئارقىلىق ئەندىنى ئالدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇگاندانىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە كۈنسېرى روناق تېپىشىغا ئىشەن ـ مەيدىغان زايىر ھۆكۈمىتى زايىرنىڭ شىمالىنى سۇداندىكى مۇسۇل ـ مانلار ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئۇگانداغا قارشى تەش ـ كىلات ئۇچۇن ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان بازا قىلىپ بەردى. شۇ سەۋەبتىن ئۇگاندا زايىرنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا بەكلا قىزىقىپ قالدى.

بۇ ۋەزىيەت ھەقىقەتەن مۇرەككەپ ئىدى، ئەجەبا ئۇنداق ئەمەس ـ مۇ ـ يا؟ ئەمەلىيەتتە، مەن تېخى فىرانسىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ

زىددىيىتى ئۈستىدە توختالمىدىم، بۇ نۇقتا ئالدىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مەزھەپ ـ گۇرۇھلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن مۇ ـ ھىم، بىراق ئۇلار بۇنداق قىرغىن قىلىشلارنى ئۇزۇل ـ كېسىل قوللىمىدى، پەقەت ئېخىمۇ كۆپ قورال ـ ياراغ بىلەن تەمىنلىدى، ئېخىمۇ ياخشى مەشىقلەندۇردى. دېمەك، ئېخىمۇ ئۇنۇملۇك ئادەم ئۆلتۈرگۈچى ماشىنىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا ياردەم بەردى. ئەلۋەتتە، ئۇگاندا، رىۋاندا ۋە بۇرۇندى ھۆكۈمەتلىرىمۇ بانيامۇر رىنگې، ئۇگاندا ۋە رىۋاندادىكى قوزغىلاڭچىلارغا مەبلەغ ياردەم قىلـ ـدى، زۇرۇر تېپىلغان جايلارغا يەنە ئۆزلىرىنىڭ قوشۇنلىرىنىمۇ ئە ـ ۋەتتى. خولۇقلارنىڭ مۇساپىرلار لاگېرى بۆزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، خەلق ئەسكەرلىرى تارمار قىلىندى، مۇساپىرلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى رىۋاندا ۋە بۇرۇندىكى تۇسىلار ھۆكۈمىتى كونتروللۇقىدىكى رايونلارغا يېڭىباشتىن قوغلىۋېتىلدى، يەنە بىر قىسمى قىرىپ تاشلاندى. بانيامۇرىنگېلار كونسايىن زورىيىۋاتقان بىر ئاسىيلىق ئاساسىنى شەكىللەندۇرۇپ، مۇستەبىت مونبوتو بىلەن ئۇزاق مۇد ـ دەت كۈرەش قىلدى. قېرىغان جەك تۇلپىرى، سابىق ماركسىزمچى، مونبوتوغا قارشى ئېقىمنىڭ تەۋرەنمەس جەڭچىسى لاۋېرىنت كاپ ـ پىرا دېموكراتىيە پېشۋاسى بولمىسىمۇ، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماس ـ تىن لىق «پارتلاتقۇچ» بېسىلغان ئات ھارۋىسىنى سۆرەپ چاپتى. چىرىك مونبوتونىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى خۇددى لىڭشىپ قالغان ئىمارەتتەك، قىسقىغىنە بىرقانچە ئاي ئىچىدە گۇمبۇرلەپ غۇلاپ چۈشتى.

ئوتتۇرا ئافرىقا تېگىپلا كەتسە پارتلايدىغان پارتلاتقۇچقا ئايلىـ ـنىپ قالدى، دۆلەت چېگراسىنى ھالقىغان ئىرقىي توقۇنۇش، دۆ ـ لەتلەر ئارا توقۇنۇش ھەم ھۆكۈمەتكە قارشى ھاكىمىيەتلەر توقۇنۇ ـ شى ئۆكسۈمەي يۈز بېرىپ تۇردى، ھۆكۈمەتلەرنىڭ قىلمىش ـ ئەت ـ

مىشلىرى «ياخشى ھۆكۈمەت» پرىنسىپىغا قىلچە ئۇيغۇن كەلمەـ
دى. چوڭ كۆل رايونىدىكى غايەت زور نوپۇس بېسىمى كونسايىن
ئېغىرلاشتى. مەسىلەن، رىۋاندادىكى نوپۇس زىچلىقى زېمىنى كەڭ
زايىرنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئىرـ
قىي توقۇنۇش زېمىن تالىشىش يولىدىكى مەۋجۇتلۇق توقۇنۇشىغا
ئايلىنىپ كەتتى. سۇدان تەشەببۇس قىلغان «مەدەنىيەت» لەرنىڭ
ئۇچرىشىشىنى ئايرىم ھادىسە دېيىشكىلا بولىدۇ، ئوخشاشلا ئۆتـ
مۈشتىكى مۇستەملىكىچى چوڭ دۆلەت فىرانسىيە ۋە ھازىرقى دەـ
رىجىدىن تاشقىرى دۇنياۋى چوڭ دۆلەت ئامېرىكىمۇ ماختانچاقلىق
بىلەن ئارىلاشتى، بۇلار مۇشۇ رايوندىكى ئاساسىي ئېقىم تۇسىگە
ئىگە ھادىسىگە ئايلىنالمىسىمۇ، بىراق بۇلارنىڭمۇ خېلى مۇھىم
رول ئوينىغانلىقىدا شەك يوق.

## ئافغانىستان ئۇرۇشى

ئافغانىستان 1747 ـ يىلى دۆلەت بولۇپ قۇرۇلۇپ، يېقىنقى
زاماندىكى ئافغانىستاننىڭ زېمىن دائىرىسى ئاساسەن شەكىللەنگەـ
نىدى. بىراق، بۇ ئېگىزلىكتىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق دۆلىتى «جۇغـ
راپىيەلىك جايلىشىش» ۋە «مىللەت» تۇپەيلىدىن باشتىن ـ ئاخىر
خۇددى يەكتەك ئۇستىگە سېلىنغان ياماقتەك بۆلۈنمە ھالەتتە تۇرۇپ
كەلدى. ئۇنىڭ غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئۆكتەملىكلىرى ئالـ
دىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ، چەكلىك تۈردىكى مۇستەقىللىقنى
ساقلاپ قالالىشى تامامەن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى چارروسىيە
بىلەن بۈيۈك بىرىتانىيەدىن ئىبارەت ئەينى چاغدىكى ئىككى كۈچـ
لۈك جاھانگىر دۆلەتنىڭ بۇ رايوندىكى «كەسىن تالاش ـ تارتىش» تا
كۈچى تەڭ كېلىپ قالغانلىقىدىن بولدى. ئافغانىستاننىڭ قاتنىشى
قولايسىز، جۇغراپىيەلىك شارائىتى ۋە ئومۇمىي خەلق چەكچى بوـ

لۇشتەك ئۇرۇشقا تەييار تۇرۇش ئېھتىياجى ئالدىدا، ئىككى كۈچلۈك دۆ-
لەت بۇ رايوننى ھوقۇق ۋاكۇئۇم رايونى قىلىپ، توقۇنۇشنى پەسەي-
تىش بەلبېغى شەكىللەندۈرۈشكە قوشۇلدى. ئۇ چاغدا مۇسۇلمانلار
ئافغانىستاندىكى بىردىنبىر ئىستىپاقلاشقان ھەم ئۇيۇشۇش كۈچە-
گە ئىگە بىر پۈتۈن كۈچكە ئايلاندى، قالغانلىرى بىرلىككە كېلە-
مەيدىغان مىللەتلەر ئىدى. ئافغانىستاندىكى ئاساسلىق مىللەتلەرنى
ئېلىپ ئېيتقاندا، پۇشتۇلار ھازىرقى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ تەخمىنەن
40% نى ئىگىلەيتتى (غەربلىكلەر بۇلارنى «پاتان» دەيدۇ ۋە ھەم
تۈرك، ھەم ئىران ئىرقىغا مەنسۇپ دەپ قارايدۇ، بەزى ئالىملار
ئۇلارنى ئىسرائىلىيەلىكلەرنىڭ چېچىلىپ كەتكەن قەبىلىلىرىنىڭ
ئەۋلادى، دەپ قارايدۇ — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن)، تا-
جىكلار ئومۇمىي ئاھالىنىڭ تەخمىنەن 25% نى، قازارلار 15% نى
ئىگىلەيتتى، يەنە ئۆزبېك (5%) ۋە قازاق (5%) لارمۇ بار ئىدى. بىز
بۇ مىللەتلەرنىڭ ئىستىپاقلىقىنى ھەرگىزمۇ يۇقىرى مۆلچەرلە-
يەلمەيمىز. ئۇلار يەنە ئوخشاشمايدىغان، تېخىمۇ تارقاق، كۆلىمى
نىسبەتەن كىچىك قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن، ھەتتا تاغ ئارىسى-
دىكى جىلغا ۋە ئورمانلىقلاردىمۇ ئۆز ئالدىغا داھىيلار بار. شۇڭا،
ئافغانىستاننىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتى ھەمىشە ھوقۇقنى ئەڭ تۆۋەن
چەكتىكى مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن روشەن يەرلىك ئاپتونومىيە ئا-
رىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق مۇناسىۋىتى ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان بولىدۇ.
20 - ئەسىردىن بۇيان، زامانىۋىلىشىش يولىدىكى يوق دېيەرلىك
تەرەققىياتمۇ ھازىرقى ھالەتتىن نارازى بولۇپ يۈرگەن بىر تۈركۈم
ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنى «ئازاد» قىلدى، ئۇلار ئافغانىستان كوممۇ-
نىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى شەكىللەندۈردى،
ئەمما كوممۇنىستىك پارتىيە يەنە تېزلا بىر - بىرىگە قارشى بولغان
ھەم ئىرقىي خاھىشقا ئىگە ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتتى. بىر

گۇرۇھ ئاساسلىقى پۇشتۇلاردىن، يەنە بىر گۇرۇھ ئاساسلىقى تاـ جىكلاردىن تەشكىللەندى. 1973 ـ يىلى كومپارتىيە ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، دۆلەتتە ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھۆـ كۈمرانلىقنى يولغا قويۇش ۋە ھاكىمىيەتنى دەھرىيلەشتۈرۈشكە ئۇرۇندى. ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىق نەـ تىجىسىدە، يەرلىك كۈچلەر مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كابۇل ھۆكۈمىتىنىڭ دىنغا قارشى سىياسىتى يەنە يەرلىك كۈچلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى ئاۋامنى سەپەرۋەر قىلىشتىكى قورالغا ئايلاندۇرۇۋېلىشىغا تۈرتكە بولدى. «كاپىر» سوۋېت ئىتتىپاقىلىقلار، بىرىپرىنىقا سادىق دوگمىچىلار قورال كۈچى ئارقىلىق ئارىلىشىپ، قارشىلىققا ئۇچرىغان، غايەت زور تەھدىت ئاستىدا قالغان ئافغانىستان كوممۇنىستىك پارتىيەـ سىنى ساقلاپ قېلىشقا ھەم ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەمـ لەشكە ياردەم بەرمەكچى بولغاندا، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى تېخىمۇ زورايدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ئافغانىستاندىن چېكىنگەندىن كېيىن، قارشىلىشىۋاتقان گۇرۇھلار ئارىسىدىكى روشەن جىددىي مۇناسىۋەت ئاخىر پارتلىدى. بۇنداق قالايمىقانچىلىق تاكى 1992 ـ يىلغىچە داۋاملاشتى، قايتا ـ قايتا بىرىكىشتىن كېيىن، كومپارـ تىيەنىڭ باشلىقى بولۇپ كەلگەن نەجىبۇللا ئاخىر غەلىبە قىلىپ، تاجىك مۇسۇلمانلىرىنىڭ داھىيسى رابانى بىلەن نازۇك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللىدى، رابانى سابىق كوممۇنىست ئۆزبېك گېنېـ رال دوستۇم، تاجىك مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاتامىنى مەسئۇد، ھېرات ۋىلايىتىنىڭ زومىگەرى ئىسمائىلخان ۋە شىئە مەزھىپىدىن بولغان قازارلارنىڭ رەھبىرى ئەلى مازار بىلەن كەڭ ئىتتىپاق تەشكىللەـ دى. پۇشتۇ مۇسۇلمانلىرىنىڭ قارا نىيەت داھىيسى ھېكمەتيار بۇنـ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

داق ئورۇنلاشتۇرۇشقا قارشى چىقىپ، ئەڭ قۇدرەتلىك ئاز سانلىق مىللەتنىڭ داھىيسى سوۋېتتە ئاساسلىق ھوقۇقنى قولدا تۇتۇش-نى تەلەپ قىلدى ھەم تېزلا يېڭىباشتىن يۈز ئۆرۈپ چىققان دوس-تۇمنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئەلۋەتتە، بۇ ئارىلىقتا ھېكمەتيارغا تەھدىت پەيدا قىلىدىغان دۈشمەن سىياسىي گۇرۇھ — تالىبانلار (مەدرىسەلەردە «قۇرئان كەرىم»نى ئۆگىنىدىغان تالىپلار گۇرۇھى) مۇ ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى سەرگەردان بولۇپ پا-كىستانغا بارغىنىدا، دىنىي ۋە ھەربىي تەربىيە ئالغانىدى. ئۇلارمۇ ھېكمەتيارغا ئوخشاش سىياسىي تەلەپنى، يەنى پەقەت ئۆزلىرىنىڭلا ھەقىقىي ئىسلام دىنىغا ۋە كۆپ سانلىق ھېسابلىنىدىغان پۇشتۇلار-نىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پاكىستان ھېكمەتيارنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي، زىيادە مۇستەقىل بولغان «تالىپلار»، يەنى تالىبانلارغا ھەربىي ھازىرلىقلار ۋە مەبلەغ جەھەتتىن كۆپ سېخىيلىق قىلدى. ئامېرىكىمۇ بۇنداق ياردەمگە يول قويدى، ئۇلار بۇ ئارقىلىق روسىيەگە تايانماستىن ئوتتۇرا ئا-سىيانىڭ ئېنېرگىيە كېنىدىكىگە بارىدىغان بىر يول ئېچىشنى ئارزۇ قىلاتتى. يەنە كېلىپ ئامېرىكىنىڭ «ئەشەددىي دۈشمىنى» — ئىران تالىبانلارنى ياقتۇرمىغاچقا، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىراننىڭ بۇ رايوندىكى تەسىرىنىمۇ ئاجىزلاشتۇرغىلى بولاتتى. بۇ چاغدا دوستۇممۇ بىرلا بۇرۇلۇپ تالىبانلار تەرەپكە ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن 1996 - يىلى 9 - ئايدا يېڭى ئىتتىپاق ئاخىر كابۇلدا ھاكىمىيەت قۇردى، ئىچكى ئۇرۇشمۇ داۋاملىشىۋەردى، بولۇپمۇ شىئە مەزھىپى-دىن بولغان قازارلارنىڭ داھىيسى ئەلى مازار قەستكە ئۇچرىغان (1995 - يىلى 3 - ئاي) دىن كېيىن، ئىران تالىبانلارغا قارشى سىياسەتنى تېخىمۇ تەۋرەنمەي يولغا قويغانلىقتىن ۋەزىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى. چۈنكى، ئىران ئافغانىستانلىق شىئەلەرنىڭ

مەۋجۇتلۇقى سۇنىيلەرنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىدى دەپ قارايتتى.

1997 ـ يىلى قازارلار، رابانىنىڭ قالدۇق قىسىملىرى، ھېك-مەتيارنىڭ قالدۇق قىسىملىرى، مەسئۇد ۋە كۆپ قېتىم سەپ ئۆز-گەرتكەن دوستۇم تەشكىللىگەن ئىتتىپاق ئىزچىل كۈچلۈك ئو-رۇندا تۇرۇپ كەلگەن تالىبانلارغا قارشى كەسكىن جەڭ قىلدى، تا-لىبانلارنىڭ چەكتىن ئاشقان دوگما ئىلاھىي ھاكىمىيەت تۈزۈلمە-سى شەھەرلەردىكى ئىخلاسمەن ئافغانىستانلىقلاردىن يىراقلىشىشقا باشلىدى. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، تالىبانلار نۆۋەتتىكى ھەربىي ئۈس-تۈنلۈكىگە تايىنىپ تېخى ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ بولالمايتتى (كېيىن تالىبانلار ئافغانىستاننىڭ 90% زېمىنىنى ۋە بارلىق چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرنى دېگۇدەك تىزگىنلەپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قولغا كەلتۈردى. بىراق، بۇ ھاكىمىيەت خەلقئارا-نىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىدى، ئافغانىستاندىكى ئىچكى ئۇرۇشمۇ ئاخىرلاشمىدى، ھەرقانداق ئەھۋال يۈز بېرىش مۇمكىن، بۇنى بىزنىڭ كۆرەلەيدىغىنىمىز ئېنىق — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

## پاكىستان ـ ھىندىستان ئۇزۇلمە قاتلىمى

پاكىستان بىلەن ھىندىستان ئارىسىدىكى توقۇنۇش بۇگۈنگە قەدەر ئۈچ قېتىملىق بىرقەدەر چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇشنى، كىچىك كۆلەمدىكى سانسىز قېتىملىق چېگرا توقۇنۇشلىرىنى ۋە بۇ رايون-نىڭ يادرو ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى ھۆ-كۈمرانلىرى «ھەرقانداق زىددىيەت» كۆرۈلمەيدىغان ھۆكۈمرانلىققا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جەنۇبىي ئاسىيا سۇب قۇرۇقلۇقىدىكى مىللەت ۋە دىن پەرقىنى نەزەردە تۇتۇپ، مە-

مۇربي جەھەتتە ھىندى دىنى مۇرىتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار توپلى-شىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارنى ئايرىپ باشقۇرغانىدى، ئاخىرىدا بۇ ئىككى دۆلەتمۇ مۇشۇنداق ئايرىش ئاساسىدا بارلىققا كەلدى. ئەس-لىدىكى بىرلىككە كەلگەن مۇستەملىكە سىياسىي تۈزۈلمىسىدە، مۇسۇلمانلار ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئا-خىرلاشقاندىن كېيىن، بۇ رايوننىڭ مۇستەقىللىقىمۇ مۇقەررەر ئىش بولۇپ قالدى، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ رايون مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ھىندى دىنى مۇرىتلىرى كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن بۇ دۆ-لەتتە بۇ خىل ئىمتىيازنى قولدىن بېرىپ قويۇشتىن ئەنسىرىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. شۇڭا، مۇسۇلمانلارنىڭ داھىيسى ئەمەلىي ئەھ-ۋالغا ئۇيغۇن ئاساستا دۆلەت قۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرغان ئەنگلىيە-لىكلەرمۇ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇردى. ئەمەلىيەتتە، مۇسۇلمانلار بىلەن ھىندى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ھىندىستان ۋە پاكىستاندىن كۆچۈشى بىر مەھەللىك قىرغىنچىلىقنى، كومېدىيەلىك تۈسكە ئىگە جاپا ـ مۇشەققەتلىك تارىخنى باشتىن كەچۈردى.

شۇنىڭدىن تارتىپ، ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئارىسىدا ئىك-كى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى جىددىيلەشتۈرىدىغان زېمىن تالاش ـ تار-تىشى ۋە دۆلەت ئىدېئولوگىيەسى جەھەتتىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت ئىككى يېشىلمەس تۈگۈن قالغانىدى. زېمىن توقۇنۇشى دېگەندە كەش-مىر ئېگىزلىكى رايونىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەنگلىيە مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، بۇ را-يوننىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى ھەل بولمىدى، بۇ رايوندىكى ئاھالىلەر-نىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلمان بولسىمۇ، بىراق بۇ رايوننىڭ ئەينى چاغدىكى ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھۆكۈمرانى ھىندىستانغا بەكرەك يېقىنچىلىق قىلاتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇرۇش داۋامىدا،

بۇ رايوننىڭ شىمالىي قىسمى پاكىستانغا تەۋە بولدى، ئەمما جەنۇبىي قىسمىدىكى تېخىمۇ كەڭ رايونلارنى ھىندىستان تىزگىنلىدى. بىر-لەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كەشمىر رايونىدا ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ھىندىستان ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا قەتئىي قارشى چىقتى. بىراق، كەشمىر رايونى ھىندىستان فېدېراتسىيەسى بىلەن ئەزەلدىن بىر گەۋدىلىشىپ كېتەلمىدى. ئەكسىچە 70 ـ، 80 ـ يىللاردا تۇغۇلغان، ياش ھەم ياخشى تەربىيە كۆرگەن بىر ئەۋلاد كىشىلەر تېخىمۇ كۆپ يەرلىك ئاپتونو-مىيە ھوقۇقىغا ئېرىشىشنى تەلەپ قىلغان چاغدا، ھىندىستان مەر-كىزىي ھۆكۈمىتى بۇ رايوندا نۇرغۇن دېموكراتىك ھوقۇقلارغا چەك قويۇپ، تېخىمۇ قاتتىق سىياسىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كەشمىر رايونىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا شەكىللىنىش مۇمكىنچىلىكى بول-غان مۇستەقىللىق ئارزۇسىنى بىخ ھالىتىدە ئۇجۇقتۇرۇش كويىدا بولدى. نەتىجىدە بىزنىڭ كۆرۈپ تۇرغىنىمىزدەك، قارشىلىق كۆر-ستىش ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى ھەم پاكىستاننىڭ مەخپىي ساقچىلىرى ۋە ئافغانىستان ئۇرۇشىدىكى پېشقەدەم ئەس-كەرلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. ئېتىراز بىلدۈرۈش ھەرىكەتلىرىدە زوراۋانلىق خاھىشى ۋە تېخىمۇ كۆپ ئىسلام ئەسلىيەتچىلىك تۈسى مەيدانغا كەلگەچكە، ھىندىستان خەۋپسىزلىك قىسىملىرىنىڭ بۇ-نىڭغا قاراتقان ئىنكاسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولدى. بۇ رايوندا ئىنسا-نىي ھوقۇق دەپسەندە قىلىنىدىغان ئىشلار ئۆكسىمىدى. چاشىن مۇزلۇق رايونى تەخمىنەن 1000 كىۋادرات كىلومېتىرچە كېلىدىغان چەت ئېگىزلىك رايونى بولۇپ، ئۇ يەردە ئۇرۇش توختىتىش ۋە چېگ-را ئايرىش مەسىلىسى ئەزەلدىن ھەل بولماي كەلگەچكە، يېڭى ـ يېڭى قوراللىق توقۇنۇشلار ئۆكسىمەي، دۈشمەنلىشىۋاتقان ئىككى دۆلەتنى ئۇرۇش گىردابىغا سۆرەپ كەلدى.

ئوخشاشمىغان دۆلەت ئىدېئولوگىيەسى بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى جىددىيلەشتۈرىدىغان ئىككىنچى سەۋەب ئىدى. پاكىستان ئۆزىنى ھىندىستاندىكى مۇسۇلمان ھېسابلىسا، ھىندىستان ئۆزىنى بارلىق ھىندى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ، جۈملىدىن 120 مىليون مۇسۇلماننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق خەلقنىڭ دەھرىي دۆلىتى ھېسابلايتتى. ھىندىستاننىڭ قارىشىچە، پاكىستان ئەسلا مەۋجۇت بولماسلىقى كېرەك ئىدى؛ پاكىستان ھىندىستاننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۆزىگە خىرىس دەپ بىلەتتى. بۇنداق زىددىيەت ئىككى دۆلەتتىكى كۆپ خىل تىل - يېزىق ۋە كۆپ مىللەت ئالاھىدىلىكى تۈپەيلىدىن تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ ھەم كەسكىنلىشىپ كەتتى، شۇنداقلا ئىككى دۆلەت مەركىزىي ھۆكۈمەتلىرىنى دۆلەت ئىدېئولوگىيەسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئارقىلىق ھەر تەرەپتىكى كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشقا مەجبۇرلىدى. بۇنداق دۈشمەن كۈچىنى ئېنىق تەسۋىرلەپ، ئىچكى قىسىمدىكى جىددىي مۇناسىۋەتنىڭ سەۋەبىنى دۈشمەننىڭ زىممىسىگە يۈكلەيدىغان ھۆكۈمرانلىق ۋاستىسىنى ئاۋامنى سەپەرۋەر قىلىشتا ئىشلىتىشكە توغرا كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇنىڭ يەنە باشقا بىر مۇھىم ئۈنۈمى كۆرۈلەتتى، يەنى ھۆكۈمەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆپچىلىكنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ دىتسىزلىقى ۋە مەغلۇبىيىتىگە قارىتىلغان دىققىتىنى باشقا ياققا بۇرىۋەتكىلى بولاتتى.

## ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشى

نۆۋەتتە باشقا رايونلاردا يۈز بېرىۋاتقان قانلىق توقۇنۇشلارنى يۇقىرىقى مىساللارنىڭ ۋارىيانتى دېيىشكە بولىدۇ. تۈركىيە ۋە ئىراقتىكى ئوخشاشمىغان رايونلاردا تۇرۇۋاتقان كۇردلارنىڭ تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە ياكى تولۇق مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش

يولىدىكى كۈرەشلىرىمۇ ئوخشاش بىر مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە بولۇپ، بىرلىككە كەلگەن مەدەنىيەت ئاساسى بار. بىراق، بۇنداق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى بىۋاستە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەقىقىي سەۋەبىنىڭ كۆپىنچىسى سىياسىي ئامىل بولۇپ، بەزىدە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى كەمستىشمۇ شۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. سۇداندا ئوخشاشمىغان مىللەت ۋە دىنىي گۇرۇھلار ئۆزئارا تىركەشتى، شىمالدىكى مۇسۇلمانلار ھاكىمىيىتى (خەلقئارادا سۇداننىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى، دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن)، جەنۇبتىكى خىرىستىيان دىنىغا ۋە تەبىئەت مەبۇدچىلىقى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئافرىقا ئاھالىسىگە ئۈنۈملۈك ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن تىرىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك ئىچكى ئۇرۇش كېلىپچىقتى. ئالجىرىيەدە دەھرىي كۈچلەر بىلەن ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى دۆلەت ھوقۇقىنى تالىشىپ، ئوخشاش بىر مەدەنىيەت چەمبىرىدىكى ئىچكى «ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ئۇرۇشى» نى قوزغىدى. ئوخشاشلا ئافغانىستاندىكى ھېكمەتيار بىلەن تالىبانلار ئارىسىدىكى تالاش - تارتىشمۇ پۇشتۇ مىللىتى ئىچىدە يۈز بەردى.

قىسقىسى، بۇ توقۇنۇشلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتلىرىمىز شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، ھازىرقى زاماندىكى ئۇرۇشلارنىڭ كېلىپچىقىش سەۋەبىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە تونۇشىمىزغا ۋە چۈشىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ، بۇمۇ بىز ئىستاتىستىكىلىق تەھلىل ئارقىلىق چىقارغان يەكۈن. نۆۋەتتە ئەڭ خەتەرلىك توقۇنۇش ۋە ئەڭ قانلىق ئۇرۇشلار ئوخشاش بىر مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى ئوتتۇرا ئافرىقا، ئافغانىستان، كۇردىستان، ئالجىرىيە ۋە جەنۇبىي - شىمالىي چاۋشيەن (چاۋشيەن بىلەن كورېيە) قاتارلىق رايونلاردا يۈز بېرىۋاتىدۇ، ئالدىنقى ئۈچ رايوندىكى توقۇنۇش ئەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

روشەن ئىرق ئامىلىغا ئىگە. بۇلاردىن سىرت، ئافغانىستان، ئالجىرىيە، ئوتتۇرا ئافرىقا ۋە جەنۇبىي ـ شىمالىي چاۋشيەندىكى تالاش ـ تارتىش يەنە ھاكىمىيەت تالاش ـ تارتىشى كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. چاۋشيەن يېرىم ئارىلى بىلەن ئافرىقىدىكى توقۇنۇشلاردا، چېگرا خەۋپسىزلىكىدىكى مۇشكۇلاتلارمۇ ئىنتايىن جانلىق بىر ئامىل بولۇپ قالدى.

جەنۇبىي ئاسىيا، سىرىلانكا، بوسنىيە ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى توقۇنۇشلار مەدەنىيەت ئۆزۈلمە قاتلىمىدا يۈز بەرگەن بولسىمۇ، كۆچلۈك مىللىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە. سىرىلانكا، بوسنىيە ۋە ئوتتۇرا شەرقتە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى كەمسىتىشمۇ توقۇنۇش پارتلاش دەرىجىسىنى ئاشۇرۇۋەتتى. بۇ توقۇنۇشلارغا ئەنئەنىۋى زېمىن تالاش ـ تارتىشى سەۋەب بولدى. يەنى، تالاش ـ تارتىش قىلىنىۋاتقان تەرەپلەر مەلۇم بىر زېمىننى ئۆزىگە تەئەللۇق دەپ قاراپ، ئۇنى ئىگىلەشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرقتە، رايون خەۋپسىزلىكىدىكى يوشۇرۇن خەۋپ توقۇنۇشنى جىددىيلەشتۈرۈش رولىنى ئوينىدى. كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارغا ئىگە بولۇش سەۋەبىدىن ۋەزىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى.

بىراق، زوراۋانلىق توقۇنۇشى ھەرگىزمۇ ئاددىيلا يوسۇندا يۈز بەرمەيدۇ، توقۇنۇشلارنىڭ كېلىپچىقىشىدىكى سەۋەبلەرمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى مەلۇم بىر ئالىمنىڭ «يېڭى بايقىشى» ئەمەس. بۇ توقۇنۇش ۋە ئۇرۇشلارغا تۇرتكە بولىدىغان ئەسلىي ھەرد كەتلەندۈرگۈچ كۈچ قەدىمدىن تارتىپ مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ ھوقۇق تالىشىش يولىدىكى قىرغىنچىلىقلارغا سەۋەب بولۇپ كەلگەن. فىرانسىيەلىكلەردە «چاڭ ـ توزان بېسىقىپ قالغىنى بىلەن بەرىبىر چاڭ ـ توزاندۇر» دېيدىغان ماقال بار، بۇ گەپ بىزگە

ئۆزگىرىشلەر كۆپ بولغىنى بىلەن قېپقالغان نەرسىلەرنىڭمۇ كۆ-
پىيىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. كىشىلەر توقۇنۇش يۈز
بېرىشنىڭ سەۋەبىنى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشەنگەندىن كېيىنلا، ھەل
قىلىش يوللىرىنى تاپماقنىڭ تەسلىكىنى ئاندىن تونۇپ يېتىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز توقۇنۇشنىڭ بۇنداق قاتلىمىنى تو-
نۇپ يېتەلىسەك، بۇنىڭ قوراللىق توقۇنۇشلارغا خاتىمە بېرىشتىكى
ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقىشىمىزغا ياردىمى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى قىسىم
# تەھلىل

## 1

## بىز كىم؟ — گەپنى «غەرب مەدەنىيىتى»نىڭ كېلىپچىقىش مەنبەسىدىن باشلايلى

### غەلبىنى ئالدىراپ ـ تېنەپ جاكارلاش «تارىخنىڭ ئا ـ خىرلاشقانلىقى» دىن دېرەك بەرمەيدۇ

«غەرب مەدەنىيىتى» دېگەن نېمە؟ غەربنىڭ «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىكى غەلىبە» سىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىنىڭ مەركىزى بېگى، قابىل تالانت ئىگىسى فرانسىس فۇكۇيۇما بۇ مەسىلىگە ئېنىق جاۋاب بەردى، كۆپ سۆزلىمىسەكمۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇمكى، «غەرب مەدەنىيىتى» نىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى ئىنسانىي هوقۇق، بازار ئىگىلىكى، زامانىۋى تېخنىكا، تىپىك دېموكراتىك تۈزۈلمە، پۇقرالىق هوقۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، «غەرب مەدەنىيىتى» مەدەنىيەتنىڭ كۆپ مەنبەلىكى، هاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىش، ئەركىنلىك ۋە كەڭ قورساقلىقتا ۋەكىللىك قىلىدۇ. فۇكۇيۇما: ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاخىرقى پەللىسىنى بېسىپ ئۆتتى، ئەمما لىبېرالىزمنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.[①]

سەيمىل خۇنتىنگتون فۇكۇيۇمانىڭ «غەرب ئاخىر غەلىبە قى ـ

---

① فىرانسىس فۇكۇيۇما: «تارىخنىڭ خاتىمىسى: بىز نەدە تۇرۇۋاتىمىز؟»، مىيونخىن، 1992 ـ يىلى نەشرى.

لىدۇ» دېگەن تارىخىي، پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرىگە ئېھتىياتچان ھالدا قارشى پوزىتسىيە تۇتقان، چۈنكى ئۇ باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ تەھدىتى كۈنسايىن يېقىنلاپ كەلمەكتە، دەپ قارىغان. بىراق، ئۇ ئىنچىكە ئويلاپ ئولتۇرمايلا فۇكۇيۇمانىڭ «غەرب مەدەنىيىتى» ھەققىدىكى ئىزاھاتىنى قوبۇل قىلغان. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ ئوخشىمايدىغان نۇقتىدىن چىقىپ بىردىنبىر تەكىتلەيدىغىنى مەدەنىيەتنىڭ كۆپ مەنبەچىلىكىدۇر، خۇنتىنگتون كۆپ خىل مەدەنىيەت غەرب جەمئىيىتىگە زىيان سالىدۇ، دەپ قارىغان. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، كەڭ دائىرىدە بولۇۋاتقان ئاشكارا مۇلاھىزىلەردىمۇ «غەرب مەدەنىيىتى» نىڭ ئۆزىگە قارىتا ھېچقانداق گۇمان ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، بەلكى ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان ماختىنىش تۈسىدىكى سۆز ـ ئىبارىلەر كۆپ بولغان. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ غەرب جەمئىيىتىمىزمۇ ئوخشاشلا دۇنياۋىلىشىش دولقۇنىنىڭ سىنىقىغا دۇچ كەلمەكتە. بۇ دولقۇن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ كىشىنى تەشۋىشكە سالىدىغان سالاھىيەت توغرىسىدىكى بەس ـ مۇنازىرە ۋە تونۇش كىرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.[①]

شۇڭا، غەرب مەدەنىيىتى بىلەن بىزنىڭ (غەرب) جەمئىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۆز مەنپەئەتىمىزنى ئويلاشقان ئاساستا باشقا بىر نۇقتىدىن چۈشىنىشكە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، خەۋپ ئىزنالىرى ۋە ئۇلاردا يۈز بېرىۋاتقان توپ ئۆزگىرىشلەردىن چىقىپ، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىش ھەققىدە كۆپ جەھەتتىن ئىزدىنىشكە ھەقلىقمىز. ناۋادا بۇ غايەت زور ئۆزگىرىشلەر (دۇنياۋىلىشىش

① ھانس پېتېر مارتىن، خارالد سچۇخمان: «دۇنياۋىلىشىشتىكى تۇزاق: دېموكراتىيە ۋە جەمئىيەت پاراۋانلىقىغا قارىتىلغان ھۇجۇم»، رېيىنبېك، 1996 ـ يىلى نەشرى.

نەزەردە تۇتۇلىدۇ) بىزدىن تەلەپ قىلغان مۇھىم بۇرچىنى ئاڭقىرا-لىساق، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى تېخىمۇ ئاسان چۈشىنەلەيمىز. ناۋادا بىز ئۆزىمىزنىڭمۇ ئىزدىنىش يولىدا كېتىۋاتقىنىمىزنى تونۇپ يېتەلىسەك، ئۇنداقتا باشقىلارنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدىكى تەجرىبىلىرىدىنمۇ ئۆرنەك ئالالايمىز. كۆڭلىمىزدىكى گەپنى قىلساق، باشقا بارلىق مەدەنىيەت گۇرۇھلىرى ياكى دۆلەتلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا غەرب ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان تەلىم بېرىش پوزىتسىيەسىنى قوللان-ماستىن، باشقا مەدەنىيەتكە ئىگە كىشىلەر بىلەن تېخىمۇ ئو-چۇق - يورۇق سۆزلىشىدىغان ئۇسۇلنى تاللىيالايمىز.

ئەمما، بۇنداق ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن كېيىنكى چاغلاردىكى هازىرقى زامان مەدەنىيەت كۆپ مەنبەچىلىكى تەشەببۇس قىلغان ئىختىيارىيلىقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. «كۆڭلىمىز تارت-مىدى» دەپلا ئۆز قىممەت قارىشىمىزدىن ۋاز كېچىشكە ھەققىمىز يوق، ئەمەلىيەتتە بۇ كېيىنكى مودېرنىزملىق مەدەنىيەت پەلسەپە-سىنىڭ يۇزلىنىشىگە زىت بولۇپ، ئاتالمىش «ئۇرۇشقاق» غەرب مە-دەنىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق «سۇندۇرغانلىق» تۇر. ئىنسانىي هوقۇق، ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى، دېموكراتىك هاكىمىيەت تۈزۈلمىسى، قانۇن - تۈزۈم بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەت، سۆز ئەركىنلىكى، ئەقلىي مۇلاھىزە ۋە بازار ئىگىلىكى تەر-تىپى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تارىخ بىزگە ئاتا قىلغان غايەت زور بايلىق. شۇڭا، كىشىنى تېخىمۇ قايىل قىلالايدىغان يېڭى يول تاپال-ماي تۇرۇپ، چوڭقۇر ئويلانمايلا بۇلاردىن ۋاز كېچىشكە ھەققىمىز يوق. غەرب جەمئىيىتى بۇ پىرىنسىپلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاران تەستە ئىشقا ئاشۇردى، ئەمما سىرتقا مەدەنىيەت تارقىتىدىغان چاغ-دا بولسا، ھەمىشە مەدەنىيەت تارقىتىشنى دەپ سىياسىي ياكى ئىق-

تىسادىي پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويۇۋاتىمىز، بۇ تولىمۇ كۆلكىلىك ئىش ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە بۇ ھادىسىلەر بىلەن غەربنىڭ قىممەت قارىشى بىر ـ بىرىگە قارشى بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ غەرب سىياسىيسىغا زىيىنى بارلىقى ئېنىق.[1]

**قانۇن ـ تۈزۈم ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى**

خۇنتىنگتون خۇددى ئىلگىرىكى نۇرغۇن ئالىملارغا ئوخشاشلا، غەربنىڭ دېموكراتىيە ۋە ئىنسانىي ھوقۇق تارىخىنى 1215 ـ يىلى ئەنگلىيە ئىمزالىغان تۇنجى نىگىزلىك قانۇن ـــ «بۈيۈك خارتىيە» گىچە سۈرىدۇ. بۇ مىسالدىن «غەرب مەدەنىيىتى» نىڭ تەرەققىياتىـ مۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ جەرياننى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، بۈگۈنكى «غەرب مەدەنىيىتى» نى ئۇنىڭ ئىپتىدا ـ ئىي شەكلىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرگەن، يېڭىـ دىن دۇنياغا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ ماھىيەتـ لىك ھالقىش. ئەمەلىيەتتە، «بۈيۈك خارتىيە» پەقەت ئاقسۆڭەكلەر، پادىشاھ ۋە يۇقىرى قاتلامدىكى كاتولىك دىندارلىرى ئارىسىدا تۈـ زۈلگەن تۈزۈملەشكەن قانۇنىي ئەھدىنامە بولۇپ، بۇنىڭ تۈزۈلۈشى ئۇلارنىڭ ئەمگەكچىلەر سىنىپىدىن بايلىقلارنى توقۇنۇشۇپ، زىددىـ يەتلىشىپ قالماي تالان ـ تاراج قىلىشىغا قولايلىق تۇغدۇرغان، خالاس. بۇ تەرىپىنى بىز بۈگۈنكى دېموكراتىيەلەشمىگەن جەمئىـ يەتتىنمۇ ئوخشاشلا بايقىيالايمىز. مەسىلەن، مۇستەبىت پارتىيەـ لەرنىڭ مەركىزىي كومىتېتلىرى ۋە سىياسىي بيۇرولىرىمۇ ئاـ شۇنداق مەقسەتنى كۆزلەيدۇ. ئەمدى غەربتىكى دېموكراتىك، قانۇن ـ

---

[1] باسسام تىبى: «ئاللانىڭ سايىسىدا كۈن كەچۈرۈش»، «ئىسلام دىنى ۋە ئىنسانىي ھوقۇق» دېگەن ئەسەرنىڭ 6 ـ بابىدىن ئېلىندى.

تۇزۇم ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەتلەرنىڭ ئاخىرىدا ئاشۇ «بۈيۈك خارتىيە» ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىگە كەلسەك، «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دېگەن ئەسەردىمۇ ئېنىق بىر نەرسە دېيىلمىگەن. بىراق شۇنىڭدا شەك يوقكى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەگرى ـ توقاي تارىخىدىكى ئاشۇ ئۇلۇغ ھەرىكەتلەر مۇئەييەن جەھەتتىن ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان.

كۆزى ئۆتكۈر، ئوي ـ پىكرى كەسكىن باسسام تىبىنى خانتىگتوننىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى نەزەرىيەسى» نىڭ گېرمانىيەدىكى تەشەببۇسچىسى ۋە ھىمايىچىسى دېيىشكە بولىدۇ، ئۇ مۇرەككەپ ھەم تەجرىبىلەر بىلەن تويۇنغان بىر خىل نەزەر بىلەن مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: مىللىي دۆلەت غەرب سىياسىي مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەھسۇللىرىنىڭ بىرى، ئۇ «زورىغا بىرىكتۈرۈش» ئاساسىدا ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىگە، بولۇپمۇ ئىسلام دۇنياسىغا قالدۇرۇلغان. چۈنكى، ئۇ يەردە دىنىي پادىشاھلىق ھوقۇقىدىن باشقا مەدەنىيەت ئەنئەنىسى يوق. ئۇ باشقا ھەرقانداق ئىگىلىك ھوقۇق ئۇقۇمىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويمايدۇ، شۇڭا بۇنداق ئۇقۇمنىڭ شۇ جاي شارائىتىدا يىلتىز تارتىپ يىخ سۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ تەپەككۇرغا ئاساسەن شۇنى بايقىيالايمىزكى، غەربتىكى مىللىي دۆلەتلەر «ئىگىلىك ھوقۇق خەلققە مەنسۇپ» دەيدىغان پىرىنسىپ ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، ئەمما، بۇ نۇقتا ئىسلامىيەت جەمئىيىتىگە تامامەن يات.[1]

بىراق، ئىگىلىك ھوقۇق خەلققە مەنسۇپ، دەيدىغان پىرىنسىپ يېقىنقى زاماندىكى دۆلەتلەر تەرەققىي قىلىشقا باشلىغاندىلا بارلىققا

---

① باسسام تىبى: (Bassam Tibi) «مەدەنىيەتلەر ئۇرۇشى»، «ئىدراك بىلەن ئەسلىيەتچىلىك ئارىسىدىكى سىياسىي ۋە دىن»، 1 ـ باب، ھامبۇرگ، 1995 ـ يىلى نەشرى.

كەلمەستىن، بەلكى كېيىنكى چاغلاردا بارلىققا كەلگەن، دەسلەپتە «ئىگىلىك ھوقۇق» دېگەن بۇ ئۇقۇمغا كىشىلەر ئانچە ئېتىبار قىلماي كەتمەيتتى. كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا بۇنداق گەپمۇ يوق ئىدى. بودېن 16 ـ ئەسىردە ئىگىلىك ھوقۇق ئۇقۇمىنى «بايقىدى»، ئۇ ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتە پۈتۈنلەي مۇستەقىل قارار چىقىرالايدىغان بىر ماركىزغا ئۆزىنىڭ بۇ ئۆزگىچە قارىشىنى شەرھلىدى. شۈبھىسىزكى، «ماركىز» لىق مەرتىۋىسىنىڭ قانۇنلۇقى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ دىن ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، بۇ جامائەتچىلىك تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدىغان «پادىشاھلىق ھوقۇقنى ئىلاھ بەرگەن»، يەنى پەرۋەردىگار مەلۇم كىشىگە ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقنى بەرگەن، دېگەن ئۇقۇمدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. گېرمان مىللىتىنىڭ مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىنى قۇرغىنىدىن تارتىپ يېقىنقى زامانىدىكى مىللىي دۆلەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا قەدەر بۇ ئۇقۇم پۈتكۈل غەرب تارىخىنىڭ باش ـ ئاخىرىغا سىڭىپ كەتكەن. مەيلى مۇستەبىت فىرانسىيەدە بولسۇن ياكى ھېنرى Ⅷ تەشەببۇس قىلغان مىللىي ئازادلىق دەۋرىدىكى ئەنگلىيەدە بولسۇن، ھۆكۈمرانلىق نوپۇزىنىڭ پەرۋەردىگار تەرىپىدىن بېرىلىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىنغان، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئەنگلىيە پادىشاھى شەكىل جەھەتتىن يەنىلا ئېپىسكوپۇمنىڭ باشلىقى سانىلىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى ئاتالمىش ئۆلچەملىك غەرب مىللىي دۆلەتلىرى ئەسلىدە شەخسلەشكەن قورال كۈچى مونوپولىيەسىدىن ئىبارەت ئىدى، كېيىنكى چاغلاردا ئاندىن ھازىرقى دېموكراتىك ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلغان، خالاس.

## مىللەت ۋە مىللىي دۆلەت

ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت ئۇقۇمى بىلەن مىللىي دۆلەت ئۇ ـ

قۇمىنى تەڭ دەپ قاراشقا بولمايدۇ.[1]

ناۋادا بىز غەربتىكى مىللىي دۆلەتلەردە تارىختىلا يەككە مىللەت ئۇقۇمى شەكىللىنىپ بولغان دېسەك، بۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق ئۆزگىرىش دۇنيا يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا باشلانغان، ئەينى چاغدىكى مىللىي دۆلەتنىڭ فورمىسىنى هازىرقى ئەخلاق ئۆلچىمى بويىچە كۆزەتسەك، ئۇ كىشىنى ئانچە رازى قىلالمايدىغان بىر خىل سىياسىي قۇرۇلما هېسابلىنىدۇ. ئەمما، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ دۆلەتلەر كۆڭۈل قويۇپ پەردازلانغاندىن كېيىن، بىزدە ئۇلارغا نىسبەتەن تەدرىجىي ئىنتايىن كۆڭۈلدىكىدەك چۈشەنچە شەكىللەنگەن. يېقىنقى زاماندىن باشلاپ ياۋروپادا چىققان فىرانسىيە ۋە ئەنگلىيەدەك مىللىي دۆلەتلەرنى كۆپ دىگەندىمۇ فېئودال خانىدانلىقلارنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ئۆزگىرىشى دېيىشكىلا بولىدۇ. شۇڭىنىسى، بۇ قېتىملىق ئۆزگىرىش ئىلگىرىكىگە سەل ئوخشاشمايدۇ، بۇ يېڭى خانىدانلىقلار رەقىبلىرىنى تامامەن مەغلۇپ قىلغان بولۇپ، بۇ رەقىبلەر بىر ئەسىرگە يېقىن داۋاملاشقان كۈرەش داۋامىدا بىر بولسا هالسىراپ يىقىلغان، بىر بولسا پۈتۈنلەي يوقىتىلغان، ياكى بولمىسا يېڭى خانىدانلىققا بېقىنىپ قېلىپ، كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشقان. ئاخىرىدا غالىب كەلگەن خانىدانلىق ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغان تېررىتورىيەلىك دۆلەتنى ئۆزىنىڭ ئائىلىۋى بايلىقىغا ئايلاندۇرۇۋالغان، يېقىنقى زاماندىكى فىرانسىيە بىلەن ئەنگلىيەدىن ئىبارەت مىللىي دۆلەت مۇشۇنداق شەكىللەنگەن، شۇڭىنىسى ئۇلار مەلۇم بىر جەمەتنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى بو-

---

① باسسام تىبى: «ئەرەب دۇنياسىنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسى»، «خەلقئارالىق سىياسىيدىكى رايونلار تەۋەلىكى تۈزۈلمىسى» مانخېيىم، 1996 - يىلى نەشرى.

لۇپ قالغان. رۇسىيەدىكى «قورقۇنچلۇق ئىۋان» ۋە ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسىدىكى ھابۇسبۇرگ جەمەتىمۇ ئوخشاشلا مۇ ـ شۇنداق يول بىلەن ئۆز دۆلەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان.

ئىسپانىيەدە بۇ جەريان ئىككى باسقۇچ ئارقىلىق تاماملانغان: ئالدى بىلەن كاستىللا كىنەزلىكىدىكى ئىزابېللا بىلەن ئاراگون كىنەزلىكىدىكى فېردىناندنىڭ نىكاھلىنىشى ئارقىسىدا، مىللىي دۆلەتتىن ئىبارەت بۇ ئولجىنى تالىشىۋاتقان ئاساسلىق ئىككى رە ـ قىب تىنچ يول بىلەن بىرلەشكەن. ئەلۋەتتە، بۇ بىرلىشىش كاس ـ تىللا كىنەزلىكى بىلەن ئاراگون كىنەزلىكى قورال كۈچىگە تايى ـ نىپ نۇرغۇن يوشۇرۇن رىقابەتچىلىرىنى يوقىتىۋالغاندىن كېيىن ئىشقا ئاشقان. يەنە بىر جەھەتتىن، ئىسپانىيەنىڭ جەنۇبىدىكى دۈشمەن كۈچ — ئاساسلىقى كوردوۋا ۋە گىرانادانىڭ ئەمىرى (ئە ـ مىر ـ ئىسلام دۇنياسىدىكى قەبىلە باشلىقى ۋە تۆرە، ئاقسۆڭەكلەر ـ نىڭ نامى) گە قارىتا ئىستېلاچىلارنىڭ دىنىي بايرىقى ئاستىدا كەسكىن ئۇرۇش بولغان، ئاخىرىدا مۇقەددەس ئەھلىسەلىپ (كىرېست قوشۇنى) نىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى دېگەن تۇغ ئاستىدا، مەغلۇپ بولغۇچىنىڭ زېمىنى تەبىئىيلا غەلىبە قىلغۇچىنىڭ زېمىنى دائىـ ـ رىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، يېقىنقى زاماندىكى ئىسپانىيەنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى شەكىللەندۈرۈلگەن.

گېرمانىيەنىڭ ئەھۋالىدىمۇ «مىللەت يەككە مىللىي دۆلەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېگەن ھۆكۈم تولۇق نامايان قىلىنغان، بىراق بۇ بىر ـ ئاز ـ تولا گۇمانمۇ قوزغايدۇ، زىيالىيلار قاتلىمى، سودا ـ سانائەت ساھەسىدىكىلەر، بۇرژۇئازىيە ئارىسىدا تەپرىقىچىلىق ھالى ـ تىنى تۈگىتىشنى كۈچلۈك تۇردە تەلەپ قىلىدىغان خاھىشنىڭ ئو ـ مۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ، بى ـ راق كەڭ يېزىلار ۋە كىچىك شەھەرلەردە كىشىلەر يەنىلا يەرلىك

www.uyghurkitap.com

فېئوداللارغا ساداقەت بىلدۈرۈپ كەلگەن، بۇنداق ئەھۋال گېرمانىيەنىڭ پۈتكۈل جەنۇبىي رايونىدا مەۋجۇت ئىدى، ھەتتا سلېسۋىگ ـ خولىستېيىن، ھاننوۋېر ۋە دانزىگ ئەركىن بىۋاسىتە قاراشلىق شەھىرىدىمۇ ئەھۋال ئوخشاش ئىدى، كېيىن «تۆمۈر ـ قان سىياسىتى» نى يولغا قويغان باش ۋەزىر بىسمارك ئەمەلىي كۈچى زور پىرۇسسىيە ھەربىي كۈچلىرىگە تايىنىپ، پىرۇسسىيە ـ ئاۋستىرىيە، پىرۇسسىيە ـ دانىيە ۋە پىرۇسسىيە ـ فىرانسىيە خانىدانلىق ئۇرۇشلىرى ئارقىلىق ئاخىرىدا «گېرمان مىللىتى» نى يەككە مىللىي دۆلەتكە ئايلىنىشقا مەجبۇرلىدى.[①]

## راتسىيونالىزم، دىن ۋە سىياسىي

غەرب مەدەنىيىتىنىڭ باشقا مەدەنىيەتلەردىن پەرقلىنىدىغان مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئىنتايىن قويۇق راتسىيونالىزم تۈسىگە ئىگە، مۇشۇ تەسىر تۈپەيلىدىن تەبىئىي پەن، تارىخۋازلىق ۋە قانۇنشۇناسلىق بويىچە دەلىللەش دوگما دىنىي ئىلاھىيەتنىڭ ئورنىنى ئالغان؛ دۆلەت بىلەن دىنىي جەمئىيەت، سىياسىي بىلەن دەھرىيلىك ئايرىلغان. بىراق، بۇنداق تەرەققىيات ئەسلىدىنلا بولغان ئەمەس، ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى خىرىستىيان دىنىنىڭ ياۋۇزلارچە ھۆكۈمرانلىقىدىكى زۇلمەتلىك دەۋرنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، مىڭبىر چاپا ـ مۇشەققەتتە ئالدىمىزدا پەيدا بولغان. تېخىمۇ ئېنىقىنى ئېيتقاندا، راتسىيونالىزملىق پوزىتسىيە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تارىخ قىسقىراق بولغان. يەنى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ بەزى ئىخلاسمەن مۇرىتلار، دىنىي ئەقىدىلەرگە تەلۋىلەرچە ئەگەشكۈچىلەر

① توماس نىپپېردېي: «1800~1866 ـ يىللاردىكى گېرمانىيە تارىخى»، «بۇرژۇئازىيە ۋە كۈچلۈك دۆلەت» 4 ـ نەشرى، مىيونخېن، 1987 ـ يىلى نەشرى.

لەر ۋە دىنى تونغا ئورۇنىۋالغان قارا نىيەتلەر يەنىلا جەمئىيەت- نىڭ ئىدراكىي پوست قاتلىمىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتە.

غەربنىڭ 13 - ئەسىردىن 18 - ئەسىرگىچە بولغان تارىخىي باسقۇچىغا دوگما خىرىستىيان دىنى ئەقىدىلىرىنى قانداق چۈشە- نىش ۋە شەرھلەش توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەر باشتىن - ئاخىر سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا بىر ئاساسىي ئۆلچەم نۇقتى- سى شەكىللەندۈرۈلگەن، بىراق بۇ نۇقتا نۇرغۇن مەزمۇن جەھەتتە ئەڭ قانلىق سىياسىي تالاش - تارتىشنىڭ مەركىزىي پايدىلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالغان. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭغا دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدى- غان، سىياسىي مەنپەئەتنى چۆرىدىگەن رىقابەت ئويۇنى يانداشقان كەلگەن. ئەمما، زېمىنغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش رىقابىتىگە قاتناشقۇچىلار ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئار- زۇ قىلغىنىدەك يوسۇندا قانۇنلاشتۇرۇشقا قولايلىق يارىتىش ئۈ- چۈن، ئۆزلىرىنىڭ تەشەببۇسىنى دىنىي مۇنازىرىلەر بىلەن چىڭ باغلىشى كېرەك. بۇنىڭغا ئالاقىدار بەزى مۇھىم تارىخىي ھادىسىلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئابىلد پاگانلىرى (ئابىلد مەز- ھىپى 11 - ئەسىردە فىرانسىيەنىڭ ئابىلدتا بارلىققا كەلگەن خى- رىستىيان دىنى مەزھىپى بولۇپ، 13 - ئەسىردە خاتا ھالدا پاگان، يەنى يات دىندىكىلەر دەپ قارالغاچقا، پاپا ۋە فىرانسىيە پادىشاھى تەشكىللىگەن ئەھلىسەلىپنىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچرىغان) بىلەن بولغان بەس - مۇنازىرىدە، ئىنتايىن ياش فىرانسىيە مىللىي دۆلى- تى 13 - ئەسىردە ئاخىر سىياسىي ھوقۇقىنى مەركەزلەشتۈرگەن. بوخمىيە رايونىدىكى خۇس قوزغىلىڭى (15 - ئەسىردىكى چېخى- يەلىك ۋەتەنپەرۋەر ۋە دىنىي ئىسلاھاتچى ھۇسنىڭ مۇخلىسلىرى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تەلىپىنى ئىشقا ئا-

شۇرۇش يولىدا قىلغان كۈرەش) ھابۇسبۇرگ سۇلالىسىنىڭ مۇقەد-
دەس رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قى-
لىشى ئۈچۈن تەييارلىق كۆرگەن. خىرىستىيان دىنىنىڭ ئىسپانى-
يەنى يېڭىباشتىن بويسۇندۇرۇشىغا ئەگىشىپ، ئىبرىيە پادىشاھلى-
قى باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە
دۇنيادىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ
تۇرغان. 16 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن 17 ـ ئەسىرنىڭ
ئاخىرقى مەزگىلىگىچە، كاتولىك دىنى بىلەن پىروتېستانتىزم ئوت-
تۇرىسىدىكى بەس ـ مۇنازىرە ياۋروپانىڭ يۇقىرى قاتلام سىياسىي-
سىغا سىڭىپ كەتكەن. ئاخىرىدا كۇنسېرى قۇدرەت تاپقان، دىنىي
ئېتىقادنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ئاساسىغا قۇرۇلغان مىللىي دۆلەت-
لەر ياۋروپا سىياسىيسىدا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەن، زېمىن ۋە دىن
مەسىلىسى تۇپەيلىدىن ئۇزاق مۇددەت بۆلۈنۈش ھالىتىدە تۇرغان
ئاجىز گېرمانىيە بۇنىڭغا نىسبەتەن روشەن سېلىشتۇرما بولغان.

ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ئەگرى ـ توقايلىق ئىچىدە ئىلگىرى-
لىشى ئۇلارنىڭ رىقابەت مېخانىزمىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان.
مىللىي دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى شەپقەتسىزلەرچە زوراۋانلىق رىقا-
بەتلىرى شۇ دۆلەت ھۆكۈمرانلىرىنى ئىلىم ـ پەن ۋە سانائەتلەش-
تۈرۈشنى ئاساس قىلغان زامانىۋىلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇشقا مەج-
بۇر قىلغان. ناۋادا كىمكى بۇ جەھەتتە دېلىغول بولۇپ بىر قارارغا
كېلەلمىسە، ياخشى تەرەققىيات پۇرسىتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ ھەمدە
ناھايىتى تېز لا سىياسىي رەقىبلىرىنىڭ كەينىدە قالىدۇ، مىللىي
دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئىشلىرىمۇ شۇ تۇپەيلىدىن زەر-
بىگە ئۇچرايدۇ.

راتسىيونالىزمنىڭ تارقىلىشىمۇ ئوخشۇشلۇق ئىشقا ئاشقان
بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە بۇ جەرياتغا باشتىن ـ ئاخىر

قىرغىن قىلىش، قان تۆكۈش ۋە جايا ــ مۇشەققەت ھەمراھ بولغان. ئاقارتىش ھەرىكىتى دەۋرىدە، ئەنگلىيە مىسسىيونېرلار جەمئىيىتى ئورانىيېندىكى ۋىلىيام ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئەڭ قانلىق ئۇ-سۇل بىلەن ئىرېلاندىيە كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىنى باستۇردى؛ فىرانسىيەدە لۇئىس XIV ھۇگېنو مەزھىپىدىكىلەرگە قارىتىلغان نانتې كەچۈرۈم يارلىقىنى بىكار قىلدى؛ مارىيە تىراتسىيە مىليون-لىغان جەسۇر پىروتېستانتىنى سىلسىيە ۋە پىرۇسسىيەگە قوغلىۋەت-تى؛ ئىسپانىيەدە دىنىي سوت ئۆز خىيالىدا پاگان (يان دىندىكىلەر) دەپ ھېسابلىغانلارنى رەھىمسىزلەرچە قىينىدى؛ شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا جايلاردا تەلۋە مۇخلىسلار «دا-خان» دەپ ھۆكۈم قىلىنغان ئاياللارنى قىلچە رەھىم قىلماستىن ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردى؛ لۇتېر مەزھىپى ھۆكۈمرانلىقىدىكى پا-دىشاھلار ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى ئاتېئىزمچىلارنى بىر كۈنىمۇ خا-تىرجەم ئۆتكۈزەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى؛ شىۋېيتسارىد-يە، گوللاندىيەدىن ئىبارەت پىروتېستانتىزم دۆلەتلىرىدە، مۇخ-لىسلار تەلۋىلەرچە ئەسلىيەتچىلىك بىلەن جاھاننى بىرلىككە كەل-تۈردى؛ شىۋېتسىيە، دانىيە ۋە ساكسون كىنەزلىكلىرىدە «دەللال تېپىدىكى» ئىچى تار لۇتېر مەزھىپىدىكى پىروتېستانتلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلىدى.

سىياسىي جەھەتتىكى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئىسلاھاتى ئاساسلىقى دۆلەتنىڭ سىياسىي ئاپپاراتلىرىدا ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئاي-رىشتا ئىپادىلەندى، ئەمما بۇنداق ئۆزگەرتىشمۇ ئاسانغا چۈشمىدى. بولۇپمۇ ئىسلاھات دەۋرىدە، بۇنداق قەدەمنى بېسىش ھەر ۋاقىت نې-گىزلىك تەھدىت ۋە خىرىسقا ئۇچرىشى مۇمكىن ئىدى. كاتولىك دىنى جەمئىيىتى بىلەن پىرۇسسىيە پادىشاھى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆت-كۈر زىددىيەت 19 ــ ئەسىردىكى ئاتالمىش «70 يىللىق مەدەنىيەت

جېڭى»نى كەلتۈرۈپ چىقاردى، سابىق فېدېراتىپ گېرمانىيەدە، سىياسىي بىلەن دىن ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ياراشتۇرغىلى بولمايدىغان زىددىيەت 60 ~ 70 - يىللاردىكى چېركاۋ مەكتەپلىرىنىڭ ئورنى، رولىغا دائىر مۇنازىرىلەردە نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئىنكاسلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئەمما، دىنىي ئىسلاھات بىلەن سىياسىي ئىسلاھات ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ھەممىلا مەسىلىنى ھەل قىلىپ كېتەلمىدى، پروتېستانت دىنىي جەمئىيەتلىرى بۇ جەھەتتە بەزىدە نائىلاج قالدى. بۇ نۇقتا غەرب يېڭى زوراۋان كۈچلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈشى جەريانىدا ئەڭ روشەن ئىپادىلەندى، بۇ خۇددى ئۇزۇل - كېسىل مۇۋاپىق يوسۇندا ئىسلاھ قىلىنغان ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى. بۇ يەرنى كۆرگەن كىشىلەر قاتتىق ھەيران قېلىشى مۇمكىن، ئۇنداق بولسا كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ قاراپ باقايلى، بۇ جەھەتتە مۇنداق بىر تارىخىي پاكىتنى ئۇنتۇپ قېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، يەنى ياۋروپالىقلارنىڭ ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىغا كۆچۈش جەريانى پۈتۈنلەي دىنىنىڭ تۈرتكىسىدە ئورۇنلانغان بولۇپ، ئاشۇ باتۇر «تاۋاپچىلار» دەسلەپكى كۆچۈش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇلار سىياسىي ئېزىش تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى دىنىي ئېزىش تۈپەيلىدىن ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار توسقۇنلۇققا ئۇچرىمايدىغان دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىنتىلىدىغان بولغان، بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ يېڭى ئېنگلاند رايونىدىكى ھەرقايسى ئىشتاتلاردا بۇنداق ئارزۇ تېخىمۇ كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن. شۇڭا، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بۇ جۇمھۇرىيەتتە ئولتۇراقلىشىپ قالغان نۇرغۇن كىشىلەر بىر «يېڭى يېرۇسالېم»نى، ھەممە مۇخلىسلار سىياسىي تەدبىر كۆرۈشكە قاتنىشالايدىغان بىر پروتېستانت دۆلىتىنى قۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان.

ئامېرىكىنىڭ سىياسىيسى بۇنداق دىنىي تەسىردىن باشتىن ـ ئاخىر تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلىگەن ئەمەس، 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن بۇيان، سىياسىي بىلەن دىن ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ئىرماش ـ چىرماش باغلىنىش توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان كۈچ ـ قۇدرەت بىلەن دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا يېڭىباشتىن قايتىپ كەلگەن. ئەمەلىيەتتە، پىروتېستانت ئەسلىيەتچىلىكى ئامېرىكىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىككى چوڭ سىياسىي پار ـ تىيەنىڭ بىرى بولغان مۇتەئەسسىپ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنى خېلى زور دەرىجىدە ئەسىر قىلىۋالغان. دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ سايلىغۇچىلىرى ئىچىدە 40% كىشى دىنىي تەشكىلاتقا تەئەللۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۈچى 18 ئىشتاتتىكى شۇ پارتىيە تەشكىلاتى ئىد ـ چىدە ئاساسىي يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ ھەمدە باشقا 13 ئىش ـ تاتتىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك تەسىر كۆچىگە ئىگە. ھامىلە چۈشۈرۈ ـ ۋېتىشتىن تارتىپ ئىجتىمائىي پاراۋانلىقچە، ئىقتىسادىي تەرەق ـ قىيات سىياسىتىدىن تارتىپ ئامېرىكا بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇناسىۋىتىگىچە بولغان ھەممە ئىشلاردا، يۇكسەك دەرىجىدىكى ئىدېئولوگىيەگە ئىگە سىياسىي بىلەن دىن ئامېرىكا پارلامېنتىدىكى بەس ـ مۇنازىرىدىن قارار چىقىرىشقا بىرلىكتە قاتنىشىدۇ. ئەسلىدە «راتسىيونالىزمچىلار»نىڭ قولىدا تەۋرەنمەي تۇرغان فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى بۇنداق كۈچ سېلىشتۇرمىسى ئۇ ـ چۇن بەدەل تۆلىمەي قالمايدۇ، يەنە كېلىپ بۇ سىمۋول خاراكتېر ـ دىلا بولماستىن (مەسىلەن، ئاخبارات ۋاستىلىرى ئالدىدا زۇڭ ـ تۇڭنىڭ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشى)، بەزىدە ماھىيەت خاراكتېرلىك مۇرەسسەلىشىشتىنمۇ ساقلانغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، گېرمانىيە ـ دىكى دېموكراتلار پارتىيەسى خىرىستىيان دىنى ئىلمىي جەمئىيە ـ تىگە قارىتا قوغدىنىش تەدبىرى قوللانغاندا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىسىم تۈپەيلىدىن ئۇلارنى قاتتىق تەنقىد قىلدى[1].

بۈگۈن پۈتكۈل غەرب جەمئىيىتىدە خىرىستىيان دىنى ئىلمىي جەمئىيەتتى چىركاۋنىڭ سانى ئومۇميۈزلۈك ئېشىپ، جەمئىيەتتە-مىزدە غەيرىي ئىدراكىي ئېھتىياجنىڭ ئاز - تولا ئاشقانلىقىنى روشەن سىگنال سۈپىتىدە ئىپادىلەپ بەردى. 80 - يىللاردىن بېرى، «يېڭى دەۋر»دىكى تىلسىمچىلىقمۇ مەدەنىيىتىمىزنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى، بۇ ئەۋزەل ئورۇندا تۇرۇۋاتقان راتسىيونالىزمنىڭ كەم دېگەندىمۇ كىچىك بىر قىسىم ھېسابلىنىدىغان مۇھىم ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ ئىدىيەۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭ يەكۈنى ناھايىتى ئېنىق: بۈگۈنكى كۈندە ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش تۈسىنى ئالغان ئىلمىي، ئىدراكىي ھۆكۈم چىقىرىش رولىنىڭ دەھرىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر جەھەتتە مەدەنىيىتىمىزدە مەۋجۇت بولۇشى ئەمدى مۇقەررەر ئىش ھېسابلانماي قالىدۇ. بىز دۇچ كېلىۋاتقان زور ئىسلاھات دەۋرىدە، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ئىدراك ئۈچۈن يېڭىباشتىن كۆرەش قىلىشى كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، قارىسا مەزمۇتتەك كۆرۈنىدىغان غەرب راتسىيونالىزمى ئورتودوكسال خىرىستىيان دىنىنىڭ گۇمران قىلىش تەھدىتىگە ئۇچرىشى مۇمكىن.

## خاسلىقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە كوللېكتىۋىزم

غەرب مەدەنىيىتىدە، خاسلىق جەھەتتە ئازاد بولۇش ئىنتايىن چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، «خاسلىق» بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرۇلغان. يەك-

[1] دامىئان تومپسون: «دەۋرنىڭ ئاخىرلىشىشى»، 1997 - يىلى نەشرى: كىلاۋس لىنگگىئوئېي: «مۇتەئەسسىپ ئىنقىلابنىڭ مەغلۇبىيىتى» فىرانكفورد، 1997 - يىلى نەشرى.

كە ئادەمنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئاساسى دەپ قارىلىشى ھەمدە دەخلى ـ تەرۇز قىلىنىشقا بولمايدىغان ھوقۇقا ئىگە بولۇشى بىز ئادەتتە دەي ـ دىغان «ئىنسانىي ھوقۇق»نىڭ نەق ئۆزى شۇ. يەككىلىكنىڭ ھو ـ قۇق ـ مەنپەئەتى كوللېكتىپنىڭ ئالدىغا تىزىلىشى كېرەك، بۇ غەرب جەمئىيىتىنىڭ باشقا ھەر خىل مەدەنىيەتلەر بىلەن بولغان ماھىيەتلىك پەرقى بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن مۇھىم سىياسىي ئەھمى ـ يەتكە ئىگە، چۈنكى بۇنداق ئىدىيە مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىققا نىس ـ بەتەن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغان پاسىل پەيدا قىلغان. يەككىلىكنى تەكىتلەش شەخسنى كوللېكتىپ نامىدىكى باشقۇرۇش ـ نى قوبۇل قىلمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ، ئاتالمىش «كول ـ لېكتىپ» مەنپەئەتى ھەمىشە ھۆكۈمرانلارنىڭ مەنپەئەتىدە مەركەز ـ لىك نامايان بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، شەخس بىلەن كوللېكتىپ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىنلا بولماستىن، بەلكى يەككىلىك «ھوقۇق ـ مەنپەئەت ئىگىسى» سالاھىيىتىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، كوللېكتىپ ئارىسىغا سىڭىپ كېتىدۇ. «ئۇ» نىڭ بىردىنبىر خاسلىقى، «ئۇ» نىڭ ھەقىقىي ھۆرمىتى ۋە «ئۇ» نىڭ جىسمانىي پۈتۈنلۈكى كوللېكتىپنىڭ تەلىپى تۈپەيلىدىن زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىماسلىقى كېرەك.

ئەمما «خاسلىق» ئەسلىدىنلا مەۋجۇت نەرسە ئەمەس، بۇنداق پرىنسىپنىڭ مەيدانغا كېلىشىمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق كۆ ـ رەشنى باشتىن كەچۈرگەن، يەنە كېلىپ ئىنتايىن ئۇزاق بىر ۋاقىت ئىچىدە باشتىن ـ ئاخىر تاپا ـ تەنىگە ئۇچراپ كەلگەن. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادا بۇنداق شەخسىيەتچىلىك يەنىلا مەۋجۇت بو ـ لۇپ، شەخس بىر جەھەتتىن فېئودال بېقىندى بۇيۇم، فېئوداللارغا بېقىنىدىغان بىر تەركىبىي قىسىم ھېسابلانسا، يەنە بىر جەھەتتىن خىرىستىيان دىنىي جەمئىيەتلىرى ئەخلاق ۋە دىنىي مۇراسىم ئار ـ

www.uyghurkitap.com

قىلىق شەكىللەندۈرگەن تەشكىلىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىناتتى. دىنىي جەمئىيەتلەر بۈگۈنكى كۈندە تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ مۇمكىن بولمىغان ئۇسۇللار بىلەن كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش جەريا- نىنى بەلگىلەپ قوياتتى. ئەينى چاغدىكى بۇنداق ئاساسىي ئېقىمغا قارشى ئىجتىمائىي ئاڭ، ئىنسانلارنىڭ خاسلىق جەھەتتە ئازاد بو- لۇشى تەلەپ قىلىدىغان «غەيرىي ئورتودوكسلار» پاگان (يات دىندى- كىلەر)، داخان ۋە دەھرىي دەپ قارىلىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرايت- تى، ھەتتا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئۇسۇللار بىلەن يوقىتىلات- تى. مەسىلەن: مەشھۇر تەبىئىي پەن ئالىمى گىئوردانو برۇنو لاۋۇل- داپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلاپ ئۆلتۈرۈلگەن.

يېقىنقى زاماننىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، شەھەرلەشتۈرۈش يۈزلىنىشى ئۈزۈكسىز كۈچەيگەن بولسىمۇ، بىراق بۇنداق ئەھۋالدا يەنىلا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. ئىنسانلار يەنىلا كولخوز، شەھەردىكى مەھەللىلەر، كاسىپلار ئۇيۇشمىلىرىدا تۇرمۇش كەچۈ- رۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكتىن، شەخسنىڭ خاسلىق جەھەتتىكى ئېھتىياجى ھېچقانداق ئېتىبارغا ئېلىنمىدى. بىز بۇنىڭدىن مەدە- نىيەتنىڭ دەسلەپكى ئىزنالىرىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر يىلتىز تارت- قانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۈگۈنگە قەدەر، بارلىق غەرب ئەللىرىنىڭ كەڭ يېزىلىرى ۋە كىچىك شەھەر - بازارلىرىدا دېگۈدەك بۇنداق كوللېكتىۋىزملىق تەلەپ قىلغان يۈكسەك بىردەكلىك يەككىلىككە كەلتۈرگەن بېسىمنى يەنىلا روشەن كۆرگىلى بولىدۇ، ھەتتا خاس- لىق جەھەتتىكى ئەركىنلىك مەركىزى ھېسابلىنىدىغان ئامېرىكى- مۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ئەگىشىپ، كول- لېكتىۋىزملىق شەكلىدىكى بۇنداق دىنىي ئارقا كۆرۈنۈش يىمىرى- لىشكە باشلىدى، بىراق ئۇ كىشىلەرنى ئەسلىدىكى روھىي قامالدىن

ئازاد قىلالمايتتى. ھازىرقى زامان ئاقارتىش پەلسەپىسى خاسلىق جەھەتتە ئازاد بولۇشنى ۋە خاسلىق جەھەتتىكى ئەركىنلىكنى تەكىتلىسىمۇ، بىراق «بوراندەك شىددەتلىك ئىلگىرىلەش ھەرىكىتى» ۋە دەسلەپكى مەزگىلدىكى كىلاسسىكچىلىق كۈچلۈك تۈردە نامايان قىلغان شەخسىيەتچىلىك ھەم شۇ ئارقىلىق ئىجاد قىلىنغان بەزى مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەر يەنىلا ئۇنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئۆسمۈر ۋېرتېرنىڭ قايغۇسى»، «قاراقچى» قاتارلىق ئەسەرلەر بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. فىرانسىيە ئىنقىلابى داۋامىدا، قانۇننىڭ ئېنىق كاپالىتىگە ئېرىشكەن شەخسىيەتچىلىكنىڭ زەپەر قۇچقان قوشۇنى يېپىيېڭى، شۇنداقلا ئۇچىغا چىققان زوراۋانلىق ئۇسۇلى بىلەن يارىتىلغان «كوللېكتىۋىزم»لىق شەكىل — دۆلەت مەنپەئەتىگە يۈزلەندى. خاسلىقتىن چەتنىگەن بۇنداق قىلمىش ئادەمنى مويتۇڭزا ئۇستىگە سۆرەپ باردى.①

نۇرغۇن جايلاردا مىللەتچىلىك جۇمھۇرىيەتچى بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىدىيەۋى نەزەرىيەسىدىن پايدىلىنىپ، بۈگۈنكى كۈندە تارىخىي رومانتىكلىق تۈسىگە ئىگىدەك كۆرۈنىدىغان سىياسىي ئاپپاراتلارنى ناھايىتى تېزلا قۇرۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن دۆلەت پۇقرالىرى ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش داۋامىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى بولماستىن، بەلكى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «پۇقرالار گەۋدىسى»نىڭ بىر ئەزاسى سانىلىدىغان بولدى. شۈبھىسىزكى، بۇنداق يېڭى كوللېكتىۋىزم ئىدىيەسى زامانىۋىلىشىشتىن ئىلگىرىكى غەرب يېزا - بازارلىرىدا كەڭ تارقالغان، شەخسنىڭ كوللېكتىپقا بويسۇنۇشى تەلەپ قىلىنىدىغان نۇقتىئى-

① فىرانكوئىس فۇرېت، دېنىس رىچېت: «فىرانسىيە زور ئىنقىلابى» 7 ـ باب. فىرانكفورد، 1999 ـ يىلى نەشرى.

نەزەردىن كۆپ ئىلغار ئىدى، ھېنرىھ مان «بېقىندى خەلق» ناملىق رومانىدا، ھوقۇقدارلارنىڭ قىلچە تەپ تارتماستىن يۇقىرالارنىڭ ئۆزلىرىگە بىردەك ئىتائەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىشىدەك رەزىل ھادىسىلەرنى چوڭقۇر پاش قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شەھەر ئاھالىسى قاتلىمىدىكىلەرنىڭ نېمە دېسە خوش دەپ تۇرىدىغان، ھۆكۈمرانلارنىڭ تەلپىگە كۆچىنىڭ بارىچە ئۇيغۇنلىشىدىغان شۆھرەتپەرەسلىكىنىمۇ مەسخىرە قىلغان، ئەھمىيىتى چوڭقۇر ھەم ئاگاھلاندۇرۇش رولىغا ئىگە بۇ ئەسەر ئاپتورنى ئىنتايىن يۇقىرى تارىخىي ئورۇنغا ئىگە قىلغان. شۇنداق قىلىپ، «يېڭى نۇسخا»دىكى مىللەتچىلىك بارلىق «غەرب» ئەللىرىنى قاپلىدى.① شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، فاشىزم ــ ناتسىزىممۇ غەرب ئەللىرىگە ئوبدانلا يامرىدى. ئەمەلىيەتتە، ئىتالىيەدىكى فاشىزم بىلەن گېرمانىيەدىكى ناتسىزمنىڭ ئاۋامغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى كوللېكتىۋىزملىق قارىشىدىن پايدىلىنىپ، باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئاستىدا، بىز كۆرگەن ئاشۇ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرمىكى تەس ئىدى. شۇنداق دېيەلەيمىزكى، غەرب جەمئىيىتىنىڭ كوممۇنىزم (گېزى كەلگەندە ئەسكەرتىپ قويايكى، ئۇمۇ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى!)چە كوللېكتىۋىزملىق ئىدىيەسىگە نىسبەتەن قىلچە ئىممۇنىتېت ئىقتىدارى يوق، بۇنداق ئىدىيە ئاسارىتىدە، مۇستەقىل ئۆزلۈك ئىگىنىڭ شەكىللىنىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، كوللېكتىپ دېگەن بۇ ئۇقۇم يەككە ئادەمگە تامامەن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋالغان.

ئىنسانىي ھوقۇق بىلەن يۇقىرالىق ھوقۇقى غەربتىكى نۇرغۇن ئەللەرگە نىسبەتەن يەنىلا خېلى يېڭى شەيئى ھېسابلىنىدۇ، غەرب

① بارابارا تۇچمان: «ھەيۋەتلىك قوڭغۇراق راۋىقى»، «بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى (1890~1914)دىن ئىلگىرىكى دۇنيا»، مىيونخىن، 1962 ـ يىلى.

ئەركىن دېموكراتىيەسىنىڭ ئۆلگىسى ھېسابلىنىدىغان ئەنئەنىۋى غەرب دۆلەتلىرىدىمۇ، پۇقرالارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ غايىنىڭ ھەقىقىي ئىشقا ئاشقىنىغا تېخى ئانچە ئۇزاق بولمىدى، ناۋادا نۆۋەت-تىكى ئەھۋالنى ھەقىقەتەن كۆڭۈلدىكىدەك ئەھۋال دەپ ھېسابلى-ساق، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، تاكى 19 ـ ئەسىرگە قەدەر، ئەنگلىيەدە پەقەت بايلارنىڭلا سايلام ھوقۇقى بولغان، دۇنيادا ئاياللارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك سايلام ھوقۇقىغا ئېرىشىشىمۇ بىز 20 ـ ئەسىردە قولغا كەلتۈرگەن بىر تۈرلۈك مۆۋەپپەقىيەت. ئوخشاشلا ئامېرىكىدىمۇ قانلىق ئىچكى ئۇرۇشتىن كېيىن ئاندىن قۇللۇق تۈ-زۈم بىكار قىلىنغان، نېگىرلارنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقى گەرچە 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتىنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىسىدا مۇئەييەن ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق رېئال تۇرمۇشتا ئۇلارنىڭ ھوقۇقى تاكى بۈگۈنگە قەدەر تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولغىنى يوق. گېرمانىيە پۇقرالىق ھوقۇقىنى ئې-تىراپ قىلىش ئەندىزىسىنى ئىزچىل يولغا قويۇپ كەلگەن، گېرما-نىيەدە پاسپورت بېرىشتە تەۋەلىك جايىغا ئەمەس، بەلكى قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە بەكرەك قارىلىدۇ، شۇڭا مۇشۇ يەردە تۇغۇلغان نۇر-غۇن كىشىلەرنىڭ تېگىشلىك پۇقرالىق ھوقۇقى تارتىۋېلىنغان.

## كىملەر غەربكە تەئەللۇق ــ «مەدەنىيەت جۇغراپىيە-سى»نىڭ كۆچۈشى

بۈگۈن ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەھدىلىشىپ ئەزا بولغان دۆلەتلەر (تۈركىيە بۇنىڭ سىرتىدا، مەدەنىيەت نوقۇلچىلىقىنى ياقلىغۇچىلار تۈركىيەنى «غەرب دەرۋازىسى»نىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاتقۇزمىغان)، ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيە، شىمالىي ئامېرىكا ئەللىرى (ئامې-

ـرىكا ۋە كانادا)نى كىشىلەر شەكسىزلا «غەرب مەدەنىيەت چەمبىرىـ
كى»گە كىرگۈزۈشىدۇ، ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىـ
نىڭ تەۋەلىكى توغرىسىدا تېخى بىرلىككە كەلگەن ئورتاق تونۇش
ھاسىل قىلىنمىدى؛ ۋېنگىرىيە، چېخ جۇمھۇرىيىتى، پولشا ۋە سىـ
لوۋېنىيە قىلچە تالاش ـ تارتىش قىلىنمايلا غەربنىڭ «چوڭ مەمۇـ
رىي رايون دائىرىسى»گە كىرگۈزۈلدى، ئەمما بالتىق دېڭىزى بويىـ
دىكى ئەللەر — سىلوۋاكىيە، كىرودىيە، رومىنىيە ۋە بۇلغارىيەنىڭ
تەۋەلىك مەسىلىسى توغرىسىدا ئاز ـ تولا تالاش ـ تارتىش بولدى.

بىراق، بۈگۈنكى كۈندە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسـ
مى بولۇپ قالغان ئاشۇ ئەللەرمۇ بۇنداق مەدەنىيەت تونۇشى جەھەتـ
تە ئۇزاق بىر جەرياننى باشتىن كەچۈردى. گېرمانىيەنى مىسالغا
ئالىدىغان بولساق، 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا گېرمانىيەدىـ
كى ئۇلۇغ قانات زىيالىيلار، يەنى ئاساسلىقى مەشھۇر «Die Tat» ژۇرـ
نىلىنى مەركەز قىلغان مەدەنىيەت چەمبىرىكى گېرمانىيەنى «غەربـ
لەشتۈرۈش»كە قەتئىي قارشى تۇردى، ئۇلار گېرمانىيە مەدەنىيىتىـ
نىڭ ئورنى مەسىلىسىدە، ئۇنى غەرب ـ شەرق مەدەنىيىتى ئوتتۇـ
رىسىدا مۇستەقىل تۇرىدىغان سىستېما دەپ بېكىتتى؛ بۇنداق ئىدـ
دىيەۋى ئاڭ گېرمانىيەنىڭ تىياتىر ساھەسىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى
تاپتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىكى ھانىس ساكىسنىڭ ۋاگنېردا
ئوينالغان «نۇرنبېرگتىكى مەشھۇر ناخشىچى» دېگەن تىياتىرىدىكى
مەشھۇر مەدھىيە كۈيى ۋە «سەرسان گوللاندىيەلىكلەر» دېگەن تىياـ
تىرىدىكى «گېرمانىيەچە ئازاب ـ ئوقۇبەت» نۇرغۇن كىشىلەرگە توـ
نۇشلۇق. ئوخشاشلا بۇنداق پەۋقۇلئاددە لۇشيەندىكى ئىدېئولوگىيە
50 ـ يىللاردا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ بىتەرەپ سىـ
ياسىتىدىمۇ كەڭ تۈردە ئەكس ئەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت
تىنچلىقپەرۋەرلىكىنىڭ تىنچلىق ھەرىكىتىدىمۇ داۋاملىق مۇھىم

رولىنى جارى قىلدۇردى. يېقىندا يېڭى ئوڭ قاناتلار توپىدىكى كىـ-
شىلەرمۇ بۇنداق پەۋقۇلئاددە لۇشيەن توغرىسىدا ئاغـزى ـ ئاغزىغـا
تەگمەي گەپ ساتىدىغان بولۇۋالدى. سىرتتىن قارىغاندا، گېرمانىيە
بىلەن غەرب ئىككىنـچى دۇنيا ئـۇرۇشى ئاخىـرلاشقاندىـن كېيىـن
چەك ـ چېگرانى ھەققىي ئايرىدى، بۇ گېرمانىيەلىكلەر ئانچە ئال-
قىشلاپ كەتمەيدىغان بىر خىل شەكىلدە ئىپادىلەندى: مورگېنتاۋ
پىلانى ئەينى چاغدا ئامېرىكىنىڭ يېزا ئىگىلىك مىنىسـتىرى ئوت-
تۇرىغا قويغان گېرمانىيەگە قارىتىلغان مۇكەممەل بىر ئىستراتې-
گىيەلىك لايىھە بولۇپ، ئۇنىڭدا گېرمانىيەنى يېڭىباشتىن ئىپتى-
دائىي يېزا ئىگىلىك دۆلىتى ھالىتىگە قايتۇرۇش مەقسەت قىلىنغا-
نىدى. ئۇنىڭ بۇنداق نۇقتىئىنەزىرىدە بولۇشىغا گېرمانىيەلىكلەر-
نىڭ لايىقىدا ئۇسۇل بىلەن نورمال بىر پۇقرالار جەمئىيىتى ۋە دې-
موكراتىك دۆلەت تۈزۈمى تۇرغۇزۇشقا ئامالسىز قالغانلىقى سەۋەب
بولغانىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى، ھەتتا گېنى ئۇلارنىڭ
غەرب مەدەنىيىتىگە ماسلىشالمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن بولۇشى
مۇمكىن.

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ، 60 ـ يىللىرىدا، ياۋروپا ئىلىم سا-
ھەسىدىكىلەر ياۋروپانىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا غەرب دېموكراتىك
جەمئىيەت تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇشنىڭ مۇۋاپىق ياكى مۇۋاپىق ئەمەس-
لىكى توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىشتى، بەزىلەر: ئىتالىيە ۋە ئىبېرىيە
يېرىم ئارىلى (ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيەنى كۆرسىتىدۇ)دىكى
كاتولىك دىنى دۆلەتلىرىنىڭ دېموكراتىيەنى ئىشقا ئاشۇرغۇدەك
ئىقتىدارى يوق، شۇڭا كۇنسېرى يۈكسىلىۋاتقان ياۋروپا ئىتتىپا-
قىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار بىر خىل يۈكتىن باشقا نەرسە ئە-
مەس، دەپ قاراشتى. ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى يادرو دۆلەتلەرنىڭ بى-
رى بولغان فىرانسىيە كاتولىك دىنى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۆلەت بولسىمۇ، بىراق فىرانسىيەدىكى كاتولىك دىنى جەمئىيەتلە-رى دۆلەت قۇرۇشنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە، رىم دىنىي جەمئىيىتىدىن يىراقلىشىپ، «دۆلەت دىنى» ۋەقەسىنى ساقلاپ قالدى، شۇنىڭ بىد-لەن فىرانسىيەنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە ئەھۋال سانىلىپ قالدى. «تو-لۇق كاتولىك دىنى»دىكى بىر جەمئىيەتنىڭ دېموكراتىيەنى ئىشقا ئاشۇرغۇدەك ئىقتىدارىنىڭ بار - يوقلۇقى توغرىسىدىكى گۇماننىڭ بۇ خىل قاراشنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغانلىقىدا شەك يوق. ئىتالىيە-نىڭ ھۆكۈمەت تۈزۈلمىسىنى تەۋرىتىپ قويغان كۈندىلىك كىرىزىس ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئالمىشىشى تەنقىدچىلەرنى كاتو-لىك دىنىدىكى ياۋروپا ئەللىرىدە «زامانىۋى دېموكراتىك دۆلەت قۇ-رۇش»نىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىگە تېخىمۇ ئىشەندۈردى. بۇ باسقۇچ ئاللىقاچان ئۆتمۇشكە ئايلىنىپ قالدى، تىلغا ئېلىپ ئۆ-تۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئىبرىيە يېرىم ئارىلىدىكى زوراۋان فىرانكونىڭ تەختتىن چۈشۈشىگە ئەگىشىپ، ھوقۇق مەركەزلەش-تۈرۈلگەن ھۆكۈمرانلىق ئاستىدىكى ئىسپانىيە ئاخىر دېموكراتىيە-نىڭ تاڭ نۇرىنى كۆتۈۋالدى؛ جېنى تۈمشۇقىغا كېلىپ قالغان ئىتا-لىيەمۇ ئىسلاھات داۋامىدا كىشىنى قايىل قىلىدىغان ئۆزىنى قۇد-رەت تاپقۇزۇش ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى. بۈگۈن ئۇلار شەك - شۈبھىسىز مۇۋەپپەقىيەتلىك يوسۇندا غەرب دېموكراتىك دۆلەتلىكگە ئايلاندى.

## كۆچۈش جەريانىدىكى مەدەنىيەت — رېئاللىقتىكى مە-دەنىيەت

ئۈچىنچى بابتا بىز مەدەنىيەتنىڭ جانلىقلىقى ۋە كۆچۈش خۇ-سۇسىيىتىنى قايتا تىلغا ئېلىپ، بۈگۈنكى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمىغا ئومۇمىي جەھەتتىن نەزەر سېلىپ

ئۆتتۇق، بۇلاردىن مەدەنىيەتنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىنى بايقىمىقىمىز تەس ئەمەس، بۇنداق ھۆكۈم بۇگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا تارىخىي كونا ئەسلىمىلەردىكى مەدەنىيەتلەر ئارا توقۇنۇشلارغا چەك ئېسىلىشىغا ۋە بىرلىشىشىمىزغا يول قويمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىز شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ زامانىۋىلىشىش ھارپىسىدىكى نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرىنى ھازىر ئىسلام دىنى ياكى كۈڭزىدىن بايقاۋاتىمىز ھەم بۇنى ناھايىتى ئۆزگىچە ھېس قىلىۋاتىمىز، «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى»نىڭ ئاپتورى دەل مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەردىن قورقۇنچلۇق پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغان.

يېقىنقى 20 يىلدا، غەرب ئەللىرى ئەسلىدە ياپونىيەگە تەئەللۇق بولغان نۇرغۇن مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا قوبۇل قىلدى: دەسلەپتە زىيانسىز بولغان ياپونچە سۇپا «فۇتون» (Futon)نى قوبۇل قىلدى؛ ئارقىدىنلا ئېلېكترونلۇق ئەرمەك بۇيۇملار (مەسىلەن، ئېلېكترونلۇق توخۇ، مۈشۈك ۋە ئىت قاتارلىقلار)، «Walkman»، «Gameboy» قاتارلىقلار كىرىپ كەلدى؛ ئاندىن زوراۋانلىق مەزمۇنىدىكى ئېلېكترونلۇق ئويۇنلار تەلۋىلەرچە ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتتى. بىز ياپونلاردىن «كىچىكلىتىلگەن» يېتەكچى پىرىنسىپ (مەسىلەن، يانچۇق رادىيو قوبۇللىغۇچى، دەپتەرسىمان كومپيۇتېر قاتارلىقلار)نى قوبۇل قىلدۇق، ماددىي ئەشيالار ئوبوروتى ۋە ئۆمەكلەر ھەمكارلىقىدىكى سانائەت تەشكىللىرىنىڭ شەكلىمۇ ياپونىيەدىن كىردى. نۆۋەتتە ياپونىيە بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇشنىڭ ناھايىتى كۆپىيىپ، جانلىق باسقۇچقا كىرگەنلىكىدە شەك يوق، بۇ قوش يۆنىلىشلىك يول بولۇپ، ئىككىلا تەرەپ پايدىلىنىدۇ، ھەر گىزمۇ بارسا كەلمەيدىغان تاق يۆنىلىشلىك يول ئەمەس.

تارىخۋازلىق ئۇقتىئىنەزىرى يەنە مۇنداق ئۈچ مۇھىم پاكىتنى تونۇۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ: بىرىنچى، خىرىستىيان دىنىنىڭ

تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان غەرب مەدەنىيىتى ھازىرقى زاماندىكى ئاساسىي قانۇنلۇق دۆلەت ۋە ئىنسانىي ھوقۇقنى «تەبىئىي» ئاخىرقى نىشان قىلغان ئەمەس. دەسلەپتە خىرىستىيان دىنى مەدەنىيىتى زامانىۋىلاشتۇرۇش ھارپىسىدىكى باشقا دىن ۋە مەدەنىيەتكە ئوخشاش كوللېكتىۋىزم ۋە مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى تەشەببۇس قىلغان. ئاساسلىنىدىغان ھۆججەت ماتېرىياللارنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن خىرىستىيان دىنى ئەقىدىلىرىدە بەزىدە ئۆزئارا زىددىيەتلىك گەپ ـ سۆزلەر كېلىپچىققان، بۇ ھازىرقى زامان تۈسىدىكى شەرھلەشلەرنى بەزى چىقىش نۇقتىلىرى بىلەن تەمىن ئەتكەن، بۇ جەھەتتە خىرىستىيان دىنى باشقا دىنلارغا ئوخشىمايدۇ. ئاخىرىدا ئاقارتىش ھەرىكىتىدىن كېيىنكى ئىدىيە تارىخىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئىخلاسمەن خىرىستىيان مۇرىتلىرى تەرىپىدىن تەدرىجىي قوبۇل قىلىنغان، چۈنكى ئۇلار كونا ئەقىدىلەردىن بۇنىڭغا جاۋاب تاپقان. بىرقانچە ئەسىردىن بۇيان، خىرىستىيان دىنى ئىزچىل تۈردە ئاقارتىش ئىدىيەسىگە قارشى مەيداندا تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ نىشانى ئاخىرىدا يەنىلا ئىشقا ئاشقان. ئەمما، بۇلار دىنىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار باشقا مەدەنىيەتلەردىمۇ مۇشۇنداق نەتىجە كېلىپچىقىشى مۇمكىنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

ئىككىنچى، ياۋروپادىكى مىللىي دۆلەتلەر ئوخشىمايدىغان ئىرق بىلەن دىنىي مەزھەپلەر ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىدىكىلەرنىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيانقى كۈرەشلىرىنىڭ نەتىجىسى، ئەمەلىيەتتە بۇ كۈرەشلەرنى بىۋاسىتە كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسلىق سەۋەب پادىشاھلىق ھوقۇقىنى تەڭرى ئاتا قىلىدۇ دەيدىغان تۈزۈلمىگە قارشى ئىجتىمائىي ئومۇمىي تەلەپ، يەنى خىرىستىيان دىنىغا قارشى ئۇنىۋېرسالىزمدۇر. ئەمما، دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىدىكى «مىللىي دۆلەتلەر» دەسلەپتە مۇنداق يوسۇندا بارلىققا كەل-

گەن ئەمەس، ئۇلارنىڭ بارلىققا كېلىش شەكلىدە نۇرغۇن پەرق بو-لۇپ، ھەتتا بۈگۈنمۇ ھوقۇق رىقابىتىدىكى ئېلىشىش سورۇنى بو-لۇپ كەلمەكتە، ئەمما بۇنداق ئەھۋاللار ياۋروپا تارىخىغىمۇ يات ئە-مەس. بۇ مۇشۇنداق تۈزۈمنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا يولغا قو-يۇشتا تاللاشقا بولىدىغان كۆپ خىل يول يوقلۇقىدىن دېرەك بەر-مەيدۇ.

ئۈچىنچى، مەدەنىيىتىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىشتىن ئىلگىرىكى تەسىرىنى ئەسلىشىمىزنىڭ كۆپ پايدىسى بار، ئۇ ئېسىمىزگە ئىرا-دىمىزنى قوغدىشىمىز كېرەكلىكىنى سالىدۇ، چۈنكى بۈگۈنكى ئەركىنلىكىمىزنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا يۆلەنچۈكى يوق. بىز ئەركىن-لىك، دېموكراتىيە ۋە ئىنسانىي ھوقۇقنى ئىنكار قىلىدىغان باس-قۇچلارنىمۇ باشتىن كەچۈرگەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى تارىخىمىزدا بولغان ئىشلار. دەل بۈگۈنكى دېموكراتىك جەمئىيەتتە، ئاقارتىش ئىدىيەسىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ساقلاپ قالساق بولىدۇ، ھەتتا ئۇنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشىمىز، تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك، بىراق بىز ئۇنى خالىغانچە بىر ياقلىق قىلىۋەتسەكمۇ بولىدۇ، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا گېرمانىيە دەل شۇنداق قىلغانىدى. بۈگۈنكى ئىسلاھات، بۇرۇلۇش دەۋرىدە، غەرب مەدەنى-يىتىمىز بېسىپ ئۆتكەن تارىخنى ئەسلەش تېخىمۇ مۇھىم.

تارىخىي نۇقتىدىن كۆزەتكەندە، كېيىنكى زامانىۋى جەمئىيەت-كە بىۋاسىتە تۇتىشىدىغان يېقىن يول بولغان ئەمەس. ئەكسىچە، بىزدە زامانىۋى ئەركىن دېموكراتىك جەمئىيەتنى تۈزۈملەشتۈرۈش-كە كاپالەتلىك قىلىشقا نىسبەتەن ئاكتىپ ئالغ بولسا، ئىنسانلارنىڭ ئەركىنلىكى ۋە قەدىر ـ قىممىتىگە مۇخالىپ كېلىدىغان ھەرقانداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايمىز. باشقا مەدەنىيەتلەر-نىڭمۇ غەرب مەدەنىيىتى باشتىن كەچۈرگەنگە ئوخشاش تارىخىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇساپىلەرنى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقى ۋە داۋاملىق تەرەققىي قىلى-دىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىيا-تىنى قوغداشقا ھېچقانداق دەخلىسى يوق. مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسى-دىكى كەسكىن بەس ـ مۇنازىرىدىن كۆپ ئەندىشە قىلىپ كېتىشى-مىزنىڭ تېخىمۇ زۆرۈرىيىتى يوق، پەقەت ئۇ ئىنسانىي ھوقۇق، دىن ۋە مەدەنىيەت ئەركىنلىكى تۈزۈمىگە پايدىلىق بولسىلا بولدى.

مەدەنىيەت ئىنسانلار ياراتقان ئۆزگەرمەس مىراس ئەمەس، ئۇ ھەر كۈنلۈك رېئاللىق داۋامىدا ئۈزۈكسىز تۈردە يېڭىباشتىن ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ھەم جەزملەشتۈرۈلۈشى كېرەك، زۆرۈر تې-پىلسا، ئۇنى قوغداشقا ياكى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. چۈنكى، زامان-ۋىلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت ئاساسىمىز ئوخشاشلا كونا ھەم ئاجىز بولۇپ، ئۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىسلاھات دەۋرىدە يېڭىدىن يول ئاچىدىغانلىقىنى، ئىراق كىرىزىسىنىڭمۇ قايتا يۈز بېرىشى ھەم مەدەنىيەتنى يىمىرىپ تاشلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېنىق ئىس-پاتلاپ بەردى. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز بەزى تەتقىقات-چىلارنىڭ نەزىرىدىكىدەك يىمىرىلمەيدىغان پولاتتەك مۇستەھكەم نەرسە ئەمەس.

## پاراۋان دۆلەت، ئادىللىق، ئىتتىپاقلىق — غەرب مەدە-نىيىتىدىكى پارچىلىنىش

بۈگۈن بىز مۇنداق ئورتاق تونۇشقا كەلدۇق: غەرب مەدەنىيىتى ئورتاق ئىدىيە بويىچە بېكىتىلگەن پرىنسىپ ئاساسىغا تۇرغۇزۇل-غان بىر خىل قىممەتنىڭ نامايەندىسى. يەنە كېلىپ يېرىم ئەسىر-دىن بۇيان ئامېرىكا يولغا قويغان «مۇلايىم»لارچە زومىگەرلىك سى-ياسىتى بۇنداق قىممەت قارىشىنىڭ بىرلىككە كېلىشتى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى، مەيلى بىز يۈزەكى جەھەتتىن كۆرۈۋاتقان سودا

«ماك دونالدزمى» بولسۇن ياكى تۈپتىن ئىلگىرى سۈرۈلگەن كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان خاسلىقلاشتۇرۇش يۈزلىنىشى بولسۇن، ھەممىسىلا بۇ تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. شۇغىنىسى «مەدەنىيەت ئۈزۈلمىسى»نىڭ غۇۋا ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمۇ قۇلاق تۈۋىمىزدىن كەتمىدى. ياۋروپا بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئاساسىغا دىققەت قىلىشنى ئەسكە سېلىپ ئۆتۈش تامامەن توغرا، ئەمما ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ بۇ قىرغىقى بىلەن ئۇ قىرغىقىنىڭ ئوخشىمايدىغان قىممەتتىكى «كۆپ تەكىتلىنىدىغان نۇقتىسى»غا سەل قاراش مۆلچەرلىگۈسىز بىر خاتالىق بولۇشى مۇمكىن.① بىز ياۋروپا بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئىچكى قىممەت يۈزلىنىشىنىڭ پەرقىگىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەك، چۈنكى نۆۋەتتىكى مۇشۇنداق يەر شارىلاشتۇرۇش دولقۇنىنىڭ زەربىسىدە، ئۇنىڭدا خەتەرلىك پارچىلىنىش كېلىپچىقىشى مۇمكىن. جەمئىيىتىمىزدە ئۈمىدسىزلەنگەن، نامرات، ياشاشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن كىشىلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ بېرىۋاتىدۇ، ئۇلار غەربنىڭ قىممەت قائىدىسىنى قەتئىي قوللامدۇ - يوق؟ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاكتىپ ئۈمىدۋارلىرىلا مۇشۇنداق ئارزۇدا بولۇشقا جۈرئەت قىلالىشى مۇمكىن.

جەمئىيەت ئەزالىرى، ئىقتىساد ۋە دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئەزەلدىنلا سىياسىي مەدەنىيەتتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. يەنە كېلىپ ئادالەت، ئىتتىپاقلىق ۋە مەسئۇلىيەت دېگەندەك قىممەت قاراشلار بۇ مەسىلە بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن.

① گېبخارد سچۇۋېيگلېر: «ئاتلانتىك ئوكيان ئورتاق گەۋدىسى: تەقدىر، خەۋپسىزلىك ۋە قىممەت قارىشى»، 1997 - يىلى نەشرى، ۋېرنېر ۋېيدېنخېلد، «ئامېرىكا مەدەنىيىتىنىڭ تۈزۈلمە قاتلىمى؟»، «ئاتلانتىك ئوكيانى ھالقىغان مەدەنىيەتنىڭ ئاخىرلىشىشى»، 1997 - يىلى نەشرى.

ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى قارىشىدىن ئىبلىپ ئېيتقاندا، ئامېرىكىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى ياۋروپا چوڭ قۇ-رۇقلۇقىنىڭ قارىشىدىن ناھايىتى چوڭ پەرقلىنىپ كەلمەكتە. ياۋ-روپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا مۇنداق بىر نۇقتىئىنەزەر ئومۇملاشقان بو-لۇپ، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە ئىجتىمائىي ئادىللىق بىر-بىرىنى تولۇقلاش خاراكتېرىگە ئىگە، دەپ قارىلىدۇ، ئابستراكت بارا-ۋەرلىك غايىسى ئۆزىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئۇزۇكسىز يوقى-تىۋاتقاندا، رېئال جەمئىيەتتە گەۋدىلىنىپ چىققان تەڭسىزلىك ھا-دىسىسى ئىجتىمائىي سىستېمىدىكى بىر كەمتۈكلۈك بولۇپ قال-دۇ. شۇڭا، بەختسىز ئىجتىمائىي توپ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى، كەم دېگەندىمۇ ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلۇق ئالدى-دىكى مەجبۇرىيىتى كۆپچىلىك تەرىپىدىن ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنىدۇ. ئەمما، ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئۇ قېتىدىكى ئامېرىكىدا، 1934 ـ يىلى روزۋېلت يېڭى سىياسەتنى يولغا قويۇشقا باشلاپ، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ئارىسىدا كۈچلۈك قارشىلىق كۆرۈلگەندىلا، ئاندىن بۇ سىياسەت ئىزچىل يولغا قويۇلدى. پاراۋان دۆلەت ئۇقۇمى ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئۇ قېتىدا ئەزەلدىن ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى-دەك ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان، تەسىرى چوڭ، ئەھمىيىتى چوڭقۇر بولغان ئەمەس. ئامېرىكىدا «چوۋۇش خىزمىتى» ئەمدىلا باشلانغاندا، ياۋروپا «قۇراشتۇرۇش خىزمىتى»نى ئاساسەن تاماملاپ بولغانىدى. بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىدەك مىسال كەلتۈرىمىز: ئامېرىكا بىلەن فىرانسىيەدە، ئومۇم ياردەم بېرىش تەدبىرى قوللىنىلمىغان بولسا، 1/4 قىسىم بالىلار نامراتلىقتا ياشىغان بولاتتى. ئامېرىكىدا پاراۋانلىق سىيا-سىتى نامراتلىق نىسبىتىنى 25% تىن 21% كە چۈشۈردى، ئەمما فىرانسىيەدە، بالىلار دۆلەتنىڭ مۇشۇنداق ياردىمىدىن بەھرىمەن بو-

لىدىغان بولغاچقا، پەقەت 6.5% بالا ئامراتلىق چېكىدىن تۆۋەن سەۋىيەدە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ.

كۆزقاراش جەھەتتىكى مۇشۇ پەرقلەر بۇگۇنگە قەدەر روشەن ئىپادىلىنىپ كەلمەكتە. ئامېرىكىدا كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىدىكىلەر (ئەزەلدىن تولۇق ئىشقا ئاشمىغان) ئومۇم بازار ئىگىلىكىدىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنى كۆرستىدۇ؛ لىبېرالىستلار پارتىيەسىدىكىلەر ياۋروپاغا سېلىشتۇرغاندا ئوڭ قاناتتىكىلەرگە تېخىمۇ يېقىن بولغان سول قاناتلارنى كۆرستىدۇ، ئۇلار ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىنى ساقلاپ قېلىش خىيالىدا بولىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ كۆپ جەھەتتە يول قويۇشى ياۋروپادىكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە ئوخشاپ قالغان.[1] ئەمما، ياۋروپا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىدىكى بۇ كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى پاراۋان دۆلەتلەرنى تامامەن ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بېرىپ تاقىلىدۇ. خەلقئارالىق مۇناسىۋەت جەھەتتە، ياۋروپانىڭ خەلقئارالىق ئىشلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ھامان تاجاۋۇزچى دۆلەتلەرنى ئەيىبلەشتىن ئىبارەت بولىدى، بۇ ئىشتا بارلىق ياۋروپا ئەللىرى خېلى كەڭ دائىرىدە بىرلىككە كېلىشكە باشلىدى.

سىرتتىن قارىغاندا، بۇ يەردىكى گەپ پەقەت سىياسىي مەسىلىلەرگىلا چېتىلىدۇ، بىراق ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئەكس ئەتكىنى ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى پەرقتىن ئىبارەت. بۇ نۇقتىغا سەل قارىساق ھەرگىز بولمايدۇ. ئامېرىكا مەدەنىيىتى شەكىللىنىشىنىڭ ھالقىلىق باسقۇ-

---

① كىلاۋس لېگېۋىي: «مۇتەئەسسىپ ئىنقىلابنىڭ مەغلۇبىيىتى»، كىرىش سۆز، بىرىنچى ۋە ئۇچىنچى باب، 1997 ـ يىلى نەشرى.

چىدا، دەھرىيلەشكەن كالۋىن مەزھىپىنىڭ تەقدىرچىلىك نەزەرى. يەسىنىڭ گەۋدىلىك تەسىرىگە ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جەم. ئىيەتتىكى يەككىلىكنىڭ ئىلىم ـ پەندىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى پەرۋەردىگارنىڭ ئالاھىدە شاپائىتى دەپ قارايدىغان بولدى. ماكس ۋېبېرنىڭ دېيىشىچە، جەمئىيەتتىكى ھەربىر يەككىلىككە بولغان بۇنداق ئىززەت ۋە ئېتىبار خاسلىقنى يەنىمۇ ئازاد قىلىدىكەن، يەنە كېلىپ بۇ نۇقتا غەرب كاپىتالىزمىنىڭ غەلىبە قىلىشىدىمۇ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەن. ئىنسانلاردىكى بۇنداق تىپىك ھا. دىسە، دەسلەپتە خىرىستىيان دىنىدىكى «باراۋەرلىك، مېھرىبانلىق» ئەقىدىسى ئارقىلىق تولۇقلانغان بولۇپ، بارلىق مۇخلىسلارنىڭ تې. خىمۇ نامرات دىنداشلىرىغا ياردەم بېرىشىدە ياكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەرنىڭ خەير ـ ساخاۋەت قىلىشلىرىدا ئىپادىلەن. گەن. بۇگۈن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى قوغلىشىدىغان شەخسىيەت. چىلىك ساقلاپ قېلىنغان بولسىمۇ، بىراق شەخس بىلەن كوللېك. تىپ ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق تەدرىجىي ئاجىزلاپ كەتتى. نامراتلىق شەخسنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ياكى بول. مىسا ئىرسىيەت جەھەتتىكى كەمتۈكلۈك دەپ قارىلىدىغان بولدى؛ نامراتلىق كوللېكتىپنىڭ ھېسداشلىقىنى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇ. سىنى قوزغىيالمايلا قالماي، بەلكى يەنە يەككىلىكنىڭ پېشانىسىگە خورلۇق تامغىسىنى بېسىپ قويىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ بۈگۈنكى دۇنيادىكى روشەن ئالاھىدىلىككە ئايلىنىپ قالدى؛ تېخىمۇ كۆپ يا. پېش ۋاستىچىلىرى ئىنتايىن ياي خەير ـ ساخاۋەتچىلەردىن بو. لۇشنى، ئەڭ ياخشىسى ئاندرېۋ كارنېگى ياكى جون روككېفېللېر. دەك بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇشتى.

ياۋروپادا بۇ ئىككى خىل ئاساسنىڭ ئۇخشمايدىغانلىقىنى باي. قىغان، بىراق يەكۈنى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۇشۇنىڭغا

ئوخشاش نۇقتىئىنەزەرنى بايقىدۇق. كاتولىك دىنىنىڭ پاراۋانلىق تەلىماتى ۋە ماركسىزمدىن ئىلھام ئالغان، ئىسلاھ قىلىنغان سوتسىيال دېموكراتچىلىق تەلىماتى «نامراتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش»نى جەمئىيەتنىڭ بىر خىل بۇرچى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. خىرىستىيان دىنىدىكى «مېھرىبانلىق» ئەقىدىسى ۋە ئىنسانلارنى پەرۋەردىگار ياراتقان، شۇڭا تېگىشلىك ئىززەتلىنىشى كېرەك دەيدىغان ئەقىدە كاتولىك دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزەرنى دەلىللىشىدىكى ئاساس. ناھايىتى قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ناۋادا بىز بۇنداق نۇقتىئىنەزەرنى ئىسلام دىنىنىڭ خەيرىيەت ئەقىدىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، بۇنىڭ يەكۈنى مانا مەن دەپلا مەلۇم بولىدۇ. سوتسىيال دېموكراتچىلىقنىڭ ئەھمىيەت بېرىدىغىنى ئاقارتىش ئىدىيەسىدىكى «ئادەمنىڭ ھەقىقىي ھۆرمىتى» ئۇقۇمى ۋە سىنىپىي ئىتتىپاقلىقتىن ئىبارەت. كاتولىك دىنىنىڭ پاراۋانلىق تەلىماتى ۋە سوتسىيال دېموكراتچىلىق تەلىماتى ئوخشاشلا پاراۋانلىق سىياسىتىنىڭ غەيرىي دۆلەت شەكلىنى، يەنى مېھرىبانلىق ھەرىكىتى ۋە ھەمكارلىق تۈزۈمىنى روياپقا چىقارغان. بۇ جەھەتتە ئىككىسىنىڭ ئىنتايىن بىردەك قاراشقا ئىگە ئىكەنلىكىدە گەپ يوق، دۆلەت جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ۋەكىلى بولغانىكەن، ئۇنىڭ جامائەت پاراۋانلىقى جەھەتتە باش تارتىپ بولالمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار.

غەربنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەدەنىيەت ھەققىدە بولۇۋاتقان بۇنداق بەس - مۇنازىرىنىڭ ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش دەۋرىدە ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، بولۇپمۇ «روزۋېلت يېڭى سىياسىتى» ئامېرىكىنىڭ پاراۋانلىق سىياسىتىنى ياۋروپادىكى پاراۋان دۆلەتلەرنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ يېتەكلىگەندىن كېيىن، غەربنىڭ جەمئىيەت تۈزۈمى ئاساسەن بىردەكلىككە قاراپ يۈزلەندى. بىراق، بۇ-

www.uyghurkitap.com

گۈنكى دۇنيادىكى رېئاللىقتا بەزى ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، جەمئىيەت، دۆلەت ۋە ئىقتىسادنى يەر شارىلاشتۇرۇش ئېلىپ كەلگەن جىددىيلەشتۈرۈش بېسىمى ياۋروپا بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئەسلىدىلا بار «ھاڭ»نى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ بارماقتا.

بۇنداق قارىمۇقارشىلىق ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىلا مەۋجۇت بولۇپ قالماي، بەلكى جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەرقايسى بۆلۈك - پۇچقاقلىرىدىمۇ كۆرۈلمەكتە. ياۋروپادا ئۇچىغا چىققان لىبېرالىزم ئىدىيەسى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمئىيەتتىكى بۆلۈنۈشمۇ بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، باي - كەمبەغەللىك پەرقى چوڭىيىپ، قاتلاملار روشەنلەشمەكتە. كىشىنى تەشۋىشكە سالىدىغىنى شۇكى، سىياسىي سىنىپىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر «ئىجتىمائىي ئادىللىق» دېگەنىنىڭ ئورنىغا «ئىجتىمائىي ھەسەتخورلۇق» ئۇقۇمىنى دەسسىتىشكە ھەمدە قىلچە تەپ تارتماستىن بۇ خىل ئىدىيەنى يولغا قويۇشقا ئۇرۇنماقتا. بۇنداق بولغاندا، نەپسىنى تىزگىنلەش، نامراتلىقنى تۈگىتىش دېگەندەك ياخشى تەشەببۇسلار تارقىلىشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا، بەزى كىشىلەرنىڭ شىددەتلىك زەربىسىگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بىر جەھەتتىن نامراتلارغا بېرىلىدىغان قۇتقۇزۇش سوممىسى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ باي قاتلامدىكىلەرنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىتىنى قىلچە تەپ تارتماستىن داۋاملىق يولغا قويۇشقا پايدىلىق. مەسىلەن، غەرب جەمئىيىتىدە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغان نامراتلىق ھادىسىسىنى نەزەردە تۇتقاندا، ھۆكۈمەتنىڭ «خۇسۇسىيلار مۈلۈك بېجى»نى كېمەيتىشىنىڭ تامامەن زۆرۈرىيىتى يوق. بۇ چاغدا بىز ئويلىشىدىغان مەسىلە پەقەت بىر سىياسىي مەسىلە بولۇپلا قالماي، بەلكى بىر مەدەنىيەت مەسىلىسى

بولىدۇ.[1] ئىشنىڭ بۇ دەرىجىگە يېتىشى، شۈبھىسىزكى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ تامامەن يوقالغانلىقىدىن دېرەك بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىممەتنىڭ سۇسلاشقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ يەردە «مەدەنىيەت ئۇقۇمى» كېڭىيىپ كەتكەن بولۇپ، سىياسىي تەشەببۇسمۇ «مەدەنىيەت» دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېتىلگەن. شۇڭا، «پارتىيە ـ گۇرۇھلارغا باش ئاغرىقى تېپىپ بېرىدىغان» ئىشلارغا ئاھ ئۇرۇپ كېتىش ئۆتۈپ كەتكەن ساختىپەزلىك بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك غەم ـ ئەندىشىلىرىدىن سىياسىي سىنىپىلاشتۇرۇش خاھىشىنى چىقىرىپ تاشلاش توغرىسىدىكى تەكلىپلەرگە سىياسەتۋازلار ئەسلا قىزىقمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بىز بون شەھىرىدىكى ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ بايانلىرىدىن 1788 ـ يىلى ياكى 1988 ـ يىلىدىكى ئاشۇ چىرىك سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ پۇرىقىنى يەنىلا سېزەلەيمىز.

پەقەت سىياسىي قاتلامدىكى ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل غەرب جەمئىيىتىدىكى بۆلۈنۈش ئالامەتلىرىمۇ ئىنتايىن روشەن. كۈندە دېگۈدەك كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان نامراتلىق ھادىسىلىرىمۇ كۆرمەسكە سېلىنىۋاتىدۇ؛ كۈنسايىن كۆپىيىۋاتقان جىنايى قىلمىشلارغىمۇ پەرۋا قىلىنمايۋاتىدۇ؛ بۇ ئىككىسى ئوخشاشلا كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان ئىجتىمائىي رېئاللىق. بۇنىڭدىن سىرت، ئومۇمىي پىلانغا قارشى تۇرىدىغان مەھەللىۋازلىق ھەمىشە مۇھىت ئاسراشنى دەستەك قىلىپ، ماھىيەتتە ئۆزىنىڭ قىسمەنلىك مەنپەئەتىنى جېنىنىڭ بارىچە قوغدايدۇ، ئوخشاشلا بۇمۇ ئىجتىمائىي بۆلۈنۈشنىڭ بىر خىل شەكلى. نۇرغۇن جەمئىيەتلەر ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق

① توماس ئېككارد: «گېرمانىيەدىكى نامراتلىق ھادىسىسى»، «ئىجتىمائىي سىياسىيشۇناسلىقتىكى مەۋجۇتلۇق ئىنكاسى»، مىيونخېن، 1996 ـ يىلى نەشرى.

تەشكىلاتلىرى ئاغرىنىپلا يۇرۇشىدۇ (خالىسانە پائالىيەت ۋە ئىجـ-تىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى خالايدىغانلار بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى. مۇتەئەسسىپ مەدەنىيەت تەنقىدچىلىرى بۇنداق ئىجتىمائىي بۆلۈنۈشتىكى شۇملۇق ئالامەتلىرىنى قورقماي كۆرسىتىپ بېرەلىسىمۇ، بىراق بۇ ئالامەتلەرنىڭ كېلىپچىقىشىدىـ-كى چوڭقۇر قاتلاملىق سەۋەبلەرگە جىددىي مۇئامىلە قىلىشنى خاـ-لىمايۋاتىدۇ)، يەنى بازار ئىگىلىكىنىڭ ئىجتىمائىي قائىدىلىرى ھېچقانداق «قىممەت» قارىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماستىن، ھېچـ-قانداق توسالغۇسىزلا ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللىشىدۇ. ئەمما، بۇنداق «پىشىپ يېتىلمىگەن ئەخلاقىي بۇرۇلۇش» ئاخىر بېرىپ يەنىلا ئاقـ-ماس ئىش بولۇپ قالىدۇ.

شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئىتتىپاقلىققا بولغان بۇزغۇنچىلىقىدىن سىرت، كوللېكتىۋىزىممۇ يەزى ئۆزگىرىشلەرنى، يەنى ئەسلا ئۇخـ-شىمايدىغان ئىككى خىل ئىدېئولوگىيەنى، يەنى كېيىنكى مودېرـ-نىزم بىلەن فاشىسىزمنى، ئورتودوكسال خىرىستىيان دىنىغا بولغان تەلۋىلەرچە ئېتىقاد بىلەن دۆلەت سوتسىيالىزمنى پەيدا قىلدى. بوـ-لۇپمۇ، ئامېرىكىدا ئىلىم ساھەسىدىكى بىر قىسىم ئاتالمىش «ئاـ-ۋانگارت»لار فۇلكورت بىلەن دېرىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئامېرىكا توغرىسىدىكى ئاساسىي پىلاننى چۆرۈپ تاشلاپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرـ-قايسى بۆلەكلىرىدىن پايدىلىنىپ يېڭى بىر ئىدىيەۋى نەزەرىيەنى قۇراشتۇرۇپ چىقتى. ئامېرىكىدىكى ھەربىر ئاز سانلىق مىللەت تەشكىلاتلىرى ئومۇمىي مەنىدىكى بۇنداق جەمئىيەتكە قارشى تۇـ-رۇپ، ئۆزلىرىنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان مەدەنىيىتى ۋە تاردـ-خىنى ساقلاپ قېلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىشنى تەلەپ قىلدى، ئۇلار مەسخىرىلىك يوسۇندا: بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئۆزىمىزگە تەئەللۇق بىر پاك زېمىنغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت، دېيىشتى. ئۇلار ھەقىقەتەن

مۇنداق شەكىل ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ «توغرا سىياسىيسى»نىڭ تىل تەكشۈرۈشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ماھىيەتلىك تەنقىدلەردىن قۇتۇلماقچى ئىدى، مەدەنىيەتنىڭ كۆپ مەنبەلىكلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان بۇنداق كىشىلەر ئۆزىنىڭ كىچىك كوللېكتىپىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىش ـ ھەرىكەتتە ھېچنېمىدىن تەپ تارتمىدى. شۇنىڭ بىلەن چوڭ گۇرۇھنىڭ پارچىلىنىشى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ بۆلۈنۈشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرۈۋالماق ناھايىتى تەس بولسىمۇ، بىراق بۇ ھەممىگە ئايدىڭ رېئاللىق. ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىدىكى ئورتودوكسال خىرىستىيان دىنى مەزھىپىمۇ باشقا دىنىي ئېتىقادنى چەتكە قېقىش، ئىجتىمائىي ئىشلاردا شەكىللەنگەن جامائەت ئەخلاق، مىزانىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش دېگەنگە ئوخشاش ئىش ـ ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىمۇ بىز ئالدىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئەسلىيەتچىلىككە ئائىت باشقا بايانلارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ ھەرىكەتلەر ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەخلاق تەلىپىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ، بىراق بۇلار نېمىلا دېگەنبىلەن پاراۋان دۆلەت پىرىنسىپى بىلەن قارىمۇقارشى. ئۇنىڭغا لازىمى پەقەت «ئەخلاقىي» دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇلارنىڭ چەتلەش ھەرىكىتىگە بولغان ئېتىراپ قىلىنىشىدۇر. بۇ ھەرىكەت ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدىغان ھەرقانداق كىشىنى مەنسىتمەيدۇ ھەم پەس كۆرىدۇ. 1992 ـ يىلى ۋە 1996 ـ يىلىدىكى رىقابەتتە، پات بۇكانىنېن بىلەن پات روبېنسوننىڭ بايان قىلغانلىرى ئەمەلىيەتتە بىلىم تېپىدىكى تەلۋىلەرچە ئېتىقاد، باشقىلارنى چەتكە قېقىش كەيپىياتى، پاراۋان دۆلەتكە قارشى تۇرۇش ۋە زوراۋانلىق خاھىشىنى ئالغان مۇستەبىتچىلىكنىڭ داشقايىنىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇنداق خاھىش خە-

www.uyghurkitap.com

تەرلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى ئاسانلا جاننى ئالىدۇ.[1]

ياۋروپادا بۇنداق ئىدىيەۋى ئېقىم تېخى مەدەنىيەتنىڭ كەڭ كۆلەملىك يىمىرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغىنى يوق. ئەمما، بۇ يەردە بىز ئۇچىغا چىققان ئوڭ قاناتلارنىڭ باشقىلارنى چەتكە قېقىشلىرىدىن كوللېكتىپنىڭ بۆلۈنۈش يۈزلىنىشىنى بايقىيالايمىز. باشقىلارنى چەتكە قېقىش ھەرىكىتىدە، مەزكۇر دۆلەت جەمئىيىتىدىكى مەغلۇبىيەتچىلەر ئۆزىنىڭ ئاچچىقىنى «يات» رىقابەتچىلەردىن ئالىدۇ. يېقىندا باۋارىيە ئىشتاتى داۋالىنىش ھەققى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ھەرقايسى ئىشتاتلارنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن پەرقلىق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۈبھىسىزكى، بۇ دۆلەتنىڭ بىردەكلىكىنى يوقىتىش جەھەتتە ئوخشىمايدىغان يەرلىك نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

كىرىزىس ھەر ۋاقىت بىزگە ھەمراھ، ھەر خىل ھادىسىلەر شۇنى ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇكى، غەرب ئۆزىنىڭ روھى ئۇچۇن جەڭ قىلىشى كېرەك. ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى ماھىيەت جەھەتتىن ئۆزگىرىپ كېتىش تەھدىتىگە ئۇچرىماقتا، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، ئىنسانىي ھوقۇق قانۇنىي كاپالەت ئاساسىغا تۇرغۇزۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئاۋامنىڭ ئاكتىپ، جانلىق قوللىشىغىمۇ ئېھتىياجلىق. ناۋادا بىز كەڭ قورساقلىق بىلەن ئىتتىپاقلىقنى مۇقىم، ئالدامچىلىق خۇسۇسىيىتى بولمىغان قىممەت مىزانى قىلالمىساق، جەمئىيىتىمىز ۋە جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بۇ ئالدىنقى شەرتلىرى زىيان - زەخمىگە ئۇچرىسا، ئۇنداقتا ھالاكەتتىن باشقا

① كلاۋس لېگگېۋى: «مۇتەئەسسىپلىك ئىنقىلابىنىڭ مەغلۇبىيىتى»، 5 -، 7 - باب، فىرانكفورد، 1997 - يىلى نەشرى.

يول قالمايدۇ. شۇڭا، ئاسىيا ئەللىرى ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ غەربكە قارىتىلغان كەسكىن تەنقىدلىرىنى ئۆلارنىڭ ئۆز مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان تەلەپلىرىنى يامان غەرەزدە يېپىپ كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، دەپ قارىساق بولمايدۇ، بۇ يامان نىيەتلەرنىڭ تۇتۇرۇقسىز سەپسەتىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭغا پەرۋا قىلىپ كېتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق؛ بۇنداق ئەيىبلەشلەر بىزنىڭ يارىمىزغا تۇز سەپكەنلىك، ئۇنى غەيرىي غەرب جەمئىيىتىنىڭ بىردەك ھەرىكەت مۇددىئاسى دەپ قارىساق بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، غەربنىڭ بۇ يارىسىنى ئەسلىيەتچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ مۇستەبىتلىكى بىلەن داۋالاپ ساقايتىش مۇمكىن ئەمەس. غەربتە تۈرلۈك مەدەنىيەت زاۋاللىق ئىدىيەۋى ئېقىملىرى مەۋجۇت بولسىمۇ، بىراق زامانىۋىلاشتۇرۇش دەۋرى ئاخىرلىشىشتىن تېخى خېلى يىراق، بىزگە جىددىي لازىمى شەرەپلىك تاۋاپ قىلىش شەكلىدىكى ئەسلىمە ئەمەس، بەلكى زامانىۋى مەدەنىيەت قىممىتىگە نەزەر سېلىش ۋە شۇ توغرۇلۇق ئىزدىنىشتىن ئىبارەت.

## غەرب ـــ خەلقئارالىق سىياسىيدىكى ئۇمىد ئەلچىسى

«غەرب»كە مۇناسىۋەتلىك ھەق ـ ناھەق مەسىلىلىرى ئۈستىدىكى بەس ـ مۇنازىرە ئەلۋەتتە كەڭ تۈردە تەنقىدىي تۈس ئالغان، بولۇپمۇ سەيمىل خۇنتىنگتون ئەپەندىنىڭ غەرب مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى ئامېرىكىچە شەرھلىرى تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ، ئۇ غەرب مەدەنىيىتىنى بىر بايراق سۈپىتىدە باشقا مەدەنىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدا جەۋلان قىلغۇزغان. بىز بىر جەھەتتىن غەرب مەدەنىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان نۇرغۇن «ئەرزىمەس ئەيىب»لەرنى ئىنكار قىلالمايمىز، يەنە بىر جەھەتتىن مۇنداق بىر پاكىتقا تېخىمۇ سەل قارىيالمايمىز، يەنى خەلقئارالىق سىياسىيغا نىسبەتەن

ئېيتقاندا، دەل غەرب مەدەنىيىتى خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەردىكى تىنچلىق ۋە سىجىل تەرەققىيات ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك قورال- نى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ تۈزۈملەر دېموكراتىيەنىڭ قايتا گۈللى- نىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكى دۆلەت ۋە ئىجتىمائىي كوللېكتىپلارنى تەدرىجىي بىردەكلىككە يۈزلەندۈرۈشتە ئەڭ ياخشى نەزەر سېلىش ۋە تەييارلىق بولۇپ قالدى.

هازىرقى زاماندىكى پاراۋان دۆلەتلەر هۆكۈمەتتىن ئۆزىنىڭ تاشقى سىياسىتىنى مۇۋاپىق پىلانلاشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۆز مەنپە- ئەتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان دۆلەت پۇقرالىرى دۆلەتنىڭ تاشقى سى- ياسەت جەھەتتە دۆلەت ئىچىدىكى پۇقرالارنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوغدايدىغان مۇناسىۋەتلىك پاراۋانلىق شەرتلىرىنى هازىرلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئېچىۋېتىلگەن جەمئىيەت ۋە بازار ئىگىلىكى تۈ- زۈلمىسى قورال كۈچى ئىشلىتىشنى رەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ (چۈنكى بۇنىڭدا كۆپ تەۋەككۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭغا تۆلىنىدىغان بەدەلمۇ چوڭ بولىدۇ)، يېقىنىدىن هەمكارلىشىشنى تە- شەببۇس قىلىدۇ. چۈنكى، بۈگۈن خەلقئارالىق ئىقتىساد، خەۋەرلە- شىش ۋە ئېكولوگىيەلىك ئىچكى باغلىنىش دۆلەت چېگراسىدىن ئاللىقاچان هالقىپ كەتتى. ناۋادا شەخس ۋە دۆلەتنىڭ تەرتىپسىز يوسۇندا يامراپ كەتكەن ئىش ـ هەرىكەتلىرىدىن كېلىپچىققان كەمتۈكلۈك ۋە كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ئىشلارنىڭ نەتىجە- سى پاراۋانلىق ئۈنۈمىنى ئاشۇرالمىسا، پەقەت خەلقئارالىق قائىدى- لەرنى تۈزۈش ئارقىلىقلا كۆپچىلىككە پايدىلىق ئىشلارنى رويابقا چىقارغىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق ئىشلارغا مۇناسىۋەت- لىك خەلقئارالىق قانۇن كېلىشىملىرى، خەلقئارالىق تۈزۈم، خەلق- ئارالىق تەشكىلاتلار ۋەزىيەت ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ.

شۇبھىسىزكى، تىپىك غەرب ئەللىرى (مەسىلەن، ئەنگلىيە، ئامې-رىكا، فىرانسىيە قاتارلىقلار) بۇ تۈزۈملەرنىڭ پېشۋاسى ۋە ئىجاد-چىسىدۇر، شۇنداقلا ئۇلار مۇشۇنداق پائالىيەتلەرگە باشقا ئەللەرگە قارىغاندا كۆپرەك ئاكتىپ قاتنىشىدۇ.[1]

40 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن بۇيان، غەرب ئەللىرى ھەمكارلىق پرىنسىپى ئاساسىدا، خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەردىكى تور سىستېما قائىدىسىنى تەدرىجىي تۈرغۈزدى ۋە مۇكەممەللەش-تۈردى، بۇ پرىنسىپلار ئەركىن سودا، ئورتاق باشقۇرۇش، ئىچكى ئىشلاردىكى مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئىجتىمائىي پاراۋان-لىق تۈزۈملىرى، قانۇن - تۈزۈملەشكەن خەلقئارالىق مۇناسىۋەت مىزانى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خەلقئارالىق ئىشلارنىڭ تەرتىپلىك يۈرگۈزۈلۈشىنى قوغدايدىغان بۇنداق پرىنسىپلار كۆز-سايىن قويۇقلىشىۋاتقان بىر - بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇ-رۇش مۇناسىۋەتلىرىنى پۈتكۈل غەرب دۇنياسىغا يۈزلەندۈرگەن بو-لۇپ، شۇ سەۋەبتىن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا غەرب بىلەن شەرق جىددىي توقۇنۇشۇۋاتقان يىللاردىمۇ تاكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇ-رۇشى ئاخىرلاشقانغا قەدەر ھېچقانداق چوڭ زىددىيەت كۆرۈلمىدى؛ يەنە كېلىپ ئۇ ئۆز تەسىرىنى دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىغىچە كې-ڭەيتتى (مەسىلەن، ASEAN، يەنى ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار) ھەم-دە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بارلىق خەلقئارالىق ئىقتىسادىي تەش-كىلاتلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. ئەلۋەتتە، خەلقئارالىق مۇناسىۋەت-لەرنىڭ تۈزۈملىشىشى ھەمىشە خەلقئارالاشتۇرۇشنىڭ قەدەم - باسقۇچلىرى بىلەن دىگەندەك بىردەك بولۇپ كېتەلمىدى. خەلقئارا

---

[1] خارالومۇللېر: «ھەمكارلىق پۇرسىتى»، «خەلقئارالىق مۇناسىۋەت-لەردىكى سىياسىي گەۋدە»، 1993 - يىلى نەشرى.

سودا تەشكىلاتى ۋە رادىيو ئىستانسىلىرى ھەم سۈنئىي ھەمراھ چاستوتىسى توغرىسىدا ھاسىل قىلىنغان چۈشىنىش ئاساسىدىكى بەزى ئومۇمىي رامكا كېلىشىملىرى بولمايدىغان بولسا، ھەقىقىي يەر شارىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئەسلا مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. ئىش شۇنداقلا بولىدىغان بولسا، سودا قورۇقچىلىقىدىن ئىبارەت بۇ كونا يولغا يېڭىباشتىن ماڭماي ئامالىمىز يوق، پاراۋاڭ - لىق ئۈنۈمىنىڭ بۇ كۆشەندىسى داموكراتىيىنىڭ بېشىغا توغرىلاپ ئېتىپ قويۇلغان شەمشەردەك (باشقا ئېغىر كۈن چۈشكەنلىكىنى تەسۋىرلەشتىكى ئوخشىتىش بولۇپ، ئەسلىدە يۇنان خەلق ئەپسانە - سىدىن كەلگەن، ئافىنا پادىشاھى دىئوشىس مەرتىۋىسى يۇقىرى بولسا خەتەرنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن داموكرىسنى ئاتنىڭ بىر تال قىلىغا چىگىلگەن شەمشەر ئاستىدا ئولتۇرۇشقا بۇيرۇغان — تەرجىماندىن) خەلقئارالىق ئىقتىسادنى ئىنتايىن خەۋپلىك ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

يەنە دەل مۇشۇ غەرب ئەللىرى خەلقئارا خەۋپسىزلىك سىستې - مىسىنى ئەڭ كەڭ دائىرىدە تەرەققىي قىلدۇردى، غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي ھەمكارلىقنىڭ چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىك دەرىجىسى مىللىي دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىق ساھەلىرىگىچە يېتىپ باردى. شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ھەربىي جەھەتتە بىر گەۋدىلىشىشى مۇشۇن - داق شەكىلدىكى ھەمكارلىقنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. يەنە بىر جە - ھەتتىن، ھەربىي ھازىرلىقلارنى تەكشۈرۈش تەسەۋۋۇرىنىمۇ غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىغا چىقارغان ھەمدە غەرب بىلەن شەرقنىڭ توقۇ - نۇشىدا، ئۇلار مۇشۇنداق ئىدىيەنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈر - گەن. خەلقئارادىكى ھەربىي ھازىرلىقلارنى تەكشۈرۈشتىكى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى غەرب ئەللىرىنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلارنى

تەدرىجىي ئاشكارىلىنىشىغا قەدەر، يەنى ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكە-نى سىرتقا ئاشكارا ئۇقتۇرۇشىغا قەدەر سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ، بۇ تەرىپى ھەقىقەتەن ئىنقىلابىي ئەھمىيەتكە ئىگە. بىراق، مىللىي دۆلەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەخپىيەتلىك ساقلاش ۋە ئۆز - ئۆزىنى قوغداشتەك دۆلەت خەۋپسىزلىك سىياسەتلىرىنىڭ تەلىپى ئىستىپاتلاش پىرىنسىپىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ.

بىز ھازىرغىچە دۆلەتنىڭ تاشقى سىياسىتىنىلا سۆزلەپ كەلدۇق، مېنىڭ غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلى (NGOS)گە مەدھىيە ئوقۇش ئويۇم بولمىسىمۇ، ئەمما «جەمئىيەتنىڭ تاشقى سىياسىتى»گىمۇ يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەي بولمايدۇ. قاراقول پارتىيەسىمۇ غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلى، بۇنىڭدىن سىرت «دۆلەت مىللىتىقلىقلار جەمئىيىتى»مۇ بولۇپ، ئۇ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى تاپانچا تەكشۈرۈشنى چەكلەشكە ئۇرۇنغان تەشكىلات، لېكىن تاپانچا زامانىمىزدىكى ئەڭ خەتەرلىك «قىرغىن قىلىش قورالى». مەدھىيەلەشكە تېگىشلىك بەزى خەلقئارالىق تەشكىلاتلار، مەسىلەن، يېشىل تىنچلىق تەشكىلاتى قاتارلىقلار ئۇستىدە توختالساقمۇ، كۆرسىتىش، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بىر خەلقئارالىق بيۇروكرات تەشكىلاتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرقايسى جەھەتتىكى بېسىمىنىڭ ئەڭ دەسلەپتىكى ئۇلۇغۋار نىشانلارنى قانداق سۇسلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئاسانلا بايقىۋالالايمىز.

بىراق، نېمىلا دېگەنبىلەن غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى يەنىلا خەلقئارالىق سىياسىي ئىمارەتنىڭ مۇھىم بىر يېڭى تۈۋرۈكىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى قىممەت ئۆزگىرىشىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، غەرب جەمئىيىتىدىكى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ داۋاملىق ياخشى تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەرگەن. بولۇپمۇ، ياخشى تەربىيە كۆرگەن ئوتتۇرا، يۇقىرى

www.uyghurkitap.com

قاتلامدىكى ياش بىر ئەۋلاد كىشىلەر يېڭى قىممەت ئەندىزىسىنىڭ تەسىرىگە ئومۇمىيۈزلۈك ئۇچرىغان. قاتنىشىش، ئىلگىرىلەش، ئىتتىپاقلىشىش دېگەندەك قىممەت قاراشلار ئۆز بايلىقىنى ئاشۇرۇش ۋە ماددىي ئىستېمالنىڭ ئالدىغا تىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تارقىتىدىغىنى «كېيىنكى ماددىي قىممەت»تىن ئىبارەت. نۇرغۇن ساھەلەردە غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى تاللاش خاراكتېرىنى ئالغان مۇشۇنداق يېڭى قىممەت قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇنداقلا نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيەسىمۇ شۇ تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىدۇ.

غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە. مەسىلەن، ئىنسانىي ھوقۇق جەھەتتە، ھۆكۈمەت دىپلوماتىيەسى بۇ جەھەتتە قاتال ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ئىجتىمائىي كوللېكتىپلار ئارا تور سىستېمىسى تۇرغۇزغان بولۇپ، مىللىي دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا بۇنداق ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلماق ھەقىقەتەن تەس. «ئاقىللار كوللېكتىپى» («Epistemic communiteies») ھەر خىل چەك ـ پاسىللاردىن ھالقىغان بولۇپ، ئۇ مۇتەخەسسىسلەر، بىيۇروكراتلار ۋە «سىياسىي كارخانىچىلار»دىن ئىبارەت جەمئىيەتنىڭ سەرخىللىرى ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن بولىدۇ. ئۇلار خەلقئارالىق ئىشلارنى كۆنتېرتىپكە قويۇپ، دۇنياۋى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىدۇ.

ئەلۋەتتە، غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىللىرى پەقەت دېموكراتىيەنىڭ ئەركىن ھاۋاسىدىلا گۈللەپ ياشنىيالايدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتلىرىنىڭ چەك ـ چېگراسىدىن ھالقىپ كەتكەن؛ شەرقىي

جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىقتىساقدىن ئىبارەت بۇ غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشى مۇھىم بىر بەلگە ئۇ ئالدى بىلەن غەربتە يىلتىز تارتقان مەدەنىيەت تۈزۈمىنىڭ باشقا را-يونلارغىمۇ كۆچكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

## غەربنىڭ ئۆزى ئۆستىدىكى ئەسلىمىسى

ئىسلام دۇنياسى ۋە ئاسىيا جەمئىيىتى غەربنىڭ «يېتەرسىز تەرەپلىرى»نى كۈچلۈك تۈردە ئەيىبلەپ كەلمەكتە، يەنە كېلىپ ئۇلار دەل «مەسىلە چىققان پەيت»نى تۇتۇۋېلىپ سۆكمەكتە. بىزنىڭ ئىجتىمائىي كوللېكتىپلىرىمىز يەنىمۇ بۆلۈنۈشكە يۈزلىنىۋاتىدۇ، ئاقارتىش ھەرىكىتى ۋە ھازىرقى زامان خىرىستىيان دىنى ھەرىكە-تى تىكلىگەن زامانىۋىلاشتۇرۇش بىناسى گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ، ئىززەت - ھۆرمىتى، ئىقتىدارىنى ئۆتتۈ-نۈپ بېرەلمەيدىغان يەككىلىكلەر ئاچا يولدا قاياققا مېڭىشنى بىلمەي يۈرۈۋاتىدۇ.

جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىشلار چوڭ كونسېرن ۋە بېرژىلارغا تايىنىپ ئىشقا ئاشىدۇ. شۇڭا، مەمۇرىيەت يۈرگۈزگۈچىلەر تەدبىر بەلگىلەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى خەلقئارالىق سودا سورۇنلىرى (بېرژىلار)غا يۆتكەپ، مۇشۇ ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدىكى ھوقۇق چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدىغان زىياننى تولدۇرۇۋېلىشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ، ئەمما سايلاپ چىقىلغان خەلق ۋەكىللىرىمۇ تەسىر كۆرسىتىش پۇرسىتىنى بارا - بارا قولدىن بېرىپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەردىمۇ پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە دېموكراتىيەدىن بىزار بولۇش كەيپىياتى كۆرۈلىدۇ. لېكىن، يەر شارىلاشتۇرۇش ۋە باشقا ئىنتىلىشكە ئەرزىيدىغان خەلقئارالىق ھەمكارلىق بىزنى

www.uyghurkitap.com

دېموكراتىيەدىن ئۆزىمىزگە كېرەكلىك ئوزۇقلارنى ئېلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ،[1] يەنە كېلىپ يەر شارىلاشتۇرۇش ناھايىتى كەڭ دائىرىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ سىياسىي ئېكستىرېمىزمنىڭ نۇرغۇن ھىمايىچىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن، ئەجەبا بىز 1929 ـ يىلىدىكى قاباھەتلىك ئەسلىمىلەرنى ئۇنتۇپ كېتەلەيمىزمۇ؟

خۇرسەن بولۇشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، دېموكراتىيە بىلەن ئىنسانىي ھوقوق ئۇقۇمى كىشىلەر قەلبىگە يەنىلا تۆۋەندىكىدەك ئەھۋال ئاستىدا سىڭىپ كىردى: 1993 ـ يىلى قىشتا تەخمىنەن 10% تىن ئارتۇق گېرمانىيەلىكلەر كوچىلارغا چىقىپ، ئىرقچىلىققا قارشى پائالىيەتكە ــ ئىنسانلار ئارا ئەپ ئۆتۈش ئارزۇسى ئىپادىلەنگەن ئۇنتۇلغۇسىز بىر قېتىملىق ئاممىۋى ھەرىكەتكە قاتناشتى، پائالىيەتكە قاتناشقانلار شام كۆتۈرۈشۈپ، ئۆزئارا قول تۇتۇشۇپ زەنجىرسىمان سەپ ھاسىل قىلدى. بىراق، غەربنىڭ سىياسىي مەدەنىيىتىدە، زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش مەسىلىسىگە تېخى جاۋاب تېپىپ بولالمىدۇق، نىسپىيچىلىك، ئەسلىيەتچىلىك ۋە ئۇچىغا چىققان لىبېرالىزمنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىدىن بىز ئاخىر جەمئىيەتتە ئىتتىپاقلىقنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتتۇق، ئۇ غەربنىڭ يەر شارىلاشتۇرۇش مۇساپىسىدىكى بۇرچى، ئەمما بۇ مەسىلە چېتىلىدىغان «ئىچكى بۇرچ» بىلەن «تاشقى بۇرچ» ئوخشاشلا مۇھىم.[2]

---

① جېئان مارىي گۇئېھېننو: «دېموكراتىيەنىڭ ئاخىرلىشىشى»، 1995 ـ يىلى نەشرى.

② باسسام تىبى، دېيتېر ئوبېرندو ئېرفېر: «سىياسىي ۋە زامانىمىز تارىخى».

«خەلقئارالىق مۇناسىۋەت»كە يېڭىباشتىن تەبىر بېرىش غەرب قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ زور تەرەققىيات. ياپونىيە، گېرمانىيە، ئاۋستراليە، كانادا، سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدىكى ئەللەر ۋە گوللاندىيە ۋەكىللىكىدىكى زامانىۋى سودا دۆلەتلىرى خەلقئارالىق ئالاقىدە ئالدى بىلەن ھوقۇقنى قوغلاشماستىن، بەلكى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنى قوغلىشىدۇ، ئۇلار خەلقئارا-لىق قانۇنلارنى يولغا قويۇشقا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدۇ، خەلقئارالىق تەشكىلاتلار بەلگىلىگەن مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىدۇ، ھازىر ھەر-بىي زوراۋانلىق ۋاستىسىنى «پۇقرالارنىڭ مەسئۇلىيىتى» دەپ قا-رايدىغان ئەھۋاللارنى ئەيىبلەيدىغان غەرب ئەللىرى بارغانسېرى كۆ-پەيمەكتە.

بۈگۈنكى كۈندە دۆلەتلەر ھەرقانداق ئىشتا خەلقئارادىكى چېتىلىش دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ بېرىۋاتقان قائىدىلەرگە تەدرىجىي ئەمەل قىلىدىغان بولدى، ئىگىلىك ھوقۇق ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. غەرب سىياسىيسى زور كۈچ بىلەن كۆككە كۆتۈرۈۋاتقان مىللەتلەرنىڭ قايتىدىن گۈللىنىش ھەرىكىتىمۇ مۇشۇنداق قۇرۇلمىلاشقان رېئاللىققا بويسۇندى. خەلقئارالىق قائىدىلەرنىڭ مۇشۇ تەرىقىدە پۈتكۈل يەر شارىغا كېڭىيىشى جەريانىدا، بىز دۇنيا تىنچلىقىغا ئەڭ زور ئۈمىد باغلىيالايمىز، بىراق غەرب ئەللىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىشى ئۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھېسابلىنىدۇ.

بۇنداقتا، بىز كىشىنى ئانچە رازى قىلالمايدىغان مۇنداق يە-كۈنگە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن: غەرب مەدەنىيىتى پەرۋەردىگارنىڭ نۇقسانسىز كەشپىياتى ئەمەس، ئۇمۇ ئوخشاش يوشۇرۇن كىرىزىسقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇمۇ رېئال خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش-

ىتا ھەقىقىي ئەسقاتىدىغان بىرەر چارىنى تاپالىغىنى يوق، بىراق ئۇ نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇۋاپىق چىقىش يولى، چۈنكى باشقا مەدەنىيەتلەر-گە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ ئوچۇق-ئاشكارا، ئەمەلىيەتچىل، تېخىمۇ ئەركىن ۋە تېخىمۇ ھەمكارلى-شىشچان بولۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

www.uyghurkitap.com

# 2

## «سېرىق تەنلىكلەردىن كېلىدىغان خەتەرلىك ئاپەت؟» — ئاسىيانىڭ قەد كۆتۈرۈشى

20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ئۇزاقتىن بۇيان دۇنيا تارىخىدىكى ئوبيېكت بولۇپ كەلگەن ئاسىيا غەربكە يېتىشىۋېلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە باشلىدى، ھەتتا دۇنيادىكى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت ئامېرىكىمۇ بۇنىڭدىن كۆپ تەشۋىشلىنىپ، بۇ بىپايان زېمىندىن پارتلاپ چىققان غايەت زور ئېنېرگىيەنى تىزگىنلەپ كېتەلەيدىغان ـ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. ئاسىيادا ھازىر نوپۇس شىددەت بىلەن كۆپەيمەكتە، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئۇنىڭ يىللىق ئىقتىسادىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېشىش نىسبىتى 5% تىن ئېشىپ كەتتى، كۆپ ساندىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەتتا 10% كە يەتتى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولدى. بۇ رايون تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتە كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، بىراق سەل قاراشقا بولمايدىغىنى شۇكى، بۇ رايونغا ئىنتايىن خەتەرلىك زېمىن تالاش ـ تارتىشلىرى ۋە ئاپئاشكارا زوراۋانلىق قىلىشتەك سىياسىي قارانىيەت يوشۇرۇنغان.①

---

① ۋېرنېر ادراگوخن: «ئاسىيادىكى چېگراداش دۆلەتلەر: ئۈچىنچى دۇنيادىكى ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان رايونلار؟» ھامبۇرگ، 1991 ـ يىلى نەشرى؛ ئادولف كىممېل: «تىنچ ئوكيان ئەسىرىگە يۈزلىنىش؟» بادېن ـ بادېن، 1996 ـ يىلى نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1997 ـ ۋە 1998 ـ يىللىرىدىكى ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسى ئاسىيا ئىقتىسادىغا بەزى يامان تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ بىرگە تىنچ ئوكيان رايونىدىكى غايەت زور يىپەرەسلەر ياراتقان ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭمۇ يېتەرسىز جايلىرى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. 21 ـ ئەسىرنىڭ ھەقىقەتەن ئاسىياغا تەئەللۇق بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىغىمۇ ئېنىق بىرنېمە دېمەك تەس بولۇپ قالدى. بىراق، پۇل مۇئامىلە كرىزىسى شۇنداق بىر پاكىتنى يوشۇرالمايدۇكى، بۇ دۆلەتلەر زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا خېلى ئۇزاپ كەتتى، ئۇلار غەربىي ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بازار ئىگىلىكى دۆلەتلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، غەرب ئەللىرىمۇ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى بىلەن كرىزىسنىڭ دەۋرلىك بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان، شۇڭا بۇ قېتىملىق كرىزىس تۈپەيلىدىنلا ئاسىيادىكى كاپىتالىزمنىڭ مەغلۇبىيىتىگە ئاساسسىز ھۆكۈم چىقارساق بولمايدۇ. ئەھۋال دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ناۋادا ئاسىيا ئەللىرى زۆرۈر ئىسلاھاتلارنى داۋاملىق يولغا قويسا، يىراق كەلگۈسىدە ئەڭ گۈزەل تەرەققىيات ئىستىقبالىغا چوقۇم ئېرىشەلەيدۇ.

ناۋادا كىمكى «غەرب» بىلەن «ئاسىيا» بىر ـ بىرىگە قارشى يوسۇندا توقۇنۇشىدۇ دەيدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ ئالدى بىلەن دۇنيادىكى بىرىنچى چوڭ قىتئەدىكى كۆپ خىللىقنى چۈشىنىپ ئاندىن گەپ قىلىشى كېرەك. شەرقىي ئاسىيادا ياپونىيە، چاۋشيەن، كورېيە ۋە تەيۋەن رايونى قىتئەلەر ئارا چوڭ دۆلەت جۇڭگو ۋە رۇسىيە بىلەن چېگرالىنىدۇ؛ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدا مۇھىملىق جەھەتتىن ئالغاندا ياۋروپا ئىتتىپاقىدىنلا كېيىن تۇرىدىغان رايون خاراكتېرلىك تەشكىلات شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى

بار؛ ھىندىچىنى رايونى ئىلگىرى ئۇرۇش ئوتلىرى لاۋۇلداپ يانغان ۋيېتنام، لائوس، كامبودژا ۋە تايلاندنى بېسىپ ياتىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھىندونېزىيە، فىلىپپىن ۋە مالايشىيادىن ئىبارەت ئارال دۆلەتلىرىمۇ بار، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ يەرلەر جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ مەنپەئەتىگىمۇ تاقىلىدۇ. جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقتا ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش يوشۇرۇنغان. يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئالتە مۇسۇلمان جۇمھۇرىيىتى شەكىللەندى، ئافغانىستاندىكى ئىچكى ئۇرۇش تۈپەيلىدىن غەربىي ئاسىياغا تۇتىشىدىغان نېفىت بازىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا يەنە مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك رايونغا ئايلىنىپ قالدى. ئاسىيادا پەقەت جۇڭگولا بۇ جاينىڭ ئىشلىرىغا ئىپتىخارلىق يوسۇندا قول تىقىپ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق «مەركىزىي دۆلەت» بولۇپ قالدى. ھازىر پەقەت ئامېرىكىلا دۇنيادىكى ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئىشلىرىغا قول تىقالىغۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە، ئەسلىدە ھەممە ئىشلاردا دېگۈدەك ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ كەلگەن رۇسىيە ئەمدىلىكتە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئاسىيادىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق رايونلاردا ئەسلىدىكى تەسىر كۈچىنى يوقىتىپ قويدى.

## ئاسىيا ئەللىرى دۇنياسىنىڭ مەنتىقىسى: گىگانت ئانىدەمنىڭ جۇڭگوغا بولغان تەڭپۇڭلاشتۇرۇش رولى

دۇنيادا ئاسىياغا ئوخشاش شۇنچە كۆپ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا زېمىن تالاش - تارتىشى بولۇۋاتقان رايوندىن يەنە بىرى بولمىسا كېرەك (يېقىن شەرق رايونىنى ھېسابقا ئالمىغاندا). ئۆزبېكىستان بىلەن تاجىكىستان ئوتتۇرىسىدا پەرغانە جىلغىسىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى توغرىسىدىكى تالاش - تارتىش ئىزچىل توختىماي كەل-

www.uyghurkitap.com

ـدى، شۇڭا بۇ يەر ھازىر پۈتكۈل ئاسىيادىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق رايونىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى؛ 50 يىلدىن بېرى پاكىستان بىلەن ھىندىستان كەشمىر رايونىغا بولغان تىزگىنلەش ھوقۇقىنى تالىشىپ كەلدى ھەمدە شۇ تۈپەيلىدىن ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا ئىككى قېتىم ئۇرۇش پارتلىدى؛ بېنگال بىلەن بېرما ئوتتۇرىسىدىمۇ زېمىن تالاش - تارتىشى مەۋجۇت، بېرما بىلەن تايلاندمۇ چېگرا مەسىلىسىدە تالاش - تارتىش قىلىپ كەلمەكتە؛ تايلاند بىلەن ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى قوشنا دۆلەت مالايشىيا ئوتتۇرىسىدىمۇ چېگرا تالاش - تارتىشى بار؛ مالايشىيا بىلەن ھىندونېزىيە (سالاكات ئۆلكىسى)، فىلىپپىن (ساباھ ئۆلكىسى) ئوتتۇرىسىدىمۇ شىمالىي بورنېئو ئىشتاتىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى توغرۇلۇق تالاش - تارتىش بولۇۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مالايشىيا بىلەن بىرۇنېي (بورنېئو ئىشتاتىغا يېقىن بولغان تاشقى رايونلار) ئوتتۇرىسىدىمۇ تەۋەلىك مەسىلىسى توغرۇلۇق تالاش - تارتىش بار، مالايشىيا يەنە ۋيېتنام بىلەنمۇ دېڭىز چېگراسى مەسىلىسىدە بىردەك پىكىرگە كېلەلمىدى، ئۇنىڭ سىنگاپور بىلەن بولغان زىددىيىتىمۇ پۇلاۋ باتۇ بۇدىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىگە مەركەزلەشكەن، ھىندونېزىيە بىلەن سېلېبېس دېڭىزىدىكى سىپپادان، ئۇ يەنە سابات ۋە لىگتان ئاراللىرىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىدە تالاش - تارتىش قىلىۋاتىدۇ؛ ۋيېتنام بىلەن كامبودژانىڭ قۇرۇقلۇق چېگرا تالاش - تارتىشلىرىمۇ توختاپ باقمىدى، ۋيېتنام يەنە ھىندونېزىيە بىلەن ناتۇنا ئارىلى (مول تەبىئىي گاز بايلىقى بار) ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دېڭىز چېگراسى ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىۋاتىدۇ؛ ياپونىيە رۇسىيەدىن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىشغال قىلىۋالغان مىناچىدورى ئارىلى (يەنى شىمالدىكى تۆت ئارال، ئۇ كوناشىرى - تۇ، خابوماي، شىكوتان، ئىتۇرۇپ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاراللارنى

ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ــ تەرجىماندىن) غا نىسبەتەن زېمىن تەلىپىنى قويۇۋاتىدۇ، ياپونىيە بىلەن كورېيە لىيەنئەن يارى ۋە جەنۇبىي ياپون دېڭىزىدىكى تاكېدو تاقىم ئاراللىرىغا نىسبەتەن زېمىن تەلىپىنى قويۇۋاتىدۇ.

جۇڭگو شەرقىي ئاسىيا رايونىدىكى زېمىن تالاش ـ تارتىشلىرىنىڭ يادروسى بولۇپ، ئۆزىگە قوشنا ھەممە دۆلەتلەر بىلەن دېگۈدەك ھەل بولمىغان چېگرا مەسىلىلىرى بار؛ جۇڭگو رۇسىيەدىن 19 ـ ئەسىردىكى «تەڭسىز شەرتنامە» بويىچە ئايرىپ بېرىلگەن شەرقىي سىبىرىيەدىن تىنچ ئوكيانغىچە بولغان چېگرانى تۈزىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ياپونىيەدىن دياۋيۇ ئارىلىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ تەيۋەندىن ئىبارەت بۇ تەرەققىي تاپقان، دېموكراتىك ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە مول مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئاتالمىش «دۆلەت»نى جۇڭگو ئاسىي ئۆلكە ھېسابلاپ، ئۇنىڭ ئۆز قوينىغا قايتىپ كېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ناۋادا تەيۋەنلىكلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇش ھەرىكىتى ئەۋج ئېلىپ قالسا، جۇڭگو قورال كۈچىگە تايىنىپ بويسۇندۇرۇشتىنمۇ باش تارتمايدۇ. جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ھىمالايا تېغى رايونىدىكى نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق چېگرا توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلىپ كېلىۋاتىدۇ؛ جۇڭگو ۋېيتنام بىلەن تەيۋەننىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈشىگە قارىماي پالاسار تاقىم ئاراللىرىنى قورال كۈچى بىلەن ئىشغال قىلىۋالدى (مۇستەملىكىچىلەر ئېلىمىزنىڭ شىشا تاقىم ئاراللىرىنى شۇنداق ئاتىغاچقا، بەزى چەت ئەللىكلەرمۇ شۇنداق ئاتاپ كەلگەن ــ تەرجىماندىن)؛ ئەڭ تالاش ـ تارتىش قىلىنىۋاتقىنى جۇڭگو تارىخىي سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، بېيجىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىشى كېرەك، دەپ ھېسابلايدىغان پۈتكۈل جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزى بولۇپ، سپراتېل تاقىم ئاراللىرى (يەنى نەنشا تاقىم ئاراللىرى) ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدى-

www.uyghurkitap.com

كى دېڭىز تەۋەلىكىدىكى مەخسۇس قاراشلىق ئىقتىسادىي رايونلار ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ بۇنداق بولغاندا جۇڭگو ئۆزىنىڭ دېڭىز قىرغىقىغا 1500 كىلومېتىر كېلىدىغان ئوكياندا «تەسىر دائىرىسى»نى تىكلەپ، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ زېمىن دائىرىسىگە توغرىسىغا چۈشۈپ، ئەڭ مۇھىم بىر خەلقئارالىق دېڭىز قاتناش يولىنى ئىگىلىۋالىدۇ. سىپراتېل تاقىم ئاراللىرىنىڭ بىر قىسمىنى ياكى پۈتكۈل دېڭىز تەۋەلىكىنى تەيۋەن، ۋېيېتنام، فىلىپپىن، بىرۇنىي ۋە مالايشىيالار ئۆز زېمىنىمىز دەپ جاكارلىغان، ماتېرىياللاردا مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ رايوندا نېفىت ۋە تەبىئىي گاز بايلىقى مول ئىكەن، لېكىن بۇ نۇقتا تېخى ئىسپاتلانغىنى يوق.

### ئاسىيادىكى چوڭ دۆلەتلەر: رۇسىيە، ياپونىيە ۋە ھىندىستان

ئاسىيانىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي رايونلىرىدىكى توختىمايۋاتقان زېمىن توقۇنۇشلىرىغا چېتىشلىق ھەقىقىي ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن چوڭ دۆلەتتىن تۆتى بار، ئۇ بولسىمۇ رۇسىيە، ياپونىيە، ھىندىستان ۋە جۇڭگودۇر. ئەمما، ئېنىقىنى ئېيتقاندا رۇسىيە ئاسىيا دۆلىتى ئەمەس، بەلكى ياۋروپادىكى چوڭ دۆلەت؛ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن ئۇنىڭ تىنچ ئوكيان گىرۋىكىدىكى ۋارىسلىق ئورنى ئاجىزلاپ كەتتى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە رۇسىيە ئاسىيادىكى ھوقۇق رىقابىتىدە پەقەت ئۈچىنچى ئورۇندىلا تۇرالايدۇ.

ياپونىيە تۆت ئەۋلاد رەھبەرلەر ئوتتۇرىغا چىقىشتىن ئىلگىرىلا زامانىۋىلىشىش سېپىگە قوشۇلۇپ بولغانىدى، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ياپونىيە ھەربىي كېڭەيمىچىلىك ۋە جاھانگىرلىك باسقۇچىنى باشتىن كەچۈردى، ئاخىر بېرىپ گېرمانىيەگە

ئوخشاشلا ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتكە قالدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ياپونىيە ئامېرىكىنىڭ ھامىيلىقىدا پۇقراۋى جەمئىيەت بەرپا قىلدى، ياپونىيە جەمئىيىتى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاقلىقى بىلەن يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ خاسلىقى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم تەڭپۇڭلۇقنى شەكىللەندۈردى ھەمدە ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇنىڭ ھەربىي كۈچى ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچ جەھەتتە پۈتكۈل دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچلەرنىڭ بىرى ھېسابلانسىمۇ، بىراق جەمئىيەتتە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرمايدۇ، ئەلۋەتتە. سىياسىي جەھەتتىن ئالغاندا، بەلگىلەمە بويىچە ئۇنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرى خىراجىتى سوممىسى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 1% ىنىلا ئىگىلەيدۇ.[①] بۇ مەزگىلدە، ياپونىيە ئارمىيەسى بەزى رايونلارنىڭ تىنچلىق ساقلاش ھەرىكەتلىرىگە ئاندا ـ ساندا قاتناشتى، بىراق ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ھازىرقى ھەربىي كۈچى ياپونىيەنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ، ياپونىيە دۆلەت خەۋپسىزلىكى جەھەتتە ئاساسلىقى ئامېرىكىنىڭ قانات ئاستىغا ئېلىشىغا تايىنىدۇ.

ياپونىيەنىڭ يىراق ـ يېقىندىكى قوشنىلىرى ئۇنىڭدىن قورقۇش كەيپىياتىدىن تاكى بۈگۈنگە قەدەر قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى، ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللاردىكى ۋەھشىيلەرچە قانلىق تاجاۋۇزچىلىق سىياستى شۇ جايلاردىكى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن تا بۈگۈنگە قەدەر كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق. ياپونىيەنىڭ مەدەنىيىتى ئۇنىڭ ئۆتمۈشكە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى بەلگىلىگەن، شۇڭا قوشنا ئەللەر ئۇنىڭغا يەنىلا گۇمان بىلەن قارايدۇ. گېرمانىيەگە ئوخشىمى-

① بېرىنخارد ماي: «ياپونىيە كىرىزىسقا دۇچ كەلدى؟»، «ياپونىيەدىكى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ ئۇچ گىگانتتقا بولغان خىرىسى»، 1996 ـ يىلى نەشرى.

مايدىغان يېرى شۇكى، ياپونىيە ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى مىلىتارىزملىق قىلمىشلىرىنى ھېساب ـ كىتاب قىلىپ باققان ئەمەس، ھەتتا ئۆزىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ باققان ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئەللەردىكى خەلقتىن رەسمىي، ئاشكارا ئەپۇ سوراپ باققانمۇ ئەمەس. ياپونىيەدە تارىخنى تەنقىد قىلىش ئاتا ـ ئانىسى ۋە بوۋا ـ موملىرىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ، ئەمما ئەجدادلىرىغا چوقۇنۇش ياپونىيەنىڭ شىنتو دىنى مەدەنىيىتىنىڭ يادرولۇق تەركىبىي قىسمى. پەقەت ياپونىيەدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار، ئېسىلزادىلەر ياسۇكۇنى ئەرۋاھخانىسىنىڭ بۇت تەكچىسىگە باش ئۇرۇپ، تارىختىكى سىرتقا قارىتىلغان ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرگە ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈپ، ئاشۇ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپلا تۇرسىلا، بۇنداق مىللىي ئۆچمەنلىك كەيپىياتى يەنىلا داۋاملىشىدۇ. ئەلۋەتتە، ياپونىيەگە قوشنا ئەللەرمۇ ياپونىيەنىڭ ئىقتىساد ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىغا يېقىندىن دىققەت قىلىۋاتىدۇ، بۇ توكيونىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىنكاس قايتۇرۇش ئەمەلىي كۈچى بار ھەربىي كۈچ ھاسىل قىلالايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ياپونىيە يۇقىرالىرى يادرو قوراللىرىغا كۆڭلىدە قارشى تۇيغۇدا بولسىمۇ، ياپونىيەنىڭ ئاتوم ئىقتىسادى يەنىلا ئاسىيادىكى باشقا ئەللەرنى پات ـ پات ئەسكەرتىپ تۇرماقتا. ناۋادا سىياسىي شارائىت يار بەرسىلا، ياپونىيەمۇ تامامەن يادرو چوڭ دۆلىتىگە ئايلىنالىشى مۇمكىن. ئەھۋالنىڭ شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئىتتىپاقىغا ئەزا ئەللەر يەنىلا تەدرىجىي ھالدا: ياپونىيە ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتە كەم بولسا بولمايدىغان مۇقىملىق ئامىلى، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ ئومۇميۈزلۈك قەد كۆتۈرۈشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ياپونىيە شۈبھىسىزكى بىر تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى كۈچ، دېگەن ئورتاق تو-

نۆشقا كەلدى. يەنە بىر جەھەتتىن، كىشىلەر يەنە ياپونىيەنى ئۆزاق-
قىچە ئامېرىكىنى يادرو قىلغان غەرب ئىتتىپاق سىستېمىسىغا
كىرگۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرۈپ يەتتى، بۇنداقتا ياپونىيە مى-
لىتارىزمىنىڭ تىرىلىشىدىن ساقلانغىلى بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ
دۆلەت رېۋىزىئونىزمىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىشىدىنمۇ ساقلان-
غىلى بولاتتى.

دۇنياغا خوجا بولۇش ئارزۇسىدا يۈرگەن بارلىق يوشۇرۇن رىقا-
بەتچىلەر ئىچىدە، ھىندىستان ئاسىيادىكى ئۈچىنچى گىگانت ئادەم
بولۇپ، ئۇنى رايون خاراكتېرلىك بىر چوڭ دۆلەت ھېسابلاشقا بو-
لىدۇ. جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە ھىندى ئوك-
يان قىرغاقلىرى ھىندىستاننىڭ «تەسىر دائىرىسى»گە كىرىدىغان
بولۇپ، ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىلدىن بېرى ھىندىستاننىڭ تە-
سىر كۈچى مۇشۇ دائىرە بىلەنلا چەكلىنىپ كەلدى، ئەمما ھىندىس-
تاننىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ رايون
جامائەتچىلىكىگە قوشۇلۇشىغا ئاساسلىقى ھىندىستاننىڭ ئىچكى
سودا ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەلىپى تۈرتكە بولدى،
ھىندىستاننىڭ سودا ساھەسىدىكى قابىللار ئىقتىسادىي مەنپەئەت
ۋە تەرەققىيات ئىستىقبالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ھايا-
تىي كۈچكە تولغان بۇ رايون بىلەن كەڭ ئالاقە باغلىشىنى بارغان-
سېرى كۈچلۈك تەلەپ قىلدى، بىراق ئادەتتىكى ئەھۋالدا،
سىياسىي ئاربىلىشىش تەلىپىنى قويغانلار ئىنتايىن ئاز بولدى.

90 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان ئىقتىسا-
دىي ئىسلاھات ھىندىستان ئىقتىسادىنى دەسلەپتە ئويلاپمۇ باقمىغان
جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈردى. بازارنىڭ
سىرتقا ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىلىشى ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئىقتى-
سادىي پائالىيەتكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان بيۇروكراتىزمنى ئۇنۇم-

لۇك تىرگىنلىدى. ھىندىستان ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىدەك مەسىلى كۆرۈلمىگەن دەۋرنى باشتىن كەچۈردى، يېقىنقى بەش يىلـ دىكى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى %5 ~ %7 لىك سەۋىيەگە يەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چەت ئەلنىڭ نۇرغۇن كاپىتالـ مۇ ھىندىستانغا كىردى. ھازىر بۇ دۆلەت كومپيۇتېر يۇمشاق ماتېـ رىياللىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە ئەڭ ئىلغار بولۇپ، يېقىنقى ئون يىلدا ئۇنىڭ يىللىق ئېكسپورتى %50 ئەتراپىدا ئاشتى. زۇڭلى گۇجرەل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلـ دە، ھىندىستان ئىچكى ئىسلاھاتنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بارلىق قوشنا ئەللەرگە جىددىي ھالەتنى پەسەيتىش مەقسەت قىـ لىنغان سىياسەتنى قوللاندى. جۇڭگو بىلەن ئىككى دۆلەت چېگراـ سىنى ئايرىش توغرىسىدىكى سۆھبەتنى باشلىدى؛ بېنگال بىلەن گانگ دەرياسىنىڭ سۇ بايلىقىدىن ئورتاق پايدىلىنىش كېلىشىمى ئىمزالىدى؛ نېپال ۋە سىرىلانكا بىلەن يېڭى سودا كېلىشىمى ھاـ سىل قىلدى. پاكىستان بىلەن سۆزلىشىپ بېقىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرـ دى، خەۋەر قىلىنىشىچە، ھىندىستان بىلەن پاكىستان ھەتتا نازۇك بولغان كەشمىر مەسىلىسىنىمۇ سۆھبەت مەزمۇنىغا كىرگۈزگەن. 1997 ـ يىلى 5 ـ ئايدا سىنگاپوردا چاقىرىلغان ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ باشلىقلار ئۇچرىشىشى ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ھەرقايسى ئەللەرـ نىڭ رايونلار بويىچە چۈشىنىش ھاسىل قىلىشىدا يېڭى دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئەمما، يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان ھىندىستاندا ئىجتىمائىي، دىنىي ۋە رايون خاراكتېرىدىكى ئىرقىي بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى.

مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ھىندىستان سىياسىيسى ئۆتكەن يۈز يىلدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەرنى باشـ

تىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، تارىختىكى ئىجتىمائىي تەبىقە ئايرىش تۈزۈمىنىڭ ئاسارىتىدىن باشتىن - ئاخىر قۇتۇلالمىدى. بۈگۈنكى كۈندە، «سىنىپ»نىڭ تېزلىكتە ئايرىلىشى ۋە بىرىكىشى پەقەت ھىندىستان دۆلەت كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىلا ئورۇنلىنىپ قالماي، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەت «ئايرىلىپ يەنە يېڭىباشتىن بىرىكتى». بىر قىسىم ئىمتىيازلىق ئىجتىمائىي قاتلامدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئورنى، سىياسىي ھوقۇقىنى ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئومۇمىيۈزلۈك سايلام تۈزۈمى تۈپەيلىدىن «تېگى پەسلەر»نىڭ دەخلى - تەرۇزىغا ئۇچرىدى دەپ قاراپ، ھىندى دىنىدىكى ئېكستىرېمىزىم خەلق پارتىيەسى (BJP) تەرەپكە بۇرۇلۇپ كەتتى؛ ھىندىستان دۆلەت كونگرېسلار پارتىيەسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدىكى چىرىكلىك قىلمىشلىرىغا قاتتىق نەپرەتلەنگەن جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى پۇقرالار ھىندى دىنى ئېكستىرېمىزمغا قويغان سىياسىيغا قاتنىشىشنى دەرىجىلەشتۈرۈش تەشەببۇسىدىمۇ ئىنتايىن ئېھتىياتچان ۋە سەگەك بولۇپ، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسلار پارتىيەسىدىكى سىياسىي ئوڭ قاناتلارنى قوللاشقا باشلىدى، ئۇلار پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ھوقۇق - مەنپەئەتىمىز ئۈنۈملۈك كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ، زىددىيەت - ئىختىلاپلار توختىمايۋاتقان، چاك - چېكىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەن ھىندىستان دۆلەت كونگرېسلار پارتىيەسى يېڭىدىن ھاياتلىققا ئېرىشىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋالالايدۇ، دەپ ھېسابلايتتى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتىكى سىياسىي توقۇنۇشمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى. ھىندى دىنى مۇرىتلىرى زامانىۋىلىشىش تۈپەيلىدىن مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچراپ ئۈمىدسىزلىنىپ يۈرگەن كىشىلەرنى توپلاپ، ئۇرۇشقاق، كەڭ دىنىي ئاساسقا ئىگە مىللەتچىلىك تۇغى ئاستىغا يىغىلىشتىن ئويۇشتۇرماقچى بولدى. 1992 - يىلى 12 - ئايدىكى ئايود يابا بەرري مەس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىتىگە ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتى دۈشمەن ئوبيېكت ئېنىق بولغان بىر سىگنال بولۇپ، ھىندىستان ئاھالىسىنىڭ 12% نى ئىگىلەيدىغان مۇسۇلمانلار ۋە ئۇلارنىڭ پاكىستاندىكى تۇغقانلىرى ھىندىستاننىڭ «دۈشمىنى» ھېسابلاندى. خەلق پارتىيەسى (BJP) «ئاز سانلىق مىللەت» لەرگە ھەرقانداق جەھەتتە يول قويۇشقا قارشى ئىدى. دېمەك، بۇ پارتىيە كەشمىر مەسىلىسىدىكى ھەرقانداق «مۇرەسسەلىشىش» ھەرىكەتلىرىنى قەتئىي رەت قىلاتتى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشكىمۇ قارشى ئىدى، ھەتتا دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشكىمۇ قارشى چىقتى، بىراق دۆلەتنىڭ يادرو قوراللىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. باشقا ئەسلىيەتچىلىك ھەرىكەتلىرىگە ئوخشمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار ھىندىستان جەمئىيىتىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى پۇقرالارنى سەپەرۋەر قىلىشتا مۇئەييەن قىيىنچىلىققا ئۇچرىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ سىياسىي ئەقىدىسى قاتتىق ئىجتىمائىي تەبىقە تۈزۈمى كاتېگورىيەسىگە كىرەتتى، يەنى پەقەت بىراخمانلار ۋە تۆرە ـ ئاقسۆڭەكلەرلا دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈمىشغا قاتنىشىش ئىمتىيازىغا ئىگە بولۇپ، ئاتالمىش «تېگى پەسلەر» قاتلىمى چەتكە قېقىلاتتى.

خەلق پارتىيەسى (BJP) زامانىۋىلىشىش دولقۇنىنىڭ زەربىسىدە زامانىۋىلىشىشنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىدۇق دەپ ھېس قىلغان كىشىلەر توپىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇلار كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمانلار، جۇڭگولۇقلار ۋە «غەربلىكلەر»دىن قورقۇش پسىخىكىسىدىن پايدىلاندى؛ ئۇلار سودا قورۇقچىلىقى ۋە دۆلەتنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشىنى قوللايتتى؛ ئۇلار زېمىننى كېڭەيتىپ، دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. شۇڭا، خەلق پارتىيەسى (BJP) ياۋروپا فاشىستلىرىغا خاس

نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرىنى نامايان قىلدى. ئەلۋەتتە، ھىندىستاندىن ئىبارەت بۇ ھەرقايسى مەزھەپلەرنىڭ تالاش ـ تارتىشلىرى توختىمايدىغان دۆلەتتە، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش تەلەپ قىلىناتتى، چۈنكى ئىجتىمائىي ۋە دىنىي جەھەتتىكى بۆلۈنۈشتىن تاشقىرى، دۆلەت يەنە يەرلىك بۆلگۈنچىلەرنىڭ تەھدىتىگىمۇ ئۇچراپ تۇراتتى؛ ھىندىستاننىڭ شەرقىي قىسمى (ناگالاند ئىشتاتى ۋە پادما ئىشتاتى)، كەشمىر رايونى، ھەتتا ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى زاكاند ئىشتاتىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش سادالىرى ياڭرىماقتا ئىدى.

شۇڭا، ھىندىستان جۇڭگوغا ئوخشاشلا دەل تارىخىي بۇرۇلۇشنىڭ پاسىل نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ بىر بولسا زۆرۈر ئىسلاھاتلارنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەنى تايانچ قىلىپ، ئۇنۇملۇك ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلار ئارقىلىق، نامراتلىق ھادىسىلىرىنى ئازايتىشى ھەم باي ـ كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تىرىشىپ كىچىكلىتىشى لازىم؛ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھوقۇقنى يەرلىككە بۆلۈپ بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىشى؛ قوشنا ئەللەر بىلەن ئىقتىسادنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشى ۋە سىياسىي جەھەتتە مەلۇم بىر خىل «مۇرەسسەلىشىش»نى يولغا قويۇشى؛ دۇنيا ئىقتىسادىنى يەر شارىلاشتۇرۇش دولقۇنىغا داۋاملىق قوشۇلۇپ، كۈنسايىن كېڭىيىۋاتقان كۆپ تەرەپلىك سودا سىستېمىسىدا ئاكتىپ رول ئوينىشى لازىم ياكى بولمىسا ھىندىستان خەلق پارتىيەسى (BJP) تاللىغان يولدا مېڭىشى؛ ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە ئىچكى قىسمىدىكى بېسىشنى كۈچەيتىشى؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە سودا قورۇقچىلىقىنى يولغا قويۇشى؛ قاتتىق قول تاشقى سىياسەت ۋە ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشى

لازىم. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، كېيىنكى بىر خىل ئەھۋالنىڭ جەنۇبىي ئاسىيا رايونى، پۈتكۈل ئاسىيا، ھەتتا دۇنيا ۋەزىيىتىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئاسانلا قىياس قىلالايمىز. 1998 - يىلى 5 - ئايدا ھىندىستان دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەيىبلىشىگە قارىماي يادرو سىنىقى قىلدى، بۇ يوشۇرۇن شۇملۇقنىڭ ئالامىتىدۇر.

## كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان جۇڭگو

بۈگۈنكى جۇڭگو پەقەت نامدىلا بىر كوممۇنىستىك دۆلەت، ئۇ دېڭ شياۋپىڭ دەۋرىدە باشلانغان بازار ئىگىلىكى ئىسلاھاتىدا زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، بىراق تېخىمۇ تەھدىت پەيدا قىلالايدىغان بولۇپ قالدى. ئاسىيادىكى چوڭ دۆلەتلەر ئىچىدە، جۇڭگونى چۈشەنمەك ئەڭ تەس. ئۇ ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن ئەڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى باشتىن كەچۈرگەچكە، ئەڭ كەڭ دائىرىلىك مىللەتچىلىك نىشانىنى بېكىتكەن. 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى (1840 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە)دا تارتقان خورلۇقلار كىشىلەرنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن؛ جۇڭگو جۇغراپىيەلىك ئورنى جەھەتتىنلا ئىسمى - جىسمىغا لايىق مەركىزىي ئىمپېرىيە دەپ قارالماستىن، بەلكى ئىرق ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئىزچىل تۇردە ئەۋزەل ئاڭنى ساقلاپ كەلدى، بىراق 1840 - يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن تارتىپ، ئۇ غەربتىكى كۈچلۈك مۇستەملىكىچى ئەللەر ۋە ياپونىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى، دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچرىدى، ھەتتا بۆلۈۋېتىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. كىشىلەر تارىختا ئىگىلىك ھوقۇقى ئۆزىمىزگە تەئەللۇق دەپ قارىغان زېمىن دائىرىسىگە كىرىدىغان جايلارنى يېڭىباشتىن قايتۇرۇپ كېلىش جۇڭگودا مۇنازىرىلىشىش كەتمەيدۇ.

غان ئومۇمىيۈزلۈك تەلەپ. مىللەتچىلىك ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى (ياكى كېيىنكى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى) ئەمەس، ياكى ئاز ـ تولا ماركسىزم ئارىلاشقان ئىدېئولوگىيە مەزمۇنى جەمئىيەتتىكى بارلىق مەركەز ـ دىن قاچما كۈچلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، بۇ دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي بىرىكمە كۈچىنى بىردەكلىككە يۈزلەندۈرۈشى مۇمكىن. بۇ جۇڭگو بىلەن ئۇنىڭغا قوشنا بولغان كۆپ سانلىق ئەللەر ئوتتۇرىسىدا زېـ ـمىن تالاش ـ تارتىشلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ توقۇنۇشلارنىڭ مۇد ـ لەق كۆپ قىسمىنى قانۇن ۋە تارىخىي ئىسپاتلارغا تايىنىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق، 1995 ـ يىلى ۋە 1996 ـ يىلى تەيـ ـۋەن بوغۇزىدا ئۆتكۈزۈلگەن ھەربىي مانېۋىر، 1988 ـ يىلى ۋە 1994 ـ يىلىدىكى ۋىيېتنام دېڭىز ئارمىيەسى بىلەن ئېتىشىش، 1995 ـ يىلىدىكى فىلىپپىننىڭ زېمىن تەلىپى بولغان مېيجى مارجان خادا تاشلىرى تەۋەسىنى ئىشغال قىلىۋېلىش قىلمىشلىرى قوشنا ئەللەرگە جۇڭگونىڭ زۆرۈر تېپىلغاندا ھەربىي كۈچتىن پايـ ـدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ تەلىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تامامەن تەييارلانـ ـغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى. 1962 ـ يىلىدىكى جۇڭگو ـ ھىندىس ـ تان چېگرا توقۇنۇشى ھىندىستاننىڭ ئېسىدىن تا بۈگۈنگە قەدەر چىقىپ كەتكىنى يوق؛ 1968 ـ يىلى موخې دەرياسى بويىدىكى جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي توقۇنۇشى رۇسىيەنىڭمۇ ئېـ ـسىدە بار (يەنى جېنباۋداۋ ئارىلىدىكى ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشى — تەرجىماندىن).

جۇڭگونىڭ نەگە بېرىپ نەدە توختىشىغا ئېنىق بىرنېمە دېمەك تەس. ئۆزىنى تۆۋەن چاغلايدىغان مۇرەككەپ ئىدىيەۋى ھالەت بىلەن ھوقۇققا بولغان تەلەپ، ھەمكارلىشىش مۇددىئاسى بىلەن ساددا مىللىي مەنمەنچىلىك، ئىقتىسادنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشى بىلەن ھەربىي ئىشلاردا ھەيۋە كۆرسىتىشنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىپ كېتىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىشىگە ئىمپېراتور ۋىلھېلىم زامانىدىكى گېرمانىيەنى ئاز - تولا ئەسلەتمەي قالمايدۇ. 19 - ئەسىردىكى غەرب خەلقئارالىق سىستېمىسىنىڭ زوراۋانلىق سىياسىي پرىنسىپىنىڭ يېتەكچىلىكىدە شۇنداق قىلىۋاتقان جۇڭگوغا ئوخشاش چوڭ دۆلەتتىن يەنە بىرى يوق دېيەرلىك. جۇڭگونىڭ مۇنداق قىلىشى يېغىلىق دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 221 - يىلغىچە)دىكى ئۆزىگە تارتىش ۋە پارچىلاش تاكتىكىسىنىڭ تەسىرىدىن بولغان دەيدىغان گەپلەرمۇ بار. بۇلاردىن سىرت، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى خەلقئارالىق قانۇن - مىزانلىرىغا ئەمەل قىلىشنىمۇ تازا خالاپ كەتمەيدۇ، چۈنكى بۇ قائىدە - مىزانلارغا ئۇ قاتناشمىغان ئەھۋال ئاستىدا تۈزۈلگەن. جۇڭگو سودا سىياسىتىدىن تارتىپ دېڭىز - ئوكيان قانۇنىغىچە، ھەربىي ھازىرلىقلارنى تەكشۈرۈشتىن تارتىپ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش پرىنسىپىغىچە ئۆزىنىڭ قائىدە ئەندىزىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئۈزۈكسىز ئۇرۇنۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قىلمىشلىرىدىن ئەتراپتىكى قوشنىلىرى، جۇڭگونىڭ كۈچى زورايغاندا، ئەتراپتىكى رايونلارنى ئۆزىنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلىشقا زورلاپ قالارمۇ؟ جۇڭگو ئاسىيادا خۇددى ئىمپېراتور ۋىلھېلىم دەۋرىدىكى گېرمانىيەدەك زور كۆلەملىك كېڭەيمىچىلىك قىلارمۇ؟ دەپ تەشۋىشلەنمەكتە.[1]

جۇڭگو ئارمىيەسىنىمۇ تىرىشىپ زامانىۋىلاشتۇرماقتا. ئۆزىنىڭ يادرو قورال - ياراغ ئامبىرىنىمۇ پائال تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتىدۇ، بىراق بۇ تەرىپىدىن ئانچە ئەنسىرەپ يۈرمىسىمۇ بولىدۇ، چۈنكى چەكلىكلا بولغان بىرقانچە يادرو چوڭ دۆلىتى ئىچىدە، پە-

① كاي موللېر: «جۇڭگونىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىگە تۈرتكە بولغان ئامىللار». «مۇددىئا ۋە ئۇسۇل». 1997 - يىلى نەشرى: تېخىمۇ ئۈمىدسىزلەرچە قاراش.

قەت جۇڭگولا باشقا بىر يادرو چوڭ دۆلەتتى ئۆزىگە يادرو ھۇجۇمى قوزغىغاندا، ئۆزىنىڭ زادى ئۇنىۇملۇك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئىقتىدارىنىڭ بار - يوقلۇقىدىن ئەندىشە قىلىدۇ، بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ يادرو قورالى ئاز ھەم ئاسان زىيان - زەخمىگە ئۇچرايدۇ. خەۋپسىزلىكنى كۆپرەك ئويلاش ۋە تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىق يولىغا مېڭىشىدىن ئەنسىرەش جۇڭگونىڭ ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا كۆپ تەرەپلەردىن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە تۈرتكە بولغان، يەنى دېڭىز ئارمىيەسى ۋە دېڭىز - ھاۋا ئارمىيە خادىملىرىنىڭ ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دېڭىز قىرغىقىغا يىراق جايلاردا ئەركىن ھەرىكەت قىلغىلى بولىدۇ؛ ئۇنىڭدىن سىرت، دېڭىزدىمۇ، قۇرۇقلۇقتىمۇ جەڭ قىلالايدىغان قىسىملارنىڭ جەڭ قىلىش ئىقتىدارىنىمۇ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. جۇڭگو رۇسىيەدىن ھاۋادا ماي قاچىلىغىلى بولىدىغان 27 - SU كۈرەشچى ئايروپىلان، مىگى 29 تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلان ۋە كىلومېتىر دەرىجىلىك «تۆۋەن سونار»لىق سۇ ئاستى پاراخوتى قاتارلىقلارغا ئېرىشتى، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ياپونىيە، تەيۋەن ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەندىشىگە سالدى. چۈنكى، ئازادلىق ئارمىيەنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشى جىددىي ئەھۋالدا بېيجىڭنىڭ قورال كۈچىگە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ زېمىن تەلىپىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

يەنە بىر جەھەتتىن، جۇڭگونىڭ ھەربىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، نۆۋەتتە ئۇنىڭ يىللىق ھەربىي خىراجەت خامچوتى تەخمىنەن 36 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ياپونىيەنىڭكىدىن ئاز، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە خامچوتىدىن سەل كۆپ، ئامېرىكىنىڭ يىللىق ھەربىي خىراجەت

چىقىمىنىڭ تەخمىنەن 1/7 ىگە توغرا كېلىدۇ. يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، جۇڭگونىڭ ھەربىي خىراجەت خامچوتى سەل يۇقىرىلاپ، يىلىغا 10% تىن ئارتۇق ئاشقان بولسىمۇ، بىراق پۇل پاخاللىق نىسبىتى بىلەن يېيىشىپ كېتىدىغىنىنى ھېسابقا ئالغاندا، ئېشىش نىسبىتى ئانچە كۆپ ھېسابلانمايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، بىز يەنە جۇڭگونىڭ يېڭى تىپتىكى قوراللىرى بىلەن ئۇنىڭغا قوشنا ئەللەر ۋە رايونلارنىڭ قوراللىرىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىشىمىز كېرەك. مەسىلەن، تەيۋەن ئارمىيەسى قوراللانغان 16 ـ F تىپلىق كۇرەشچى ئايروپىلان، ئامېرىكا تايلاند بىلەن فىلىپپىنغا ئېلىپ كەلگەن 16 ـ F ۋە 18 ـ F تىپلىق كۇرەشچى ئايروپىلانلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە، جۇڭگو تېخى ئۆزىنىڭ دېڭىز قىرغىقىدىن يىراق جايلاردا شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا ئەللەرنىڭ بىرلەشمە ھەربىي كۈچى بىلەن جەڭ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس، بولۇپمۇ ئامېرىكا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان بۇ توقۇنۇشتا تامامەن بىتەرەپ ھالەتنى ساقلاپ قالالمىغان ئەھۋال ئاستىدا تېخىمۇ شۇنداق. ئامېرىكىنىڭ تەيۋەن بوغۇزىدىكى ئاۋىياماتكا فىلوتى جۇڭگونىڭ دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ بىر قىسمىنى ئىسكەنجىگە ئالالىشى مۇمكىن. بىراق، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا ئەللەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ دۆلەت مۇداپىئە كۈچىنى ئاشۇرۇشىنىڭمۇ قىلچە پايدىسى يوق ئەمەس، بۇنىڭ ئەكسىچە، شۇنداق قىلىشى ئىنتايىن زۆرۈر ۋە ئىنتايىن مۇھىم. بىر مەزگىلدىن بېرى، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا ئەللەر ئىزچىل ئاڭلىق تۈردە ھەربىي كۈچىنىڭ ئۆزۈكسىز ئېشىشىغا تاقابىل تۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ، بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى شۇكى، ئۇلار كۇرەشچى ئايروپىلاننىڭ ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدا-

رى ۋە دېڭىز قىرغىقىدا مۇداپىئە كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى؛ دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ دائىملىق پاراخوتلىرى، مەسىلەن، تورپېدالىق پاراخوت، قوغلىغۇچى پاراخوت، سۇ ئاستى پاراخوتى قاتارلىق قو-راللارنى زامانىۋىلاشتۇردى. تايلاندنىڭ ھەتتا تىك ئۇچار ئايروپىلان ۋە تىك كۆتۈرۈلۈپ قونالايدىغان ئايروپىلانلارنى ئېلىپ يۈرەلەيدىغان كىچىك ئاۋىياماتكىسى بار، بۇ ئىلغار قورال - ياراغلار شەرقىي جە-نۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا ئەللەرنىڭ دېڭىزدا مۇداپىئە كۆرۈش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. يېقىنقى بىرقانچە يىلدا، شەرقىي ئاسىيا رايونىدا دائىملىق قوراللارنى كۆپلەپ ئىم-پورت قىلىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى.

شەرقىي ئاسىيا رايونى 1997 - يىلىدىكى ئاسىيا پۇل مۇئامى-لە كرىزىسىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ را-يوننىڭ «ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىپ ئۆرۈشقا تەييارلىق كۆ-رۈش» قەدىمى توختاپ قالغىنى يوق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەرقىي ئاسىيا ۋە شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى يەنە شەكلى كۆپ خىل بولغان كۆپ تەرەپ ۋە قوش تەرەپلىك ئىتتىپاق مۇناسى-ۋىتىنى ئورناتتى؛ ياپونىيە، كورېيە ۋە ئامېرىكا ئايرىم - ئايرىم قوش تەرەپ خەۋپسىزلىك كېلىشىمى ئىمزالىدى؛ ئامېرىكا تەيۋەننى مۇداپىئە كاپالەتتىگە ئىگە قىلىشقا ۋەدە بەردى (ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى 1998 - يىلى ماقۇللىغان «تەيۋەن بىلەن بولغان مۇناسى-ۋەت قانۇنى» بۇنىڭ بەلگىسى، بۇ قانۇن لايىھەسىدە جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئۈچ بىرلەشمە ئاخباراتىغا قاتتىق خىلاپلىق قىلىنىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن قول تىقىلغان — تەرجىماندىن)؛ بۇ بىرقانچە شەرتنامىلەر ئارقىلىق بۇ ئۈچ دۆلەت ياكى رايوننىڭ خەۋپسىزلىك سۈبيېكتى ئايرىم - ئايرىم تۇرغۇزۇل-دى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تۇرغۇزۇلغان ياپونىيە -

ئامېرىكا خەۋپسىزلىك كاپالىتى سىستېمىسى ياپونىيە بىلەن ئامې-رىكا ئوتتۇرىسىدا توختىماي يۈز بەرگەن سودا توقۇنۇشلىرى تۈپەيلىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە نامدا بار ئەمەلدە يوق نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى، بىراق بۇ خىل ئەھۋال زۇڭ-تۇڭ كىلىنتون 2 ـ نۆۋەت ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە ياخشىلى-نىشقا باشلىدى. 1997 ـ يىلى بېيجىڭ شۇنداق بىر ئەمەلىي پا-كىتنى قول قوۋۋەتلىۈپ قوبۇل قىلماقتىن باشقا چارە تاپالمى-دى، يەنى ياپونىيە بىلەن ئامېرىكا خەۋپسىزلىك توغرىسىدا يېڭى ھەربىي كېلىشىم ھاسىل قىلدى، ئۇنىڭدا نۇرغۇن يېڭى پىرىن-سىپلار بەلگىلەندى؛ بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ياپونىيەدە تۇرۇشلۇق ئا-مېرىكا ئارمىيەسىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسى نىسبەتەن تار ئىدى ھەم ياپونىيەنىڭ تاقىم ئاراللار خەۋپسىزلىكىنى قوغداش مەسئۇ-لىيىتىنى ئۈستىگە ئالمىغانىدى، ئەمما يېڭى شەرتنامە كۈچكە ئى-گە بولغان كۈندىن تارتىپ ئامېرىكا قوشۇنىنىڭ ياپونىيەدىكى با-زىسى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىكى قوراللىق توقۇنۇشلاردا رولىنى جا-رى قىلدۇرالايدىغان، يەنە كېلىپ ياپونىيە بۇنداق ۋەقەلەردە ھەربىي جەھەتتىن ھەمكارلىشىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغان بولدى؛ شۈبھىسىزكى، ئۇ تەيۋەن رايونىدا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان توقۇنۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. نۇرغۇن كۆزەتچىلەر بۇ يېڭى ماددىلار جۇڭگونىڭ كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان ھەربىي كۈچى-گە قايتۇرۇلغان بىر ئىنكاس، دەپ قارىدى.

ئامېرىكا فىلىپپىندىكى ھەربىي بازىسىنى تاقاشقا مەجبۇر بولغانلىقتىن، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا رايونىدا بىرمەھەل خەتەرلىك ھوقۇق ۋاكۇئۇم ھادىسىسى كۆرۈلدى. ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسى-دىكى ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى يېقىن ئالاقە ئىلگىرىكىدەك رو-شەن بولمىسىمۇ، ئەمما كۆپ مەنبەلەشتى. ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسى

فىلىپپىندىكى بازىنى قولدىن بېرىپ قويۇشنىڭ تۆلىمى ھېسابىغا سىنگاپور ئايرودرومىنى ئىشلىتىدىغان، ھەتتا جىددىي ئەھۋالدا «ئاسىيا خاراكتېرى» ياكى «ئىتتىپاق تۈزمەسلىك»نى تەكىتلەيدىغان مالايشىيا ۋە ھىندونېزىيەنىڭ ئارقا سەپ ئۈسكۈنىلىرى، رېمونت ۋە باشقۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى ئىشلىتىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكىنىڭ تايلاند ۋە فىلىپپىن بىلەن بولغان قوش تەرەپلىك مۇداپىئە كېلىشىممۇ داۋاملىق رولىنى جارى قىلدۇردى، 1998 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئامېرىكا بىلەن فىلىپپىن دائىم ئورتاق ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈپ تۇرۇش كېلىشىمى ھاسىل قىلدى. بىراق، ھەممىلا ئىش ئامېرىكىنىڭ ئارزۇسىدەك بولىۋەرمىدى؛ ئۇ تايلاند بىلەن فىلىپپىننىڭ دېڭىز تەۋەلىكىدە نۇرغۇن ھەربىي مۇئەسسەسەلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلغانىدى، ئەمما شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتلەر ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ يوقىلاڭ باھانىلەرنى كۆرسىتىپ رەت قىلدى (1994 ـ يىلى). بىراق، ئامېرىكا بىلەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق ھەربىي مانېۋىر يىلمۇيىل ئۈزۈكسىز كۆپىيىپ باردى.

بىرۇنىي بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدىمۇ خەۋپسىزلىك كېلىشىمى ئىمزالاندى. بۇنىڭدىن سىرت، ئەنگلىيە يەنە ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە، مالايشىيا ۋە سىنگاپوردىن ئىبارەت ئەنگلىيە ئىتتىپاقىغا ئەزا بۇ بىرقانچە دۆلەت بىلەن ئورتاق ھالدا «بەش دۆلەت مۇداپىئە كېلىشىمى» ئىمزالىدى، بۇ ھازىرغا قەدەر ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى بىردىنبىر نورمال ئايلىنىۋاتقان رايون خاراكتېرلىك كۆپ تەرەپ مۇداپىئە تەشكىلى ھېسابلىنىدۇ. 1995 ـ يىلى ھىندونېزىيە بىلەن ئاۋستىرالىيەدىن ئىبارەت تىنچ ئوكياندىكى يوشۇرۇن ھەربىي رەقىب ھېسابلىنىدىغان بۇ ئىككى ئارال دۆلەت قوش تەرەپلىك ئىتتىپاق تۈزگەنلىكىنى جاكارلىدى. شەرقىي جەنۇ-

www.uyghurkitap.com

بى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا ئەللەر ھەربىي ئىتتىپاقتىن
گۇمانلىنىدىغان تەسەۋۋۇرلاردىن ئۆزىنى ئېھتىيات بىلەن قاچۇ-
رۇپ، تايلاند، سىنگاپور، ھىندونېزىيە ۋە مالايشىيالاردا بولۇۋاتقان
جامائەت پىكىرلىرىنى ئاڭلىماسقا سېلىپ يۈرۈۋەردى، ئەمما ئۇلار
قوش تەرەپلىك ھەربىي مانېۋىر، ئارمىيەنى تەربىيەلەش، ئوفىت-
سېرلار ئۇچرىشىشى، قورال - ياراغ ئىشلەپچىقىرىش ۋە چېگرا
ھەم دېڭىز پاسىلىنى ئورتاق نازارەت قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئى-
چىگە ئالغان تېخىمۇ يېقىن ھەربىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى.

شەرقىي ئاسىيا بىلەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا تەدبىر قوللى-
نىش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچىنى تەڭ-
پۇڭلاشتۇرۇشى كېرەك، بۇنداق يوشۇرۇن كۈچنىڭ قانداق مۇددىئا-
دا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى نۆۋەتتە مۆلچەرلەپ كېتەلمىسەكمۇ،
شۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار. زامانىۋى سىنگاپورنىڭ دۇنيا-
غا كېلىشىدىكى بۈيۈك پېشۋاسى لى گۇاڭياۋ جۇڭگونىڭ ھەربىي
كۈچىنىڭ ئېشىشىغا نىسبەتەن ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن، ئۇنىڭ ئىز
باسارى ۋۇ زودۇڭ — جۇڭگولۇقلار دۆلىتىنىڭ زۇڭلىسى (سىنگا-
پوردىكى جۇڭگولۇقلار ئومۇمىي ئاھالىنىڭ تەخمىنەن 75% نى
ئىگىلەيدۇ) — «جۇڭگوغا يېقىندى دۆلەت» بولۇش ئەندىزىسىنى ئې-
نىق ئىنكار قىلدى. ئاسىيا ئەللىرى جۇڭگونىڭ يوشۇرۇن تەھدى-
تىگە تاقابىل تۇرۇش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشچانلىق بىلەن ئىز-
دەنمەكتە، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئۇ-
رۇشتا قۇدرەتلىك جۇڭگو ئارمىيەسىنى يېڭىش ئىمكانىيىتى بول-
مىسىمۇ، كەم دېگەندە ئۇنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتقۇدەك ئەمەلىي
كۈچ ھازىرلىمىسا بولمايدۇ - دە؛ شۇنداق قىلالىسا كىشىلەرمۇ بۇ
تەھدىت كۈچى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئامېرىكا
بۇ رايوننىڭ خەۋپسىزلىكىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كې-

رەك، ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى تامامەن چېكىندۇرۇپ كېتىشىنى ھېچ-كىم ئاززۇ قىلمايدۇ. بىراق، ئۇ رايون خەۋپسىزلىكىدە ئاساسىي يېتەكچىلىك ئورۇننى ئىگىلىۋالماسلىقى كېرەك، كىشىلەر ئامې-رىكىنىڭ خەۋپسىزلىك مەسىلىسىدە مونوپول شەكلىدە ھەممىگە چات كېرىۋېلىشىنىمۇ خالىمايدۇ، بۇنداق قىلغاندا زىيادە بېسىم بولۇپ قالىدۇ ھەم شۇ تۈپەيلىدىن ئەنگلىيە بىلەن ئاۋستىرالىيەنىڭ بۇ رايونغا قول تىقىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈشى مۇمكىن، بۇنداق بول-غاندا بۇ رايوندا كۆپ خىللاشقان ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئىمپورت قىلىش ئەھۋالى كېلىپچىقىدۇ. قورال - ياراغ باھاسىغا چېتىلىد-غان مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبىدىن سىرت، يەنە شۇنىمۇ چۈشىنىپ يې-تىشىمىز كېرەك: جۇڭگو بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرالايدىغان كۈچ-نىڭ نىشانى ئېنىق بولسىمۇ، بىراق ئېھتىياتچان بولۇشقا توغرا كېلىدۇ ھەم ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ «مەركىزىي ئىمپېرىيە»گە مۇناسىۋەتلىك خەۋپسىزلىك سىياسەتلىرى جەھەتتە، بەزى ئىختىلاپلىق چەكلەش سىياسەتلىرى تۈپەيلىدىن ھەمكارلىق يوللىرىنى توسۇپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

## ئۆزگىرا تايىنىش مەنتىقىسى: شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى دائىرىسىدىكى رايون مۇنبىرى

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، 40 - يىللاردىن 60 - يىللارغا قەدەر مىللىي ئازادلىق دولقۇنى ئاسىيا ۋە ئافرىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى قاپلىدى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىـ-يادا نۇرغۇن مىللىي دۆلەتلەر يېڭىدىن قۇرۇلدى، بىراق شۇ تۈپەي-لىدىن تۈگىمەس زېمىن تالاش - تارتىشلىرىمۇ كېلىپچىقتى (تەپ-سىلاتىنى ئىلگىرىكى بايانلىرىمىزدىن بىلىۋالالايسىز). بۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چېگرا توقۇنۇشلىرىنىڭ خەۋپى 60 ـ يىللاردا ئەڭ روشەن بولدى؛ بۇ رايوندىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت ھىندونېزىيە زوڭتوڭ ئەھمەد سوئېكارنو ھاكىمىيەت تۇتقان دەۋردە جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، قارشىلىشىش سىياستى ئارقىلىق «دۈشمەن كۈچلەر»گە تاقابىل تۇرۇشقا ئۇرۇندى. 1963 ـ يىلى ھىندونېزىيە بىلەن مالايشىيا ئوتتۇرىسىدا بورنېئو ئىشتاتىدىكى بەزى رايونلارنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى تۈپەيلىدىن چېگرا تالاش ـ تارتىشى يۈز بەردى ھەم ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى بۇزۇلدى. ئەينى چاغدا پۈتكۈل رايونغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، جۇڭگو ـ ھىندىستان ئۇرۇشىدىن سىرت يەنە بىر مۇقىمسىزلىق ئامىلمۇ بار ئىدى. سوئېكارنونىڭ ئورنىغا دەسسىگەن زوڭتوڭ سوخارتو تەختكە چىققاندىن كېيىن، چېگرا تالاش ـ تارتىشلىرىنىڭ يەنىمۇ كۈچىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قولايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو ـ ھىندىستان ئۇرۇشىغا بىۋاستە قاتناشمىغان دۆلەتلەر ۋە رايونلارنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر سىياسىي كېڭەش مۇنبىرى قۇرۇشنى قارار قىلدى؛ بۇ دەل كېيىنكى شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپكى شەكلى ئىدى. ئۇنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقى، ياۋروپا خەۋپسىزلىك تەشكىلاتىدىن ئىبارەت ياۋروپادىكى خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىدا ئىخچام بولغان دائىملىق ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى ۋە تەشكىلى كەمچىل، ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ياۋروپا خەۋپسىزلىك تەشكىلاتى ھەر يىلى قەرەللىك تۆردە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنى ئۆتكۈزگەندىن سىرت، ساھىبخانا دۆلەتتە يەنە باش ئەلچى دەرىجىلىك كېڭەش ۋە بىر قاتار مەخسۇس كومىتېتلار تەسىس قىلىندۇ. بىراق، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى دائىـ

مىي كېڭەش مۇنبىرى ھەر يىلى ئوخشىمايدىغان دەرىجىلىكلەر بو-يىچە كۆپ بولغاندا 200 قېتىمدىن ئارتۇق سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ توقۇنۇشلارنى ھەقىقىي تۈردە ئۈنۈملۈك مۇرەسسە قىلىپ بولالماي-دۇ، بىراق ئەزا ئەللەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئىشىنىشنىڭ ئۈزلۈك-سىز كۈچىيىپ بېرىشى بىلەن بۇ توقۇنۇشلارمۇ ئىش كۆنتەرتىپى-دىن تەدرىجىي يوقايدۇ ھەم بۇ رايوننىڭ سىياسىيسىغا رېئال تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا ئەللەر ئور-تاق خەۋپسىزلىك مىزانىغا رىئايە قىلىدۇ، يەنى رايون مۇقىملىقى، ئەزا ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشنى كۈچەيتىش بىلەن ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى كۈچەيتىش بىر-بىرىگە چىڭ باغلانغان بولىدۇ. ھىندونېزىيە «دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۈچى» ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋاپىق باغلىنىش دەپ بىلىدىغان بۇ مىزان ئاخىر تەرەققىي قىلىپ شەرقىي جەنۇبىي ئاسى-يا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا ئەللەرنىڭ ئورتاق ئىدىيە پەلسەپىسى-گە، بۇ تەشكىلاتنىڭ ھەرىكىتى، نىشانى ۋە يەنىمۇ تەرەققىي قىلى-شىنى بەلگىلەيدىغان ھەرىكەت ئاساسىغا ئايلىنىپ قالدى. ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى دۆلەت ئالاھىدىلىكىدىن ھالقىغان ئىق-تىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلى ئەمەس، بەلكى سىياسىي رامكا شەرت-لىرىنى تۈزىدىغان ۋە ياخشىلايدىغان ماسلاشتۇرۇش كومىتېتى، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى مۇشۇ قائىدە ئاسا-سىدىلا ئۈنۈملۈك رول ئوينىيالايدۇ.[1]

---

① سۇسانني فېكسى: «رايون خەۋپسىزلىك ئەندىزىسى»، بادېن - با-دېن، 1991 - يىلى نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى توسۇش جەھەتتە بەزى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، بۇلار شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ 1976 ـ يىلى مۇھىم بىر قەدەمنى بېسىشىغا تۈرتكە بولدى، ئەينى چاغدا شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى كېڭەيتىش ئۈستىدە تىرىشىپ، ئەسلىدىكى ئاساستا نۇرغۇن يېڭى مېخانىزملارنى ئورناتتى. زۆرۈر تېپىلغاندا، ئەزا ئەللەر ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى جىددىي كېڭىشىپ، باشلىقلار يىغىنى ياكى مىنىستىر دەرىجىلىكلەر يىغىنى ئۆتكۈزىدىغان بولدى؛ ئەزا ئەللەرنىڭ ئىقتىساد مىنىستىرلىرى قەرەللىك خىزمەت يىغىنى ئاچىدىغان بولدى ھەم شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا كىچىك كۆلەمدىكى كاتىبات باشقارمىسى بار بولدى. «شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا دوستلۇق، ھەمكارلىق شەرتنامىسى»نىڭ ئىمزالىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىتتىپاقنىڭ ئاساسلىق تەشكىلىي نىشانى، يەنى تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش ۋە ئۆزئارا ماسلىشىش تۈنجى قېتىم ھۆججەت شەكلىدە ئېنىق بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇمۇ شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنى باشقا ئەللەرنى ئىتتىپاققا كىرىشكە جەلپ قىلىدىغان قورالغا ئىگە قىلدى، چۈنكى بۇ كېلىشىم ئىتتىپاققا ئەزا بولمىغان ئەللەرگىمۇ ئوچۇق بىلدۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ شەرتنامىگە قاتنىشىش شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ نامزاتلارنى رەسمىي ئەزالىققا قوبۇل قىلىشىدىكى تەييارلىق باسقۇچى ئىدى. شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى 1984 ـ يىلى تۇنجى قېتىم كېڭەيدى، سىنگاپور، مالايشىيا، تايلاند، ھىندونېزىيە ۋە فىلىپپىندىن ئىبارەت ئىتتىپاقنى قۇرغۇچى بۇ بەش ئەزا دۆلەتتىن كېيىن، بىرۇنېي مۇشۇ تەشكىلاتقا

ئەزا بولۇپ كىردى.

شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا ئەللەر ۋى-يېتنامنىڭ كامبودژارغا تاجاۋۇز قىلىش مەسىلىسىدە باشتىن - ئاخىر بىردەك مەيدانىنى ساقلىدى، بۇ شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى يىللاردىكى مۇھىم بىر تۇرلۇك سىيا-ياسىي نەتىجىسى. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، 1991 - يىلى كامبودژا مەسىلىسى ئۇزۇل - كېسىل ھەل بولغاندىن كېيىن، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى ئەڭ ئاخىرىدا ساقلىنىپ قالغان بەش كوممۇنىستىك دۆلەت (جۇڭگو، كۇبا، ۋىيېتنام، چاۋشيەن ۋە لائوس — تەرجىماندىن)نىڭ بىرى بولغان ۋىيېتنامنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ۋىيېتنامنى ئەزا-لىققا قوبۇل قىلدى. ۋىيېتنام 10 مىڭ كۈنلۈك ئۇرۇش (ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن 1945 - يىلى ۋىيېتنام مۇستەقىللىق جاكارلىغاندىن تارتىپ 1976 - يىلى ۋىيېتنامنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالى بىرلىككە كەلگۈچە بولغان 30 يىلنى كۆرسىتىدۇ، بۇ مەز-گىلدە ۋىيېتنام - فىرانسىيە ئۇرۇشى ۋە ئامېرىكىنىڭ ۋىيېتنام-نىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىششىغا قارشى ئۇرۇش جەمئىي 10 مىڭ كېچە - كۈندۈزدىن ئارتۇق داۋاملاشقان — تەرجىماندىن)، كامبود-ژاغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، خا-رابىگە ئايلانغان بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسى شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى باشقا ئەللەردىن كۆپ ئارقىدا قالغانىدى. بۇ ھالدا ۋىيېتنام قوشنا ئەللەرگە ئەگىشىپ، تېزدىن بازار ئىگىلىكى تەرەققىيات يولىغا مېڭىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بى-لەن شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا ئەللەر ئىل-گىرى ئۆزلىرى بىلەن ئىناق ئۆتمىگەن بۇ قوشنىسىغا قارىتا ئۆز-

ئارا تايىنىش ۋە بىر گەۋدىلىشىش مەنتىقىسىنى قوللاندى؛ بىر گەۋدىلەشتۈرۈش پرىنسىپى ۋىيېتنامنى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرەتتى. كۆپچىلىك بۇنداق يۈزلەندۈرۈشنىڭ ۋىيېتنام رەھبەرلىرىنىڭ قىزىقىشىنى ئىدېئولوگىيە ۋە زېمىن تالاش ـ تارتىشى قاتارلىق مەسىلىلەردىن ئىقتىسادىي ھەمكارلىققا بۇراپ، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى زىددىيەتلىك سىياسىتىدىن ۋاز كېچىشىگە ياردىمى بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئوخشاشلا بۇ «پەرىشتىخانا» كامبودژا، لائوس ۋە بېرمىلارغىمۇ ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋەتتى، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىچكى ئەھۋالىنىڭ يامانلىشىشى تۈپەيلىدىن خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ «بېشىنى قاتۇرىدىغان مەسىلە»گە ئايلىنىپ قالغانىدى. ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇشى بەزى دۆلەتلەرنىڭ دېموكراتىيەلىشىشىنى كۈچەيتىشى ئۈچۈندۇر (مەسىلەن، ئىبېرىيە يېرىم ئارىلى ۋە گىرېتسىيە)، ئەمما شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا ئەللەر بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىتتىپاقنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۈزۈكسىز كېڭىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۈشمەنلىشىش كەيپىياتىنى يوقىتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە سىياسىي ئىشەنچ تۈيغۇسىنى تۇرغۇزۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئەلۋەتتە جۇڭگونىڭ يوشۇرۇن تەھدىتىگە يۈزلىنىشمۇ يەنە بىر مۇھىم ئامىل، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى كېڭىيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نىسپىي ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرالايدۇ، ئەمما جۇڭگو كامبودژا ۋە بېرما بىلەن يەۋقۇلئاددە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئەلۋەتتە بۇنداق مۇناسىۋەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىرىكىش كۈچى نەزەردە تۇتۇلماستىن، ئىستراتېگىيە نەزەردە تۇتۇلغان. شۇنداق قىلىپ، نۇرغۇن سەۋە-

لەرنىڭ ئورتاق تەسىر كۆرسىتىشى كېڭىيىش مەسىلىسىدە ئۇزاق-تىن بۇيان دېلىغۇل بولۇپ بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقان تايلاند ۋە فىلىپپىن ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئاخىرىدا يەنىلا كىشىنى قاتتىق چۆ-چۈتىدىغان ئىنسانىي ھوقۇق رېكورتىغا قارىماي بىرمىنىڭ ئىتتى-پاققا كىرىشىگە قوشۇلۇشىغا تۈرتكە بولغان.

شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى بۇ قېتىملىق كېڭىيىشتىن ئىلگىرى ئەزا ئەللەر بۇ رايون خاراكتېرلىك دۆلەت-لەر تەشكىلاتىنىڭ تارىخىي بۇرچى ئۈستىدە 1992 - يىلى سىنگا-پوردا ئېچىلغان باشلىقلار يىغىنىدا يېڭىباشتىن مۇزاكىرە قىلدى. كۆپچىلىك ئورتاق بىر ئىقتىسادىي، سىياسىي نىشاننى، يەنى 2008 - يىلىدىن ئىلگىرى شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىت-تىپاقى ئەركىن سودا رايونىنى قۇرۇشنى تۈنجى قېتىم بېكىتتى. يەنە بىر مۇھىم قارار خەۋپسىزلىك سىياسىتىگە ئالاقىدار مەسىلە بولۇپ، رايون خەۋپسىزلىكى مەسىلىسى ئاخىر شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئىش كۈنتەرتىپىگە رەسمىي قو-يۇلدى. بۇلاردىن سىرت، ئىتتىپاقنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى ۋە تۈ-زۈلمىسى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى دۆلەت باشلىق-لىرى ۋە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى قەرەلسىز ئۇچرىشىپ تۇراتتى، ئەمدى كەم دېگەندە ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئۇچرىشىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مالىيە ۋە خادىملارنى سەپلەش جەھەتتە شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ كۈندىلىك يادرو-لۇق ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى — كاتىبات باشقارمىسىنىڭ رولى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.①

---

① سۇسانىي نىكو پېتېنكلېين، بارا بارا درېيس: «مەھەللىۋازلىق ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىـ-يادىكى ھەمكارلىقى».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مۇئەييەن دەرىجىدىكى بىردەك-لىك ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىن، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا ئەللەر بىلەن تاشقى كۈچلەرنىڭ مۇناسىۋىتى مە-سىلىسىگە تۇتۇش قىلىندى، بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ خەۋپ-سىزلىكىگە تەھدىت سېلىۋاتقان يوشۇرۇن ئاپەتلەرنى نەزەرگە ئې-لىشقا توغرا كېلەتتى، ياپونىيەنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا ئەلۋەت-تە بولمايتتى، جۇڭگو چوڭ قورۇقلۇقىغا تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا توغرا كېلەتتى. كېيىنكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلى-دە، بىر جەھەتتىن ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە «قويۇق ئالاقە قىلىش» (ئامېرىكا بىلەن ياپونىيەنىڭ خەۋپسىزلىكنى قوغداش شەرتنامىسى تۈزۈپ تۇرغان ئامېرىكا - ياپونىيە ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ — تەرجىماندىن) ئارقىلىق ئۆتمۇشتىكى شەرقىي ئا-سىيا سامۇرايلىرىنىڭ تەھدىتىنى تۈگەتتى؛ يەنە بىر جەھەتتىن، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى ئىتتىپاق شەكلى ۋە ھەربىي ھازىرلىقلارنى كۈچەيتىش ئارقىلىق جۇڭگو چوڭ قۇرۇق-لۇقى بىلەن تەڭپۇڭ ھالەتنى ساقلىدى؛ ئەمما، رايون خەۋپسىزلى-كىدە بۇنداق خەۋپسىزلىك كاپالەت ئەندىزىسىنى بىردىنبىر ئاساس قىلىۋېلىشقا بوگۇنكى كۈندە تولۇق ئىشەنچ قىلىپ كەتكىلى بول-مايدۇ. سىياسىي كېڭەشىش ئارقىلىق تۇرغۇزۇلغان ئىشەنچ مېخا-نىزمىنى رايون سىرتىغىچە كېڭەيتىش كېرەك، 1994 - يىلى مەي-دانغا كەلگەن شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى رايون مۇنبىرى (ARF) دەل مۇشۇ مەقسەتتە قۇرۇلغان. بۇ قېتىملىق ئۇچ-رىشىشقا شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا ئەللەر-نىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرىدىن سىرت، ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە، ياپونىيە، جۇڭگو، كورېيە، لائوس، كامبودژا ۋە پاپۇئا يېڭى گىۋىنىيەسى قاتارلىق ئەللەرنىڭ دىپلوما-

تىيە مىنىستىرلىرىمۇ تەكلىپكە بىنائەن قاتناشتى. ياۋروپا ئىتتىپاقىمۇ يىغىنغا ۋەكىل ئەۋەتتى. بۇ مۇنبەرنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، هازىر ھىندىستانمۇ تەكلىپكە بىنائەن قاتناشماقتا. شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ رايون مۇنبىرى كېڭىشىش شەكلى ئارقىلىق تىنچ، پۇختا ھەم ئالدىن كۆرەرلىك يوسۇندا ئىستراتېگىيەلىك قاتلام شەكىللەندۈرۈشنى ئۆزىنىڭ نىشانى قىلدى. جۇڭگونى بۇ كۆپ تەرەپلىك مۇنبەرگە جەلپ قىلىش ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر باسقۇچ بولدى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى جۇڭگو بەزى جەھەتلەردە زومىگەرلىك خاھىشىنى ئىپادىلىگەن، قوشنا ئەللەر بىلەن تالاش - تارتىش قىلىنىۋاتقان زېمىن مەسىلىسىدە، بولۇپمۇ ئىككى تەرەپ توقۇنۇشىدا، كۈچلۈك تەرەپ ھېسابلىنىدىغان جۇڭگو ئەلۋەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى. كۆپ تەرەپلىك مۇنبەرنىڭ تەسىر كۈچى ئالدى بىلەن 1995 - يىلى 12 - ئايدا ئىپادىلەندى، ئۇ چاغدا جۇڭگو ئارمىيەسى ئەمدىلا مېيجى مارجان خادا تاشلىرى تەۋەلىكىنى ئىشغال قىلغانىدى، ئەمما مۇنبەردىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ تەلىپىنى نەزەردە تۇتۇپ، جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرى شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ رايون مۇنبىرىدە تەلەپكە ماقۇل بولماقتىن باشقا چارە قىلالمىدى، شۇنداق قىلىپ جۇڭگو زېمىن تالاش - تارتىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، يېڭى دېڭىز - ئوكيان قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇ جۇڭگونىڭ كۆپ تەرەپلىك رامكا ئىچىدە بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشقا تۇنجى قېتىم قوشۇلۇشى بولۇپ، بۇنى ھەقىقەتەن بىر ئىلگىرىلەش دېمەي بولمايدۇ.

شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ رايون مۇنبە-

ـرى بۇ ئارىلىقتا ئاچقان خىزمەت يىغىنلىرىدا، يىغىندا قاتناشقان ئەللەر كېڭەشكەن مەسىلىلەر كۆپ ساھەگە چېتىلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئۆزئارا ئىشىنىدىغان ھەمكارلىق مېخانىزمىنى قانداق تۇرغۇزۇش، تۇرلۇك كىرىزىسلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرى، ئۆزئارا تىنچ ئۆتۈش، سودىغا مەبلەغ سېلىش ئەركىنلىكى ۋە تالاش ــ تارتىشنى ياراشتۇرۇشتىكى تىنچلىق ۋاسىتىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1997 ــ يىلى جۇڭگو تۇنجى قېتىم ئۇنىڭدىكى بىر خىزمەت كومىتېتىدا رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئادەم ئىشىدىكى بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش ئەنئەنىۋى دىپلوماتىيە قائىدە ــ يوسۇنلىرى ياكى ئادەتلىرى بويىچە بولسىمۇ، بىراق ئۇ شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى رايون مۇدىبىرىنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا «ئىككىنچى خىل يول»نى ئېپچىل بەردى. بۇ خىزمەت كومىتېتى ئامېرىكا، ياۋروپا ئىتتىپاقى، ئاۋستىرالىيەدىن كەلگەن بەزى ئاپپاراتلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، بىرقاتار مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەزا ئەللەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئوفىتسېرلىرىنى قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. بۇ سۆھبەتلەرنىڭ غەيرىي ھۆكۈمەت ئالاھىدىلىكى تېخىمۇ مەزمۇنلۇق بولغان ماھىيەتلىك مۇلاھىزىلەرنى مۇمكىنچىلىككە ئايلاندۇردى، بۇ تەرىپىنى مەن چوڭقۇر ھېس قىلدىم. شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا ئەللەر مۇشۇنداق يول ئارقىلىق جۇڭگونىڭ مىللىي ئىمپېرىيە قۇرۇش خاھىشىنى تەدرىجىي يوقىتا چىقىرىشنى ياكى ھېچبولمىغاندا نۆۋەتتىكى زېمىن تالاش ــ تارتىشلىرىغا ئالاقىدار زىددىيەت ــ توقۇنۇشلارنىڭ يەنىمۇ كەسكىنلىشىپ كېتىشىنى توسۇشنى ئارزۇ قىلاتتى، جۇڭگونىڭ قىزىقىشىنىڭ تەدرىجىي دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا، خەلق-

نىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە يۈتكىلىشىگە ئەگىشىپ، ئاخىرىدا ئۇنىڭ مىللىي ھوقۇق كېڭەيمىچىلىكىگە بولغان ئۇمىدى-مۇ بىر چەتكە قايرىپ قويۇلدى.

بۇ گەپنىڭ ھېچقانداق ئاساسمۇ يوق ئەمەس، چۈنكى زېمىن توقۇنۇشى جەھەتتىكى تەسىرلەر پەقەت جۇڭگو سىياسىيسىنىڭ بىر تەرىپى، خالاس. بولۇپمۇ يېقىنقى بىر قانچە يىلدا، جۇڭگو قوشنا ئەللەر بىلەن خەۋپسىزلىك سىياسىتى قاتارلىق مەسىلىلەر جەھەتتە چۈشىنىش ۋە ئىشەنچ ھاسىل قىلىش ئۈستىدە ئىزدەندى. شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى رايون مۇنبىرىگە قاتنىشىش كۆپ باسقۇچ ئىچىدىكى بىر تۈر. 1997 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، جۇڭگو بىلەن رۇسىيە چېگرادا تۇرۇشلۇق ئارمىيەنى ئازايتىش ئىدىشىدا بىردەك پىكىرگە كەلدى، موسكۋا شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىگە قارىتىلغان «يېڭىچە ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى» دەپ راسا ماختاپ ئۇ-چۇرغان بۇ ئىش جۇڭگوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، چېگراسى نەچچە مىڭ كىلومېتىرغا سوزۇلغان قوشنا دۆلەت بىلەن يارىشىش سىيا-سىتى ئاساسىدا ئۆزئارا ئەپۇ قىلىشنىڭ بىر باسقۇچىلا بولۇپ، بۇ ئىككى دۆلەت شەرقىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئەمدى ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرمايتتى، بىراق بۇنىڭلىق بىلەن ئوتتۇرىدىكى ئىختىلاپ ھېچقانچە پەسەيگەندەك قىلمايتتى. ھىندىستان بىلەن 3840 كىلومېتىرلىق چېگرانى ئايرىش مەسىلىسىدە، جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئۇزاق مەزگىللىك مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان بو-لۇشى مۇمكىن. 1996 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئىككى تەرەپنىڭ كېلىـ-شىمىگە ئاساسەن، چېگرادا تۇرۇشلۇق ئارمىيە ئازايتىلدى ھەمدە چېگرا رايون قوماندانلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇزاققىچە ئۇچۇر ئالماش-تۇرغىلى بولىدىغان مەخسۇس تېلېفون لىنىيەسى (قىزىل تېلې-

فون) تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بېيجىڭ ياپونىيە بىلەنمۇ چۈشىنىش كېلىشىمى ھاسىل قىلدى، ئىككى تەرەپ خەۋپسىزلىك مەسىلىسىدە دائىم مەسلىھەتچىلىك خاراكتېرىدە سۆزلىشىپ تۇرۇشقا قوشۇلدى. ياپونىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىدىكى تارىخىي قالدۇق مەسىلىلەر ۋە ياپونىيەنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جۇڭگونى ھەربىي يادرو ھازىرلىقلار مەسىلىسىدە ئاشكارا تەنقىد قىلىش پوزىتسىيەسىنى نەزەرگە ئالغاندا، جۇڭگونىڭ بۇنداق يول قويۇشىنى ئەمەلىيەتتە ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىش دېگىلى بولمايدۇ.

بۇلاردىن سىرت، جۇڭگو يەنە كۆپ تەرەپلىك ئىشىنىش مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇشقا ئائىت بىرقاتار سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللاندى؛ جۇڭگو رەھبەرلىرى 1996 ـ يىلى 4 ـ ئايدا رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستاننىڭ دۆلەت باشلىقلىرى بىلەن شاڭخەيدە ئۇچراشتى، يىغىندا قاتناشقان تەرەپلەر ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى چېگرادا تۇرۇۋاتقان ئارمىيەنىڭ سانىنى ئازايتىش، چېگراغا يېقىن رايونلاردا ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈشتە قانداق ئۇسۇلنى قوللىنىشتىن ئۈزۈپ قاتنىشىدىغان ئادەم سانىنى چەكلەش ھەمدە ئالدىنئالا قوشنا دۆلەتكە مەلۇم قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەردە كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىدىن سىرت، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى (APEC) مۇ كۆپ تەرەپلىك سودىدىكى ئىككىنچى ئىنتىلىش ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانى 2020 ـ يىلىدىن ئىلگىرى تىنچ ئوكيان رايونىنى قاپلىغان بىر ئەركىن سودا رايونىنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ رايون مۇنبىرىگە قاتناشقان دۆلەتلەر (ياۋروپا ئەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاسىيا، تىنچ ئوكيان ئىقتىد-

سادي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ يىللىق يىغىنىدا، ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى كېڭەشكەندىن سىرت، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوت-تۇرا ئامېرىكا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ئەللەرنىڭ بۇ تەشكىلاتنىڭ يىللىق يىغىنىغا قاتنىشىش ئەھۋاللىرى ئۇزۇكسىز كۆپىيىپ بار-ماقتا. ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى شەرقىي ئاسىيادىكى ئەللەرنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئەللەر بى-لەن ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە قى-زىقىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى؛ ئېكسپورت سوممىسى ئىچكى ئىش-لەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 40% ىنى ئىگىلەيدىغان جۇڭ-گو (بۇ نىسبەت گېرمانىيەنىڭكىدىنمۇ يۇقىرى) ئېكسپورت مەھ-سۇلاتلىرىنىڭ 40% ىنى ئامېرىكىغا چىقىرىدۇ، گېزى كەلگەندە شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، جۇڭگونىڭ رىقابەتچىسى ئاساسلىقى ئاسىيادىكى ئۇنىڭغا قوشنا ئەللەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تا-ۋارلىرى ئامېرىكا بازارلىرىدا بىر - بىرىنى يەكلەپ، ئۆزئارا رىقا-بەتلىشىدۇ؛ بۇنداق ئەھۋالنىڭ غەربكە قارشى ئاسىيا ئىقتىسادىي ئىتتىپاقىدا كۆرۈلۈشى ئانچە مۇمكىن ئەمەس. بۇلاردىن سىرت، ئامېرىكا (كانادانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مۇ ئۆزىنىڭ ياۋروپادىكى مەنپەئەت دائىرىسىنى ئۈزۈكسىز كېڭەيتىشكە ئىنتايىن قىزىقىدۇ. مالايشىيانىڭ ئامېرىكا، كانادا ۋە ئاۋستىرالىيە قاتارلىق غەرب ئەل-لىرىنى يەكلەيدىغان، تامامەن «ساپ ئاسىيا ئىقتىسادىي تەشكىلى» قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپىگە بىر تەرەپتىن، ياپونىيە قاتتىق قارشى چىقتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مالايشىيانىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەمراھ دۆلەتلىرى بۇ تەكلىپكە تازا قىزىقمىدى، شۇ-نىڭ بىلەن بۇ تەكلىپمۇ روياپقا چىقمىدى. 1997 - يىلى 12 - ئاي-دا ئاسىيا ئەللىرى ئامېرىكا قاتناشمىغان ئەھۋالدا بىر يەرگە جەم بولدى، ئەمما يىغىندا مالايشىيا دىپلوماتىيە مىنىستىرى ئالدى بى-

لەن جىددىي تەلەپپۇزدا بايانات ئېلان قىلىپ، «ئاسىيا»نىڭ ئاسىيا ئىقتىسادىي ئىتتىپاقىنى قۇرۇش پىلانى يوقلۇقىنى بىلدۈردى.

ئاسىيا ئۇسلۇبىدىكى مەھەللىۋازلىق ۋە بىر گەۋدىلەشتۈرۈش نۇرغۇن جەھەتتىن ياۋروپانىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ شەكىلگە تېخىدمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەمما ماھىيەتلىك مەزمۇن كەمچىل، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قانۇنىي ئاساستا بېكىتىلگەن تۈزۈملىرىمۇ بىرقەدەر ئاز بولۇپ، بىرەسمىي تۈس ئالغانلىرى تېخىمۇ كۆپ. رايونىڭ كۆپ تەرەپلىك سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت دائىرىسىدە، ئىككى تەرەپنىڭ سۆزلىشىشى يەنىلا مۇھىم نۇقتا ھېسابلىنىدۇ، شۇغىنىسى يۈز بەرگەن مەسىلىلەر ھەمىشە كېيىنگە سۆرۈلۈپ، ۋاقتىدا ھەل قىلىنمايدۇ. بىز يۇقىرىدىكى پەرقلەرنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك، ئۇنىڭ مەسىلىلەرنى تېگى - تەكتىدىن چۈشىنىشىمىزگە كۆپ ياردىمى بار. ئەمما، ئىككىسىنىڭ مۇددىئاسى ۋە ئۇسۇلى ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، سىياسىي جەھەتتىكى بىردەكلىكنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ئۇ سودا دۆلەتلىرىنىڭ تۈپ ئارزۇسى ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىنى خورىتىدىغان سىياسىي توقۇنۇشلاردىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سودا ۋە قاتناشنىڭ رامكا شارائىتىنى ياخشىلاش ئىكەنلىكىنى؛ ئەڭ ياخشىسى رايون ئىچى سىرتىدىكىلەر بىلەن ئۇزۈكسىز كېڭىشىش ۋە بىر گەۋدىلىشىش ئارقىلىق بۇ نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەكلىكىنى؛ ئىقتىساد ۋە خەۋپسىزلىك سىياسىتىگە ئائىت مەسىلىلەردىكى تونۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىقتىسادىي مۇھىت خەۋپسىزلىكنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئەمما خەۋپسىزلىك سىياسىي مەسىلىسى ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېغىر زىيان يەتكۈزمىگەن ئەھۋالدىلا خەۋپسىزلىك ھەقىقىي ئىشقا ئاشىدۇ. بۇ نۇقتا ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى مەھەللىۋازلىقتا تامامەن بىردەك.

**ئىجتىمائىي دۇنيانىڭ مەنتىقىسى: ئاسىيادىكى ئەللەر-نىڭ ئىچكى هاياتىي كۈچى**

ئاسىيانىڭ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش سىياسىتى دۆلەتلەر دۇنياسىنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. يېقىنقى بىرقانچە يىل-دىن بېرى خەلقئارالىق هەمكارلىق يۈزلىنىشىنىڭ بارغانسېرى روشەنلىشىشى (ئاساسلىقى ئىقتىساد ۋە خەۋپسىزلىك سىياسىيسى جەهەتتە) بۇ قانۇنىيەتنىڭ بىۋاستە ئىنكاسىدۇر. خەلقئارالىق هەمكارلىق سودا دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسىي ئالاهىدىلىكى بولۇپ، سو-دا دۆلەتلىرى هوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ئەمەس، بەلكى ئىج-تىمائىي پايدىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. بىراق، ئاسىيامۇ ياۋروپاغا ئوخشاش ئۈچىنچى قېتىملىق دولقۇننىڭ سىنىقىنى، يەنى ئاسىيا جەمئىيە-تىنىڭ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈشى كېرەك.

غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز مىليونلىغان ئاۋامنىڭ بىر دەۋر-دىن يەنە بىر دەۋرگە ئۆتۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ماتې-رىياللاردا مۆلچەرلىنىشىچە، نۆۋەتتە هىندىستاندىكى ئوتتۇرا بۇر-ژۇئازىيەنىڭ سانى 200 مىليوندىن ئاشقان ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن؛ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئاخىرلاشقاندا (1976 ـ يىلىدىن 1977 ـ يىلىغىچە) جۇڭگونىڭ يېزا نوپۇسى 850 مىليون-دىن ئاشىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى نامراتلىقتا ياشايت-تى، ئىسلاهات ـ ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېي-يىن، بۇلارنىڭ تۇرمۇشى كۆپ ياخشىلاندى؛ بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭ-گودا كەم دېگەندە 120 مىليون ئىشلەمچى يېزا بىلەن شەهەر ئوت-تۇرىسىدىكى يولدا ئالدىراش يۈرمەكتە، دىققەت قىلىشقا تېگىشلى-كى شۇكى، بۇ سان گېرمانىيە نوپۇسىنىڭ 1.5 هەسسىسىگە توغرا

كېلىدۇ؛ ئوخشاشلا ئاسىيادىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەر، مەسى-
لەن، ۋيېتنام، ھىندىستان ۋە ھىندونېزىيەنىڭ شەھەرلىشىش قە-
دىممۇ تېزلىشىپ، نۇرغۇن يېزا ئاھالىسى شەھەرگە كىردى، بۇ
«يېڭى كۆچمەنلەر» كوممۇنىستىك پارتىيە (جۇڭگو، ۋيېتنام)نىڭ
ئورگان كادىرلىرى ياكى دۆلەت بىيۇروكراتلىرى (ھىندىستان،
ھىندونېزىيە)نىڭ ھامىيلىق دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ،
ئەسلىدىكى جەمئىيەت مۇقىملىقى مېخانىزمى زەربىگە ئۇچرىماقتا.
يەنە بىر جەھەتتىن، يېڭى ئىقتىسادمۇ يۈز مىليونلىغان ئاۋامغا يې-
ڭى پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. جۇڭگونىڭ كېيىنكى ئىسلاھات قەدى-
مى، يەنى دۆلەت كارخانىلىرىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئىسلاھاتى
كېيىنكى نۆۋەتلىك غايەت زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ
چىقىرىدۇ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى پەرەز قىلماق تەس. دۆلەت بىۋاستە
ياكى ۋاستىلىك يوسۇندا داۋاملىق تىزگىنلەيدىغان دۆلەت كارخا-
نىسىنى ئەسلىدىكى 300 مىڭدىن 3000 ئىخچاملاشتا، 110 مىليون
ئادەم شۇ تۈپەيلىدىن زەربىگە ئۇچرايدۇ.

دەلىل ـ ئىسپاتلار شۇنى ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇكى، ئىسلاھاتنىڭ
چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت جەمئىيەتتىكى
ھەرقايسى ساھەنى ئىلگىرىكىدەك قاتتىق، ئوڭاي تىزگىنلەپ
بولالماي قالىدۇ. ھىندىستاندىكى ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە قاتلىمى دۆ-
لەتنىڭ ئىقتىسادىي بىيۇروكراتلىرىنىڭ ئېزىشى ۋە ھۆكۈمرانلىد-
قىدىن ئازاد بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈ-
رۈش ئالدىدا تۇرىدۇ؛ جۇڭگودىكى ئىقتىسادى ئالاھىدە رايونلارمۇ
مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تىزگىنلىشىدىن قۇتۇلۇپ، مۇئەييەن يەر-
لىك ھوقۇققا ئېرىشمەكچى بولۇۋاتىدۇ؛ خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى-
نىڭ كارخانا قۇرۇپ سودا قىلىش ھەرىكەتلىرىنىمۇ مەركىزىي ھۆ-
كۈمەت نازارەت قىلماسلىقى مۇمكىن، بۇ ھەربىي ئىشلاردا ئېھتى-

ياجلىق بولغان ماددىي ئەشيالارنى ئېكسپورت قىلىشنى تىزگىن-لەشنى كۈچلۈك ئارزۇ قىلىدىغان غەرب ئەللىرىگە نىسبەتەن ئېيت-قاندا، نېمىدېگەن قامللاشمىغان، قورقۇنچلۇق نەتىجە - ھە! (ئاپتور جۇڭگونى تازا چۈشىنىپ كەتمىگەچكە شۇنداق يازغان، ئەمەلىيەتتە جۇڭگونىڭ ئارمىيەدىكى كارخانىلىرى بارلىققا كەلگەن كۈندىن تار-تىپ باشتىن - ئاخىر ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكى ۋە نازارىتىدە بو-لۇپ كەلدى، دۆلەتنىڭ سىياسەت - فاڭجېنلىرىغا بويسۇندى، شۇڭا تىزگىندىن چىقىپ كېتىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. 2000 - يىلى ئارمىيەدىكى كارخانىلارنىڭ ھەممىسى يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىد-لىپ، جۇڭگو ئارمىيەسىدىكى كارخانىلار مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتتى. ئاپتور بۇ يەردە ئوشۇقچە ئويلاپ كەتكەن — تەرجىماندىن).

ئىقتىسادىي پائالىيەتنى سىياسەت ئارقىلىق چەكلەيدىغان دۆ-لەتلەر، مەسىلەن، شىمالىي چاۋشيەن ۋە بېرما چوڭقۇر يارنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ قالدى، ئۇلار ئۆزىگە قوشنا ئەللەردىن كۆپ ئارقىدا قېلىشى، سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا ئەللىرد-گە ئوخشاش ئەڭ تەرەققىي قىلمىغان دۆلەت قاتارىغا چۈشۈپ قېلد-شى مۇمكىن. ئاسىيادا باشقا رايون ۋە دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بازار ئىگىلىكىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان رامكا شارائىتلىرىنى ياراتتى ھەمدە مۇناسىپ يېڭى باج سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۆنى ئىلگىرىكى مونوپول خاراكتېرلىك دۆلەت كارخانىلىرى كىرىمىنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى، چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنى جەلپ قىد-لىش ئاسىيادىكى بۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ سىياسەت نىد-شانىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار دۇنيا سودا سىستېمىسىغا ئوچۇقلۇق كىرىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، بىرقاتار ئېتىبار شەرتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى ھەم بۇ جەھەتتە ئۆزئارا رىقابەتلەشتى. بۇ

ئىشلار غەرب جەمئىيىتىمىزگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. بىز ئاسىيا ئىقتىسادىدىكى قالتىس نەتىجىلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنىڭ تاشقى ئىقتىسادىي پارامېتىرلارنىڭ تىزگىنلىشى ئاستىدا قولغا كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدۇق. شۇ تۈپەيلىدىن بۇنداق تەرەققىيات نۆۋەتتە مۇئەييەن چەكلىمىگە ئۇچراۋاتىدۇ، كىشىلەر غەربتىكى مۇھىم سودا ھەمراھلىرىنى «خاپا» قىلىپ قويۇشنى خالىمايدۇ، «ئادىل بولمىغان ئۇششاق» ئىشلار سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نەتىجىلىرىگە تەۋەككۈل قىلغۇسى كەلمەيۋاتىدۇ، ياپونىيەدىن تارتىپ جۇڭگوغىچە ھەممىسى شۇنداق قىلىۋاتىدۇ.

ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى بەزى ئوبيېكتىپ ئالدىنقى شەرتلەر بىلەن چىڭ باغلانغان بولۇپ، ئىلگىرىكى تىپىك كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات يولىغا ئوخشىمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كاپىتالىزمنىڭ كېيىن يېتىلگەن سەركىلىرى بولغان گېرمانىيە، ياپونىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «يېتىشىۋېلىش ۋە ئېشىپ كېتىش تىپىدىكى تەرەققىيات» ئەندىزىسىگىمۇ ئوخشىمايدۇ، ئاسىيانىڭ بازار ئىگىلىكى ئۇچىنچى قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابىنىڭ دولقۇنلىرىدا تەرەققىي قىلغان. دۇنيا ئىقتىسادى بىر - بىرىگە تايىنىش ئاساسىدا تەرەققىي قىلىۋاتقان بۇ دەۋردە، رايون ياكى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي دائىرىسى ئۇچرايدىغان چەكلىمە بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپ كىچىكلىدى. ئېلېكترون، تارقىتىش ۋە خەۋەرلىشىش تېخنىكىسى ئىقتىسادنىڭ سىجىل ئېشىشىدىكى ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندى، تۆمۈريول، كۆمۈركان، پولات - تۆمۈر، نېفىت ۋە ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىدىن ئىبارەت بىر قەدەر مەركەزلەشكەن ئىقتىسادىي تارماقلار ئەمدى يادرولۇق ساھە ھېسابلانماستىن، كەسىپ خاراكتېرىنىڭ ئايرىلىشىغا ئاساسەن مەركەزلىشىش خاراكتېرى بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە

مۇلازىمەت تارماقلىرى يادرولۇق ئورۇنغا ئۆتتى. دېمەك، يېڭىچە ئىقتىساد ۋە يەر شارىلاشتۇرۇش ئاسىيا ئىقتىسادىدا قالتىس نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشىدىكى ئالدىنقى شەرت. ئەمما، بۇ ئوبيېكتىپ ئالدىنقى شەرتلەرنىڭ يېڭى ئىجتىمائىي سىنىپ ۋە قاتلامغا تەسىر كۆرسىتىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

ئىجتىمائىي ئاقىۋەت ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولدى. ئىجتىمائىي قاتلام ھەقىقەتەن ئىجتىمائىيلىق، رايون خاراكتېرى ۋە ئىقتىدار خاراكتېرى جەھەتتە ئۆزگىرىش ئايرىلىپ، سان جەھەتتە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان، ياخشى تەربىيە كۆرگەن ۋە ئۆزلۈك ئېڭى ئۆزگىرىش كۈچەيگەن بىر ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە قاتلىمى تەدرىجىي شەكىللىنىۋاتىدۇ. كاسىپلار قاتلىمى، مەسىلەن، ئەركىن كاسىپلار، كارخانا دىرېكتورلىرى، باشقۇرغۇچىلار ۋە تېخنىكلار كارخانا بايلىقىغا ئىنتىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەتتىكى ھۆكۈمران سىنىپقا ئوخشىمايدىغان سىياسىي ئىدىيەنى تەرەققىي قىلدۇرىۋاتىدۇ. بىراق، «غەيرىي ئەقىدىدىكىلەر»نىڭ ئىشىغا قول تىقىپ ئادەتلىنىپ قالغان دۆلەت ماشىنىسى بۇنىڭغا قارىتا ھەرىكەت قوللانماي، بەلكى بۇنداق قىلمىشلارغا سەۋر قىلىپ تۇرماقتا. چۈنكى، بىيۇروكرات ھۆكۈمرانلار (دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان) ئىقتىسادنى سىجىل ئاشۇرۇشتا ھەرقانداق مەمۇرىي ئىسكەنجىگە ئېلىشلارنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. دەل مۇشۇنداق شەرقىي ئاسىيا ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەندىزىسى دۆلەتنىڭ ئىش ھەرىكىتىگە پەۋقۇلئاددە بىر خىل مەنە بەرگەنىدى. ئەلۋەتتە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى يەنىلا ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن پايدىلىق بولغان رامكا شارائىتى يارىتىپ، ئىقتىسادنىڭ يادرولۇق ساھەلىرىدىكى تەرەققىيات ۋە يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش ئاستىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىقتىسادىي تىزگىنلەش ۋە پىلان ئارقىلىق چەكلەشنى ئۇزۇل ـ كېسىل بىكار قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇڭا، تۆۋەندىكىدەك ئا ـ قىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، يەنى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي سۇبيېكتلار قول ئاستىدىكى ساھەلەرگە نىسبەتەن تەدبىر كۆرۈشتە تېخىمۇ كۆپ كېلىشىش ئىمكانىيىتىگە ۋە تېخىمۇ كۆپ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمئىيەتتىكى بۇنداق ئايرىلىش يەنە ئاۋامنىڭ ئۇخشىمايدىغان ئىدىيە ـ ئېڭىنى ئۇزۇكسىز تۇردە سىياسىي تەلەپكە ئايلاندۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ، ھازىر كەسىپلەر ئىتتىپاقى، رايون ئىتتىپاقى ۋە ساھەلەر ئىتتىپاقى دېگەنلەر ئا ـ سىياتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا باش كۆتۈردى، جۇڭگومۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا نىشانى ئوخشاش بول ـ مىغان غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ كۈچىمۇ ئۈزۈكسىز زو ـ رىيىپ بارماقتا. ئەمما، جەمئىيەتتىكى بۇ تەرەققىياتلار ھۆكۈمىراز ـ لىق قىلىنغۇچىلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدى ـ كى كۆڭۈلدىكىدەك بىردەكلىك ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن ئەمەس؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە، كاپىتالىزم تەرەققىيات جەريانىدا يۇقتۇرۇۋالغان بارلىق «ئۇششاق كېسەللىكلەر»دىن خالىي بولالمىدى. جەمئىيەت نۇرغۇن ئىشسىز ئاھالىلەر بىلەن تولۇپ كەتتى، ئىشسىزلىق نىس ـ بىتى تۆۋەنلىمىدى؛ پۇل پاخاللىشىپ، مال باھاسى ئۆرلەپ كەتتى؛ باي ـ كەمبەغەللىكنىڭ پەرقى روشەنلەشتى؛ ھەشەمەتلىك قەسىر ـ ساراي پاسوندىكى ئالىي دەرىجىلىك تۇرالغۇلار بىلەن ئۆي قىسلىقى روشەن سېلىشتۇرما بولدى؛ ئەڭ ئاساسلىقى نۇرغۇن دۆلەت ئەمەل ـ دارلىرى چىرىكلىشىپ، كۆپلەپ مال ـ دۇنيا توپلىدى، ئۇلار ئۆز ـ لىرى ياراتقان شەك ۋە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان نەتىجىلىرىگە بەك ئىشەنگەنلىكتىن، ئۆزلىرىنى ئىقتىسادىي مول ھوسۇلنىڭ مېۋىلە ـ

ـرىدىن تېتىشقا ھەقلىق دەپ ھېسابلىدى.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئاۋامنىڭ سىياسىيغا بولغان تەلىپى ئۇ-زۇكسىز كۆچىيىپ بارماقتا، بۇگۈنكى كۈندە ئاسىيامۇ ئوخشاشلا ئەنئەنىۋى سىياسىي قاراشنى، يەنى تەبىقە تۈزۈمى ۋە ئاتالمىش دۆ-لەتنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىدىن تەپ تارتىش يۈزىسىدىن پىكىردە بىردەكلىكنى ساقلاشنى ئەمدى قوبۇل كۆرمەيدۇ، ھۆكۈمرانلارنىڭ قانۇنلۇقلۇقىنى سىياسىي نەتىجىسى ئارقىلىق ئۆلچەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق «ياخشى ھۆكۈمەت» تەلىپى ئالدى بىلەن مۇۋەپپە-قىيەت قازانغان ئىقتىسادىي سىياسەتتە ئىپادىلىنىدۇ، بۇ ئالىلىقا-چان جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى تەرىپىدىن ئۆزىنىڭ قانۇنلۇقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم سۈپىتىدە تامامەن قوبۇل قىلىندى. ئۆتمۈشتە ئانچە كۆپ ئۆزگىرىش بولمىغان ھۆكۈمەتلەر بۈگۈنكى كۈندە ئاۋامنىڭ زادى قايسى «يۇقىرى قاتلام ئەمەلدارلا-رى»نىڭ سىياسىي نەتىجىسىگە ئائىت ئۇچۇرلارنى ئىگىلىگەنلىكى-نى ئۇزۇل - كېسىل نازارەت قىلىشقىمۇ ئامالسىز قالدى. ئەمما، بۇ ئارىلىقتا، دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسىم ۋە تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىمۇ كۆپ خىللىشىپ، ئېلېكترونلۇق يەتكۈزۈش ۋاستە-لىرىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن جانلىنىپ، سۈنئىي ھەمراھلىق تېلې-ۋىزىيە ئۇچۇرلىرىغا ئېرىشمەك ئىنتايىن ئاسانلىشىپ كەتتى. گەرچە ئاشۇ ھۆكۈمەتلەر سۆز ئەركىنلىكىنى ئىلگىرىكىدەكلا قاتتـ-تىق تىزگىنلەپ، بويۇنتاۋلىق قىلغان يەتكۈزۈش ۋاستىلىرىنى قاتتىق باسقان بولسىمۇ، ئاۋام يەنىلا كەم دېگەندە مۇستەقىل يوللاردىن كەلگەن قىسمەن ئۇچۇرلارغا ئېرىشتى. 1995 - يىلى جۇڭگودا كومپيۇتېر ئالاقە تورىغا كىرگەنلەر 100 مىڭ ئىدى، 1997 - يىلى بۇ سان 300 مىڭغا كۆپەيدى، 2000 - يىلىغا كەل-گەندە ئىككى مىليونغا يەتتى. بەزى چوڭ شەھەرلەردە، تورخانىلار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ سانىمۇ ئۇزۇكسىز كۆپىيىپ بارماقتا، تەكشۈرۈش ئورگانلىرىمۇ بۇنىڭغا ئىلاج قىلالمىدى، ئۇلار توردا ئېلان قىلىنغان تۇنجى مەخپىي ژۇرنال «تونېل» نىڭ مەيدانغا كېلىشىنىمۇ توسۇپ قالالمىدى، بۇ ژۇرنال دېموكراتىيە ئىدىيەسىنى تارقىتىپلا قالماستىن، بەلكى تور ساقچىلىرىنى قورقماستىن مەسخىرە قىلدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، ئۆزلۈك ئېڭى بولغان، مۇستەقىللىق تۇيغۇسىغا ئىگە بولغان ئىجتىمائىي سىنىپ ۋە قاتلامنىڭ شەكىللىنىشى، ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنلۇقىنى سىياسىي نەتىجىسىگە ئاساسەن تەكشۈرىدىغان يېڭى سىياسىي قاراشنىڭ تىكلىنىشى، مۇستەقىل ئۇچۇرلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە يەر شارى ئۇچۇر ساھەسىدىكى راۋان، ئەركىن ئالماشتۇرۇشلار ئەگىشىپ كېلىدۇ، بۇلاردىن شۇنداق ئىقتىدار ۋە ھوقۇق بار دەپ قارايدىغان ياكى ھۆكۈمەتنى يېتەرلىك سىياسىي نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى، دەپ ھېسابلايدىغان «قابىللار» ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا قاتنىشىش تەلىپىنى قويۇپ، ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى بايان قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولدى. ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا بولغان بۇنداق كۈچلۈك ئارزۇنى ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي قاتلىمىدا كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتقان گۇرۇھلارنىڭ نىسبىتىدىن بايقىۋالغىلى بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇ يەنە دۆلەت سىياسىي سىستېمىسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

ئاسىيادىكى بەزى ئىلغار دۆلەت ۋە رايونلار، مەسىلەن، كورىيە، تەيۋەن، جۇڭگونىڭ قوينىغا قايتقان شياڭگاڭ قاتارلىقلار ياپونىيەنىڭ يېقىنقى ئون يىلدا ماڭغان دېموكراتىيە يولىغا ئەگىشىپ ماڭماقتا. فىلىپپىندىن ئىبارەت بۇ بىرقەدەر قالاق دۆلەتتىمۇ دېموكراتىيە ھەرىكىتى ماركوسنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىنى مۇۋەپ-

پەقىيەتلىك ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، ھازىر ئۇلار ئىقتىسادنى كىشىنى ھەيران قالدۇرىغان سۈرئەتتە ئاشۇرۇپ، ماركوسنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقى توپىيلىدىن بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ياخشى پۇرسەتلەرنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئۇرۇنماقتا. تايلاندتا ھەربىي تەرەپ دېموكراتىيە مۇساپىسىنىڭ چاقىنى كەينىگە ياندۇرۇشقا ئۇرۇنغاندى، بىراق ئاخىرىدا جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى قاتلامنىڭ بىردەك دېگۈدەك قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ھەرىكەتنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. مالايشىيا ۋە سىنگاپوردا شەكىل جەھەتتىنلا دېموكراتىيەنىڭ مۇھىم ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ناھايىتى زور دەرىجىدە نىسبىي مۇستەقىل ئورۇنغا ئىگە ئاخبارات ۋاستىلىرى بار. ھىندونېزىيەدىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولۇپ، نۇرغۇن كۆزەتكۈچىلەر ئۇنى ئاددىيلا يوسۇندا نوقۇل ھەربىي ئىستىبدات دۆلەت قاتارىغا چىقىرىۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھىندونېزىيەدە جانلىق پائالىيەت قىلىۋاتقان غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ ھوقۇق ــ مەنپەئەتىنى قىلچە قورقماستىن ئاشكارا يوسۇندا قوغدىماقتا. 1995 ــ يىلىدىن 1996 ــ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ھىندونېزىيەدىكى «زوراۋان شەخس» سوخارتونىڭ ئۆزى يېقىنلىرىدىن بولغان نامزاتنى ئۆز ئاززۇسى بويىچە ئورتاق كېڭەشنىڭ رەئىسلىك ئورنىغا ۋە ئەڭ چوڭ مۇسۇلمانلار تەشكىلاتى نەزىرەتۇل ئۆلىمانىڭ رەئىسلىك ئورنىغا چىقىرالمىغانلىقى ھەمدە 1996 ــ يىلى 7 ــ ئايدا جاكارتادا ئۆتكۈزۈلگەن ئۆكتىچىلەر پارتىيەسىنىڭ رەھبىرى مېغاۋاتىغا پايدىلىق بولغان چوڭ نامايىش بۇنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىسپاتىدۇر. 1998 ــ يىلى 5 ــ ئايدا سوخارتونىڭ ئاغدۇرۇلۇشىمۇ ھىندونېزىيە دېموكراتىيەسىنىڭ ئالغا باسقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. جۇڭگودىمۇ يەرلىك سايلاملاردا كۆپ نامزاتلار ئارا رىقابەتلەشتۈرۈپ سايلاش باشلاندى. ئىلگىرىكى ھو-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قۇقنى مەركەزلەشتۈرۈۋالغان، خىيانەتچى، چىرىك يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ هوقۇقى ئاجىزلىدى ياكى ئۇلار قاتتىق جازالاندى. يەرلىك ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىمۇ شەكلەن ئورگاندىن مەسلىنى ھەقىقىي مۇھاكىمە قىلىدىغان كوللېكتىپقا ئايلاندى، ئۇلار بەزىدە كادىرلار ئىشلىرىدا قارار چىقىرىش جەھەتتە يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ ئارزۇسىدەك بولمىغان ئاۋاز بەردى. جىنايى ئىشلار قانۇنى ۋە جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنىنى ئېلان قىلدى. جاۋابكارلارنىڭ ھوقۇقىنى ئۇنۇملۇك كاپالەتكە ئىگە قىلدى، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىك ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئۆزۈل - كېسىل ئايرىدى. يېقىندا پۇقرالار هوقۇقى مەمۇرىي تارماق تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىسا، ئەرز قىلىش هوقۇقىغىمۇ ئىگە بولدى.[1] 1995 - يىلى 70 مىڭ ئادەم مۇشۇ تۈرلۈك هوقۇقىنى يۈرگۈزدى، بۇنى بىر رېكورت دېمەي بولمايدۇ. 1997 - يىلى جىلىن ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىلگىرى تېيەنئەنمېن ۋەقەسىگە قاتناشقان بىر توپ كىشىلەرنىڭ گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى جاكارلىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقىغا ئىسپات تېپىلمىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەدلىيەنىڭ مۇستەقىللىق باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنى، قانۇن - تۈزۈملۈك دۆلەتنىڭ ئىچىدائي شەكلىنىڭ شەرقتىكى بۇ چوڭ دۆلەتكە تەدرىجىي بارلىققا كېلىپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئاسىيادىكى ئىقتىسادىي كىرىزىس بۇنداق يۈزلىنىشنى تېخى-

[1] سېباستىئان خېيلمان: «جۇڭگونىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىش»، هامبۇرگ، 1996 - يىلى نەشرى.

مۇ تېزلەشتۇرۇۋەتتى. گەرچە سىياسىي مۇنبەردىكى بەزى مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھۇجۇم نىشانىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇشلىرى مۇئەي-يەن قوللاشقا ئېرىشكەن، بولۇپمۇ قاتتىق سۆز - ئىبارىلەرنى ئەپ-چىللىك بىلەن ئىپتىدىغان مالايشىيا زۇڭلىسى ماخاتىر ئاۋامنىڭ غەزىپىنى تەسەۋۋۇردا ئاسىيا ئىقتىسادىدا مۆجىزە خاراكتېرلىك تەتىجىلەرنىڭ كۆرۈلۈشىگە قارشى بولغان «سۇيىقەست پىلانلىغۇ-چى»لار (ئامېرىكا، غەرب ئەللىرى، يەھۇدىيلار، خەلقئارا پۇل مۇئا-مىلە تەشكىلاتى، گېئورگى سورروۋس قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئا-لىدۇ)غا بۇرىماقچى بولغان بولسىمۇ، بىراق ئىسلاھاتنى تېزدىن چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى يەنىلا تېخىمۇ مۇناسىپ يول دەپ ھېسابلىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ چۈشەنچىلىرى مەزكۇر دۆلەت پۇلىنىڭ كۇرسىنى يەنىمۇ چۈشۈرۈۋېتىشكە تۈرتكە بولغاندىن كېيىن، ئىسلاھاتنى تې-خىمۇ زۆرۈر ھېسابلايدىغان بولدى. ئاۋامنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئىنكاسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش تەرىقىدە بولدى. دېموكراتىك نازارەت-چىلىكنى كۆپەك، ئۇزۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئازراق تەكىتلەشكە، سىياسىي، پۇل مۇئامىلە ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇرەككەپ، قالايمىقان ۋەزىيەتنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ئۇزۇل - كېسىل تەرتىپكە سېلىشقا توغرا كەلدى.

ئەمما، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى بەزى قالاق رايونلار، مەسى-لەن، ھىندىچىنى (لائوس، ۋېيېتنام، كامبودژا) ۋە بىرما بۇنداق دېموكراتىيە دولقۇنىنىڭ تەسىرىگە تېخى ئۇچرىمىدى. كامبودژىدا ھەتتا روشەن چېكىنىش ھادىسىلىرى كۆرۈلدى. ئەلۋەتتە، بىرمى-دىكى نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن جەسۇر ئائىشەنسۇجى-نىڭ رەھبەرلىكىدىكى دېموكراتىيە ھەرىكىتىدىمۇ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ئەركىنلىككە ئىنتىلىش ئارزۇسى ئىپادى-لەندى. بىراق، كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى جۇڭگو چوڭ قۇرۇق-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

لۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرگەن ھاكىمىيەتلەر يەنىلا ئاساسلىقى قاتتىق بېسىم قىلىش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋەردى[①].

## ئاسىيانىڭ قىممەت قارىشى

ئەمدى بىز ئىلگىرى كۆپ تالاش ـ تارتىش قىلىنغان «ئاسىيادىكى قىممەت قارىشى» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىپ كۆرەيلى. بۇ ئۇقۇمنى ئەڭ دەسلەپتە سىنگاپور، مالايشىيا ۋە ھىندونېزىيە جەمئىيىتىدىكى قابىللار ئوتتۇرىغا قويغان، بەزىدە جۇڭگو بىلەن ياپونىيەمۇ ئاسىيا ھازىر «غەرب»نىڭكىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان قىممەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈۋاتىدۇ، دېيىشىدۇ، ئۇلار قەدىمكى سانائەت دۆلەتلىرىدىكى ئىجتىمائىي خارابىلىك ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان ناچار، رەزىل قىلمىشلار، مەسىلەن، زوراۋانلىق خاھىشى، جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتىنىڭ ئۈزۈكسىز يۇقىرىلىشى، زەھەر چەككۈچىلەر يېشىنىڭ كىچىكلىشىشىگە يۈزلىنىشى ۋە قىلچە چەكلىمىسىز ھالدا خۇسۇسىي ھۇزۇر ـ ھالاۋەت قوغلىشىش قاتارلىقلارنى غەربنىڭ قىممەت قارىشى ھېسابلىشىدۇ. ئاسىيادىكى تەنقىدچىلەرنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە بولغاندا، غەرب «قىممىتىدىكى نۇقسانلار»نىڭ يادروسى خۇسۇسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى خالىغانچە كۆپتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەجەللىك يېتەرسىزلىك سىياسىي ۋە تۈزۈم جەھەتتە زىيادە دېموكراتىيە خاھىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ.

---

① جۇئېرگىن رۇئېلاند: «ئاسىيادا دېموكراتىيە يوق دېيەرلىكمۇ؟»، 1996 ـ يىلى نەشرى؛ رايىنالد سىمون: «جۇڭگودىكى ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەش ئورۇنلىرى. تۈرمە، دۆلەتنىڭ بېسىشى ۋە سىياسىي ئۆكتىچىلەر»، رېنبېنىڭ، 1996 ـ يىلى نەشرى.

بۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاسىيا جەمئىيىتى يەنە بىر خىل قىممەت قارىشىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىپادىسى نوپۇز ۋە تەبىقە تۈزۈمىگە بولغان ئىززەت ـ ئىكرام، كۆچلۈك ئائىلە ـ نەسەب قارىشى، ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئەجدادلارغا بولغان ھۆرمەت، تىرىشچان، ئىقتىسادچىل بولۇش، تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان ۋە ئالغا باسىدىغان بولۇش، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماي تىرىشىپ كۈرەش قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، بىراق «كوللېكتىپ ھامان شەخستىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دەيدىغان قاراش ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇنداق قاراش غەربنىڭ قىممەت قارىشىغا تامامەن ئوخشىمايدىغان بولۇپ، ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشىدا ئىنتايىن ئاچقۇچلۇق رول ئوينىدى ھەمدە ئاسىيا جەمئىيىتىنى غەرب ئەللىرىنىڭ «چۈشكۈنلىشىش يولى»غا مېڭىش ئىمكانىيىتىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ساقلاپ قالدى.[①] كىشىلەر مۇشۇنداق سەۋەبلەرگە ئاساسلىنىپ غەرب ئەللىرى (غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نىڭ ئاسىيادىكى بەزى ئەللەرنىڭ پۇقرالىرى ئىنسانىي ھوقۇق ۋە دېموكراتىيەدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ، دەپ تەنقىدلەشلىرىگە رەددىيە بېرىشىدۇ. 1997 ـ يىلى ئەتىيازدا مالايشىيا زۇڭلىسى ماخاتىرنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇق خىتابنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇشۇنداق يەكلەش كەيپىياتىنىڭ ئۇچىغا چىققان ئىپادىسىدۇر.

ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ غەرب مەدەنىيىتىگە ئوخشىمايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدە شەك يوق. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ 90 ـ يىللاردىكى «ئاسىيا قىممەت قارىشى»نىڭ تەرەققىيات يۈزلى-

---

① رۇئىدىگېر ماچېتزك: «شەرقىي ئاسىيادىكى خىرىس».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىشى يەنىلا ئەيىبلەشلەردىن خالىي بولالمىدى. غەربتىكى نۇرغۇن
كۆزەتكۈچىلەر ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تامامەن ئوخشى-
مايدىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تازا چۈ-
شىنىپ كېتەلمەي، «بىرلىككە كەلگەن ئاسىيا قىممەت قارىشى»
ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى ھەمدە شۇنداق تەرغىب قىلىشتى.
مالايشىيا دەھرىيلىك تۈسى قويۇق بولغان ئىسلام دۆلىتى، ھىندو-
نېزىيەدىكى ئىسلام دىنى تارىختىكى ھىندى دىنى بىلەن پان ئىلاھ-
چىلىق ئامىللىرىنىڭ يەۋقۇلئاددە بىرىكىشىنىڭ مەھسۇلى. سىن-
گاپورنىڭ قۇرغۇچىسى، ھازىرقى مىنىستىر لى گۇاڭياۋ ئەپەندى
ئەسلىدە جۇڭخۇا كۇڭزىچىلىق ئەنئەنىسىنى ئىنكار قىلاتتى، ئەمما
80 ـ يىللاردىن بۇيان تۇيۇقسىزلا يېڭى كۇڭزىچىلىق ئىدىيەسىنىڭ
تەشەببۇسچىسىغا ئايلىنىپ قالدى. جۇڭگو ئەزەلدىنلا ئۆزگىچە
غەيرىي رەسمىي ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسىنى يولغا قويۇپ كەلگەنىدى،
ئەمما يېقىندىن بېرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تۇستە «سوت-
سىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك»نى زور كۈچ بىلەن تەرغىب قى-
لىۋاتىدۇ. ياپونىيە شىنتو دىنى ـ بۇددا دىنى دۆلىتى. ناۋادا يۇقى-
رىقى دۆلەتلەرنىڭ ئوخشىمايدىغان قىممەت قارىشى تارىخىي مەدە-
نىيەتنىڭ شەكىللىنىشى داۋامىدا تىكلىنىپ بولغان دېسەك، ئۇن-
داقتا مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشلىرى قارىشىغا قانداق بويسۇنىسۇن؟
ئاسىيالىقلاردا ئەزەلدىنلا بىرلىككە كەلگەن مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈ-
نۈشى، بىرلىككە كەلگەن يېزىق، ھەممىگە ماس كېلىدىغان مۇزىكا
نوتىسى ياكى زامانىۋى مەدەنىيەت ئۇسلۇبى، يەنى ياۋروپادىكى گوت-
چە ئىمارەت ياكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش ھەرد-
كىتى بولۇپ باققان ئەمەس. ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ چەك ـ چېگراسى
دۆلەت ۋە مىللەت بويىچە ئايرىلغان.

بىز بۇ قاراشلارغا تايىنىپ، ئاسىيا قىممەت قارىشىنىڭ ئەمە-

لىيەتتە بىر داشقايناق ئىكەنلىكىنى بايقىيالايمىز. بەزى جەھەتتە ئۇ 19 ـ ئەسىردىكى ياۋروپا بۇرژۇئا مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىك-لىرىگە ئىگە، ئەمما باشقا نۇرغۇن جەھەتلەردە، 50 ـ يىللاردىكى فېدېراتىپ جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتنى تەشەببۇس قىلى-دىغان بەزى ئىدىيەلەرگە تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كېتىدۇ، ئەلۋەتتە. كۆڭ فۇزىنىڭ كۆڭزىچىلىق ئىدىيەسى ئاسىيا جەمئىيىتىگە غايەت زور ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، بىراق كۆڭزىچىلىق ئىدىيە-سى ئاسىياغا ئومۇميۈزلۈك بولغان قىممەت قارىشى ئەمەس. گەپنىڭ ئېنىقىنى ئېيتقاندا، ئاسىيا قىممەت قارىشى بىر پارچە مۇتەئەس-سىپ قىممەت قانۇنلىرى قامۇسىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ بۈگۈن-كى كۈندە ئامېرىكا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى سودىيەلىرى تەرى-پىدىن ھېچقانچە كۆچىمەيلا ئىمزالاپ كۈچكە ئىگە قىلىنىشى ئېھ-تىمالغا ئىنتايىن يېقىن. بۇنىڭدىن سىرت، بىز يەنە ئۇنىڭ بىرقە-دەر گەۋدىلىك بولغان يەنە بىر ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك: ئاسىيادىكى غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ۋە ئاتالمىش ئومۇميۈزلۈك «ئاسىيا قىممەت قارىشى»نىڭ ئىجتىمائىي تەبىقە تۈ-زۈمىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى بىردەك ئەمەس، بۇ غەربنىڭ ئادەتتى-كى چۈشەندۈرۈشلىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ غەيرىي ھۆ-كۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ قارىشىدا، كوللېكتىپنىڭ قىممىتى رو-شەن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدا شەخسنىڭ يادرولۇق قىممىتى ئالدىغا تىزىلماستىن، ئىككىسى باراۋەر ئورۇنغا قويۇلغان. ئەنئەنىۋى جىسمانىي قوغدىنىش قىممىتىدە چىڭ تۇرۇش دەرىجىسىدىن ئېيتقاندا، ئاسىيادىكى غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلات-لىرى غەربتىكى كەسىپداشلىرىدىن قېلىشمايدىغان بولۇپ، ئۇلار قىيناپ سوراق قىلىشقا، خالىغانچە قولغا ئېلىشقا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ؛ خۇسۇسىي تۇرالغۇنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىنىشقا بولمايدىغان

هوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرىدۇ، ۋەھاكازا. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى «ئاسىيا قىممەت قارىشى»نىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ قوغدىغۇچىلىرىغا ئوخشاش «كوللېكتىپ» بىلەن دۆلەتنى ئارىلاشتۇرۇۋالمايدۇ. ئۇلار ئۆز ئىشلىرىغا دۆلەتنىڭ قول تىقىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاتالمىش «ئورتاق ھوقۇق»نى تېخىمۇ كۆپ تۇردە جەمئىيەت ۋە ئاسىيا ئىجتىمائىي گۇرۇھلىرىنىڭ نامىدىن ئەيىبلەيدۇ.[1] فىلىپپىن ئىنسانىي ھوقۇق توغرىسىدىكى مۇھاكىمە جەھەتتە «غەرب» كە تېخىمۇ يېقىنلاشتى؛ تەيۋەن بىلەن تايلاند «قىممەت توغرىسىدا مۇھاكىمە»گە قاتناشمىدى؛ جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا يوسۇندا «ئاسىيا قىممەت قارىشى»غا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئورۇندا تۇرمىدى، ئىنسانىي ھوقۇقنىڭ ئومۇمىيۈزلۈكلۈكى توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلاردىمۇ بىردەكلىك ھاسىل قىلىنمىدى، چۈنكى كۆپچىلىك بۇنداق تەرەققىيات ئەھۋالىنىڭ نىسپىيلىكى ۋە چەكلىمىلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى.

نۆۋەتتە ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى قىسمەن ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرى زامانىۋىلىشىشنىڭ بۇ رايون تەرەققىياتىدىكى مۇقەررەرلىك بولۇپ قالغانلىقىنى ئىپادىلىدى. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، بۇ غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئۆزئارا ئۇچرىشىش ۋە ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش داۋامىدا كېلىپچىققان نەتىجە ئىدى. جۇڭگودىكى بىر «دېموكراتىيە ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى» خۇددى تىنگتون بىلەن بولغان مۇنازىرىدە، ئوبيېكتىپ يوسۇندا: «يېڭى كۈنفۇزىچىلىق ئىدىيەسىنىڭ جۇڭگولۇقلاردىكى تەسىرىگە يېقىنقى

---

① تانجا ستېلزېر: «ئىنسانىي ھوقۇقنىڭ ئومۇمىيۈزلۈكلۈكى ۋە پەۋقۇلئاددىلىكى ــ ئاسىيا قىممەت قارىشى ھەققىدە مۇلاھىزە» ماگىستىرلىق سىنىپىر تاتسىيەسى.

20 يىلدىن بۇيانقى غەرب ئىدىيەۋى ئېقىمىنىڭ تەسىرىنى تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ غەرب ئەللىرى بۈگۈن ئۇچراشقان «ئاسىيا قىممەت قارىشى» ئاسىيادىكى بەزى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مەشھۇر بەدىئىي ئىجادىيىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئەمما تېخىمۇ قىزىقارلىق يېرى شۇكى، «مەدەنىيەتتىكى غەرب جاھانگىرلىكى» (تەۋرەنمەس كىشىلىك ھوقۇق سىياسىيسى) گە تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتىدىغان، مەدەنىيەت نىسپىيلىك نەزەرىيەسى ۋە كېيىنكى مودېرنىزمنى تەشەببۇس قىلىدىغان تەنقىدچىلەر «ئاسىيا قىممەت قارىشى» دەپ ماركا چاپلانغان يۇقىرىقى نۇقتىئىنەزەرلەرگە شەك كەلتۈرمەيلا ئىشىنىدۇ. 80 - يىللاردىن بېرى، سىنگاپورنىڭ قۇرغۇچىسى لى گۇاڭياۋ، مالايشىيا رەھبىرى ماخاتىر مۇھەممەد ۋە ئاسىيادىكى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە ئەللەر بىرلىكتە مەزكۇر دۆلەت جەمئىيىتىدىكى ئاكتىپ پائالىيەتچىلەرنىڭ قارشى ھەرىكىتىگە ۋە غەربنىڭ تەنقىدىگە ئىنكاس قايتۇرۇشقا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن يېڭى دۆلەت ئىدېئولوگىيەسىنى تۇرغۇزدى.

تۆۋەندە بىز «ئاسىيا قىممىتى» گە ئالاقىدار كۆپ خىللاشقان ئىقتىدارنى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ باقايلى، پەقەت بۇنى تولۇق چۈشەنگەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئىجادچىلىرىغا قارىتا قارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويساق، ھەرھالدا ھەق گەپ قىلغان بولىمىز. ئۇنىڭ بىرىنچى ئىقتىدارى: ئاسىيا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ باھاسى جەھەتتە ئىنتايىن كۈچلۈك رىقابەت ئەۋزەللىكىگە ئىگە، بولۇپمۇ شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا رايونى تېخىمۇ شۇنداق، بۇ ئىنتايىن مۇھىم بولغان، ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشتا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدىغان ئاساسىي يېتەكچى ئامىل. شۇڭا، «ئادەم كۈچى باھاسى» تۆۋەن بولۇشتەك بۇنداق ئەۋزەل ئورۇننى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساقلاش ئۈچۈن، «ئاسىيا قىممەت قارىشى» دا ئىنتىزامنى، تىرىش-چانلىقنى، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداشنى ۋە نوپۇزغا بويسۇنۇشنى تەكىتلەش ئىنتايىن زۆرۈر. ئۇنىڭ ئىككىنچى ئىقتىدارى: سىنگا-پوردىن تارتىپ جۇڭگوغىچە بولغان بۇ شەرقىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ ھەممىسى كۆپ مىللەتلىك، كۆپ تىللىق جەمئىيەت بولۇپ، دۆلەت-لەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارغانسېرى گەۋدىلىك بولماقتا. «ئاسىيا قىممەت قارىشى» توغرىسىدىكى تە-سەۋۋۇرلار ئىختىلاپ تۇپەيلىدىن كېلىپچىقىشى مۇمكىن بولغان ئىچكى زىددىيەت، توقۇنۇشلارنى پەسەيتىپ، جەمئىيەتتىكى ھەر-قايسى قاتلامنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا. مەسىلەن، مالاي-شىيانى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ كۆپ سانلىق ئاھالىسى مۇسۇل-مان، ئۇنىڭدىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە كۆچمەنلەر (ئومۇمىي ئاھالىنىڭ تەخمىنەن 32% نى ئىگىلەيدۇ)، ھىندىستان ئىككىنچى چوڭ قوۋۇقلۇقىدىن بارغان كۆچمەنلەر (ئومۇمىي ئاھالىنىڭ تەخمىنەن 8% نى ئىگىلەيدۇ)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنە ياۋروپالىقلار ۋە يەرلىك ئاھالىلەرمۇ بار. جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئاھالىلەر ئىقتى-سادىي تەرەققىيات موتورىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇلار ئىقتى-سادىي جەھەتتە بىرقەدەر باياشات ياشايدىغان يۇقىرى كىرىملىكلەر قاتلىمى ھېسابلىنىدۇ. ھۆكۈمەت ئۇزاقتىن بېرى ئەمەل قىلىپ كەلگەن پۈرسەت تەڭپۇڭلۇقى سىياسىتى ماھىيەتتە مالاي ئاھالە-لىرى ئۈچۈن ئالايىتەن «ئىمتىياز پۈرسىتى» يارىتىپ بەرگەن. ئۆتمۈشتىكى تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغاندا، كىرىزىس كۆرۈلگەندە ھەمىشە ئىرقىي چەك ـ چېگرانى بويلاپ سىياسىي جەھەتتە بۆلۈ-نۈش كېلىپچىقىدۇ، ئىرقىي پەرق شۇبھىسىزكى زىددىيەت ھەممى-دىن ئاۋۋال كۆرۈلىدىغان مەركىزىي نۇقتا بولىدۇ، خۇنتىنگتون

تەكىتلەپ ئۆتكەن دىنىي ئامىلنىڭ زىددىيەتنىڭ مەركىزىي نۇقتىـ
سى بولۇپ قېلىشى ناتايىن. شۇڭا، مالايشىيا رەھبەرنىڭ ئىسلام
مەدەنىيىتىنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئورۇنغا قويۇشتا
چىڭ تۇرۇشى مالايلارنىڭ «ئىمتىيازى»نى ئاجىزلاتماستىن، بەلكى
ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەلىپىگە پايدىلىق بولغان بىر خىل ۋاسىـ
تىدۇر. شۇنداق بولغانىكەن، مالاي يېرىم ئارىلىدىكى مەسىلە مۇـ
سۇلمانلارنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ
ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئاھالىلەرنىڭ «كۇڭزىچىلىق مەدەنىيىتى»
ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم خىل توقۇنۇش ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەمەلـ
يەتتە، مالايشىيادىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن
بولغان ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئادەتتە ئېيتىلىدىغان كۇڭزىـ
چىلىق ئېتىقادىنىڭ مۇخلىسلىرى بولماستىن، بەلكى بۇددا دىنى
مۇرىتلىرىدۇر.[1]

ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئىقتىدارى: «ئاسىيا قىممىتى»نىڭ خۇسۇـ
سىيىتىنى تەكىتلەش ئارقىلىق بىر ـ بىرى ئوتتۇرىسىدا ئەسلىـ
دىنلا ناھايىتى چوڭ پەرق ساقلىنىپ كەلگەن ھەم ئۆزلۈكسىز تۈردە
زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ كەلگەن دۆلەتلەر
ئوتتۇرىسىدا مەلۇم دەرىجىدە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلغىلى بولىـ
دۇ. غەربكە قارشى سىياسىي دۈشمەنلىشىش ئارزۇسىدىن ئېلىپ
ئېيتقاندا، «ئاسىيا قىممەت قارىشى» كۆز ـ كۆز قىلغان غەرب مەـ
دەنىيىتىگە بولغان قارشىلىقنىڭ ئەھمىيىتى رايون بويىچە بىرـ
لىككە كەلتۈرۈش مەقسىتىگە ئىنتىلىشكە قارىغاندا كۆپ كىچىك
بولۇشى مۇمكىن. ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، ئۇلاردا

① گىرېگور پاۋل: «جۇڭگو ئەنئەنىۋى پەلسەپىسى»: ئومۇمىي ئىنسا-
نىي ھوقۇقىنىڭ جۇڭگودىكى ئاساسى».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەنە نۆۋەتتە دۆلەت ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇۋاتقان ئاشۇ ھۆكۈمرانلار-نىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان تۆتىنچى مۇددىئامۇ بار. چۈنكى، «ئاسىيا قىممەت قارىشى»نى دەل شۇلار تۇرغۇزغان. شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ يېقىنقى ئون يىللىق تەرەققىياتى داۋامىدا ئەڭ كۆپ پايدا ئالغان مەنپەئەتدارلاردۇر (خىيانەتچىلىك، چىرىكلىكنىڭ چې-رىتىشكە ئۇچرىمىغىنىدىن پەقەت سىنگاپورلا بار). دېمەك، ئۇلار ئېرىشكەن پايدىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، قولىدىكى ھوقۇقىنى پۇتۇن كۈچى بىلەن مەھكەم تۇتۇپ تۇرمىسا بولمايدۇ. قىممەت قا-رىشى توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەر ئوخشىمايدىغان سىياسىي قاراش-تىكىلەر، ئىنسانىي ھوقۇقنىڭ قوغدىغۇچىلىرى، ئىشچىلار ئۇيۇ-يۇشمىلىرى، ئاخبارات ئەركىنلىكى، ھەتتا قانۇنلۇق ئۆكتىچىلەر-گە قارىتا قوللىنىلغان ئىستىبدات تەدبىرلىرىنى «مۇۋاپىق» ئاقلاشقا ياردەم بېرىدۇ، ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، ئاسىيا قىممەت قارىشى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەر بۇنداق قاراشقۇ تەرەپلەردىن خالىي بولالمىدى. دېموكراتىيەنىڭ تەيۋەندىكى مۇۋەپ-پەقىيىتى، بىرمىدىكى ئەركىنلىك سادالىرى ۋە جۇڭگونىڭ تيەن-ئەنمېندە يۈز بەرگەن دېموكراتىيە ھەرىكىتى ئاتالمىش «ئاسىيا خەلقى تېخى دېگەندەك يېتىلمىدى، ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەشكە قاد-ىرشىنى خالىمايدۇ» دېگەندەك سەپسەتىلەرنىڭ ئەل - جامائەتنى ئالدايدىغان باھانە ۋە يالغانچىلىق ئىكەنلىكىنى مەلۇم جەھەتتىن ئىسپاتلاپ بەردى.

ئاسىيادىكى بەزى ئەللەرنىڭ رەھبەرلىرى قەستەن قوزغىغان «ئاسىيا قىممەت قارىشى» توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەر ئاسىيانى زاما-نىۋىلاشتۇرۇشتا بېسىپ ئۆتۈش زۆرۈر بولغان بىر باسقۇچ، خالاس. ئاسىيا پەلسەپىسى ۋە ئاسىيادىكى دىننى ھەقىقىي چۈشىنىدىغان

ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ قارشى خىلى ئەمەلىي بولۇپ، ئۇلار ئاسىيادىمۇ مۇئەييەن شەخسىيەتچىلىك، لىبېرالىزملىق، ئىنسانىي ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە نىشانى باغلاپ تۇرىدىغان ئامىللارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىشىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدىيەسى ۋە قىممەت سىستېمىسىدا، ئاسىيانىڭ باشقىچە يول تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس؛ ناۋادا كۆپ خىللاشقان (ھەتتا ئۆز-ئارا زىددىيەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) چۈشەندۈرۈشلەر بولمىسا، يەنى تېپىشلىك ماسلىشىش ئىقتىدارى بولمىسا، ئۇنداقتا ئاسىيادىكى بۇ مەدەنىيەت سىستېمىلىرى بىر نەچچە يۈز يىل، ھەتتا بىر نەچچە مىڭ يىل مابەينىدىكى سانسىزلىغان ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ قالمىغان بولاتتى. بۇ خىل «باغلىنىش ئىقتىدارى» نىڭ ئالامەتلىرى «ئاسىيا» بىلەن «غەرب» قىممەت قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى كۆپتۈرۈۋېتىلگەن ھالقىنى تىندۇرۇۋەتكەن.

## ئاسىيا مەنزىلىك قايان؟

ئاسىيا جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتمۇ رېئاللىق داۋامىدا تەدرىجىي پەسەيدى. ئاسىيادىكى «تىرىشچان چۈمۈلە» ھەققىدىكى رىۋايەتلەرمۇ ئاخىر بىر چەتكە قايرىپ قويۇلىدىغان بولدى. 1987 ـ يىلى كورېيە ئىشچىلىرى جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئاخىر ئۆزىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئېرىشتى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئىش ھەققىنى ئەمگەك سىجىللىقىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ ئاشۇرۇش نىزامى يولغا قويۇلدى. ھۆكۈمەت 1996 ـ يىلى ئەمگەك قانۇنى ئارقىلىق بېسىم ئىشلەتمەكچى ھەمدە بۇنداق تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولغاندا، ئىشچىلار كەڭ كۆلەملىك ئومۇمىي ئىش تاشلاش ئارقىلىق

www.uyghurkitap.com

ئاخىرىدا ھۆكۈمەت بىلەن بولغان كۆرەشتە ئۈنتۈلغۇسىز غەلىبىگە ئېرىشتى، ھەتتا ھۆكۈمەتكە سادىق بولغان ھۆكۈمەت تەرەپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىمۇ بۇ ھەرىكەتنى قوللاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. ئاخىرىدا ئىتتىپاق بولۇپ ئۇيۇشۇش كورېيەدە چەكلىنىمىگە ئۇچرىمايدىغان بولدى، ياپونىيەدىمۇ ئىستېمالچىلار گۇرۇھى ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن ئەنئەنىۋى قىممەت يۈزلىنىشىگە قارىتا ئۆز گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشتە ئىنتىزامى قاتتىق بولغان ئوقۇتۇش سىستېمىسى ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆلۈۋېلىش ۋە ئۆلتۈرۈلۈش ھادىسىلىرى ئۈزۈكسىز كۆپىيىۋاتقان ئەھۋالدا نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى. پۈتكۈل شەرقىي ئاسىيا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى داۋامىدا ئۈچ ئەۋلاد بىللە تۇرۇۋاتقان چوڭ ئائىلە («ئاسىيا قىممەت قارىشى»نىڭ يادرولۇق تەركىبىي قىسمى) چاك - چېكىدىن بۆلۈنۈپ، پارچىلىنىش يولىغا قاراپ ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمئىيەت ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقمۇ ھەرقايسى ئەللەرنى «بىر تۇتاش قىممەت سېپى»دە بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر قىلدى.

ئاسىيا ئاساسلىقى دۆلەتلەر دۇنياسىدا ئاكتىپ ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئۈچ چوڭ ھەرىكەت لوگىكىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ. بىرىنچىدىن، دۆلەتلەر دۇنياسىنىڭ لوگىكىلىق تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، رايون دائىرىسىدە زومىگەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىنچىلىكى ئەڭ چوڭ بولغان دۆلەتكە قارىتا تەڭپۇڭلاشتۇرۇش تاكتىكىسى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقىنى دەل جۇڭگو. بىز تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى، ناۋادا ئامېرىكا كۈچلىرىنىڭ ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونىدا جۇڭگوغا قارىتا تەڭپۇڭلاشتۇرۇشى ۋە ئىسكەنجىگە ئېلىشى بولمايدىغان بولسا، نېمە

ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. دۆلەتلەر دۇنياسىنىڭ مەنتىقىسى دەل مۇشۇ يول ئارقىلىق غەرب بىلەن ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى بەزىدە ئانچە ئىناق بولماي كېلىۋاتقان مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلمەكتە. جۇڭگودا ئۈزلۈك ئېڭى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە، ياپونىيە، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ھىندىستان «غەرب ئەللىرى»نىڭ، بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ ئاسىيا سىياسىي سەھنىسىدە مۇھىم رول ئوينىشىنى بارغانسېرى ئارزۇ قىلماقتا. ئەكسىچە، جۇڭگونىڭ تەھدىتى ناۋادا تەدرىجىي ئاجىزلاپ قالسا، ئاسىيا ئەللىرى ئامېرىكىنىڭ ئاسىيا ئىشلىرىدا ئوينايدىغان رولىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرىدۇ. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ناۋادا جۇڭگو تېخىمۇ كۆپ تەرەپلىشىپ، تېخىمۇ دېموكراتىيەلىشىپ كەتسە، مۇنداقچە ئېيتقاندا، جۇڭگو تەرەققىي قىلىپ تېخىمۇ «غەربلەشسە»، ئۇنىڭ تەھدىتى شۇنچە كىچىك بولىدۇ. بۇ گەپچە بولغاندا، ناۋادا كەلگۈسىدىكى جۇڭگو «غەربلىشىپ» كەتسە، ئاسىيا بىلەن «غەرب» ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى يۈز بەرمەيدۇ. شۇڭا، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىزنى خەۋپسىزلىك جەھەتتە يا ئالدىغا ماڭغىلى، يا كەينىگە يانغىلى بولمايدىغان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماقتا!

ئىككىنچىدىن، ئىقتىساد ۋە خەۋپسىزلىك سىياسىتى ساھەسىدە تېخىمۇ كۆپ بولغان رايون ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنى تەشەببۇس قىلىش بۇ رايوندىكى دۆلەتلەر بىلەن رايون سىرتىدىكى دۆلەتلەرنىڭ مۇئەييەن ھەمكارلىقنى ساقلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. بۇگۈن ئاسىيادا بۇنداق ھەمكارلىق تەسەۋۋۇرىنىڭ ئىزناسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. ئەمما، بىز ئۈچۈن جۇڭگونىڭ بۇنداق سودا دۆلەتلىرى لوگىكىسىنىڭ تەلىپىگە قانچىلىك ئارىلىشىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلمەك تەس. شۇبھىسىزكى، ئاسىيادىكى مۇتلەق كۆپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سانلىق دۆلەتلەرنىڭ نىشانى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى رايون مۇنبىرى ۋە ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى باشلىقلار يىغىنىدا، ئامېرىكا (باشقا غەرب ئەللىرى) بىلەن مەلۇم مەنىدىكى ھەمكارلىق ئىتتىپاقىنى ساقلاپ قىلىشتىن ئىبارەت. يېقىندا قۇرۇلغان رايون پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتىنىڭ مەقسىتى 1997 ـ يىلىدىن بۇيانقى ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كىرىزىسىنى توسۇش ھەم ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش داۋامىدا تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئىدى. ناۋادا بۇنىڭغا ئامېرىكا قاتناشمىسا، ئىشنىڭ قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. غەرب (گەرچە ئالقىشلانمىسىمۇ) ئاساسىي يېتەكچىلىك ئورنىنى ئىگىلىگەن خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، پۇل مۇئامىلە كىرىزىسىدىن كېيىن، ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەر پۇلى نىسپىي مۇقىملىقىنى ساقلاپ قالالمىغان بولاتتى. يەنە غەربنىڭ تىزگىنىدىكى دۇنيا بانكىسىمۇ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق پىلانى ئارقىلىق يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئېغىر ئىجتىمائىي ئاقىۋەتنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈردى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، بىر مۇستەقىل ئاسىيا تەشكىلاتى قوللىغان «مالايشىيا تورى» نىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق. بۈگۈن ئاسىيا تەڭپۇڭلاشتۇرۇش سىياسىتى بىلەن ئاپپاراتلاشقان ھەمكارلىقنى بىرلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنماقتا.

ئۇچىنچىدىن، ئىجتىمائىي دۇنيا لوگىكىسىنىڭ ئاسىيانىڭ ئىچكى تەرەققىياتىنى نەگە باشلايدىغانلىقىغا ئېنىق بىرنەرسە دېيەلمەيمىز. بىراق، بۇ ئاساسلىقى بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن مۇھاكىمە مەزمۇنىغا باغلىق. ئاسىيانىڭ تەرەققىياتىدا ئوخشىمايدىغان مۇنداق ئۈچ خىل ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىن: بىرىنچى خىل ئاقىۋەت شۇكى، بۇ خىل دېموكراتىيە «ئاسىيا»چە ئالاھىدە-

لىككە ئىگە بولسىمۇ، دېموكراتىيە بۇ رايوندا تەدرىجىي تەرەققىي
قىلىشى ھەمدە جەمئىيەتتىكى بۇرمىلانغان ئىشلار ئۈچۈن يول ئې-
چىپ بېرىشى مۇمكىن. ئاتالمىش «نوپۇز»غا بولغان ھەقىقىي كۈچ-
لۈك ئېھتىياجنى ئىنتايىن چوڭ ھوقۇققا ئىگە بىر رەھبەرلىك
ئورنى ياكى ئىنتايىن كۈچلۈك بىر پارتىيە تەشكىلى ئارقىلىق
ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئىككىنچى خىل ئاقىۋەت شۇكى، دېموك-
راتىيە بېسىمغا ئۇچراپ، ھۆكۈمرانلار ئاۋام خەلققە ئۈزۈكسىز تۇر-
دە كۈچلۈك بېسىم ئىشلىتىشى مۇمكىن. بۇ ھالدا يۇقىرى قاتلام-
دىكى بىر قىسىم كىشىلەر ھۆكۈمرانلارنىڭ «تولۇقلاپ سايلىشى»
بىلەن يۇقىرى قاتلام سىنىپىغا قېتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاۋامنىڭ
سىياسىي تۇرمۇشقا تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە قاتنىشىش يۈزىسىدىكى
تىرىشچانلىقلىرى ۋە شەخسنى ھەم پۇقرالىق ھوقۇقىنى ھۆرمەت
قىلىش جەھەتتە قويغان تەلەپلىرى ھۆكۈمرانلارنىڭ تېخىمۇ بەتتەر
بېسىمىغا ئۇچرايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئاسىيادا ئىقتىسادنىڭ ئېشى-
شى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشى ئۇزاققا بارماسلىقى مۇمكىن.
چۈنكى بۇنداق جەمئىيەت مۇقىم بولمايدۇ، كەلگۈسىدىن ئېلىپ
ئېيتقاندىمۇ، چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنى قىلچە جەلپ
قىلالمايدۇ، ئېچىۋېتىلگەن بىر جەمئىيەتتە ھوقۇق مەركەزلەشتۈ-
رۈلگەن ھۆكۈمرانلىق ۋە مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە چىداپ قول قو-
ۋۇشتۇرۇپ تۇرىدىغان ۋاقىت خۇددى قەبرە بېشىدا بىردەم ھەقىقىي
سۈكۈتتە تۇرغاندىكىدەك ئىنتايىن قىسقا بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئا-
سىيا جەمئىيەتلىرىدە بۆلۈنۈش ۋە تىزگىنلەش تەس بولۇش ۋەزى-
يىتى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۈچىنچى خىل ئاقىۋەت شۇكى، ئۇ-
رۇشقاقلىق ۋە مۇستەبىتلىك ئاساسىدىكى مىللەتچىلىك بايرىقى
ئاستىدا جەمئىيەتتە بىرلىك ھاسىل بولۇشى مۇمكىن، بۇنداق ئىش
كۆپ سانلىق شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىدە روشەن كۆرۈلمەك-

تە، ھىندىستان، كورېيە، ياپونىيە، ھەتتا ۋېيېتنام، جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقلىرىدىمۇ بۇنداق ئەھۋال يوق ئەمەس، ئەلۋەتتە.

بۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكىگە ھەممە كىشى يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، چۈنكى مىللەتچىلىك ئاسىيادا ئەڭ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭغا خەتەرلىك بولغان كۈچلۈك زوراۋانلىق ئېڭى يوشۇرۇنغان. بىراق، ئۇ مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرالمايدۇ، بەلكى ئۇ ئاسىيانى 1914 - يىلىدىكى ياۋروپا ئۇچرىغان ئەھۋالغا بىۋاستە دۇچار قىلىشى — پۈتكۈل چوڭ قۇرۇقلۇقنى ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىگە يېڭىباشتىن تاشلىشى مۇمكىن، بۇنداقتا چەت ئەللەرنىڭ قول تىقىشىدىنمۇ ساقلانغىلى بولمايدۇ. بىز ئاسىيانىڭ بۇنداق «قوغلاشما شەكىلدىكى تەرەققىيات» ئەندىزىسىدىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلىنىپ، دىققەت - ئېتىبارىنى «غەرب»نى ئۆزۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان «ئەڭگۈشتەر»گە، يەنى كۆپ تەرەپچىلىك بىلەن دېموكراتىيەلەشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز، ئاسىيالىقلار بۇنداق توغرا ۋە چوڭقۇر چۈشەنچىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويالمىسىمۇ، ھامان شۇنداق بولۇشى مۇقەررەر.

# 3

## ۋىنا شەھەر سىپىلىنىڭ سىرتىدىكى تۈركىيە يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنى ـــ ئىسلامىيەتنىڭ كۆپ ياقلىمىلىقى

1997 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا ئەللەردىن گېرمانىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ زۇڭلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇ ـ تەئەسسىپ خىرىستىيان دىنىدىكى بەش دېموكراتىك پارتىيەنىڭ رەھبىرى كېڭەشىش ئارقىلىق تۈركىيەنى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئە ـ زالىققا قوبۇل قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى، بۇنىڭغا تۈر ـ كىيە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ غەرب مەدەنىيىتىدىن بەك كۆپ پەرق ـ لىنىدىغانلىقى سەۋەب بولدى. قىزىق يېرى شۇكى، تۈركىيەنى ياق ـ تۇرمايدىغانلىقى بىلەن نامى مەشھۇر بولغان گىرېتسىيە دىپلوماتى ـ يە مىنىستىرى پانگروس بۇ باياناتقا ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق قارشى چىقتى. بۇ قاراردىن ياۋروپانىڭ ئىستېلاغا ماھىر بولغان «ھىلال ئايسىمان ئىسلام قىلىچى» دىن يەنىلا قورقىدىغانلىقى روشەن ئىپا ـ دىلىنىپ تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ يەنە خۇنتىنگتون ئىدىيەسىنىڭ خەلقئارالىق سىياسىي ئەمەلىيىتىدە بۇگۇنگە قەدەر قولغان كەلتۈرگەن ئەڭ زور غەلىبىسى ئىدى. ئىسلام مەدەنىيىتى ياۋرۇپا ئەللىرى بىلەن چىقىشالمايدۇ. شۇڭا، بىز غەربلىكلەرمۇ ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل كۆرمەيمىز. دەل مۇشۇنداق ئەڭ ئاد ـ دىي، نادانلارچە تەپەككۇر ئەندىزىسى سولىنىڭىن (گېرمانىيەدىكى شىمالىي رېين ـ ۋېستفالېن ئىشتاتى ـــ تەرجىماندىن) ۋە باشقا رايونلاردا چەت ئەل كۆچمەنلىرىگە قارىتىلغان ئوت قويۇش ۋەقەلى ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رىنىڭ يۈز بېرىشىگە تۈرتكە بولغان. ئەلۋەتتە، بىز ئالدىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بۇ پارتىيە ـ گۇرۇھلار رەھبەرلىرى دىققەت قىلىدىغان ۋە ئەنسىرەۋاتقان ئىش ئاشۇ لۈكچەكلەرنىڭ ئويلىغىنىغا تامامەن ئوخشىمايدۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن ئىسلامىيەتنىڭ دۇنيا قاراش جەھەتتە غەرب بىلەن سىغىشالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان؛ ئارقىدىنلا ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەللەرنىڭ دېموكراتىيەسى مۇسۇلمان ئەللىرىدە تا بۈگۈنگە قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك يولغا قويۇلغىنى يوق؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىنسانىي ھوقۇق جەھەتتە قوللانغان ياۋۇزلارچە قىلمىشلىرىنى ھەمىشە ئەيىبلەيتتى. شۇڭا، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ھەمراھى تۈركىيە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىيالمىدى.

## دۇنيانىڭ سىياسىي سەھنىسىدە ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان بالا

غەرب جەمئىيىتىمۇ بىكاردىن ـ بىكارغىلا ئەندىشە قىلىپ يۈرمەيتتى. ئىسلام دۇنياسى كرىزىس پاتقىقىغا پېتىپ قالدى، يەنە كېلىپ بۇ يېقىندا يۈز بەرگەن كرىزىس ئەمەس ئىدى، بەلكى بۇنى 19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكىچە سۈرۈشتۈرۈشكە بولاتتى، ئۇ بولسا غەربچە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىسلام دۇنياسى (بولۇپمۇ ئەرەب ئەللىرى) غا شىددەتلىك، قانلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرلىك تاجاۋۇز قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىۋاتاتتى.[1] مەملۇك

① ئۇلرىچ خارمان: «ئەرەب دۇنياسىنىڭ تارىخى»، 81 ـ باب، مىيونخېن، 1987 ـ يىلى نەشرى.

سۇلالىسى (ئوتتۇرا ئەسىرلەردە مىسىر ۋە سۈرىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان سۇلالە بولۇپ، دەمەشقنى پايتەخت قىلغان — تەرجىماندىن) نىڭ فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا قۇربى يەتمەيتتى، ئىستانبۇلدىكى ئوسمان تۈركلىرىنىڭ سۇلتانى نامدا مىسىرنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قۇرۇق نامىلا بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ نامىدىلا ھىمايىسىدە تۇرۇۋاتقان پۇقرالىرىغا ياردەم بېرىشكە قۇدرىتى ئەسلا يەتمەيتتى. ئۇنىڭ بۇنداق دىتسىزلىقى كەڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئاۋام ـ پۇقرانى قاتتىق ھەيرەتتە قالدۇردى.

تاجاۋۇزچىلىق ئارقىسىدا غەرب دۇنياسى ئەرەب مىللىتىنى بىر ئەسىرگە يېقىن ئەزدى، قىينىدى ۋە ئېكسپىلاتسىيە قىلدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە ۋە ئىسپانىيەدىن ئىبارەت مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىقتىسادىي نەتىجىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. مىسىر «پىلانلىق قەرز تۆلەيدىغان دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى؛ سۇۋەيش قانىلىنىڭ قېزىلىشى سوممىسى غايەت زور بولغان بىر قېتىملىق پۇل مۇئامىلە ئالدامچىلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەينى چاغدىكى مىسىر پادىشاھىنى ھەر ھالدا ئىسلاھاتنى تەشەببۇس قىلىدىغان پادىشاھ دېيىشكە بولاتتى، بىراق ئۇ شۆھرەتپەرەسلىك ۋە بىر تەرەپنىڭلا گېپىگە ئىشىنىشتەك فېئودال ھۆكۈمرانلارغا ئورتاق بولغان بەزى خاھىشلاردىن خالىي ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ھۆكۈمەت تۈزگەن مالىيە نىشانلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئۇلۇغۋار پىلانلار بولۇپ، كىشىلەر ئاشۇ مەۋھۇم مىقدارلارنى ئىشقا ئاشۇرالىغان — دۆلەتكە نۇرغۇن ئاشلىق، چارۋا مال، گەزمال ۋە باشقا مەھسۇلاتلارنى بېرەلىگەندە، ھۆكۈمرانلارنىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچرايتتى. پادىشاھلىق تاجىنى كىيگەن پادىشاھ جېنىدا ئەنگ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىيەنىڭ باشقۇرۇشىدىكى قانال باشقۇرۇش ئورگىنىدىن سۇۋەيش قانىلىغا ئائىت ھەرقانداق بىر ئىشنى سۇرۇشتە قىلىشقا پېتىنالـ مايتتى. مىسىرنىڭ دۆلەتلىك بانكىسى ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغاندا، پۈتكۈل مەملىكەت ئىلاجسىزلىقتىن ئەنگلىيەنىڭ مالىيە جەھەتتىكى مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالغان ھۆكۈمرانلىقـ نى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. مىسىر پۇقرالىرى قارشىـ لىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغاندا باستۇرۇلدى، ھەتتا مىسىرنىڭ دۆـ لەتلىك ھەربىي كۈچىمۇ ھامىيلىق ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. پۈتكۈل مەغرىب رايونى قىسقىغىنا يېرىم ئەسىردىلا ئۇزۇل ـ كېسىل مۇستەملىكىگە ئايلىنىپ قالدى، بولۇپمۇ ئالجىرىيە دەھشەتلىك ھەم قانلىق مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا دۇچار بولدى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا پەلەستىن، لىۋان ۋە سۈرىيەدىن مېـ سوپوتامىيە تۈزلەڭلىكىگىچە بولغان «قورقۇنچلۇق ھىلال ئاي» راـ يونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېقىن شەرقنىڭ كىندىك رايونلىرىدىكى ئەرەبلەر «ئەرەبلەرنىڭ لاۋرېنتىسى» نىڭ رەھبەرلىكىدە، تۈركلەرـ نىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مىللىي قوزغىلاڭنى تەشكىللەپ، ئوسمان تۈركلىرىنىڭ ئىمپېرىيەنىڭ شەرقىدىكى قوشۇنلىرىنى ئىسكەنجىگە ئالدى، ئەمما ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى گېرماـ نىيە، ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسى (ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىتتىپاقـ داش ئەللىرى ئىدى ــ تەرجىماندىن) ياۋروپا جەڭگاھلىرىدا ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ، يىراقتىكى غەربىي ئاسىيانىڭ ئىشلىرىغا ئۈنۈملۈك ئارىلىشىشقا چامى يەتمەي قالدى. ئەرەبلەرنىڭ مىللىي قوزغىلىڭى ۋە ئەنگلىيە يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنىنىڭ غەـ لىبىسى ئارقىسىدا تۈركىيە ئەڭ ئاۋۋال ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقـ تى. ئەمما، ئۇرۇشتىن كېيىن بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ

ئەرەب ئىقتىساقداشلىرىغا بەرگەن ۋەدىلىرى ۋىرسال سۇلھى شەرت- نامىسىدە ئەمەلىيلەشمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەرەب ئەللىرى مۇستە- قىللىق ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈيافتتا تۇرسۇن، بەلكى ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھامىيلىق دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى. مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەل- گىلىشىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ۋىلسون بۇن- داق ۋەدىگە ۋاپا قىلمايدىغان قىلمىشنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئەيىبلىدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە مىسىر، لىۋان، ئىيوردا- نىيە، سۇرىيە ۋە ئىراقنىڭ مانداتلىق ھۆكۈنرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولۇش يولىدىكى ھەرىكەتلىرى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئىلاجىسىزلىقى ئارقىسىدا ئاران دېگەندە ئىشقا ئاشتى. ئەمما، ئەرەب دۇنياسى خەقنىڭ ئىرادىسى بويىچە پارچە - پارچە قىلىپ بۆلۈۋې- تىلدى، بۇنداق بولغاندا كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر پەيتتە جاھانگىر- لىك ئۆزىنىڭ مەنپەئەت جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا خالىغانچە قول تىقالايتتى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلىشىپ 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ياش ئەرەب ھەربىيلىرى قوزغىغان ھەربىي ئىنـ- قىلاب سىياسىي جەھەتتىكى بۇنداق بېقىندى مۇناسىۋەتنى خېلى زور دەرىجىدە بۇزۇپ تاشلىيالىدى.

بۇ تارىخ ئەسلىدە «ئاسان چۈشەنگىلى بولمايدىغان» بىر رېئال- لىقنى، يەنى نۇرغۇن ئەرەبلەرنىڭ ئۆي - پىكرىدە «غەرب ئەللىرى» گە نىمە ئۈچۈن شۇنچە چوڭقۇر ئۆچمەنلىكنىڭ ئورناپ كەتكەنلى- كىنى چوڭقۇر تونۇتتى. مەن ئومۇمىيۈزلۈك نۇقتىئىنەزىرىنىڭ دەل ئەكسىچە شۇنداق قارايمەنكى، بۇنداق ئۆچمەنلىك ھەرگىزمۇ ئىسلام دىنى بىلەن خرىستىيان دىنى، مۇسۇلمانلار مەدەنىيىتى بىلەن

غەرب ئاقارتىش ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئىرسىيەت خاراكتېرلىك دۈشمەنلىك ئاساسىدا پەيدا بولغان ئەمەس. بۇنىڭ مەنبەسىنى شۇنىڭدىن سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئەڭ دەسلەپتە ئۆزىگە تولۇق ئىشەنچ باغلىغان ئىسلام دۇنياسى زامانىۋى غەرب جەمئىيىتى بىلەن ئۇچرىشىش داۋامىدىكى يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىت مابەينىدە، بەش ئەۋلاد كىشىنىڭ چەكسىز ئازاب - ئوقۇبەت ۋە خورلۇقلارنى باشتىن كەچۈرۈشى ئارقىسىدا شەكىللەنگەن. مەسىلەن، بۈگۈنكى ئىسرائىلىيەنى ئېلىپ ئېيتساق، ئاۋادا گىتلېر رەھبەرلىكىدىكى ئۈچىنچى ئىمپېرىيەنىڭ يەھۇدىي مىللىتىنى يوقىتىش خاراكتېرىدە زور كۆلەملىك قىرغىن قىلىشىدەك ئازاب - ئوقۇبەتلىك كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈرمىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى ئەسلا چۈشىنەلمىگەن بولاتتۇق، ئەرەب (تېخىمۇ كەڭ مەنىدىكى ئىسلام دۇنياسى) دۇنياسىدىكى غەرىبكە قارشى بۇنداق سىياسىي، مەدەنىيەت كەيپىياتى دەل مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدىكى جاراھەت ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەر تۈپەيلىدىن تەدرىجىي شەكىللەنگەن.

شەرقتىكى ئەرەب دۇنياسى ئىلگىرى خەقنىڭ خالىغانچە تالان - تاراج قىلىشىغا ئۇچرىغان بولۇپ، سەلتەنەتلىك دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئاۋۋال تۈركىيەگە بېقىندى بولۇپ قالدى، ئارقىدىن غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالدى. ئۇلار دەسلەپكى مەدەنىيەت ئۇستۇنلۈكىنى يوقىتىپ قويۇپلا قالماي، بەلكى مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقىنىمۇ قولدىن بېرىپ قويدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ھازىرقى زاماندىكى ئەرەب دۇنياسى بىلەن ياۋروپانىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىمۇ ئانچە ئوخشىمايدۇ، ئۇلار مۇستەقىل دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا مىللىي دۆلەت قۇرۇش شاد -

خۇراملىقى ئىچىدە مەستخۇش بولۇپ يۈرۈشكە سەۋەب تاپالمىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ دۇچ كەلگىنى مەدەنىيەت ۋە ھەربىي ئىشلار جە- ھەتتە ناھايىتى زور ئۈستۈنلۈككە ئىگە غەرب دۇنياسى ئىدى. ئەمما، بۇنداق ئىككى ياقلىمىلىقتا ئىگە روھىي جاراھەتنى كۆر- گىنىمىزدە، ئىسلام دۇنياسىدىكى غەربكە قارشى كەيپىياتنىڭ كۈچەيمىگەنلىكىدىن ھەيران بولماي تۇرالمايمىز. دېمەك، ھەممە بىردەك غەزەپكە كېلىپ غەربكە قارشى تۇرىدىغان مۇسۇلمانلار لاگېرى شەكىللەنمىگەن بولۇپ، ئۇلار غەرب بىلەن مۇناسىۋەت قى- لىش داۋامىدا، 19 ـ ئەسىر ۋە 20 ـ ئەسىردىكى ئاپەت خاراكتېر- لىك كەچۈرمىشلەر پەيدا قىلغان جاراھەتلەرنى ساقايتىش ئۈچۈن ھەر خىل ئۇسۇللارنى سىناپ باققان.

## ئىسلام دۇنياسىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇشقا قايتۇرغان ئىنكاسى

مۇستەبىتلەرچە مىللەتچىلىك ئىسلام دۇنياسىنىڭ غەربنىڭ خىرىسىغا قايتۇرغان جاۋابىدۇر. ئۇ پۇقراۋى ۋە ھەربىي ئىشلار سا- ھەسىدە ياۋروپانىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تېخنىكىلىق ئامىللىرىنى كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بىراق پىرىنسىپال مەنىدىكى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئىسلاھاتلارغا يول قويمىدى. شۇنداق قى- لىپ ئىسلام دۇنياسىدىكى سىياسىي جەھەتتىكى يەرلىك ئايرىم ئە- دارىچىلىق خاھىشى تامامەن ئېتىراپ قىلىندى، ئەمما ئۇلار ئاۋام ـ پۇقرانى ئۇيۇشتۇرۇش جەھەتتە ياۋروپانى ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ئۈل- گىسى قىلغان مىللىي دۆلەتلەر ئىدى. ئىسلام ئەللىرى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قېلىشتا، دىنىي قاتلامنى ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى دەھرىيلىكنى ئاساس قىلدى. شۇبھىسىزكى، بۇنداق مىللەتچىلىك ئەرەب مىللىي دۆلىتىنى ئا-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ساس قىلماستىن، ئەرەب ئەمەس مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىسى بىلەن تومۇرداش بولۇپ كەتكەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مىسىر ھۆكۈمرانى مۇھەممەد ئەلى قوزغىغان ئىسلاھات ھەرىكىتى مۇشۇ جەھەتتىكى تۇنجى قېتىملىق سىناق بولۇپ، ئۇ ئۆز دۆلىتىنى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلىپ، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىسمىغا غوجا بولۇش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارزۇسىدا، ئارمىيە، مالىيە ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتلەردە مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئىسلاھاتلارنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ مىسىردىكى تەسىرىنى تۈگىتىشكە ئۇرۇندى. ئەنگلىيە ھىندىستان بىلەن ئوق مەركىزى شەكىللەندۈرۈشكە ئۇرۇنىدىغان بۇنداق قىلمىشنى بىر خەتەرلىك سىگنال دەپ بىلدى. ئاخىرىدا مۇھەممەد ئەلىنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى جاھانگىرلىكنىڭ زورلۇق كۈچى بىلەن ئارىلىشىشى ئارقىسىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تۈركىيەدە يۈز بەرگەن مۇستاپا كامال ئىنقىلابىنى ئىككىنچى قېتىملىق سىناق دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما، بۇ ئىنقىلاب تەۋرەنمەس دەھرىيلىك جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. ئاتا تۈرك مۇستاپا كامال سىياسىي، قانۇن ۋە مائارىپ ساھەسىدە ئىسلام دىنىنىڭ غايەت زور تەسىر كۈچىنى يوقىتىشقا ئۇرۇندى ھەمدە تۈركىيەنى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ «يۇقىرى قاتلىمى» دىن باشلاپ ياۋروپا دۇنياسىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە يول تۇتۇشقا يېتەكلىدى. ئەمما، تۈركىيە جەمئىيىتىدىكى ھۆكۈمرانلىق قۇرۇلمىسى بىلەن سىنىپىي قاتلامنىڭ ئايرىلىشىدا ئۆزۈل ـ كېسىل ئۆزگىرىش بولماي (ھازىرقى زامان شەھەر بۇرژۇئازىيەسىنىڭ بارلىققا كېلىشى بۇنىڭ سىرتىدا)، ئوسمانىيلارنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ نۇرغۇن ئامىللىرى

يەنىلا ساقلاپ قېلىندى. تۈركىيە ئۆزىنى بىر مىللىي دۆلەت ھېسابلىدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مۇشۇ جەمئىيەتكە سىڭىپ كېتىشتىن باشقا چارە بولمىدى. پۈتكۈل دۆلەت مۇشۇ ئالدىنقى شەرت ئاستىدا زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى بېسىپ بولدى، ئەمما دۆلەتنىڭ مۇستەبىت پىرىنسىپى قۇدرەتلىك ھەم ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بىر سىنىپنىڭ شەكىللىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلدى. ئەمەلىيەت بۇ ئىنقىلاب ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دېموكراتىك سىناقلارغا قارىغاندا دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ بەكرەك زىيان سالدى. تۈركىيەدىكى ئېھتىياتچانلىق بىلەن يولغا قويۇلغان دېموكراتىك ئېچىۋېتىش بىلەن ھەربىي ئىستىبداتلىقنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشى داۋامىدا سىياسىي بۇرژۇئازىيە ئۆزىنىڭ يۆلىنىۋېلىش خاراكتېرىنى ساقلاپ قالدى. شۇڭا، سىياسىي سىنىپ ئۆز ھامىيلىقىدىكى يۇمران «قوزىلار» نى بىخەتەر جايغا ئېلىپ بېرىۋالغۇدەك كۈچكە ئىگە بولالىدى، ھۆكۈمرانلىق قورالى ئۇلارنىڭ قولىدىلا بولسا ھامان شۇنداق قىلالايتتى، بىراق ئۇلارنىڭ خىزمەت ئۈنۈمى بەك تۆۋەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ تۈركىيەدە خۇددى ئۆز چەككە كىرگەن جانلىقلاردەك نىسپىي تۇرغۇنلۇق ئىچىدە تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى، بۇ ئارىلىقتا ھەربىيلەرنىڭ تىزگىنلىشىدىكى ھۆكۈمەت دىنىي خادىملارغا تەمىنات بېرىشنى رەت قىلدى. جەمئىيەتتە ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن كامالىزم كوردلارنىڭ مۇستەقىللىق تەلىپىگە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا ئادىمگەرچىلىككە ئۇيغۇن ھەل قىلىش لايىھەسىنى قوللىنىشنى رەت قىلدى. 80 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى تۈركىيە دەل ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتە مۇنتىزىملىشىشقا يۈزلىنىۋاتقان ھالقىلىق پەيت ئىدى، بىراق كوردلار بىلەن بولغان ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ھۆكۈمەتنىڭ چىقىمى كۈنسايىن ئېشىپ كەت-

تى، مىللىي دارامەت ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20% كېمىيىپ كەتتى، چىقىم ھەتتا ئاشكارا مالىيە قىزىل رەقىمىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىپ قالدى، شۇ تۈپەيلىدىن ئىجتىمائىي زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسىنىڭ ئىنتايىن جىددىي پەيتتە چېكىنىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى.[①]

ئىراندىكى پەھلىۋى سۇلالىسىنىڭ سىياسىي ئىسلاھاتىنى، بولۇپمۇ ئاخىرقى شاھ يولغا قويغان كەسكىن ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئۆچىنچى مىسال دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. نېفىت ئىشلەپچىقىرىشتىن كىرىدىغان مول كىرىمدىن مەنپەئەتدار بولۇپ كېلىۋاتقان پەھلىۋىچىلەر «يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە» دۆلەت مەركەز قىلىنغان زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇشنى پىلانلىدى. مىسىر ۋە تۈركىيەگە ئوخشاشلا ئىراندىمۇ دۆلەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش پىكرى ئېقىمى بىلەن رايوندا ئەۋزەل ئورۇنغا چىقىش تەلىپى ئۆزئارا چىڭ باغلاندى. بىراق، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق مۇددەت سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۆرۈشى يۈز بېرىۋاتقان خەلقئارالىق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، رىزا پەھلىۋى غەرب ئەللىرى بىلەن توقۇنۇشماي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ دۆلەتچىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇ جەھەتتىن بۇ بىتەلەي مۇھەممەد ئەلىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ ھەربىي ھازىرلىقلارنى زور مىقداردا كېڭەيتتى ھەم قىلچە ئەيمەنمەستىن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قارا نىيىتى بويىچە ئىش كۆردى. مەسىلەن، پارس قولتۇقىدىكى تالاش ــ تارتىش ھەل بولماي كېلىۋاتقان ئەرەب ئاراللىرىنى ئىشغال قىلدى، چۈنكى ئۇ يەر ئارقىلىق ھورمۇز دېڭىز بوغۇزىنى (ئىران بىلەن ئەرەب يېرىم ئارىلى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ،

---

① ئۇدو ستېپىنباج: «20 ــ ئەسىردىكى تۈركىيە، ياۋروپانى ئەندىشىگە سېلىپ كېلىۋاتقان ھەمرا»، 1996 ــ يىلى نەشرى.

پارس قولتۇقى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئەرەب قولتۇقى ۋە ئومان قولـ
تۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ئىنتايىن
مۇھىم ـــ تەرجىمىدىن) تىزگىنلىگىلى بولاتتى؛ ئۇنىڭدىن سىرت،
ئىراننىڭ ئەينى چاغدىكى يادرو قورال پىلانى ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلار
جەھەتتىكى قارا نىيىتىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ
بەردى، بۇ ئىشلار بۇگۈنكى سادام ھۈسەيىننىڭ تۇتقان يولىغا ئوخـ
شاش بولۇپ، كىشىنى بەكلا ھەيران قالدۇراتتى. شۇنداق بولۇشىغا
قارىماي، غەرب ئەللىرى يەنىلا ئىشنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ،
سۈكۈت قىلىپ تۇرىۋەردى، بەزىلەر يەنىلا بۇ ئىشقا ئېھتىياتچان
پوزىتسىيە تۇتتى. چۈنكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىـ
دە، رىزا پەھلىۋى «بىز غەربلىكلەر» تەرەپتىكى شاھ دەپ قارالغانـ
دى. بەختكە قارشى ھۈمەينى رەھبەرلىكىدىكى ئىران ئىسلام ئىنـ
قىلابى بۇ ئاخىرقى پادىشاھنى قوغلىۋەتتى، بۇ پادىشاھ سەرسانلىق
ئىچىدە غەم - غۇسسە بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. رىزا پەھلىۋى يولغا
قويغان ئىسلاھاتنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىدىكى سەۋەب شۇكى،
ئۇ ئىجتىمائىي ئىسلاھات ھاسىل قىلالمىدى، كۆچكە توغرا يېتەكـ
چىلىك قىلىپ كېتەلمىدى، بۇ كۆچ ئەكسىچە ئۇنىڭ مۇتلەق پادىـ
شاھلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەت سىياسىي گەۋدىسىنى بىتچىت قىلىپ
تاشلىدى.

## پان ئەرەبىزم ۋە يېقىن شەرقتىكى توقۇنۇشلار

پان ئەرەبىزم دېگەنلىك ئەرەب خەلقى ئورتاق ئىنتىلىدىغان
سىياسىي ئازادلىق يولىدا زېمىنى كەڭ، سىياسىي جەھەتتە بىرـ
لىككە كەلگەن بىر ئەرەب دۆلىتى قۇرۇش ئىدىيەۋى ئېقىمى بوـ
لۇپ، ئۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن.
ئۇنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساسلىقى تەڭسىز ۋېرسال شەرتنامىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

سەۋەب بولغان. پارتىزدىكى سولھى كېڭىشىدە، غەرب مۇستەملىكە-چى ئەللىرىنىڭ ئەرەبلەرنىڭ ئىشلىرىدىكى ئاسىيلىقلىرى بۇ يەر-دىكى ئاۋام - پۇقرانى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزىگە تايىنىپ مىللىي ئازادلىق يولىنى ئىزدەشكە كىرىش-تى، شۇنداق قىلىپ پان ئەرەبىزم ۋەزىيەت ئېھتىياجى بىلەن بار-لىققا كەلدى، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىرى «ۋېرسال شەرتنامىسى» دىكى ئەرەب دۇنياسىنى بۆلۈۋېتىش ماددىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا پايدىلىق ئىدى. پان ئەرەبىزم يەنە لىۋان، سۇرىيە ۋە پەلەستىن را-يونىدىكى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەرەبلەرنىڭ ئى-گىلىگەن نىسبىتى جەھەتتىمۇ ئاز سانلىق ھېسابلىنىدىغان دىنىي مەزھەپتىكىلەرنى قوغداش ئىدېئولوگىيەسىنى ئىپادىلىدى؛ 30 - يىللاردا قۇرۇلغان مۇسۇلمان قېرىنداشلار دوستلۇق ئۇيۇشمىسىمۇ پان ئەرەبىزمگە ئوخشاشلا جەمئىيەتكە زەربە ئېلىپ كېلەلىدى، ئۇ تاللاشقا بولىدىغان دىنىي ئاساس ۋە چېگرادىن ھالقىغان سىياسىي ئىدىيە ئۈستىگە قۇرۇلغان تەشكىلات بولۇپ، ئۇلار يۇقىرىدا ئېيت-تىلغان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە نىسبەتەن چەتكە قېقىش پوزىتسى-يەسىنى تۇتتى.

1948 - يىلى ئىسرائىلىيەنىڭ دۆلەت بولۇپ قۇرۇلۇشى ھەم شۇنىڭدىن كېيىنلا يۈز بەرگەن تۆتىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى پان ئەرەبىزمنىڭ تارقىلىشىدىكى ئەڭ ئۇنۇملۇك ھەرىكەت-لەندۈرگۈچ كۈچ بولدى. بۇ مەيدان ئۇرۇش غەربنىڭ ئەرەب دۇنيا-سىغا داۋاملىق ھۆكۈمرانلىق قىلالايدىغان - قىلالمايدىغانلىقىنى بىر قېتىم سىناپ بېقىشى بولۇپ، بۇ قېتىمقىسى ئەلۋەتتە ئىلگى-رىكى قېتىمدىكىلىرىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيتتى، ئۇلارنىڭ تايى-نىدىغىنى يېڭى مۇستەملىكىلەردىكى «تىرويا ئېتى» (ياغاچ ئات ھىيلىسى) بولۇپ، ئىسرائىلىيە بۇ ئالدىنقى سەپتىكى باش قورغان

ئىدى. ئىراق، كىشىلەر ئىسرائىلىيەنىڭمۇ جاپالىق كۈرەشلەر ئار-قىلىق ئەنگلىيەنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولغانلىقىدەك بۇ پاكىتقا قىلچە دىققەت قىلمىدى. شۇنىڭدىن كې-يىن غەرب زومىگەرلىرى، بولۇپمۇ ئامېرىكا قوللانغان ئىسرائىلى-يەگىلا پايدىلىق سىياسەت ياش بىر ئەۋلاد ئەرەبلەرنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس تەسىر قالدۇردى.

پان ئەرەبىزمنى كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقان ئۇل تاشنىڭ ئەمەلىيەتتە سوتسىيالىزم ئىدېئولوگىيەسى ئىكەنلىكىنى بايقىمىغانلىقىمىز ئانچە ئەمەس ئەمەس. بىرىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى ئاياغلاش-قاندىن كېيىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كې-ڭىشىگە دائىمىي ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بىرى سوۋېتىدە ئىسرائىلىيەنىڭ زورلۇق بىلەن دۆلەت قۇرۇشىدا خېلى جاۋابكارلىقى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكا ـ ئىسرائىلىيەگە قارشى ئىتتىپاققا كىرىپ، پان ئەرەبىزمنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىل-دۈرگەندە، كوممۇنىزم بىلەن پان ئەرەبىزمنىڭ بۇنداق بىرلىشىشى تېخىمۇ پايدىلىق ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. ماركسىزم ـ لېنى-نىزم پەقەت جەنۇبىي يەمەندىلا يىلتىز تارتالىغان بولسىمۇ، سوت-سىيالىستىك ئىگىلىك، سودا ۋە تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش پى-رىنسىپى، كۆلىمى چوڭ بولغان دۆلەت كارخانىلىرى، پىلانلىق ئى-گىلىك، يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش قاتارلىق قاراشلار ئالجىرىيە، لىۋىيە، تۇنىس، مىسىر، سۇرىيە ۋە ئىراقتا كەڭ قول-لىنىلدى. ناسىرىزم ۋە بادرىزمنىڭ تەسىرىدە ئەرەب مىللەتچىلىكى بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ بىرىكىشىنىڭ بىر خىل يېڭى، پەۋقۇلئاددە ئىدىيە سىستېمىسى شەكىللەندى.

بۇ خىل سىناق ئاخىرىدا ئىككى ئامىلنىڭ تەسىرىدىن مەغلۇ-بىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. بىرىنچىدىن، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىياتى ئەسلىدىنلا تۈگەتكىلى بولمايدىغان نۇقسانلاردىن خالىي ئە-
مەس ئىدى. چوڭ تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ يۈكسەك دەرى-
جىدىكى ئۇنۇمسىزلىكى ۋە پارازىتلىق خاراكتېرىنى ئالغان دۆلەت
بيۇروكرات قاتلىمىنىڭ مەۋجۇتلۇقى تۈپەيلىدىن زامانىۋىلاشتۇ-
رۇشنىڭ بارلىق نەتىجىلىرى ئىجارە سومىسى سۈپىتىدە ئېغىر
مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالمايدىغان خۇسۇسىي ئىگىدارلىق سا-
ھەسىدىن شەپقەتسىزلەرچە ئېلىپ كېتىلدى. بۇنداق ۋەزىيەت جەم-
ئىيەتتە ئىقتىسادىي كاساتچىلىقنى ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى ئاممىنىڭ
تۇرمۇشىدا كۆنسايىن ئامراتلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئىككىنچىدىن، بىرلىككە كەلگەن ئەرەب دۆلىتى قۇرۇش ئار-
زۇسى بىلەن ئەرەب دۇنياسىدىكى تۈگەتكىلى بولمايدىغان يەرلىك
ئايرىم ئىگىدارچىلىق ئوتتۇرىسىدا ئاتالاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان
چوڭقۇر ھاڭ بار ئىدى. «ئىسرائىلىيەلىكلەرگە قارشى تۇرۇش» بۇ
يەردە ئىنتايىن ناباب بىر شوئارغا ئايلىنىپ قالغانىدى، ئەمما بۇن-
داق شوئارنى ئەرەب ئەللىرىنى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان سىياسىي
پىروگرامما نىشانىغا ئايلاندۇرۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس ھەمدە ھەربىي
جەھەتتىن ئۇنۇملۇك ماسلاشتۇرۇشتىمۇ چاقىرىق كۈچىگە ئىگە
ئەمەس ئىدى. 1958 ـ يىلى مىسىر بىلەن سۇرىيە ئەرەب بىرلەشمە
جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى، ئەمما ئۈچ يىلدىن كېيىن
ئىلاجسىزلىقتىن پارچىلانغانلىقنى جاكارلىدى؛ لىۋىيەنىڭ مۇس-
تەبىت داھىيسى كازافى ئوتتۇرىغا قويغان قوشۇلۇش تەشەببۇسى-
غىمۇ ھېچقانداق بىر قوشنا دۆلەت ئاۋاز قوشمىدى. بۇ پاكىتلار تى-
راگېدىيە خاراكتېرىنى ئالغان بىر خىل كىنايەلىك مەنىدە، مەيلى
قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پان ئەرەبىزمدىن ئاخىرىدا ھېچ-
قانداق نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى. «پان ئەرەب»
يولىنى تۇتقان سۇرىيە سوتسىيالىستلار پارتىيەسىمۇ سۇرىيەدىكى

دۆلەتچىلىك تەرەپدارلىرى بىلەن ئىراقپەرەسلەردىن ئىبارەت زادىلا سىغىشالمايدىغان ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە چاك ـ چېكىدىن بۆلۈنۈپ كەتتى.

### ئىسلام ئىسلاھاتچىلىقى

خۇددى ئوتتۇرا ئەسىردىكى چېركاۋ سوتى كاتولىك دىنىدىكى ئەسلىدە بار خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولمىغاندەك، شۇنداقلا تىلىپۇدزىيەدە ئەكسىيەتچىل تەرغىبات قىلىشمۇ پىروتېستانت (يېڭى دىن) نىڭ ئالاھىدىلىكى بولمىغىنىدەك، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈپ ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ياقلايدىغان ئەسلىيەتچىلىكمۇ ئىسلام دىنىنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى ئەمەس. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىسلام دىنىدىكى ئەنئەنىۋى ھۆكۈمرانلىق شەكلىنىڭ ئەپۇچانلىقىنى ھەممە كىشى ماختىشىدۇ. مەسىلەن، تارىختا ئىسپانىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەمىر بۇنىڭ مىسالى. زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن بولغان ئىختىلاپتا، ئىسلام سىياسىي دىنشۇناسلىقى جەھەتتە «ئىسلام ئىسلاھاتچىلىقى» تەلىماتى تەدرىجىي شەكىللەندى ھەمدە تاللاشقا بولىدىغان بىرقانچە تارماق مەۋجۇت بولدى، ئۇلار ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇش (ئۇنىڭ ئىچىدىكى غەرب مەدەنىيەت ئامىللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ يارىشىشىنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈردى؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئاشۇ ئەسلىيەتچىلەرنىڭ قىلغان ئىشى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بارلىق نەرسىلەرنى «قۇرئان كەرىم» دىكى سۈرە ـ ئايەتلەر ۋە ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئىشەنچلىك ئىزاھلار ئىچىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل چىقىرىۋېتىش بولدى.[1]

---

① ئاندرېس مېيېر: «ئىسلامىيەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى، پىلان، ئەسلىيەتچىلىك ۋە ئىسلاھاتچىلىق ئوتتۇرىسىدىكى بەس ـ مۇنازىرە»، «ئىسلام دۇنياسىنىڭ يورەك ساداسى» 1994 ـ يىلى نەشرى.

«ئىسلام ئىسلاھاتچىلىقى» تەلىماتىنى ئەل ئافغانى بىلەن ئۇ-نىڭ تالىپى مۇھەممەد ئابدۇل 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئەڭ ئاۋۋال ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرىگە ئوخشاشلا ئاتال-مىش غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى مەنسىتمەي، ئىسلام-نىڭ ئالىي پىرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلدى. بىراق ئەسلىيەتچىلىك-كە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار سانسىزلىغان دىنىي كىلاس-سىك ئەسەرلەردىن تىرىشىپ دەلىل - ئىسپات تېپىپ، غەربنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان زامانىۋى مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ئىسلام دى-نىدىكى مەنبەلەر بىلەن ئاللىبۇرۇن بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ھەتتا غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدىغان دېموكراتىيە ۋە ئىنسانىي ھوقۇقلارنىڭمۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇشتى. بۇ غەرب مەدەنىيىتى ئىسلامىيەت دانىش-مەنلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دىنىي ئەقىدىلىرىدىن كۆچۈرۈپ كې-لىنگەن دېگەنلىك بولىدۇ، ئەلۋەتتە. شۈبھىسىزكى، ئىسلام ئىسلا-ھاتچىلىقى تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل تەرەققىيات ئىمكا-نىيىتىگە ئىگە: بىرى، دىنىي ئەقىدىلەرنى ئۇزۇكسىز تۈردە نوقۇل ھەم ئەسلىي مەنىسىگە ئەڭ ئۇيغۇن شەرھلەش ئاساسىدا، روشەن ھالدا ئىسلام سىياسىي ئىسلاھاتىنىڭ يۈنىلىشىنى ئۆزگەرتىدۇ؛ ئىككىنچىسى، «قۇرئان كەرىم» دىكى سۈرە - ئايەتلەر ھاياتىي كۈچكە ئىگە ھەم ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان بىر خىل دىنىي ئەقىدە قىلىنىپ، ھازىرقى جەمئىيەتتىكى كۆنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان ئىسلاھات ئامىللىرى نەزەردە تۇتۇلۇپ، دىنىي جەھەتتە چوقۇم ئى-تائەت قىلىنىدىغان ئامىللارغا يېڭى مەنە بېرىلىپ، يېڭىباشتىن چۈشەندۈرۈلىدۇ.

باشقا ئىسلام ئىسلاھاتچىلىق تەلىماتلىرى ئەل ئافغانى ۋە مۇ-ھەممەد ئابدۇلنىڭ ئىدىيەسى ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، ئۇلار

تۆۋەندىكى جەھەتلەردە، يەنى دىن تارىخىي نۇقتىئىنەزىرىنى قوبۇل
قىلىپ، ھەقىقەتنى دانىشمەنلەرنىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق مۇتلەق،
تامامەن جەزملەشتۈرگىلى بولمايدۇ. دەپ قارىغان: كىشىلەرنىڭ
ھەربىر تارىخىي دەۋردە ئۆزىنىڭ تارىختا بولغان چۈشەنچىسى ۋە
ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئاساسەن بۇ دانىشمەنلەرنىڭ ئۇزۇندى-
لىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىنىڭ كۆپ خىل مۇمكىنچىلىكى بار-
لىقىنى يېڭىباشتىن شەرھلەپ، بۇلارنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت
قىلدۇرۇش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. باشقىچە قىلىپ
ئېيتقاندا، ھەربىر تارىخىي دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ «قۇرئان كە-
رىم»نى ئۆز مەيلىچە چۈشەندۈرۈش ھوقۇقى بولىدۇ. ئىسلام دىنى
ناھايىتى زور ماسلىشىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش-
قىمۇ ئوخشاشلا ماسلىشالايدۇ. ئىدىيەدىكى بۇنداق ئۆزگىرىشنى
ھۆمەينىنىڭ ئىراندىكى رىقابەتچىسى ئايەتۇللا (ئايەتۇللا دېگەنلىك
ئىسلام دىنىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي ئاتاق بولۇپ، خىرىس-
تىيان دىنىدىكى باش ئېپىسكوپقا باراۋەر — تەرجىماندىن) شەررۇت
مەدارى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ دىن بىلەن دۆلەت ھۆكۈمرا-
لىقىنىڭ چېك باغلىنىپ قېلىشىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىگە
نىسبەتەن ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن، چۈنكى سىياسىي سودىنىڭ زۆ-
رۈرلۈكى تۈپەيلىدىن دىنىي ياراشتۇرۇش كېلىپچىقىشىدىن ساقلان-
غىلى بولمايدۇ. ئەمما، بۇ دىنىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە مۇقەددەسلى-
كىگە نىسبەتەن داغ كەلتۈرىدۇ؛ بۇنداق «تىمتاس» دىنىي پەلسەپە
ئىسلام دىنىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئەنئەنىسى بولسىمۇ، بىراق ھۆ-
مەينى تەشەببۇس قىلغان ئىسلام پائالىيەتچانلىقى تەرغىباتىنىڭ
تەسىرىدە ئىزچىل داۋاملىشالمىدى، كەم دېگەندىمۇ ئىراندا ئەھۋال
شۇنداق بولدى. مىسىردا پىراۋوسلاۋىيە روھانىيلىرى تەرىپىدىن
كۈررىدا چېگراسىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان ئەبۇ سەيىد سۇنىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەزھەپنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى بولۇپ قالدى. نۇرغۇن پاكىستانلار ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى يارىشىشنىڭ ئىسلاھاتچىلىقىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى.

## ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى

غەربنىڭكىگە قارىمۇقارشى يەكۈننى 30 ـ يىللاردا مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ھەسەنۇل بەننا ئوتتۇرىغا چىقارغان. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ رولىنى ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەھەتتە جارى قىلدۇرماقچى بولغان. بۇ بىر جەھەتتىن، غەرب مۇستەملىكىچى ئەللىرىنىڭ ئەرەب دۇنياسىدا قىلچە ئېيمەنمەستىن، ئۆز مەنپەئەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش قىلمىشلىرىغا قارىتىلغان ئىنكاس؛ يەنە بىر جەھەتتىن، دۆلەت مۇستەقىللىققە ئېرىشكەندىن كېيىن ياش ئەرەب دۆلىتىدە چوڭ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان لىبېرالىست رەھبەرلەرنىڭ ئاۋام ـ پۇقرا ئالدىدا كۆز بويامچىلىق قىلىشلىرى، دۆلەتتە ھەمىشە غەرب بىلەن ھەمكارلىشىدىغان سىياسەتنى قوللىنىشلىرىغا بولغان گۇماندىن ئىبارەت ئىدى. ھەسەنۇل بەننا جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى قاتلاملاردا دىنىي ئېتىقادنىڭ كۈچىنى يېڭىباشتىن ئۇرغۇتۇپ، مۇشۇ ئارقىلىق سىرتتىن كەلگەن، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى بىلەن سىغىشالمايدىغان ئامىللارنى تۈگەتمەكچى بولغان. بىراق ئۇنىڭ سىياسىي پەلسەپىسى زىددىيەتلىك بولۇپ، ئۇ ئالدى بىلەن ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىدىكى دېموكراتىك نۇقتىئىنەزەر (بۇ دانىشمەنلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلەردىن دەھرىي مەسىلىلەر ئۈستىدە «كېڭىشىش»نى تەلەپ قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ) لەرنى تەشەببۇس قىلسا، يەنە بىر جەھەتتىن،

ئۆزىنىڭ ئىلاھىيەت نەزەرىيەسىنى چىقىش قىلىپ، كۆپ پارتىيە-لىك تۈزۈمدىكى ئىجتىمائىي سىستېمىدىن نەپرەتلىنىش كەيپىيا-تىنى قىلچە يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى، ئۇ مۇتلەق ئەمىرىمەرۇپلار ئى-چىدىن ئىسلام دىنى ئېتىقادىنىمۇ سىياسىي جەھەتتە ئەمەلگە ئا-شۇرغىلى بولىدىغانلىقى، ئىككى پارتىيە ئىچىدە كەم دېگەندە بىرى ۋەكىللىك قىلىدىغان نۇقتىئىنەزەرنىڭ مۇقەررەر خاتا بولىدىغانلى-قىدەك يەكۈننى ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقاردى.

ھەسەنۇل بەننانىڭ ئەڭ دەسلەپكى بايانلىرىنى كەڭ سىياسىي تۇرمۇش يەنىلا چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان جەمئىيەتتە، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرغان ئاۋام - پۇقرالارنىڭ سىياسىيغا قاتنى-شىشنى تەلەپ قىلىش، دۆلەتنىڭ چىقىش يولى ئۈستىدە ئىزدى-نىشتىكى بىر خىل ئۇرۇنۇش دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ. بەزى ئەرەب ئەللىرىدە مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئىدىيەلىرى تاكى ھازىرغا قەدەر يەنىلا مۇئەييەن ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە. ئا-ساسلىقى ئالجىرىيە، مىسىر ۋە ئىيوردانىيە قاتارلىق بىرقەدەر مۆ-تىدىل ئىسلام ئەللىرىدە ئەھۋال شۇنداق. بىراق، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ كەسكىن، زورلۇق خاھىشىنى ئۇزۇكسىز ھازىرلاۋاتقان بۇرۇ-لۇشنىڭ باشلىنىشىدۇر. ھەسەنۇل بەننادىن سىرت، بۇنداق تەلىمات-نى ئوتتۇرىغا قويغان مۇتەپەككۇرلاردىن يەنە پاكىستانلىق مۇسۇلمان ئەل مەۋدۇدى ۋە مىسىرلىق سەيىد قۇتبىلار بار. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ئۇلار مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ نۆۋەتتىكى مەدەنىيىتىدىكى بارلىق «ئىسلام دىنىغا يات نۇقتىئىنەزەرلەر»نى راسا تەنقىد قىل-غان، ئەمما ئۇلارنىڭ تەنقىد قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتىسى غەرب مەدەنىيىتى بولماستىن، بەلكى ئاساسلىق مۇسۇلمانلار ھۆكۈمرا-لىقىدىكى ھۆكۈمەت ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھلارغا قارىتىلغان. ئۇلار بۇ ئاپپاراتلار ئاللىبۇرۇنلا ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىگە خىلاپلىق قى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىپ، ئەمەلىيەتتە كۈپارلار ھۆكۈمرانلىقىغا ئايلىنىپ قالغان، دەپ ھېسابلىغان. شۇڭا، ئۇلار پاك مۇسۇلمانلار ئۆزىنى دانىشمەنلەرگە ئوخشاش ئورۇنغا قويۇشى، دانىشمەنلەر دۈشمەنلىك بىلەن تولغان بىر جايدا ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشقا كىرىشىشى كېرەك دەپ قارالغان ۋە بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن قوغلىۋېتىلگەندىن كېيىنكى مەدىنىگە قارىتىپ ئېيتقان. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، غايەت زور «ئىسلام ئىمپېرىيەسى»دە پەقەت ئاز ساندىكى مەسلەكداش ئەنئەنىچىلەرلا ئۆز غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر يەرگە جەم بولغان. ئۇلار باشقا دۇنيانى، بولۇپمۇ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان جەمئىيەت ۋە دۆلەتنى رەزىل «ئۇرۇشقاق ئىمپېرىيە» دەپ ئاتىغان. ئەلۋەتتە بۇ خىل تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى ئۇلارنىڭ ئۆز نەزەرىيەلىرىنى شەكىللەندۈرۈشى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلغان، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەمەرسەرۇپلارغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئۇسۇللارنى قىلچە تەپ تارتماستىن قوللىنىشى ئۈچۈن سەۋەب ھازىرلاپ بەرگەن. ئىش چېكىگە چىققاندا، ئۇلار: ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرىنىڭ تەلىپىگە بويسۇنۇشنى خالىمايدىغان بارلىق مۇخلىسلارنى ئۆلۈم جازاسىغا تارتىشقا بولىدۇ، دەپ جاكارلىشىدۇ، يەنە كېلىپ بۇنداق ئۆلتۈرۈش قىلمىشلىرى قانۇنلۇق ئىش دەپ قارىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ۋەدىگە ۋاپا قىلمىغان كىشىلەر بولۇپ، ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە ھەقلىق. شۇبھىسىزكى، ئالجىرىيەدىكى GIA تەشكىلاتى مۇشۇ ئەسەبىي نۇقتىئىنەزەرگە ئەمەل قىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى 20 ـ ئەسىردىن باشلاپلا ئىسلام دۇنياسىنىڭ سىياسىي سەھنىسىگە قاراپ يول ئالغان ئەمەس. ۋەھھابىيە ئېقىمى (ئىسلام دىنىدىكى بىر مەزھەپ ـــ تەرجىماندىن) 18 ـ ئەسىردىلا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تارقىلىشقا باشلىغان، 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا سەئۇدى

ئەرەبىستاندىكى يېڭى خانىدانلىق ۋەھھابىيە ئېقىمىنى دۆلەت دىنى بولغان ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئەقىدىسى قىلغان. ۋەھھابىيە ئېقىمى ھۆمەينى تەرغىب قىلغان شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىگە قارىغاندا خېلى بۇرۇنقى مەنبەلەرنى ئاساس قىلغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە تېخىمۇ مۇتەئەسسىپ، تېخىمۇ مۇستەبىت بولۇپ، ھازىرقى زامانغا لايىق ھېچقانداق دېموكراتىيە تۈسىنى ھازىرلىمىغان، بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئىران جەمئىيىتى كەم دېگەندە بىر ئىجتىمائىي، سىياسىي تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئىگە. سەئۇدى ئەرەبىستانى نېفىت باھاسى جەھەتتە ئانچە شەپقەتسىز بولمىغان سىياسەتنى يولغا قويغانلىقتىن، بۇ سىياسەت غەرب جەمئىيىتىنىڭ كۆڭلىگە ئوبدانلا ياققان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردىكى ئىنسانىي ھوقۇققا زىيانكەشلىك قىلىش قىلمىشلىرى، دېموكراتىيە ئامىللىرى كەمچىل بولغان جەمئىيەت مېخانىزمى، رىياد ئاشكارا يوسۇندا قوللىغان ئەسلىيەتچىلىك، ھەتتا تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى قوللايدىغان بۇنداق پاكىتلارنى قەستەن نەزەردىن ساقىت قىلىۋاتىمىز. بۇ غەربنىڭ دېموكراتىيە بولمىغان دۆلەتلەرگە قاراتقان ئىككى ياقلىمىلىق ئەخلاق ئۆلچىمى كەلتۈرۈپ چىقارغان زىددىيەتلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا مۇشۇ خىل روشەن پەرق سەۋەبىدىن، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ئاشۇ ئوقۇمۇشلۇق زاتلار غەرب كۆككە كۆتۈرگەن قىممەت قارىشىنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىشنى ناھايىتى تەستەك ھېس قىلىدۇ (چۈنكى، ئۇ ئادىللىقنى يوقىتىپ قويغان).

زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسى ئىجتىمائىي كوللېكتىپلارنى ئومۇمىيۈزلۈك كىرىزىسقا دۇچار قىلىپلا قالماي، بەلكى خۇسۇسىيلارنىڭ جان ساقلىشىنىمۇ كىرىزىسقا دۇچار قىلدى، ئەمما ئەسلىيەتچىلىك بولسا تۇرمۇشى داۋالغۇش ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان كىـ-

شىلەرگە ياردەم قىلدى ۋە ئۇلارنى يېتەكلىدى.[1] ئەسلىيەتچىلىك كىشىلەرگە ئېنىقتەك بىلىنىدىغان بىر ئالغا بېسىش نىشانىنى كۆرسىتىپ بەردى، ئۇ شەخس بىلەن كوللېكتىپنىڭ تونۇش تۇيغۇسىنى ئىلگىرى سۈردى. چۈنكى، ئۇ ئورتاق تارىخنى ۋە كىشىلەر يەنىلا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىنى كۆپلەپ سۈرۈشتۈرۈپ كۆردى، بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئاۋامنى سەپەرۋەر قىلىش جەھەتتە پەۋقۇلئاددە رولىنى جارى قىلدۇرالىدى ھەم ناھايىتى ئاسانلا قانۇنلۇق ئورۇنغا ئىگە بولالىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئەرەب ئەللىرىگە نىسبەتەن ئىنتايىن باب كېلىدىغان بىر خىل ھۆكۈمرانلىق ماھارىتى ھېسابلىنىدۇ. بىرقانچە ئەسىردىن بېرى ئۇ ۋەھھابىيىچە ئۇسۇل بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستان خانىدانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىدى. پاكىستاندىكى مۇستەبىت گېنېرال زىيائۇلھەق پاكىستاننىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئەسلىيەتچىلىك يولىغا سېلىشنى ئىلگىرى سۈردى، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۇنىڭ ئېنىق نىشانى ئىدى. ئىسلام دىنىدىكى ئۇچىغا چىققان مۇتەئەسسىپ پەند ـ نەسىھەتلەر، يەنى ھاقارەتكە سەۋر قىلىش، قەتئىي بويسۇنۇش ۋە قەتئىي ئەمەل قىلىش شەكلىنى تەكىتلەيدىغان ئەھكاملار ئىستائەتمەن پۇقرالارنىڭ خوش ـ خوش دەپ بويسۇنۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك باھانە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى غەرب مەدەنىيىتىدىن چەتلەش سىياسەتلىرىنى قوللىنىپ، مۇشۇ ئارقىلىق

---

[1] باسسام تىبى: «ھازىرقى زامان ئىسلام كرىزىسى»، «يەن ـ تېخنىكا دەۋرىدىكى بۇرۇنقى سانائەت مەدەنىيەتى»، فىرانكفورد، 1991 ـ يىلى نەشرى.

ئاۋامنىڭ تارىختا شەكىللىنىپ بولغان غەربكە ئۆچمەنلىك ساقلاش كەيپىياتىنى تۇغەتمەكچى بولدى.

ئەسلىيەتچىلىكنىڭ ئىلگىرىكى كوللېكتىۋىزم، مۇستەبىت دۆلەتچىلىك، پان ئەرەبىزم ۋە سوتسىيالىزمغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئەسلىيەتچىلىك ئەرەب ئەللىرىدە ئۇزۇن - كېسەل مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان «ئالتە كۈنلۈك ئۇرۇش» (1967 - يىلى)تىن كېيىن، «سەلبىي سەرگۇزەشتە» تۇپەيلىدىن ئابرۇيىنى تۆكۈۋالمىدى، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئەسلىيەتچىلىك بۇ قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ مەغلۇبىيىتىگە نىسبەتەن ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇردى، ھەتتا يۇقىرىقى بىرقانچە خىل ئىدېئولوگىيەنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئەرەب دۇنياسىدىكى ئاساسلىق ئىدىيەۋى ئېقىم يۈزلىنىشى بولۇپ قالدى. مۇستەبىت دۆلەتچىلىك، پان ئەرەبىزم ۋە سوتسىيالىزم زامانىۋىلىشىشنىڭ ئەرەب دۇنياسىدا يولغا قويۇلۇشىغا مۇئەييەن تۆھپە قوشقان بولسىمۇ، بىراق ھېچقايسىسى ئۆزىنىڭ بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلالمىدى. بىر جەھەتتىن، جەمئىيەتتىكى پەرق ئۆزگەرمەي كۆپىيىپ، باي - كەمبەغەللىكنىڭ ئايرىلىشى كەسكىنلىشىپ، كۆپ سانلىق ئاۋام - پۇقرانىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشى يەنىلا كاپالەتكە ئىگە بولالمىدى ھەمدە توغرا ئالغا بېسىش نىشانىمۇ كەمچىل بولدى؛ يەنە بىر جەھەتتىن، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پارىخورلۇق قىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى، ھۆكۈمرانلار سىنىپى خىيانەت قىلىپ، چىرىكلىشىپ كەتتى، ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپا ئەۋج ئالدى ھەمدە ئۆزىنىڭ ھوقۇق جەھەتتىكى تەلەپلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاۋام - پۇقرالارغا قىلچە تەپ تارتماستىن زورلۇق قىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى. كونا سىياسىي تۈزۈلمە مۇشۇ تۇپەيلىدىن ئەقەللىي ئابرۇيىنىمۇ يوقىتىپ قويدى. ئەرەب دۇنياسىدىكى سىياسىي سىنىپنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇستەقىللىقتىن كېيىنكى بۇنداق مەغلۇبىيىتىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تېخىمۇ ئوچاي كۆزەتكىلى بولىدۇ. 80 ـ يىللاردىن بېرى، ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەرەب ئەللىرى (ئىسرائىلىيە بۇنىڭ سىرتىدا)نىڭ ئىقتىسادىدىكى يىللىق ئەمەلىي «ئېشىش نىسبىتى» مىنۇس 2% ئەتراپىدا بولۇپ كەلدى.

ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى كەڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئاۋام ـ پۇقرانىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىۋالدى. مەسىلەن، داۋالىنىش جەھەتتە ياردەم قىلىش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ۋە قۇتقۇزۇش؛ بالىلار باغچىسى، مەكتەپلەرنى قۇرۇش، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن تەمىن ئېتىش، «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتنى ئاساس قىلغان مەدرىسلەرنى قۇرۇش؛ دېھقانچىلىق تېخنىكىسى بويىچە مەسلىھەت بېرىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، ھەتتا تاللا بازارلاردا ئەرزان يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەش دېگەندەك. باشقىچە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇلار پەقەت بىر پاراۋان دۆلەت ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلدى، يەنە كېلىپ بۇ ئىسلام دۆلىتىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى كېلەڭسىزلىك بولۇپ، چىرىكلىك قىلمىشلىرى ھەمىشە كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بىيۇروكرات تۈزۈلمىنىڭ بۇ ئىشلارنى زىممىسىگە ئېلىشقا قۇربى يەتمىدى. شۇڭا، بۇ جەمئىيەتتە نېمە ئۈچۈن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ قايتىدىن گۈللىنىشىگە تايىنىپ، ئاخىرىدا ئەرەب دۇنياسىنىڭ زامانىۋىلىشىشقا يۈزلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى تامامەن چۈشىنىشكە بولىدۇ. خۇنتىنگتون دەل مۇشۇنداق گۈزەل خىيالىي تۈيغۇلارنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچرىغان، ئۇ مۇشۇ ئاساستا ھۆكۈم چىقىرىپ، خالىغان بىر مەدەنىيەت بەلگىسىگە تايىنىپ ھەممىنى چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ، دەپ قارىغان. ئەمما، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى زامانىۋىلاشتۇ ـ

روشىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىگە سەل قارىغان. ئىران ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى بۇ زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتا كىشىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى تارتقۇدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغان.[1]

ئۇمىدىنى ئىسلام دىنىغا باغلاپ، ئاتالمىش «ئاخىرقى ئارزۇسى» ئۈستىدە قۇرۇق خىياللارنى قىلىشقا قارشى تۇرۇشىمىزدا ئەلۋەتتە ئىنتايىن نۇرغۇن سەۋەب بار. ئىنسانىيەتنىڭ دىن تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق شۇنى بايقايمىزكى، كىتاب نازىل بولغان ھەرقانداق بىر دىن مۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە، يەنى مۇقەددەس دىنىي ئەقىدىلەر ئىنچام سۆز - ئىبارىلەر بىلەن يەتكۈزۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەڭگۈلۈك ئۇنۇم ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئاتا قىلىنغان. دېمەك، ئۇ دەۋر ئېقىمىغا قەتئىي ئۇيغۇن بولغان تەپسىلىي شەرھلەش ۋە تارىختىن ھالقىغان، قەدىمدىن بۈگۈنگىچە بولغان يۈكسەك دەرىجىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرگەن. شۇڭا، ئۇنىڭدا كۆپ مەنىلىكتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق. ئەمما، ئەسلىيەتچىلىك دانىشمەنلەرنىڭ پەند - نەسىھەتلىرىدىن دىنىي ئەقىدىنىڭ «ئەسلىي» مەنىسىنى تەھلىل قىلىشقا ئىنتىلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ تەقدىرى دەسلەپتىلا بەلگىلىنىپ بولغان. دې-

---

① 1996 - يىلى 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى بەس - مۇنازىرىدە، كىشىلەر خۇنتىنگتوننىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سىياسىي ۋە ئەدلىيە تۈزۈلمىسىدىكى كونا ئامىللار توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئەيىبلەشتى، بۇ كونا، چىرىك ئامىللار ھازىرقى زاماندىكى مەۋجۇتلۇق كىرىزىسىنى يېڭىش تەلەپ قىلىنىدىغان مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلغان؛ بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى بىر سوت مەھكىمىسى «پىرىخونلۇق جىنايىتىگە چېتىلىپ قالغان» بىر ئەرگە ئۆلۈم جازاسى بەردى. ئەمما، خونتىنگتون بۇنىڭغا رەددىيە بەردى، چۈنكى رىيادتىكى نۇرغۇن زامانىۋى ئىمارەتلەر ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەك، ئۇنىڭغا بەختسىزلەرچە مەغلۇبىيەتتىن باشقا يول يوق.[1]
«ئەسلىي» مەنە پەقەت دانىشمەنلەر ياشىغان شۇ دەۋردىلا مەيدانغا كەلگەن بولۇشى، ئەينى چاغدىكى ئۆزئارا تەسىر پەيدا قىلىدىغان مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر داۋامىدا ئۈزۈكسىز ئىپادىلىنىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. تىل مەنە جەھەتتىن تارىخنىڭ كۆلەڭگىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، ئەمما مەنىنى ئەينى چاغدىكى كىشىلەر ياشىغان دەۋردىن ئايرىپ تۇرۇپ ئىپتىياتچانلىق بىلەن ئاجرىتىپ چىققىلى بولمايدۇ. ئۇ نەچچە يۈز يىل، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق ۋاقىتنى باشتىن كەچۈرۈپ، قىلچە زىيان ـ زەخمىگە ئۇچرىماستىن بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ كەلگەن، دانىشمەنلەر ياشىغان دەۋر كەلمەسكە كەتتى، شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە كېيىنكىلەرنىڭ ھەرقانداق رىۋايەت قىلىنىشلىرى تالاش ـ تارتىش قوزغىمايى قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇۋاپىق دەلىل ـ ئىسپاتلارغا ئاساسلىنىپ، كۆپ خىل مەنە ئىچىدىن كىشىلەرنى قايىل قىلالايدىغان بىر خىل چۈشەندۈرۈشنى تاللاپ چىقىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئىمكانىيەت ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا، مەلۇم بىر خىل مۇقەددەسلىكنى قوغداش ئۇسۇلى، ئىلاھىيەت تونۇشىنى ئالمىغان ئۇسۇللارغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ، يەنى ھوقۇقتىن ئىبارەت بۇ قورالدىن پايدىلانغاندىلا ئۆز تەشەببۇسىنى يولغا قويغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئەسلىيەتچىلىك قورallıق بۆلگۈنچىلىك خوسۇسىيىتىدىگە ئىگە بولۇپ، ساقچى ۋە ئارمىيەنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ مۇخلىسلار ۋە ئۆزلىرىنىڭ روھانىيلىرىنى باشقۇرۇشقا ماھىر.

ئىسلام دىنىدا «قۇرئان كەرىم»دىن سىرت يەنە «سۈننەت» (ھە-

---

[1] ئەزىز ئەل ئەزمەخ: «ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىسلاملىشىش»، سىياسىي نەزەرىيەدىكى مەۋھۇم دۇنيا»، نيۇيورك، 1996 ـ يىلى نەشرى.

دىس) دېگەن كىتابمۇ بار، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىغا ئائىت خاتىرىلەر ۋە تارقىلىپ يۈرگەن ئۇزۇندىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە «ھەدىس شەرىف» دېگەن نامى بىلەن ھازىرغا قەدەر تارقىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كونكرېت تالاش ـ تارتىش قىلىنغان ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىشقا ئائىت ئەھۋاللار بولۇپ، ئۇممەتلەر ئۆزلىرى دۈچ كەلگەن مەسىلىلەرنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن سورىغاندا، ئۇ بەرگەن ھەرىكەت مىزانىغا ئائىت تەكلىپلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قاراشلىرى ئەينى چاغدىكى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋال بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، ناۋادا «سۈننەت» (ھەدىس)نى بۇگۇنكى كۈندە ھەقىقىي دىنىي ئەقىدە ۋە مۇتلەق ئۆلچەم سۈپىتىدە ئىجرا قىلىش كېرەك دېيىلسە، ئۇنداقتا تازا ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە «سۈننەت» (ھەدىس)نى مۇ-ۋاپىق شەرھلىمەك «قۇرئان كەرىم»نى ھەقىقىي شەرھلىمەكتىنمۇ تەس.

ئىسلام دىنىنى سىياسىيلاشتۇرۇشنىڭ ئۇچىنچى يولى ئىسلامدا «مۇقەددەس قانۇن» دەپ ھېسابلىنىدىغان «شەرىئەت» تۇر، ئۇ «قۇرئان كەرىم» ۋە «سۈننەت» (ھەدىس)لەردىن ئېلىنغان قانۇنىي پىرىنسىپلار ئارقىلىق شەكىللەندۈرۈلگەن ئەنئەنىۋى قانۇنىي ئە-قىدىلەر ۋە قانۇنىي تەتبىقلاش مەجمۇئەسىدىن ئىبارەت. «شەرى-ئەت»نىڭ مەنبەسىنى ناھايىتى بۇرۇنقى چاغلارغىچە سۈرۈشتۈرۈش-كە بولىدۇ، شەرىئەتنىڭ پەۋقۇلئاددە تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ-غا مۇناسىۋەتلىك ئارقا كۆرۈنۈش ماتېرىياللىرىنى چۈشەنمەي تۇ-رۇپ، ئۇنى ھەقىقىي چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. 11 ـ ئەسىردە «شەرىئەت» ئاخىر شەكىللەندى. دېمەك، مۇشۇ مەزگىلگە قەدەر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەيتى چاغدىكى ئورتودوكسال دىنىي ئەقىدىنى چىقىش قىلىپ، مۆلچەرىمىزدىكى قىيىن ئەھۋالنى ھەل قىلىشقا ياردىمى تېگىدىغان ھەرقانداق ئۆرنەك ۋە قائىدىنى تېخى تېپىپ بولالمىدۇق، بىراق ھەرقانداق بىر يېپيېڭى نەزەرىيەگىمۇ تېخى جىددىي ئېھتىياج يوق، شۇڭا «شەرىئەت» دۇنياغا كەلگەن. ئەمما، بۇنداق ئالدىراپلا ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ۋە رېئال ئىجتىمائىي ئىتتىپاقتا نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ بولۇشى مۇقەررەر، بۇ ئۆز ـ ئۆزىدىنلا مەلۇم. تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان ئىش شۇكى، ئىران، پاكىستان ۋە مالايشىيا «ئىسلام» توغرا دەپ ھېسابلىغان ئاساستا بانكىلارنى قۇ-رۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى؛ «قۇرئان كەرىم» دە ئۆسۈم ھارام دەپ ئېنىق بەلگىلىمە بارلىقىنى ھەممە بىلىدۇ، ئەمما ئىسلام دۆلەتلىرىدە باڭ-كىنىڭ قەرز پۇل بېرىش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش يۈزىسى-دىن، بانكا قەرزدار بىلەن مۇخلىسلار ئوتتۇرىسىدىكى «سودا ۋاسى-تىچىسى» سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. بىراق، بۇنىڭغا ئالاقىدار تەرتىپلەر تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ، ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلار ئەنئە-نىۋى، «ئىسلامغا يات شەكىلدىكى» بانكا كەسپىنى تېخىمۇ ياقتۇرۇ-دىغان بولۇپ كەتتى.[1]

سىياسىينىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟ ئەسلىيەتچىلىكنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە قانۇنىي پىرىنسىپلىرى ئۆتمۈشتىكى ھەقىقىيلىق ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان، يەنە كېلىپ بۇنداق ئاتالمىش ھەقىقىي ئۆتمۈشنى ئېنىق ئىسپاتلايدىغانغا كىشىنى قايىل قىلغۇ-دەك دەلىل ـ ئىسپاتمۇ تېخى يوق. ھەقىقىيلىق توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشتىن ھەمىشە ساقلىنىپ بولالماقمۇ ئەلۋەتتە تەس،

① ۋولكېر نېينخاۋىن: «غايىۋى دۇنيا ۋە دۇنيا ئىقتىسادى»، «ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىقتىسادى»؛ كاي ھافېز، «ئىسلام دۇنياسى ۋە غەرب دۇنيا-سى»، «سۆھبەتنىڭ سەۋەبى»، 94~108 ـ بەتلەر، 1997 ـ يىلى نەشرى.

سۈننىي مەزھىپىنىڭ بىرقەدەر ئومۇملاشقان دىنىي ئەقىدىلىرىدىن سىرت، يەنە شىئە مەزھىپىنىڭ ئەقىدىلىرى، شۇنداقلا شىئە مەزھىپىنىڭ تارمىقى بولغان ئەلەۋىيلەر ياكى دروزىلار چۈشەندۈرۈشلىرىمۇ بار، سۈننىي مەزھىپىمۇ قارىسا بىرلىككە كەلگەندەك قىلغىنى بىلەن ئىچكى قىسىمدىن مۇھىم بولغان ھەم ئۇسۇلى فىقھىلىرى ئوخشىمايدىغان تۆت مەزھەپكە ئايرىلغان.[1]

شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار (ئادەتتە قارا ئافرىقا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دا، ئىسلام دىنى شۇ جايدىكى ئەنئەنىۋى دىن بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، بۇ يەرلەردىكى ئىسلام دىنى مۇراسىملىرى «نوقۇل دىنىي ئەقىدە» دىن روشەن چەتلەپ كەتكەن. خۇددى ئەل ئەزمەخنىڭ قاراشلىرىدىكىدەك، «كىشىلەر بۇنداق باغلىنىشتىن ئىسلام دىنىنى ناۋادا بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىلا دەپ قارىسا يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭ بىر خىل دىن سۈپىتىدە ئىنتايىن قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى ئاسانلا بايقىۋالالايدۇ. ئۇ تامامەن ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ، يەنە كېلىپ ھەرقايسى جايلاردا كۆپ خىل ئوبراز بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ» . بۇلاردىن سىرت، ئىسلاھاتچى مۇسۇلمانلار، مۆتىدىل ئەسلىيەتچىلەر ۋە ئۇرۇشقاق ئەسلىيەتچىلەرنىڭمۇ تالاش ـ تارتىشلىرى توختاپ قالغىنى يوق، يەنە كېلىپ ئوخشىمايدىغان ئۇرۇشقاق ئەسلىيەتچى گورۇھلار ئوتتۇرىسىدىمۇ كەسكىن كۈرەش بولۇۋاتىدۇ. ئەسلىيەتچىلىك ناۋادا ئۆزى تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئاساسنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشنى خالىمىسا، ئەۋلىيا، دانىشمەن-

① باسسام تىبى: «ئاللانىڭ سايىسىدە ياشاش»، «ئىسلام دىنى ۋە ئىنسانىي ھوقۇقتىن ئېلىنىدى». مىيونخىن، 1994 ـ يىلى نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەر يەتكۈزگەن مۇقىم، تەۋرەنمەس ئەسلىي دىنىي ئەقىدىگە قەتئىي ئەمەل قىلىشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا، دىنىي ئەقىدىلەرنى ئوخ- شىمايدىغان يوسۇندا چۈشەندۈرۈش بىر بولسا بىدئەت تەلىمات دەپ چەكلىنىشكە ئۇچرايدۇ، بىر بولسا مۇقەددەس دىنىي بۇرمىلىغانلىق دەپ قارىلىپ زەربىگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەربىر دىنىي ئەس- لىيەتچىلىك ئىچىدىكى سىياسىي سىستېما ھوقۇق مەركەزلەشكەن ھۆكۈمرانلىق يولىنى تاللاشتىن خالىي بولالمايدۇ.

شۇبھىسىزكى، ئەسلىيەتچىلىك بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇش ھا- مان بىر ـ بىرى بىلەن سىغىشالمايدۇ. ھوقۇق مەركەزچىلىكى پە- قەت مەلۇم بىر خاس تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدا، يەنى ئېغىر سانائەت بىلەن ئاساسىي قۇرۇلۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش باسقۇ- چىدىلا جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان ھەرى- كەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىلەن بىردەك ماسلىشالايدۇ. بىراق، ھوقۇق مەركەزلەشتۈرمىچىلىكى نۇرغۇن «زىددىيەت تۇپەيلىدىن بولىدىغان زىيان» نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ھەمدە كىشىلەرگە نۇرغۇن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى كەلتۈرىدۇ، يەنە كېلىپ بۇلارنى ئىش تۈگىگەندىن كېيىن بىر ياقلىق قىلىمەن دەپ ساقلاپ ئولتۇرماي، مۇشۇ باس- قۇچنىڭ ئۆزىدىلا تۈگىتىش كېرەك. بىدئەت، كۇپرى، خۇداغا ھۆر- مەتسىزلىك قىلغان دېگەندەك تەنقىد قالپاقلىرى ھەر ۋاقىت كېي- دۈرۈلۈشى مۇمكىن، ئىسلام ئەسەبىي ئايرىمچىلىقىنىڭ ئۆلۈم تەھدىتى تەبىئىي ھادىسىلەرگە ئوخشاش زامانغا باقماي ئىش تۇت- قانلار قول سالغان زامانىۋى ئىقتىسادىي جەمئىيەتتە، يەرلىككە ھوقۇقنى مۇۋاپىق تەقسىملەش، يەككىلىكنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدا- رىنى، جانلىقلىقىنى جارى قىلدۇرۇش، تەجرىبىگە ئەھمىيەت بې- رىش ۋە تەۋەككۈلچىلىك روھىغا باي بولۇشتەك زامانىۋىلاشتۇرۇش- تا زۆرۈر بولغان تەلەپ ۋە پەزىلەتلەرنى ھەر ۋاقىت قانداق تەرىزدە

ئۆز يولى بىلەن ئۇتتۇرىغا قويالايدۇ؟ ئەسلىيەتچىلىك ھۆكۈمرانلى-قىدا، «قىسمەن تۇر» لەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن، ئەمما ئىجتىمائىي ئىقتىدار خاراكتېرىنى ئالغان ۋەزىپى-نى ئورۇنلاشتىكى ھەربىر تېخنىكىلىق تەپسىلاتلارغا قارىتىلغان مۇھاكىمە ئاخىرىدا دىنىي ئەقىدىنىڭ ھەقلىكى توغرىسىدىكى ئىلاھىيەت مۇلاھىزىلىرىگە يىغىنچاقلىنىپ قالسا، ئۇنداقتا ئوخ-شىمايدىغان سادالار ھامان قاتتىق جازاغا دۇچار بولۇشى ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ 21 ـ ئەسىردىكى خىرىسقا قايتۇرغان ئىنكاسى مەغلۇ-بىيەتتىن دېرەك بېرىشى مۇمكىن.

## توسقىلى بولمايدىغان ئىسلام دىنى

ئىسلام دۇنياسىدىكى سىياسىيتى ئەسلىيەتلەشتۇرۇش بەزىدە نۆۋەتتىكى تەبىئىي قائىدىدەك كۆرۈنىدۇ. خۇنتىنگتون ئەپەندى بۇنداق ۋەزىيەت تاكى 21 ـ ئەسىرگىچە، ئىسلام دۇنياسىدىكى نو-پۇسنىڭ ئېشىش دولقۇنى تەدرىجىي پەسىيىپ، نوپۇس سانى مۇقىم بىر سەۋىيەگە تۇراقلاشقىچە داۋاملىشىدۇ دەپ پەرەز قىلغان. ئەس-لىيەتچىلىكنىڭ ئاكتىپ ئۇنسۇرلىرى سادىر قىلغان ھەر خىل قىلمىشلار بۇنداق چۈشەندۇرۇشلەرنى ئۇزۇكسىز يېڭى تەركىبلەر بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۇنى بارغانسېرى ئەقىلگە مۇۋاپىقتەك كۆر-سەتسىمۇ، بىراق ھازىر ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا يېتەرلىك ئاساس-سىز بار.

ئىسلامىزم (ئەسلىيەتچىلىك) 70 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە كەڭ كۆلەمدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، پارتىيە ـ گۇرۇھلار سىياسىيسىدا بۇ-گۈنگە قەدەر يەنىلا ئاز سانلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلمەكتە. ئەركىن سايلامدا ئۇ ۋەكىللىك قىلغان پارتىيە ھەممىلا دۆلەتتە دېگۈدەك 20%~25% سايلام بېلىتىگە ئېرىشىشتەك چوڭ ئۆتكەلدىن بۆسۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆتتى (بۇ نۇقتىنى ئالجىرىيە ۋە تۈركىيەدىكى سايلام نەتىجىسىدىن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ). ئالجىرىيە بۈگۈنگە قەدەر ئىسلام دىنى پارتىيەسى (ئىسلام قۇتقۇزۇش فىرونتىنى كۆرسىتىدۇ — تەرجىماندىن) نىسبەتەن ئادىل سايلامدا ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان بىردىنبىر دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، دىنىي پائالىيەتلەر بۇ دۆلەتلەردە سايلىغۇچىلارنىڭ بىر قىسمىنىلا سەپەرۋەر قىلالىدى، غەلىبە قىلغان ئىسلام پارتىيەسىنى قوللىغان مۇتلەپ كۆپ ساندىكى سايلىغۇچىلار بۇ قېتىملىق سايلامنى چىرىك، ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان ھەم مۇستەبىت بولغان ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە ھەربىي ھۆكۈمىتىدىن قۇتۇلۇشتىكى بىر قېتىملىق پۇرسەت، دەپ قارىدى. بۇ ئۆكتىچى سايلىغۇچىلار يەنىلا يېڭىدىن تەختكە چىققان ئىسلام پارتىيەسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشىنى ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» گە بولغان ساداقەتمەنلىك دەرىجىسىنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ ئاقلىماستىن، بەلكى سىياسىي نەتىجىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئۆلچىدى. ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىنكى ئىسلام پارتىيەسىنىڭ ئۇلارغا يېڭىباشتىن سايلام ھوقۇقى، يەنە بىر قېتىم تاللاش پۇرسىتى بېرىدىغان ـ بەرمەيدىغانلىقى يەنىلا مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى ھېسابلىنىدىغان، ئەلۋەتتە.

تۈركىيەدە كىشىلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئىسلامىزمغا بۇرۇلۇپ كېتىشىدەك پاكىت پەقەت ئەرباكان رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيال پاراۋانلىق پارتىيەسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قىسمەن دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرەلىدى، بۇ پارتىيەنى قوللايدىغان كۆپ سانلىق سايلىغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ چىرىكلىكتە ئۆچىغا چىققان، دىتسىز سىياسىي سىنىپنى ئوبدان بىر ئەدەپلەپ قويۇشنى ئارزۇ قىلىشتىن باشقا ئىش ئەمەس ئىدى. سوتسىيال پاراۋانلىق پارتىيەسى چىرىكلىك تۈپەيلىدىن تەختتىن قوغلاپ چۈشۈرۈلمىگەن

بىردىنبىر پارتىيە بولسىمۇ، ئەرباكان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن قىسقىغىنا مەزگىلدە، چىرىكلىكنىڭ دەسلەپكى ئىپادىلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، سايلام جەريانىدا، كورد مىللىتىدىن بولغان نۇرغۇن ئۆكتىچى سايلىغۇچىلارمۇ ئىسلام گۇرۇھىدىكىلەرگە بېلەت تاشلىدى، چۈنكى كوردلارنى قوللايدىغان خەلق دېموكراتىك پارتىيەسى ئاشۇ قېتىملىق سايلامغا بايقۇت قىلىغانىدى.

ئىسلام دۇنياسىدا ئەسلىيەتچىلىك سىياسىي جەھەتتە يەنىلا ئاز سانلىق ئورۇننى ئىگىلىسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچىنى يەنىلا بوش چاغلىغىلى بولمايتتى، يەنە كېلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا ئۆزىنى ئەسەبىي ئىسلام گۇرۇھىنىڭ قوينىغا ئېتىش ئارزۇسىدا ئەمەس ئىدى. بۇ پاكىتلار شۇنى ئىپادىلەپ بەردىكى، ئەسلىيەتچىلىكنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى كەڭ تارقالغان تەقدىرچىلىك نەزەرىيەسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسى يوق بولۇپ، ئىشنىڭ ئاخىرلىشىشىدىنمۇ ھەرھالدا ساقلانغىلى بولاتتى، چۈنكى ئىسلام دۇنياسىدا يەنىلا بىرقەدەر قۇدرەتلىك، پايدىلىنىشقا بولىدىغان تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى كۈچ مەۋجۇت ئىدى.

تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان ئىسلام ئەسلىيەتچىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرى ۋە ھاكىمىيەت بېشىدا بولمىغان ئىسلام ئۆكتىچىلەر گۇرۇھىنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى كەڭ ئاۋام - پۇقرانىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. ناۋادا بۇنداق نۇقتىئىنەزەرنى ئېنىق ئىسپاتلاشقا توغرا كەلسە، ئىراننىڭ زۇڭتۇڭ سايلىمىدىكى نەتىجە بۇنىڭغا ئىنتايىن ياخشى ئىسپات بولالايدۇ. يەنى، ئىسلام ئىنقىلابىدىكى غالىبلار 18 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئاۋام - پۇقراغا ۋەز ئېيتىپ، پۈتۈنلەي ھۆمەينىي ئىدىيە-

سىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان يىپپىڭى بىر ئەۋلادنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ھۆكۈمرانلار ئەنئەنىچى شىئەلەردىن بولغان نامزاتنىڭ سايلامدا كارامىتىنى كۆرسىتىشىگە تۇرتكە بولۇش ئۈچۈن، ئاۋۋال سايلامغا ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلدى. بىراق، سايلام ئۈچۈن قىلىنغان بىھۇدە تەييارلىقلاردىن كىشىنى خۇشال قىلغۇدەك نەتىجە چىقمىدى، يەنى مۇقەددەس شەھەر قۇمدىمۇ مۇخلىسلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارنى مەنىۋى داھىي ھۇمەينىي كۆرسەتكەن نامزات ناتىق نورىنى تاللاشقا قايىل قىلغىلى بولمىدى. «لىبېرالىستلار» كۆرسەتكەن نامزات ھاتەمى چوڭ سايلامدا ئۇتۇپ چىقتى، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزگىرەس ئەھكاملىرىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىسلاھ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، مۇشۇنداق ۋەدە تۇپەيلىدىن ئاياللار ۋە بىرقەدەر ياش سايلىغۇچىلار ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئىراندا 25 ياشتىن كىچىك سايلىغۇچىلار ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 2/3 قىسمىنى ئىگىلەيتتى، شۇڭا ئەسلىيەتچىلىك چوڭ سايلامدا ئۆزىگە پايدىلىق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيتتى، ئەلۋەتتە.

ئافغانىستاندا كىشىلەر شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ساداسىدىن شۇنى ھېس قىلدىكى، ئۇلار خۇسۇسىي تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدىكى ئامىللارنى ساقلاپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ، تالىبان ھۆكۈمىتىنىڭ ئېقىمغا قارشى ئىش تۇتىدىغان «تاش قورال دەۋرىدىكى ئىسلام دىنى» سىياسىتىگە قارشى ئىدى. شۈبھىسىزكى، ئەسلىيەتچىلىك يۇقىرى پەللىگە چىققان بۇ دۆلەتتە، بەزى پاسسىپ قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭمۇ خەتىرى ئىنتايىن چوڭ ئىدى. تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئافغانىستان ئاياللىرىمۇ باشقا مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىن ياردەم ئىزدەپ، خەلقئارانىڭ بېسىمى ئارقىلىق ئۆزلىرى چىشلەپ چىداپ كېلىۋاتقان يا-

شاش ھالىتىنى ياخشىلاشنى ئارزۇ قىلاتتى. تۈركىيەدە سوتسىيال پاراۋانلىق پارتىيەسىنىڭ مەدەنىيەت سىياسىتى بۇرژۇئازىيە ۋە شەھەر ئاھالىلىرى قاتلىمىنىڭ كەڭ تۈردە قارشىلىقىنى قوزغى-دى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر نامايىش قىلىشتى. ئالجىرىيەدە ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ قورال كۈچى ئارقىلىق قارشى كۈرەش قى-لىشلىرى يەككە ـ يېگانە ھادىسە بولۇپ قالدى، مەيلى ئۇلار ئىچكى قىسىمغا سىڭىپ كىرگەن مەخپىي ساقچىلارنىڭ قوللىشىغا ئې-رىشسۇن ـ ئېرىشمىسۇن، كۈنسايىن كەسكىنلىشىۋاتقان قارشىلىق كۆرسىتىش دولقۇنى ئالجىرىيەدىكى ئاۋام ـ پۇقرانىڭ ئەسەبىي ئىسلامىزمنىڭ تەلىپىگە كۆنمەيدىغانلىقى ئىپادىلەپ بەردى. مى-سىردا پۇقرالار دەشخاد ھەربىي گۇرۇھىنىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈش قىلمىشلىرىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، ئۆز ئالدىغا جازالاشتىنمۇ باش تارتمىدى. سۇداندا شىمالدىكى ئىسلام ئۆكتىچىلەر گۇرۇھى بىلەن جەنۇبتىكى خىرىستىيان ـ ئانىمىزمچى ئاسىيلار دوستلۇق مۇنا-سىۋىتى ئورناتتى، ھەتتا خارتۇمدا ئەسلىيەتچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ھەربىي ئىتتىپاق تەشكىللىدى. مالايشىيادىمۇ بەزى شەھەر ياشلىرى قوزغىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ قاتتىق ئەخلاق مىزانلىرىغا قارشى چىقتى. ئىيوردانىيە ۋە كۇۋەيتتە رادىكال ئىسلام گۇرۇھى-نىڭ نامزاتلىرى يېقىنقى سايلاملاردا ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بو-لۇپ، پارلامېنتتىكى ئورنىدىن قۇرۇق قالدى.

ئەسلىيەتچىلىكنىڭ «ئەڭ ئاخىرىدا غەلىبە قىلىش نەزەرىيە-سى»گە زىت بولغان نەتىجىنىڭ چىقىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئە-مەس، چۈنكى زامانىۋىلاشتۇرۇش دولقۇنى بۇ دۆلەتلەرگە بۆسۈپ كىرىپ، ئومۇمىي خەلقتە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش، سىيا-سىيغا قاتنىشىش ئېڭىنىڭ ئومۇملىشىشىغا تۈرتكە بولدى ھەمدە كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىككە ئىنتىلىش ئارزۇسىنى ئۇرغۇتتى. ئەل-

ۋەتتە، بۇ تەلەپ ۋە ئارزۇلار ئىسلام دىنى رامكىسى ئىچىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئەمما بۇ تەلەپ ۋە ئارزۇلارنى ئىسلام ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىدىكى سىياسىي سىستېما ئاستىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى بۇلارنىڭ ئاشۇ خىل تۈزۈلمە بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشى مۇقەررەر ئىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىيەتچىلىك ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن دۆلەتلەردە زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتا ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولۇشنىڭ مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى.[①]

كەلگۈسىدىكى ئۈمىد ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ئاياللاردا بولۇپ، ئۇلار كۈنسايىن دەھرىي ئىسلاھاتنىڭ ئاكتىپ تەشەببۇسچىلىرىغا ئايلانماقتا. دەسلەپكى چاغلاردا ئۇلار ئارىسىدىكى بەزىلەر ئوخشاشلا ئىسلامىزم ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى نۇرغۇن توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىشنىڭ «مۇۋاپىق، ئېنىق ۋە لايىقىدا» ھەل قىلىش لايىھەسىنى تۈزەلەيدۇ، دەپ قارايتتى، بۇ توقۇنۇشلار جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇسۇلمان ئاياللىرىغا يۈكلىگەن ئىككى قىيىن يول بولۇپ، ئاياللارنىڭ كىشىلىك قەدىر - قىممىتىگە ئۆزى مۇستەقىل ئىگە بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكى (سۆز - ھەرىكىتى ھازىرقى زاماندىكى دەھرىيلىك ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك) بىلەن ئەرلەرنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا قول تىقماسلىقىدەك ئەنئەنىۋى تەلىپى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت - توقۇنۇش مەۋجۇت. شۇڭا، ئاياللار ئەنئەنىۋى ئائىلە ئايالى بولۇش بىلەن ھازىرقى زامانغا لايىق ئايال بولۇشتىن ئىبارەت ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللىشى كېرەك. ئىسلام دىنى ئاياللار ئازادلىقى

---

① ئارنولد خوتتىنگېر: «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى»، كامبىرج، 1994 - يىلى نەشرى.

ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئاياللارنى ئا-ئىلىنىڭ قەپىسىگە يېڭىباشتىن سولىۋەتتى ھەمدە مۇشۇ ئارقىلىق ھەل قىلماق تەس بولغان توقۇنۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. شۇ-نىڭ بىلەن بەزى ئاياللار بويۇنتۇرۇقتىن قۇتۇلغاندەك ھېس قى-لىشتى، ئەمما بۇنداق ئەھۋال ئۇزاق داۋاملاشمىدى. ھازىر ۋەزىيەت ئەكسىچە يۆنىلىشتىكى ھەرىكەتكە قاراپ تەرەققىي قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى ئىلغار ئاياللار كەمسىتىش، ناچار ئۆرپ - ئادەت ۋە بارلىق ئەمرىمەرۇپلارغا يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان بولدى، ئۇلار ئالجىرىيە، ماراكەش، مىسىر ۋە پاكىس-تاندىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئوبدانلا «ماكانلىشىپ» قالدى، ھەتتا سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە ئىراندىكى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قى-لىۋاتقان ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نىسبىتى ئوقۇتقۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 20%~30% ىنى ئىگىلىدى، ئەمما گېرمانىيەدە بۇ سا-ھەدىكى نىسبەت بۈگۈنگە قەدەر 20% كىمۇ يەتكىنى يوق. ئىراندا ئىش تېخىمۇ قىزىق بولدى، ئىسلام ھۆكۈمىتىدىكى ھۇمەينىزمنىڭ ئىسلاھات نەتىجىسى دەل بېكىتىلگەن نىشانىنىڭ ئەكسىچە بولدى، ئاياللار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىسبىتى شاھ (ئىران پادىشاھىنىڭ نامى — تەرجىماندىن) دەۋرىدىكى 28% تىن، 90 - يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە 65 % كە ئۆستى، ئەمما ھەربىر ئا-يالنىڭ ئوتتۇرىچە پەرزەنتلىك بولۇش سانى 7.2 دىن تۆۋەنلەپ 3.5 غا چۈشۈپ قالدى. ھازىر مۇسۇلمان ئاياللىرى ئۆزلۈك ئېڭىنى ئۇ-زۈكسىز ئۆستۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئىسلام ئىنقىلابى(ئايال) جەڭ-چىلىرى ۋە ئەركىن ئاياللار ھوقۇقى ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغۇ-چىلار مەنپەئەت جەھەتتىن ئورتاقلاشتى ھەمدە ئىتتىپاق تۈزدى. «ZANAN» دېگەن ئاياللار ژۇرنىلىنىڭ كەسكىن ساداسىغا كىشى-لەر پىسەنت قىلماي تۇرالمىدى، ئاياللار ئەرلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم»

دىكى ئەقىدىلەرنى بىر تەرەپنىڭ پىكرى بويىچىلا شەرھلىشىنى قاتتىق تەنقىد قىلىشتى. مالايشىيادىكى «مۇسۇلمان ئاچا ـ سىڭىللار» تەشكىلاتى دەل ئەنئەنىۋى ئەرلىك ھوقۇقى ۋە دۆلەت ئىسلامىيەتچىلىكىگە قارشى ئاياللار تەشكىلاتىدۇر. مىسىردىكى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى» نىڭ ئۇزۇكسىز يامراپ كېتىۋاتقان بىردىنبىر رەقىبى مىسىردىكى ئەركىن ئاياللار ھوقۇقى ھەرىكىتىگە قاتناشقۇچىلارنىڭ قارشىلىقى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئاياللار يېقىندا ئىسلام دىندارلىرى ئۈستىدىن زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى، مىسىر ئاساسىي قانۇن سوت مەھكىمىسى 1998 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئاياللارنى خەتنە قىلىشنى چەكلەشنى رەسمىي تەستىقلىدى (ئاياللارنى خەتنە قىلىش، يەنى Taharah دېگەنلىك ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىدىكى سەزگۈر جايىنى كېسىۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنداق قىلىش ئەسلىدە ئىسلام دىنىدىكى بەلگىلىمە ئەمەس، بىراق قىسمەن ئىسلام ئەللىرىدە شۇنداق قىلىش ئەۋج ئالغان، شۇڭا كىشىلەر بۇ ئىشنى دىن بىلەن باغلىۋالغان ـــ تەرجىماندىن).

پاۋلو سالىم 1920 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىسلام دۇنياسىدىكى ھەر خىل ئىدىيە ۋە نەزەرىيەلەرنى ھەم ئۇلارنىڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن ئۇ نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلارنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە يېڭى ئاساسىي ئىدىيەۋى ئېقىم كونا ئىدىيەۋى ئېقىمنىڭ ئورنىغا ئالمىشىش جەريانىدا، «رىتىمى» نى قانۇنىيەتلىك ئۆزگەرتىپ، بىر خىل كونا ئۇمىدسىزلىك بىلەن يېڭى ھاياجان ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بىر دەۋر تەخمىنەن 25 يىل بولىدۇ، دېگەن مۇھىم بىر قىياسنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ قىياسقا ئاساسەن، ئۇ 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىك دولقۇنىدا چېكىنىش كۆرۈلىدۇ.

غانلىقىدىن بىشارەت بەرگەن، ئۇنىڭ ئاساسلىق دەلىلى يېقىنقى بىر قېتىملىق ئىران زۇڭتۇڭ سايلىمىدىكى ياش بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ سايلامدىكى ھەرىكىتىدىن كەلگەن؛ مىسىردا بىرقەدەر ياش زىيالىيلار نەزىرىنى تەدرىجىي ئامېرىكىغا مايىل بولغان «يېڭى نا-سىرىزم» غا، يەنە ئىسرائىلىيەنىڭ تۇقتىئىنەزىرىگە قاتتىق قارشى تۇرۇش ھەم سىياسىي دېموكراتىك ئىسلاھاتنىڭ بىرىكمە گەۋدە ھاسىل قىلىشىنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىشقا بۇرىغان؛ بىرقەدەر ياش بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تۇرتكىسىدە، ئەل ۋەسسات رەھبەرلىكىدىكى ئەركىن ئىسلام پارتىيەسى مۇتەئەسسىپ «مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى» دىن ئايرىلىپ چىققان. بۈگۈنكى ياش بىر ئەۋلاد كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىسلام دىنى ئەمدى يېڭى، ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولماستىن، بەلكى ئىلگىرىكى سەلتەنىتىنى يوقىتىشقا باشلىغان دىن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، خۇنتىنگتون ئەنسىرەپ كەتكەن مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى «نوپۇسنىڭ پارتلىشى»، يەنى ئۇنىڭ ئىسلام دىنى توسالغۇسىز ھالدا داۋاملىق سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلالايدۇ، دەپ قارىشى ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس، چۈنكى بۇنداق تەرەققىيات يۈزلىنىشى پەسكويغا چۈشۈپلا قالماي، بەلكى ئەكسىچە ئىشلار كۆرۈلمەكتە.

## مۇھىم ئىسلام ئەللىرى

ئىسلام دۇنياسىنى ئەڭ تولۇق چۈشىنىدىغان ئالىملارنىڭ بىرى بولغان باسسام تىبى كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، يۇرەكلىك ھالدا نۇرغۇن پەرەز ۋە يەكۈنلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇ: يەككە مىللىي دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇق ھالىتى ياۋروپا ئەندىزىسىنىڭ ئۈچىنچى دۇنيا جەمئىيىتىگە كۆچكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، شۇڭا ھەر ۋاقىت ياتلارنى يەكلەش ھادىسىلىرى كۆرۈلۈشى مۇمكىن، يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىلىپ ئىسلام دۇنياسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنداق ھادىسىلەر تېخىمۇ روشەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىغان. مىللىي دۆلەتلەر ئۇ يەرلەردە قانۇنلۇق ئورۇنغا ئىگە ئەمەس بولۇپ، پەقەت ئاللانىڭ پاناھىدىكى بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقلا ئىسلام گۇرۇھى تەرىپىدىن مۇكەممەل، قانۇنلۇق ھۆكۈمرانلىق شەكلى دەپ قارىلىدۇ. ئۈزۈكسىز قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە ئاچلىق ئېلان قىلىش ھەرىكەتلىرى؛ پارس قولتۇقى رايونىدىكى قەدىمىي ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش شەكلى؛ سادام ھۇسەيىن، تېھران ۋە خارتۇمدىكى «تەڭرى ھۇزۇرى (جەننەت)نىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئالدىدا، كىشىلەر ھېسسىيات ۋە ئىدراك جەھەتتىن دۆلەتلەر دۇنياسى قائىدىلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ھەرىكەت قانۇنلىرىنى بىكار قىلىۋېتىشىنى خالىشى مۇمكىن.

ئەلۋەتتە، بۇ بىر خاتا يەكۈن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىدا، ئۇلار مۇستەقىل سىياسىي كوللېكتىپ بولۇش سۈپىتىدە، بەزى جەھەتلەردە بوشاشماي كۈرەش قىلىش ئارقىلىق «ئىسلام ئىمپېرىيەسى»گە قارشى غەلىبىنى ئۈزۈكسىز قولغا كەلتۈردى ھەم كۈرەش مېۋىسىنى ساقلاپ قالدى. بۇ نۇقتىدىن بىز «مىللىي دۆلەت» بىلەن يېقىندا قۇرۇلغان مىللىي دۆلەتلەر (مۇستەقىل دۆلەت قورالىغا ئىگە بولغان ھەربىر پەۋقۇلئاددە تېررىتورىيە چېگراسى) بىر گەۋدىگە ئايلانغان دېگەن يەكۈننى چىقارماي تۇرالمايمىز. بۇ جەھەتتە ئالدى بىلەن ئىراننى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ دۆلەتنى قەدىمكى پېرسىيە ئىمپېرىيەسى دەۋرى (تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىر) گىچە سۈرۈشتۈرۈش مۇمكىن. باشقا ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئىراندىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەر (ئىراندىكى ئاھالىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قەدىمكى پېرسىيەلىكلەرنىڭ

ئەۋلادى بولۇپ، ئەرەب ئىرقىدىن ئەمەس ـــ تەرجىماندىن) ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپىگە ئىخلاس قىلىدۇ.

ئەلۋەتتە، تۈركىيەنىڭمۇ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان مىللەتتىن تەركىب تاپقان دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك، تۈركلەر ئەرەبلەرگىمۇ، پارسلارغىمۇ ئوخشىمايدىغان بولۇپ، ئۇلار قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئەۋلادى. تۈركلەر پىرووۋۇسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن ئەمەس، كاتولىك دىنىمۇ ئۇ يەرلەرگە ئاياغ بېسىپ باقمىغان. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تۈركىيەنى ساپ مۇسۇلمان دۆلىتى دېيىشكە بولىدۇ. تۈركىيەدىكى ئەڭ چوڭ كاشال چۈشەندۈرۈش مۇمكىن بولمىغان كورد ئاپتونوم رايونىنىڭ مەۋجۇتلۇق مەسىلىسىدۇر، چەكلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقى كوردلارنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇسىنى قاندۇرالمايدۇ، ئۇلار قوزغىغان ھۆكۈمەتكە قارشى مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى شەپقەتسىزلەرچە باستۇرۇلدى، كوردلار مەسىلىسى تۈركىيەنىڭ تېنىدىكى زەھەرلىك ئۆسمىدەك تۈركىيە جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە دېموكراتىيە تەرەققىياتىغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلىپ كەلدى.

يەمەننىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىسلام دۇنياسىنىڭ دۆلەت قۇرۇلمىسىغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىگە نۇرغۇن كىشىلەر دىققەت قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. بىرقانچە يۈز يىلدىن بېرى، بۇ دۆلەت ئۆزلۈك ئېڭىغا ئىگە ئىرقىي گۇرۇھلاردىن تەشكىل تاپقان چېچىلاڭغۇ فېدېراتسىيە شەكلى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى ئەۋلادلىرى نارازىلىق نەزىرى بىلەن تىكىلىۋاتقان ۋەزىيەت ئاستىدا، بۇمۇ ئاسانغا توختىمايدىغان بىر ئىش ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنىڭدىن كېيىن يەنە قوشنا ئەللەردىكى ۋەھھابىيە ھەرىكىتىنىڭ سىياسىي قوللىغۇچىسى (سەئۇدىي ئەرەبىستانى خاندانلىقىدىكى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھۆكۈمران سىنىپ) يەمەننىڭ مۇستەقىللىقىگە قارىتا باشتىن ـ ئاخىر نارازى كەيپىياتنى بىلدۈرۈپ كەلدى. ھوقۇقنى مەركەزلەش ـ تۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان ھۆكۈمەت ھەرقايسى ئىرقلارنىڭ ئاپتو ـ نومىيە ئارزۇسىغا ئېغىر خىلاپ ئىشلارنى قىلغاندىلا، يەمەن خەتەر ـ لىك ھالغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن.

بىز ئەمدى ئەرەب دۇنياسىدىكى گىگانت ئادەم مىسىرغا قاراپ باقايلى. ئۇ نۇرغۇن ئەرەب ئەللىرى ئىچىدە ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە ئورۇن تۇتىدۇ. مىسىر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى ئەرەب مەدەنىيىتىگە قارىغاندا كۆپ ئۇزۇن بولۇپ، ئۇ يەنە ئوخشىمىغان رايونلاردىن كەلگەن مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىشقا ماھىر. مىسىردا قىبتى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇھىم ئاز سانلىق مىللەت بولسىمۇ، بىراق ئۇ يەنىلا بىر ئىسلام دۆلىتى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، كىشىلەر مىسىرلىقلارنىڭ «باشقا ئەرەبلەر» دىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتسىلا، مىسىر مەدەنىيىتىدىكى ئە ـ رەب مەدەنىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈشنى خالىمايدىغان قارشى كەيپىيات ـ نى چۈشىنىۋالالايدۇ. «ئەرەب بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتى» دەۋرى (1958 ـ يىلىدىن 1961 ـ يىلىغىچە ئارىلىقتا مىسىر بىلەن سۈ ـ رىيەنىڭ قوشۇلۇشىدىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە دۆلەت) دىكى قو ـ شۇلۇش يۈزەكى قارىغاندا يۇقىرىقى چۈشەندۈرۈشلەر بىلەن سەل زىددىيەتلىكتەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ناسىرنىڭ بۇنداق قوشۇ ـ لۇشقا ماقۇل بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ يېڭى قۇرۇلغان دۆلەت ـ تە مىسىرنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان، بۇنداق تەسەۋۋۇر سۈرىيەلىك ھەمراھلارنىڭ كۆڭلىگە ئەل ـ ۋەتتە ياقمايتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ بىرلىشىشمۇ رەھبەرلىك ھوقۇ ـ قىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى تۈپەيلىدىن مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىر ـ لىشىشتىن خالىي بولالمىغان. ئىسلام تارىخىدا، مىسىرلىقلارنىڭ

بۇنداق پەۋقۇلئاددە مىجەزى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ياكى مۇستەقىللىققە ئىنتىلىش جەريانىدا ۋە رەھبەرلىك ئورۇننى شەكىللەندۈرۈشتىكى سىياسىي تالاش - تارتىشلاردا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىپ كەلدى؛ مەيلى 9 - ئەسىردىن 10 - ئەسىرگىچە دەۋر سۈرگەن فاتىمىيە سۇلالىسى (فاتىمە بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى — تەرجىماندىن) دا بولسۇن ياكى 12 - ئەسىردىن 16 - ئەسىرگىچە (مىسىر ۋە سۈرىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان) مەملۇك سۇلالىسىدە بولسۇن، ھەممىسىلا شۇ يوسۇندا كېتىۋەردى. يەنە كېلىپ مەملۇك سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، مىسىرنىڭ غايەت زور كۈچ - قۇدرىتى كىشىلەرنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلدى. ئەمەلىيەتتە، مەملۇكلارنىڭ كۆپ قىسمى چاررۇسىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى خانلىقلاردىن ئېلىپ كېلىنگەن قۇللار ئىدى، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇلار يەنىلا مۇستەقىل مىسىر پادىشاھلىقىنى كۈچىنىڭ بارىچە قوغدىدى. 19 - ئەسىردە مۇھەممەد ئەلى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى يولغا قويغان ئىسلاھات مىسىر خاندانلىقىنى يېڭىباشتىن گۈللىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى، ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ھەرىكەت داۋامىدا مىسىر ئاخىر مۇستەقىل بولدى. مىسىرنىڭ يېقىنقى، ھازىرقى زامان تارىخىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئوخشىمايدىغان شەكىلدىكى بەش خىل ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى بىر - بىرىنىڭ ئورنىغا ئالماشتى، بۇ خاندانلىق ھۆكۈمىتى، ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىشكە تايىنىپ تەختكە چىققان ھۆكۈمەت، مۇۋاپىق مۇستەبىت سىياسىي سىستېما رامكىسى ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان غەيرىي زىيالىيلاردىن تەشكىل تاپقان ئىككى ھۆكۈمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار مىسىرلىقلاردىن تەشكىللەنگەن دۆلەتنىڭ يۈكسەك تەسىر كۈچىگە ئىگە ئىسلام دۆلىتى ئىكەنلىكىنى، يەنە ئۇلۇغ بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەرەب دۆلىتى ئىكەنلىكىنى، ئىراق ئۇنىڭ ئالدى بىلەن مىسىر-لىقلارغا تەئەللۇق مىللىي دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى.

ماراكەش پادىشاھلىقى ھازىرغا قەدەر يۈز يىلدىن ئارتۇق تارىخنى باشتىن كەچۈردى. مەغرىب رايونى ئىسلامىيەت تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ - تۆت قىسىمغا پارچىلىنىپ كەتكەچكە، بۇ زېمىننىڭ توغرا چەك - چېگراسىنى ھەمىشە ئېنىق ئايرىماق تەس ئىدى. ھەرقايسى قىسىملارنىڭ تەخمىنىي دائىرىسىدىمۇ بىرنەچچە يۈز يىلدىن بۇيان كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئىزچىللىق ساقلىنىپ كېلىۋاتاتتى. شىمالىي ئافرىقىدىكى ئەللەر ئىچىدە، ماراكەش تارىختىكى يۈكسەك مۇقىملىقى بىلەن مەشھۇر بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ھۆكۈمرانلىق تۈزۈلمىسىنىڭ قانۇنلۇقىنىڭ بىرقەدەر كۈچلۈكلۈكى بىلەنمۇ مەشھۇر ئىدى. ئېيتىلىشچە، ماراكەش خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى مۇھەممەد ئەلئىدرىسالامنىڭ يىراق تۇغقانلىرىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، دۆلەت ھۆكۈمرانىنىڭ ئورنى دىنىي قانۇن جەھەتتىن جەزملەشتۈرۈلۈپ، ئاندىن ئۇ سۇيىئىستېمالچىلىق تۇسىدىكى قانۇنىي ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن، سۇيىئىستېمالچىلىق تۇسىدىكى قانۇنىي ئېتىراپ قىلىش مۇئەييەن ئىقتىسادىي نەتىجە ۋە ئەڭ دەسلەپكى بىرقەدەر ساددا دېموكراتىيە ئامىللىرىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلغان.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ئالجىرىيەدىكىلەرنىڭ دۆلەت ئېڭى فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى توپىلاڭ داۋامىدا شەكىللەنگەن ھەم نېفىت بايلىقىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ مۇستەھكەملەنگەن. ئەمما، ئالجىرىيە ئاخىرىدا تەگرى ئاتا قىلغان ياخشى پۇرسەتتىن مەھرۇم قالغان ھەمدە چىرىكلىك ۋە ئىنسانىي ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىشتەك خاتا قىلمىشلار ئىچىدە زاۋال تاپقان، بۇ ئىلگىرى شاد-

لىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىسلامنى قايتا گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەڭگۈلۈك ئار - نومۇس ھېسابلىناتتى. بىز بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، ئىسلام ئەللىرى دۇنياسىدا، ئۇزاققىچە مۇقىم بولغان دۆلەتلەر بار، ئاساسى مۇقىم بولمىغان بەزى دۆلەتلەرمۇ بار، بىراق ئۇلارغا جانلىق پائالىيەتچىلەر سۈپىتىدە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلماي بولمايدۇ.①

پەلەستىندىن مېسسوپوتامىيەگىچە بولغان بۇ «قورقۇنچلۇق ھىلال ئاي» رايونىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىسلام ئەللىرى دۇنياسىدا قانۇنلۇق دەپ جەزملەشتۈرۈلۈشى ئەڭ چوڭ مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، مۇستەملىكىچىلەر بۇ دۆلەتلەرنىڭ زېمىن دائىرىسىنى تامامەن ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئايرىغانلىقتىن، بىر دۆلەتتە بىر - بىرىدىن كۆپ پەرقلىنىدىغان باشقا - باشقا مىللەتلەر ياشايدىغان ھالەت شەكىللەندى. ئۇلارنىڭ ئېتىقاد يۆنىلىشى (مەسىلەن، لىۋاند خىرىستىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاھالىلەر بار)، مەزھىپى (سۈننىي ۋە شىئە مەزھىپى) ۋە دىنىي گۇرۇھ سىستېمىسى (ئەلەۋىيلەر ۋە دىرۇزىلار ) ئوخشىمايدىغان تۇرۇپمۇ كىچىككىنە بىر مۇقىم بوشلۇقتا سىغداپ قويۇلدى. ھەتتا، بەزى دۆلەتلەردە ئاز سانلىقلار دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قولغا ئېلىۋالدى. مەسىلەن، ئەلەۋىيلەر سۈرىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى، سۈننىي مەزھىپىنىڭ تەكرىت جەمەتىدىن بولغان سادام ھۈسەيىن ئىراقتا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. مۇشۇ تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا توقۇنۇش توختىماي يۈز بې-

① تېئودورخاننى: «ئەرەب مىللەتچىلىكى بىلەن ئىسلامىزم ئارىلىقىدا»، «يېقىن شەرقتىكى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي كىرىزىس». جۈئېرگىن سچۋارز: «سىياسىيلاشقان ئىسلام دۇنياسى»، 1993 - يىلى نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىپ تۇردى. ئىراق، دەل مۇشۇ رايوندا ئىلگىرى بىرمەھەل ئەڭ چا-راقلىق مىللەتچىلىك ساداسى ياڭرىدى، بولۇپمۇ لىۋان بىلەن سۇ-رىيەدە گېرمانىيەدىكى مەملىكەتلىك سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيەسى (NSDAP) نى دوراپ قۇرۇلغان ئەسەبىي سىياسىي تەش-كىلاتلارنىڭ كۆپ قىسمى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەلەر گۇرۇ-ھىغا سىڭىشىپ كەتتى.

سۇرىيە ۋە ئىراقتىكى پان ئەرەبىزم ئۆتمۇشتىمۇ، ھازىرمۇ يە-نىلا ئىككى دۆلەتتىكى رايون خاراكتېرلىك زومىگەرلىك ھوقۇق تەلىپى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلدى، شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ ئوخ-شاشلا مۇسۇلمان دۆلىتى تۇرۇپمۇ كەسكىن رىقابەتلىشىۋاتقانلىقىنى بىر قاراپلا چۈشىنىۋالالايمىز. دەل مۇشۇ ئىككى «قورقۇنچلۇق ھىلال ئاي» نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، دۆلەتنىڭ قورال كۈچىنى مونو-پول قىلىۋالغان ئاپپاراتلار ئۆزىنىڭ مەۋقە يۈزلىنىشىنى بەكرەك تەكىتلىمەكتە، ئەمما تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ قىل-مىشى ئاز سانلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداشنى مەقسەت قىل-غان. مۇشۇنداق «شەكىللەنگەن شەيئى» نىڭ قانۇنلۇقلۇقى تارىخىي جەھەتتىن يۈت تىرەپ تۇرالمىسىمۇ، ئىراق دۆلەت ئاپپاراتىنىڭ قىلمىشى دۆلەتنىڭ قورال كۈچى ئىشلىتىش ئادىتىگە تامامەن ئۇي-غۇن، بۇ دۆلەتلەر دېموكراتىيەلىشىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بول-سىمۇ، يەنىلا شۇنداق.

## ئىسلام ئەللىرى دۇنياسى

دۆلەتلەر دۇنياسىنىڭ قانۇنىيەتلىكلىكى ئىسلام رايونلىرىغا ئەڭ باب كېلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇنۇمىمۇ ئىنتايىن ياخشى، چۈنكى ئۇ يەرلەر ھوقۇق رىقابىتى ۋە تەڭپۇڭلاشتۇرۇش جەريانى بىلەن تولغان. ئىسلام دۇنياسىدا ئىران، سەئۇدى ئەرەبىستانى،

تۈركىيە، مىسىر ۋە پاكىستان رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلىشىدۇ، بۇ خاس سىموۋللۇق مەنىدىكىلا تالاش ـ تارتىش بولماستىن، بەلكى ئۇ دۇنيادىكى باشقا رايونلارغىمۇ ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى، خۇددى خۇنتىنگتوننىڭ ئويلىغىنىدەك، «ئىسلام ئىنتېرناتسىيونالى» تالاش ـ تارتىش بىلەن تولغان رايوندا ئۆزىنىڭ سىياسىي ئېتىقادىنى ھەدەپ تەرغىب قىلماقتا. ئىراق، ئېخىمۇ بەكرەك تەھلىل قىلىپ باقساق شۇنى بايقىماق تەس ئەمەسكى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە پەقەت دىنىي تونلا كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، ماھىيەتتە ئۇ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي تەسىرنى چۆرىدىگەن كەسكىن كۆرەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، شۇنداقلا ھەر خىل يوسۇندىكى نۇرغۇن قانلىق توقۇنۇشلارمۇ شۇ تۈپەيلىدىن كېلىپچىققان. بۇ دۆلەتلەر قارىسا ئىسلامىزمنى تەرغىب قىلغاندەك قىلىسىمۇ (بەلكىم ئۇلار بۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىدۇ)، ئىراق بۇنىڭ كەينىگە دىننى قالقان قىلغان ھەقىقىي مۇددىئا يوشۇرۇنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتىش يۈزىسىدىن بولۇۋاتقان ئىشلاردۇر. ئافغانىستان، ئىران ۋە پاكىستاندا تالاش ـ تارتىشلار يۈز بەردى، سەئۇدى ئەرەبىستانى ئۇچىنچى تەرەپتىكى كۈچ سۈپىتىدە بۇ رىقابەتكە ئارىلاشتى. تۈركىيە ئوتتۇرا ئاسىياغا يەنە بىر رىقابەتچى سۈپىتىدە كېلىپ، تۈرك مىللىتى بىلەن ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان ۋە قازاقىستاننىڭ يېقىنلىق مۇناسىۋىتى ۋە تىل جەھەتتىكى يېقىنلىقى (ئوخشاشلا تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە كىرىدۇ ــ تەرجىماندىن) دىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ بۇ رايوندىكى تەسىرىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشكە ئۇرۇندى. كاۋكاز رايونىدا ئىران بىلەن تۈركىيە كەسكىن رىقابەتنى قانات يايدۇردى، ئىرانلىقلار تېخى قىلچە تەپتارتماستىن پىراۋۇسلاۋىيە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەرمىنىيەلىكلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولدى. بوسنىيە ئۇرۇشىنى خۇنتىنگتون نېيتىرال ئىسلام كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشىدىكى تىركىشىشنىڭ ئەمەلىي مىسالى ھېسابلىغانىدى، بۇ يەنە تۈركىيە بىلەن ئىراننىڭ رىقابەت تەسىر كۈچىنى كۆرسىتىدىغان پائالىيەت مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى، سەئۇدى ئەرەبىستانى بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم نەپكە ئېرىشتى.

ئەرەب دۇنياسىدا سۈرىيە بىلەن ئىراق رايون زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش قەستىدە قۇدرەتلىك مىسىرغا خىرىس قىلماقتا. سەئۇدى ئەرەبىستانى، ماراكەش، ئالجىرىيە ۋە كازافى (بۈگۈن ئىلگىرىكىدەك تەلۋە ئەمەس) رەھبەرلىكىدىكى لىۋىيە بۇ تالاش - تارتىشقا قاتنىشىشقا ئۇرۇنماقتا. ئەرەب دۇنياسىدا بۇنداق ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇشلاردىن ھەمىشە ئىنتايىن خەتەرلىك ئىككى تەرەپ توقۇنۇشى كېلىپچىقىدۇ، بۇنىڭدىن ھەربىي ئىتتىپاقمۇ ھاسىل بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىشلار كىشىگە ئاسانلا 19 - ئەسىر ۋە 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ياۋروپانى ئەسلىتىدۇ. ئۇزاقتىن بېرى سۈرىيە بىلەن ئىراق باشتىن - ئاخىر رىقابەت مۇناسىۋىتىدىكى رەقىبلەردىن بولۇپ كەلدى؛ نۆۋەتتىكى يارىشىش باسقۇچىنى ئۇزاققا سوزۇلغان توقۇنۇش داۋامىدىكى بىر قىسقىغىنە دەم ئېلىش دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سۈرىيە پارس قولتۇقى ئۇرۇشى يارىتىپ بەرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ خەتەرلىك رىقابەتچىسىنى ئوڭشاپ قويۇشنى ئىنتايىن خالايدۇ، ئەلۋەتتە. مىسىرمۇ بۇ دۈشمىنىنى ئەرەب دۇنياسىدىكى رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىش كۆرىشىدىن سىقىپ چىقىرىشقا قولايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن ئوخشاش باھانە بىلەن سۈرىيەگە ئوخشاش ئىنكاس قايتۇردى.

ئىسلام دۇنياسىدا زېمىن تالىشىش ۋە دۆلەتنىڭ تەسىر كۈچە-

تى ئاشۇرۇش يۈزىسىدىن ئىككى تەرەپ توقۇنۇشلىرى كۆپ يۈز بەردى، بۇ يەردە سۇدان بىلەن مىسىر، مىسىر بىلەن لىۋىيە، لىۋىيە بىلەن تۇنىس، ئالجىرىيە بىلەن ماراكەش، سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن يەمەن ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ، بۇ يەنە كۇۋەيت بىلەن ئىراق ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ توقۇنۇشلاردا دىنىي ئامىل ھېچقانداق رول ئوينىيالمىغان، مىللەت ئامىلى نۇقتىسىدىن قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئەرەب بولسىمۇ، باشقا ئىككى ئامىلدىن، يەنى: ① تار ئۇرۇقداشلىق ئامىلى (ئەرەب يېرىم ئارىلىدا) ؛ ② (دېموكراتىيە ۋە خەلقئارالىق تەشكىللەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان، رايون خاراكتېرىنى ئالغان) دۆلەتلەر دۇنياسىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى قوغداش ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى كېڭەيتىش ئىرادىسىدىن كېيىن تۇرغان.

پارس قولتۇقىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئىككى رىقابەتچى ئىراق بىلەن ئىران ئالدىدا سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن پارس قولتۇقىدىكى كۈچى بىرقەدەر ئاجىز باشقا ئەللەر پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى قوغدايدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇلار «ئىسلامدىن باشقا دىندىكى مۇخلىسلار» نىڭ پائال ياردىمىنىمۇ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. مەسىلەن، 1961 ـ يىلىدىكى كۇۋەيتنىڭ مۇستەقىللىق يولىدىكى قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشى ۋە 1991 ـ يىلىدىكى پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا ئىران قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇپ، «چوڭ شەيتان» ھېسابلىنىدىغان ئامېرىكىنىڭ «ياۋۇزلارچە قىلمىشى» غا قايتۇرما زەربە بەرمىدى، بەلكى كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان رەقىبى ئىراقنىڭ قۇدرەتلىك غەرب ئارمىيەسى تەرىپىدىن قانداق تېرىپىرەن بولغانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن تاماشا قىلدى. خېلى كۆپ ساندىكى ئەرەب ئەللىرى (مەسىلەن، سەئۇدى ئەرەبىستانى) ۋە

ئىسلام ئەللىرى (مەسلەن، پاكىستان، مالايسىيا) مۇ «غەرەب» ئىتتىپاقىغا كىردى.

ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرى ئىنتايىن خەتەرلىك پەيتتە زادىلا چىقىشالمايدىغان دۈشمىنى ئىسرائىلىيەنىڭ ياردىمىنىمۇ ئال-قىشلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1971 - يىلى ئىيوردانىيە «قارا سىنتەبىر» ۋەقەسىدە پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى بىلەن سۈرىيە-نىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، ئىسرائىلىيە ھاۋادىن زەربە بېرىمىز دەپ تەھدىت سېلىش ئارقى-لىق، قوراللىنىپ يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان سۈرىيە ئارمىيەسى-نى توسۇپ قالدى. ئوخشاشلا تۈركىيەمۇ شۇنداق قىلدى، ئۇ ئىراق ۋە سۈرىيە بىلەن ئېفرات دەرياسى ۋە تىگرىس دەرياسىنىڭ سۈيى-دىن پايدىلىنىش مەسىلىسىدە ئىزچىل تىركىشىپ كېلىۋاتاتتى، تۈركىيە ياسىغان غايەت زور دامبا ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى ئەرەب دۆ-لىتىنىڭ سۇ مەنبەسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ قويغانلىقتىن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ھەمىشە ئىختىلاپ كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتاتتى. 1995 - يىلىدىن باشلاپ تۈركىيە ئارمىيەسى ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان ھەربىي ھەمكارلىقنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى، ھەتتا ئىسلام ھۆكۈ-مىتى ئەربانكان (ERBANKAN) ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگى-لىدە، ئىككى تەرەپ تۈنجى كېلىشىم ئاساسىدا يەنە ئىككى پارچە ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلىيە ھا-ۋا ئارمىيەسى تۈركىيەدىن رازۋېدكا قىلىپ ئۇچۇش ئىجازىتىگە ئېرىشتى، بۇنداقتا توقۇنۇش يۈز بەرگەندە سۈرىيەگە زەربە بېرىد-غان ئىككىنچى جەڭگاھنى ئېچىشقا بولاتتى، بۇ دەمەشىق ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغان بىر ئىش ئىدى، يەنە كېلىپ بۇ باش قېتىمچىلىقنى دەل ئۆزىگە قېرىنداش ئىسلام دۆلىتى تېپىپ بېرىۋاتاتتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام دۇنياسى ئاتالمىش

مىللىي دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ياتلارنى يەكلەيدىغان ئىنكاس قايتۇ-رۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ دۆلەتلەر دۇنياسىدىكى ھوقۇق رىقابىتى ۋە ئۇنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش جەريانىدىكى قىلمىشلىرى ئۆ-زىنى بۇ ئىشلار بىلەن تامامەن ئالاقىسى يوق دەپ ھېسابلىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. دېمەك، بۇ يەردە مەدەنىيەت ئامىلى مۇھىم ھې-سابلانماي قالدى.

**ئىسلام دۇنياسىدا نېمە ئۈچۈن«مەركىزىي دۆلەت» يوق**

ئىسلام دۇنياسىدا يادرولۇق بىر دۆلەتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، مەيلى دەھرىيلەشكەن ئىسلام دۇنياسىدا بولسۇن ياكى ئەسلىيەتلەشكەن ئىسلام دۇنياسىدا بولسۇن، ئەھۋال بەرىبىر شۇنداق بولىدۇ. تارىختىن شۇ مەلۇمكى، زېمىنى بىپايان، مىللەتلىرى، جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى، ئىقتىسادى ۋە سىياسىيسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان بۇ رايون ھەرقانداق بىر خىل مەخسۇس ھۆكۈمرانلىقتا ھەرگىز تىز پۈكمەيدۇ. ئۇ زېمىنى بىپايان ئىمپېرىيە بولغان ئاشۇ يىللاردا، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىنكى تەخمىنەن 100 يىل مابەينىدە قۇرۇلغان ئابباسىيە خانىدانلىقى ۋە 15 - ئەسىردىكى ئوسمان تۈركلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ئاتالمىش بىرلىككە كېلىش بىر بولسا نامدا بار، ئەمەلدە يوق (مەسىلەن، بىرىنچى باسقۇچ) ئىشقا ئايلىنىپ قالغان، بىر بولسا بەزى رايونلار ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل ھالەتتە تۇرغان ياكى قانۇنىي جەھەتتىنمۇ مۇستەقىل بولغان. ھەرقانداق ئەھۋالدا بىرلىككە كېلىش مەدەنىيەتنىڭ بىردەكلىكى تۈپەيلىدىن ئىشقا ئاشقان بولماستىن، بەلكى ھەربىي ئىستېلا ئارقىلىق ئىشقا ئاشقان. بىز ياشاۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردىمۇ بىر - بىرىنى ياقتۇرماسلىق، مىللىي

پەرق، ئېتىقاد ۋە مەزھەپ جەھەتتىكى زىتلىق بىلەن تولغان ئىسلام دۇنياسى پەقەت قورال كۈچى ئارقىلىقلا بىر خىل ھۆكۈمرانلىق ئاستىدا تۇرۇشقا مەجبۇر بولماقتا. بىراق، بۈگۈن ھوقۇق ۋاكۇئۇمى مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقان بولۇپ، تاشقى كۈچلەر بۇزغۇنچىلىقتا ئۈچىرىغان رايونلار تەڭپۇڭلۇقىنى يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قاتناشماقتا؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەربىي ئىشلار تېخنىكىسىنىڭ زامانىۋىلىشىشى تۈپەيلىدىن ئىستېلا ئۇرۇشلىرىغا ئۈتمۈشتىكىگە قارىغاندا ئېغىر بەدەل تۆلىنىدىغان بولدى ھەمدە تارتىدىغان زىيانمۇ ئېغىر بولۇپ، پايدا زىيانىنى قاپلىيالمايدىغان ئەھۋال كېلىپچىقتى. شۇڭا، ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى سىياسىي ئىتتىپاقلىقنىڭ رويابقا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس بولۇپ قالدى.

ئىسلام دۇنياسىدىكى ئوخشىمايدىغان خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ۋە رايون تەشكىلاتلىرىمۇ ئوخشاشلا بۇ رايوننىڭ سىياسىي بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىرەر يولنى تاپالمىدى. ئۇلار نوقۇل دۆلەت تەشكىلى سۈپىتىدە پەقەت دۆلەتلەر دۇنياسىدىكى ئورتاقلىق ۋە زىددىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىدى. مەسىلەن، ئىسلام كېڭىشى تەشكىلاتى پەقەت مەلۇم دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىدىكى قورالغا ئايلىنىپ قالدى؛ سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ باشقۇرۇشىدىكى مۇسۇلمانلار دۇنياسى ئىتتىپاقى ۋە دۇنيا مەسچىتلەر كومىتېتى پەقەت نامدىلا بىرلىشىپ قويدى، ئەمما ھەربىر دۆلەت ئەمەلىي سىياسىي تۇرمۇشتا يەنىلا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل مەنىۋىيىتى بويىچە ئىش كۆردى ھەمدە بۇ تەشكىلات يەنىلا ئۇزۇكسىز تۈردە پارچىلىنىپ باردى. مەسىلەن، مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى. تۈركىيەنىڭ سابىق زۇڭلىسى غەربتىكى سەككىز دۆلەت گۇرۇھى (G – 8) بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇش

مۇددىئاسىدا سەككىز ئىسلام دۆلىتىدىن تەشكىللىنىدىغان ئىقتىسادىي گۇرۇھ (D - 8)[①] نى پىلانلىغان بولسىمۇ، بىراق بۇنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى قاراڭغۇ ئىدى، يەنە كېلىپ تۈركىيەنىڭ پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولغان سودا سوممىسى ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا سوممىسىنىڭ 1/3 نى ئىگىلەيتتى. مۇتەئەسسىپ ئەرەب پادىشاھلىقلىرىدىن تەشكىللەنگەن پارس قولتۇقى ھەمكارلىق كومىتېتى تىپىك خەۋپسىزلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە ئىتتىپاق بولۇپ، دۆلەت جىددىي ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندىلا ئاندىن ئورتاق مۇداپىئە نىشانىنى كۆزلەپ ۋاقىتلىق ئىتتىپاق ھاسىل قىلاتتى، شۇڭا ئادەتتىكى ئەھۋالدا يېتەرلىك ئۇيۇشۇش كۈچى ھاسىل قىلالمايتتى. بۇلاردىن سىرت، بۇ تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدىمۇ رىقابەت بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئورتاق مەنپەئەتنىڭ بارلىقىنىمۇ ئېنىق بىلگىلى بولمايتتى.

ئەسلىيەتچىلىكنىڭمۇ بارلىق ئىسلام دۆلەتلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەسلىيەتچىلىكنىڭ سىياسىي بۇرچى ئەسلىدە نوقۇل، يەككە ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىر گەۋدىلەشكەن جەمئىيەت تەسەۋۋۇرى ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، بۇ يېڭى دۆلەتتە تالاش - تارتىش بولمىغان، ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن تۇرغۇزۇلغان ھۆكۈمرانلىق بولۇشى كېرەك ئىدى. ئىككى دۆلەتنىڭ دىنىي - سىياسىي تەشكىلاتلىرى ئوتتۇرىسىدا پەقەت بىر خىل تا-مامەن بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى بولغاندىلا، مەسىلەن، ئاجىز سۇدان بىلەن بىر قەدەر قۇدرەتلىك ئىران ئوتتۇرىسىدىكىدەك مۇناسىۋەت بولغاندىلا، ئاندىن باراۋەر ئىلاھىيەت مۇناسىۋىتىنى تۇرغۇزغىلى

---

① (D - 8) تۈركىيە، نىگېرىيە، مىسىر، ئىران، پاكىستان، بېنگال، مالايشىيا، ھىندونېزىيە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولىدۇ ياكى ئۇلار ئارىسىدىكى پەرق ئاندىن نەزەردىن ساقىت قىلى-
نىدۇ. باشقا ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا، ئىككى تەرەپ مۇتلەق ئۆز
تەلىپىنى ئويلىشىدىغانلىقتىن، دىنىي جەھەتتىكى قانۇنلۇق ئاسا-
سىدا پەرق كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدىغان ئۇششاق
پەرقلەر تۈپەيلىدىن ئوتتۇرىدا روشەن دۈشمەنلىشىش ئالامەتلىرى
كۆرۈلگەن. پەقەت دىنىي ئوخشىمايدىغان شەرھلەش ئاساسىغا قۇ-
رۇلغان بىر ئىسلام دۆلىتىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، باشقا بار-
لىق ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە نىسبەتەن گۇمان تۇ-
غۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىدئەت دەپ قارىلىپ ئەيىبلەشكە ۋە زەر-
بىگە ئۇچرايدۇ. ئەسلىيەتچىلەرنىڭ دىنىي مەزھەپ ئايرىشنى نېمە
ئۈچۈن سىياسىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي يۈزلىنىشى قىلىۋېلىش-
ىدىكى سەۋەبمۇ دەل مۇشۇ يەردە، شۇڭا دۆلەتلەر ئارىسىدا دىنىي بۆ-
لۈنۈش كېلىپچىقىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئەسلىيەتچى دۆلەتلەر، مەسىلەن، ئافغا-
نىستان، ئىران ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەن-
لىشىش نەزىرىمۇ كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئافغانىستان
1997 - يىلى 6 - ئايدا كابۇلدىكى ئىران ئەلچىخانىسىنى تاقىدى؛
1997 - يىلى قىشتا پاكىستاندىكى سۈننىي مەزھەپىدىن بولغان
تەلۋىلەر ئىراننىڭ پاكىستاندىكى مۇئەسسەسەلىرى ۋە مۇھاجىرلار-
غا قارىتىلغان زوراۋانلىق تۈسىنى ئالغان ئۈچ قېتىملىق قانلىق
ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسىنى سادىر قىلدى. باكان دەۋرىدىكى تۈركىيە
1997 - يىلى 2 - ئايدا ئىراننىڭ دىپلوماتىيە ئەمەلدارىنى تۈركى-
يەنىڭ ئەدلىيە سىياسىتىگە ئارىلىشىشقا ئۇرۇندى، دېگەن باھانە
بىلەن چېگرادىن قوغلاپ چىقاردى. ئىراننىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق
باش كونسۇلىمۇ ئوخشاشلا شۇنداق كۆلپەتلىك تەقدىرگە دۇچار
بولدى. 1997 - يىلى 12 - ئايدا تۈركىيە رۇھتۇڭى دەمىرەل بۇ

ئىشقا قارىتا قايتۇرما ھۇجۇم سۇيىقەستىدە ئەرەب دىنداشلىرىنىڭ تۈركىيەنى ئىسرائىلىيە بىلەن ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىقى بار دەپ قاتتىق تەنقىد قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، تېھراندا ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلام كېڭىشىدىن بالدۇرلا كېتىپ قالدى. شۇڭا، ئىسلام دۇنيا- سىدىكى سىياسىي بىرلىك سەپ پەقەت باشقا كۈچلەرنىڭ نامۇۋاپىق ئىش - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىقلا روياپقا چىقتى. ھازىرغا قەدەر، پە- قەت سوۋېت ئىتتىپاقىلا ئافغانىستاندا بۇنداق ماھارەتنى خېلى مۇ- ۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا سالالىدى (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن كى- نايە قىلىنىپ شۇنداق دېيىلگەن — تەرجىماندىن).

## ئىسلام دۇنياسى «ئادەتتىكى» بىر دۇنياۋى رايونمۇ؟

يېقىنقى زاماندا، ئىسلام ئەللىرى پەۋقۇلئاددە تارىخىي باس- قۇچنى باشتىن كەچۈردى. بۇ دۆلەتلەر مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئەك- سىيەتچىل، جاھىل، شەپقەتسىزلەرچە ئېكسپىلاتاتسىيەسىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەچكە، تاكى بۈگۈنگە قەدەر زامانىۋىلاشتۇرۇشتا زۆرۈر بولغان مۇۋەپپەقىيەتلەرگە كۆپ ئېرىشەلمىدى. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ئېغىر ئوڭۇشسىزلىقلار كۆرۈلدى، ھەتتا نېفىت ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەتلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قىلىشقا ئامالسىز قال- دى. قەدىمىي ھۆكۈمرانلىق شەكلى، بولۇپمۇ كىشىنى بىزار قىلى- دىغان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق ئۆزلۈك ئېڭى كۈچلۈك بولغان بۇرژۇئازىيەنىڭ شەكىللىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلدى. مۇستەملىكى- چى ھۆكۈمرانلار مۇستەقىل مىللىي دۆلەتلەرنىڭ بىۋاستە كې- لىپچىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى دەسلەپكى ئامىللارنى بىخ ھالىتىدىلا يوقاتتى. 1948 - يىلى پەلەستىننىڭ پارچىلىنىپ كې- تىشى ئەرەب ئەللىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى تۇنجى ئون

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىللىق ئەركىن تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى، بۇنىڭدىن سىرت، ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى توختىماي يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتقان توقۇنۇشلار دىتسىز ھۆكۈمەتكە جىنايى جاۋابكارلىقلىرىنى يەڭگىللىتىدىغان ئەڭ ياخشى باھانە تېپىپ بەردى.

ئەمما، ئىسلام ئەللىرى دۇنياسى ياكى جەمئىيىتىنى تەھدىت بىلەن تولغان، قايناۋاتقان بىر قازان ئۇماچقا ئوخشىتىش تامامەن خاتا نۇقتىئىنەزەر. ئىسلام ئەللىرى دۇنياسىدا پەرق، بۆلۈنۈش مەۋجۇت بولغان ھەم سىياسىي رىقابەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، چاك - چېكىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەن بۇ رايوننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش-كە بولىدۇ، دەيدىغانغا ھېچقانداق ئىشەنچلىك دەلىل - ئىسپاتىمىز يوق، ھازىر بۇ رايوندىكى خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ تەسىر كۈچى ئىنتايىن ئاجىز، يەنە بەزىلىرى پەقەت زورمىگەر دۆ-لەتلەرنىڭلا مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ناۋادا ئىقتىسادىي دۇن-يانىڭ مەنتىقىسى مۇشۇ مەدەنىيەت رايونىغا يۈزلىنىشكە باشلىسا، ئۇنداقتا ئارىلاشما شەكىل (شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئەندىزىسىگە ئوخشاش) ئارقىلىق بۇ رايوننىڭ ئوت-تۇرا دېڭىز دائىرىسىدە ياكى ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپى-سىدە ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىششىغا تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن.

مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى ئىجتىمائىي كوللېكتىپلاردىمۇ بىرلىككە كېلىش يۈزلىنىشى كۆرۈلمىدى، يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇ-يانقى سىياسىي ئوڭۇشسىزلىق، زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ غايەت زور زەربىسى ئالدىدا، ئەسلىيەتچىلىكنىڭ باش كۆتۈرۈشىنىڭمۇ ھېچ-قانچە ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. ئەمما، ئۇ ئىسلامىيەتنىڭ بارلىق سىياسىي - ئىدىيەۋى سىستېمىسىدا ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقالىغان

ئەمەس. ئىسلام جەمئىيىتىدە زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ماسلاشقانلار، زا-
مانىۋىلاشتۇرۇشنى ياقلايدىغان مۆتىدىل مۇخلىسلار، پۇرسەتپەرەس
ئەنئەنىچىلەر، ئىسلام ئەنئەنىچىلىرى ۋە ئەسلىيەتچىلەر ئوخشاش-
مايدىغان ئارىلاشما مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە تۇرىدۇ. مۇتلەق كۆپ سان-
دىكى ئەسلىيەتچىلەرنى ئۈمىدلەندۈرگۈدەك يۈزلىنىش تېخى شە-
كىللەنگىنى يوق. ئەكسىچە، ئىران ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ مەغلۇبى-
يىتى، مىسىر ۋە ئالجىرىيەدىكى ئۇچىغا چىققان ئەسلىيەتچىلەرنىڭ
يولسىزلارچە قىلمىشلىرىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇش ئەمەلىيەتتە
بۇ ھەرىكەتنىڭ كېڭىيىشىگە نىسبەتەن تورمۇزلاش رولىنى ئوينى-
دى. 1997 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تېھراندا چاقىرىلغان ئىسلام كېڭى-
شىدە، ئىراننىڭ كۈچىشى بىلەن ئاخىر بىردەك قارار چىقىرىلدى،
ئۇنىڭ مەزمۇنى غەربنىڭ نىزاملىرىنى چەتكە قاقماسلىقنى ئۆز ئى-
چىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئېنىق ھەم يارىشىش ئاساسىدىكى سۆزلە-
شىشكە بولغان ئارزۇ ئىپادىلەندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا
ئىسلام دۇنياسىنىڭ كەلگۈسىدىكى ھەرىكەت يۆنىلىشىمۇ ئېنىق
كۆرسىتىلدى.

ئىسلام دۇنياسى جىددىي ئېھتىياجلىق بولغىنى زامانىۋىلاش-
تۇرۇشنىڭ نەتىجىسى، ئەمما بۇ مۇۋاپىق سىياسەت، تەدبىر ئارقى-
لىقلا قولغا كېلىدۇ، ھازىر مۇشۇ يۆنىلىشنى بويلاپ تىرىشچانلىق
كۆرسىتىلىۋاتىدۇ. ئىسلامىيەتنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرىنى كۆپ
خىل شەرھلەش ئىمكانىيىتى بۇنداق سىياسىي زامانىۋىلاشتۇرۇش
ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەردى، چۈنكى ئىسلامىيەت دېموكراتىيە
بىلەن ئىنسانىي ھوقۇقنى «ئۆزگە» دۈشمەن دەپ قارىمايدۇ. غەرب
ئەللىرىنى، جۈملىدىن ئىسلام دۇنياسىدىن باشقا پۈتكۈل دۇنيانى
بۇنداق نەتىجىلەردىن غايەت زور ئۈمىد كۈتىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ.
ئەگەر بىر تەرەپلىمە قاراش، قىسقا مۇددەتلىك ئىقتىسادىي مەنپەئەت

www.uyghurkitap.com

ۋە زوراۋانلىق سىياسىيسىنىڭ تويىماس تەمەلىرى كىشىلەرنىڭ بۇنداق تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلسا، ئۇنداقتا كىشىنى قايغۇ ـ ئەلەمگە دۇچار قىلىدىغان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.

# 4

# مۇقىم بولمىغان يادرو چوڭ دۆلىتى: رۇسىيە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار

## رۇسىيە ئۇچرىغان مۇشكۈلات ـــ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قالغان ئېغىر يۈك

يىمىرىلىش يولىغا ماڭغان سوۋېت ئىتتىپاقىدىن رۇسىيەگە قالغان تارىخىي يۈك باشقا ھەرقانداق دۆلەتكە قارىغاندا ئېغىر بول-دى. ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي كىرىزىستىن باشقا يەنە ئۆز سالاھى-يىتىنى گۈۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت تېخىمۇ مۇشكۈل بىر مەسىلىمۇ بار ئىدى. باشقا سابىق كوممۇنىزم ئەللىرىگە نىس-بەتەن ئېيتقاندا، بۇرژۇئازىيىنى ئەركىن دېموكراتىيەنىڭ غەلىبىسى، مىللەتنىڭ يېڭىباشتىن ئازادلىققا ئېرىشىش پۇرسىتى، دەپ قا-راشقا بولىدۇ، شۇڭا ئۇ كەڭ تۈردە مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە دۆلەت تۈزۈمىنىڭ زور دەرىجىدە ئۆزگى-رىشى تۈپەيلىدىن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ مەنپەئەتىگە سېلىنغان زىيانغا نىسبەتەن مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆزىنى ئاقلاش ئەھۋالى كۆ-رۈلىدۇ. ئەمما، بۇنداق چۈشەندۈرۈشلەر رۇسىيەلىكلەرنىڭ مۇرەك-كەپ روھىي ھالىتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىدى، بۇ ئىشلارنى «تەقدىر ـ قىسمەت» تىن كۆرمەيمۇ بولمايتتى. ئۇلار بۇ-نىڭغا ئىشەنسىمۇ، كۆپچىلىككە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان ئاتال-مىش «ئىنتېرناتسىيونالىزمنىڭ مەنپەئەتى» ئۈچۈن 70 يىل مابەي-نىدە، ئۇلار ـــ نەچچە ئەۋلاد رۇسىيەلىكلەر ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئا-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تىدى، بارلىقى دېگەنلىك ئۆزىنىڭ روھىي ۋە بارلىق ماددىي جەھەت-تىكى بەخت ـ سائادىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى؛ يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنى رۇسىيەدىن ئىبارەت يادرولۇق را-يوننى چۆرىدىگەن، موسكۋانى ھۆكۈمرانلىق مەركىزى قىلغان، يې-قىن مەدەنىيەت تەسىر رايونى، بىخەتەر بولغان زەربىنى پەسەيتىش رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، زېمىنى ئاسىيا ـ ياۋروپاغا يېيىلغان بىپايان ئىمپېرىيە دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ، ئۇ چار پادىشاھ ئىم-پېرىيەسى كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان مىراس. بۇ مەنىدىن ئېيتقان-دا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ئازادلىققا ئېرىشىش بول-ماستىن، بەلكى بىھېساب مال ـ مۈلۈكتىن زىيان تارتىش؛ ئەھۋال-نىڭ ياخشىلانغانلىقى ئەمەس، بەلكى رۇسىيە كۈچلىرىنىڭ خەلقئا-را سىياسىي سەھنىدىن جىمجىتلا چېكىنگەنلىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ رۇسىيەلىكلەرنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەنلىك ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەن-چىسىنى سۇندۇرغانلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېڭىچە كوللېكتىپنى تو-نۇش تۇيغۇسى (سالاھىيىتى) نى تېپىش يولىدىكى تىرىشچانلىقلى-رىغا سوغۇق سۇ سېپىدۇ ھەمدە پۈتكۈل مىللەتكە ئېغىر روھىي بو-يۇنتۇرۇق سېلىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن.

خۇنتىنگتوننىڭ كىتابىدا رۇسىيە «پىراۋوسلاۋىيە دىنى مەدە-نىيىتىنىڭ مەركىزى» دېيىلگەن، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەن-دىن بۇيان، رۇسىيە خەۋپ ئىچىدە قالدى، دۆلەتنىڭ سىياسىيسى، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن مۈشكۈلاتقا دۇچ كەلدى. ھېچقانداق بىر دۆلەت كونا دەۋردىن يېڭى دەۋرگە ئۆتۈش جەريانىدا بۇنداق ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ باقمىغانىدى. بۈگۈن بۇ دۆلەتتە ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە تەرەققىيات ھادىسىسى يۈز بەردى: گۈللىنىش دەۋرىدىكى باسمىچى كاپىتالىزم بىلەن ئەركىن سودا كاپىتالىزمى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، ئابرۇيلۇق كارخانىچىلار

بىلەن قانۇنسىز قارا قول پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالمىشىش ئوڭۇشلۇق بولدى. بىر تەرەپتىن، يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ۋە بىردىنلا بېيىپ كەتكەنلەرنىڭ سانى ئۇزۇكسىز كۆپەيدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدىكى غورىگىلچىلىك ۋە جاپا ـ مۇشەققەتتە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان نامراتلار كۆپىيىپ كەتتى، بولۇپمۇ پېنسىيە پۇلىغا تايىنىپ ياشايدىغان كىشىلەر شۇنداق نامرات ئىدى. يېڭىچە ئەركىنلىك ئىدىيەلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قالغان بىيۇروكرات تۈزۈلمە ۋە مەمۇرىي قۇرۇلما شۇ پېتى ساقلىنىپ قالدى، بۇ يەنە ئىنتايىن چوڭ يوشۇرۇن ئاپەت ھېسابلىناتتى. بۇلاردىن سىرت، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋە كۆپ خىللاشقان ئىرقىي كوللېكتىپلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ياكى قارشىلىشىش يوق يەردىن يەنە توقۇنۇش پەلىبىغىنى پەيدا قىلدى.

ئەركىن ئاخبارات ساھەسى ۋە باشقا سانسىزلىغان غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىللىرى گورباچېف ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋردىلا مۇئەييەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. ئەلۋەتتە بۇ يەردە يەنە نۇرغۇن مۇرەككەپ «تارىخىي مىراسلار»مۇ ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ مەخپىي ساقچى تەشكىلاتى ۋە قوراللىق كۈچلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، گۈللىنىۋاتقان كارخانا ساھەسىدىن سىرت، يەنە ئېنېرگىيە ساھەسىدىكى خۇسۇسىيلاشتۇرۇلمىغان «تەبىئىي مونوپول كارخانىلار»مۇ ئۆز پېتىچە بار ئىدى. 1997 ـ يىلى ئىسلاھاتنى ياقلايدىغان TUSCHUBAJS بىلەن رېيمېنزوف بۇ مەسىلىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، جاھىل بىيۇروكرات ھۆكۈمرانلار، باشقۇرغۇچىلار قاتلىمى ۋە دۆلەت دۇماسىدىكى ئەزالارغا ئوت ئاچتى. بۇنىڭدىن سىرت، خۇسۇسىيلاشتۇرۇلمىغان نۇرغۇن چوڭ كارخانىلار بۇرۇنقىدەكلا سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى ئىقتىسادىي سىياسەت پىر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ـرىنسىپلىرى بويىچە كېتىۋەردى. بۇ كارخانىلارنىڭ نۇرغۇن زىيىـ
ـنىنى يەنىلا دۆلەت شەرتسىز ئۇستىگە ئېلىشى كېرەك ئىدى. ھەل
قىلىش مۇمكىن بولمىغان ئىشلاردىن يەنە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى
قالدۇرۇپ قويغان ئېكولوگىيە ساھەسىدىكى ئىنتايىن ئېغىر يۈكمۇ
بولۇپ، كونا دەۋردىكى ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىشتا تۈۋەن سەۋىيەدە
تۇرۇۋاتقان ھەرقايسى ئىقتىسادىي ساھەدىن تارتىپ، چوڭ يېرىق
كۆرۈلگەن «رادىيوئاكتىپ ئۆڭكۈر» (چېرنوبىل يادرو ئېلېكتىر
ئىستانسىسىدىكى يادرو رادىياتسىيەسى چىقىپ كېتىش ھادىسىسىـ
ـنى كۆرسىتىدۇ ـ تەرجىماندىن) گىچە، ھەممىسىدە روھىي تەسەللى
تېپىشقا توغرا كېلەتتى، «تىنچلىق دەۋرىدىكى يادرو پارتلاش» تىن
ئاز ـ تولا نەپكە ئېرىشكەن رۇسىيەلىكلەر (ۋە قازاقىستان)نىڭ ھېچ
ئىش قىلمايلا قايتىپ كېلىشى ئۈمىد قىلىناتتى، يەنە كېلىپ ئۇلار ـ
نىڭ ھەممىسىدە ئېغىر ئېكولوگىيەلىك يۈك بار ئىدى. بۈگۈنكى
رۇسىيە، بىر جەھەتتىن كىشىنى تەشۋىشكە سالغۇدەك دەرىجىدە
نامراتلىشىپ كەتسە، يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ يەردە خۇسۇسىيلارنىڭ
قولىدىكى بايلىق ئۇنىڭغا قارشى ھەم غەيرىي يوسۇندا ئۇزۇكسىز
كۆپەيمەكتە؛ دۆلەت كارخانىلىرى، ئارمىيە، مەمۇرىي ئورگان، ئىجـ
ـتىمائىي پاراۋانلىق (ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلى، پېنسىيە پۇلى...) قا ـ
تارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە دۆلەتنىڭ مالىيەدىن قەرەللىك پۇل چىقىم
قىلىپ بېرىشىگە توغرا كېلىدۇ، ئەمما ھۆكۈمەت بۇ جەھەتتە ھەمىـ
ـشە ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيدۇ، پۇقرالارنىڭ دۆلەتتىن كۈتكەن
ئۈمىدى بەزىدە پۈتۈنلەي يوققا چىقىدۇ، بەزىدە يوقتىن ياخشى دېگۈ ـ
دەك بىرەر نەپكىمۇ ئېرىشىپ قالىدۇ. شۇڭا، خەلق دۆلەتنىڭ سىيا ـ
سىي جەھەتتىكى قانۇنلۇقىدىن گۇمان قىلىدۇ.

رۇسىيە ئىنتايىن جاپالىق بولغان خىزمەتلەرنى ئىشلىشى،
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە «كاردىن چىققان» بىرقانچە ساھەنىڭ

ئىشلىرىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ① ھەممىدىن ئاۋۋال ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش، يەنى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈلمىسىدىكى يېپيېڭى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى پەيدىنپەي بارلىققا كەلتۈرۈش ھەمدە بۇ خۇسۇسىي ئىگىلىكلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان تاشقى رامكا شارائىتىنى مۇناسىپ يوسۇندا تۇرغۇزۇش، شۇنداقلا يېڭى ئاساستا باشقا دۆلەتلەر بىلەن سودا ۋە پۇل مۇئامىلە مۇناسىۋىتىنى تۇرغۇزۇش لازىم. ② سىياسىي تۈزۈلمىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىپ، مەركەز بىلەن يەرلىك ئۆلكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى يېپيېڭى بىر فېدېراتسىيە شەكلىدە يېڭىباشتىن بىرىكتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۆكتەم، شەخسىيەتچى يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ تىزگىنسىز يوسۇندا بېيىش يولىغا مېڭىپ، فېدېراتسىيەنىڭ نورمال ھوقۇق - مەنپەئەتىگە زىيان سېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇ چوڭ دۆلەتتىكى زۆرۈر ئىچكى باغلىنىشلارنى بۇزۇۋەتمەسلىك لازىم. ③ تامامەن بېقىندى ئورۇندا تۇرغان قانۇن سىستېمىسىنى مۇستەقىل، پارىخورلۇقتىن خالىي، ئىشەنچلىك ۋە ئۈنۈملۈك يېڭى قانۇن سىستېمىسىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. ④ خاسلىقنىڭ ئەركىن بوشلۇقىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش كېرەك، بىراق شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا زىيادە ئەركىنلىشىشتىن كېلىپچىقىدىغان ئىجتىمائىي ئىللەتلەردىن ھوشيار بولۇپ، جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ يامراپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ھەمدە ئاۋام - پۇقرانى قانۇن - تۈزۈملۈك دۆلەتنىڭ ھازىرقى بارلىق قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلىشقا مەجبۇرلاش لازىم.

كېلەڭسىز ئارمىيە سىستېمىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جىسمىدىكى بىر يامان سۈپەتلىك ئۆسمە بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادىنى كۆپ يىل چۇشەپ قويۇپ، روناق تاپقۇزمىغا-

نىدى. شۇڭا، ئۇنى ساغلام تەرەققىيات يولىغا سېلىش، قىسقارتىش ۋە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش زۆرۈر؛ ئوفىتسېرلار توپىنىڭ ياخشى كەيپىياتىنى ساقلاشقا، كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قورالالارنى تېخنىكا ۋە سىياسىي جەھەتتىن ياخشى تىزگىنلەشكە دىققەت قىلىش كېرەك. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، رۇسىيەنىڭ ھازىرقى دۆلەت سىياسىيسىنىڭ قانۇنلۇقلۇقىنى كۈچەيتىپ، مۇشكۇلاتتا قالغان رۇسىيە پۇقرالىرىغا زۆرۈر ھەم ئۇنۇملۇك ياردەملەرنى بېرىپ، رۇسىيەلىكلەرنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلاپ قېلىش ياكى يېڭىباشتىن تىكلەش لازىم. بىز گېرمانىيەلىكلەر بىر قانچە يىلدىن بېرى شەرقىي ۋە غەربىي گېرمانىيە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىنكى ئاقىۋەت توغرىسىدا توختىماي ۋاتىلداپ كەلدۇق، قورساق كۆپۈكىمىزمۇ ئاز ئەمەس. شۇڭا، بۈگۈن رۇسىيە دۇچ كەلگەن بۇ مۇشكۇل، مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى ئۇلارنىڭ قانداق ئۈمىدسىزلىكلەرگە دۇچار بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلمىقىمىز تەس ئەمەس.

## تەرەققىيات ۋە ئۈزۈكسىز كۆرۈلۇۋاتقان مەسىلىلەر: سىياسىي ئىسلاھات

رۇسىيەنىڭ بۇ يولدىكى تىرىشچانلىقلىرىغا كىشىلەر ئىنتايىن قايىل. ھازىر يېڭى تۈزۈلمىنىڭ يولغا قويۇلغىنىغا تەخمىنەن بەش يىل بولدى (1993 ـ يىلدىن تارتىپ ئاپتور كىتابنى يازغان 1998 ـ يىلىغىچە ئارىلىقنى كۆرسىتىدۇ — تەرجىماندىن)، ھاكىمىيەت تۈتقۇچىلارنىڭ پارلامېنتتا سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاش خەۋپىنىڭ ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى.① رۇسىيە پارلامېنت سايلىمى،

---

① ۋولفگانگ لېئونارد: «ئىسلاھات ئاتىلارنى ئازاد قىلدى»، «رۇسىيەنىڭ زامانىۋىلىشىشتا بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى ـ توقاي يوللىرى»، 1994 ـ يىلى نەشرى.

زۇڭتۇڭ سايلىمى ۋە يەرلىك سايلاملارنى ئوتتۇشلۇق تاماملىدى، بۇ-
نىڭ ئومۇمىي ئەھمىيىتىدىن ئېيتقاندا، دۇنيا جامائەتچىلىكى ئو-
مۇمىيۈزلۈك ھالدا، بۇ سايلاملار نىسبەتەن ئادىل بولدى، دېموكراتى-
يە روھىنىڭ نۇرى چاقنىدى، ھەتتا كوممۇنىستىك پارتىيەدەك ئا-
ساسىي ئۆكتىچىلەرمۇ سايلامدا ئوتتۇشسىزلىقتا ئۇچرىغىنىغا قارى-
ماي، مۇشۇنداق سايلام ئەندىزىسىگە بويسۇنماقتىن ئۆزگە چارە تا-
پالمىدى، دەپ قارىدى. مەسىلەن، يېلتسىن 1993 - يىلى يېڭىباش-
تىن سايلانغاندا، كوممۇنىستىك پارتىيەمۇ سايلام نەتىجىسىنى قو-
بۇل قىلدى. ھازىر كوممۇنىستلار زۆرۈرىيىتى بولۇش - بولماس-
لىقى، ئۆزلىرى خالاش - خالىماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، دېموكرا-
تىيەنىڭ يېڭى قائىدە - نىزاملىرىغا تىرىشىپ ماسلىشىشى كې-
رەك. ئۇنىڭ ئەكسىچە زۇڭتۇڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، 1993 - يىلى
پارلامېنتقا تاقابىل تۇرغاندىكىدەك قورال كۈچى ۋاسىتىسىنى ئەم-
دى ئىشلىتىش ئىنتايىن تەس، بۇگۈنكى پارلامېنت دېموكراتىك
قانۇنلاشتۇرۇشنى ئۆزىگە سايىۋەن قىلدى. سابىق قوغدىغۇچى كو-
شاكوف ۋە مۇئاۋىن زۇڭلى سوسكوۋىز رەھبەرلىكىدىكى گۇرۇھنىڭ
يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، زۇڭتۇڭنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىنىڭ
ئەگەشكۈچىلىرى ئاساسەن پەسكويغا چۈشۈپ قالدى.

سايلام نەتىجىسىدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، رۇسىيەدىكى
سايلىغۇچىلار تىپىك زۇڭتۇڭلۇق تۈزۈمىدىكى دېموكراتىك شە-
كىلگە بەك قىزىقىپ قالغان. ئامېرىكىدا دائىم كۆرۈلىدىغان ئەھ-
ۋالغا سېلىشتۇرغاندا، دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا، ناۋادا چوڭ
ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان زۇڭتۇڭ مەھكىمىسى بىلەن
كۆپ سانلىق ئۆكتىچىلەردىن تەشكىللەنگەن دۇما (پارلامېنت) ئوت-
تۇرىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلۈپ، كۈچى تەڭلىشىپ قالسا، خەلق ئەڭ
ئاخىرقى بېلەت تاشلاپ ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ. بۈگۈنكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رۇسىيەدە، ئىسلاھاتچى زۇڭتۇڭ بىلەن ئۆتمۈشتىن مېھرىنى ئانچە ئۈزۈلمەيۋاتقان پارلامېنت ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىش ئۇسۇلى ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ، قارىسا بەكلا غەلىتىدەك كۆرۈنىدۇ، بىراق مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار يەنىلا قانۇن، سىياسىي ۋە ئىقتىساد جەھەتتە كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈردى، يەنە كېلىپ، كومپارتىيە رەھبىرى ديۇگانوفنىڭ دۇمادىكى ئىپادىسى ئامېرىكا پارلامېنتىدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ ئوڭ قانات ئۇنسۇرلىرىنىڭ ئىپادىسىگە سېلىشتۇرغاندا، باشقىچە تەرزدىمۇ بولمىدى؛ رۇسىيە دۆلەت دۇماسىنىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىغا مۆتىدىل ئىسلاھاتچىلارنىڭ داھىيسى رۇكىن رەھبەرلىك قىلغان بولۇپ، ئۇ ۋاشىنگتون كېڭەش پالاتاسىدىكى كۆپ سانلىقلارنىڭ داھىيسى — ئوڭ قانات پالاتا ئەزاسى جېسسىي خېلمىسقا قارىغاندا كۆپ ئەقىللىك ھەم نەزەر دائىرىسىمۇ كەڭ ئىدى.

مەركەز بىلەن جەمئىي 89 فېدېراتسىيە سۇبيېكتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىمۇ ماسلاشتۇرۇشقا توغرا كەلدى، كىشىلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئەندىشىلىرىگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ھازىر ئاپتونومىيەنى ئوخشاشلا كۈچلۈك تەلەپ قىلىدىغان تاتارىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋەت كېلىشىم شەكلى ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، مۇناسىۋەت مۇقىملاشمىغىنىدىن تاشقى كاۋكازدىكى چېچېنىيەلا قالدى. بۇنىڭدىن ئىنتايىن ئېچىنىشلىق، قانلىق ئاقىۋەت كېلىپچىقىشى مۇمكىن. رۇسىيە تارىخىدا بەلكىم 1996 - يىلى 9 - ئايدىكى يەرلىك ئۆلكە باشلىقلىرى سايلىمى پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەتكە ئىگە بولسا كېرەك، شۇنىڭدىن تارتىپ يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەمۇرىي باشلىقلىرى مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىۋاسىتە ۋەزىپىگە تەيىنلەنمەي، بەلكى جايلار ئۆزى سايلايدىغان بولدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، فېدېراتسىيە كېڭەش پالاتاسىدا

ئۆلكىلەرنىڭ باشلىقلىرى بىلەن يەرلىك پارلامېنتنىڭ رەئىسلىرى-مۇ دۆلەت قانۇنىنى تۈزۈشكە قاتنىشىدىغان بولدى. شۇ تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ دۆلەت سىياسىي تۈرمۇشىدىكى مۇھىم ئورنى كۈچەيدى. ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى (ئەلۋەتتە، كومپارتىيە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئالدى بىلەن يەرلىككە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇشتا ئىپادىلەندى، باشقا جەھەتتە يەنە ئۆز رايونى ئۈچۈن ئىمكانقەدەر كۆپرەك پايدا ۋە مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇلار ئاساسلىق ئۆكتىچىلەردىن بولۇپ قېلىشقىمۇ ئەسلا قىزىقمايتتى. شۇڭا، دۆلەت دۇماسىدىكى كومپارتىيە ۋە كۆپ ساندىكى ئۇچىغا چىققان مىللەتچىلەر چەكتىن ئاشقان ئەسلىي ئىقتىدارىنى ئىپادىلىگەندىلا، ئۇلار ئاندىن دۇما بىلەن مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرالايدىغان كۈچ ھاسىل قىلالايتتى.

رۇسىيەدىكى ھەرقايسى يەرلىك ئۆلكىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق شەكلىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ، نىشپىنىي نوۋگورود ئۇنۇمى كۆرۈنەرلىك بولغان زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى يولغا قويغاندىن سىرت، بەزى ئۆلكىلەر قۇرۇلما جەھەتتە يەنىلا كونا تۈزۈلمىنى داۋاملىق يولغا قويدى، بۇ يەرلەردە ئۆلكىلەرنىڭ يەرلىك باشلىقلىرى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ (ھۆكۈمرانلىق) تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش يولىدا پايپېتەك بولۇپ، ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان رايوندا ئۆزى ۋە ھاۋالىچىلىرىنىڭ چۆنتىكىنى تېخىمۇ تومپ قىلىش كويىدىلا يۈردى. شۇ تۈپەيلىدىن بۇيۇك ئىسلاھات يولغا قويۇلغاندىن بېرى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كىرىم پەرقى ئۈزۈكسىز چوڭىيىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت يەنە كەسكىنلىشىپ كەتتى.[①]

---

① ئېبېرخارد سچىنپىدېر: «رۇسىيەدىكى فېدېراتىزم: ھوقۇقنى چەكلەش كېلىشىمى ۋە ئوبلاست باشلىقلىرى سايلىمى»، 1997 ـ يىلى نەشرى،

www.uyghurkitap.com

ئاۋادا بىز بۈگۈن رۇسىيەدىكى دېموكراتىيەنى ئىنتايىن مۇقىم ھالەتتە دەپ تەسۋىرلىسەك، سەل مۇبالىغە قىلىۋەتكەن بولىمىز، بىراق شۇنداق كېسىپ ئېيتالايمىزكى، 1993 ـ يىلىدىن كېيىن رۇسىيە نىسبەتەن مۇقىم باسقۇچقا قەدەم قويدى. بۈگۈنكى رۇسىيە ـ دە دۆلەتنىڭ كونا تور سىستېمىسى ۋە مەنپەئەت گۇرۇھى يەنىلا خېلى زور تەسىر كۈچكە ئىگە، ئەمما مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئاز بىر قىسىم كارخانىچىلار ۋە «توساتتىن بېيىپ كەتكەنلەر» نىڭمۇ تەسىر كۈچى ئىنتايىن زور. بۇ ئىككى خىل كۈچ بىرلىشىپ، يېڭى سىياسىي تۈزۈلمىگە مۇئەييەن دوكار سىياسىي تۈسىنى بەرگەن. ئۇنىڭدىن سىرت، رۇسىيەدە زۇڭتۇڭلۇق تۈزۈلمىسىنى ئىجرا قىد ـ لىش سىستېمىسىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك، رۇسىيەدە قۇدرەتلىك بىر پارلامېنتنىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلىدىن پارتىيە ـ گۇرۇھلار سىياسىيسىنىڭ ئاساسى توغرىسىدا سۆزلەپ يۈرۈشمۇ ھاجەتسىز، ئادەتتىكى ئەھۋالدا زۇڭتۇڭ قوللانغان سىياسىي تاكتىكىلار ھەمى ـ شە ناھايىتى چوڭ ئېلاستىكىلىققا ئىگە بولىدۇ، ئۇ بەزىدە ھەتتا قا ـ نۇنلارغا مۇخالىپ كېلىدىغان سىياسىي پەرمانلار ئارقىلىق ھۆكۈمە ـ رانلىق قىلىشتىنمۇ يانمايدۇ. چوڭ سايلامدىن كېيىن زۇڭتۇڭ ئىشخانىسىنى ئۈنۈملۈك «تازىلاش» ئارقىلىق، ئاساسىي قانۇنغا تا ـ مامەن خىلاپ ئىش قىلىدىغان «بوناپارتىزم» نىڭ خەۋپى ھازىر ئا ـ ساسەن تۈگىتىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۇما ئۆزىنىڭ قا ـ نۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە، ھەر ۋاقىت ئاساسىي قا ـ نۇننىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئىش كۆرۈپمۇ كېتەلمىدى. قىسقىسى، بىرقەدەر ئاجىز بولغان، بەزىدە سىياسىي پۈرسەتپەرەسلىك تۈسىنى ئالغان ئاساسىي قانۇنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئەندىزىسى نۆۋەتتە رۇسىيە سىياسىي تۈزۈلمىسىدە ساقلانغان ئەڭ ئاساسلىق توسالغۇ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ئاساسىي قانۇننىڭ پىرىنسىپلىرى ھەمىشە

دەخلى ـ تەرۋزغا ئۇچراپ تۇردۇ. شۇنداق بولسىمۇ، رۇسىيەنىڭ بۇ سىياسىي سىستېمىنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرىنى تۇرغۇزۇشتا ھەقىقەتەن پۇتۇنلەي غەربنى «ئۆرنەك» قىلغانلىقىدا شەك يوق.[①]

## ئىقتىسادىي ئىسلاھات

1991 ـ يىلىدىن تارتىپ، رۇسىيەنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئېغىر دەرىجىدە چېكىنىپ كەتتى. بەش يىلدا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 50% كېمەيدى؛ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 55% تۆۋەنلىدى؛ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 1/3 ى كېمىيىپ كەتتى. بۇ ئىشلاردىن رۇسىيە ئەڭ ئېغىر ئىقتىسادىي كىرىزىسنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، مۇئەييەن دەرىجىدە ئەسلىگە كېلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈۋاتقانلىقىنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ. ماكرو ئىقتىسادنى مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ۋە مەركىزىي بانكا 1995 ـ يىلىدىن بېرى بىر دەك مالىيەنى قىسىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ مۇئەييەن ئۈنۈمگە ئېرىشتى. پۇل پاخاللىق نىسبىتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ، تاشقى سودا ئېكسپورت ئېشىندىسى مەلۇم دەرىجىدە كۆپەيدى. ئۇزۇكسىز گۈللىنىۋاتقان مۇلازىمەتچىلىك ساھەسىدە مەلۇم دەرىجىدە جانلىنىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. يېڭى ئىشقا ئورۇنلىنىش پۇرسىتى ئۇزۇكسىز كۆپەيدى.

رۇسىيەدە ھەش ـ پەش دېگۈچىلا بىر كارخانىچىلار قاتلىمى شەكىللەندى، ئۇلار ئوخشىمايدىغان ئىجتىمائىي كوللېكتىپ،

---

① بورىس ماكارېنكو: «سايلامدىن كېيىنكى رۇسىيە: ئىسلاھ قىلىش كېرەكمۇ ياكى يېڭىباشتىن قۇرۇش كېرەكمۇ؟»، «رۇسىيە ۋە غەرب: ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىدىن ھەمراھلىق مۇناسىۋەت ئىستراتېگىيەسىگىچە»، فرانكفورد، 1998 ـ يىلى نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاتلاملاردىن كەلگەن كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سوۋېت ئىقتىساقى دەۋرىدە جەمئىيەتنىڭ سىرتىدا لاغايلاپ يۈرۈپ، ئەمدىلىكتە بازار ئىگىلىكى قايىنىمىغا چۈشۈپ پۇرسەت ئىزدىگۈچىلەر؛ ئىلگىرىكى «سايە ئىگىلىك» نىڭ ۋەكىللىرى؛ ئۆز-ىنىڭ تالانتىنى بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش كويىدا يۈرگەن مۇتەخەسسىسلەر؛ ئۆزىنىڭ ئىمتىيازىنى «كاپىتالغا ئايلاندۇرۇش»نى بىلىدىغان سابىق ئىقتىسادىي تارماقلارنىڭ ئەمەل-دارلىرى بار ئىدى. پارتىيە ئىچىدىكى قىسمەن قابىل كىشىلەرنىڭ خېلى بۇرۇنلا دۆلەت كارخانىلىرى (بولۇپمۇ يەرلىك ئۆلكىلەردىكى) نى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىدەك قىل-مىشلار كىشىلەرنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان بولسىمۇ، بۇنداق كەيپىيات بۇ دۆلەتتىكى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش قەدىمىنى توسۇپ قالالمىدى.①

خۇسۇسىيلاشتۇرۇش دولقۇنى پۈتكۈل ئىقتىسادىي ساھەنى قاپلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىقتىسادنىڭ قائىدىلىرى يەنىمۇ ئەر-كىنلىشىپ كەتتى. دۆلەتنىڭ تاشقى سودىدىكى مونوپوللۇق ئورنى بىكار قىلىنىپ، قورۇقچىلىق خاراكتېرىدىكى تاموژنا بېجىمۇ تۆ-ۋەنلىتىلدى، كاپىتال بازارلىرىمۇ ئېھتىيات بىلەن ئەركىنلەشتۈ-رۈۋېتىلدى. پۇل ئىقتىسادى سابىق سوۋېت ئىقتىساقى تۈزۈلمىسىدە ئومۇملاشقان «تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش»نىڭ ئورنىنى ئالدى، شۇغىنىسى نۆۋەتتە ئاز ساندىكى كارخانىلار ئوتتۇرىسىدا يەنىلا ئال-ماشتۇرۇش ئىشلىرى بولۇۋاتىدۇ. ئىش ھەققىنىڭ ئورنىغا مەھسۇلات بېرىشتەك ئەھۋاللارنىمۇ ئاندا ـ ساندا ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. شەھەر-

① ئىگور. بۇنىن: «رۇسىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ۋاكالەتچىسى ــ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ساھەدىكى تايانچ كۈچ».

لەردە ئاز سانلىق ساھەلەردىكى قىسمەن چوڭ كارخانىلار يەنىلا دۆ-لەتنىڭ مونوپوللۇقىدا تۇرۇۋاتىدۇ؛ يېزىلاردا مەيلى كولخوز كادىر-لىرى ۋە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ قانچىلىك تۇردە جاھىللارچە قار-شى تۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇلۇكچىلىك شەكلىدە يەنىلا مىسلى-سىز ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇ پېشقەدەم كادىرلار ئارىسىدا، ھازىر قىسمەن خۇسۇسىيلاشتۇرۇلغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ كارخا-نىلاردا بىر قىسىم «قىزىل زاۋۇت باشلىقلىرى» بولۇپ، ئۇلار بۇرۇن-قىدەكلا ئىسلاھات، تەرەققىياتتىكى توسالغۇ دەپ قارىلاتتى. ئۇلار كونا تۈزۈمنىڭ ھىمايىچىلىرى بولۇپ، بۇگۈنكى ئىقتىسادىي تۇر-مۇشتا يەنىلا بۇرۇندىن قالغان ئىگىلىك باشقۇرۇش پىرىنسىپلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇناتتى، بولۇپمۇ تىجارەت ئىشلىرىدا زىيان كۆرۈلگەندە، ئۇلار ھەمىشە دۆلەتنىڭ مەبلەغ جە-ھەتتىن زۆرۈر ياردەملەرنى بېرىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

بىراق، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگىدەك كۆرۈنىدىغان بۇنداق ئىقتىسادىي تە-رەققىياتتىن پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەرلا مەنپەئەتلەندى، دۆلەت مالىيەسىدە كۆرۈلگەن كىرىزىس رۇسىيەنى ئىنتايىن خەۋپلىك ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. مەمۇرىي ئىشلارغا كېتىدىغان چىقىمغا تېخىمۇ كۆپ باج كىرىمى ئارقىلىقلا كاپالەتلىك قىلغىلى، شۇ ئار-قىلىق ھۆكۈمەتنى نۆۋەتتىكى قالايمىقان ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئىق-تىدارىغا ئىگە قىلىپ، خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قانات يايدۇ-رغىلى بولاتتى. پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگەر-تىپ، كۆپ سانلىق كىشىلەرگە ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن تەخمىنەن پۈتۈن بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ جاپا-لىق تىرىشىشىغا توغرا كېلەتتى. 1991 ـ يىلىدىكى كىرىم سەۋى-يەسىگە سېلىشتۇرغاندا، رۇسىيە پۇقرالىرىنىڭ ئەمەلىي كىرىمى

45% كېمىيىپ كەتتى، شۇڭا نۇرغۇن رۇسىيەلىكلەر تۆۋەن مائاش كىرىمىنى باشقا ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق تولۇقلاشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمئىيەتتىكى باي، كەمبەغەللىك پەرقى كۆنسايىن چوڭايماقتا. 1993 ـ يىلىدىن 1995 ـ يىلىغىچە، ئەڭ باي 10% ئائالە بىلەن ئەڭ نامرات 10% ئائىلىنىڭ كىرىم پەرقى 11 ھەسسىدىن 16 ھەسسىگە كۆپەيدى. ئەڭ باي رايونلار بىلەن ئەڭ نامرات رايونلارنىڭ پەرقى 1:8 دىن زورىيىپ 1:25 كە يەتتى.[①]

قانۇن سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى ئىقتىسادىي ئىسلاھاتتىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ ئىدى. چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار (قانۇننىڭ قاتتىق قوغدىشىغا نائىل بولالماي) ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ مۇقىم بولماسلىقى سەۋەبىدىن ئۈمىدسىزلەندى، يەرلىك بيۇروكرات ئاپپاراتلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا مەمۇرىي جەھەتتىن ئارىلىشىۋېلىشىمۇ نۇرغۇن كىشىلەرنى كەلگۈسى ئىستىقبالىدىن مەلۇم دەرىجىدە تەشۋىشلەندۈرۈپ قويدى. شۈبھىسىزكى، قانۇننىڭ تۇتۇرۇقسىزلىقى بازار ئىگىلىكىنىڭ كۆشەندىسى ئىدى. بۇ كۆشەندە خېلى كەڭ دائىرىدە كۈچىنى كۆرسەتتى، بۇلارنىڭ ئەڭ ئېغىر بىر ئاقىۋەت شۇكى، قەرز پۇلنى قايتۇرۇۋالماق ئىنتايىن تەس ئىدى. كارخانا رەھبەرلىرى يەنىلا كونا تۈزۈلمىنىڭ «تور سىستېمىسى»دا توختاپ قالغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ مالىيە جەھەتتىكى بىخەتەرلىكىنى كۆزلەپ، كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى قەرزنى كەينىگە سۆرەيدىغان ئەھۋاللار ئىنتايىن ئومۇملىشىپ كەتكەنىدى، شۇڭا ھەممىشە ئۈچ تەرەپ ياكى كۆپ تەرەپكە چېتىشلىق

---

① خانىس خېرامان خۇئېچمان: «رۇسىيەنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى»نى ئۆزگەرتىشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى»، 1997 ـ يىلى نەشرى، 13~22 ـ بەت.

قەرزدارلىق كېلىپچىقاتتى. پۇل ئىقتىسادى مەيدانغا كەلگەن بولۇ-سىمۇ، بىراق ئۇ بۇنداق ئىللەتلەرنى ئاسانلىقچە بىر يولىلا تۈگى-تىپ بولالمايتتى. چۈنكى، كونا «تور سىستېمىسى»دا كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئىشىنىش (دۆلەت كارخانىلىرى كۆزدە تۇ-تۇلىدۇ) قانۇنىي كاپالەتنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلاش رولىنى ئوينىغانىدى. بۇ دائىرىدىن قارىغاندا، قانۇننىڭ مۇكەممەل بولماس-لىقى بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كەلگەن، ئىسلاھات توسقۇنلۇق قىلى-دىغان تۈزۈلمە قۇرۇلمىسىنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىشىپ كېتى-شىگە تۈرتكە بولغانىدى.

كۆچكە ئىگە بولغان قانۇن ـ پەرمانلارنى قانداق قىلىپ ياخشى ئىجرا قىلىش تېخىمۇ قىيىن ئىدى، بولۇپمۇ نوپۇزى چوڭلار قانۇن-غا خىلاپ قىلمىشلارنى سادىر قىلغاندا تېخىمۇ شۇنداق بولغانىدى. رۇسىيەدە كارخانىلارنىڭ يۇقىرى سومىلىق قەرزىنى سۈرۈشتۈ-رۈش، تەشكىللىك جىنايەتنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت دائىرىسى بو-لۇپ قالغانىدى. بۇ دۆلەتتە تەشكىللىك جىنايەت ئۆتكۈزۈش قىل-مىشلىرىنىڭ ئۇزۇكسىز كۆرۈلۈۋاتقانلىقى ھەم بارغانسېرى ئەدەپ كېتىۋاتقانلىقى ھەممىگە مەلۇم ئىدى. بىراق، نۆۋەتتە بۇنداق ھادى-سىلەرنىڭ دۆلەت ئىقتىدارىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن كېلىپچىقىۋات-قانلىقى ياكى بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا كاپىتالنىڭ «ئىپتىدائىي جۇغلىنىشى»دىكى زۆرۈر يول ئىكەنلىكى-نى پەرقلەندۈرمەك تەس ئىدى. ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا ئىپتىدائىي كاپىتالنىڭ شەكىللىنىش تارىخى جىنايى تەجرىبىلەر (دەسلەپكى مەزگىلدىكى دېڭىز قاراقچىلىق قىلمىشلىرى)، ھوقۇقنى قانۇنغا خىلاپ ھالدا قالايمىقان ئىشلىتىش (16 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىر-گىچە بولغان ئارىلىقتىكى يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ دېھقانلارغا قوللانغان «قويىنىڭ ئادەم يېيىشىدەك يەر قاشالاش ھەرىكىتى»).

رىقابەتچىلىرى ۋە ئىشچىلارنى ئېزىش ۋە قوراللىق باستۇرۇش (19 ـ ئەسىردىكى ئامېرىكىدا يېزا ئىگىلىك، تۆمۈريول ياساش، دەسلەپكى مەزگىلدىكى سانائەتتە كۆرۈلگەن ئاتالمىش «قاراقچىلىق پادىشاھى») بىلەن تولغاندى. سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە، «سايە ئىقتىسادى» دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە يۇقىرى سوممىغا يەتكەندى («سايە ئىقتىسادى» قانۇنسىز ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ ـــ تەرجىماندىن). بۈگۈن «ئىقتىسادىي جىنايەت»لەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيگەن ۋە كۆپ خىللاشقان سودا ساھەسىنى قاپلاپ، ئىجارىتكە ئېرىشەلمىگەن (ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىنى ئېلىش زۆرۈر بولغان) تاشقى سودا كەسپىدىكى ئاددىي ئۇسۇل بىلەن باجدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشتىن قورال ـ ياراغ ئەتكەسچىلىكى، قوغداش ھەققىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ ئېلىش، پۇل يۇيۇش ۋە زەھەرگە چېتىشلىق جىنايەتلەرگىچە تەرەققىي قىلىپ، بىر قاتار «تېز ھەم قانۇنلۇق» بولغان تەشكىللىك ئېغىر جىنايەت سىستېمىسى شەكىللەندى. رۇسىيەنىڭ ئىقتىسادىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پەۋقۇلئاددە قانۇنلۇق بولغان كاپىتالنىڭ جۇغلىنىشى «پەرۋەردىگارنىڭ جازاسى» ياكى «ئادەتتىن تاشقىرى بەخت تىلەش» ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، بۇ تەرىپى بىزگە مەلۇم ئەمەس. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان يېرى شۇكى، بۇ نۇقتىنى ئوخشاشلا ئەخلاق ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەشكە ئامالسىزمىز. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «غەرب»نىڭ ئۆتمۈشتىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى نەزەرگە ئالغاندا، بۇنى يەڭگىللىك بىلەن ئاقلاشتىن ھەرھالدا ئېھتىيات قىلغان تۈزۈك.

## رۇسىيەنىڭ سالاھىيىتىنى جەزملەشتۈرۈش ـــ تاللاش ۋە ئۇنىڭ ئىستىقبالى

جەمئىيەت بۇنداق جاراھەت خاراكتېرلىك تەجرىبىگە قانداق

ئىنكاس قايتۇرىدۇ؟ دۇنيانىڭ باشقا ھەرقانداق بىر جايىدىكىگە ئوخشاش، ئۇمۇ سالاھىيەتنى جەزملەشتۈرۈشتىكى ئەنئەنىۋى دۇنيا قاراشقا مۇراجىئەت قىلىدۇ. رۇسىيەدە «سالاھىيەتنى تونۇش» نىڭ پەۋقۇلئاددە بەلگىسى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەرنىڭ مەزمۇن ئاسا-سى ئاھايىتى كەڭ، يەنى دىن - مەدەنىيەت (پىراۋوسلاۋىيە دىنى) ئورنىنىڭ بىكىتىلىشى، دۆلەت، مىللەت (سلاۋ ئىرقى) نىڭ ئايرى-لىشى، ئىدېئولوگىيە (كوممۇنىزمغا بولغان سېغىنىش) ۋە غەرب مەدەنىيىتى دېگەندەك.

پىراۋسلاۋىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ مۇخلىسلىرى كۆپىيە-ۋاتقان ھەم ھەر خىل مەزھەپلەر تەرەققىي قىلىپ كۈنسايىن كۆ-چىيىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق مۇتلەق كۆپ ساندىكى رۇسلار دىنى-نىڭ جاتلىنىشىنى تازا خالاپ كەتمەيدۇ. رۇسىيە ئومۇمىي ئاھا-لىسىنىڭ 1/3 ى ئۆزىنى مۇخلىس ھېسابلايدۇ، يەنە شۇنچىلىك ئادەم مەلۇم شەكىللەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىخلاسمەنلىكىنى ئىپ-پادىلەيدۇ (ئاسترولوگىيەگە خۇراپىيلەرچە ئىشىنىدۇ ياكى چوڭ-قۇر ئىشىنىدۇ)؛ تەخمىنەن يەنە 1/3 قىسىم كىشى ئاتېئىزمچى ھېسابلىنىدۇ ياكى دىنىي ئېتىقادقا قارشى تۇرىدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان 1/3 قىسىم ئاھالە ئىچىدە ئاياللار، ياشانغانلار ۋە كۆپ تەربىيە كۆرمىگەنلەر ئاساسلىق ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ كىشىلەر ئارى-سىدا پەقەت 5% كىشىلا ھەقىقىي مەنىدىكى پىراۋوسلاۋىيە مۇخ-لىسى بولۇپ، ئۇلار قەرەللىك ئىبادەت قىلىدۇ. باشقا كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۇنداق ئىشلارنىڭ ئۆزىگە ئالاقىسى يوقتەك كۈندىلىك تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ھەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراش يۈرۈشىدۇ.

روشەن ئالامەتلەردىن مەلۇمكى، جەمئىيەتتىكى كىرىزىس تو-پەيلىدىن ئەنئەنىۋى ئەخلاق مىزانلىرىغا سەل قارايدىغان تۇرمۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەكلى پەيدا بولىدۇ، بۇ ھالدا قىممەتنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشى مۇقەررەر، ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ دىن تۈپەيلىدىن بولىدىغان ئۆزگە-رىش ئەمەس، بەلكى دۇنياۋى ئىقىم تەسىرىدىن بولىدۇ. بولۇپمۇ، 40 ياشتىن تۆۋەن بىر ئەۋلاد كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقى تۈزۈل-مىسىدىكى كوللېكتىپنى، دۆلەتنى گەۋدىلەندۈرۈپ، شەخسنىڭ «خىزمىتى» گە سەل قارايدىغان ئېتىكا ـ ئەخلاق قارىشىدىن قۇتۇ-لۇپ، «غەرب»نىڭ قىممەت قارىشىنى تولۇق قوبۇل قىلىغان. ياش رۇسىيەلىكلەر خىزمەتنى جەمئىيەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت دەپ قارىماستىن، بەلكى تۇرمۇشنى قامداش يولىدا شۇغۇللانغان «كە-سىپ» دەپ قارايدۇ. ئۇلار كىرىمنىڭ تەڭ تەقسىم قىلىنىشىغا ئە-مەس، بەلكى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پۇرسەتكە تېخىمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. بۇ تەرىپىنى ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ۋە بوۋا ـ مومىلىرى ياشىغان دەۋردىكى بىر ئەۋلاد كىشىلەرگە سېلىشتۇر-غاندا، ئۇلار بازار ئىگىلىكىگە بولغان غايەت زور قىزغىنلىقى بىلەن 90 ـ يىللاردىكى ئازابلىق كەچۈرمىشلەر تۈپەيلىدىن زەربىگە ئۇچ-رىغان بولسىمۇ، ھازىرقى ياشاش رىقابىتىگە يەنىلا ئاكتىپ پوزىت-سىيە تۇتىدۇ. ئىستاتىستىكىلىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھاسىل قى-لىنغان بىر سانلىق مەلۇمات بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن بۇيان، رۇسىيە ئاھالىلىرىنىڭ بۇگۈنكى «ئەركىنلىك»نى ياكى ئۆتمۈشتىكى «باراۋەرلىك»نى تاللاش نىسبىتىدە ئۆزگىرىش بولغان. 1991 ـ يىلى، 42% ئاھالە «بارا-ۋەرلىك»نى، 40% ئاھالە «ئەركىنلىك»نى مۇھىم دەپ بىلگەن بول-سا، 1996 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىككىسىنىڭ قىممەت نىسبىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولۇپ، نەتىجىسى 33% ۋە 43% چىقان، دېمەك، «ئەركىنلىك»كە بولغان قىزىقىشنىڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلى-كىدە شەك يوق. بۇنداق ئۆزگىرىش «گۈزەل» كوممۇنىزم كونا دەۋ-

رىگە قايتىش خىيالىنىڭ كۆپۈككە ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

سىياسىي سەردارلارنىڭ ئاۋام ـ پۇقرالار كۈندىلىك تۇرمۇشتا باش قاتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۇششاق ئىشلار توغرىسىدىكى كەسكىن مۇلاھىزىلىرى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تېخىمۇ بەك قوزغايدۇ. بۇ مۇنازىرىگە قاتناشقان ئىجابىي تەرەپ غەربكە مايىل ئەركىن دېموكراتچىلار، يەنى گايدا، يالىنىسكىي ۋە نىمۇزورف قاتارلىقلار ئىدى؛ بىرقەدەر ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئوتتۇرىلىقتا تۇرۇۋاتقانلار، يەنى چېرنومىلكىنغا ئوخشاش تىپتىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى؛ بىراق كۆپچىلىك دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇنداق بىر پاكىت بار، ئۇ بولسىمۇ ئوتتۇرىلىقتىكىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كونا تۈزۈلمىگە يېڭىباشتىن قايتىشنىمۇ ئوخشاشلا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بازار ئىگىلىكى يولىدا دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش (ئىنتايىن قۇدرەتلىك مەمۇرىي ئىجرا ھوقۇقى بولسىمۇ) ۋە دۇنيا ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىغا كىرىش قاتارلىقلار روسىيەنىڭ ئىشلىرىدا مۇتلەق ئۇستۇنلۇك ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى كېرەك، بۇ جەھەتتە ئۇلار بۇرۇنلا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلغان بولۇپ، قىلچە تالاش ـ تارتىشمۇ بولمىغان. ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدىكى سەلبىي تەرەپ ئاساسلىقى كوممۇنىستلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ مەيدانى شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيەلەرنىڭكىگە ئانچە ئوخشىمايدۇ، ئۇلار ھەتتا سوتسىيالىستىك دېموكراتىزملىق بۇرۇلۇشنىمۇ رەت قىلىدۇ؛ بۇنىڭدىن سىرت، سەلبىي تەرەپتىكىلەر يەنە ھەر خىل مىللەتچىلەر، سىياسىي جەھەتتە ئىجتىمائىي تەرەققىيات مۇساپىسىدىن ئۈزۈكسىز ئايرىلىپ چىقىۋاتقان ئۇچىغا چىققان ئۇنسۇرلار، مەسىلەن، سېلتوۋىسكىي قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. غەرب مەدەنىيىتىگە دۈشمەنلىك

ئەزىرى بىلەن قارايدىغان بۇ ئۆكتىچىلەرنىڭ كىشىلەرنى قاياقتا باشلاپ كېتىۋاتقانلىقى تېخى نامەلۇم. كوممۇنىستلار قوغلىشىدىغان نىشانىنىڭ كەم دېگەندە يېرىمى كونا سوۋېت ھاكىمىيىتى دەۋرىگە قايتىش، مىللەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ ئالدى بىلەن ئويلايدىغىنى قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش، بىراق ئۇلارنىڭ زادى قانداق جەمئىيەت قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى نۆۋەتتە تېخى ئېنىق ئەمەس. بۇنىڭدىن سىرت، غەرب بىلەن ئاسىيا ئوتتۇرىسىدا ياۋروپا ـ ئاسىيا كۆۋرۈكى بولۇش گۈزەل ئارزۇسىدا يۈرگەنلەرمۇ بار. بۇ رۇسچە ئالاھىدە يول تۇتۇشتىكى كونا خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس. پىراۋوسلاۋىيە دىنى جەمئىيىتى ۋە پانسلاۋچىلار كونا جەمئىيەتتىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن بولۇپ، ئۇلار 1917 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى گۈزەل دەۋرگە قايتىشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنكى رۇسىيەلىكلەر بىرلا ۋاقىتتا مۇئەييەن دەرىجىدىكى تۈپ ئەسلىيەتچىلىك ئېقىمىنى، يەنى كونىلىقتىن رىشتىنى ئۈزەلمىگەن كوممۇنىزم، مىللەتچىلىك، رايون سىياسىيسى ۋە ئىرق ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان ئىدىيە سىستېمىسى، بۇ ئامىللارغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر ئارىلاشما گەۋدىنى باشتىن كەچۈردى. بۇنداق بۆلۈنمىچىلىك كۆرۈۋاتقان ئەھۋالدا، ئۆكتىچىلەرنىڭ ئاجىزلىقلىرى ئاسان مەلۇم بولىدۇ. ئۇنداقتا، بۇ «پىراۋوسلاۋىيە دىنىدىكى يادرولۇق چوڭ دۆلەت» نىڭ غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرالايدىغان، جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئالاھىدە يول ھاسىل قىلالىشى ئانچە مۇمكىن بولماي قالىدۇ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ غايەت زور ئىجتىمائىي تەسىر كۈچ ھاسىل قىلىپ، دۆلەت سىياسىيسىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىيالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. قىسقىسى، بۇنىڭدىن مۇنداق بىر يەكۈننى ئاسانلا چىقىرالايمىز، يەنى ئۆكتىچىلەرنىڭ ئۆزى ئىنتىلىدىغان سىياسىي نىشاننى ئايدىڭلاشتۇرالماسلىقى تۈپەيلىدىن

ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچى ئاجىزلاپ، ئىسلاھاتچىلارنى ئاساس قىلغان تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرالمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپچىقىشىمۇ تاسادىپىي ئەمەس، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا يەنىلا ئىسلاھاتچىلار رۇسىيەنى مۇشكۇلاتتىن قۇتقۇزىدىغان، بىردىنبىر ئېنىق يولغا قويۇشقا بولىدىغان پىلاننى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ يول ئەگرى ـ توقاي، ئۇزاق ھەم جاپالىق بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھالقىپ ئۆتمەك ئەڭ قىيىن توسالغۇ يەنىلا رۇسىيەدىكى «بىر چوڭ دۆلەت دەيدىغان كەيپىيات»، غەربكە ئارتۇقچە تايىنىۋېلىش رۇسىيەنى دۇنيا سەھنىسىدىكى پەۋقۇلئاددە تەسىر كۈچتىن «مەھرۇم» قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ دۇنيادىكى چوڭ دۆلەتلىك ئابرۇيىنى سۇندۇرىدۇ.

## چوڭ دۆلەت خام خىيالى ۋە رەھىمسىز رېئاللىق

رۇسىيەدىكى قابىللارنىڭ رۇسىيەنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى توغرىسىدىكى كەسكىن بەس ـ مۇنازىرىلىرى ئۇلارنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەسىلە ئۈستىدىكى ئاساسىي بىرلىككە كەلگەن تەسەۋۋۇرنى يوشۇرۇپ قالالمىدى، يەنى ھەممىلا كىشى رۇسىيەنىڭ خەلقئارالىق سىياسىي سەھنىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلىشتى. رۇسىيەنىڭ سىياسىي قاتلىمىدىكىلەر مەيلى قايسى مەزھەپ، گۇرۇھتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز دۆلىتىنى بۇرۇنقىدەكلا دۇنيادىكى بىر قۇدرەتلىك دۆلەت ھېسابلايتتى. ئەمما، بۇنداق نۇقتىئىنەزەر ئۇلارنى يا ئالدىغا، يا كەينىگە ماڭالمايدىغان مۇشكۇل ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. نۆۋەتتە رۇسىيەنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقى بىر جەھەتتىن بۇ دۆلەتنىڭ غەرب ئالدىدا ئۆزىنىڭ «خاس ئۇسلۇبى»نى نامايان قىلىشىغا يول قويمىسا، يەنە بىر جەھەتتىن يەنە ئۇلار بىلەن بولغان ئىقتىساد، سودا ئالاقىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

داۋاملىق ئوخشۇشلۇق تۇردە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي يار-دەمگە ئېرىشىشكە ھەم شۇ ئارقىلىق غەرب دۇنياسى تەمىن ئەتكەن ئىقتىسادنى يۇكسەلدۇرۇش پۇرسىتىنى تۇتۇۋېلىشىغا تۇرتكە بول-دى. شۇنداقلا، مۇشۇ سەۋەبتىن رۇسىيەنىڭ قۇدرەتلىك دۆلەت سى-ياسىي نىشانى تېگىشلىك ئاساسىدىن مەھرۇم قالدى.

رۇسىيەنىڭ خەلقئارالىق سىياسىيغا بولغان قىزىقىشىغا ئىند-تايىن مۇرەككەپ ھېس - تۇيغۇلار سىڭگەن. شۇبھىسىزكى، ئۇ يە-نىلا ئۆزىنى چوڭ دۆلەت، دەپ چوقچىلىق قىلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئا-مېرىكا ئالدىدا ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغانلىقىدا گەپ يوق، رۇسىيەنىڭ ئامېرىكىغا دۇشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارىشىمۇ ھەيران قالغۇچە-لىك ئىش ئەمەس. ئۇ ئامېرىكىنىڭ دۇنيادا يەككە بىر قۇتۇپ سۇ-پىتىدە زومىگەرلىك قىلىشىدىن ئەنسىرىگەچكە، كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنياۋى يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشنى ئۆزىگە ئىستراتېگىيەلىك نىشان قىلىۋالغان، ئۇمۇ شۇ ئارقىلىق خەلقئارالىق ئىشلاردا باراۋەر تەد-بىر بەلگىلەشكە قاتنىشىشنى ئويلايدۇ. بۇ ئىستراتېگىيەلىك تە-سەۋۋۇر رۇسىيەنىڭ ئامېرىكىغا دۇشمەنلىك پوزىتسىيەسى تۇتۇپ كېلىۋاتقان باشقا دۆلەتلەر بىلەن بىر يولدا مېڭىشىغا تۇرتكە بول-غان. بۇ يەردە ئاساسلىقى جۇڭگو كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بەزىدە «غەرب» تىكى فىرانسىيەمۇ شۇ دائىرىگە كىرىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، رۇسىيە بىلەن ئىران (كاۋكاز ۋە كاسپىي دېڭىز رايونىدىكى بۇ مۇ-ھىم ھەمراھلارمۇ رىقابەتچى) بەزىدە ۋاشىنگتون بىلەن زىددىيەتلى-شىپ قالىدۇ. بىراق، بۇنداق ئويۇن مۇئەييەن چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەقىقەتەن تەھ-دىتكە دۇچ كېلىشى مۇمكىن.

رۇسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى كېتىد-ۋاتىدۇ. ئۇزاقتىن بېرى ئاسانلا تالاش - تارتىشقا تۇتۇرۇق بولۇپ

كېلىۋاتقان چېگرا مەسىلىسىدىمۇ ئىككى تەرەپ سۆھبەت ئارقىلىق
بىردەك پىكىرگە كەلدى ھەمدە ئۆزئارا ئىشىنىش ئەسلەتمىسى
ئىمزالىدى، بولۇپمۇ چېگرادا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملارنى زور
دەرىجىدە ئازايتىش مەسىلىسىدە، ئەڭ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىش-
تى. بۇنىڭدىن سىرت، ئىككى دۆلەت ئىقتىساد، سودا ھەمكارلىقىنى
ياخشىلاشقا تىرىشىۋاتىدۇ، رۇسىيە جۇڭگو ئارمىيەسىنى قورال بى-
لەن تەمىنلەيدىغان ئەڭ مۇھىم مال تەمىنلىگۈچى بولۇپ قالدى؛
بىراق ئىككى دۆلەت ئارىسىدا يوشۇرۇن توقۇنۇش يۈز بېرىش ئاسا-
سىمۇ روشەن مەۋجۇت. رۇسىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە
شەرقىي ئاسىيادىكى تەسىر كۈچىنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە رى-
قابەتنى قانات يايدۇردى؛ نۇرغۇن جۇڭگولۇق كۆچمەنلەرنىڭ شەرقىي
سىبىرىيە رايونىغا ئېقىپ كىرگەنلىكىدەك پاكىت رۇسىيەلىكلەر-
نىڭ بېشىنى ئاغرىتماقتا. ئوخشاشلا شەرقىي سىبىرىيەدىكى
ئوبلاستلارنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەتلىرىمۇ جۇڭگوغا قارشى ئۆتكۈر
سۆز - ئىبارىلەرنى ھەمىشە ئېيتىپ كېلىۋاتىدۇ. مۇشۇ سەۋەبلەر
تۈپەيلىدىن رۇسىيە جۇڭگو بىلەن «ئىستراتېگىيەلىك ئىتتىپاق»
قۇرۇش دېگەندەك ئۇقۇملارنى بىۋاسىتە قوللانماسلىقى مۇمكىن. ئا-
مېرىكا ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا سېلىش-
تۇرغاندا، جۇڭگونىڭ خەلقئارالىق ئىشلاردىكى «ئەمەلىي ھوقۇقى»
ئازراق بولسىمۇ، بىراق رۇسىيەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ ئوخ-
شاشلا تېخىمۇ تەھدىت پەيدا قىلالايدىغان يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە.

رۇسىيە بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدىكى يېقىن ئىقتىسادىي ھەم-
كارلىق مۇناسىۋىتىمۇ كۈچىيىپ باردى. بولۇپمۇ، پۇقراۋى ئىشلار-
غا ئىشلىتىلىدىغان يادرو تېخنىكىسى جەھەتتىكى ھەمكارلىقتا ئا-
مېرىكا كەسكىن قارشى تۇردى ھەمدە رۇسىيەدىن تېھران بىلەن
بولغان بۇنداق ھەمكارلىقنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

روسىيە بۇ ئىشلارغا ئېرەن قىلماستىن، يەنىلا ئىراننى نۇرغۇن ئىلغار قوراللار بىلەن تەمىنلەۋەردى، ئامېرىكا كۈچلۈك ئېتىراز بىلدۈرگەنلىكتىن بۇنداق قورال سودىسى يېقىنقى مەزگىلدە سەل پەسىيىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن توختاپ قالمىدى. ئەلۋەتتە، ئۆزىنى ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى داھىي دۆلەت ھېسابلايدىغان ئىرانمۇ روسىيەدە مەلۇم گۇمان پەيدا قىلدى، چۈنكى ئۆز دۆلىتىدىكى مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەر دىنىي ـ سىياسىي تەرغىباتلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ناھايىتى ئاسانلا ئۇچرىشى مۇمكىن ئىدى، تاجىكىستاندا يۈز بەرگەن سىياسىي ۋەزىيەتتىكى مۇقىمسىزلىق ۋە قىرغىزىستاندىكى توپىلاڭ قالدۇرغان جاراھەت كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن تېخى كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق. باشقا بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، ئىران نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ رايوندىكى تەسىرى بار چوڭ دۆلەت، يەنە كېلىپ ئېنېرگىيە مەنبەسى مول بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن كاۋكاز رايونى ئوتتۇرىسىدا نېفىت ۋە تەبىئىي گازنى تۇرۇبا بىلەن ئۆزىتىش جەھەتتە يوشۇرۇن رىقابەت مۇناسىۋىتى مەۋجۇت، ئىرانمۇ ئەمەلىيەتتە روسىيەنىڭ بۇ رايوندىكى يوشۇرۇن رەقىبى. شۇڭا، ئىران بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە روسىيەنىڭ كۆڭۈل ئارامىمۇ جايىدا ئەمەس، شۇڭا روسىيەنىڭ ئىران بىلەن «ئىستراتېگىيەلىك ئىتتىپاق» ئورنىتىش مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى تۆۋەن.

نۆۋەتتىكى خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەردە، ئىراقتىكى مۇستەبىت سادام ھاكىمىيىتى ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى مەنپەئەتىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان بىر پۈتلىكاشاڭ، يەنە كېلىپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنىڭ بىلەن كۆپ يىل ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن، بولۇپمۇ قورال ـ ياراغ سودىسى جەھەتتە كۆپ ئالاقىدە بولغان. شۇڭا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باغدادقا قاراتقان قاتتىق جازانى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ـ قالدۇرماسلىقى روسىيەنىڭ ئىنتايىن مۇ ـ

ھەم ماددىي مەنپەئىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. موسكۋاغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پەقەت ئىراقنىڭ نېفىت ئېكسپورت مىقدارىنى كۆپەيتىشكە يول قويۇلغاندىلا، قورال سودىسىدىن قېپقالغان قەرزنى قايتۇرۇۋېلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ، بۇ قەرز پۇل 8 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشىدۇ. موسكۋانىڭ 1997 - يىلى ۋە 1998 - يىلىدىكى ئىراق قورال تەكشۈرۈش كرىزىسىغا دىپلوماتىك ۋاسىتە ئارقىلىق كۆپلەپ ئارىلىشىشى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە ئىنكار بېلەت تاشلاش ئارقىلىق تەھدىت سېلىپ، ھەربىي زەربە بېرىشكە قارشى چىقىشى ئىككى ياقلىمىلىق مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈندۇر. يەنى، رۇسىيە بۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەرەب دۇنياسىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، مۇشۇ رايوندىكى تەسىر كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئوتتۇرا شەرق سىياسىي سەھنىسىگە يېڭىباشتىن قايتىپ كەلمەكچى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئىراق قايتۇرىدىغان قەرز پۇل ئارقىلىق قۇرۇقدىلىپ قالغان دۆلەت خەزىنىسىنى تولدۇرۇش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تېخىمۇ ئىمكانىيەت يارىتالايدۇ. كومپارتىيەنىڭ بەزى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ دۇمادىكى خىتابلىرىدىن ھۆكۈمەتنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىگە يېڭىباشتىن قايتىپ، ئىراقنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

غەرب بىلەن يېقىن ھەمكارلىشىش - ھەمكارلىشالماسلىق رۇسىيەنىڭ ئەڭ تۈپ دۆلەت مەنپەئەتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ، يەنى بۇ رۇسىيەنىڭ ئىگىلىك تىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆزگەرتىش - ئۆزگەرتەلمەسلىكى، مۇقىم تەرەققىي قىلىش - قىلالماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك. جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى ۋە كۈنسايىن كېڭىيىۋاتقان خەلقئارالىق بازارغا رۇسىيە ئىنتا-

يىن ھەۋەس قىلىدۇ. شەرقتىكى «ئىقتىسادىي يۈكسىلىش»نىڭ قىز-
غىنقتۇرۇشى ئالدىدا، روسىيە ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى يەنىلا ئۇنىڭ
غەرب ئىقتىسادىي سىستېمىسىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك كىرىش ـ كىرەل-
مەسلىكىگە باغلىق. مۇشۇ تۇپەيلىدىن روسىيە دىپلوماتىيە سىياسى-
تى ۋە بىخەتەرلىك سىياسىتىدە «غەرب» بىلەن بەك قارشىلىشىدىغان
سىياسەت قوللىنالمايدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، ئۇنىڭ «غەربكە قارشى
ئىتتىپاق»قا ئۇزاق مۇددەت قاتنىشالىشى مۇمكىن ئەمەس.

روسىيەنىڭ ھايات ـ ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك تاشقى مەنپەئەتى
يەنىلا ئەتراپىدىكى رايونلارغا، يەنى ئاتالمىش «يېقىن قوشنا چەت
ئەللەر» — سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل
بولغان يېڭى قوشنا ئەللەرگە مەركەزلەشكەن. روسىيە بۇ رايونلاردا
ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان پەۋقۇلئاددە تەسىر كۆچى ئادەت-
تىكى ئەھۋالدا ئىقتىسادنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ۋە خەۋپسىزلىك،
مۇداپىئە جەھەتتىكى ھەمكارلىقلار ئارقىلىق كۆچىيىدۇ، بەزىدە بۇ
مەنپەئەتلەرنىڭ ئوخشىمىغۇق ئىشقا ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش
ئۈچۈن، روسىيە يەنە قاتتىق تەدبىرلەرنى قوللىنىشىمۇ مۇمكىن.
گىرۇزىيە ھۆكۈمىتى ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە، روسىيەنىڭ بىر-
سىمى تۇپەيلىدىن ئىلاجسىز مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدى-
سى خەۋپسىزلىك سىستېمىسىغا قاتنىشىپ، روسىيە ئارمىيەسى-
نىڭ «تىنچلىق ساقلاش قىسمى» سۈپىتىدە ئۆز تېررىتورىيەسىدە
پائالىيەت قىلىشىنى ماقۇل كۆردى. ناۋادا روسىيە ئارىلاشمىغان
بولسا، شىۋاردنادزىنىڭ رەقىبى گامساخۇردىنى يېڭەلىشى تەس ئىدى.
ئۇنىڭدىن سىرت، روسىيە ئارراق بېسىم ئىشلىتىپلا ئەزەربەيجاننى
ئۆزىنىڭ خام نېفىتىنى روسىيە زېمىنى ئارقىلىق چەت ئەللەرگە
ئېكسپورت قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ئەمما، باشقا ئىمكانىيەتلەر رەت
قىلىندى. شۇبھىسىزكى، روسىيە بۇ ئىشتا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ

ئەنئەنىۋى «تەسىر كۈچ دائىرىسى»نى قانداق تىكلەشنى، كەم دېگەندىمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى بۇ قوشنا ئەللەر رايونىدا شۇنداق قىلىشنى ئويلىغانىدى. رۇسىيەنىڭ بۇ «تەسىر كۈچ دائىرىسى»نىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغانلىقىنى ھېس قىلىشى رۇسىيە بىلەن توقۇنۇش يۈز بېرىشىدىكى ئەڭ چوڭ ئېھتىماللىق بولۇشى مۇمكىن.

## شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشى

رۇسىيە بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋەت تەرەققىياتىدىكى ئەڭ باش ئاغرىتىدىغان ئىش شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە شەرققە كېڭىيىشىدۇر. غەرب ئىتتىپاقىنىڭ بۇ قارارى رۇسىيە سىياسىي گۇرۇھىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئەلۋەتتە، بۇنداق بىردەك قارشى پوزىتسىيەنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

مىللەتچىلەر ۋە كوممۇنىستلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئىنتايىن چۈشىنىشلىك ئىش بولۇپ، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردىلا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بىر ھەربىي ئىتتىپاق ئىدى، ئۇنىڭ مۇددىئاسى ھازىرمۇ تامامەن ئۆزگىرىپ كەتكىنى يوق. شۇڭا، ئۇنىڭ شەرققە كېڭىيىشى تۈپ مەنىسىدىن ئېيتقاندا، رۇسىيەنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىك مەنپەئەتىگە ئىنتايىن پايدىسىز ئەكس تەسىر پەيدا قىلىدى، ھازىر تېخى بىۋاستە ھەربىي تەھدىت پەيدا قىلىدۇ دەپ كېسىپ ئېيتقىلى بولمىسىمۇ، ھامان تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ مەركىزىي ئورگىنى — باش ئىشتابمۇ ھەر-

www.uyghurkitap.com

بىر كۈچ تەڭپۇڭلۇقى نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ، بۇ ئەھۋالدىن ناھايىتى ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى، چۈنكى ئۇلار شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى ئىتتىپاقىنىڭ چېگراسىنىڭ ئۈزۈكسىز شەرققە سۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا يوشۇرۇنچە يېڭىدىن ئەزا بولۇۋاتقان ئەللەرنىڭ ھەربىي كۈچىنىڭمۇ ئۈزۈكسىز زورىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەتمەكتە ئىدى.

ئەكسىچە، ئوتتۇرىلىقتىكى سىياسىي گۇرۇھلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشى رۇسىيەنى يېڭىباشتىن ياۋروپا ۋە غەرب دۇنياسىنىڭ سىرتىغا سىقىپ چىقىرىلىشتەك خەۋپ ـ خەتەرگە دۇچار قىلاتتى. ئۇلار دۆلەتنى غەرب جەمئىيىتىگە باشلاپ كىرىشكە بولغان ئۇرۇنۇشلىرى، غەربنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىنى رۇسىيە جەمئىيىتىگە كۆچۈرۈپ كېلىش يولىدىكى جاپالىق تىرىشچانلىقلىرىنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشى تۈپەيلىدىن تېگىشلىك ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەسلىكىنى كۆرۈشنى خالىمايتتى، شۇنىڭ بىلەن رۇسىيەدىكى سىياسىي كۈچلەر ئۆزىگە پايدىسىز تەرەپكە بۇرۇلۇپ كېتىپ، ئاۋامنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئەركىن ئىسلاھاتچىلار ئارىسىدىكى بەزىلەر شۇنداق نۇقتىئىنەزەردە بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئارىسىدا يەنە بىر قىسىم كىشىلەر غەرب ئىتتىپاقىنىڭ بۇنداق كېڭىيىپ كېتىشىگە قارىتا سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتىش پوزىتسىيەسى تۇتتى.

ئوتتۇرىلىقتىكى گۇرۇھلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقانداق سىياسىي گۇرۇھقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق بىۋاسىتە ئاقىۋەت شۇكى، بۇنداق ھەرىكەت رۇسىيەنىڭ ئەسلىدىكى

ئەنئەنىۋى «تەسىر كۈچ دائىرىسى»گە نىسبەتەن تەھدىت پەيدا قىلـ-
دى. كىشىلەر قاتتىق ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى ئىچىدە، سابىق
ۋارشاۋا شەرتنامىسىگە ئەزا ئەللەرنىڭ بىر - بىرلەپ غەرب لاگېرد-
غا ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى. ناۋادا كۆنلەر-
نىڭ بىرىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرد-
يەتلەر، مەسىلەن، بالتىق دېڭىزى بويىدىكى ئۈچ دۆلەت ياكى ئۇكـ-
رائىنا شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا ئەللەر
بىلەن پۈتۈشۈپ قالسا، شۈبھىسىزكى ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى رۇسىيە-
لىكلەر قوبۇل قىلالمايدۇ. شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەش-
كىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىش مۇساپىسى ياۋروپانىڭ ئۆزاققىچە
خەۋپسىز بولۇش مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلالىغىنى يوق. شۇ-
ڭا، رۇسىيە بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا جىددىيلىك پەيدا
قىلىدىغان مەنبەلەر يەنە مۇئەييەن مەزگىلگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇ-
رۇشى مۇمكىن.

ئىككىلا تەرەپ توقۇنۇش يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكىنى ئازاي-
تىش ئۈچۈن تىرىشماقتا، غەرب ئىتتىپاقى بىلەن رۇسىيە ئوتتۇ-
رىسىدا ئىمزالانغان بەزى تۈپ كېلىشىملەر ۋە چۈشىنىش ئەسلەت-
مىلىرى دەل مۇشۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ كېلىشىم-
لەردە غەرب يېڭىدىن پۈتۈشكەن ئەللەرگە يادرو قورالى ئورۇنلاش-
تۇرماسلىققا ۋەدە بېرىپ، رۇسىيە بىلەن بىر خىل يېڭىچە سىيا-
سىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىر-
يۈسسېلدا يېڭىدىن قۇرۇلغان يېڭى شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان
ئەھدى تەشكىلاتى - رۇسىيە كومىتېتى دەل مۇشۇ نىشان ئۈچۈن
قۇرۇلغان دائىملىق ئاپپاراتتۇر. بۇلاردىن سىرت، ياۋروپانىڭ دائىـ-
مىي ئارمىيە (KSE) كېلىشىمىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشتىمۇ رۇسىـ-
يەنىڭ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى كۆنسايىن كۈچىيىۋاتقان ھەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىي ھازىرلىقلار تەڭپۇڭسىزلىقىغا بولغان بەزى ئەندىشىلەرنى تەزەرگە ئىلىندى.

ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىشنىڭ مەنبەلىرى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق يۇقىرىقىدەك ئۇنۇملۇك تەدبىرلەر ئارقىلىق يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە توقۇنۇش يۈز بېرىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى ئازايتىلدى. غەرب ئەللىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ياۋروپا خەۋپسىزلىك تەشكىلاتىدىكى بارلىق ئەللەرنىڭ ئەركىن ئىتتىپاق بولۇپ ئۇيۇشۇشىنى تالىشى بىر پرىنسىپال مەسىلە، ھېچكىم يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنى تېزدىن شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا قوبۇل قىلىش خىيالىدا بولمىسىمۇ، بىراق بۇ غەرب ئەللىرىنىڭ رۇسىيەنىڭ ئاتالمىش «ئىمپېرىيالىق تەسىر كۈچ دائىرىسى»نى ئېتىراپ قىلغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. رۇسىيەنىڭ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، پەقەت ئۇ ئۆزىنى داۋاملىق خەلقئارا سىياسىي سەھنىدىكى مۇھىم بىر كۈچ دەپ قاراشتا چىڭ تۇرسىلا، بۇنداق تەلەپتىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەيدۇ. غەرب بىلەن موسكۋانىڭ بۇ خىل مۇناسىۋىتى تامامەن ئىككى تەرەپنىڭ ئالدىغىمۇ، كەينىگىمۇ ماڭالمايدىغان ئەھۋالدا، دانالىق ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇرەسسە قىلىپ، ئازراق بولسىمۇ مەلۇم تەڭپۇڭلۇق ھالىتىگە يېتىش - يەتمەسلىكىگە باغلىق.

## پىراۋوسلاۋىيە دىنى ئىمپېرىيەسى — بىر خىل خىيالىي سەزگۈ

خۇنتىنگتون رۇسىيەنىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسى جەھەتتىكى تەلىپىگە مەدەنىيەتتىن ئىبارەت بۇ تونى كىيگۈزۈپ قويغان، يەنى رۇسىيە «پىراۋوسلاۋىيە دىنى» دىكى ئۇششاق دۆلەتلەرنى ئۆزىدىن

ئىبارەت بۇ مەركىزىي دۆلەتنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان قىلىپ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، غەرب بىلەن ئۆزەڭ-گە سوقۇشتۇرالايدىغان كۈچ تەڭپۇڭلۇقى شەكىللەندۇرۇشى كې-رەك. رۇسىيەنىڭ ئەتراپىغا توپلاشقان پىراۋوسلاۋىيە دۇنياسى ئىن-تىلىدىغان نىشان رېئاللىق بىلەن كەلگۈسى تەرەققىيات مۇمكىن-چىلىكى بىرلىشىپ كەتكەن ئاجايىپ بىر پارچە ھەجۋىي رەسىمگە ئوخشايدۇ. رومىنىيە بىلەن بۇلغارىيە ئىنتايىن جاپالىق ئۆتكۈنچى دەۋرنى باشتىن كەچۈردى. ئۇلار ئىلگىرىكى تەسىر كۈچى تىزگىن-لەپ كېلىۋاتقان دۆلەتنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن كەسكىن ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئىسلاھاتنى يولغا قويدى، دې-موكراتىيە ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى ياشلار ئۆزلىرىنىڭ غەرب تەشكىلاتىغا كىرىش ئارزۇسى، ياڭراق ساداسىنى ئىپادىلىدى، شۇ-نىڭ بىلەن بۇلغارىيە ۋە رومىنىيە «پىراۋوسلاۋىيە دىنى ئوربىتە-سى»دىن چىقىپ، ئاستا ـ ئاستا غەرب دۇنياسىغا قاراپ كېتىپ قالدى.

ئۇكرائىناغا ئۆزىنىڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدە بۇنداق سەكرەش ھاسىل قىلالمايدىغانلىقى مەلۇم ئىدى، ناۋادا بىز ئەستايىدىل كۆ-زىتىدىغان بولساق، رۇسىيەنى ھېسابقا ئالمىغاندىكى بۇ ئەڭ چوڭ «پىراۋوسلاۋىيە دىنى» دۆلىتىدە، باشتىن ـ ئاخىر ئىنتايىن چوڭ-قۇر چاكىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقايمىز. ئۇكرائىنانىڭ غەربىي قىس-مىدا، چوڭ ھوقۇقنى چاڭگىلىدا تۇتۇپ تۇرغان كاتولىك دىنىغا ئې-تىقاد قىلىدىغان ئۇكرائىنلار بار، بۇ يەر ئۇكرائىن مىللەتچىلىرى-نىڭ چوڭ لاگېرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇكرائىنانىڭ شەرقىي قىسمىغا رۇس ئاھالىلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئەمما، ئوتتۇرا قى-سىم رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان ئۇكرائىنلار (رۇسلارغا ئوخشاشلا) پىراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، بىراق ئۇلار رۇس ئېپىسكوپى-

نىڭ نوپۇزىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. شەرقىي قىسىمدىكى كان رايو-نىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى كۈندىن - كۈنگە ياماللىشىۋاتقانلىق-تىن، رۇسىيەگە قايتىپ كېتىش سادالىرىمۇ بارغانسېرى ئەۋج ئال-دى. ناۋادا رۇسلار ئولتۇراقلاشقان شەرقىي ئۇكرائىنا رايونىدا مۇستەقىللىق مەسىلىسىنى ئاۋازغا قويسا، نەتىجىدە ئۇكرائىنانىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسىمدىكى ۋەزىيەتنىڭ ناھايىتى تېزلا جىد-دىيلىشىپ كېتىشى مۇقەررەر، ئەھۋال شۇنداق بولۇپ قالسا، ئوت-تۇرا قىسىمدىكى رايون ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا قېلىپ، ئىنتايىن پايدىسىز ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

زۆڭلى كوشېمانىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۇكرائىنادىكى رۇس ئاھا-لىلىرى بىلەن ئۇكرائىن ئاھالىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىش مۇئەييەن دەرىجىدە ئۇنۇملۇك تىزگىنلەندى. رۇسلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قىرىم رايونى بىر پەۋقۇلئاددە تارىخىي قالدۇق مە-سىلە بولۇپ، ئۇكرائىنا بۇ رايونغا ئىنتايىن يۇقىرى ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىپ، ئۇلارنىڭ موسكۋا بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتىش ئار-زۇسىنى مۇئەييەن دەرىجىدە قاندۇردى، رۇسىيە دۆلەت دۇماسىدىكى نۇرغۇن پارلامېنت ئەزالىرى بۇنداق قوشۇلۇپ كېتىشنى كۆرۈشنى ئانچە خالاپ كەتمەيتتى. ئىچكى قىسىمدىكى بۇ چاك ئىزچىل تۈردە ئۇكرائىنانىڭ دۆلەت قۇرۇلمىسىدىكى نېگىزلىك مەسىلە بولۇپ كەلگەندى. شۇڭا، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش ئۇكرائىنا سىيا-سىيسىدىكى بىرىنچى ۋەزىپە ھېسابلىنىدۇ. موسكۋا بىلەن بىۋاسى-تە توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىش كېرەك، مۇشۇن-داق قىلغاندىلا ئۇكرائىنا چېگراسى ئىچىدىكى رۇس ئاھالىلىرىنىڭ يىراقلىشىش تۈيغۇسىغا كېلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولى-دۇ. بىراق، كىيېۋ رۇسىيەگە بەك يېقىنچىلىق قىلىپ كەتمەسلىكى كېرەك، ئۇنداق قىلسا غەربىي ئۇكرائىنادىكى ئاھالىلەرنىڭ غەزى-

پىنى قوزغىماي قالمايدۇ. شۇڭا، ئۇكرائىنا ھۆكۈمىتى دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۆزىنىڭ ھۆ-كۈمرانلىق ئىقتىدارىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىنانىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ ئۇك-رائىنانى پات - پات «چۈخچىلاپ» تۇرۇشلىرىغا قارىتا، ئۇكرائىنا ئەسلىدىنلا رۇسىيەگە تۇتۇپ كەلگەن ئۆز پىكرىدە قېلىش پوزىت-سىيەسىنى ئاز - تولا كۈچەيتتى.

كىيېۋ ھۆكۈمىتى بۇ قۇدرەتلىك قوشنىسىغا تازا ئىشەنمىگەن-لىكتىن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مىراس قالغان يادرو قو-راللارنى رۇسىيەگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش - بەرمەسلىك مەسىلىسىدە، ئۇزاققىچە ئارىسالدى بولۇپ كەلدى. غەربنىڭ كۈچلۈك سىياسىي بېسىمى ۋە يازما خەۋپسىزلىك كاپالىتى ئارقىسىدىلا، كىيېۋ پارلا-مېنتى «يادرو قوراللارنى چەكلەش شەرتنامىسى»نى ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللىدى. مۇشۇنداق تۈگۈن قارا دېڭىز فىلوتىنىڭ تەۋەلىك مە-سىلىسى توغرىسىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان سۆھبەتلەردىمۇ ئىپادى-لەندى؛ ئۇزاققا سوزۇلغان بۇ مەيدان مۇشكۇل سۆھبەتتىن كېيىن تالاش - تارتىشلار يەنە رۇسىيە ئېرىشىشنى تەلەپ قىلغان قارا دې-ڭىزدىكى مۇھىم پورت — سېۋاستوپولغا مەركەزلەشتى. 1997 - يىلى يازدا ئىككى دۆلەت ئاخىر بۇ شەھەرنىڭ ئۇكرائىناغا تەۋە ئى-كەنلىكى توغرىسىدا بىردەك پىكىرگە كەلدى، بىراق رۇسىيەنىڭ پورتنى ئىشلىتىش ھوقۇقى ساقلاپ قېلىندى.

بۈگۈن ئۇكرائىنا بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا چەكلىك، مۇ-ئەييەن ئارىلىق ساقلانغان ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەت تەلىپى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. بىراق، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى رامكىسى ئىچىدە ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەت-

لىرى تەپسىلىي بېكىتكەن ھەمكارلىق چېكىدىن ھالقىپ كەتمەس-لىكى كېرەك. رۇسىيە بىلەن ئىمزالىغان بىر پارچە دوستلۇق كې-لىشىمىدە، ئىككى تەرەپنىڭ بۇنداق ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى بەلگى-لەنگەن، ئەمما شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى بىلەن ئىمزالىغان بىر پارچە پەۋقۇلئاددە كېلىشىمدە ئۇكرائىنانىڭ مۇس-تەقىللىقى تەكىتلەنگەن. يۇقىرىقىلاردا كىيېۋنىڭ «رۇسىيە - پې-راۋوسلاۋىيە دىنى» زومىگەرلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قانىتى ئاستى-غا يېغىۋاشتىن قايتىپ كېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئىپادى-لەيدىغان ھېچقانداق ئالامەتلەر يوق.

مولدوۋامۇ ئېھتىياتچان يول تۇتۇۋاتقان بولۇپ، رۇسىيە ۋە يې-قىن قوشنىسى رومىنىيە بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىپ كەلدى. تاشقى دنېپېست جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاسىيلىقى سەۋەبىدىن موسكۋا قاتتىق بېسىم ئىشلىتىشكە تەييارلىنىۋاتقاچقا، ئۇ ئېھتى-يات قىلمىسا بولمايتتى. گىرۇزىيە خالىمىسىمۇ يەنىلا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى تەشكىلىگە سۆرەپ كىرىلدى. رۇسىيەنىڭ گىرۇزىيەدە ئىچكى ئۇرۇش يۈز بەرگەن مەزگىلدىكى ھەربىي بې-سىمى ۋە رۇسىيە تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ قاتتىق مەيدانى غەربكە مايىل زۇگدىتوڭ شېۋاردنادزېنى ئاخىر يول قويۇشقا قىستى-دى، شۇنىڭ بىلەن رۇسىيەنىڭ گىرۇزىيەنى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا قىلىۋېلىش ئارزۇسى ئىشقا ئاشتى. ئەمما شېۋاردنادزې يەنە بىر تەرەپتىن غەرب بىلەن بولغان ئالاقىنى تې-خىمۇ زور قىزغىنلىق بىلەن ساقلاپ كەلدى. گىرۇزىيە مەسىلىسى يەنە پىراۋوسلاۋىيەدىنىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلىشىدىمۇ ئىپادىلەندى؛ ھۆكۈمەت بىلەن پىراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئابىسىس ۋە جەنۇبىي ئوسېتىيە رايونى ھەمىشە ماجىرالىشىپ يۈردى. بۇ ئىككى رايوننىڭ ئۆز ئالدىغا تىلى بار ئىدى؛ ئەكسىچە گىرۇزىيە

تىلىنى بىلىدىغان مۇسۇلمان ئادىبسالاردا ھېچقانداق مەسىلە كۆ-رۈلمىدى.

بالقان يېرىم ئارىلىدىكى «پىراۋوسلاۋىيە دىنى» دۇنياسىنىڭ تەۋرىنىپ قالغانلىقى بىر تەرەپ قىلماق قىيىن بولغان سېربىيە، ماكېدونىيە، گىرېتسىيە ۋە بۇلغارىيە توقۇنۇشىدا ئىپادىلەندى. گىرېتسىيە بۇرۇنلا غەرب تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ھازىر دۆ-لەتنىڭ ئىچكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى زور دەرى-جىدە ئۆزگەرتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ سىياسىي مەدەنىيىتىمۇ بارغانسېرى غەربنىڭ ئۆلچىمىگە يېقىنلىشىۋاتىدۇ. پىراۋوسلاۋىيە دىنى لاگېرى-نىڭ ئىچكى قىسمىدا، ئەرمىنىيەدىكى بېللارۇسنى ھېسابقا ئالمى-غاندا، پەقەت سېربىيەلا رۇسىيەگە تامامەن ھېسداشلىق قىلىدىغان-لىقنى ئىپادىلىدى. پەقەت دايتون (ئامېرىكىدىكى ئوخىئو ئىشتا-تىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان شەھەر — تەرجىماندىن) كېلىشىمگە داۋاملىق ئەمەل قىلىنىسىلا، سېربىيە لاگېرىنىڭ ئىچكى قىسمىدى-كى چاك بارغانچە روشەنلىشىدۇ. چۈنكى، بانگارۇكانىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەر ھازىر غەربنىڭ قىممەت ئۆلچىمىنى قانائەتلەندۇ-رۇشنى تېخىمۇ خالايدۇ. ئەرمىنىيەدىكى پىراۋوسلاۋىيە دىنى جەمە-ئىيىتىگە ئۆزلىرىنىڭ باش ئېپىسكوپى رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئەرمى-نىيە بىلەن ئەزەربەيجان ئوتتۇرىسىدىكى قورشىۋېلىنغان زېمىن ناگاۋنى قاراباخ توغرىسىدىكى تالاش - تارتىشتا، ئەرمىنىيە رۇسىي-يەنىڭ ئۆزىگە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇ-نىڭ ئۇستىگە بېلگراد بىلەن مىنىسكتىن ئىبارەت سەلتەنەتلىك ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن، غۇلاپ چۈشۈش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئىككى ھاكىمىيەتمۇ رۇسىيە قوبۇل قىلىشنى خالىمايدىغان ۋە كې-رەك قىلمايدىغان كونا دوستلار ھېسابلىنىدۇ.

بۇگۈنكى ئاتالمىش «پىراۋوسلاۋىيە دىنى مەدەنىيىتى» ئۆزىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىيالى بويىچىلا ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان بىر خىل شەيئى بولۇپ، پىراۋوسلاۋىيە ـ خىرىستىيان دىنى ئەنئەنىسىگە ئىگە كۆپ سانلىق دۆلەتلەر سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە غەرب دۇنياسىغا ئىغىپ كەتتى. رۇسىيەنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شۇنىڭغا ئوخشاش چىقىش يولىنى تاللاش بىردىنبىر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش كاپالىتى بولغان ئىستراتېگىيەلىك تاللاش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، رۇسىيەنىڭ غەربتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقتا ئەمەس، چۈنكى مەيلى كوممۇنىزم نەزەرىيەسى بولسۇن ياكى فاشىستىك دوگمىچىلىق بولسۇن، بۇلارنى 19 ـ ئەسىردىكى مىللىي دۆلەتلەر ئوتتۇرىغا چىقارغان. ئاۋادا رۇسىيە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنپەئەتىنى بىلەن ھېسابلاشماي، ئۆزى بىلگەن سەنىمىگە دەسسىسە، ئۆزى يالغۇز قېلىپ، ئاخىرىدا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان، پايدىسى تېگىدىغان «پىراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئىخلاسمەن» بىرەر ھەمراھىنىڭ چىقىشىمۇ تەسكە توختايدۇ.

رۇسىيەنىڭ سىياسىي رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەر، ئىقتىسادىي ساھەدە جانلىق پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇنسۇرلار ۋە جەمئىيەتتىكى قابىللار غەرب بىلەن يېقىن ئالاقە باغلاشقا تىرىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارزۇسى خەلقئارا جەمئىيەتتە رۇسىيە ئۈچۈن ئىمكانقەدەر كۆپرەك ھوقۇق ۋە ھۆرمەت تېپىش، ئۇلارنىڭ بۇنداق ئارمانلىرىنىمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ. نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھەر خىل ھادىسىلەرنىڭ تەرەققىياتى رۇسىيەنىڭ ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنى ئورگانىك يۇغۇرۇش يولىنى تاللىشىغا تامامەن پايدىلىق. پەقەت غەرب ئەللىرى رۇسىيەنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن چەتكە قاققان ئەھۋالدىلا، رۇسىيەنىڭ مەغلۇبىيىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ؛ يەنە كېلىپ بۇنداق ھەمكار-

لىق مۇناسىۋىتىدە، غەرب بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان ئەۋزەل ئورۇن-
دا تۇرىدۇ. شۇڭا، كەلگۈسى مۇناسىۋەتلەردىكى مەسئۇلىيەتمۇ ئا-
ساسلىقى غەربكە باغلىق بولىدۇ. بۇ نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا،
شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيە-
شى ئەڭ ئاقىلانە يول ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ، چۈنكى ئۇ ئوتتۇرا ياۋ-
روپا ۋە شەرقىي ياۋروپانىڭ دېموكراتىيە مۇساپىسىگە پەۋقۇلئاددە
تەسىر كۆرسىتەلىگىنى يوق، بۈگۈن بۇ دۆلەتلەرنى غەرب ئىتتىپا-
قىغا قوبۇل قىلالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، مەنپەئەتنىڭ بىھۇ-
دە زىيانغا ئۇچرىشىنى ئىمكانقەدەر ئازايتىش ئۈچۈن، غەرب بىلەن
رۇسىيە ئىككىلا تەرەپكە پايدىلىق بولۇش ئاساسىدىكى ھەمكارلىقنى
كۈچەيتىشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

# 5

## خەلقئارالىق سىياسىيدىكى چەت جايلار: ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى

خەلقئارا سىياسىي سەھنىدە لاتىن ئامېرىكىسى بىلەن ئافرىقا ئوخشاشلا قوشۇمچە رول ئوينايدۇ. شۇڭىنىسى، ئافرىقا يېقىنقى بىرقانچە يىلدا نۇرغۇن قانلىق توقۇنۇشلارنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى كۆپرەك قوزغىدى.① مۇشۇ تالاش ـ تارتىشلار تۈپەيلىدىن قوراللىق توقۇنۇشلارغا كۆپ قېتىم تاشقى كۈچلەر ئارىلاشتى. بىراق، بۇ ئارىلىشىشلاردىن قولغا كەلگەن نەتىجىلەرگە قارىتا، كىشىلەرنىڭ قارىشى بىردەك ئەمەس. بۇ ئىشلارغا قول تىققان ھۆكۈمەتلەر «CNN تەسىرى» ئارقىلىق ئاۋامنىڭ ئارزۇسىنى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە قانائەتلەندۇردى. بىراق، خەلقئارالىق سىياسىيدىكى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر ئافرىقا بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىنى ئۆزىنىڭ كۈنتەرتىپ جەدۋىلىدىكى كۆزگە چېلىقمىدىغان جايغا قويۇپ باقمىدى. لېكىن، 15 يىل بۇرۇنقى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ئەھۋال ھازىرقىغا قىلچە ئوخشىمايتتى، ئەينى چاغدا غەرب جەمئىيىتى بۇ ئىككى چوڭ قىتئەنى يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كوممۇنىزمنى كېڭەيتىشىدىكى نۇقتىلىق رايون دەپ قارايتتى، ئىككى تەرەپ خەلقئارالىق سىياسىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ئۆزىگە پايدىلىق تەرەپكە بۇراش ئۈچۈن، بۇ ئىككى قىتئەدە كۆپ

① رولف خوفمېير: «ئافرىقىدىكى ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئۇرۇشلار» گوتتىنگېن، 1992 ـ يىلى نەشرى.

خىل شەكىللەر ئارقىلىق كەسكىن تالاش ـ تارتىش قىلىشتى.

ئەمما، بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئىككى رايون ئىجتىمائىي كولليېكـ ـتىپلار، ئاممىۋى ئاپپاراتلار ۋە شەخسلەرنىڭ ماسلىشىش ئىقتىدارى ھەم ئۆزگىرىش ئىقتىدارىنى كۆزىتىدىغان تەجرىبە بازىسىغا ئايلىـ ـنىپ قالدى.

## مۇستەملىكىچىلىكتىن قالغان مىراس ـــ ھوقۇق مەر ـ كەزلەشتۈرۈلگەن دۆلەتلەر ۋە ھوقۇق يەرلىككە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن دۆلەتلەر

ئافرىقا ئىستراتېگىيە جەھەتتە بەش رايونغا ئايرىلغان: ① سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنىڭ شىمالىدىكى مەغرىب ② ئافرىقا تۇمشۇقى ③ ئوتتۇرا ئافرىقىنىڭ كىندىك رايونلىرى، يەنى چوڭ كۆل رايونىدىن كونگو ۋە ئاتلانتىك ئوكيانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى رايونلار ④ سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى غەربىي ئاف ـ رىقا ⑤ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئافرىقا. بۇ رايونلار جۇغراپىيە جە ـ ھەتتىن تۇتىشىپ كەتكەن. مەسىلەن، سۇدان شىمالىي ئافرىقىنى تەشكىل قىلغۇچى دۆلەت، بىراق ئۇ يەنە ئافرىقا تۇمشۇقىغا تەۋە؛ زايىر ئوتتۇرا ئافرىقىنىڭ مەركىزىي بەلبېغىغا جايلاشقان، بىراق ئۇ ئۆزىگە قوشنا رايونلار، يەنى جەنۇبىي ئافرىقا، ئافرىقا تۇمشۇقى ۋە غەربىي ئافرىقىدىمۇ مۇئەييەن رول ئوينايدۇ؛ ئوتتۇرا ئافرىقا جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرا ئافرىقىنىڭ شىمالىي گىرۋىكى ھەم غەربىي ئافرىقىنىڭ شەرقىي گىرۋىكى ھېسابلىنىدۇ.

ئافرىقىدىكى ھەممىلا دۆلەتتە ئاھالە زىچ ئولتۇراقلاشقان بو ـ لۇپ، چېگرا ئىچىدىكى ئاھالىلەرنى نۇرغۇن قەبىلىلەرنى بىرلىك قىلىپ ئايرىشقا بولىدۇ، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم كۆپ سانلىقلار ئىر ـ قى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە تەئەللۇق. ئافرىقىدىكى ھەممىلا دۆ ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەت مۇستەملىكە دەۋرىدە ئايرىلغان دۆلەت چېگراسىغا ۋارىسلىق
قىلغان، ئەمما خىيالىغا كەلگەنچە ئايرىلغان بۇ چېگرالار مىللەت-
لەرنىڭ ئەنئەنىۋى جۇغراپىيەلىك پاسىلىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئەمە-
لىيەتتە مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلار بۇنداق بۆلۈنمە ھالەتتىن
ھەممىلا يەردە مەقسەتلىك پايدىلىنىپ، قەدىمكى رىمنىڭ «ئايرىپ
ئىدارە قىلىش»تەك ئەڭگۈشتەرىگە ئاساسەن، ھۆكۈمرانلىق تەننەر-
خىنى تۆۋەنلىتىشكە قولايلىق تۇغدۇرغان، ئىرقىي تونۇش مەسى-
لىسى بۈگۈنكى ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا توقۇنۇشنىڭ توختىماس-
لىقىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب، يەنە كېلىپ بۇ توقۇنۇشلار مۇستەم-
لىكە ھۆكۈمرانلىق مەزگىلىدىلا يىلتىز تارتىپ بولغان.①

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى غەرب ـ شەرق
توقۇنۇشىدا، ھەرقايسى ئەللەردىكى بىر ـ بىرىگە قارشى پارتىيە ـ
گۇرۇھلار دەۋالاشقۇچى سۈپىتىدە، بىر ـ بىرىگە دۈشمەن لاگېرلار-
دىن ئۆزىگە پاناھ جاي ئىزدىدى، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن
غەرب بۇ دۆلەتلەردىكى سىياسىي گۇرۇھلاردىن ئۆزىگە «ۋاكالەتچى»
ئىزدەپ، مۇشۇ ئارقىلىق بىر ـ بىرى بىلەن ئۆزئارا سوقۇشتۇر-
دى. بۇ ئىشلار ئەسلىدىلا بۆلۈنمە ھالەتتە تۇرغان ۋەزىيەتنى يەنىمۇ
كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. بۇلاردىن سىرت، فىرانسىيە ھۆكۈمىتى
ئافرىقىدا ئىزچىل يولغا قويۇپ كەلگەن سىياسەتلەرمۇ ئافرىقىدىكى
سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ داۋالغۇپ تۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان
مۇھىم بىر سەۋەب ھېسابلىنىدۇ، ئافرىقىدىكى پەزىلەتلىك ھەم
ئابرۇيلۇق كاردىنال جېكىس فولكارتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، فى-
رانسىيە ھۆكۈمىتى تاكى 90 ـ يىللارنىڭ بېشىغا قەدەر ئىنگلىز
تىلىنىڭ ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى «كېڭەيمىچىلىكى»گە زەربە

---

① «ئافرىقىدىكى ئىرقلارنىڭ سىياسىيلاشتۇرۇلۇشى»، رېناتې كرېپە-
لې، 1997 ـ يىلى نەشرى.

بىرىپ ۋە چەكلەپ (ئىنگلىز تىلىنى ھۆكۈمەت تىلى ۋە ئىككىنچى ئانا تىل قىلىش يۈزلىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ — تەرجىماندىن)، فىرانسۇز تىلى ئارقىلىق فىرانسىيە ـ ئافرىقىنىڭ تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن ئېھتىياج ھاسىل قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ۋە سىياسىي نىشانى قىلدى. نەتىجىدە پارىژ بىلەن بىمەنە سىياسىي توپىلاڭچىلار (مەسىلەن، ئوتتۇرا ئافرىقىدىكى «پادىشاھ» بوكاسسا) بىرلىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە سوتسىيالىزم تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىققان زۇڭتۇڭ مىتېران «تىنچلىق ساقلاش»نى نىقاب قىلىپ، ئاتالمىش «زۇمرەت ھەرىكىتى»نى يولغا قويۇپ، زايىرغا قېچىپ بېرىۋالغان خوتو مىللىتىدىن بولغان رىۋاندالىق خەلق ئەسكەرلىرىنى مۇشۇ ئارقىلىق قوغدىدى. بۇ يەر كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆز دۆلىتىگە ھەربىي ھۇجۇم قوزغىشىدىكى بازىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، فىرانسىيەدىكى سىياسەتۋازلار مۇشۇ ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ، ئۇگاندادىكى موسەيۋېنى بىلەن رىۋاندادىكى گاگومانى تىزگىنلىدى، ئۇلار «ئامېرىكىغا يېقىنلىشىش» خاھىشى ئېغىر دەپ قارالدى. شۈبھىسىزكى، فىرانسىيە ئانگلو ـ ساكسونىزمنىڭ ئافرىقىدىكى سىياسەتلىرىگە قارشى چىقىپ، ئافرىقىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋە خەلقئارادىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىش رولىنى ئوينىدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «غەرب مەدەنىيىتى» نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ھەممىلا ئىشقا پايدىلىق بولۇشى ۋە تىنچلىق تۇسىگە ئىگە بولۇشى ناتايىن، بولۇپمۇ ئۇ ئالدى بىلەن دۆلەتنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلىشقا قەتئىي ئىنشەنگەن ۋاقىتتا تېخىمۇ شۇنداق.

مۇستەملىككە ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرى ئاجىز ھەم تەشكىللىي جەھەتتە ئافرىقا جەمئىيىتى بىلەن بىر گەۋدىلىشەلمەيدىغان ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلىنى قۇرۇپ چىقتى، بۇنداق قۇرۇلما

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇستەملىكە هۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، هېچقانچە چوڭ ئۆزگىرىش هاسىل قىلىنماستىن ئىزچىل داۋاملىشىۋەردى. ئافرىقىدىكى هۆكۈمرانلىق قاتلىمى مۇستەملىكە هۆكۈمرانلارنىڭ قولىدىن «شەكىللىنىپ بولغان دۆلەت»نى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا هەمدە مۇشۇ ئارقىلىق پاسىلى خالىغانچە بېكىتىلگەن تېررىتورىيەنى ۋە شۇ دائىرىدىكى خەلقنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇندى. مۇستەملىكە هۆ-كۈمرانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئافرىقا جەمئىيىتى چاك ـ چېكىدىن بۆلۈنۈپ كەتتى، دۆلەت جەمئىيەتنىڭ بىرلىكىنى ئىلـ-گىرى سۈرىدىغان بىردىنبىر سىياسىي شەكىل بولۇپ قالدى، چۈنكى بايلىق، ياشاش پۇرسىتى ۋە هوقۇق ئۈلۈشىنى پەقەت دۆلەتلا تەق-سىم قىلالايتتى، شۇنداق بىر دۆلەتتىكى دۈشمەنلىشىۋاتقان ئىرقلار، سىياسىي قارىشى ئوخشاش بولمىغان سىياسىي گۇرۇھلار ۋە ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغان دىنىي گۇرۇھلارغا نىسبەتەن دۆ-لەتنى تىزگىنلەش هوقۇقى تېخىمۇ مۇهىم بىلىنىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئافرىقا ئىقتىسادىغا ئايەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەت كەلتۈرىدىغان هەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ـــ هېچنېمىگە قارىماي دۆ-لەت هوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈشكە ئىنتىلىدىغان كۈچ شەكىللەن-دى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت يەنە پۇرسەتكە ۋە هوقۇققا ئېرىشىشكە كاپالەتلىك قىلالايدىغان بىردىنبىر مەمۇرىي تارماق بولغانلىقتىن، كىشىلەر ئىجتىمائىي كوللېكتىپ، خەلق ئىگىلىـ-كى، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك ئاهالىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە تېخىمۇ كۆپ بايلىقنى ئۆزۈكسىز تۇردە دۆلەتكە بەردى.

هوقۇقدارلار پايتەختتىكى هوقۇق، كۈچى بارلار، ئاۋامغا ئۆزى-نىڭ هەرىكىتىنى قوللاش ياكى كەم دېگەندىمۇ هۆكۈمرانلىق سى-ياسىتىگە سۈكۈت قىلىش ۋە سەۋر قىلىشنى بۇيرۇدى. دۆلەتنىڭ

يېمەكلىك، تۇرالغۇ ئۆي ۋە بېنزىن ياردەم قىلىشى پايتەختتىكى ئاھالىلەرنىڭ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. دۆلەت كىرىمى، بولۇپمۇ خەلقئاردىن ياردەم ھېسابىدا بېرىلگەن تەرەققىيات مەبلىغى ۋە ئېكسپورت ئارقىلىق يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنىڭ كۆپ قىسمىنىمۇ مەنپەئەتدار گۇرۇھىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشقا ئىشلىتىشكە توغرا كېلەتتى، ئەلۋەتتە يەنە ھوقۇقدارلارنىڭ چۆنتىكىنى تومپايتىشقا كېتىدىغىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئىدى، دۆلەتنىڭ مەركەزلىك تىزگىنلىشىدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە بىر تەييارتاپلار قاتلىمىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، مۇستەقىل بولغاندىن بېرى ئۇلار ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مېۋىسىنى پۈتۈنلەي يەپ تۈگەتتى. ئافرىقىدا «ساختا سوتسىيالىزم» ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئاتالمىش «غەربكە مايىل» دۆلەتلەردىمۇ ئەھۋال يەنىلا شۇنداق، بىراق بۇنداق غەيرىي ئىقتىسادىي شەكىل ئۇلار كۆز - كۆز قىلغان سوتسىيالىزم ئىدېئولوگىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئازراق ئۇچرىغان بولۇپ، بۇ كۆپرەك ھۆكۈمران سىنىپنىڭ خىيالىي بۇيرۇقىغا باغلىق. ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئىرقىي كوللېكتىپ، جەمئىيەتتىكى قابىللار، ھەتتا خۇسۇسىي ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىكى تەۋرەنمەس ئىرادىسى يوشۇرۇنغان.

## دۆلەت كىرىزىسى ۋە دېموكراتىيە ھەرىكىتى

يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان ئافرىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، خەلقئارالىق سودىدىكى بەلگىلىمىلەر ئۈزۈكسىز «ناچارلىشىپ كەتتى»، بۇ باشقا بۇيۇملار بىلەن ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى ۋە خام ماتېرىياللارغا نىسبەتەن ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇلار ھەمىشە ئېيتىدىغان «ناموۋاپىق خەلقئارالىق ئىقتىسادىي تەرتىپ» دەل مۇشۇ. 70 -

www.uyghurkitap.com

يىللاردىكى نېفىت كرىزىسى مەزگىلىدە ئافرىقا ئەللىرىنىڭ قەرزى
ئۈزۈكسىز كۆپىيىپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسى مۇشۇ تۈپەيـ
لىدىن نۇرغۇن ئەيىبلەشلەرگە ئۇچرىدى. يېقىنقى 20 يىلدىن بېـ
رى، دۇنيادا پەقەت ئافرىقىنىڭلا ئومۇمىي ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىماـ
ئىي كۆرسەتكۈچى ئۈزۈكسىز يامانلىشىپ كەتتى. كىشى بېشىغا
توغرا كېلىدىغان كىرىم ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نىسبىتى تۆۋەنـ
لەپ كەتتى؛ مەبلەغ سېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، نۇرغۇن كاپىتال
سىرتقا ئېقىپ كەتتى؛ قەرز پۈتكۈل ئافرىقىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىـ
قىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 110% ىگە يەتتى. 80 ـ يىللاردىن
بېرى، ھەقدار دۆلەتلەر بىلەن خەلقئارالىق تەرەققىياتقا ياردەم بېـ
رىش تەشكىلاتى قەرزدار دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرى ۋە خەلق
ئىگىلىكىگە قول تىقىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ دۆلەتلەرنىڭ
ھۆكۈمرانلىق تۈزۈلمىسى داۋالغۇپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. «قۇـ
رۇلما خاراكتېرلىك ماسلىشىش»قا بولغان تەلەپ خەلق ئىگىلىكىـ
نىڭ دۆلەت ئىلكىدىن چىقىپ كېتىش ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ
چىقاردى؛ «ياخشى ھۆكۈمەت» بەرپا قىلىشقا بولغان تەلەپ مۇستەـ
بىت ھۆكۈمرانلىق ۋە بىر پارتىيەلىك مۇستەبىتلىك پرىنسىپىغا
زىيان يەتكۈزدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەتنىڭ مۇقىم، مۇكەممەل ئاـ
ساسىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. بۇ جەرياندا ئافرىقىدىكى ھۆكۈمراـ
لىق سىستېمىسىنىڭ ئۆزىنىڭ قوللىغۇچىلىرىنى قانائەتلەندۈرۈـ
شى ئازىيىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن دۆلەت ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش
كۈرىشىمۇ بارغانچە كەسكىنلىشىپ كەتتى.

دېموكراتىيەلەشتۈرۈش ساداسى، ئىنسانىي ھوقۇقىنى كاپالەتـ
لەندۈرۈش چۇقانلىرى پۈتكۈل ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى زىلزىلىگە
سېلىۋەتتى. مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن يېتىلىپ چىققان ياش
بىر ئەۋلاد تايانچ كۈچ، يەنى مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپ تەربىيەسى

كۆرگەن ئاشۇ كىشىلەر «غەرب» قىممەت قارىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا، ئۆزى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشنىڭ دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ۋە ئىنسانىي ھوقۇقتىن ئارتۇق بولمايدىغانلىقىنى ئا-خىر تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ ھوقۇقى ۋە ماددىي مەنپەئەت تەقسىماتىنىڭ سىرتىغا سىقىپ چىقىرىۋېتىلگەن ئاشۇ كوللېكتىپتىكى بىر قىسىم كىشىلەرمۇ دېموكراتىيەلەشتۈ-رۇش ئىدىيەسىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى، ئۇلار بۇنىڭدىن ھوقۇقىنى بۆلۈۋالىدىغاندەك ۋە (بۇگۈنگە قەدەر) يەنىلا يوشۇرۇنۇپ ياتقان بايلىقنى، پۇرسەتكە ئېرىشىدىغاندەك تۇيغۇغا كەلدى. ئافرىقى-دىكى مۇستەبىت سىياسىي گەۋدە ۋە بىر پارتىيەلىك مۇستەبىت دۆلەتتىكى ئەنئەنىچىلەر دېموكراتىيە ئەندىزىسى ئافرىقىغا تامامەن ماس كەلمەيدۇ دېگەننى باھانە قىلىپ، بۇنداق ئىسلاھات تەلىپىگە رەددىيە بەردى، ئۇلار «غەربنىڭ دېموكراتىيە ئەندىزىسى»نى كىر-گۈزسە، ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى دۆلەتلەر شۇبھىسىز پارچە-لىنىپ كېتىدۇ، دەپ قاراشتى. ئەلۋەتتە بۇنداق نۇقتىئىنەزەر تولا ئېيتىلغان كونا گەپ بولۇپ، ئۇنىڭغا رەددىيە بەرمىكىمىز ئىنتايىن ئاسان، غەرب دېموكراتىيەسى دەل ئۇلارنىڭ دېگىنىنىڭ ئەكسىچە ئافرىقىدىكى جاھىل كېسەلنى داۋالايدىغان شىپالىق دورا بولۇشى مۇمكىن ياكى بولمىسا ئىرقىي زىددىيەت كەسكىن بولۇۋاتقان دۆ-لەتلەر غەربنىڭ دېموكراتىيە سىياسىيسىنى كىرگۈزسە، ئۇنىڭ فېدېراتسىيە تۈزۈلمىسىدىكى كەڭ قورساقلىق ۋە تەقسىمات پې-رىنسىپى ھەرقايسى سىياسىي گۇرۇھلارنىڭ كېلىشتۈرۈشى ئارقى-سىدا، مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرگە ئۇزاقتىن بېرى توختىماي كېلى-ۋاتقان قورااللىق توقۇنۇشنى ھەل قىلىش يولى تېپىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن.

دېموكراتىيە ھەربىكتىنىڭ ھېچقانداق توسالغۇسىزلا مۇۋەپپە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىيەت قازىنىشى مۇمكىن ئەمەس، ئافرىقىدىكى نىگىرىيە بىلەن زا-يىردىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم ئىككى دۆلەتتە بۇ ھەرىكەت دەسلەپتە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقانىدى. كېنىيە بىلەن نىگېردا قوۋ مۇستەبىتلەر دېموكراتىيە ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ كەتتى. لىبې-رىيە ۋە سومالىدا دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ يىمىرىلىپ كېتىشىنى ھېچقانداق كۈچ توسۇپ قالالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سومالىنىڭ شىمالىي قىسمىدا ھېچكىم ئېتىراپ قىلمىغان بۆلۈنۈپ چىققان بىر «يېڭى دۆلەت» مەيدانىغا كەلدى، ئۇ دېموكراتىك قۇرۇلما بىلەن توقۇنۇشنى ھەل قىلىشنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈردى. رىۋاندادا غەرب دېموكراتىك سايلانغان ھۆكۈمەتنى ئەسلىگە كەلتۈ-رۈشنى تەلەپ قىلدى، ئەمما 1994 ـ يىلى ئۇ ئاز سانلىق مىللەت ھېسابلىنىدىغان تۇسىلارنى كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلىشقا پايدى-لىق قورالغا ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يەنە بىر جەھەتتىن بىر قاتار مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلارمۇ يۈز بەر-دى. بوتسۋانا مۇستەقىل بولغاندىن بېرى مۇقىم ھەم گۈللەنگەن بىر دېموكراتىك دۆلەت بولۇپ كەلدى؛ سېنېگال بىلەن ماۋرىتىئۇستىـ-مۇ دېموكراتىك ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ئۆزىنىڭ مۇقىملىقىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئىسپاتلىدى. بۇنىڭدىن سىرت، نامىبىيە، جەنۇ-بىي ئافرىقا، زامبىيە، مالى، ماداغاسكار، گانا، بېنىن، لېسوتو يې-شىل تۇمشۇقى، ساينىت دومې، سېيشېل قاتارلىق دۆلەتلەر خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتىگە ئۆتۈشتەك جاپالىق مۇساپىنى تاماملى-دى. بۇنداق ئىشلار ھازىر يەنە موزامبىك، تانزانىيەدىمۇ بولدى. بەلكىم سېررالېئون بىلەن گامبىيەدىمۇ بۇنداق مۇساپە تاماملانغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ دۆلەتلەر تېخى ياش ئىستىقبالى پارلاق دې-موكراتىك ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، بىراق سىناقنى باشتىن كەچۈرىدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچ تېخى تولۇق

ئاخىرلاشمىدى. ئافرىقىدىكى كۆپ سانلىق دۆلەتلەرنىڭ ئۈزۈكسىز يامانلىشىۋاتقان ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، بۇ دېموكراتىيەلەشتۈرۈش جەريانىنى بۇ يەرلەردە قىلچە تۇسالغۇسىز ھەم ئەسلا قايتىلانماستىن ئىشقا ئاشقان دەپ كاپالەت بېرەلمەيمىز. بىراق، مەيلى قانداق ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئافرىقىدىكى ئەنئەنىۋى، مۇسۇلمانچە ياكى خىرىستىيان دىنىچە تۈسكە ئىگە دۆلەتلەردە، بىر نۆۋەتتە ئۇچراتقان قۇدرەتلىك دېموكراتىيە ھەرىكىتى غەرب دېموكراتىيەسىنىڭ قىممەت قارىشىنىڭ ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى.

## رايونلار

ئافرىقىنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى رايونلار تارىختا مەغرىب دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىغا مەنسۇپ ئىدى، بىراق ئافرىقىغا نىسبەتەن ئۇ ئىنتايىن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. بىرقانچە يۈز يىلدىن بېرى ئەرەبلەرنىڭ تەسىر كۈچى شىمالدا ئوتتۇرا دېڭىز قىرغاقلىرىدىن ئۈزۈكسىز سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى رايونلارغا كېڭەيدى. ئىسلام دىنىمۇ شۇ سەۋەبتىن تېخىمۇ كەڭ تارقالدى. بىراق، بۇنداق مەدەنىيەت تاجاۋۇزى بەزى جايلاردا ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بولۇپمۇ، ئىسلام دىنى بىلەن ئىسلامدىن باشقا دىنلار، يان ئەرەبىزم بىلەن ئەرەبىزمغا يات ئېقىملار كەسكىن توقۇنۇشقان رايونلاردا تېخىمۇ شۇنداق بولدى. مەسىلەن، چاد بىلەن سۇداندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئافرىقىدىكى ئەڭ قانلىق ھەم ئەڭ ئۇزۇن داۋاملاشقان توقۇنۇش، دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. باشقا رايونلاردا دىن ئامىلى ئىرقلار ئوتتۇرىسىدىكى پەسسىيىپ قالغان جىددىي مۇناسىۋەتنى ئوخشاشلا كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى، كىشىلەر ئىلگىرىكى تەقسىمات

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

پىرىنسىپىغا كۆڭلىدە ئاللىبۇرۇنلا نارازى بولۇپ يۈرگەنىدى، ئەمەلىيەتتە بۇ نارازىلىقىنى دىنىي دەستەك قىلىپ تۇرۇپ ئىپادىلىدى. مەسىلەن، نىگېرىيە بىلەن ئېفىيوپىيەدە مۇشۇنداق ئەھۋال سادىر بولدى. سومالىدىكى ئىرقلار ئوخشاشلا ئىسلام مەدەنىيىتى ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە بولسىمۇ، بىراق بۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش بۇ دۆلەتنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنى توسۇپ قالالمىدى، سومالى ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ كەسكىن داۋالغۇشلار داۋامىدا چاك ـ چېكىدىن بۆلۈنۈپ كەتتى. لېكىن، بەزى رايونلاردا ئەھۋال بۇنداق بولمىدى. مەسىلەن، سېنېگالدا دۆلەت ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان مۇسۇلمانلار 20 يىل داۋامىدا قىلچە نارازىلىقىنى بىلدۈرمەستىن خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان زۇڭتۇڭنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇپ كەلدى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار يەنە رىم كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىرىنچى خانىمنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان دۆلەت رەھبىرىنىڭ يېنىدا تۇرۇشىغىمۇ كۆنۈپ قالدى. يىغىپ ئېيتساق، بىز بۇنىڭدىن مۇنداق بىر يەكۈننى چىقىرىمىز، يەنى ئافرىقىدىكى كۆپ خىللىقتىن بىر بۇ رايوننىڭ دىن، ئىرق ۋە ئىجتىمائىي سىياسىي تەرەققىيات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە بىردەكلىكنى كۆرەلەيمىز؛ بۇ قەدىمكى چوڭ قۇرۇقلۇقتا ئىقتىسادىي ئەھۋال، سىياسىي تۈزۈلمە ۋە هۆكۈمەت فۇنكسىيەسى باشتىن ـ ئاخىر ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئامىل بولۇپ كەلدى.

## غەربىي ئافرىقا

بۇنداق ھادىسىلەر غەربىي ئافرىقا رايونىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەندى. بۇ يەردە ھەممىلا دۆلەتتە دىگۇدەك مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئۇلار مۇئەييەن قەبىلە ۋە مىللىي رايونلارغا تارقالغان. سېنېگال،

پىل چىشى قىرغىقى ۋە بېنىن دېگەندەك دۆلەتلەردە بۇنداق ئەھۋال يامان سىياسىي ئاقىۋەت پەيدا قىلمىدى. بۇ دۆلەتلەر ئىچكى قالاي-مىقانچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، بىراق غەلىبە قىلـ-غان ئىجتىمائىي تايانچ كۈچلەر دىنىي چەك ـ چېگراغا قارىماي، ئىقتىسادىي بايلىقلارنى باشباشتاقلىق بىلەن تەقسىم قىلىۋەتتى ھەمدە خەلققە سىياسىي ھوقۇق بېرىشنى رەت قىلدى. بۇ رايوننى باشقا جايلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ بىرقانچە دۆلەتنىڭ ھۆكۈ-مىتى «ئىستىقباللىق» دەپ قارالدى. مېخانىزمىنىڭ ئايلىنىشىمۇ ياخشى بولدى، شۇڭا فۇنكسىيەسىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇلدى.

نىگېرىيە، سېررالېئون، لىبېرىيە ۋە ئوتتۇرا ئافرىقا جۇمھۇ-رىيىتىنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. بۇ جايلاردا ئىچكى قى-سىمدىكى جىددىي ۋەزىيەت پەۋقۇلئاددە ناچار «تاشقى مۇھىت» قا دۇچ كەلدى. كىلىمات شارائىتى ۋە قاقاس ساۋاننا ئوتلاقلىرى (دەل ـ دەرەخ شالاڭ ئوتلاق) دا زىيادە چارۋا بېقىش تۇپەيلىدىن يەرلەر ئېغىر دەرىجىدە قۇملىشىپ كەتتى، بۇنداق ئاقىۋەت كۆچمەن چارۋى-چى مىللەتلار، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان چارۋىچىلار ۋە ئۇزۇكسىز كۆپىيىۋاتقان شەھەر ئاھالىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كەس-كىنلەشتۇرۇۋەتتى. ھوقۇق زىيادە مەركەزلەشتۇرۇلگەن ھۆكۈمرانـ-لىق شەكلى، بيۇروكرات سىستېما ۋە مۇستەبىت تۈزۈلمە، ھەربىي مۇستەبىتلىك ۋە تامامەن تۇتۇرۇقسىز، جاھىل، تەلۋە مىجەز دا-ھىيلار (مەسىلەن، ئوتتۇرا ئافرىقا پادىشاھى بوكاسا I ) بۇ دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى (ھۆكۈمرانلار) نىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى خەلقنىڭ مەن-پەئەتى ئۈچۈن ئۆز دۆلىتىدىكى (نىگېرىيە بۇنىڭ سىرتىدا) چەك-لىك بايلىقنى مۇۋاپىق تەقسىملەش ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق مەسئۇ-لىيىتىنى ئادا قىلىشنى خالىمايدىغانلىقى ھەم ئۇنچىلىك ئىقتىدا-رىمۇ يوقلۇقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. دۆلەت ئىچىدىكى جىددىي ۋەزى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەت، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىشىش، ئاھالىنىڭ تېز سۈر-ئەتتە كۆپىيىشىدەك بېسىملار ۋە بېيىپ كەتكەن سىياسىي تايانچ كۈچلەر (ھۆكۈمران سىنىپ)نىڭ چىرىكلىشىشى پەيدا قىلغان يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش تۇرلۇك كىرىزىسلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك پارت-لىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن كەڭ كۆلەملىك كۆچ-مەنلەر ھەرىكىتى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. يەنە كېلىپ بۇنداق ھادىسە كۆچمەنلەرنى قوبۇل قىلغان دۆلەتلەرگىمۇ تەسىر كۆرسە-تىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە مۇقىمسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقاردى.

لىبېرىيە، سېررالېئوندەك دۆلەتلەردە دۆلەتنىڭ كۈچى «تو-پىلاڭچى گورۇھلار» ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەردە تەدرىجىي خوراپ تۈگىدى. بىر - بىرىگە قارشى سىياسىي گورۇھلار دۆلەتنى ئۆز مەنپەئىتىگە بويسۇندۇرغان خۇسۇسىي مۈلككە ئايلاندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىماستىن يۈت تېپىشتى، ھېچقانداق ئارزۇ - ئىستىكى يوق، ئالغا بېسىش نىشانىنى تاپالماي يۈرگەن بىر توپ ياشلار بۇ گورۇھلار قوبۇل قىلغان يېڭى ئەسكەرگە ئايلىنىپ قال-دى. بۇ يەرلەردە مەيدانغا كەلگەن دۆلەت فۇنكسىيەسىنىڭ خۇسۇ-سىيلىشىشى بۇنداق يېڭى ئۆزگىرىشنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى، ھۆكۈمەت مۇقىملىقنى يېڭىباشتىن قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆردى، يەنى سېررالېيوندا خۇسۇسىي كارخانىلار ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيەلىك تارماقلىرىنىڭ ئورنىدا باج - سېلىق يىغىدىغان بولدى؛ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ياللانما قو-شۇن كارخانىسى «Executive Outcomes» جامائەت خەۋپسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا قويۇلدى. بىز بۇ نۇقتىدىن بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىدارىنى ئىرقىي ھوقۇق گورۇھ-لىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتىن مەركەزگە قايتۇرۇپ كېلىشنىڭ

بىردىنبىر مۇمكىنچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

نىگېرىيە رايون ھوقۇقىنى تەرتىپكە سېلىشتا پەۋقۇلئاددە تالانتىنى نامايان قىلدى، 90 مىليون ئاھالىسى بار نېفىت چوڭ دۆلىتى ھەقلىق يوسۇندا رايون خاراكتېرلىك ھۆكۈمران دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى. نىگېرىيە ئارمىيەسى لىبېرىيە ۋە سېرراليئوندى-كى ئىچكى ئۇرۇشقا قول تىقتى؛ لاگوس ھەربىي ئىشلار جەھەتتە چادنى قوللىدى؛ ئۇ يەنە گامبىيەگىمۇ ھەربىي مەسلىھەتچىلەرنى ئەۋەتتى. قارا ئافرىقىدىكى ئاھالىسى ئەڭ كۆپ بۇ دۆلەتنىڭ ھاكى-مىيىتى يەنىلا خۇسۇسىي مەنپەئەتنىلا كۆزلەيدىغان مىلىتارىستلار-نىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. شۇڭا نىگىرىيىدىن ئېيتقاندا، يىمىرى-لىش خەۋپى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ، 60 ـ يىللاردىكىدەك دۆلەت ئىچىدىكى ئىرقىي گۇرۇھلار ــ خوسالار، ئىبولار (نىگېرىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمىدا) ۋە يورۇبالار ئوتتۇرىسىدىكى قالايمىقان قوراللىق توقۇنۇشلار تۈپەيلىدىن دۆلەت پارچىلىنىپ كېتىش خەۋ-پىنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، نىگېرىيەنىڭ زورا-ۋانلىق قارا نىيىتىنى ئەتراپىدىكى قوشنىلىرى چىن كۆڭلىدىن خالىشى ناتايىن، بولۇپمۇ فىرانسۇز تىلى قوللىنىدىغان دۆلەتلەر-نىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا تېخىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ.

پۈتكۈل غەربىي ئافرىقا رايونى زورلۇق كۈچى ئىشلىتىلگەن قالايمىقانچىلىقلاردا ئۆزىنى خەۋپلىك چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كې-تىۋاتقاندەك ھېس قىلدى، بۇ يەردە پەقەت گانا، سېنېگال ۋە نېفىت بايلىقىنىڭ موللۇقى بىلەن پايدىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان گابون جۇمھۇرىيىتىدەك بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەللەرنىڭ ئىشنى بىر ياققا ئېلىپ چىقالىشىدىن ئۈمىد بار ئىدى، ئەمما نۆ-ۋەتتىكى ئېغىر ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. دۆلەت ھوقۇقىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشقا ياكى رايون خاراكتېرلىك ھۆ-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۇمرانلىق ئورنىتىش چارىسى ئارقىلىق مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلىدىغان بىر-ىر يولنى تېپىشقا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىرنەرسە دېيىشمۇ تەس. چۈنكى، ئۇستۇنلۇك تالىشىپ راسا چۇقان سېلىشىۋاتقان بىرقانچە گۇرۇھنىڭ ھوقۇق ۋە بايلىقنى ئادىل تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت بۇ نېگىزلىك مەسىلىدە بىردەك پىـ. كىرگە كېلىشى تېخى يۇقىرىقى «ھەل قىلىش لايىھەلىرى»نىڭ دا ـ ئىرىسىگە كىرمەيدۇ.

## ئافرىقا تۇمشۇقى، سۇدان ۋە ئوتتۇرا ئافرىقا

ئافرىقا تۇمشۇقى پۈتكۈل دۇنيادىكى ئەڭ نامرات، پارچىلىنىپ كېتىش ئەھۋالى ئېغىر ۋە ئۇرۇش زەربىسىگە ئەڭ كۆپ ئۇچرىغان رايون. شەرق ـ غەرب توقۇنۇشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا، بۇ رايون قىزىل دېڭىز بويىدىكى پايدىلىق نۇقتىنى ھەمدە پارس قول ـ تۇقىغا يېقىن مۇھىم جۇغراپىيەلىك ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكى ئۇ ـ چۈن بىرمەھەل «ئىستراتېگىيە جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم رايون» بو ـ لۇپ قالدى. ئېفيوپىيە پادىشاھ خېيلې سېللارس ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە بۇ دۆلەت ئامېرىكىنىڭ سادىق دوستى ئىدى، ئەمما ماركسىزم ـ لېنىنىزمغا مايىل مۇستەبىت مونگىستۇ سوۋېت ئىتى ـ تىپاقى رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىزم لاگېرىغا كىرىپ كەتتى. سومالىنىڭ مۇستەبىت پادىشاھى سەئىد بارري ئەڭ دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھىمايىچىسى ئىدى. كېيىن تۇيۇقسىزلا ئامېرىكى ـ نىڭ ئىتتىپاقدىشى بولۇپ قالدى. ئادەتتىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشتە ئۇزۇكسىز ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ تۇرىدىغان بۇنداق قىلمىش تۆپەيلىدىن قورال ـ ياراغ بۇ دۆلەتلەردە يامراپ ئاپەتكە ئايلاندى ھەمدە ئىچكى ئۇرۇش تۆپەيلىدىن بولىدىغان زىيانمۇ كۆپىيىپ كەتتى.

بۇ ئىككى مۇستەبىت ھاكىمىيەت بۈگۈن تارىختا ئايلىنىپ قالدى، بولۇپمۇ سومالىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىدىن ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن دۆلەت ھاكىمىيىتى بىلەن تارقاق جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ قانداق قىلىپ ئىرقىي ۋە دىنىي جەھەتتە ئىنتايىن زور دەرىجىدە بىرلىككە كەلگەن بىر دۆلەتنى تەدرىجىي ئاپەت يولىغا باشلاپ كىرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. سومالىدا ئىجتىمائىي ھوقۇق قەبىلە ۋە پارتىيە - گۇرۇھلار تەرىپىدىن بۆلۈشۈۋېلىنغان بولۇپ، ھوقۇق تامامەن تارقاق ئىدى. سەئىد باررى ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىشقا سېلىشقا كىرىشتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇش ۋە ئۆز گۇرۇھىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن يېڭى بايلىقلاردىن پايدىلىنىشقا باشلىدى. ئەمما، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى، سەئىد باررى ھاكىمىيىتىگە قارشى گۇرۇھلار مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تېزلا ئىتتىپاق تۈزدى ھەمدە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ناھايىتى تېزلا غۇلىتىپ تاشلىدى. بۇ ئىشتىن كېلىپچىققان ئاقىۋەت شۇ بولدىكى، پايتەخت مۇقدىشودىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە - گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا دۆلەتنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى تالىشىش يۈزىسىدىن پارتلىغان كەسكىن كۈرەش تاكى بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ، كەڭ يېزىلاردا قۇرۇلمىسى تارقاق بولغان قەبىلە ھۆكۈمرانلىقى قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقتى. سومالىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان سۇمالىلاند رايونى ئىلگىرى ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى، بۈگۈن ئەنگلىيە مۇقدىشودىن مۇناسىۋىتىنى تامامەن ئۈزۈپ بولدى.

يېقىندىن مۇستەقىل بولغان دۆلەت ئېرىترىيە ئىلگىرى ئېفىيوپىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرقىي شىمالى قىسمىدىكى زېمىنى ئى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دى، بۇ جاي 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى ئىتالىيەنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى، ئۇ يەردىكى خەلق ئەددىس ـ ئەبېبەدىكى مونگىستۇنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرغاندا، ئۆيلىمىغان يەردىن مىللىي تونۇش تۇيغۇسىغا كېلىپ قالدى. بۇ مەيدان قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى دەسلەپتە مۇسۇلمانلار تۇپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان غەربىي شىمال رايوندىن باشلاندى. ئەمما، ناھايىتى تېزلا ئېرتىرىيەنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدىكى مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى، بۇ رايوندىكى ئاھالىلەر ئاساسلىقى ئېفىيوپىيە پىراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، ئېفىيوپىيەدىكى تېگېررىيلارغا يېقىنلىشىپ كېتىدىغان قەبىلىلەردىن تەشكىل تاپقان بولسىمۇ، بىرلىشىشكە تەسىر يەتمىدى. ئېرتېرىيەدىكى ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ قەدەممۇ قەدەم غەلىبە قىلىشى ئېفىيوپىيە دۆلىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مونگىستۇ ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرىكەتلەرگىمۇ تۈرتكە بولدى، بۇ مەيدان ھەرىكەت تېگېررىي ئاۋام تەشكىلاتى ئانچە مۇكەممەل بولمىغان ئورومو رايوندىن تاكى ئامخارادىكى «ھۆكۈمران قەبىلە»گە يامرىدى، بۇ ئىش مونگىستۇنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويدى. مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق ھوقۇق ۋە بايلىقنى تويمايدىغان ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش، ناچار، ئاقمايدىغان ئىقتىسادىي سىياسەت ۋە ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ قىلچە ئەيمەنمەستىن مال ـ دۇنيانى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش قىلمىشلىرى بارغانسېرى كۆپ ئاۋام ـ پۇقرانىڭ ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشكە بولغان جىددىي ئارزۇسىنى ئويغاتتى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، دىنىي ۋە ئىرقىي تونۇش تۇيغۇسىنى پەقەت سەپەرۋەر قىلىشنىڭ ياردەمچى ۋاسىتىسى دېيىشكىلا بولىدۇ. ئەمما، ئۇ ئالدىنقى شەرت بولالمايدۇ.

بۇ ئىككى دۆلەتتە كىشىلەر بارلىق مۇھىم قەبىلىلەرنىڭ قات-

نىشىدا، مۇئەييەن دېموكراتىك شەكىلدىكى بىر خىل يېپىيېڭى سىياسىي تۈزۈلمىنى تۇرغۇزۇشقا قولايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن مەر-كەز بىلەن يەرلىكنىڭ ھوقۇقىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغان بىر مېخا-نىزمنى ئورنىتىشقا تىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ئىك-كى قوشنا دۆلەت يەنە ئىسالار بىلەن ئافارلارنىڭ كىچىك جىبۇتى-دىكى يوشۇرۇن توقۇنۇشلىرىنى ياراشتۇرۇشقا تىرىشىپ ياردەم بەر-دى ھەمدە سومالىدىكى قالايمىقانچىلىقنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى توسۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى مۆتىدىل لىبې-رالىزم شەكلىگە تېخىمۇ يېقىنلىشىدىغان بولۇپ، دەسلەپكى ئازاد-لىق ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان ماركسىزملىق پىروگراممىا ئۆزۈل - كېسىل چۆرۈپ تاشلاندى.

نۆۋەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسلانغاندا، ئالدى بىلەن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ، بۇ ئىككى دۆلەت تۇرۇۋاتقان ئەتراپتىكى مۇھىتنى ياخشى دېگىلى بول-مايدۇ. ئۇلار دۇچ كېلىۋاتقان مۇشكۇلات ئوخشاش بولۇپ، قوشنا دۆلەت سۇدان ئۈچىنچى چىققان ئىسلام تەشكىلاتلىرىنى قوللايدۇ. ئۇلار قوللانغان قارشىلىشىش تەدبىرى سۇداننىڭ جەنۇبىدىكى ئەرەب ئەمەس ھەم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان مىللەتلەرنىڭ سۇدان ئەسلىيەتچىلىك ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىگە قارشى چىقىپ، ئۇلاردىن بۆلۈنۈپ چىقىش ھەرىكىتىگە ياردەم بېرىش بولدى، ئەمما ئەسلى-يەتچىلەرمۇ ئۆزىنىڭ ئىدېئولوگىيەسىنى جەنۇبىي قىسمىغا تارقى-تىشقا ئۇرۇندى. بىراق، دىنىنىڭ ئېنىق چەك - چېگرالىرى سىڭ-دۈرۈلۈش جەريانىدا مۇجمەللىشىپ كەتكەنىدى. سۇدان بۈگۈن ئۇ-گاندادىكى قوراللىق خىرىستىيان دىنىي گۇرۇھىنى قوللاۋاتىدۇ ھەمدە ئېفىيوپىيەدىمۇ مۇسۇلمان ئەمەس ئىتتىپاقداشلارنى ئىزدە-مەكتە. ئېفىيوپىيە، ئېرىترىيە ۋە ئۇگاندا ھۆكۈمەتلىرى ئوخشاشلا

سۇداننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كاشىمو ھاكىمىيىتىنىڭ باستۇرۇش بېسىش سىياسىتىگە قارشى كۈرەشلىرىگە ياردەم قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېرىترىيە بىلەن ئېفىيوپىيەنىڭ چېگرا ئۇرۇشىمۇ ئىككى تەرەپ مەنپەئەتىنىڭ ئورتاق نۇقتىسىدىن چەتلەپ كەتتى.

سۇداننىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا ئۇرۇنۇشتەك قاملاشمىغان ئىشى ئافرىقا تۇمشۇقى ۋە چوڭ كۆل رايونىدا يېڭى مەنپەئەت بىرىكمىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى مۇمكىن. ئېرىترىيە، جىبۇتى، ئېفىيوپىيە، ئۇگاندا، رىۋاندا ۋە بۇرۇندىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى سۇدان ئال بەشىر ھاكىمىيىتىنىڭ كېڭەيمىچىلىك ھەرىكەتلىرىنى چەكلەش بولۇپ، زايىرنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىمۇ ئوخشاش نىشان بويىچە ئىش كۆرۈشكە باشلىدى. بۇ رايوننىڭ خەۋپسىزلىك سىياسىتىگە بولغان قىزىقىش تۈپەيلىدىن بۇ رايوندىكى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ كەڭ تۈردىكى ھەمكارلىق ئورنىتىلدى. ئۇلار ھەتتا سومالىلاندنى ئۆز دائىرىسىگە كىرگۈزەلەيتتى. ئەمما، سومالىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، نۆۋەتتىكى قالايمىقان ۋەزىيەتنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئوڭشاشتىن ئەسلا ئۈمىد يوق.

مەنپەئەت جەھەتتىكى ئورتاقلىق چوڭ كۆل ئەتراپىدىكى ھەم زايىر رايونىدىكى ئىرقىي توقۇنۇش تۈپەيلىدىن كېلىپچىققان زوراۋانلىق خاھىشلىرىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىدى، يەنە كېلىپ بۇ زوراۋانلىق توقۇنۇشلىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى پۈتكۈل رايوننىڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەت، ھەر قايسى قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇنداق تىراگېدىيەنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىشتا، شەرقىي قىسمىدىكى قوشنا ئەللەرنىڭ مەنپەئەت جەھەتتىكى ئورتاقلىقىغىلا تايانغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. زايىر چوقۇم

مەركىزىي ھاكىمىيەت بىلەن ئىرقىي ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا بىر خىل تەڭپۇڭلۇق مۇناسىۋەتنى تېپىپ چىقىپ، مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلىشى كېرەك. كىنساشا تېخىمۇ كۆپ ماسلاشتۇرۇش مۇناسىۋىتى ۋە تەڭپۇڭ تەقسىمات پرىنسىپىنىلا تەلەپ قىلىپ، ھۆكۈمرانلىق ئارزۇسىنى ئازراق قىلسا، ئاندىن بۇ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرالىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلمىسە، خەلقئارالىق تەشكىلاتلار قوشنا ئەللەرنىڭ زايىردىكى ئىچكى قالايمىقانچىلىقتىن كېلىپچىقىدىغان ئاقىۋەتنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىشىگە ياردەم بېرىشى كېرەك.

### جەنۇبىي قىسىم ئافرىقا

ئۆتكەن بىرقانچە ئون يىل مابەينىدە، ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئەللەر خەلقئارالىق تالاش - تارتىش ۋە ئىچكى ئۇرۇش كەلتۈرگەن ئازاب - ئوقۇبەتنى يەتكۈچە تارتقان، پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىقتىسادىمۇ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ باشقا رايونلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ كەلگۈسىدىن ئۈمىد بار دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. جەنۇبىي ئافرىقا جۇمھۇرىيىتى مۇشۇ رايوننىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، بۇ دۆلەت جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىقىدا پۈتكۈل ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقى بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرسىمۇ، بىراق ئۇ بۇ رايوندىكى ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش يولۇن كۈچى ئەڭ زور دۆلەت بولۇپ، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئۇنىڭغا قوشنا بارلىق ئەللەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يىغىندىسىنىڭ تەخمىنەن تۆت ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ

ئەتراپىنى بىر توپ چوڭ دۆلەتلەر ئوراپ تۇرىدۇ. خام ماتېرىيال كۆپ چىقىدىغان نامبىيە كۆپ يىللىق ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ھازىر دېموكراتىيە ۋە يارىشىش يولىغا ماڭدى. بۇ ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىنلا مەلۇم؛ بۇ يەردە ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئوۋامپولار بىلەن ئۇزاقتىن بېرى ئاق تەنلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن خېرېرولار ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىش ئاساسەن دېگۈدەك توختاپ باقمىغاچقا، ئۇزاق مۇددەت يامان تەسىر پەيدا قىلىپ كەلدى. نامرات موزامبىك دۆلىتىدە، ئىچكى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ھەر قايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا يەنىمۇ كەڭ دائىرىلىك يارىشىش ئىشقا ئېشىپ، مەلۇم جەھەتتە بىرلىك ھاسىل قىلىندى. نېفىت ئىشلەپچىقىرىدىغان ئانگولا ھوقۇقنى قايتىدىن تەقسىم قىلىش ئارقىلىق ئىككى پارتىيە ـ گۇرۇھ (ئىرقىي ئاساستا كۆرۈلگەن سىياسىي ئىختىلاپ) ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىششىنى تۈگىتىشكە كىرىشتى. زامبىيە بىلەن زىمبابۋېنىڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدە بىر پارتىيەلىك مۇستەبىتلىك ۋە سوتسىيالىستىك مەركىزىي ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىن ۋاز كېچىشى يەنىلا تەسرەك بولسىمۇ، بىراق ئۇلار خېلى تىرىشتى. ئەسلىدە ئافرىقىنىڭ تەرەققىيات ئىددىيەسىدىكى ئۈلگىلىك ئوقۇغۇچى ھېسابلىنىدىغان تانزانىيە ئەمدىلىكتە بيۇروكراتىزم بىلەن خىيانەتچىلىك، چىرىكلىكتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئۆسمىنى كېسىپ تاشلاش ئىشىغا دۇچ كەلدى. ئاخىر بىز بۇ رايوندا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بوتسۋانانى، پەقەت تەبىئەت ئاتا قىلغان ئالماس، گۆھەر ـ ياقۇتلارغىلا تايىنىپ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمىنى 2800 ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكۈزگەن دۆلەتنى بايقىدۇق، بۇ پۈتكۈل ئافرىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان نەتىجە بو-

لۇپ، پەقەت نېفىت زاپىسى مول دۆلەتلەر، مەسىلەن، ئالجىرىيە، لىۋىيە ۋە ساياھەتچىلىكنىڭ گۆھىرى دەپ نام ئالغان ماۋرىتىئۇسلا بۇنداق ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسىگە يېتەلىشى مۇمكىن. ئوخشاشلا ئىرقىي ۋە دىنىي جەھەتتە كۆپ خىللىقتا ئىگە بوتسۋانا كىشىلەرگە ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزۈشىدىن ساقلانغىلى بولسىلا، قانداق ئىقتىسادىي نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ دۆلەتتە ھوقۇق زىيادە مەركەزلەشتۈرۈلمىگەن؛ مۇقىم، دېموكراتىك بولغان كۆپ پارتىيەلىك ھۆكۈمرانلىق مېخانىزمىغا ئىگە، يۇقىرى، تۆۋەن ئىككى پالاتا بار، ئۇنىڭ بىرى ئەنئەنىۋى «رەھبەرلىك» ئورنىنى ساقلاپ قالغان، يەنى قەبىلە باشلىقلىرى پارلامېنت ئەزاسى سۈپىتىدە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىدۇ ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەركىزىي ھۆكۈمەت يەرلىك ھۆكۈمەتلەرگە يېتەرلىك ھوقۇق بەرگەن. بوتسۋانا دۆلەت ئىقتىسادىغا بەك ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمەستىن، بەلكى نىسبەتەن ئېچىۋېتىلگەن بىر خىل بازار ئىگىلىكى تاكتىكىسىنى يولغا قويۇپ كەلدى. ئۇ ئىچكى قىسىمدىكى ئىرقىي، دىنىي مەسىلىلەرنى ئىچكى ئۇرۇشقا ئايلاندۇرۇۋەتمىدى ھەمدە قوشنا ئەللەرنىڭ ئۇرۇشلىرىدىن ئۆزىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ قاچتى. بوتسۋانالىقلار مۇشۇنداق ئۆزىنى قاچۇرۇش ماھارىتىنى ئىگىلىۋالدى ھەمدە ئافرىقا مىللىي قۇرۇلتىيى ۋە جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى بىلەن ئۆزئارا قوبۇل قىلالايدىغان مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالدى.

بوتسۋانانىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولى ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئۇمىد ۋە پۇرسەتنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، غەربنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، بۇ رايون ئاپەت خاراكتېرلىك رايون توقۇنۇشىغا پېتىپ قېلىپ، بۇ

توقۇنۇشتىن قۇتۇلۇپ چىقالمىدى. يەنە كېلىپ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتى ئوت ئۆستىگە ياغ چاچقاندەك ئەھۋالنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇۋەتتى. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ، كەلمەسكە كەتتى، بۈگۈنكى كۈندە ھەممە دۆلەتلەر ئوخشاش تەرەققىيات يولىغا ماڭدى، لېكىن ئۇلارنىڭ تەرەققىياتقا بولغان ئىشەنچىسى، تەرەققىيات پۇرسىتى ۋە سۈرئىتى ئاز - تولا پەرقلىنىدۇ. ئۇلار ئاۋام كەڭ تۈردە قاتناشقان دېموكراتىيە مېخانىزمى، فېدېراتسىيە شەكلىدىكى سىياسىي تۈزۈلمە ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدىكى زىددىيەت ۋە توقۇنۇشنىڭ يوشۇرۇن ئامىللىرىنى تۈگەتمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ دۆلەتلەر بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، گۈللىنىش يولىغا مېڭىشى كېرەك.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئافرىقىدا دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىغان ئۈچ خىل ھەمكارلىق ئەندىزىسىنىڭ بارلىقى بىزگە مەلۇم: ① غەربىي ئافرىقىدا رايون زومىگەرى بولغان بىر دۆلەت يادرو قىلىنغان بولۇپ، غەربىي ئافرىقا ئەللىرى ئىقتىسادىي تەشكىلاتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە ئىقتىسادنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنىڭ قورالى سۈپىتىدە، تېخى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك تەرەققىي قىلىپ كېتەلمىدى، ھازىرغا قەدەر ئۇلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى يەنىلا لىبېرىيەنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھەرىكىتى بىلەنلا چەكلەندى. ② شەرقىي ئافرىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە ئافرىقا تۇمشۇقىدا رايون خاراكتېرلىك ھەمكارلىق سىياسىي مەنپەئەت بىرىمىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان. بۇ رايوندىكى سەككىز دۆلەت زايىردىكى سابىق كاپىرا ھاكىمىيىتىنى بىردەك بايرىقى روشەن ھالدا قوللايدىغان پوزىتسىيە تۇتۇپ، كىشىلەرگە بۇ رايوندا ئورتاق مەنپەئەت ئاساسىغا ئىگە بىر لاگېر قۇ-

روشقا بولىدىغانلىقىنى تونجى قېتىم ئىپادىلەپ بەردى. ③ ئاخىرقىسى شۇكى، ئېكولوگىيەلىك تەرەققىيات جەھەتتىكى ئورتاق مەنپەئەتنى چىقىش قىلىپ، جەنۇبىي ئافرىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش موتورىنى چۆرىدىگەن ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ھەرقايسى ئەللەر ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تەرەققىيات تەشكىلاتى (SADC) نى قايتىدىن جانلاندۇرىدىغان بىر بازىنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، باشقا رايونلاردىكى ئىككىلەمچى تەشكىلاتلار ۋە ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتى (OAU) غا ئوخشاشلا ئەزا ئەللەرنىڭ ئۈنۈملۈك ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشتىن كۆپ ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. بۇ تەشكىلاتلار ئاساسلىقى ئۆتمۈشتە كۆپ تۆھپىلەرنى قوشقان بولۇپ، ئۇلار زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ۋە مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىدىن كېيىنكى دۆلەت چېگراسىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتماسلىق پىرىنسىپىنى قوغدىغان. ئەمما، بۇ پىرىنسىپلار ئەمەلىيەتتە يېقىندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالدى. بۇلاردىن سىرت، ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتىمۇ ئافرىقا ئەللىرىنىڭ باشلىقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچرىشىش ۋە سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن پايدىلىق بولغان بىر مۇنبەر ھازىرلاپ بەردى. ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتىغا ئەزا ھەرقايسى ئەللەر «پېررىندا كېلىشىمى»نى ئىمزالاپ، «يادرو قورالى يوق ئافرىقا» قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ تەشكىلات بۇنىڭدىن كۆپرەك ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىدى. شۇڭا ھەمكارلىق جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئۈچ رايونغا كۆپرەك ئۈمىد باغلاشقا بولىدۇ.

## لاتىن ئامېرىكىسى

لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ مەسىلىسى ئافرىقىنىڭكىگە ئازراقمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوخشىمايدۇ. بۇ رايوندىكى كۆپ سانلىق ئەللەر 150 يىلنىڭ ئالدىدىلا مۇستەقىل بولغان. بىراق، ئۇلار ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى مەزگىلگە كەلگەندە، ئاندىن ئاتالمىش خەلقئارا سىياسىي ۋە خەلقئارالىق ئىقتىسادنىڭ «ئارقا هويلىسى» لىق ئورنىدىن تەدرىجىي ھەم قىسمەن ھالدا ئازاد بولدى. «ئارقا ھويلا» دېگەن بۇ ئۇقۇم ئانچە گەۋدىلىك قوللىنىلمايدۇ، «مونروچىلىق»نىڭ تەكىتلىشىدىغىنى ئەمەلىيەتتە «ئامېرىكا قىتئەسى ئامېرىكىلىقلارنىڭ قولىدىكى ئاستىدىكى ئامېرىكا قىتئەسىدۇر» دېگەن ئۇقۇمدىن ئىبارەت. لاتىن ئامېرىكىسى ئامېرىكا زومىگەرلىكىنىڭ ئوبيېكتى سۇپىتىدە باشتىن ـ ئاخىر ئامېرىكىنىڭ سايىسىدا ياشاپ كەلدى، نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بولغىنى ئېنىق.

## مەدەنىيەت خۇسۇسىيەتداشلىقى ۋە سىنىپىي بۆلۈنۈش

غەربىي ياۋروپانى ھېسابقا ئالمىغاندا، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، لاتىن ئامېرىكىسى بىلەن غەرب دۇنياسىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتداشلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك. جۇغراپىيەلىك جەھەتتە ئۇ كارىب دېڭىزى رايونى، ئوتتۇرا ئامېرىكا، جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى رايون ۋە جەنۇبىي قىسمىدىكى رايوندىن ئىبارەت تۆت رايوندىن تەشكىل تاپقان، ئۇنىڭ جەنۇبىي قىسمى برازىلىيە، ئارگېنتىنا، پاراگۋاي ۋە چىلىدىن ئىبارەت مۇھىم دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭ ئاھالىسى ئاساسلىقى رومانلار بىلەن شۇ يەردىكى يەرلىكلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەت قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئارىلاش قانلىق ئەۋلادلاردىن تەشكىل تاپقان، كارىب دېڭىزىدىكى ئاراللاردىمۇ ئىنگلىزلار بىلەن فىرانسۇز قانداشلىقىدىكى ياۋروپالىق كۆچمەنلەر ۋە

يەرلىكلەرنىڭ ئارىلاش قانلىق ئەۋلادلىرى ئولتۇراقلاشقان. بۇنىڭ-دىن سىرت، كۆپ ساندىكى ئەللەردە بىرقەدەر يۇقىرى نىسبەت (مەسىلەن، كارىب رايونى) تە ياكى بىرقەدەر تۆۋەن نىسبەت (جەنۇ-بىي ئامېرىكا) تە نېگىر ئاھالىلەر بار. دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە، رىم - كاتولىك دىنىي مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. بىراق، يېقىنقى بىر قانچە يىلدا پىروتېستانتىيە دىنى (يېڭى دىن)مۇ تېز تەرەققىي قىلدى، بولۇپمۇ بىرازىلىيەدە شۇنداق بولدى. بۇنداق تېز تەرەققىيات جەمئىيەتتىكى تۆۋەن قاتلامنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى جىددىي تۈستە ئۆزگەرتىۋەتتى، ئەلۋەتتە ھەممىلا ئىشنى ياخشى تە-رەپكە بۇرۇلۇپمۇ كەتمىدى.

ئەمما، بۇ نىسپىي خۇسۇسىيەتداشلىق ھەرگىزمۇ تامامەن خۇسۇسىيەتداش دېگەنلىك ئەمەس، ئاق تەنلىكلەر، نېگىرلار بىلەن ئاق تەنلىكلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئارىلاش قانلىق مۇراتالار، ئاق تەنلىكلەر بىلەن ئىندىيانلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئارىلاش قانلىق ئەۋلادلار، نېگىرلار ۋە يەرلىك ئىندىيانلاردىن ئىبارەت ئوخشىمايدىغان ئىرقتىن بولغان بۇ كىشىلەر بىر «ئىرقىي سىنىپ»نى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇ يەردە «ئاق تەنلىكلەر»نىڭ ئىرسىيەت گېنى تەركىبى قانچىكى ئاز بولغانسېرى، جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ تۆۋەن بولۇش مۇمكىنچىلىكى شۇنچە چوڭ بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكا قىتئەسى چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ «ئۆزگى» مۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئارگېنتىنالىقلار بىلەن چىلىلىقلارنىڭ تېنىدە ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىرسىيەت گېنى تەركىبى بىرقەدەر يۇقىرى، ئەمما بىرازىلىيە ۋە كارىب دېڭىزى رايونىدىكى ئارال دۆلەتلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپ ساندىكىسى رەڭلىك ئىرق ياكى نېگىرلار. ئەنگلىيە ئىمتىياقىغا قاراشلىق

كارىب دېڭىزى ئەللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەدەنىيىتى ئىبرىيە ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئەللەرنىڭكىگە ئوخشمايدۇ، ئەنگلىيە ئىتتىپاقىغا قاراشلىق كارىب دېڭىزى ئەللىرىنىڭ باشقۇرۇش قۇرۇلمىسى تېخىمۇ مۇكەممەلرەك. بۇنىڭدىن سىرت، پورتۇگالىيەنىڭ سابىق مۇستەملىكىسى بولغان بىرازىلىيە ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىشتا ئاساسلىقى ئېپتىخارلىق تۇيغۇسىنى چىقىش قىلىپ، ئىسپانىيە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان باشقا قوشنىلىرىغا ئوخشىمايدىغان ئۇسۇللارنى نامايان قىلىدۇ. بىراق، غەيرىي ئامېرىكا كۆچلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئۆزئارا تونۇش تۇيغۇسى بۇ تۇپەيلىدىن زىيانغا ئۇچرىغىنى يوق، بولۇپمۇ ئامېرىكىلىق «چەت ئەللىكلەر» بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر ياقلىق قىلىشتا تېخىمۇ شۇنداق.

باشقا قىتئەلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئۆتكەنكى يىللاردا جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئەللەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش خېلى ئاز بولدى. ئەكسىچە، ئۇزاقتىن بېرى ئۇلارنىڭ دۆلەت ئىچىدە كۆرۈلۈۋاتقان زوراۋانلىق ھادىسىلىرى كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە يۇقىرى سەۋىيەگە يەتتى، «دۈشمەن»لەرنى يوقىتىش يولىدىكى ۋەھشىيلەرچە قىلمىشلارنىڭ دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ۋەھشىي قىلمىشتىن قېلىشقۇچىلىكى يوق ئىدى. بۇ يەردە ھەمىشە «دۆلەتنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشلىرى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، چىلى ۋە ئارگېنتىنادىكى ھەربىي مۇستەبىتلىك مەزگىلىدىكى قاتتىق جازالاش، قىيىن ـ قىستاققا ئېلىش، ئوخشىمىغان سىياسىي قاراشتىكى ئۆكتىچىلەرنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتى قاتارلىقلار. بۇنداق جىنايى قىلمىشلار بوگوتىكى كونىدىمۇ بەزىدە كۆرۈلۈپ قالىدۇ. خەۋپسىزلىك قىسمىنىڭ ئەزالىرى ياكى سابىق ساقچىلاردىن تەشكىللەنگەن «غەيرىي رەسمىي دۆلەت» تەشكىلاتلىرى يوشۇ-

رۇنچە قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتى بىلەن تېخىمۇ كۆپلەپ شۇ-غۇللانماقتا، سان سالۋادور، رىئودې ژانېيرودا جانلىق ھەرىكەت قىلغان «ھالاكەت ئوتتۇرا ئەترىتى» بۇنىڭ مىسالى. ئىچكى قىسىم-دا كەسكىن قارشىلىشىش يۈز بەرگەن دۆلەتلەردە، ھۆكۈمەتكە قار-شى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ نۇرغۇن قىلمىشلىرىدىنمۇ ئىنسانىي ھوقۇقنىڭ قاتتىق دەپسەندە قىلىنغانلىقى مەلۇم، پېرۇدا يۈز بەر-گەن «يورۇقلۇق يولى» چوڭ قىرغىنچىلىق ۋەقەسى بۇنىڭ مىسالى. 1985 ـ يىلىغا قەدەر، ئامېرىكا پاناما قانىلى رايونىدا ئاچقان ھەر-بىي ئوفىتسېرلار مەكتىپىدىن جەمئىي 50 مىڭ كۇرسانت ئوقۇش پۈتكۈزدى. ئوقۇش پۈتكۈزگەن بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۇرغۇنى ياللانما قوشۇنغا قاتناشتى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، «ئامېرىكىنىڭ ئارقا ھويلىسى»مۇ ئەمەلىيەتتە غايىۋى جەننەت ئەمەس.

لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئىجتىمائىي قاتلامنىڭ ھەددىدىن زىيادە تىك شەكىلدە جايلاشتۇرۇلۇشى ئىچكى قىسىمدا بۇنداق زوراۋانلىق توقۇنۇشلىرىنىڭ كېلىپچىقىشىدىكى سەۋەبنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ئىبېرىيە ئىستېلاچىلىرىدىن نۇرغۇن مال ـ دۇنياغا ئېرىشكەن چوڭ پومېشچىكلار ۋە كان ـ كارخانا ئىگىلىرى سىنىپى باشتىن ـ ئاخىر ئىنتايىن چوڭ ھوقۇققا ئىگە بولۇپ كەلدى. ئۇلار نۇرغۇن جەھەتلەردە ھەتتا ئارمىيە بىلەنمۇ ئىنتايىن يېقىن ئالاقە باغلىدى. بۇ كۈچلەر جېنىنىڭ بارىچە تىرىشىپ، قىلغىلى بولىدىغانلىكى چارىنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، ئۆز ئىمتىيازىنى ساقلاپ قالدى. ئەكسىچە لاتىن ئامېرىكىسىدا، شەھەر ئاھالىلىرى قاتلىمى ئەنئەنە جەھەتتىن ئىنتايىن ئاجىز ئورۇندا تۇرۇپ كېلىۋاتقان بولۇپ، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى ئەركىنلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت «تارىخىي بۇرچ»نى تاماملاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ 150 يىللىق تارىخىدا ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولغاندا، ھەرقايسى ئەل ھاكىمىيەتلىرى مۇتەئەسسىپ ھەربىي مۇستەبىتلىكتىن ئاۋاملاشتۇرۇلغان پاراۋان دۆلەتكە ئايلاندى. ئەمما، بۇنداق چەكلىك نارودنىكلىق كۆپ ھاللاردا مۇستەبىتلىكنىڭ سايىسىدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويدى. بۇ ئىككى خىل تۈزۈلمە شەكلىنى دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىش رولىنى ئوينىغۇچىلار ۋە جەمئىيەتتىكى تىرىكتاپ، تەييارغا ھەييار دۆلەت ھۆكۈمرانلىق سىنىپى ئورتاق بەلگىلىدى. بۇ جەھەتتە لاتىن ئامېرىكىسى باشقا جەھەتتىن ئەسلا ئوخشىمايدىغان ئافرىقىغا روشەن ئوخشىشىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. دۆلەت ھوقۇقىنىڭ ئېغىر بېسىمى ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلدى. ئاسىيلىق بىلەن ئېزىش ئوتتۇرىسىدىكى داۋالغۇش ئىجتىمائىي بايلىقلارنى خورىتىپ تۈگەتتى. دۆلەتچىلىك تۈزۈلمىسى پەيدا قىلغان ئىسراپخورلۇق ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ كاپىتالنى سىرتقا ئېلىپ قېچىشى ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى بەزى چوڭ دۆلەت كوللېكتىپلىرىنى ئەڭ چوڭ ئاشكارا قەرزدار دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى. بۇ لاتىن ئامېرىكىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىرسىيەتتىن قالغان يامان سۈپەتلىك ئۆسمە ھېسابلىنىدۇ.[①]

**باشلىنىش: تالاش ـ تارتىشنى مۇرەسسە قىلىپ تۈگىتىش، ئەركىنلەشتۈرۈش ۋە دېموكراتىيەلەشتۈرۈش**

ئۆتكەن 15 يىل مابەينىدە ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقى جاپا ـ

① ھانس جۈئېرگىن پۈخلې: «شىمالىي ئامېرىكا، جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى مۇستەقىللىق، دۆلەت قۇرۇلمىسى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى»، دېتلېف جۇنكېر قاتارلىقلارنىڭ «20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى لاتىن ئامېرىكىسى» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىندى، مىيونخېن، 1994 ـ يىلى نەشرى.

مۇشەققەتلىك باشلىنىش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈردى. ئىزچىل داۋاملاشقان زوراۋانلىق توقۇنۇشلىرى ئۇنۇملۇك مۇرەسسە قىلىندى، خەلق ئىگىلىكى ئەركىنلەشتى، سىياسىي تۈزۈلمىدىمۇ دېموكراتىيەلەشتۈرۈش ئىسلاھاتى يولغا قويۇلدى. ئوتتۇرا ئامېرىكا رايونىدىكى نىكارا گۇئا، سالۋادور ۋە گىۋاتېمالادا بىردە توختاپ، بىردە ئەۋج ئېلىپ، ئون يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان ئىچكى ئۇرۇش سۆھبەت ئارقىلىق ئاخىر تىنچ يول بىلەن ھەل بولدى. كولومبىيە، ۋېنېزۇئېلا ۋە پېرۇدا پارتىزانلار ئەتىرەتلىرىنىڭ ھەرىكىتى ئۈزۈل - كېسىل توختىمىغان بولسىمۇ، بىراق زور دەرىجىدە ئازايدى.

مېكسىكا، ئارگېنتىنا، چىلى، ئۇراگۋاي ۋە بىرازىلىيە (سان پاۋلو رايونى)دە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى مەركىزىي بەلباغلار بارلىققا كەلدى، ئۇلارنى شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى ئىقتىسادنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا سېلىشتۇرغاندىمۇ ئانچە قېلىشقۇچىلىكى يوق. باشقا دۆلەتلەردىمۇ بازار تەدرىجىي دۆلەت بيۇروكراتلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنىدىن ئازاد بولدى، ئوتتۇرا تەبىقىدىكىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىمۇ شۇ تۇپەيلىدىن ئۆسۈپ قالدى، ئارمىيە ۋە چوڭ قورۇق ئىگىدارلىرىنىڭ كۈچى ئاز - تولا ئاجىزلاشقا باشلىدى. بۇنداق ئىجتىمائىي ھوقۇق باراۋەرلىكىگە قاراپ ئۆزگىرىش لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بېرى شەرقىي ياۋروپانى ھېسابقا ئالمىغاندا دېموكراتىيەلەشتۈرۈش دولقۇنى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك كۆتۈرۈلگەن رايونلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى خېلى زور دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بەردى. بۈگۈنكى كۈندە ھەممە دۆلەتلەر دېگۈدەك سىياسىينى دېموكراتىيەلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى، شۇغىنىسى 20 يىلنىڭ ئالدىدا پۈتكۈل چوڭ قۇرۇقلۇق تېخى ھەربىي مۇستەبىتلەرنىڭ جەننىتى ئىدى. بۇ دېموكراتىك دۆلەتلەر -

نىڭ كۆپ قىسمى بىر مەزگىللەردە بۇ قېتىم ياكى كۆپ قېتىملىق نورمال ھاكىمىيەت ئالمىشىشنى باشتىن كەچۈردى، بىراق ئۇلار دېموكراتىيەنىڭ مۇقىملىقىنى دەخلى ـ تەرۇزسىز ساقلىدى.

**تەبىقە جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى چەككە يېتىشى: دې ـ موكراتىيەگە بولغان تەھدىت**

«پارقىرىغانلىكى نەرسىنىڭ ئالتۇن بولۇشى ناتايىن» دەيدىغان گەپ بار. ئافرىقىغا ئوخشاشلا ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى ئەركىنلەشتۇرۇشى ھامان خەلقئارالىق پۇل فوندى تەشكىلاتى ۋە دۇنيا بانكىسىنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى خەلقئارا بازارنىڭ تەلىپىگە تامامەن ماسلاشتۇرۇشقا توغرا كەلدى. چۈنكى، بۇ سىياسەتتە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ پايدا ـ زىيىنى كەمدىن ـ كەم نەزەرگە ئېلىنغانىدى. نەتىجىدە ئامېرىكا قىتئەسى چوڭ قۇرۇقلۇق جەمئىيىتىدىكى جىددىي ۋەزىيەت كۈنسايىن كەسكىنلىشىپ، باي ـ كەمبەغەللىكىنىڭ ئايرىلىش مەسىلىسى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، بايلار تېخىمۇ بېيىپ، نامراتلار تېخىمۇ نامراتلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نامراتلىق ئۆلچىمىدىن تۆۋەن سەۋىيەدە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئائىلىلەرنىڭ نىسبىتى ئۇزۇكسىز ئېشىپ باردى، نۆۋەتتە مۇتلەق كۆپ ساندىكى دۆلەتلەردە، بۇ سان ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 30%~ 40% ىگە يەتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق پىلانى داۋاملىق ئىقتىساد ۋە خامچوت پىرىنسىپىنى ئۆزگەرتىشنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ سانى ئۇزۇكسىز كۆپەيدى، بۇ جەھەتتە پەقەت بولىۋىيەنىلا ماختاشقا ئەرزىيدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى يۇقىرىقى ئىشلاردىن مۇستەسنا دېيىشكە بولىدۇ. ياشاش

مۇددىتىدا ئۆزلۈكسىز كۆپىيىۋاتقان زوراۋانلىق جىنايەتلىرى ۋە تەشكىللىك جىنايەت ئۆتكۈزىدىغان شايكىلار ئۆزىنىڭ تەشكىللەش دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتمەكتە، بۇنداق ئەھۋال جەمئىيەتكە ئېغىر ئاقىۋەت ئېلىپ كەلدى. يەنە كېلىپ بۇ تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدىكى ئىجتىمائىي زوراۋانلىق خاھىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشى خۇددى قىش كۈنلىرىدىكى جۇدۇنغا ئوخشاش دېموكراتىيەدىن ئىبارەت بۇ يۇمران «پارنىك گۈلى» نى ئۇششۇتۇپ قويغىلى تاس قالدى. لاتىن ئامېرىكىسى جەمئىيىتىدە، «سىياسىي» دېگەن بۇ سۆز كىشىگە ھەمىشە نەپسانىيەتچىلىك، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى، كۆنۈپ قالغان تاپاۋەتلىك مەنسەپ ۋە ئەمەلدارنىڭ قاياشى دېگەندەك كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان ئىشلارنى ئەسلىتىدىغان بولدى، شۇڭا كىشىلەر بۇنداق چىرىك سىياسىيدىن ئۆزىنى بارغانچە يىراققا ئېلىپ قاچتى. شۇ تۈپەيلىدىن ئىچكى قىسىمدىكى خەۋپسىزلىك ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق پىلانى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان نارودنىكلىق سەھنىگە چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى، بىراق ئاخىرىدا كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئىچكى خەۋپسىزلىكنىمۇ ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرالمىغانلىقىنى، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق پىلانىنىمۇ ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرەلمىگەنلىكىنى بايقىدى، پېرۇ زۇڭتۇڭى فۇجىمورى بۇنىڭ جانلىق مىسالى. كونا تەرتىپتە كىشىلەر دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارىغان، زورلۇق كۈچىنىڭ ۋەكىلى بولغان ساقچى ۋە ئارمىيەگە كۆپ سانلىق كىشىلەر، بولۇپمۇ جەمئىيەتتىكى ئاجىزلار توپى يەنىلا ئىشەنمىدى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭغا قارىتا يېڭىچە گۇمانلار ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇۋاتىدۇ. ساقچىلار ھەمىشە «سولچىلار»غا زىيانكەشلىك قىلىشتىن ناھايىتى تېزلا نامراتلارنى ئازابلاشقا ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن تەسەۋۋۇردىكى كوممۇنىزم تەھدىتىنىڭ ئارق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىغا ئەگىشىپلا ھەمىشە كوچا ـ كويلاردىكى سەرگەردان بالىلار ۋە
بالا جىنايەتچىلەرنى پىلانلىق ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتى يۈز بەردى.
ئەمما، قارا قول پارتىيەسىنىڭ كاتتىباشلىرى دۆلەت ھۆكۈمرانلى-
رىغا بىۋاسىتە خىرىس قىلمىسىلا كەمدىن ـ كەم پاراكەندىچىلىك-
كە ئۇچرىدى، بۇ يەردە كولومبىيەدىكى مېدالىيىنىڭ ئېلىشىش چا-
قىرىقنامىسىنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. بۇلاردىن سىرت، دۆ-
لەتنىڭ قورالىق تارماقلىرىمۇ دېموكراتىيە ئاپپاراتلىرىغا پايدى-
سىز تەسىر كۆرسەتتى، چىلى ياكى بىرازىلىيە دېگەندەك دۆلەتلەردە
كىشىلەر ھەتتا تامامەن خەلق سايلىغان زىيالىيلار ھۆكۈمىتىنىڭ
ئارمىيە ۋە ساقچى ئاپپاراتلىرىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان ياكى تىز-
گىنلىيەلمەيدىغانلىقىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. ئەكسىچە ئار-
گېنتىنا ئۆتمۈشتىكى قانلىق تارىخ قالدۇرغان چوڭقۇر جاراھەتلەر
بىلەنلا كۆرۈنۈپ تۇرغاندەك قىلسىمۇ، بۇ مەسىلىنى ھەر ھالدا مۇ-
ۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، جەنۇبىي ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى تۇر-
مۇش ئۇمىد بىلەن ئەندىشە ئارىلىقىدا ئۆتتى، بۇ يەردە بازار ئىگى-
لىكى بىلەن دېموكراتىيە روھى سىناق باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ،
گەرچە پولات ئارقاندا مېڭىۋاتقاندەك، ۋاقىتىنچە تەڭپۇڭ كېتىۋاتقان
بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇ قېتىملىق قاتتىق سىناقتىن تېخى ئۆتۈپ
كەتكىنى يوق. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، بۇ رايوندىكى مەسىلە
مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش مەسىلىسى بولماستىن،
بەلكى سىنىپىي كۈرەش مەسىلىسىدۇر. خەۋپ ئۆتكۈر سىنىپىي
زىددىيەتتىن كېلىپ چىقتى. چۈنكى، جەمئىيەتتىكى مۇتەئەسسىپ
تايانچ بازار ئىگىلىكى بىلەن دېموكراتىيە بىلەن تۆۋەن قاتلامدىكى
ئىرقىي سىنىپىنى ئۇنۇملۇك ياراشتۇرماق ئىنتايىن تەس. زادى
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قانچىلىك توسقۇنلۇق بارلىقىنى لاتىن ئامېرى-

كىسى رايونىدىكى يېزا ئىسلاھاتىدىن مەلۇم دەرىجىدە كۆرۈۋالالاي-مىز، بۇنداق سىناق شىمالدىن جەنۇبقىچە ئەڭ مۇھىم ئىسلاھات تەدبىرى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ مەقسىتى ئىجتىمائىي مۇقىم-سىزلىقنى پەيدا قىلىدىغان كۆپ قىسىم ئاساسلىق ئامىللارنى يو-قىتىپ، دېھقانلار — نامراتلار ئارىسىدىكى ئەڭ نامرات كىشىلەر توپى ئۇچۇن بىر پارلاق كەلگۈسى يارىتىپ بېرىش ئىدى. بىراق، پومېشچىكلارنىڭ جاھىللارچە پوزىتسىيەسى ۋە ئۇلار ئۇزاقتىن بې-رى ساقلاپ كەلگەن سىياسەت ۋە ئارمىيەگە تەسىر كۆرسىتىش كۈچى بۇ ئىسلاھاتنى ھەممىلا يەردە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىتىپ ئىلگىرى باسقۇزمىدى.

## دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مەسىلىلەر ئاساسلىقى ئىجتىمائىي قاتلاملار ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت، ئەمما ئىسلاھات دۆلەتلەر ئارىسىدا دېموكراتىيە ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بىر -بىرىگە تايىنىشچانلىقنى ئىلگىرى سۈردى. دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر رايوندا، ھەتتا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدىمۇ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا رايون خاراكتېرلىك ھەمكارلىق جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكىدەك بۇنداق جانلانغان ھەم بۇنداق كۆپ بولغان ئەمەس. ئەركىن سودا رايونىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىقتىسادنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىر ئورتاق نىشان. جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدە، رايون خاراكتېرلىك ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن نۇرغۇن تەشكىلاتلارنىڭ ئەزالىرى گىرەلىشىپ كەتكەن، بۇنداق قالايمىقان ۋەزىيەتتە كىشىلەرنىڭ: ئۇلار بەك كۆپ بولۇپ كەتتىمۇ - قانداق؟ دەپ ئەندىشە بىلەن سوئال قويۇشى ياكى سىياسەتچىلەرنىڭ بۇنداق قايتا - قايتا

ئۇچرىشىشلىرى ۋە ماسلاشتۇرۇشلىرى ئالدىدا، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ نىشانىنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرغىلى بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىدىن گۇمان قىلىشقا تۇرغانلا گەپ.[1] بىر ـ بىرىگە تايىنىش جەھەتتىكى كۈچلۈك تەلەپنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئىنتايىن زور. بۇنداق بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيدىغان ياكى قۇتۇلۇشنى خالايدىغان بىرەر دۆلەت ياكى رايون بولمىسا كېرەك.

ئەڭ يېڭى مەشھۇر ئەسەر، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئەڭ تەسىر كۈچكە ئىگە ئىجادىي پىكىر NAFTA غا مەنسۇپ، يەنى ئۇ ئامېرىكا، كانادا ۋە مېكسىكا ئەزا بولغان، چىلى نامزات سۈپىتىدە قاتنىشىدىغان شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا رايونى قۇرۇش دېگەنلىك. بۇ تەشكىلات ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى «غەرب ئەللىرى» بىلەن جەنۇبىي قىسمىدىكى لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرى ئارىسىغا كۆۋرۈك سېلىپ بەردى. ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەسەۋۋۇرى ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىتىكى قوشنا ئەل (مېكسىكا)نىڭ ئىقتىسادىنى مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۇ ـ زۇكسىز كەسكىنلىشىۋاتقان چېگرا مەسىلىسى (مېكسىكا ئارقىلىق ئامېرىكىغا قانۇنسىز كۆچمەنلەرنى توشۇيدىغان چېگرا كارىدورىنى كۆرسىتىدۇ — تەرجىماندىن)نى بىر يولىلا ھەل قىلىش ئارزۇسىدىن كەلگەن. شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا رايونىمۇ بىزگە مۇنداق بىر پاكىتنى، يەنى «غەرب ئەللىرى» بىلەن لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە مايىللىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. مېكسىكا يەنە باشقا بىر رايون خاراكتېرلىك

---

[1] مانفرېد مولىس قاتارلىقلار: «مەھەللىۋازلىق ۋە لاتىن ئامېرىكىسى ھەم شەرقىي جەنۇبىي ھەمكارلىق»، «سىياسىيشۇناسلىقتىن سېلىشتۇرما»، 1996 ـ يىلى نەشرى.

تەشكىلاتىنىڭ، يەنى ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى بويۇن دۆلەتلەر (ئىككى قۇرۇقلۇقنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تار يەرگە جايلاشقان دۆلەتلەر)، كارىب دېڭىزىدىكى ئارال دۆلەتلەر ۋە كارىب دېڭىز قىرغىقىدىكى ئەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كارىب دېڭىزى ئەللىرى ئىتتىپاقى (ACS) نىڭ ئەزاسى. كۇبانىڭمۇ بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولغانلىقىغا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. 1994 ـ يىلى قۇرۇلغان بۇ كارىب دېڭىزى ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ مەقسىتى ئەزا ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش بولۇپ، ساياھەتچىلىك ۋە قاتناش ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھەمكارلىقنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ.

بولىۋىيە، ئېكۋاتور، كولومبىيە، پېرۇ ۋە ۋېنېزۇئېلانى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئاندېس ئەھدىنامىسى» تەشكىلاتى خېلى ئۇزاق داۋاملاشقان كاساتچىلىقنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، 1989 ـ يىلىدىن بېرى يەنە تەدرىجىي ھاياتىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ ئارىلىقتا ئېكۋاتور بىلەن پېرۇ ئوتتۇرىسىدا 1995 ـ يىلى يۈز بەرگەن قىسقا مۇددەتلىك ئۇرۇش تۇپەيلىدىن بۇ تەشكىلاتنىڭ تىرىشچانلىقلىرى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. بىراق، ئۇ يەنىلا سىناققا بەرداشلىق بەردى. 1996 ـ يىلدىن بېرى بۇ دۆلەتلەر ئىقتىسادنى ئورتاقلاشتۇرۇش يولىغا ماڭدى. ئاندېس رايونىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇھىمى ئوخشاشلا ئورتاق بازار ئەۋزەللىكىدۇر. بىراق، ئىقتىسادىي جەھەتتە مەبلىغى ئەڭ كۆپ، ساپ لاتىن ئامېرىكىسى تەشكىلاتى ھېسابلىنىدىغىنى يەنىلا 1991 ـ يىلى قۇرۇلغان MERCOSUR، يەنى جەنۇبىي ئامېرىكا ئەللىرى ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسىدۇر، بۇ تەشكىلاتقا بىرازىلىيە، ئارگېنتىنا، پاراگۋاي ۋە ئۇراگۋاي قاتناشقاندى. چىلىمۇ بۇ تەشكىلات بىلەن مەلۇم ئالاقىدە بولغانىدى. بىراق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالدىدا ئىپتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، چىلى يەنە شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا رايونىغىمۇ ياخشىچاق بولۇپ يۈردى. بۇ تەشكىلاتتا بولىۋىيە كۆزەتكۈچىلىك ئورۇندا تۇردى. جەنۇبىي ئامېرىكا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى (MERCOSUR) 1994 ـ يىلىدىن بۇيان ئورتاق بىر تاشقى تاموژنا كېلىشىمىنى قوللىنىپ كەلدى، بۇ ئىقتىسادنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش يولىدا بېسىلغان ئىنتايىن مۇھىم بىر قەدەم ئىدى. MERCOSUR قۇرۇلغاندىن بېرى، ئۇنىڭغا ئەزا ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى سودا بىلەن تاشقى سودىنى سېلىشتۇرغاندا، ئىچكى سودىنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز بولدى. بۇنى بۇ تەشكىلاتنىڭ كۆرۈنەرلىك بىر مۇۋەپپەقىيىتى دېمەي بولمايدۇ.

بۇ يەردە رايون خاراكتېرلىك توققۇز ئىقتىسادىي تەشكىلاتنىڭ تۈتىلا تىلغا ئېلىندى. بۇلاردىن سىرت، يەنە جەنۇبىي ـ شىمالىي ئامېرىكا سىياسىي بىرلەشمىسى، (OAS) بولۇپ، ئۇ بىر سىياسىي ھەم دۆلەت مۇداپىئە ئىتتىپاقى ھېسابلىنىدۇ، ئەمما، ئامېرىكىنىڭ بۇ تەشكىلاتتىكى تەسىر كۈچى ئىنتايىن زور بولغانلىقتىن، بۇ تەشكىلات لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بەزى جايلاردا نۇرغۇن ھۆكۈمەت-لەرنىڭ بايقۇت قىلىشىغا دۇچ كەلدى. سىياسىي جەھەتتە، ئۇنىڭغا قارىمۇقارشى بىر رايون خاراكتېرلىك تەشكىلات 1986 ـ يىلى قۇ-رۇلغان «RIOGROUP» (رىئو گۇرۇھى)دۇر، ئۇ لاتىن ئامېرىكىسى-نىڭ تىنچلىق مۇساپىسىدە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئامې-رىكا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى 12 مۇھىم دۆلەتتىن تەشكىل تاپ-قان، ئۇنىڭ مەقسىتى لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسى-تىنى ماسلاشتۇرۇپ، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە جەنۇبىي ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەنپەئەتىگە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ۋەكىللىك قىلىشتىن ئىبارەت.

## ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى ــ ئۇلار زادى قايسى لاگېرغا مەنسۇپ؟

ئافرىقا بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ پەرقى بەك چوڭ بولسىمۇ، بىراق ئىككىسىنىڭ ئورتاقلىقلىرىنى يەنىلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەر ئىككىسىدىكىلا ئەسلىدىكى جەمئىيەت زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ «زەربىسى» تۈپەيلىدىن چاك - چېكىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا، بۇنداق بۆلۈنۈش ئاساسلىقى ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ئىرقىي ئۈزۈلمە قاتلام لىنىيەسىنى بويلاپ يۈز بېرەتتى. ئەمما، باشقا ئەھۋالدا بۇ ئىجتىمائىي چەك - چېگرا سىنىپنىڭ ئايرىلىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنەتتى. مەيلى ئافرىقا ياكى لاتىن ئامېرىكىسى بولسۇن، ئۇلارنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ بۇ بىر مەيدان كىرىزىسنى ھەل قىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇ ئىككىسىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى جەمئىيەتنىڭ مەلۇم «پارچىسى»غىلا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، ھۆكۈمران سىنىپلار دۆلەتنى ئۆزىنىڭ «ئولجىسى» ياكى تەقسىمات ماشىنىسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىش بىلەن ئالدىراش يۈردى، چۈنكى بۇنداق بولغاندا خالىغانچە مال - دۇنياغا ئىگە بولالايتتى. بۇنىڭدىن چىققان ئاقىۋەت شۇ بولدىكى ئوسال ھۆكۈمەت («BA1GOVERNMET») بۇنداق ئىجتىمائىي كىرىزىسنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى، ئەڭ ۋەھشىي زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنىڭ يۈز بېرىشىگە تۈرتكە بولدى. ئەمما، بۇ ئىككى چوڭ قۇرۇقلۇقتا بوتسۋانا بىلەن كوستارىكا بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ، پاك - دىيانەتلىك «ياخشى ھۆكۈمەت» كىشىلەرگە ئەھۋالنىڭ ئانچە ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويدى. بۇ ئىككى دۆلەت مىللىي دارامىتىنىڭ نىسبەتەن يۇقىرىلىقى، جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتىنىڭ

www.uyghurkitap.com

بىرقەدەر تۆۋەنلىكى ۋە ئىنسانىي ھوقۇق جەھەتتە كىشىنى رازى قىلغۇدەك رېكورت ياراتقانلىقى بىلەن خەلقئارالىق جەمئىيەتنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. لاتىن ئامېرىكىسى بىلەن ئافرىقىدا، نۆۋەتتە كىرىزىسنى تۈگىتىش يولىدىكى ئەستايىدىل ئىزدىنىشلەرنىڭ مۇئەييەن ئالامەتلىرى كۆرۈلدى. بىراق قانداق ئەھۋال ئاستىدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دېموكراتىيەلەشتۈرۈش، ئەركىنلەشتۈرۈش ۋە رايون ھەمكارلىقىنى بىرلەشتۈرسىلا ئىشنىڭ بىر باشقا چىقىشىدىن ئۈمىد بار. لېكىن، بۇنداق ئارزۇنىڭ ئىشقا ئېشىش مۇمكىنچىلىكىنى يەنىلا جەزملەشتۈرەلمەيمىز.

بۇ ئىككى قۇرۇقلۇقتا، يېقىنقى 20 يىل مابەينىدە، «غەربنىڭ قىممەت قارىشى» چوڭقۇر يىلتىز تارتتى. ئافرىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنداق تۈپتىن ئۆزگىرىشنى تاماملاش بىر قەدەر قىيىن بولۇپ، تەرەققىيات داۋامىدا مالىيە قىزىل رەقىمى خېلى ئېغىر دەرىجىدە كۆرۈلدى. لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۇنىڭغا قارىغاندا خېلى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، نەتىجىسىمۇ خېلى كۆرۈنەرلىك بولدى، تەرەققىيات جەھەتتە ئالدىدا ماڭغان لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرى سىياسىي جەھەتتە ئاڭلىق يوسۇندا غەرب ئەللىرىگە يېقىنلاشتى. ئارگېنتىنا بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدىلا ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىدىن چېكىنىپ چىقتى؛ چىلىمۇ بۇ ھەرىكەتتە ئوخشىمايدىغان سىياسىي قاراشتىكىلەرنىڭ باشلامچىسى بولدى؛ ئارگېنتىنا بىلەن بىرازىلىيە غەربتىكى سانائەت دۆلەتلىرىنىڭ تىزگىنلىشىدە، ئېكسپورت ئىشلىرىدا شۇ دۆلەتلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇندى. بەلكىم لاتىن ئامېرىكىسى زامانىۋىلىشىشتا مەغلۇپ بولۇپ، يەر شارىلاشتۇرۇش بېسىمىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. بىراق، 20 يىلدىن كېيىن لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كۆپ سانلىق ئەللەر تامامەن «غەرب جەمئىيىتى»گە قوشۇلۇپ، غەرب

جەمئىيىتىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ قېلىشىمۇ
مۇمكىن. شۇ چاغدا خۇددى بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، شۇنداق
بىر تەرەققىيات مەيدانىغا كېلىدۇكى، ئۇلارنىڭ دوكارلىرى سىياسىي
جەھەتتە ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىكىگە قارىتا پۇرسەتپەرەسلىك يۇ-
زىسىدىنلا ماسلىشىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ يۇرمەيدۇ، بەلكى
تېخىمۇ كۆپ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇنداق «غەربلىشىش» جەمئىيەت-
تىكى تايانچ كۈچ بولغان بۇرژۇئازىيەنىڭ قىممەت قارىشى جەھەت-
تىكى بىر خىل مۇقىملىشىشنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# نۆتىنچى قىسىم
# نەزەر

## 1

### خەلقئارالىق سىياسىينىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى: كەلگۈسىگە نەزەر

ناۋادا بىز غەرب دۇنياسىنى يەنىلا خەلقئارالىق سىياسىينىڭ يادروسى دەپ قارىساق، بۇ ھەرگىزمۇ تەنقىدچىلەر ئېيتقاندەك «ئىرقىي ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسى» ياكى «مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى» ھېسابلانمايدۇ. ھازىر غەرب ئىقتىساد ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتە تەڭداشسىز مول ماددىي ئاساسقا، ئىلغارلىقتا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇ جەمئىيەت تۈزۈمى جەھەتتىمۇ خەلقئارادىكى باشقا ھەر - قانداق بىر سىياسىي رايونغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ مۇقىم بولدى. ئىسلام دۇنياسى، ئاسىيا ۋە ئافرىقا ۋەزىيىتىدە كۆرۈلگەن جىددىي ئەھۋالغا سېلىشتۇرغاندا، غەرب دۇنياسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى توقۇنۇش ۋە كىرىزىسنى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق دېيىشمۇ بولىدۇ. بىراق ئەڭ مۇھىم نۇقتا شۇكى، يەر شارىلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى خىر - رىسى ئالدىدا غەرب دۇنياسى ئېچىۋېتىلگەن جەمئىيەت سۈپىتىدە ھازىرلىغان جانلىقلىق ۋە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى باشقا مەدەنىيەتلەر ئەسلا ھازىرلاپ بولالمايدۇ.

بۇ يەكۈندىن نۇرغۇن كىشىلەر ھەيران قېلىشى مۇمكىن، نې - مىلا دېگەنبىلەن نۆۋەتتە بىز نۇرغۇن غەرب ئەللىرىدە جەمئىيەت ۋە

تۈزۈلمىدىكى قاتماللىقتىن ئاغرىنىش سادالىرىنىمۇ ھەمىشە ئاڭلاپ تۇرىمىز. بۇنداق ئاغرىنىشلارنىڭ ئەلۋەتتە قىلچە ئاساسى يوقمۇ ئەمەس. لېكىن، بىز مەسىلىلەرنى كۆزەتكەن ۋە تەھلىل قىلغاندا، غەربنىڭ ئەھۋالى بىلەن دۇنيادىكى باشقا جايلارنىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق سېلىشتۇرۇپ چىقىرىلغان يەكۇنلا ئوبيېكتىپ، ئىشەنچلىك بولىدۇ. ناۋادا بۇنىڭغا بىرەر ئىسپات كېرەك بولسا، 1997 ـ يىلى كۈزدە باشلانغان ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنى بۇنىڭغا دەلىل قىلىشقا بولىدۇ. يەنى، ئۇ يەردە يۈز بەرگەن پۇل مۇئامىلە جەھەتتىكى ۋەيرانچىلىق دۆلەت، ئىقتىساد ۋە سىياسەتۋازلارغا خېلى زور دەرىجىدە چېتىشلىق بولۇپ، سىياسىي ساھەدىكى تايانچلار قوللىغان بۇنداق ئىچكى تەشكىلىي قۇرۇلما ئاللىبۇرۇنلا «ئاسىيا قىممەت قارىشى» دىكى پىشقەدەملەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ھەم مۇشۇ ئارقىلىق غەربنىڭ «كونا تۈزۈلمىسى» گە قارشى چىققان، شۇنداقلا مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاتالمىش «ئاسىيا ئەندىزىسى» نىڭ ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلغان. بۇنداق ئۇچ قىرلىق مۇناسىۋەت پاتقاققا پېتىپ قالغان خېرىدارلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئاسىيا ئىقتىسادىدا يۈز بەرگەن مۆجىزىلەرنىڭ بىردىنبىر ئەجەللىك ئاجىزلىقى ئىكەنلىكى ھازىر ئىسپاتلاندى.

بىز غەرب ئەللىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كىرىزىس تۇغۇلۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەرنىمۇ ئاساسسىزلا ئوتتۇرىغا چىقىپ قالمىغانلىقىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. ئۇنۇم، ئىتتىپاقلىق ۋە قانۇنىي روھنى تەڭلا ئىشقا ئاشۇرۇشقا بىزنىڭمۇ كىشىنى قايىل قىلغۇدەك ياخشى ئامالىمىز يوق. بىراق، بۇ نىشانغا يەتكەندە جەمئىيىتىمىزدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ كۆپ خىللىقىنى ئۇنۇملۇك كاپالەتلەندۈرۈش تېخىمۇ ئاسانلىشىدۇ، كۆپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خىللاشتۇرۇش ئىجادىيەت كۈچىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، شۇڭا تۈزۈم جەھەتتىكى ئىجادىيلىقلا 21 ـ ئەسىردىكى ھەرىكەت مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

## غەرب ئەللىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىششى

غەرب ئەللىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىششى خەلقئارالىق سىياسىيدا تىنچلىق ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇشنىڭ تۈپ ئالدىنقى شەرتى، بۇ ئالدىنقى شەرت ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ، «قارىماققا خېلى جايىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك» قىلىدۇ. ئۇمىدسىزلەنگۈچىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك چىقمىغان يېرى شۇكى، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى ئۆزىنىڭ ئاشكارا دۈشمىنى يوقالغان ئەھۋال ئاستىدا، تارقىلىپ كەتمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە يېڭىباشتىن ئورگانىك يوسۇندا تەشكىللەندى. ئۇ تەشكىلىي مەسىلىدە كونا، ئەمما بۆلگۈنچىلىك كۈچى قۇدرەتلىك بولغان توقۇنۇش ئامىللىرىنىڭ توسقۇنلۇقلىرىنى يەڭدى. مەسىلەن، ئەزا ئەللەر ئوتتۇرىسىدا ئازىيىپ كەتكەن ھەربىي رەھبەرلىك ئورنىنى قانداق تەقسىم قىلىش جەھەتتە، ئەزا ئەللەر چۈشىنىش ۋە بىردەكلىك ھاسىل قىلدى. ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا تېزرەك كىرىشنى ئارزۇ قىلىشىدەك پاكىتلار غەرب ئىتتىپاقىنىڭ ئىنتايىن زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى. شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يېڭى زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار ئۈزۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ (مەسىلەن، فىرانسىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ناپلېستا تۇرۇشلۇق ئارمىيەنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش توغرىسىدىكى ئىختىلاپ)، بىراق كۆپچىلىك بۇنداق ئەھۋالنىڭ 1949 ـ يىلىدىن

بىرى شۇنداق ئىكەنلىكىنى ئىسىدىن چىقىرىپ قويماسلىقى كېـ-
رەك، يەنى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى دۇشمەنلە-
شىۋاتقان قۇدرەتلىك لاگېرلار يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان
ئەھۋالدا، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ «پالچى
ئەمەلدارلىرى» مۇ ئارقا ـ ئارقىدىن توقۇنۇش پەيدا قىلدى. بىراق
بۇ تالاش ـ تارتىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان جۇغراپىيەلىك
ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەت پەرقى بىلەن زىددىيەتلەشكەن ئىككى
تەرەپنىڭ مۇھىم ئورتاق مەنپەئەتىنى ھەمدە دېموكراتىيەنى قوغداش
ۋە بازار ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان دۆلەت سىياسىي گەۋدىسىنىڭ
ئورتاق ئىرادىسىنى سېلىشتۇرۇپ باقىدىغان بولساق، كىشىنىڭ
كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان ئاشۇ زىددىيەتلەرنىڭ ھېچقانچە تىلغا
ئالغۇچىلىكى يوقلۇقىنى بايقايمىز.

غەرب ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بىر ـ بىرىگە تايى-
نىشچانلىقى ئۆزۈكسىز كۈچىيىپ كەتتى. خەلقئارالىق سودىنىڭ
بىر قىسمى ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى رايونلاردىن
تىنچ ئوكيانىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى رايونلارغا يۆتكەلگەن ھەمدە
شۇ تۈپەيلىدىن غەرب بىلەن ئاسىيانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىلگىرى كۆ-
رۈلۈپ باقمىغان يېقىن ئالاقە ئورنىتىلغان بولسىمۇ، بىراق مەبلەغ
سېلىش ئەھۋالىنى كۆزىتىپ باقىدىغان بولساق، غەرب ئەللىرى
ئوتتۇرىسىدا يۇقىرىقىدەك مۇناسىۋەت بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمـ-
كىن بولمىغان تېخىمۇ يېقىن ئالاقىنىڭ بارلىقىنى بايقىۋالمىقىمىز
تەس ئەمەس؛ باشقا جايلارنىڭ مەبلەغ سېلىشتىكى جەلپ قىلىش
كۈچى زور بولسىمۇ، بىراق ئامېرىكا بىلەن غەربىي ياۋروپانىڭ
بىر ـ بىرىگە سالغان مەبلىغى غەرب مەدەنىيەت چەمبىرىكىنىڭ
سىرتىدىكى باشقا ھەرقانداق بازار ۋە رايونغا سالغان مەبلىغىدىن
پەۋقۇلئاددە كۆپ. بۇنىڭدىن سىرت، غەرب ئەللىرى مەدەنىيەت

چەمبىرىكىدە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا ۋە مەبلەغ سېلىش جەھەتتىمۇ ئەھۋال ناھايىتى گەۋدىلىك ھەم سېلىنغان مەبلەغ ئىنتايىن كۆپ. كىشىلەر ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ قارشى قىرغىقىدىكىلەرنىڭ رىقابەت مۇناسىۋىتىدىن ئەڭ كۆپ ئاغرىنىدۇ، ئەمما بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپچىقىشى ئەمەلىيەتتە قويۇق ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. يەنە كېلىپ، ئاشۇ نەزەر دائىرىسى تار تەھلىلچىلەر، قويۇق يەرلىك قورۇقچىلىق ئىدىيەسىگە ئىگە سىياسەتچىلەر بۇ نۇقتىغا تامامەن سەل قارىغان، ئەمەلىيەتتە رىقابەت بولمىسا، ئۆزئارا قوغداشقا توغرا كېلىدىغان ئورتاق مەنپەئەتمۇ ئەسلا بولمايدۇ!

پۇتكۇل غەربتە دۆلەتلەر دۇنياسى بىلەن ئىقتىسادىي دۇنيادىكى ئالاقىنىڭ رولى بۆلۈنۈشكە قارىغاندا كۆپرەك ئۇنۇم بېرىدۇ، بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي دۇنيادا ھېچقانداق پەرق يوق. پەۋقۇلئاددە تەسىرى بار ئاشۇ دۆلەت ھالقىغان غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى، مەسىلەن، يېشىل تىنچلىق تەشكىلاتى (GREENPEACE)، خەلقئارا ئومۇمىي كەچۈرۈم تەشكىلاتى (AMNESTYINTERNATIONAL)، مىنا كۆمۈشنى مەنئى قىلىش ھەرىكىتى (پائال رول ئوينىيالمايدىغان غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىمۇ بار، ئەلۋەتتە)، خىرىستىيان دىنى ئىلمىي جەمئىيىتى (SCIENTOLOGY) دېگەندەك تەشكىلاتلارنىڭ تەسىر كۈچىنىمۇ بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ. نۆۋەتتە بۇ خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ مەركىزى تامامەن غەربتە. ئۇنىڭدىن سىرت، غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى خەۋەرلىشىشنىڭ زىچلىق دەرىجىسىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى، ئىنتېرنېت تورىدىكى ئەھۋالمۇ شۇنداق.

يەكۈن، شۇكى، غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىردەك ئىتتىپاقلىشىشنىڭ قارىماققا ئىستىقبالى پارلاق، ئەمما بۇنداق ئىت-

تىپاقلىق ئۆزلۈكىدىنلا بىرلىشىشنى روياپقا چىقىرالمايدۇ، بەلكى بۇنداق ئىتتىپاقلىقنىڭ شەكىللىنىشىنى ئۆزۈكسىز يېڭىباشتىن دەلىللەش ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئەمما، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە تۈزۈلمىسى ناھايىتى مۇس-تەھكەم، شۇڭا غەرب گۇرۇھىنى ئۆزۈل - كېسىل تارمار قىلىمەن دېيىش ئۇچىغا چىققان ئەخمىقانىلىك ھەم ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمىغان خام خىيال بولۇپ، بۇنداق يامان ئىشنى باشلاپ بەرگۈچە-نىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قېلىشى مۇقەررەر.

بۇنىڭدىن سىرت، غەرب لاگېرىمۇ بارغانسېرى زورىيىۋاتىدۇ، كەلگۈسى 15 يىل ئىچىدە غەرب ئاپپاراتلىرى، مەسىلەن، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى ئوندەك دۆلەتنى يېڭىدىن ئەزالىققا قوبۇل قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ پاكىت غەربنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەندىزىسىنىڭ كېڭىشلىرىنى قىزىقتۇرىدىغانلىقى ھەم قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ ئېنىق ئىسپاتى بولالايدۇ. بىز ئەمدى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى (OECD) دىن ئىبارەت بۇ «كاپىتالىزم كۇلۇبى» غا قاراپ باقايلى، بازار ئىگىلىكىنى تاللىغان جەمئىيەت ۋە دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈلمىدىكى ھەرقانداق دۆلەت ھامان بۇ كۇلۇبقا كىرمەي قالمايدۇ. ئۇ چاغدا بىز مۇنداق بىر قىزىقارلىق ھادىسىنى بايقايمىز، يەنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئىلغار ۋەكىللىرى مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچىغا يەتكەندىن كېيىن، ئوخشاشلا غەرب ئەڭ ئېتىراپ قىلىدىغان خەلقئارالىق ئاپپاراتلارغا قاتنىشىشنى ئارزۇ قىلماي قالمايدۇ. ھازىر ياپونىيە، كورېيە ۋە ئارگېنتىنا بۇ تەشكىلاتقا ئەزا دۆلەت بولۇپ قالدى، بۇ نۇقتا مەسىلىنى تامامەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ، شۇنداقلا ۋەكىللىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

## غەرب ۋە ئۇنىڭ چەت بەلباغلىرى

لاتىن ئامېرىكىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، غەربنىڭ قوينىغا قايتىش ئالدىن بەلگىلەنگەن تەرەققىيات يۆنىلىشى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يەردە غەرب مەدەنىيىتىگە بولغان يېقىنلىق ئەسلىدىنلا مەۋجۇت. ھەممە ئىشنى، بولۇپمۇ مۇستەقىل بولغان 150 يىلدىن بۇياقى جەمئىيەتتىكى ناچار ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنى غەرب جاھانگىرلىكىگە «يۆلىنىۋالغان» زىيالىيلارغا دۇگەپ قويۇش ئالدىقاچان ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي سوتسىيالىستىك تەرەپدىن ئاساسەن دېگۈدەك يوقىتىلدى. چىلى ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىدىن چېكىنىپ چىقىشقا ھازىرلانماقتا؛ ئارگېنتىنا بىلەن برازىلىيە ئاساسلىقى ئېكسپورت قىلىدىغان ئەللەردىن تەشكىللەنگەن دۆلەتلەر گۇرۇھىغا كىردى، بۇ تەشكىلات ئېكسپورت ئىشلىرىنى تېزگىنلەشنى ماسلاشتۇرىدىغان غەربكە مايىل بىر ئىتتىپاق. مېكسىكا ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ئاساسىدا ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش جەھەتتىكى مەسىلىلەردە رەھبەرلىك رولىنى ئويناپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئالدى بىلەن شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا كېلىشىمىنىڭ ئەزاسى بولۇشتەك تېخىمۇ مۇھىم رولنى ئوينىشى كېرەك. ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيەنىڭ جەنۇبىي ئامېرىكا ئورتاق بازىرى (MERCOSUR)نىڭ شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا رايونىدىكى ئەۋزەللىك ھوقۇقى توغرىسىدىكى بەس مۇنازىرىلىرىدە، مەسىلىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى ئوخشىمايدىغان تەرەققىيات ئەندىزىسىگە قارىتىلماستىن، بەلكى جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنى ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي ھەم سىياسىي ھەمراھى دەپ قارايدىغانلىقى ياكى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئەندىزىسى بويىچە ئىش كۆرۈپ، غەرب ئىقتىسادىي چەمبىرىكى ئىچىدە يەنە بىر يېڭى

مەركەز شەكىللەندۇرىدىغانلىقىغا قارىتىلدى.

بۇ ئىشنى بەك كۆپتۈرۈۋەتسەك بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بىز لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن ھەمىشە غەرب ئەندىزىسىنى قاتتىق تەنقىد قىلىدىغان سادالارنى ئاڭلاپ تۇرىمىز، ئەلۋەتتە بۇ پەقەت كۆبالا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىش ئەمەس. جەنۇبىي ئامېرىكا سۇب قۇرۇقلۇقىدىكى بەزى دۆلەتلەردە، كاپىتالىزمنىڭ كېڭىيىشىگە قارشى كۈچ ھازىرمۇ بۇرۇنقىدەكلا مەۋجۇت. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ يەردىكى كىشىلەر جەمئىيىتىمىزنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەندەك قىلىدۇ، بىز چوقۇم پەۋقۇلئاددە ئېنىق ئۇسۇل بىلەن ئۆزىمىزنى ئىقتىسادىي ئۇسۇللىرىمىزدا كۆرۈلگەن بەزى پايدىسىز ئاقىۋەتلەرگە يۈزلەندۈرۈشىمىز كېرەك. ئەمما، لاتىن ئامېرىكىسى سىياسىي، تۈزۈلمە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە بىزگە قانچىكى يېقىنلاشقانسېرى، بۇنداق چەكتىن ئاشقان ئېھتىيادىلەر بىزنىڭ تەپەككۇر ۋە تەجرىبە قىلىشىمىزغا شۇنچە كۆپ ياردەم بېرىشى مۇمكىن.

لاتىن ئامېرىكىسى بارغانسېرى غەربنىڭ «تولۇقلاپ سايلىغان ئەزاسى» بولۇۋاتقان پەيتتە، سەھرايى كەبىر چۆللۈكىنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا ئەللىرى يەنىلا تامامەن خەلقئارالىق سىياسىينىڭ چەت بەلباغلىرىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ بۇ رايوندا يۈز بەرگەن داغدۇغىلىق ۋەقەلەر پۈتكۈل دۇنيانىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىمىدى دېگەنلىك ئەمەس، يەنە كېلىپ بۇ سىرتنىڭ ئۆزۈكسىز قول تىقىشىغا مەلۇم باھانە تېپىپ بېرىدۇ. ئەكسىچە، بۇ رايوننىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىدە كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر كۈندە دۇنيانى زىلزىلىگە سالىدىغان تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ۋەزىيەت توساتتىن ناچارلىشىپ، زومىگەر دۆلەت ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بۇنىڭغا يۈزلىنىشكە قول تىقىپ بۇ يەردىكى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەسىلىنى ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق، ئافرىقا پۈتكۈل خەلقئارالىق سىياسىي ئىتتىپاقنىڭ ھەمراھىغا ئايلانماقچى بولسا، تېخىمۇ بەك بۆلۈنۈپ كېتىشى ھەم ئاجىز كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئافرىقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ، ئۆزىنى ئۆزىگە ياردەم قىلالايدىغان ئىشەنچلىك نامزاتقا ئايلاندۇرۇش ئەڭ ئاقىلانە تاللاش ھېسابلىنىدۇ.

جەنۇبىي ئافرىقا جۇمھۇرىيىتى خېلى بۇرۇنلا بۇ رايوندىن ھالقىغان بىر رولنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. ئىككىنچى نامزات نىگېرىيە بىلەن ئۈچىنچى نامزات كونگومۇ كەلگۈسىدە بۇ ئورۇنغا چىقىشقا ئاجىز كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇلارنىڭ سىياسىي تۈزۈم بەك چىرىكلىشىپ كەتكەن ھەم كىشىنى بىزار قىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، جەنۇبىي ئافرىقا بۇ رايوندا قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلىنالايدىغان يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە، بۇنداق بولۇش ئۈچۈن ئۇ يەردە دېموكراتىيەنى كۈچەيتىشكە، ئىقتىسادنى سىجىل، مۇقىم ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، دۆلەتكە ئەڭ چوڭ خەۋپ كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى (نۇرغۇن ئاھالىنىڭ ئىشسىز قېلىشى ۋە بۇ-نىڭدىن كېلىپچىقىدىغان نامراتلىقنى) ئۈنۈملۈك تىزگىنلىگىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىدىكى ئورنى نىلسون ماندىلا مۇستەھكەملىگەن ئەخلاق ئاساسىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى 4 ~ 5 دۆلەت ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ دۆلەتنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش مەركىزى سۈپىتىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا ماندېلادىن كېيىنكى دەۋردە بۇ پەۋقۇلئاددە ئورۇننى ساقلاپ قالالايدىغان، ھەتتا يەنىمۇ مۇستەھكەملىيەلەيدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

ناۋادا جەنۇبىي ئافرىقا بۇ رايوندىكى ھەقىقىي باشلامچى كۈچكە

ئايلىنالىسا، خەلقئارالىق سىياسىي مەسىلىلەردە ھوقۇقىنى ۋە مەجبۇرىيىتىنى تامامەن تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلالايدىغان بىر ھەمە-راھ مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇ كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ يېتەلەيدۇ ھەم ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى تىرىشىپ قوغداي-دۇ؛ ماندىلا ئامېرىكىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن توسۇشىغا قارىماي، كۇبا بىلەن لىۋىيەنى زىيارەت قىلغان، بۇنداق قەتئىي پوزىتسىيە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئۆزىنى «بويسۇنغۇچى» دەپ قارىماستىن، بەل-كى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشقا ۋە مۇناسىۋەتكە تېخىمۇ ئەھمە-يەت بېرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇنداقتىمۇ جەنۇبىي ئاف-رىقىدا يەنە غەرب سىياسىيسىغا نىسبەتەن ئىنتايىن كۈچلۈك يې-قىنداشلىق مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ يەردىمۇ بازار ئىگىلىكى، دېموكرا-تىيە ۋە ئىنسانىي ھوقۇق دېگەنلەر يولغا قويۇلىدۇ. شۇڭا، خۇۋ-تىنگتوننىڭ جەنۇبىي ئافرىقا غەربكە قارشى ئاسىيا ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، دېيدىغان نۇقتىئىنەزىرى ئىنتا-يىن چەكلىك دائىرىدىلا گەپ، ئۇ كۆپ دېگەندىمۇ مەلۇم كونكرېت ئىشلاردا ئاسىيادىكى بىر ئىتتىپاقنىڭ ھەمراھى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

## رۇسىيە، جۇڭگو ۋە ئىسلامىيەت غەربكە قارشى سۈيى-قەست پىلانلىمىدى

رۇسىيە زىددىيەت بىلەن تولغان بىر قەلبنىڭ مىسالى، مۇئەي-يەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغىنى شۇكى، ئۇنىڭ ئىچكى ئىشلىرى ۋە جەمئىيەت ئەھۋالى تېخىمۇ مۇقىم ھالەتكە كېلەلمىسىلا، يا ئالدىغا، يا كەينىگە ماڭغىلى بولمايدىغان بۇنداق زىددىيەتلىك ئەھۋال داۋام-لىشىۋېرىدۇ. رۇسىيەنىڭ دۇنيادىكى قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇش تە-لىپى ئۇنى غەرب، بولۇپمۇ ئامېرىكا بىلەن مۇئەييەن دەرىجىدە قار-

www.uyghurkitap.com

شىلىشىدىغان قىلىپ قويغان. ئەمما، نۆۋەتتىكى ئەھۋالدا رۇسىيە دۇنيادىكى قۇدرەتلىك دۆلەتلىك رولىنى ئوينايمەن دېسە، ئۇنداقتا بەزى ئىشلاردا مۇرەسسەلىشىشى، كەم دېگەندىمۇ ئۈچىنچى دۆلەت ئالدىدا ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېنىق ئىپادىلەشكە قولايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇئەييەن دائىرىدىكى توقۇنۇش ۋە قارشىلىشىشنى ھەل قىلىشى كېرەك. شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىدەك پاكىت ۋە موسكۋانىڭ تاشقى پېرېۋوتقا بولغان ئېھتىياجى بۇنداق يۈزلىنىشنى ئىلگىرى سۈرگەن، ھەربىي ھازىرلىقلار ئېكسپورتى تاشقى پېرېۋوتنىڭ كېمىنى تولۇقلاشقا بولغان جىددىي ئېھتىياج ئۈچۈن بارغانسېرى چوڭ تۆھپە قوشىدىغان بولغان. ئەلۋەتتە بۇ ئىشلار ھەمىشە ئامېرىكىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلماي قالمىغان.

رۇسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىتتىپاق ھاسىل قىلىش مۇمكىنچىلىكىگە كەلسەك، ھەر خىل سەۋەبلەرنىڭ رولى ۋە تەسىرى تۈپەيلىدىن، نۆۋەتتە بۇنداق ئېھتىماللىقمۇ چوڭ ئەمەستەك قىلىدۇ. بىز ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى كۆزەتكەندە، ئالدى بىلەن مۇنداق بىر ئالدىنقى شەرتكە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك، يەنى رۇسىيە ئۆزى قەدەم باسقان دېموكراتىيە ۋە بازار ئىگىلىكى يولىدا داۋاملىق ئىلگىرىلەيدۇ، ئەمما جۇڭگو ئۆزىنىڭ مۆتىدىل مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق شەكلىدە داۋاملىق چىڭ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە تاشقى سودىسى يەنە خېلى زور دەرىجىدە دۆلەتنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرايدۇ. شۇنداق بولسا رۇسىيە غەرب ئەللىرىنى داۋاملىق ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ھەمكارلىق ھەمراھى قىلىۋالمىسا بولمايدۇ، غەرب بىلەن بۇنداق بىرلىشىشتىن ھاسىل بولغان يوشۇرۇن كۈچ ئاندىن ئۇنىڭ بىرقەدەر ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە جۇڭ-

گوغا نىسبەتەن ئۇستۇن ئورۇندا تۇرۇشىغا تۇرتكە بولىدۇ. رۇسىيە تۇزۇم جەھەتتە غەرب بىلەن داۋاملىق يۇكسەك بىردەكلىكنى ساقلايدۇ، ھەتتا بۇنداق مۇناسىۋەت ئۇزۇكسىز راۋاجلىنىپ بارىدۇ. نىمىلا دېگەنبىلەن مۇستەبىت جۇڭگو موسكۋاغا نىسبەتەن غايەت زور يوشۇرۇن تەھدىتتىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ سەھنىدە غەرب بىلەن بولغان ئىنتايىن چەكلىك توقۇنۇش ۋەقەلىرىدىن ھالقىغان ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ، جۇڭگو بىلەن تەدرىجىي دوستلىشىشتىن ھالقىپ كەتكەن ئىشلارمۇ يۈز بەرمەيدۇ.

ئەمدى بىز بىرىنچى خىل ئەھۋالنى قىياس قىلىپ باقايلى. ناۋادا رۇسىيە يەنە «قىزىل» مۇستەبىت تۇزۇلمىگە يېنىۋېلىپ، جۇڭگو ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قالسا قانداق ئەھۋال كېلىپچىقىدۇ؟ بىز شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، رۇسىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي مۇناسىۋەت ئەسلىدىلا كوممۇنىزمنىڭ رۇسىيەدىكى مەغلۇبىيىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنىڭ مەھسۇلى. رۇسىيەنىڭ مىللەتچىلىكنى قايتا ئەۋجىگە چىقىرىشنى تەكىتلەش بايرىقى ئاستىدا مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى بېيجىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇقەررەر ئىنتايىن تەھدىتلىك بىر ۋەقە بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، موسكۋاغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ سىبىرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا بولغان خىرىسلىرى رايون سىياسىيشۇناسلىقى جەھەتتىن ئەھمىيىتى مۇھىم بولغان بىر خىل يوشۇرۇن تەھدىتكە ئايلىنىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا دۆلەتلەر دۇنياسىنىڭ ھاياتىي كۈچى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى مۇمكىن، غەرب ئەللىرى، بولۇپمۇ ئامېرىكا يېڭىباشتىن سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدىكىگە ئوخشاش ئەھۋالدا تۇرۇپ قېلىشى، يەنى ئۈچ بۇلۇڭلۇق تەڭلىكنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇشى مۇمكىن. دېمەك، جۇڭگو

www.uyghurkitap.com

بىلەن رۇسىيەدىن ئىبارەت ئىككى رەقىبنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆ-
زىگە ئىتتىپاقداش ھەمراھ قىلىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئوب-
يېكتقا ئايلىنىپ قېلىشى ئېھتىمالغا يېقىن.

ناۋادا رۇسىيە مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق دەۋرىگە يېڭىباشتىن قايتىپ، جۇڭگو زامانىۋىلىشىش جەريانىدا دېموكراتىيەنى ئىشقا ئاشۇرسا قانداق بولۇپ كېتەر؟ بۇنداق ئەھۋالدا جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى، ئاساسلىقى ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت پەسىيىپ، زىچ بىر تور شەكىللىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن غەربمۇ جۇڭگونىڭ رايوندىكى داھىيلىق ئورنىنى قوبۇل كۆرىدۇ. ئەكسىچە، جۇڭگو تەرەپ ئىمكانقەدەر ئۆزىنى بېسىۋالغان ئەڭ ياخشى ئەھۋال ئاستىدا، بىر خىل سىياسىي شەكىل ئارقىلىق بېسىمنى تۆگىتىش مۇمكىنلىكىنىمۇ قىياس قىلىپ بېقىشقا بولىدۇ. جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى خەۋپسىزلىك سىياسىتى جەھەتتە ئىنتايىن يېقىن ھەمكارلىشىشىمۇ مۇمكىن.

جۇڭگو بىلەن رۇسىيەدىن ئىبارەت دۇنيادىكى بۇ ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ دېموكراتىيەلىشىشى يەنىلا ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئىش ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى مۇقىم تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئورتاق مەنپەئەت ئاساسىدا يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشىدىكى ئالدىنقى شەرت.

ناۋادا راستلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، دۆلەتلەر دۇنياسىنىڭ ھاياتىي كۈچى بىر ئىزدا توختاپ قېلىپ، ئىقتىسادىي دۇنيا بىلەن ئىجتىمائىي دۇنيانىڭ ھاياتىي كۈچى ئېشىپ بېرىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا، ئىقتىساد بىلەن دۆلەت ھالقىغان تور رۇسىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى خەۋپسىزلىك جەھەتتە يا ئۇيان، يا بۇيان بولالماسلىقتەك مۇشكۈل ئەھۋالنى ياخشىلاشقا ياردەم بېرىشى مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ غەرب بىلەن بولغان

ئاساسلىق زىددىيىتىمۇ ئۆزلۈكىدىن يوقىلىشى مۇمكىن. ئەھۋال شۇنداق بولسىلا، ئۈچ قىتئەنى توغرىسىغا ئاتلاپ ئۆتكەن خەلقئارا-لىق خەۋپسىزلىك ئورتاق گەۋدىسىنى قۇرۇشقا پۇرسەت بار، دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

ئەمما، بۈگۈنكى خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەردە، ھەممىلا يەرنىڭ ئاسمىنى ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقان تىنچلىق كەپتەرلىرى بىلەن تولۇپ كەتكىنى يوق، كەلگۈسىدىكى يوللارغا ئوخشاش بولمىغان، بۇزغۇنچىلىق كۈچى ئىنتايىن زور بولغان «كۈچلۈك پارتلاتقۇچ» لار كۆمۈلگەن. بىراق شۇ نەرسە ئېنىقكى، مەيلى قانداق ئەھۋال بو-لۇشىدىن قەتئىينەزەر، رۇسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ ئۆزئارا ئىشىنىد-دىغان غەربكە قارشى ئىستراتېگىيەلىك ئىتتىپاق شەكىللەندۈرۈ-شى مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭدەك قىسمەن مەنىدىكى «ئىغۋاگەرچى-لىك ئىتتىپاقى» نىڭ شەكىللىنىشىنى يوققا چىقارغىلى بولمايدۇ. رۇسىيە بىلەن «ئىسلام دۇنياسى»نىڭ مۇناسىۋىتىمۇ بۇنىڭدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ، ئېنىق تەھلىل قىلىپ كۆرۈشىمىزچە، ئىسلام رايونىدىكى سىياسىي قۇرۇلمىنىڭ بىرلىككە كەلگەن گۇ-رۇھنى شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، رۇسىيە زۆرۈر تېپىلغاندا، رايون خاراكتېرلىك تارماق گۇرۇھلار، مەسىلەن، ئىران ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى، مىسىر ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى قاتارلىقلار بىلەن غەربكە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈش پۇرسىتىگە ئې-رىشەلەيدۇ. ئەمما، بۇنداق ئىتتىپاقنىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسى رۇ-سىيە ۋە ئۇنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ رۇسىيە زې-مىنىدىكى مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەسىلىسىنى قاند-داق بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىنلىق دەرىجىسىمۇ موسكۋانىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاۋكاز رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

چەت رايونلاردىكى تەسىر كۈچ ۋە غوجايىنلىق ھوقۇقى تەلىپىنىڭ چەكلىنىشىگە ئۇچرايدۇ. بۇ تەلەپلەر چوقۇم ئىسلام دۇنياسىدىكى ئوخشاشمايدىغان رەھبەر نامزاتلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىق دا-ۋامىدا قىسمەن ئادا بولىدۇ، يەنە بىر جەھەتتىن بۇ ئىشلار مۇقەر-رەر ھالدا ئىسلام دۇنياسى بىلەن مۇئەييەن دەرىجىدىكى رىقابەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. موسكۋانىڭ يولغا قويغان سىياسەتلىرى قاز-چىكى مىللىي ئاﻻھىدىلىككە ئىگە بولسا، ھوقۇقتا ئىنتىلىشتىكى ئەسەبىيلىك شۇنچە كۈچىيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇنداق رىقابەت تې-خىمۇ كەسكىنلىشىپ كېتىدۇ. رۇسىيەنىڭ تەرەققىياتى دېموكراتىد-يەدىن قانچىكى چەتلىگەنسېرى، غەربكە شۇنچە قارشى تۇرىدىغان بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا خوجا بولۇش نىشانى تېخىمۇ مۇستەھكەم ئىپادىلىنىدۇ، ئۇنىڭ قوشنا ئىسلام ئەللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ توقۇنۇش بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. رۇسى-يە بىلەن غەرب ئەللىرىنىڭ مەنپەئەتى قانچىكى بىردەك بولغانسې-رى، موسكۋاغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، رۇسىيە بىلەن ئىسلام ئىتتى-پاقى شۇنچە ئەقىلگە سىغمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ ـ دە، سەل بىھۇدە ئىشتەك تۇيۇلىدۇ.

## كۈڭزىچىلىق ــ ئىسلام دىنى ئىتتىپاقى: بىر خىل خام خىيال

ئاسىيادا غەربنىڭ مەنپەئەتى كەم دېگەندە خەلقئارالىق سىيا-سىيغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان جۇڭگو، ياپونىيە، ھىندىستان ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت تۆت كۈچ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، يەنە كېلىپ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى ئىقتىسادى، سىياسىي ۋە خەۋپسىزلىك مۇداپى-ئەسى جەھەتتە تەدرىجىي بىر گەۋدىلىشىشنى كۈچەيتىش يولىغا

مېڭىشى مۇمكىن. ئەمما، بۇنداق ئەھۋال ئاسىيا رايونىدا بىرلىككە
كەلگەن بىر گورۇھنى شەكىللەندۈرۈشكە ماس كەلمەيدۇ. جۇڭگو-
نىڭ يوشۇرۇن زومىگەرلىك ئورنى باشقا رايونلاردىكى چوڭ دۆلەت-
لەرنىڭ مەلۇم شەكىلدىكى تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئىتتىپاقنى ھاسىل
قىلىشىغا ياكى تاشقى كۈچلەر، ئاساسلىقى ئامېرىكا بىلەن ئىتتى-
پاق تۈزۈشكە تۈرتكە بولىدۇ. جۇڭگونىڭ سىياسىتى قانچىكى يۇم-
شاق بولسا، بۇنداق ئىتتىپاقنىڭ شەكىللىنىش مۇمكىنچىلىكى
شۇنچە ئاز بولىدۇ ھەمدە غەرب ئەللىرى بىلەن بېيجىڭنىڭ مۇنا-
سىۋىتىمۇ روھىي بېسىمدىن شۇنچە خالىي بولىدۇ.

ھىندىستان ئامېرىكا ۋە جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە،
مۇرەككەپ كەيپىيات ۋە ئۆچمەنلىك ھېسسىياتى تۈپەيلىدىن دىلى-
غۇللۇق ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بىراق، ئۇنى ئامېرىكا ئىستراتېگىيە-
لىك ھەمراھ قىلىۋالدى، غەرب دۇنياسىمۇ ئۇنىڭغا خېلى قىزىقىپ
قالدى. ئەمما، ۋاشىنگتون ئاسىياغا قاراتقان سىياسىتىدە، تاكى
بۈگۈنگە قەدەر كىشىگە سىر بەرمەيدىغان مەخپىي پىشاڭنى ئوينى-
تىپ كەلمەكتە. بۈگۈن ئامېرىكا ھىندىستاننىڭ بىرىنچى چوڭ
سودا ھەمراھى بولۇپ قالدى، ھىندىستانمۇ ئامېرىكا بىلەن ھەربىي
ئىشلار جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ، ھەتتا دې-
ڭىز ئارمىيەلىرىنىڭ ئورتاق ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈشىگىمۇ قو-
شۇلدى، بۇ پوزىتسىيەلەر كەلگۈسىدە تېخىمۇ كۆپ ھەمكارلىقنىڭ
مۇمكىنلىكىدىن بېشارەت بەردى. ئۆتكەن ئون يىل مابەينىدە ھىن-
دىستان غايەت زور ئىسلاھات جەريانىنى باشتىن كەچۈردى، بۇ
ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئاۋام - پۇقرا غەربلىشىشكە
يۈزلىنىدىغان بولدى. بۇنىڭغا خەلق پارتىيەسى (BJP)دىكى ئەسلى-
يەتچى مىللەتچىلەر توسقۇنلۇق قىلغان بولسىمۇ، غەرب بىلەن يې-
قىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا بولغان ئىنتىلىش يەنىلا جەمئىيەتتە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىڭ غەلىـ ـبىسى ھىندىستانغا يۇتلىكاشاڭ بولدى ھەمدە ئۇنىڭ باشقا ئەللەر بىلەن بولغان قوش تەرەپلىك مۇناسىۋىتىنىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈـ ـۋەتتى، بىراق بۇنداق تۇرغۇنلۇقنىڭ بەك ئۇزاق داۋاملىشىشى ناتاـ ـيىن.

جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ يوشۇرۇن چوڭ بازار ھىندىستان ئىقـ ـتىسادىغا نىسبەتەنمۇ ئىنتايىن جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. ئەمما، سىياسىي جەھەتتىن قارىغاندا، ھىندىستان بىلەن جۇڭگونىڭ ئاـ ـسىياغا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىش يولىدىكى رىقابەتـ ـلىرى ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنىڭ يەنىمۇ تەرەقـ ـقىي قىلىشىنى چەكلەپ قويىدى، يەنە كېلىپ بۇنداق نازۇك مۇناسىـ ـۋەت غەرب، ئاساسلىقى ئامېرىكىنىڭ بۇنداق ھوقۇق ئۇچبۇلۇڭىـ ـنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم ئولتۇرۇپ تويلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىـ ـشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەردى، چۈنكى تېررورىزىمغا قىلچە قىـ ـزىقمايدىغان يىراقتىكى «مېھمان» غا سېلىشتۇرغاندا، دۇشمەنلىـ ـشىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان ئاسىيادىكى بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ھەربىـ ـرى قارشى تەرەپتىن كېلىدىغان تەھدىتنى تېخىمۇ چوڭدەك ھېس قىلىدۇ. ناۋادا بۇ ئىككى دۆلەت سىرتقا قارىتا ئىشىكنى يەنىمۇ ئېـ ـچىۋەتسە ۋە ئالماشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتسە، ئۇنداقتا ھىندىستان بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىش ئۇزۇكسىز ئاجىزلايـ ـدۇ، ھەتتا تەدرىجىي ھالدا بىر ـ بىرىگە كۆپ مەنپەئەت يەتكۈزىدىـ ـغان، خەۋپسىزلىكنى مۇشكۈلاتقا باشلايدىغان ئامىللارنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمايدىغان ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىگە بۇرۇلىدۇ. شۇڭا، جۇڭگوـ ـنىڭ دېموكراتىيەلەشتۈرۈلۈشى ۋە ھوقۇقنىڭ يەرلىككە بۆلۈپ بېرىلىشى ئۇنىڭدىكى ئىنتايىن زۆرۈر ئالدىنقى شەرت ھېسابلىنىـ ـدۇ، ئەمما خەلق پارتىيەسى (BJP) ھۆكۈمرانلىق قىلمايدىغان ھىنـ

دىستانغا نىسبەتەن باشقا بىر ئالدىنقى شەرت بار. شۇنداق مۆلچەر-لەشكە بولىدۇكى، ئىش راستلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ غەرب بىلەن بولغان زىددىيىتىمۇ پەسىيىپ، غەربكە قار-شى ئىتتىپاق تۈزۈشنىڭمۇ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمايدۇ.

بىز ئەمدى «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دېگەن ئەسەردە تەرغىب قىلىنغان كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان مەزمۇنلارغا نەزەر سې-لىپ باقايلى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇخلىسلىرى بىلەن چىڭگىزخاننىڭ ئىتتىپاقى، ئىسلام بىلەن كۇڭزىچىلىقنىڭ سەپ-داشلىق مۇناسىۋىتى؛ بۇنداق بىرىكتۈرۈش تۇپەيلىدىن پۈتكۈل غەرب تارىخىنى ئەسلەپ ئۆتىدىغان بولساق، «ئاسىيا ياپلاقلىرىدىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلىق» ۋە «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلىچى» قەلبى-مىزگە چوڭقۇر ئورنىتىۋەتكەن قورقۇنچ تۇيغۇسى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىككى لاگېرنىڭ ئىچكى قىسمى چوڭقۇر پار-چىلىنىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرمەكتە. ئىراق، ھەربىر خىل بۆلۈنۈش دەرىجىسىنى بەلگىلەيدىغان ئامىللار ھەرگىز يالغۇز بول-مايدۇ، ئۇ يەنە مەدەنىيەتنىڭ بىرلىشىش پۈرسىتىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرايدۇ؛ ئىسلام دۇنياسىدا، ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق مەركىزى-نىڭ داھىيلىق ئورنىغا بولغان تەلىپى قانچىكى كۈچەيسە، ئىسلا-مىيەتنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار، يەنى شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى تەرغىبات شۇنچە كۈچىيىپ بارىدۇ، ئۇ يەردىكى ھۆكۈمەت ئۆزى بى-لەن ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى چەك ـ چېگرانى شۇنچە بالدۇر ئېنىق ئايرىيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى ئەنئەنىۋى ئامىللار دىنغا نىسبەتەن سەزگۈر كىشىلەر توپىنىڭ كەڭ قورساقلىقى تۇپەيلىدىن بەكرەك تەكىتلەنسە، مۆتىدىل ئىسلام مۇ-رىتلىرى ھەتتا دۆلەت ھوقۇقىنى تەقسىملەشكە قاتنىشىشى مۇم-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىن، ئەمما ئۇچىغا چىققان ئەسلىيەتچىلەر تېخىمۇ جاھىللارچە قارشىلىق قىلىدۇ. ناۋادا جۇڭگو بىلەن ئىسلام دۇنياسىدىكى ئۆزد-نى قالتىس چاغلايدىغان بىرەر زومىگەر ئىتتىپاق تۈزسە، ئۇنداقتا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى بۇنداق ئىككى ياقلىمىلىق تەھدىتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن بارلىق غەيرىي ئىسلام ئەللىرىنىڭ تاشقى كۈچلەر بىلەن بولغان ئىتتىپا-قىنى داۋاملىق كۈچەيتىشكە تېخىمۇ قىزىقىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولسا، «كۆكرىچىلىق» لاگېرىدىكى ئارازلىق داۋام-لىق چوڭقۇرلىشىشى مۇمكىن.

ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشا-شىپ كېتىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. بىر باشلامچى ئىسلام دۆلىتى بىلەن ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىسى ناۋادا ھوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن جۇڭگو بىلەن ئىتتىپاق تۈزسە، ئۇنداقتا باشقا دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنداق ئەھۋال شۈبھىسىزكى، ئىسلام دۇنيا-سىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن كېلىدىغان ئىككى ياقلىمىلىق تەھ-دىتنى كۈچەيتىۋېتىدۇ، بۇ نۇقتىنى ئۇچىغا چىققان ئىسلام ئەللى-رىدىن باشقا ئەللەر سەزگۈلۈك بىلەن ھېس قىلالايدۇ. ھەتتا، جۇڭ-گونىڭ ئىتتىپاقداش ھەمراھلىرى بىلەن دىنىي يۆنىلىشى ئوخشاش بولغان ئىسلام ئەللىرىمۇ زىيانغا ئۇچرىشى مۇمكىن. ناۋادا ئىران جۇڭگو بىلەن ئىتتىپاق تۈزسە، سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە ۋە مىسىرنىڭ باشقا رايونلاردىن ياردەم ئىزدىشىگە تېخىمۇ كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ، ئەكسىچە بولغاندىمۇ ئەھۋال يەنىلا شۇنداق. بۇ ھال-دا غەرب دۈچ كېلىدىغىنى غەرب مەدەنىيىتىگە دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغان قۇدرەتلىك بىر لاگېر بولماستىن، بەلكى ئەڭ خە-تەرلىك ئىككى بۆلگۈنچى رايون بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئەھۋالدا، قاتتىق ئەندىشە بىلەن ئۆتتۈراتقان دۆلەتلەر بوگۈنكىگە قارىغاندا تې-

خىمۇ خۇشاللىق بىلەن «كۆۋرۈك بېشىدىكى ئىستىھكام» بولىدۇ،
چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇقىملىقى، ھەتتا مەۋجۇتلۇقى ئىنتايىن چوڭ
زىيانغا ئۇچرايدۇ.

يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئۈچ خىل ئەھۋال ئىشنى تېخى-
مۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدۇ. يەنى: ① جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا رايو-
نىدا دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىزدىنىدۇ؛ ② ئۇنىڭ پارس قولتۇقى
رايونىدىكى نېفىتكە بولغان ئېھتىياجى كۈنسايىن ئاشىدۇ؛ ③
شىنجاڭ (جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان ئۆلكە دەرىجىلىك
ئاپتونوم رايون) دىكى مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇستە-
قىللىق تەلىپى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا جۇڭگونىڭ تەسىر كۆر-
سىتىش سىياسىتى بىلەن قارشى مۇسۇلمان كۈچلىرى (پاكىستان،
ئىران، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى) ۋە رۇسىيەنىڭ مەنپەئەتى
توقۇنۇشۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ رايوندىكى ئەسلىيەتچىلىشىش
جۇڭگو چېگراسىدىكى مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ
ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا يامراپ كېتىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن
سىرت، ئۇ يەنە چەت ئەللەردىكى تەسىرى بار مۇسۇلمان كۈچلىرد-
نى، يەنى تۈركىيەگە ئوخشاش دەھرىي دۆلەت ئىدىيەسىگە ئەمەل
قىلىدىغان ئەللەرنى قوللىشى كېرەك. بۇنداق ئەھۋالدا ئىسلام ئەس-
لىيەتچىلىك يولىنى تۇتقان بىر چوڭ دۆلەت ياكى گۇرۇھ بىلەن
مۇستەھكەم ئىتتىپاق ئورنىتىش سىياسىتى مۇشۇ تۈپەيلىدىن تە-
سىرگە ۋە چەكلىمىگە ئۇچرىشى مۇمكىن.

جۇڭگونىڭ نېفىت تەمىنلەشكە بولغان قىزىقىشى ۋەزىيەتنىڭ
ئەكسىچە يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى، ئەمما
بۇ ئىشلار «كۈڭزىچىلىق ـ ئىسلام» لاگېرىنىڭ شەكىللىنىشىگە
ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى. جۇڭگو پارس قولتۇقى رايونىدىكى نىيە-
تى يامان دۆلەتلەرنىڭ بىرەرسى بىلەن ئىتتىپاق ھاسىل قىلسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېڭىزدىكى ئۇزۇكسىز كۆپىيىۋاتقان ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق بۇ خىل ئېتتىپاقنى مۇستەھكەملىسە بولاتتى. ئەمما، بۇ ئىش بۇ رايوندىكى باشقا دۆلەتلەرنى ئامېرىكىنىڭ قوينىغا ئىتتىر-دى، ناۋادا بۇ دۆلەتلەر ئۇ يەردە مۇۋاپىق جاۋاب قايتۇرغۇدەك چارە تاپالمىسا، شۇنداق قىلىشىمۇ مۇمكىن ياكى جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ ياردەمچىسى سۈپىتىدە پارس قولتۇقى رايونىنىڭ تەرتىپىنى ساقلاش سىياسىتىگە قاتناشسىمۇ بولىدۇ، بۇ ئەڭ مۇۋاپىق تاللاش بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئەسلىيەتچى ئىسلام دۆلىتى بىلەن تۈزگەن ئىتتىپاق غەيرىي ئىسلام ئەللىرىگە نىسبەتەن مۆلچەر قىلماق تەس ھەم مۇقىم بولمىغان ئىتتىپاق ھېسابلىنىدۇ. بولۇپ-مۇ، جۇڭگوغا ئوخشاش ئۆز دۆلىتىدە مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەت مەسىلىسى مەۋجۇت بولغان دۆلەتلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق. بىراق، جۇڭگو - ئامېرىكا ھەمكارلىقى يەنە جۇڭگو بىلەن بىر چوڭ ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئامېرىكىغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈش ئىمكانىيىتىنى يوققا چىقاردى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇخلىسلىرى بىلەن چىڭگىز-خاننىڭ بىرىكىشى بىمەنە بىر خام خىيال. ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ كۆپ مەنبەلىكلىكىنى داۋاملىق ساقلايدۇ، ئاسىيامۇ شۇنداق. ناۋادا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا غەربكە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈلسە، ئۇ ئىتتىپاق مەقسەتلىك، كونكرېت شەيئى جەھەتلىك ۋە ۋاقىتلىق ئىتتىپاق بولىدۇ. كىرىزىس يۈز بەرگەن مەزگىلدە، مەقسەتلىك ئىتتىپاق تەھدىت پەيدا قىلالايدىغاندەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن. بىراق، ئۇنىڭدىن سىجىللىقى بولغان بىر خەلقئارالىق سىياسىي شەكىل ھاسىل بو-لۇشى مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس. بۇ دۆلەتلەر ئىتتىپاقى (مەدەنىيەت ئىتتىپاقىدىن ماھىيەتلىك پەرقى بار) مۇئەييەن سىياسىي ۋەزىيەت-تە قانچىكى جاھىللىق قىلسا، ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى

بۇ ئىتتىپاقلارنىڭ تەھدىتكە ئۇچرىغان رايون خاراكتېرلىك دۆلەت-لەر شۇنچە ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە غەرب دۆلەتلىرىدىن ياردەم ئىزدەيدۇ.

## 21 ـ ئەسىردىكى خەلقئارالىق سىياسىيدىكى مۇمكىنچىلىكى بولغان ئالتە خىل تەرەققىيات يۈزلىنىشى

ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ كەلگۈسى مۇناسىۋىتىگە بولغان پەرىزى زادى قانداق؟ بۇ بىزنىڭ خەلقئارالىق سىياسىينىڭ «ھەرىكەت قانۇنىيىتى» گە بولغان بىر خىل ھۆكۈمىمىزدىن باشقا نەرسە ئەمەس، يەنى بىز 21 ـ ئەسىردىكى خەلقئارالىق سىياسىينىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ۋە يۆنىلىشىنى قانداق مۆلچەرلەيمىز دېگەن گەپ. ھازىر بۇنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلەيمىز:

بىرىنچى خىل مۇمكىنچىلىك: مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ئوخشىمايدىغان دۆلەتلەر زامانىۋىلاشتۇرۇش كىرىزىسىنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە، ئوخشىمايدىغان شەكىلنى قوللىنىدۇ. بەزى دۆلەتلەردە، دىنىي ئەسلىيەتچىلىك غەلىبە قىلىدۇ، نەتىجىدە مۇستەبىت، ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى بارلىققا كېلىدۇ. ئۇلار قورال كۈچى ۋاسىتىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق مۇمكىنچىلىكلەردىن پۈتۈن كۈچى بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىدىيەسىنى تارقىتىدۇ. ئوخشاشمىغان دۆلەتلەر ۋە ئۇنىڭدا ياشاۋاتقان، قىسمەن گىرەلىشىپ كەتكەن چېگرالاردا ياشاۋاتقان قەبىلىلەر ئالدىدا، سىياسىي جەھەتتىكى بۇنداق مەجبۇرىي بىرلىشىش ۋە زومىگەرلىكنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش ھەرىكىتى پەقەت خۇنتىنگتون بېشارەت بەرگەن مەدەنىيەت ئىتتىپاقى (قورغىنى) شەكلىنىلا شەكىللەندۈرەلىشى مۇمكىن.

ئىككىنچى خىل مۇمكىنچىلىك: ھازىر يۇقىرىدا ئېيتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆتكەن بۇنداق ئۇچىغا چىققان سىياسەت ئوخشىمايدىغان ھەرقايسى مەدەنىيەت چەمبىرەكلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، ئەكسىچە يۆنىلىشتىكى قۇدرەتلىك قارشىلىشىش كۈچىنى پەيدا قىلدى. بۇ رايونلارنىڭ ھەممىسى تېررىتورىيەلىك دۆلەتنىڭ قۇرۇلما شەكلىگە ئىگە بولۇپ، دۆلەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۇقۇمىنىڭ بۇ يەردىكى جەمئىيەتكە چوڭقۇر سىڭگەن ـ سىڭمىگەنلىكى ياكى سىرتتىن شۇ يېتىچە كۆچۈرۈپ كېلىنىشى ئەمەلىيەتتە ھېچقانچە مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى شۇكى، بۇ رايونلاردا تېررىتورىيە بويىچە ئايرىلغان ھوقۇق ماشىنىسى داۋاملىق مەۋجۇت بولىدۇ، ئىمتىيازى بار ھۆكۈمران سىنىپ ۋە ئۇنىڭ مەنپەئەت گۇرۇھى، جەمەتى، خانىدانلىقى، گۇرۇھ ـ مەزھەپلىرى داۋاملىق ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئۆمرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇزارتىدۇ. بۇ ھۆكۈمەتلەر ئۆزىنىڭ «مۇدھىش قوشنىلىرى» تەرىپىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگەرتىۋېتىلىشىنى قەتئىي خالىمايدۇ. ئەمما، بىز ئادەتتە ئېيتىدىغان قەبىلە، مىللەت ياكى ئۇرۇقلاردىن شەكىللەنگەن كوللېكتىپلارمۇ ياتلار تەرىپىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىنىشنى خالىمايدۇ. بۇ ياتلار ئۇلار بىلەن ئوخشاش دىنغا ئېتىقاد قىلسىمۇ بەرىبىر شۇنداق. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قايسى مەدەنىيەت چەمبىرەكلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، سىياسىي جەھەتتە تېخىمۇ چوڭقۇر ئارازلىقلار كېلىپچىقىپ، ئەھۋال ھازىرقىدىنمۇ يامانلىشىدۇ.

ئۈچىنچى خىل مۇمكىنچىلىك: ئەسلىيەتچىلىكنىڭ مەركىزى دۆلەتتىكى ئورنى قانچىكى مۇقىملاشسا، شۇ دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسلىيەتچىلىكنى تارقىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشى شۇنچە كۈچلۈك، مەدەنىيەت چەمبىرەكلىرى ئىچىدە غوجا بولۇشقا ئىنتىلىش مۇددىئاسىمۇ شۇنچە روشەن بولىدۇ. دۆلەتلەر

دۇنياسىنىڭ ھەرىكەتتىكى ھاياتىي كۈچى پەيدا قىلغان تەسىرىمۇ شۇنچە ئۇزاق داۋاملىشىدۇ. ئۆزىنى بىر خىل مەدەنىيەتنىڭ يادروسى سانايدىغان دۆلەتلەر ئەسلىيەتچىلىك سىياسىتىنى قانچىكى كۈچلۈك يولغا قويسا، ئۇلارنىڭ تەشكىلى بۇ بۇرچنى ئورۇنلاشقا شۇنچە كۈچلۈك مايىل بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئەگىشىشنى خالىمايدىغان قوشنا ئەللەرگە بولغان تەھدىت تەبىئىيلا تېخىمۇ چوڭىيىدۇ. دۆلەت يادروسى، ئىگىلىك ھوقوقى ۋە قورال كۈچىنى مونوپول قىلىشقا بولغان خىرىس باشقا ھەرقانداق بىر خىل تەھدىتكە سېلىشتۇرغاندا، دۆلەت ھوقوقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشتىكى ئىپتىدائىي تەبىئىي كۈچىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتىدۇ، شۇڭا ئېزىش، ھەربىي ھازىرلىقلار ۋە ئىتتىپاق، مۇداپىئە ۋە كۈچ تەڭپۇڭلۇقى سىياسىتى بىز بۇ دۇنيادا ئارزۇ قىلىدىغان ئىنكاس بولۇشى مۇمكىن.

تۆتىنچى خىل مۇمكىنچىلىك: ئىچكى قىسىمدىكى زوراۋانلىق-نىڭ كۈچلۈك تەھدىتىدە، رايوندىكى قوشنا دۆلەتلەر خوش - خوش دەپ بويسۇنۇشنى ئەمەس، بەلكى تاشقى كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشنى تېخىمۇ خالايدۇ. غەرب ئەللىرى ئۆزىنىڭ ئاتالمىش «بىر-لىككە كەلگەن ئۆلچەم» ئەندىزىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار تېررىتورىيەنى كېڭەيتىش يامان نىيىتىنى تېخى ئاش-كارىلىغىنى يوق. شۇڭا، «كىچىككىرەك بالاخور» سۈپىتىدە تامامەن مۇناسىپ ئىتتىپاق تۈزۈش ھەمراھى بولۇپ قالىدۇ، بىر مەدەنىيەت چەمبىرىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زومىگەرلىكنىڭ خەۋپى قانچە چوڭ بولسا، غەربتىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇش يۈزىسىدىن يېگانىچىلىككە قارشى تۇرۇپ، يىراقتىكى رايونلارنى قوغداشتا كۈچنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشىغا شۇنچە تۈرتكە بولىدۇ؛ چۈن-كى بىر دۈشمەن كۈچ ئاسىيانىڭ ئۇ تەرىپىگە ياكى پارس قولتۇقى

رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى مۇمكىن، دەيدىغان قىياس غەربنىڭ سىياسىي ئىرادىسىنى مۇشۇنداق بىر تەڭپۇڭلاشتۇرۇش سىياسە-تىگە بۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ، بىر مەدەنىيەت زومىگەرى تەلەپ قىلىغان دۇنيا ئەندىزىسى نۇرغۇن جەھەتتىن سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى دۇنياغا ئىنتايىن ئوخشاپ قالىدۇ؛ ئىتتىپاق تۈزۈش مۇناسىۋىتى رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق چەك - چېگرادىن توغرىسىغا ھالقىيدۇ. يەنە كېلىپ جاھانگىرلىكنىڭ مەدەنىيەت ئەسلىيەتچىلىكىنى توسۇش مەدەنىيەت چەك - چېگراسىدىن ھالقىغان پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك يۈزلىنىش بولۇپ قالىدۇ.

بەشىنچى خىل مۇمكىنچىلىك: يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزنىڭ ئەكسىچە، ئىقتىسادىي دۇنيا بىلەن ئىجتىمائىي دۇنيانىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى قانچىكى كۈچىيىپ بارسا، غەرب مەدەنىيىتى دائىرىسىگە كىرمەيدىغان ئەللەر بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىش سەل ئاجىزلايدۇ. پەقەت مۇشۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگەندىلا، مەلۇم بىر خاس مەدەنىيەت دائىرىسىگە تەئەللۇق بولغان دۆلەتلەر توپى تېخىمۇ يېقىن تۈردە بىرلىشەلەيدۇ ھەم بىر گەۋدىلىشىش مۇساپىسىنى تاماملىيالايدۇ. پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا، «مەدەنىيەت ئىتتىپاقى»غا سەل ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىرىكىشى شەكىللىنىدۇ. بىراق، ھازىر بۇنداق رايون خاراكتېرلىك ھەمكارلىق باشقا مەدەنىيەتلەرگە دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراش ھالىتىدە تۇرماستىن، بەلكى يەر شارىلاشتۇرۇش تۈرىدىكى ھەرقايسى شاخچىلارغا تېخىمۇ ئوخشاپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنداق رايون خاراكتېرلىك ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرى بىلەن باشقا مەدەنىيەتتىكى رايونلار ۋە دۆلەتلەرنىڭ ئالاقىسى يىراقلىشىپ كەتمەستىن، بەلكى ئىنتايىن يېقىنلىشىپ كېتىۋاتىدۇ ھەمدە ئۆزۈكسىز تۈردە يەنىمۇ كۈچىيىپ

بېرىۋاتىدۇ. ئەمما، بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى شۇكى، دۆلەت ۋە ئىقتىساد ئۆز سىياسىي تۈزۈلمىسىدىن ئۈزۈل - كېسىل ئازاد بولۇشى كېرەك، يەنى ئۇچىغا چىققان ئەسلىيەتچىلىك ۋە ئۆلۈك تەبىقە تۈسىنى ئالغان كۇڭزىچىلىق تۈزۈمى بىلەن سىغىشالمايدىغان، ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلمىگەن بىر خىل تۈزۈلمە شەكىللەنگەندىلا، سىياسىي ئاندىن دېموكراتىيەلىشىدۇ، ئىقتىساد كۆپ مەنبەلىشىدۇ. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، پەقەت ئىسلاھات ئىتتىپاقى غەرب سىياسىيسى ۋە ئىجتىمائىي ئەندىزىسى بىلەن ئۆز دۆلىتىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرەلىگەندىلا، «مەدەنىيەت گۇرۇھى» نىڭ شەكىللىنىشىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىلىدۇ. بىراق، بۇنداق ئىسلاھات جەريانى بۇ مەدەنىيەتلەر بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى كىچىكلىتىدۇ، ئەمما «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» بۇ ئارىلىقنى كۆز يەتكۈسىز دەرىجىدە ئۇزارتىۋېتىدۇ. ئىقتىسادىي رىقابەت بىلەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنىڭ ماسلىشىشى سىياسىي، ھەربىي قارشىلىشىشلارنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ.

ئالتىنچى خىل مۇمكىنچىلىك: بۇنداق ئەھۋالدا، ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە تېز سۈرئەتتە كۈچىيىدۇ. بۇنداق ئالاقە تۈپەيلىدىن سىياسىينىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان سۆھبەتلەر كۆپىيىدۇ، ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ بۇنداق ئالاقىلىشىشى داۋامىدا، ئىجتىمائىي كۈچلەر تولۇق قويۇپ بېرىلىدۇ. ئىجتىمائىي دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەتتىن ھالقىغان بۇنداق ئالاقە توقۇنۇش ۋە بىرلىشىشنىڭ ئارىلاشما گەۋدىسىدىن تەركىب تاپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۆلەت ھالقىغان ھەرىكەت شەكىللىنىپ، ئورتاق قىممەت قارىشى ئۆز ئارا گىرەلىشىش ئەھۋاللىرى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## كاشىلا پەيدا قىلىدىغان ئامىللار

يۇقىرىقى ئالتە نۇقتا نورمال ئەھۋال ئاستىدا تەسۋىرلەنگەن هالەت، بىراق ئەمدى بىز پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ئاستىدىكى بىرقاتار خەتەرلىك ئامىللارنى مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشىمىز كېرەك، بۇ خەتەرلىك ئامىللار خەلقئارالىق سىياسىيدا يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇنىڭدا ھەممىدىن ئاۋۋال كۆرۈلىدىغىنى تېررورىزم ھەرىكىتىدۇر. بىز تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى، ناۋادا زومىگەر دۆلەت «ئۆز» ىگە قاراشلىق رايونلاردا مەدەنىيەت ئەسلىيەتچىلىكىنى ئومۇملاشتۇرماقچى بولسا، ئوخشاشلا مەغلۇپ بولىدۇ ھەمدە ئەسلىيەتچىلىك ھەرىكىتى كۆپ سانلىق دۆلەتلەردە چەكلىمىگە ۋە بېسىمغا ئۇچرايدۇ. ئۇنداقتا بىزنىڭ خىيالىمىزغا: تېررورىزملىق ھەرىكەتلەر مۇشۇ تۇپەيلىدىن تېخىمۇ ئەشەددىيلىشىپ ۋە جانلىنىپ، دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىپ پائالىيەت قىلىشى مۇمكىن، دېگەن خىيال كەلمەي قالمايدۇ. ئۇ تىغ ئۇچىنى ئۆزىگە قارىتا باستۇرۇش سىياسىتىنى قوللانغان ھۆكۈمەتكە قارىتىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۆكتىچىلەر ئارىسىدىكى رادىكاللارنىڭ تىزگىنلىشىدىكى ھۆكۈمەت ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قىممەت قارىشىغا ئاسىيلىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى نەزىرىدىكى يەنە بۇ «ئاسىيلار» نىڭ «ئىتتىپاقداشلىرى» غىمۇ قارىتىدۇ. بۇ ئىتتىپاقتىكى ھەمراھلارنىڭ ئۆز مەدەنىيەت چەمبىرىكىنىڭ ئىچى ياكى سىرتىدىن كېلىشى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. تېررورىزم جانلىق پائالىيەت قىلىۋاتقان ئاشۇ دۆلەتلەردە، ئالدى بىلەن زەربىگە ئۇچرايدىغان نىشان (كۆپ ساندىكى قۇربانلىقلار) نى بايقاشقا بولىدۇ، چەت ئەللەردە «ھەمكارلىشىپ زىيانغا ئۇچرىغۇچىلار» بولىدۇ. ئالجىرىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تېررورچىلار بە-

لەن 1996 ـ يىلى فىرانسىيەنىڭ پارىژدا يۈز بەرگەن قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل باغلىنىشنى ئىنتايىن روشەن كۆرسىتىپ بەردى.

تېررورىزم ھەمىشە نىشانىنى دۆلەتنىڭ نۆۋەتتىكى تەرتىپىنى بىكار قىلىشقا قارىتىدۇ. غەرب ئەللىرىدە ئۇ ئاساسىي ئېقىم ئەمەس، پەقەت كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى باسقۇچ خاراكتېرلىك ھالدا ئاشكارا ۋەقەرلەرگە ۋە مۇناسىپ ۋاسىتىلەر بىلەن خەۋەر قىلىشقا قارىتىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ پەۋقۇلئاددە دىققىتىنى قوزغىيالايدۇ، كەم دېگەندە كەلگۈسىنى مۆلچەرلەش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ يەردە ھوقۇق مەسىلىسىگىمۇ ھەقىقىي بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بىز بۇنىڭغا چېتىلىپ قالىدىغان قۇربانلىقلارغا ئىچ ئاغرىتىمىز، چۈنكى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا بۇ ھامان بىر تىراگېدىيە، بىراق ئەمەلىيەتتە ئىچكى قىسمىدىكى خەۋپسىزلىك ئاپپاراتلىرى تېررورىزمنى تامامەن بىرقەدەر تۆۋەن سەۋىيەدىلا تونۇپ قالالايدۇ، تېررورچىلارنىڭ كۈچى ئىچكى قىسمىدىكى ھالسىزلاندۇرۇش ئۇرۇشلىرىدا ئۇزۇكسىز خوراپ، قوشۇلۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا ھەققانىيەتنىڭ قوغلاپ تۇتۇشى ۋە سوتلىنىشىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەلۋەتتە، بىز بۇنداق خەۋپنى ئاخىرىدا ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىشقا ئامالسىز، چۈنكى تېررورىزم رىۋايەتلەردىكى يەتتە باشلىق يالماۋۇزدەك، بىر بېشىنى چاپسا يەنە بىر بېشىنى چىقىرىپ يۈرۈۋېرىدۇ. بىراق، نورمال ئەھۋالدا مۆلچەرىمىزچە تېررورلۇق كۈچلىرى دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە ھەقىقىي تەھدىت سېلىپ بولالمايدۇ. دېموكراتىك سىياسىي گەۋدىمىزدە ئىقتىسادىي ئەھۋال يامانلىشىپ قالغاندىمۇ، جەمئىيىتىمىز يەنىلا يۇكسەك دەرىجىدە مۇقىم بولىدۇ.

بۇلارغا نىسبەتەن ئىككى خىل ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. بىرىنچى

خەلقى شۇكى، دۆلەتنىڭ تېرروررىزمغا بولغان زىيادە ئىنكاسى دې-
موكراتىك سىياسىي گەۋدىگە خەۋپ يەتكۈزۈپ، مۇستەبىتلىكنىڭ
مۇئەييەن دەرىجىدە تىرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.
تېرروررىزم تىغ ئۇچىنى دەل دۆلەت ماشىنىسىنىڭ يادرولۇق تەر-
كىبىي قىسمىغا قارىتىدىغانلىقتىن، دۆلەتنىڭ قورال كۈچى ئۆزد-
نى قوغداشتىكى خاس بىۋاستە سەزگۈسى بىلەن كۈچلۈك قايتۇر-
ما زەربە بېرىدۇ. سابىق غەربىي گېرمانىيە تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەي-
لىدىن دۆلەت خەۋپسىزلىك تەدبىرى ۋە دۆلەتنىڭ ئىدارە قىلىشىغا
نىسبەتەن ئىنتايىن كۈچلۈك قارشى چىقىش خاھىشىغا ئىگە بول-
سىمۇ، بىراق قىزىل بىرىگادا (RAF) ھەرىكىتىگە قاراتقان ئىنكا-
سىدا جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى، ھۆكۈمنى
ئىجرا قىلىش ۋە خەۋپسىزلىك كۈچلىرىنى تەشكىللەش قاتارلىق
جەھەتلەردىن كەڭ تۈردە ئىسلاھاتنى يولغا قويدى. ئەركىنلىك تە-
رەپدارلىرىدىن بولغان نۇرغۇن قانۇنشۇناسلارمۇ بۇ ئىشتىن چوڭ-
قۇر ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. چۈنكى، ئۇلار ئەركىن
دېموكراتىك روھنىڭ تېرروررىزمنى توسۇش يولىدىكى كۆرەشلەردە
تەدرىجىي ئاجىزلاپ قېلىشى، ھەتتا يوققا چىقىشىدىن ئەنسىرەيت-
تى. ئەلۋەتتە بۇنداق نەتىجە چىقىدىغانلىقى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ
ئىسپاتلانغىنى يوق. يەنە سىياسىي تۈزۈلمىدىكى «ئىدارە قىلىش
قاتلىمى»نىڭ قوغدىشى ئاستىدىكى يەنە بىر خىل ئەكسىچە يۈزلى-
نىشمۇ بار. 70 ـ يىللاردىن باشلاپ خۇسۇسىيلارنىڭ ماتېرىياللى-
رىنى قوغداش تەشەببۇسى ئاخىر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بۇ جەھەتتە
جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. بىراق، دېموك-
راتىيە تېرروررىزمغا قارشى كۆرەشتە ئۆزىنى ئۆزى بىكار قىلىۋې-
تىشى ھەمدە شۇ سەۋەبتىن بىر قىزىقارلىق بۇرۇلۇش كېلىپچىق-
قاندىن كېيىن، تېررورچىلارنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە زەربە بې-

رىش نىشانىنى ئۆزىلا تاماملاپ، خۇددى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قور-
قۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش يولىنى تاللىغاندەك ئەھۋالمۇ مەلۇم
دەرىجىدە كېلىپچىقىشى مۇمكىن، بۇنداق خەۋپ ـ خەتەر ھازىر ئې-
نىق ھەم دائىم تەكىتلىنىپ تۇرىدىغان بولدى.[1]

ئىككىنچى خىل ھۆكۈم تېررورچىلارنىڭ قورال ـ ياراغ مەسى-
لىسىگە چېتىلىدۇ. ھازىر ئۇلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قو-
راللارغا ئېرىشىشى ۋە ئۇنى ئىشلىتىشىنى توسۇش ئەسلا مۇمكىن
ئەمەس. مۇشۇ نۇقتىئىنەزەرگە زىت ھالدا، ئۇزاقتىن بۇيان مۇنداق
بىر گەپمۇ دېيىلىپ كېلىۋاتىدۇ: تېررورچىلار كەڭ كۆلەملىك قىر-
غىن قىلىشقا قىزىقمايدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇنداق قوراللارغا ئې-
رىششىمۇ ئاسان ئىش ئەمەس. بۇنداق نۇقتىئىنەزەر بۇرۇنلا قايىل
قىلىش كۈچىگە ئىگە ئەمەس دەپ قارالغانىدى، بۈگۈن تېخىمۇ پۈت
تىرەپ تۇرالمايدۇ. نەچچە يۈزلىگەن ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە پىسەنتمۇ
قىلىپ قويمايدىغان ئاشۇ كىشىلەر (بۇ بۈگۈن تېررورلۇق ھەرىكى-
تىنىڭ «ئۆلچىمى» بولۇپ قالدى) ئىمكانىيەت بولسىلا مىڭلىغان،
ئونمىڭلىغان كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشنى ئويلايدىغان بول-
دى. ناۋادا نيۇيوركتىكى دۇنيا سودا مەركىزىنى غۇلىتىپ چۈشۈر-
گەن پارتلاتقۇچتىكى سيانىدلار كۆيمەي، ھاۋاغا تارقىلىپ كەتكەن
بولسا، نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ جېنىنى ئالغان بولاتتى. جىنايەتچىلەر-
نىڭ مۇددىئاسى بۇنىڭدىنمۇ ئېنىق بولمايدۇ، تېررورچىلار بۇ ھەرد-
كەتنى ئالدىن پىلانلىغان ھەم قەستەن شۇنداق قىلغان. بۇنىڭدىن
سىرت، ناۋادا پارتلاتقۇچنىڭ كۈچىدە دۇنيا سودا مەركىزى ۋال
ستېرت كوچىسىغا غۇلاپ چۈشكەن بولسا، ئۇنداقتا سىجىل دومىنو

---

① ۋاللېر لاچۇئېۋر: «خاتالاشقۇچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن يېڭى شەكىلدىكى قورال»، «كەلگۈسىدىكى تېررورىزم»، «Internationale Politik» نىڭ 1996 ـ يىلى 1 ـ ئايدىكى سانىنىڭ 19 ~ 22 ـ بېتىگە قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېففېكتى يۈز بېرەتتى. ئەگەر شۇنداق بولسا، مانخاتتون جەنۇبىي رايوندا ئاگاساكىدىكى ئاتوم بومبىسى پارتلاشتىن قېلىشمىغۇدەك غايەت زور بالايىئاپەتنىڭ كېلىپچىقىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

ياپونىيەنىڭ ئوم ھەقىقەتتى دىنىدىكىلەر بىيوخىمىيەلىك قورالالارنى تەتقىق قىلىشقا نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ، قۇدرەتتى تەڭداشسىز بىيوخىمىيەلىك قورال ئىشلەپچىقىرىشقا ئۇرۇنغان. كىشىنى خۇش قىلىدىغان يېرى شۇكى، تاكى توكيودىكى يەر ئاستى تۆمۈر يولىغا زەھەرلىك گاز قويۇپ بەرگەنگە قەدەر ئۇلار كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى بىيوخىمىيەلىك قورالالارنى تېخى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقالمىغان، ئۇلارنىڭ بىيوخىمىيەلىك قورالالارنى تەتقىق قىلىپ ياساش پىلانى يەنىلا ئەڭ دەسلەپكى تەجرىبە باسقۇچىدىلا توختاپ قالغان بولۇپ، ئىشقا كىرىشتۈرگۈدەك پىشىپ يېتىلىش باسقۇچىغا تەرەققىي قىلالمىغان. بۇ تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، تېررورچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «كىچىك شەخسنىڭ ئاتوم بومبىسى» نى ئىشلەپچىقىرىش «ئادەتتىكى ئىش» ئەمەس. بىراق، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، بولۇپمۇ گېن تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇنداق تېخنىكىلارنى ئىگىلىمەكمۇ ئاسانلىشىدۇ. بۇ مەسىلىدە يادرو قورالالارنى ئىشلەپچىقىرىش مۇمكىنچىلىكىنى يوققا چىقىرىشقا بولىدۇ. چۈنكى، تېخنىكا جەھەتتىكى توسالغۇ يەنىلا ئىنتايىن چوڭ، خىمىيەلىك قورالالار بىلەن بىيولوگىيەلىك قورالالارنى ئىشلەپچىقىرىشتىكى تېخنىكىلىق تەلەپ تۆۋەن بولغانلىقتىن، تېررورچىلار بۇنىڭغا بەكرەك قىزىقىدۇ.

بىيوخىمىيەلىك قورالالار ئاۋادا تېررورچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە، بىزگە نىسبەتەن كەلگۈسىدىكى ئەڭ چوڭ تەھدىتنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، بۇنداق قورالالارنى كىچىك دائىرىدە

ئىشلەپچىقارغىلى ھەمدە بۇلارنى قولغا چۈشۈرگىلى بولىدۇ. بۇ چاغدا ئىنتايىن خەۋپلىك ئەھۋال يۈز بېرىشى مۇمكىن، چۈنكى بۇ بىيوخىمىيەلىك قوراللارنى مەخپىي توشۇماقمۇ ئاسان، يەنە كېلىپ بەزى «پايدىلىق» شارائىتتا، پەقەت يادرو قوراللىرىلا پەيدا قىلالايدىغان ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىشى ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن.

ناۋادا تېررورچىلار كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارنى ئىشلەتسە، خەلقئارالىق سىياسىي قاتلامغا زادى قانداق تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ؟ بىز ھازىرچە تېخى بۇنىڭغا ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمىز. چۈنكى، بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە سانلىق مەلۇماتلىرىمىز تېخى يېتەرسىز. بۇنى تولۇق مۆئەييەنلەشتۈرگىلى بولمىسىمۇ، مۇمكىنچىلىكنى يوق دېگىلى بولمايدۇ، مەدەنىي دۇنيا تېررورىزم ئالدىدا چېكىنىشى مۇمكىن، ھەتتا ئاشۇ نىيىتى يامان ھۆكۈمەتلەر ئۆزىنىڭ نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشنى خالايدىغان تېررورچىلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشى مۇمكىن. تېررورىزمغا تايىنىپ دۆلەتنى ئاغدۇرۇۋېتىشمۇ يېڭىچە ئىش ئەمەس، قىزىل بىرىگادىدەك تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىمۇ ئىلگىرى سابىق شەرقىي گېرمانىيەنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن. بۇنى كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللار مەسىلىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئويلايدىغان بولساق، دۆلەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان تېررورىزم نېمىلا دېگەنبىلەن يەنىلا بىر يېڭى ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. تېررورىزمغا ياردەم بەرگەن دۆلەتلەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئىنتىقام ئېلىشى تۈپەيلىدىن ئۆزى زىيانغا ئۇچرىشى مۇمكىن. چۈنكى، مۇمكىنچىلىكى بولغان ئىككىنچى خىل ئىنكاس شۇكى، رايون ۋە مەدەنىيەت چەك ـ چېگراسىدىن ھالقىغان كۆپ سانلىق دۆلەتلەر بىرلىشىپ تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ «رەسمىي» ياردەم بەرگۈچىلى-

www.uyghurkitap.com

رىنى يېتىم قالدۇرىدۇ، ناۋادا ئىمكانىيەت بولسا، يەنە مۇۋاپىق جا-زالايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، تېررورچىلارنىڭ قورال كۈچىدىن پايدى-لىنىپ مەدەنىيەت ئېكستىرېمىزمىنىڭ تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈ-رىدىغان ھەرىكەتلىرىنىمۇ ئالدىن مۆلچەر قىلىشقا بولىدۇ، بۇنداق ئېقىمغا قارشى ئىش تۇتۇش پۈتكۈل دۇنيادىكى ئۆكتىچى ئىتتىد-پاقنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ. چۈنكى، ئاشۇ چېتىلىپ قالغان مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكى دۆلەتلەرمۇ ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى قىلچە قابىلىيىتى يوق جاللاتنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇشنى خالىمايدۇ. بۇ دۆلەتلەر ئەۋزەل مۇداپىئە ئىقتىدارىغا ئىگە بولسىمۇ، بۇ خىل ئىنكاس يەنىلا غايەت زور زىيان كەلتۈرۈشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى خىل ئىمكانىيەت بىز ئالدىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن چېكىدىن ئاشقان ئىنكاستۇر، يەنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان دۆلەت دېموكراتىيەدىن ۋاز كېچىپ، دېموكراتىك دۆلەتتىن ساقچى دۆلە-تىگە ئايلىنىدۇ. شۇڭا، بۇنداق ئاقىۋەت تېخىمۇ ئەجەللىك بولىدۇ، چۈنكى بۇ دېموكراتىك دۆلەت ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىققا يۈزلەنگەن ھەق تەلەپ ھوقۇقىنىڭ خەلقئارالىق مۇناسىۋەتكە كۆرسەتكەن پايدى-لىق تەسىرىنى تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. زوراۋان دۆلەتلەر ئۆتتۈرىسىدىكى بۇنداق مەۋجۇتلۇق رىقابىتى دېموكراتىيەدىن مەھ-رۇم قالغان بۇنداق دۇنيادا تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كېتىشى مۇم-كىن. دۆلەت ھالقىغان تېررورچىلار، مەسىلەن، «Freedan Fighter» (ئەركىن جەڭچىلەر)، «Contras» لارغا ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەشكىلاتلارغا مەبلەغ ياردەم قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ھوقۇق دا-ئىرىسىنى كېڭەيتىش ياكى رەقىبىنى ئاجىزلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتىدىغان ئىشلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىشى مۇمكىن، ئەمما دوس-تانە ئۆتمەيدىغان ۋە تىنچ بولمىغان مۇشۇنداق بىر دۇنيادا، مەدەنى-يەت گۇرۇھلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى يەنىلا ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىر

خىل تەرەققىيات يۈزلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. ھوقۇققا بولغان قىزى- قىش دۇنياغا زومىگەرلىك قىلىدىغان ئورۇندىكى يېڭى نامزاتلارنىڭ يىراق رايونلاردىن، يەنى مەدەنىيەت چەمبىرىكىنى توغرىسىغا كې- سىپ ئۆتۈپ ئىتتىپاق تۈزىدىغان ھەمراھ ئىزدىشىگە تۈرتكە بولى- دۇ، خىرىسقا دۇچ كەلگەن قۇدرەتلىك دۆلەتلەرمۇ ئوخشاش ھەرىكەت قوللىنىشى مۇمكىن.

خەلقئارالىق سىياسىي سەھنىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئۈچ جەھەتتىن تەسۋىرلەپ ئۆتتۇق. بۇلارنى بىز مۆلچەرلەشكە بولىدىغان تەسىر دەپ قارايمىز، شۇنداقلا بۇ تەسىرنى مەدەنىيەت ئەسلىيەتچى- لىرىمۇ ئىنشقا ئاشۇرالايدۇ. ئەلۋەتتە بۇ ئۆزگىرىشلەر «ھەقىقىي مۇخلىس»لارغا تەلۋە ئۇنسۇرلار ئىنتىلگەن ئاخىرقى غەلىبىنى ئاتا قىلالمايدۇ، بەلكى نوقۇل يوقىتىش خاراكتېرلىك ئۇنۇمگىلا ئىگە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېلىپچىقىدىغان خەلقئارالىق سىياسىي ئاقىۋەت تاسادىپىي ھەم خىيالىغا كەلتۈرمىگەن يەردىن چىقىدۇ.

## مۇھىتنىڭ بېسىمى

كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان يەنە بىر ئىش شۇكى، ئۇ تامامەن «غەيرىي سىياسىي» تەسەۋۋۇرنى چىقىش نۇقتىسى قىلى- غان بولىدۇ، يەنى تەبىئىي مۇھىتنىڭ تېزلىكتە بۇزۇلۇشى ئىنسا- نىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تەھدىت سالماقتا. مۇشۇنداق بۇزغۇنچىلىق تۈپەيلىدىن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى تالان - تاراج قىلىنىپ قۇرۇقداپ قويۇلدى. ئىنسانلارنىڭ ياشاش ئاساسىمۇ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. بىز ئوخشاشمىغان رايونلارنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ۋە كاپىتالنىڭ يۆتكىلىش شەكىللىرىنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، مۇشۇنداق يەكۈن چىقاردۇق. نۆۋەتتە ئىنسانلار بۇ مەسىلىنى مۇئەييەن دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك تىز-

www.uyghurkitap.com

گىنلىدى، مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش قىلمىشلىرى ئەمدى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئادەتتىن تاشقىرى سەلبىي تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان بولدى.

بۇ يۈرەكلىك بىلەن قىلىنغان قىياس، بىراق بىز كەم دېگەندىمۇ مۇنداق پاكىتنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز: ئاشۇ ئوخشاشمىغان رايونلار ئالدى بىلەن سىياسىي كۈچلەرنىڭ ئىگىلىكنى دېموكراتىك، ئېچىۋېتىلگەن يوسۇندا تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. لېكىن بۇ تەبىئىي بايلىققا بولغان بۇزغۇنچىلىقنى ئالدىن ئويلاشمىغان ئەھۋالدىكى ئىلگىرى سۈرۈش ھېسابلىنىدۇ، بۇنداق تەرەققىيات ئەندىزىسى «سىجىل تەرەققىيات»نىڭ بارلىق دانالارچە تەلەپ ۋە مىزانلىرىغا خىلاپ بولسىمۇ، بىراق قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ خىل ھەرىكەت ھازىرغا قەدەر يەنىلا بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسىگە ئۇيغۇن ھېسابلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بۇنداق نۇقتىئىنەزەردە ئەخمەقلەرچە چىڭ تۇرۇۋېلىشىمۇ ئۇمىدسىزلەنگۈچىلەرنى ئەندىشىگە سېلىۋاتقان سەۋەبلەرنىڭ بىرى، مۇھىت جەھەتتىكى كېلىشىش سىياسەتلىرىگە تەرەققىي تاپقان سانائەت دۆلەتلىرى ئەمەل قىلىشى كېرەك، ئەمما ئۇلار ھەرقانداق مەجبۇرىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشنى خالىمايدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىرىنچى چوڭ ئىش بولۇپ، مۇھىت ئاسراشقا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ ئالدىن تەرەققىي قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۇلار بىز غەربلىكلەرنىڭ ئاپەت خاراكتېرلىك تەرەققىيات يولىنى قارىغۇلارچە دورىغان چاغدا، ئۆزلىرىنىڭ سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى دەرھال ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي سىستېمىسىغا قوبۇل قىلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغان بولىدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئۇلار غەرب ۋە شەرقتىكى تەرەققىي قىلغان سانائەت ئەللىرىنىڭ

مەغلۇبىيەت يولىغا يېڭىباشتىن قەدەم باسقان بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئانچە يىراق بولمىغان كەلگۈسىدە كېتىدىغان سەرپىيات ئىنتايىن يۇقىرى ھەم دائىم ئەجرى بىكارغا كېتىدىغان تولۇقلاش، تۈزىتىش خىزمەتلىرىنى ئىشلىمەكتىن باشقا ئامال قالمايدۇ. شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا ئەللەر ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق مۇھىتىدا ئۆسىدىغان ئورمانلارنى خالىس يوسۇندا ئېكولوگىيەلىك باشقۇرۇش كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇشنى رەت قىلغانلىقتىن، 1992 ـ يىلىدىكى رىئېۋكس يىغىنىدا ئۇلارنىڭ ئەخمىقانىلىكى تارىخنىڭ ئار ـ نومۇس تۈۋرۈكىگە مەڭگۈلۈك ئويۇلدى. 1997 ـ يىلى ۋە 1998 ـ يىلى سۇماتىرا ئارىلىدا يوقىتىش خاراكتېرلىك ئېغىر ئوت ئاپىتى كۆرۈلگەن مەزگىلدە، ئۇلار قىلغانلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىپ ئولتۇرماقتىن باشقا ئىش قىلالمىدى،بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان نەچچە مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇلاردىن سىرت، يەنە ساياھەتچىلىك ۋە باشقا كەسىپلەر ۋاسىتىلىك تارتقان زىيانمۇ بار.

ىىراق، تەرەققىي تاپقان سانائەت ئەللىرىنىڭ ئىپادىسىمۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولمىدى. ياۋروپا ئىتتىپاقى پەقەت پارنىك گازىنى قويۇپ بېرىشكە قارىتا ئېھتىياتچان، ئەمەلىيەتتە يەنىلا خېلى مۇتەئەسسىپ بولغان تەۋسىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ىىراق ئۇ يەر شارى كىلىماتى جەھەتتىكى سىياسەتنى يولغا قويۇشنىڭ ئىنقىلابىي پېشۋاسى دەپ كۆپتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن خەلقئارالىق مۇھىت سىياسىتىنىڭ قانچىلىك ئېچىنىشلىق ھالدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دۇنيادىكى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت ئامېرىكىمۇ كىلىمات مەسىلىسىدە بىر «مۇتتەھەم دۆلەت»تەكلا قىلىقلارنى قىلىپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئاتالمىش «ئامېرىكىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى»نى «يامان سۈپەتلىك ھەم ئەخمىقانە»

يوسۇندا قوغدىغانلىقى ئۇچىغا چىققان جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ كيوتو كېلىشىمىگە بولغان كۈچلۈك قارشىلىقلىرىدىن ئىسپاتلىنىدۇ. بۇنداق قىلمىشلارنىڭ دۇنيا خەۋپسىزلىكىگە بولغان تەھدىتى ئىراقنىڭ بىيولوگىيەلىك قوراللىرى، لىۋىيەنىڭ خىمىيەلىك قوراللىرى ياكى شىمالىي چاۋشيەننىڭ ئاتوم قوراللىرىنىڭ تەھدىتىدىن قېلىشمايدۇ.

مۇھىت مەسىلىسىنىڭ خەلقئارالىق سىياسىيغا بولغان تەسىرى ئىككى خىل شەكىلدە ئىپادىلەندى. بىرىنچى خىلى، شىمال ـ جەنۇب ئەندىزىسى دېيىلدى. بىر جەھەتتىن، شىمالدىكىلەر تەلەپ قىلىنغان مۇھىت ئاسراش ئالاھىدە بەدىلىنى زىممىسىگە ئېلىشنى رەت قىلسا، يەنە بىر جەھەتتىن، جەنۇبتىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئوخشاشلا تەۋرەنمەس قارار چىقىرىپ، «سىجىل تەرەققىيات»نىڭ پۈتكۈل يەر شارىغا بولغان پايدىسىنى كۆزلىگەن ئاساستا مۇھىتقا ئالاھىدە زېيىنى بار ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى چەكلەشكە قوشۇلمىدى. ئىككىلا تەرەپ مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان يامان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش جاۋابكارلىقىنى قارشى تەرەپتىن كۆرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ ئەكسىچە يول تۇتقان ئۇچىغا چىققان ئىككى سىياسىي ئىتتىپاق شەكىللەندى. ئىككىلا گۇرۇھ مۇھىت سىياسىتىنىڭ باھانىسىدە، سودا قورۇقچىلىقىنى يولغا قويدى. شىمالدىكىلەر جەنۇبتىكى كۆچمەنلەرنىڭ كىرىشىنى قاتتىق چەكلەپ، جەنۇبتا ھەربىي ئىشلار جەھەتتىن ئارىلىشىش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، پەۋقۇلئاددە زىيانلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر (مەسىلەن، ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق مۇھىتىدا ئۆسىدىغان ئورمانلارنى قالايمىقان كېسىش)نى قورال كۈچى ئارقىلىق ئاخىرلاشتۇردى؛ بۇنىڭغا جاۋابەن شىمالغا نېفىت توشۇشنى چەكلەش ۋە ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم خام ماتېرىياللارنى ئېكسپورت قىلىشنى چەكلەش ئەھۋال-

لىرى يۈز بەردى. شىمالدىكىلەر نېفىت تەمىنلەشنىڭ بىخەتەرلىكى-
گە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قوللانغان ھەربىي ئىشلار تەدبىرلىرى
ئەكسىچە يەنە جەنۇبتىكىلەرنى كەڭ دائىرىلىك تېررورىزم ئارقىلىق
قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

ھەر خىل سەۋەبلەرنى كۆزدە تۇتقاندا، بۇنداق جەرياننىڭ كۆرۈ-
لۈشى ئانچە مۇمكىن ئەمەس. «جەنۇبىي قىسىم»دىن ئىبارەت بۇ
يەككىلىك بەك تارقاق، پەرقمۇ بەك چوڭ، شۇڭا ئۇيۇشۇش كۈچى
يېتەرسىز بولۇپ، تەلەپ قىلىنغىنىدەك بىرلىك سەپنى شەكىللەن-
دۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئۇلار مۇھىت مەسىلىسىدىمۇ رو-
شەن ئوخشىمايدىغان مەيداننى ئىپادىلىدى. مەسىلەن، نېفىت ئىش-
لەپچىقىرىدىغان دۆلەتلەر نېفىت خىمىيە يېقىلغۇ سەرپىياتىغا
ھېچقانداق چەكلىمە قويماسلىقنى ئۈمىد قىلاتتى؛ بەزى ئۇششاق
ئارال دۆلەتلەر بارلىق ئىستېمالچىلارنىڭ ئىشلىتىش مىقدارىنى
ئازايتىش جەھەتتە دەرھال پائال تەدبىر قوللىنىشنى ئۈمىد قىلدى؛
ئەمما تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى بارلىق يۈكنى
تەرەققىي تاپقان سانائەت دۆلەتلىرى زىممىسىگە ئالسىكەن دەيتتى.
بىراق، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۈچىنچى دۇنيادا ئىدراكىي پىكىر يۈر-
گۈزۈلىدىغان بولدى. چۈنكى، ئورمانلارنى داۋاملىق قالايمىقان كې-
سىۋېرىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆز مەنپەئەتى قۇربان بولۇپ كېتەت-
تى. جەنۇبىي قىسىمدىكى ئىجتىمائىي دۇنيا تېز تەرەققىي قىلغان-
سېرى، ئۇ يەردىكى كىشىلەر مۇھىت ئاسراشنىڭ ئىقتىسادنى مۇ-
ۋەپپەقىيەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئالدىنقى شەرت ئىكەنلى-
كىنى تېخىمۇ بالدۇر تونۇپ يېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،
تەرەققىي قىلىۋاتقان نۇرغۇن ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى
شىمالدىكىلەر بىلەن قاتتىق ئارازلىشىپ قېلىشقا رۇخسەت قىلمىد-
مايتتى. شۇڭا، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ شىمال ـ جەنۇب مۇناسىۋىتى-

نىڭ يامانلىششىدىن ھەر ۋاقىت پايدىلىنىپ، تەرەققىي تاپقان دۆ-لەتلەر بىلەن ئىمتىيازلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئەكسىچە، شىمالدىكىلەرمۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جاھىللارچە تۇتقان يولىغا ئۇزاققىچە ئەمەل قىلىپ كەتمەيتتى. بەزى سانائەت دۆلەتلىرى بۇنىڭ پېشۋالىرىدىن بولۇپ قالدى. ئەمما، يەنە بەزى دۆلەتلەر مۇرەسسە ـ مادارا يولىنى بويلاپ كېتىۋەردى. ئۇلار جەنۇبتىكى بىرقەدەر مۆتىدىل دۆلەتلەر بىلەن تىرىشىپ ئالاقە ئورناتماقچى ئىدى. ناۋادا ئىش شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇنداقتا دۇنيادىكى يېڭى ئىككى قۇتۇپلۇق ئەندىزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، زىيادە كۆپ مەنبەلىشىش، زىيادە مۇرەككەپلىشىش ۋە پەرقلىق بولۇش ئەھۋالى كېلىپچىقاتتى.

شۇڭا، بىز بىر خىل زىددىيەت مۇمكىنچىلىكىگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇشىمىز كېرەك. ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتى ئەندىزىسىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. يەنى مۇھىت بېسىمى دۇنيانى ئۆزۈكسىز بۆلۈنمە ھالەتكە باشلاپ باردى. تەبىئىي مۇھىتقا بولغان زىيانكەشلىك يەنە كىشىلەرنى ئۆزى ياشايدىغان زېمىنغا قايتۇرۇپ كەلدى، ئۇلار تېخىمۇ ئابستراكت، تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئورتاق گەۋدىدىن تونۇش تۇيغۇسى ئىزدىمەستىن، بەلكى تېخىمۇ تار دائىرىگە بەكرەك مايىل. ئۆزى ياشايدىغان ماكان تاشقى دۇشمەنلەردىن قوغدىلىشى كېرەك، بۇنداق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ يەنە ئۈزۈكسىز ئەۋج ئېلىۋاتقان كۆچمەنلەر ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن كۈچىيىپ باردى، ئەمما تەجرىبىگە ئاساسلانغاندا كۆچمەنلەر دولقۇنى دەل مۇھىت بېسىمىغا تۈرتكە بولىدىغان ئامىل، شۇڭلاشقا بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلغان مەسىلە «چوڭ» مەدەنىيەت چەمبىرىكىنىڭ توقۇنۇشى بولماستىن، بەلكى «كىچىك» ئىرق مەدەنىيىتىنىڭ بۆلۈنۈشى بولۇپ، ئۇ ئايرىمچىلىق، ئۈزۈكسىز ئەۋج ئېلىۋاتقان ئىچكى ئۇرۇش

ۋە دۆلەت كىرىزىسى، چېكىدىن ئاشقان چەتكە قېقىش كەيپىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كەڭ كۆلەملىك ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئاجىز دۆلەتلەر بۇنداق بېسىم ئاستىدا يىمىرىلىپ ۋەيران بولۇشى، سومالىدىكىدەك ئەھۋاللار يەنىمۇ كۆپىيىشى مۇمكىن. كۈندىن - كۈنگە قىس بولۇۋاتقان بايلىقلارنى، مەسىلەن، تېرىلغۇ يەر، ئىچىدىغان سۇ قاتارلىقلارنى تالىشىش يۈزىسىدىن ياكى دېڭىز - ئوكيانلاردا بېلىق تۇتۇش جەھەتتىكى پىكىر ئىختىلاپىدىن رايونلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئۇرۇشلار كېلىپچىقتى. بۇنداق ئىشلار كۆز ئالدىمىزدىمۇ كۆپ يۈز بېرىشى مۇمكىن. دۆلەتنىڭ پارچىلىنىپ كېتىش تەھدىتىدىن ساقلىنىشقا قۇربى يېتىدىغان، رايون تەۋەسىدە بىرقەدەر قۇدرەتلىك سانىلىدىغان چوڭ دۆلەتلەردە، مۇشۇ تۈپەيلىدىن ھەربىي ۋاستىلەرنى قوللىنىپ رايون زومىگەرىگە ئايلىنىشنى ئارزۇ قىلىشتەك يېڭى مۇمكىنچىلىكلەر كۆرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن تەھدىتكە ئۇچرىغان دۆلەتلەر ئەتراپتىن قوغدىغۇچى ئىزدەشكە كىرىشتى. ئارقىدىنلا دۆلەتلەر دۇنياسىنىڭ كۈچ تەڭپۇڭلۇق ئويۇنى يەنە باشلاندى. ئېكولوگىيەلىك كىرىزىسنىڭ ۋەسۋەسىسى بۇ ئويۇننىڭ تېز ئايلىنىشىغا تېخىمۇ تۈرتكە بولدى. ياۋروپانىڭ ئىچكى قىسمىدا دۆلەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كەتتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، پۈتكۈل «غەرب دۇنياسى» تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كەتتى، بۇنىڭدىكى مەقسەت ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ ئۆز چېگراسىغا بولغان تەھدىتىنى توسۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇنداق ھەمكارلىقنىڭ شەكىللىنىشى غەربنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۈزۈكسىز كۆپىيىۋاتقان پەرققە قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى يولغا قويۇلۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. بىز ئالدىنقى قىسىمدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «نورمال تەرەققىي قىلىۋاتقان» دۆلەتلەر ھاكىمىيەتنىڭ دائىملىق ئالمىشىشى ۋە تې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىمۇ تەھدىتلىك بولغان كۆچمەنلەر دولقۇنىنىڭ تەسىرىدىن تۇتقان يولىنى ئۆزگەرتتى. ئەلۋەتتە بىز يەنە تېخىمۇ قىزىقارلىق ئىشلارنى توقۇپ چىقالايمىز، مۇھىتنىڭ جىددىي ئۆزگىرىشى «يوھان بېشارەتلىرى»دىكى «تۆت چەۋەنداز» (ئايرىم - ئايرىم ھالدا چۇما كېسەلى، ئۇرۇش، ئاچارچىلىق ۋە ئۆلۈمنىڭ سىمۋولى، ئۇ تېررورلۇق، شۇملۇقنى بىلدۈرىدىغان ئىسىمداش — تەرجىماندىن)نى دۇنياغا تېزلىكتە يامراتتى. چۇما كېسىلى بىلەن ئاچارچىلىق شىمالدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇقىملىقىنى يوققا چىقاردى. كەڭ كۆلەملىك قېچىش ۋە كۆچۈش دولقۇنى دۆلەت چېگراسىغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى، بۇ ئاخىرىدا ئىگىلىك ھوقۇقىنىمۇ يوققا چىقىرىشى مۇمكىن. جۇشقۇنلۇقتىن ئەسەرمۇ بولمىغان بۇنداق ھۆكۈمەتسىزلىك دۇنياسىدا، مەدەنىيەتنىڭ پېشانىسى ئوڭ كېلىپ ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، خەلقئارالىق سىياسىيمۇ يوققا چىقتى، قېپقالىدىغىنى پەقەت بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقان كوللېكتىپلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ئەجەللىك چەككە يەتكەن، ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولغان ياشاش يولىدىكى جەڭلا بولدى، خالاس.

بىراق، تېخىمۇ ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە بىر تەرەققىيات ئەندىزىسىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. «ئوتتۇرا ھال» ئاپەتلەر، مەسىلەن، ھىندونېزىيەدە يۈز بەرگەن ئورمانلىق ئوت ئاپىتى ياكى ئاتموسفېرادىكى ئوزون قەۋىتى تۆشۈكىنىڭ ئۈزۈكسىز چوڭىيىشى ئارقىسىدا، كىشىلەر مۇھىت ئاسراش مەسىلىسىنى يېڭىباشتىن ئويلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن يەر شارى مۇھىتىنى ئاسراش ئېڭىمۇ كۈچەيدى. بىز بۇ يەردە كۆزدە تۇتىۋاتقان مۇھىت ئاسراش مەسىلىسى ھەرقانداق مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىن كەلگەن غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى پىكىردە بىرلىككە كېلەلەيدىغان تېما. مۇھىت ئاسراش ھەرىكىتى دۇنيادىكى بارلىق رايونلاردا قانات ياي-

دۆرۆلدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ يەنە دېموكراتىيە بولمىغان دۆلەتتە قاتنىشىش خاراكتېرى بىرقەدەر كۆچلۈك بولغان تەرەققىيات سىياسىي كۆچىگە ئايلاندى. غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى، مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئىقتىسادىي مەنپەئەت گۇرۇھلىرى، مۇھىت ئاسراش تېخنىكىسى بىلەن تەمىن ئېتىدىغان سانائەت تارماقلىرى ۋە بيۇروكرات ئاپپاراتلارنىڭ مەسئۇل تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن ئىتتىپاقنىڭ ئوزۇن قەۋەتنى قوغداش كېلىشىمى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋەت كېلىشىمىنى ئادا قىلىشقا، شۇنداقلا باشقا بەزى دېگىز ـ ئوكيان ئاسراش كېلىشىملىرىنىڭ ئىمزالىنىشىغا ياردىمى تەگدى، نۆۋەتتە يەر شارىنىڭ كىلىمات سىياسىتى جەھەتتە نۇرغۇن ئىختىلاپلار بولسىمۇ، بىراق بىز تامامەن تەسەۋۋۇر قىلالايمىزكى، بۇنداق ئىتتىپاق شەكلىنىڭ ھاسىل بولۇشى «جەنۇب تەرەپ» بىلەن ئامېرىكا ۋە باشقا ئۆزى خالىمايدىغان دۆلەتلەر بىلەنلا چەكلەنگەن «شىمال تەرەپ» ئوتتۇرىسىدىكى قاتمال قارشىلىشىشنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، كەلگۈسىدىكى تەرەققىيات يۆزلىنىشى بولۇپ قالدى. ئامېرىكىدىكى ئەل رايىنى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، كۆپ سانلىق كىشىلەر مۇھىت ئاسراش سىياسىتى جەھەتتە مۇرەسسە قىلىش پوزىتسىيەسى قوللىنىشنى خالىسىمۇ، بىراق نۆۋەتتىكى ھۆكۈمەت قوللانغان قاتتىق سىياسەتلەرنى قوللىمايدۇ، بولۇپمۇ پارلامېنتتا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكى چېكىدىن ئاشقانلار پارنىك گازىنى قويۇپ بېرىشنى چەكلەيدىغان «كيوتو كېلىشىمى»گە نىسبەتەن جاھىللارچە مەيدانىنى ئىپادىلىدى.

ئۇنداقتا، مۇھىت سىياسىتىدىكى بۇرۇلۇش ئوخشاشمايدىغان مەدەنىيەت چەمبىرەكلىرىنىڭ ئۆزئارا يېقىنلىشىشىدىكى چىقىش نۇقتىسى بولۇپ قالارمۇ؟ بۇ خىل قاراش ئەقىلگە مۇۋاپىقتەك كۆرۈنىدۇ. ئىنسانلار ياراتقان بارلىق مەدەنىيەتلەردە، تەبىئەت (ئوبـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېكتىپ ماددىي دۇنيا)كە نىسبەتەن پەۋقۇلئاددە تەسەۋۋۇر كۆچى بار. مەسىلەن، جىمىكى مەۋجۇداتلارنى پەرۋەردىگار ياراتقان ياكى بۇلار ھەتتا پەيغەمبەرلەرنىڭ گەۋدىسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، بۇ كىشىلەردىن ئاسراش مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتتىكى كىشىلەر مۇشۇ ئاساستىلا بىردەكلىك ھاسىل قىلالايدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئەلۋەتتە بەك كۆپ ئۇ-مىد كۈتەلمەيمىز. ئەمما، «جەنۇب تەرەپ»تىكى ئاھالىنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشى، سانائەتلەشتۈرۈش دولقۇنى بىلەن «شىمال تە-رەپ»تە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن مەنپەئەت ئىنتېرتسىيەسى ۋە تۇرمۇش ئادىتى بۇ خىل بۇرۇلۇشنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى ئەمەلىي ئەھۋال تەلەپ قىلغاندىكىدىنمۇ بەكرەك ئاستىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. يەر شارىنىڭ مۇھىت شارائىتى كەلگۈسىدىكى نەچچە ئون يىلدا داۋام-لىق ياماnلىشىپ بارىدۇ، رايون خاراكتېرلىك ئاپەتلەرمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ كۆپىيىدۇ. بىراق، بىزگە يەنە مۇنداق پۇرسەتمۇ بار. يۇ-قىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن يامان ئىشلار بەلكىم دۆلەت چېگراسى ۋە مەدەنىيەت چەك - چېگراسىدىن ھالقىغان ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچكە ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

## ئىستاتىستىكىدىكى تەرەققىيات ۋە كۆچۈش

مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سوقۇلۇش بىلەن «كۆچمەن»لەر ھادىسىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەتنى سېلىشتۇرىدىغانغا باشقا بىرەر خىل ئۇسۇل تېخى يوق. «كۆچمەنلەر» ياشاش ئۇچۇن، ئۆزى تۇغۇلغان يەرگە تامامەن يات، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تەھ-دىت بىلەن تولغان يېڭى مۇھىتقا كۆچۈپ بارىدۇ. يەنە بىر جەھەت-تىن، ئۇ مۇشۇ كۆچمەنلەرنى قوبۇل قىلىدىغان دۆلەتتىكى ئەسلىي ئاھالىلەر يۈزلەنمىسە بولمايدىغان تاشقى خىرىس. بۇنداق خىرىسنى

ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ۋە يۇقىرى قاتلامدىكى سىنىپقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئانچە مۇھىم ئەمەس ياكى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق كىد-چىك ئىش دېيىشكە بولمىسىمۇ، بىراق نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ يەنىلا زەربىسىز ھەم تەھدىتسىز ئىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ئاساسەن دېگۈدەك بۇ تۇپەيلىدىن تەسىرگە ئۇچ-رىمايدۇ. ئۇلار مائارىپ جەھەتتە تاشقى تەسىرنىڭ تەسىرگە بەكرەك ئۇچراپ، بىزارلىق ھېس قىلىپ قالسا، ئۆزىنىڭ باللىرىنى باشقا رايوندىكى مەكتەپلەرگە ياكى خۇسۇسىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا بې-رىشىدۇ. كۆچمەنلەرنىڭ ئۆزىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆچمەنلەر پەيدا قىلغان «يۈك»نى كۆتۈرىدىغانلار ئالدى بىلەن جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئاۋام ـ پۇقرالار بولىدۇ، ئۇلارغا يېتىپ كەلگەن ئاھالىلەردىن خىزمەت ئورنى، ھۆكۈمەتنىڭ ئەرزان باھادا ئىجارە بېرىدىغان ئۆيى ۋە كەسپىي تەربىيەلىنىش پۇرسىتىنى تالاشماقتىن باشقا ئامال يوق. دەل مۇشۇنداق ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ چەت گىرۋەكلىرىدە تۇرۇۋاتقانلار رىقابەتلىشىۋاتقان ئەھۋالدىلا، ئوڭ قانات ئۇچىغا چىققان ئۇنسۇرلارنىڭ كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان تەرغىباتلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا شارائىت يارىتىلىدۇ.

كەڭ كۆلەملىك كۆچمەنلەر دولقۇنىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بېرىدۇ. ئافرىقى-دىكى سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار پۈتكۈل دۇنيادىكى رويخەتكە ئېلىنغان مۇساپىرلارنىڭ 30% نى قوبۇل قىلدى، ئەمما ئۇ يەردىكى دائىمىي تۇرۇشلۇق ئاھالىلەرنىڭ سانى دۇنيا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 10% ىنىلا ئىگىلەيدۇ، كۆپ سانلىق مۇساپىرلار، قوغلاپ چىقىرىلغانلار ۋە كۆچمەنلەر بۇ يەردە ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ يەر پەقەت پاناھلىنىدىغان جاي تېپىشتىكى ئوتتۇرا ھالقا، بىراق ئۇلاردا شىمالدىكى «گۈزەل دۆلەت»لەرگە بېرىۋالغۇدەك

مۇساپىنى داۋاملىق بېسىشقا كېتىدىغان زۆرۈر مەبلەغ كەمچىل. مۇساپىرلارنى قوبۇل قىلغان بىرقەدەر نامرات دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار دۇچ كەلگەن مەسىلە بىزدەك بىرقەدەر باي، بىر گەۋدىلىشىش دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى، تۇزۇلمە جەھەتتىن ماسلىشىش ئىقتىدارىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ.

بىراق، يىراق بولمىغان كەلگۈسىدە، بىزمۇ كۆچمەنلەر مەسىلىسىنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايمىز، كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا «پېنسىيە پۇلىمىز»نىڭ بىخەتەرلىك كاپالىتى مۇشۇ تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچرايدۇ، دەپ قارايدىغان مەسىلە كىشىلەر ھەمىشە مۇنازىرە قىلىشقاندەك ئۇنچىۋالا ئېغىرمۇ ئەمەس. چۈنكى، ئۇ مەسىلىلەرنى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئارقىلىق تامامەن ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ. يەر شارى خاراكتېرلىك مۆلچەردىن قارىغاندا، كەڭ كۆلەملىك كۆچمەنلەر ھادىسىسىنىڭ كېلىپچىقىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب تۆۋەندىكىچە:

نامرات ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدىكى ئاھالىنىڭ تېز كۆپىيىشى پەيدا قىلغان بېسىم؛

نامرات، باي دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كىرىم پەرقىنىڭ ئۈزۈكسىز چوڭىيىشى؛

مۇھىتنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى؛

ئۇرۇش، ئىچكى ئۇرۇش ۋە زوراۋانلىق سىياسىيسى؛

پۈتۈن يەر شارىنى قاپلاۋاتقان قولايلىق قاتناش تورى.

ئەرەب ئەللىرىدە ئاھالىنىڭ زور مىقداردا كۆپىيىشى بۇ رايوندىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسى پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي كىرىزىسنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى، تۈركۈملەپ چوڭ بولۇۋاتقان ياشلار تېز ئۆزگىرىۋاتقان دۇنيادا تېگىشلىك «پۇل»، بىخەتەر سو-

روئنغا ئىگە بولالمىدى. مەيلى خىزمەت، تۇرالغۇ ياكى مەدەنىيەتنى تونۇش تۈيغۇسى بولسۇن، ھەممىسىلا زۆرۈر كاپالەتتىن مەھرۇم قالدى. خۇنتىنگتون ئۇنىڭدىن ئۆتكۈر توقۇنۇش يۈز بېرىشنىڭ ئاساسىنى كۆرۈۋالدى. ئۇ ئىسلام دۇنياسى غەرب ئەللىرى بىلەن كەسكىن توقۇنۇشۇپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ بېشارەت بەردى. ئەمما، ئۇ ئەرەب ئەللىرىدىكى ئاھالىنىڭ كۆپىيىش دولقۇنى دۇنيادىكى ئوتتۇرا ئافرىقىدىن باشقا رايونلارغا ئوخشاشلا ئاستا - ئاستا پەسىيىشكە باشلىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى. شىمالىي ئافرىقىدىكى مەغرىب رايونىدا ئاھالىنىڭ يىللىق كۆپىيىش نىسبىتى نۆۋەتتە تېخى 2.5% تىن ئاشقان بولسىمۇ، بىراق ئالدىنقى بىرقانچە يىلغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ ئېشىش نىسبىتىدە يەنىلا سەل تۆۋەنلەش بولدى. باشقا رايونلار، مەسىلەن: شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، جۇڭگو ياكى لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىدە بۇ مەزگىلدىكى ئاھالىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 2% تىن تۆۋەن بولدى ھەمدە 1% كە قاراپ يېقىنلىشىۋاتىدۇ. ئەمما، تەرەققىي تاپقان سانائەت ئەللىرىدە، ئاھالىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى نۆل ھالەتتە دېگۈدەك تۇرۇۋاتىدۇ ياكى بولمىسا كېمىيىۋاتىدۇ.

بىز ئېكولوگىيە، ئىقتىساد ۋە سىياسىي جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بۇنداق يۈزلىنىشنى قەتئىي قوللىشىمىز كېرەك، بىراق ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تۇغۇلۇش نىسبىتىنى بىۋاسىتە تىزگىنلەشكە قارىتىلىپ قالماسلىقى كېرەك، بۇنىڭدا بەزى ۋاسىتىلىك، ئاسان تالاش - تارتىش قوزغىمايدىغان ئۇسۇللارنى تەۋسىيە قىلىشقا بولىدۇ، يەنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ياردەم بېرىپ، ياشاش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئىجتىمائىي ياشانغاندا كۈتۈنۈش سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش. ئەڭ مۇھىمى ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى كەسپىي ھايات ۋە جەمئى-

يەتتىكى ئىقتىسادىي تۈرمۇشقا ماسلاشتۇرۇش لازىم. ئەلۋەتتە، مۇ-شۇ تەدبىرلەرگىلا تايانغان بىلەن كۆچمەنلەر پەيدا قىلغان ئىجتىما-ئىي بېسىمنى تولۇق تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بىراق، بۇ تەدبىرلەر نې-مىلا دېگەنبىلەن بېسىمنى مەلۇم دەرىجىدە پەسەيتىش رولىنى ئوي-نايدۇ ھەمدە كۆچمەنلەر دولقۇنىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان دۆلەتلەر-مۇ مۇشۇ تۈپەيلىدىن زەربىدىن مەلۇم دەرىجىدە قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

## يەكۈن

خەلقئارالىق سىياسىيدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئىدىيەۋى ئېقىم خۇددى كىشىلەرنىڭ يەر شارىلاشتۇرۇشقا تۇتقان پوزىتسىد-يەسىگە ئوخشاش ئاجايىپ زىددىيەتلىك بىر خىل پسىخىكىنى ئىـ-پادىلىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، دۆلەت ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىشقا تۇرتكە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقايسى دۆلەت-لەر ۋە رايونلار ئارىسىدىكى ھەمكارلىققا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرى-جىدە تۇرتكە بولدى. يەر شارىلاشتۇرۇشتا ماكان ئارىلىقى بارغانچە مۇھىم بىلىنمەيدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن دۆلەت چېگراسىنى ھالقىغان ھەمكارلىققا كۆپ قولايلىق تۇغۇلدى.

بۇ مۇھاكىمىلەرنىڭ يەنىلا ئەنئەنىۋى ھۆكۈمرانلىق ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان خەلقئارالىق سىياسىي رايونلارغا (ئاشۇ تەرتىپلىك، قە-دىمىي دۆلەتلەر دۇنياسىغا) كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئەڭ كىچىك بولىدۇ. بۇ رايونلاردا خەۋپسىزلىك جەھەتتىكى مۇشكۈلاتلار ئۆزئارا ھەمكارلىق ئۈچۈن ئەڭ چوڭ توسالغۇ پەيدا قىلدى. بۇ يەردە ماكان ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنىڭ يىراق - يېقىنلىقىنى ئىنتايىن مۇ-ھىم رول ئوينايدۇ، دېيىشكە بولىدۇ. توقۇنۇش ئالدى بىلەن يەرلىك خاراكتېرگە ۋە رايون خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ؛ قوشنا دۆلەتلەر ۋە باشقا سىياسىي بىرلىكلەر ئۆزئارا تالاش - تارتىش پەيدا قىلد-

دىغان ئەڭ چوڭ خەۋپنى ئۆزىگە يوشۇرغان بولىدۇ. دۆلەتلەر دۇنيا-سىدىكى دەل مۇشۇنداق سىستېما كەلگۈسىگە تۇتاشقان يولنى يورۇ-تۇشقا ئۇرۇنغان مەشھۇر بېشارەتچىلەر دىققەت قىلىدىغان مۇھىم نۇقتىغا ئايلىنىپ قالغان. بۇ بېشارەتچىلەر ھېنرى كىسسىنگېر، زبىگنىېۋ برىژىنسكىي، پاۋل كېننېدى، ئارنولف باللىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەتنىڭ كېيىنكى بىر ئەسىرنى 19 - ئەسىرگە خاس نەزەر بىلەن كۆزىتىشكە مايىل ھەمدە خەلقئارالىق سىياسىيدىكى باشقا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ-لەرگە سەل قارايدۇ.[1] شۇڭا، ئۇلارنىڭ مۆلچەرى چوقۇم جايىدا چىقـ-مايدۇ ھەم چەكلىمىلىككە ئىگە.

سەيمىل خۇنتىنگتوننىڭ بۇ ئەپەندىلەرگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ كەلگۈسىگە نەزەر سالغاندا، ھەمىشە مەدەنىيەتكە مۇناسىۋەتلىك نۇقتىئىنەزەرلەرنى قوشۇۋېلىپ، ئەنئەنىۋى سىياسىينىڭ كونا تونىنى توپتوغرا كىيىۋالىدۇ، بىراق ئۇ «مىللىي دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت چەمبىرىكى» ئورنىغا «يادرولۇق دۆلەت رەھبەرلىكىدىكى مەدەنىيەت چەمبىرىكى»نى دەسسىتىدۇ. ئۇنداق قىلمىغان بولسا، ئۇمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن سىياسىينى تەھلىل قىلىشتەك تور ئىچىگە چۈشۈپ قېلىپ چىقالمىغان بولاتتى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا، ئىقتىسادنى يەر شارىلاشتۇرۇشنىڭ كۈچلۈك ھەمكارلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئاستا - ئاستا يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى مەجبۇرلاش يوسۇنىدىكى، ۋاقتى ئۆتكەن، سودىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان كونا رامكا ئالىدۇ، بۇنداق ئىدىيە بويىچە بولغاندا، بىر ئادەم ئالىدىغان پايدا مۇقەررەر

---

① ھېنرى كىسسىنگېر: «دۆلەتنىڭ ئىدارىكى: دىپلوماتىيەنىڭ ماھىـ-يىتى»، بېرلىن، 1994 - يىلى نەشرى. پاۋل كېننېدى: «21 - ئەسىرنى كۈتۈۋالايلى» فىرانكفورد، 1993 - يىلى نەشرى.

هالدا يەنە بىر ئادەم تارتىدىغان زىيان ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان بولىدۇ. بىراق، ئۇزاق مەزگىللىك نۇقتىدىن قارىغاندا، بىر رايوننىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە يۈكسىلىشى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىگە قارىتا مۇقەررەر ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، كاپىتالنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى يۆتكىلىشچانلىقى ۋە خەلقئارالىششى ئۇنى مىللىي دۆلەتنىڭ ئەسلىي خاسلىقىغا بېقىندۇرۇپ قويۇپ، بارغانسېرى زامانىنىڭ كەينىدە قويىدۇ. دۆلەت هالقىپ تىجارەت قىلىدىغان كارخانىلار ئۆزلىرى مەبلەغ سالغان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سىياسىي توقۇنۇشقا قىلچە قىزىقمايدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇھىمى پۈتكۈل دۇنيادا رىقابەتلىشىش ئۈچۈن مۇقىم بىر مۇھىت يارىتىش، يەنە كېلىپ خەلقئارالىق يېقىن هەمكارلىق ئارقىلىقلا بۇ نىشانغا يەتكىلى بولىدۇ. دۇنيا سودا تەشكىلاتى بىر دۆلەت ئۆز ئالدىغا قۇرۇۋالغان «خۇسۇسىي ئاپپارات» ئەمەس، ئىقتىسادىي جەھەتتە قۇدرەتلىك چوڭ دۆلەت قولىغا ئېلىۋالغان ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى تىزگىنلەش كۈچى ئالدىدا، باشقا ئەزا دۆلەتلەر بىر - بىرى بىلەن بولغان هەمكارلىقنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئاكتىپ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك، نېمىلا دېگەنبىلەن هەرقايسى ئەل هۆكۈمەتلىرىنىڭ بىر بېلەت تاشلاشقا كۈچى يېتىدۇ.

بۇ كونكرېت ئەهۋالنى چىقىش قىلغاندا، ئىككى رايون ئوتتۇرىسىدا ئىستراتېگىيەلىك ئىتتىپاق ئورنىتىش تەسەۋۋۇرىنى تامامەن ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ، شۇنداق بولغاندىلا دۇنيا ئىقتىسادى ۋە سىياسىي مەنپەئەت ئەڭ زور چەكتە تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ ئىتتىپاق غەرب بىلەن شەرقىي ئاسىيا ياكى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقتۇر. تەكىتلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇ-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كى، ئېچىۋېتىلگەن جۇڭگو بۇ ھەمكارلىق ئىتتىپاقىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالىدۇ؛ ئەمما خەۋپلىك، بېكىنمە جۇڭگو بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بولۇپ قالىدۇ. لاتىن ئامېرىكىسى، ئافرىقىنىڭ جەنۇ-بىي قىسمى، شەرقىي ياۋروپا (رۇسىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، يەنە جەنۇبىي ئاسىيادىكى بىرقەدەر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان رايونلارمۇ زورمۇزور دېگۈدەك بۇ ئىتتىپاق تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى مۇم-كىن. ناۋادا ئىسلام ئەللىرى زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىنى تاماملىيا-لىسا، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا مۇشۇ چەمبىرەك ئىچىگە سىغداپ كىرگۈ-زۈلىدۇ. بۇ ئىتتىپاق خەلقئارالىق سىياسىي داۋالغۇشنى ئۇنۇملۇك تىزگىنلىيەلىگۈدەك دەرىجىدە كۈچىيىدۇ ياكى بولمىسا ھەتتا ۋەزى-يىتى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان رايونلار، مەسىلەن، ئافرىقا ۋە يېقىن شەرق رايونلىرىدا تېخىمۇ پايدىلىق رامكا شارائىتىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇ يەرلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمۇ مۇمكىن.

ئاسىيا بىلەن غەربنىڭ ئىتتىپاقى غەيرىي ھۆكۈمەت ئاپپارات-لىرىنىڭ تور تەشكىلىي شەكلى ئارقىلىق قۇرۇلغان ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دۆلەتلەردە ئۆز ئورنىنى تىكلىگەن. بۇ كول-لېكتىپ ۋە تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيىتى ئىقتىسادىي دۇنيانىڭ پائا-لىيىتى بىلەن ھامان بىردەك بولۇپ كېتىشى ناتايىن، بەزىدە ھەتتا ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسى-لەن، مۇھىت ئاسراش ئىنسانىي ھوقۇق مەسىلىسى ۋە ئىستېمال-چىلارنى قوغداش، ئەمگەك مۇھاپىزىتى جەھەتتە شۇنداق بولۇپ قې-لىشى مۇمكىن. بۇ تەشكىلاتلار ئىقتىسادىي دۇنيانىڭ ئۈستۈنلۈكى-گە قارىتا بىر خىل تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى كۈچنى ھاسىل قىلىدۇ. باشقا دۆلەت ھالقىغان ئالاقىلەر بۇنداق سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىدۇ. تېررورىزمنى بىۋاستە پەيدا قىلمىسى-مۇ، قىزىقىشى ئوخشىشىپ كېتىدىغان پارتىيە ـ گۇرۇھلار تەشكىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلغان «خەلقئارالىق تەشكىلات»لار بۇنىڭ مىسالىدۇر.

تېررورىزم، مۇھىت مەسىلىسى، كۆچمەنلەر دولقۇنى قاتار-لىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت ھالقىشلار پەيدا قىلغان پايدى-سىز تەسىرلەرمۇ ئوخشاشلا ئاتالمىش زىددىيەتلىك ھادىسىلەرنى نا-مايان قىلىدۇ. تېررورىزم بىر جەھەتتىن قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىشىغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىراق، ئۇ يەنە قەتئىي، ئورتاق كۆرەشلەرگە زۆرۈر ھەم مۇۋاپىق سەۋەب تېپىپ بېرىدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا بولغان قىزىقىشنى بىرىن-چى ئورۇنغا قويغان دۆلەتلەر تېررورىزم پەيدا قىلىدىغان مۇقىمسىز ھالەتنى چوقۇم ياقتۇرمايدۇ، بۇ بىر «كىرىستاللىشىش نۇقتىسى» بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، مۇھىت ئاسراش مەسىلىسى ۋە كۆلىمى زور كۆچمەنلەر ھەرىكىتىنى بىر تەرەپ قىلىشقىمۇ بۇ قانۇنىيەت ئوخشاشلا باب كېلىدۇ.

ئۇنداقتا تەھلىلىمىزنىڭ خاتىمىسى سۈپىتىدە، مەدەنىيەت ئا-مىلىنىڭ زادى قانداق رول ئوينايدىغانلىقىنى مۇھاكىمە قىلىپ با-قايلى. يەكۈن شۇكى، ئۇ زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارنى كەسكىنلەشتۈ-رۈۋەتتى، بۇ تەرىپىنى ئۇنىڭ پايدىسىز تەسىرى دېمەي بولمايدۇ. بىرىنچى، بۇ نۇقتا كۆچمەنلەرنى قوبۇل قىلغان ئاشۇ دۆلەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ، چۈنكى بۇ دۆلەتلەردە مەدەنىيەت ئامىلى ئاساسلىقى ئىچكى ئىشلار جەھەتتىكى مەنىگە ئىگە. ئىككىنچىدىن، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تالاش ـ تارتىشلار يەنە تېررورىزملىق پائالىيەتلەر ئۇ-چۇن ئادەتتىن تاشقىرى زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن؛ ئۇ تېررورىزمنى بىۋاسىتە پەيدا قىلمىسىمۇ، تېررورىزمنىڭ مۇددىئاسى ئۇچۇن يې-ڭى مەنبەلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇ ئاساسلىقى يەر-لىك ۋە رايون خاراكتېرلىك تالاش ـ تارتىشلارنى قوزغايدۇ، يەنى دىنىي ئەقىدىنىڭ چىن مەنىسى ئۈستىدە توختىماي تالاش ـ تار-

تىش قىلىۋاتقان ئەسلىيەتچى گورۇھلار ئارىسىدا، ئەسلىيەتچىلەر بىلەن «بىدئەتچىلەر» ئارىسىدا ھەمدە ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا دۆلەت بىلەن ئىرقلار ئارا توقۇنۇش يۈز بېرىشى مۇمكىن. بەزىدە بۇنداق ئىشلار مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ئوخشاش بولغان دۆلەتلەردىن تەشكىل تاپقان ئىتتىپاقتىمۇ يۈز بېرىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ دۆلەت مەنپەئىتى ئوخشاش بولۇپ قالسا، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئورتاق نۇقتا بۇنداق ئىتتىپاقنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولۇپلا قالماي، ھۆكۈمەت دۆلەت ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئارا ئالاقىنى كۈچەيتىشى مۇمكىن. بىراق، ئومۇمىي پىرىنسىپنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاساسلىقى ھوقۇقنى كۈچەيتىشنى ئويلايدىغان سىياسىي تەشكىللەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ماكان جەھەتتىكى يېقىنلىشىش بىر - بىرىدىن رايى يېنىش كەيپىياتىنى تېخىمۇ ئاسان كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئوخشاشلىقمۇ مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرققە ئوخشاشلا تالاش - تارتىشقا قاتناشقان ياكى ھەمكارلىقنى قوغدىغان كۆلەم قانچە چوڭ بولسا — دۆلەتلەر گۇرۇھىدىن رايون ئىتتىپاقىغىچە، ھەتتا ئورتاق دۇنيا سىستېمىسىغىچە — مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ باشقا ئامىللار تەرىپىدىن چەكلىنىش ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش پۇرسىتى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ پايدىسىز تەسىرى ھەقىقەتەن پەيدا قىلغان - قىلمىغانلىقى ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىشنىڭ يۈز بېرىشى ئۇنى ئىقتىساد، مۇھىت، كۆچمەنلەر ۋە ئالماشتۇرۇش مەسىلىلىرىدە ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ تەقدىر كۈچىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنمايدۇ، بەلكى تېخىمۇ چوڭ جەھەتتىن دۆلەت ۋە سىياسىينىڭ مەدەنىيەت ئامىلىغا تۇتقان پوزىتسىيەسىگە باغلىق بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 2

## بىز نېمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەك؟

بىز قانداق قىلساق ئالاقىنى كۈچەيتىدىغان ئىلگىرى سۈرۈش كۈچى، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تۈرتكىلىك كۈچنى بۆلۈنۈشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدىن ئاشۇرالايمىز؟ خېلى نۇرغۇن كىشىلەر تەشۋىشكە چۈشۈپ ھەم نورمال تۇرمۇش ئوربىتىسىدىن ئايرىلىپ، زوراۋانلىق خاھىشىغا يۈزلەنگەن چېغىدا، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان زوراۋانلىق توقۇنۇشىغا دۇچ كېلىدۇ، بۇ چاغدا بىز تىنچلىق مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن قانداق زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىشىمىز كېرەك؟ ناۋادا بىز بۇ مەسىلىگە جاۋاب بەرمەكچى بولساق، ئۈچ قاتلامدىن تەھلىل قىلىشىمىز كېرەك، بۇ بىرقانچە نۇقتىغا رايون تەھلىلى داۋامىدا ئۈزۈكسىز دىققەت قىلىنىپ كەلمەكتە، شۇنىڭدەك كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنىدى، ئۇلار دەل دۆلەت، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتتۇر.

### دۆلەتلەر دۇنياسىنىڭ رېتسېپى

دۆلەتلەر دۇنياسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ مۇھىم يېتەكچى پرىنسىپ، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ياكى دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توسۇپ، مىللەتلەر ئورتاق گەۋدىسىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىلگەن مۇھىم رولىنى ۋەھىمىدىن خالىي قىلىشتىن ئىبارەت. مىللەت بىلەن ئىرق ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئىشىنىش تۇيغۇسىنى ھاسىل قىلىش ۋەھىمە پەيدا قىلىشقا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم، گەرچە جەمئىيەت ئامانلىقىنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان قىلمىشلارنىڭ يۈز بېرىشى

مۇمكىن بولسىمۇ، ۋەھىمە پەيدا قىلىشقا تايىنىشتىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ. بۇ خىل ئېنىق تونۇش «قول ئېلىشىپ يارىشىپ قىلىش سىياسىتى» ۋە چەكلەش سىياسىتى بىلەن ئورگانىك بىرىككەن «جىددىيلىكنى پەسەيتىش سىياسىتى» نى ئاساس قىلغان.

ئىشىنىش مۇناسىۋىتىنى تۇرغۇزۇشتا نۇرغۇن مىزانلار بار. ئۇ بارلىق قاتلاملاردىكى دىپلوماتىيە ئالاقىسى، سۆزلىشىش ۋە سۆھبەتتىن باشلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە قەرەللىك ياكى قەرەلسىز ھالدا باشلىقلار سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم بىر خىل ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ چوڭ سىياسەت - فاڭجېنلىرىنى بەلگىلەيدىغان، ئۇرۇش ياكى تىنچلىق ئۈستىدە قارار چىقىرىدىغان رەھبەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچرىشىشنىڭ ئورنىنى باشقا ھەرقانداق شەكىل ئالالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەربىي ئىشلار ساھەسىدىكى ئىشىنىش مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر باسقۇچ. غەرب ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى زوراۋانلىق توقۇنۇشلىرى يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان رايونلاردا، غەرب ئالدى بىلەن بۇنداق ئىشىنىش مۇناسىۋىتىنى ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن تۇرغۇزۇشى كېرەك، ئىمكانىيەت بولسا بۇ ھەربىي ھازىرلىقلارنىڭ سان ۋە سۈپىتىنى تىزگىنلەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. بۇ جەھەتتە ئامېرىكا ئاسىيادا تۈرلۈك ئالدىن باشلاش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى، ئۇ جۇڭگو، ھىندىستان بىلەن ھەربىي ھەمكارلىق مۇددىئاسىنى دەسلەپكى قەدەمدە تۇرغۇزدى ھەمدە ئۇنى يولغا قويدى. بىز ئىسلام دۇنياسىدىكى غەربكە ئىشەنمىسىمۇ، ئەمما دۈشمەنلىك غەرىزىدە بولمىغان دۆلەتلەر، مەسىلەن، ئىران ۋە سۈرىيەدەك دۆلەتلەر بىلەن ئەڭ ياخشىسى مۇشۇنداق ھەمكارلىق شەكلىنى ئورنىتىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىمىز.

ئۆزئارا ئىشىنىش تۇيغۇسىنى يېتىلدۇرۇشتە، خەلقئارالىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەشكىلاتلارغا تايىنىشتىن باشقا ئىشلەيدىغان كارغا كېلىدىغان شەكىل يوق. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە رايون خاراكتېرلىك تەشكىلاتلارنى كۆپچىلىك تەنقىد قىلىپ، ئەيىبلەپ كېلىۋاتىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ «پائالىيىتى» ھەمىشە يېتەرلىك ئەمەس دەپ قارىلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ تەنقىدلەر ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ جان تومۇرىنى چاڭگىدا تۇتۇۋالغان ئەزا دۆلەتلەرگە قارىتىلغان، بىراق بۇ خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ھەرقايسى ئەللەرنى كەمدىن ـ كەم ئېچىلىدىغان پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتكەن بولۇپ، كۆپچىلىك بىرلىكتە خەۋپسىزلىك مەسىلىسىنى ئورتاق مۇھاكىمە قىلسا ھەمدە خەۋپسىزلىك جەھەتتىكى مۇشكۈلاتلاردىن تىرىشىپ قۇتۇلسا بولىدۇ. نۆۋەتتە ئامېرىكىدىكى ئوڭ قانات پارتىيە ـ گۇرۇھلاردا كەڭ تارقالغان تەكەببۇرلۇق، مەنسىتمەسلىك كەيپىياتىنىڭ ئورنىنى قوللاش ۋە مۇناسىۋەت داۋامىنى كېڭەيتىش ئېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن كۆپ خىل، جاپالىق ۋەزىپىلەرنى ئېختىمۇ ياخشى ئورۇنلىيالىشىنى مەقسەت قىلغان ئىسلاھاتلارنى يولغا قويۇۋاتىدۇ. بۇ دۆلەتلەر ئارا ۋە رايونلار ئارا چۈشىنىش ۋە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى بىرىنچى ۋەزىپە.[1]

## رۇسىيەنىڭ بىر گەۋدىلىشىش مۇساپىسى

رۇسىيەنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى داۋاملىق يولغا قويۇشى تۈپ رېئال ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ناۋادا شىمالىي ئاتلانتىك ئوك-

---

[1] ئېرنست ئوتتوكزېمپىل: «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى»، «ئىمكانىيەت ۋە خاتا چۈشەنچە». مىيونخېن، 1994 ـ يىلى نەشرى؛ «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە دۇنيانىڭ تەرتىپى: خەلقئارالىق سىياسىينى مەدەنىيلەشتۈرۈشكە قوشۇلغان تۆھپىمۇ؟»، ئوپلادېن، 1997 ـ يىلى نەشرى.

يان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىش مۇساپىسى پىرىنسىپ
جەھەتتىن چەكلىمىگە ئۇچرىمىسا، بۇ رۇسىيەنىڭمۇ مۇۋاپىق شەرت
ئاستىدا شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇش
مۇمكىنچىلىكىنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ شەرتلەر رۇسىيە-
نىڭ ئۆزۈل -كېسىل دېموكراتىيەلىشىشى، ئىقتىسادنىڭ مۇقىم تە-
رەققىي قىلىشى، ئىنسانىي ھوقۇقنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇشى، ئۆ-
زىگە قوشنا ئەللەر بىلەن ماس ئېنىق مۇناسىۋەتنى ساقلاش قاتار-
لىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما، نۆۋەتتە رۇسىيەدە بۇ شەرتلەر
غەرب ئىشەنگۈدەك ۋە قوبۇل قىلالىغۇدەك شەكىلدە ياخشىلانغىنى
يوق. سىرتلاردا رۇسىيە بەك قۇدرەتلىك دۆلەت بولغانلىقتىن شىما-
لىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى ئىتتىپاقىغا كىرىشى مۇم-
كىن ئەمەس، دەيدىغان گەپ - سۆزلەر بار. بۇ زورمۇزور ئۆزىنى
كۆچلۈك كۆرسىتىشنىڭ باھانىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ناۋادا بۇ
گەپنىڭ ئاساسى بار دەيدىغان بولساق، ئۇنداقتا ئامېرىكىنى شىمالىي
ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىدىن چىقىرىۋەتسەك بولىدۇ. كەل-
گۈسىدە رۇسىيەنىڭ مۇۋاپىق پەيت تېپىپ شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان
ئەھدى تەشكىلاتىدىن ئىبارەت بۇ غەرب سىياسىيسىدىكى مەركىزىي
تەشكىلاتقا كىرىش مۇمكىنچىلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ،
پەقەت رۇسىيەنىڭ شۇنداق ئارزۇسى بولسىلا، بۇ تەسەۋۋۇر شەك -
شۈبھىسىزكى، سىياسىي ئىدراكنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ قالىدۇ. ناۋا-
دا رۇسىيە باشقىچە يول تۇتسا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشى. ئەمما، بۇ ئىشتا
زىددىيەت يەنىلا كۆپ، بىز بىر جەھەتتىن رۇسىيەنىڭ ئۆززۈكسىز
«غەربلىشىشى»نى ئارزۇ قىلىمىز، ھەتتا شۇنداق بولۇشىنى تەلەپ
قىلىمىز. بۇ مەنتىقىگە ئۇيغۇن بولۇپ، بىر گەۋدىلىشىش قەدىمىنى
تېزلىتىدۇ، يىراق يەنە بىر جەھەتتىن بىز ئۇنىڭ بۇ تەشكىلاتقا كىر-
رىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ چوڭ دۆلەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس، كىشىلەر ئۇنىڭ ئارمانغا تۇشلۇق دەرمانى يوق تۇرۇپ ياراتماقچى بولغان دۇنياۋى چوڭ ئوبرازىغا ھۆرمەت قىلىشى، ئۇنىڭ باشقا قوشنا ئەللەرگە بىسىم ئىشلىتىشكە چىداپ تۇرۇشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا كاۋكاز رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى ئۆزىنىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئۆزىگە غوجا بولغان ھالدا تەخشەپ تەقسىملىيەلەيدۇ، بەلكى رۇسىيە قىزىققانلىقى ئۇچۇنلا دۆلەتنىڭ بايلىقىنى سېتىش ۋە ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدىغان ئىش بولمايدۇ.

## چەت رايونلارغا بولغان ياردەم

ئافرىقىنىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىغا سىرتتىن ئۈزۈكسىز ياردەم بېرىش ھەم ئۇنىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ۋەزىپىمۇ غەربنىڭ ئىقتىدار دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن، بۇ يەردە بىزنىڭ ئالدى بىلەن ئۆز خەلقىمىز ئالدىدا «ياخشى ھۆكۈمەت» ئوبرازىنى ساقلىشىمىزنىڭ چەت رايونلارغا ياردەم بېرىشىمىزدىكى ئالدىنقى شەرت ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىر تىپىك مىسال شۇكى، ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن ماندىلا ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتتە، جەنۇبىي ئافرىقا «77 دۆلەت گۇرۇھى» تەشكىلاتىغا كىرىش ئارزۇسىنى بىلدۈرگەن. ئەمما، ياۋروپا ئىتتىپاقى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ بۇ تەشكىلاتنىڭ سىرتىدا قېلىشىنى خالىغان. بۇ تەشكىلاتقا كىرگەن ئافرىقا ئەللىرى بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا پەۋقۇلئاددە ئىقتىساد، سودا مۇناسىۋىتى بار ھەمدە ئۇلار ياۋروپا بازارلىرىغا تۇتىشىدىغان ئەۋزەل يولغا ئىگە بولغان، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى بەزى ئىقتىسادىي تارماقلارنىڭ بەزى جەھەتتىكى رىقابەت ئىقتىدارىغا بولغان ئەندىشىلەر تۈپەيلىدىن،

ياۋروپا ئىتتىپاقى كېڭەشى تەدبىر بەلگىلەشتە ئۇزاققىچە بىر قا-رارغا كېلەلمەي ئارىسالدىلىقتا قالغان. مەسىلەن، ئۇزاقتا سوزۇلغان سۆھبەتلەردە، گېرمانىيە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ رىقابەتچىسى سۈپىتىدە، گېرمانىيەدىكى سەرەبىل تې-رىيدىغان دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى «باتۇرلۇق» بىلەن قوغدىدى. لاتىن ئامېرىكىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىرىنچى ۋەزىپە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ياردەم بېرىش ئىقتىدارىغا تۇرتكە بولۇشتىن ئىبارەت. بۇ جەھەتتە غەرب ئەللىرى ئالدىغا يەنە بىر قەدەم بېسىپ، يەنى بۇ را-يوننىڭ ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىلەشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشكە پايدىلىق مۇھىم بىر قەدەمنى بېسىپ، بۇنى كونكرېت ھەرىكىتىدە ئىپادىلەپ، ئۇلارنى تېزدىن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى (OECD) نىڭ ئەزاسى قىلىشۇالسا بولىدۇ.

## ئاسىيانىڭ «پولات ئارقاندا مېڭىش»ى

ئاسىيادا بۇ رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يۈزلىنىش بارلىققا كەلدى. رايون خاراكتېرلىك تەش-كىلاتلار ۋە بىر گەۋدىلىشىشنىڭ باشلىنىشىنى قوللاش كېرەك دەپ قارالدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپا-قى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى رايون مۇنبىرى ۋە جەنۇبىي ئاسىيا ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى كېڭەشى (SARC) بارلىققا كەلدى. جەنۇبىي ئاسىيا ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى كېڭەشى ھېچقان-داق نەتىجە چىقمايدىغان قاتمال شەكىلدىن تەدرىجىي قۇتۇلۇپ، را-يون ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ھەمكارلىقىدىكى ئەمەلىي خىزمەتلەر-نى تۇتۇپ ئىشلەشكە كىرىشتى. ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى ئا-سىيا رايونىدىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭمۇ غەرب ئەللىرى قاتناشمىغان ئەھۋال ئاستىدا يىغىلىش ئۆتكۈزەلەيدىغانلىقىدەك ئەمەلىي پا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىتلارنىڭمۇ مۇمكىنچىلىكىگە سەۋر قىلىپ تورۇشى كېرەك. بەلكىم دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت سۆھبەت ئۈستىلىگە كەلمىسە، بەزى مەسىلىلەرنى ئىخىمۇ ئوڭاي بىر تەرەپ قىلغىلى بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىز ئاسىيا ئەللىرىنىڭ خەۋپسىزلىك ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئاسا-سىي نۇقتىسىغا تامامەن ئىشەنسەك بولىدۇ. ئۇلار غەرب بىلەن بىرد-كىشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى. بىز ئىن-سانىي ھوقۇق مەسىلىسىنى تاشلاپ قويماستىن، بەلكى مۇۋاپىق شە-كىلدە ئىش كۆنتەرتىپىگە قويساق بولىدۇ. بىراق، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئەزا قوبۇل قىلىشتىكى شەرتى غەرب ئەللىرىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىدە بولۇپ قالماسلىقى كېرەك، بىرمىنىڭ شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا قوبۇل قىد-لىنىشىغا بولغان كۈچلۈك ئېتىراز شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا ئەللەر بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى، بۇ مۇستەبىت ۋە دېموكراتىك ئەزا ئەللەرنىڭ بىرلىكتە «جاھانگىرلىك»نىڭ شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ئىتد-تىپاقىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا ئورتاق قارشى تۇرۇشد-غا تۈرتكە بولدى. بۇ ئىشلاردا بىز سەزگۈر كۆزىتىش ئىقتىدارىمىز بىلەن ئىش كۆرگىنىمىز تۈزۈك. ئاسىيا ئەللىرى بىزگە مۇناسىۋەتد-لىك تەنقىد - پىكىرلىرىنى بەرگەندە، غەرب ئەللىرىمۇ ئەستايىدىل قۇلاق سېلىشى كېرەك. ئىنسانىي ھوقۇق جەھەتتىكى سۆزلىشىشد-لەردە ئۆزىمىزنىڭلا گېپىنى يورغىلاتقاننىڭ پايدىسى يوق، بىز غەرب ئەللىرىمۇ ئۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىشىمىز، يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك.

دۆلەتلەر ئارىسىدىكى يېقىنلىق بۇ رايوننىڭ تەرەققىياتىغا پايد-دىلىق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا غەرب ئەللىرى جۇڭگونىڭ تە-رەققىيات يۈزلىنىشىگە ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىشى كېرەك. ئاسد-

يادىكى ھەرقايسى ئەللەر جۇڭگودىن قورقۇش پىسخىكىسىدىن خا-
لىي بولالىغان چاغدىلا، ئاسىيا سىياسىيسىدىكى ئەركىن تەرەققىيات
ئاندىن ئىشقا ئاشىدۇ. پەقەت جۇڭگو ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئارزۇسى
ياكى زومىگەرلىككىلا ئەھمىيەت بەرمەي، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە
ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئالدىن ئويلىشىدىغان بولغاندىلا، بۇ
ئالدىنقى شەرت ئاندىن ئىشقا ئاشىدۇ. بىراق، ناۋادا جۇڭگو مۇشۇ
يولنى تاللىسا، ئۇنداقتا غەرب ئەللىرى، بولۇپمۇ ئامېرىكا ياردەم
قولىنى سۇنۇپ، تاكى جۇڭگو باشقا دۆلەت ۋە مىللەتلەر بىلەن ئىـ-
ناق ئۆتىدىغان مۇھىتقا تەدرىجىي ماسلاشقانغا قەدەر ئاسىيادا بىر
خىل كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى ھاسىل قىلىپ تۇرۇشى كېرەك.

بۇلاردىن سىرت، غەرب ئەللىرى ئۆزى ئىشەنمەي كېلىۋاتقان
ئاسىيادىكى ئۈچ چوڭ دۆلەت ــ جۇڭگو، ھىندىستان ۋە ياپونىيە
بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت جەھەتتىـ-
كى قوش تەرەپلىك مۇناسىۋەتنى ساقلىشى كېرەك. بۇنداق قىلىش
غەربكە پايدىلىق مەنپەئەت ئامىللىرىنى توپلاپ، ئاسىيادىكى چوڭ
دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش ئۈچۈنلا بو-
لۇپ قالماستىن، بەلكى بۇ دۆلەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىپ،
ئۇلارنىڭ چۈشىنىشى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، بارلىق قاتلاملار-
دا ئۇزاق داۋاملىشىدىغان، كۆپ خىللاشقان سۆزلىشىش مېخانىزمى-
نى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،
رايون توقۇنۇشى يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش ھەمدە بۇ رايوننىڭ بىر
گەۋدىلىشىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇشۇنداق سۆز-
لىشىش ئارقىلىق، ئالماشتۇرۇش شەكلىنى ياخشىلىشى كېرەك.

## ئىسلام دۇنياسى بىلەن يارىشىش

دۇنيادا ئىسلام دۇنياسىغا ئوخشاش سوغۇققانلىق بىلەن كۆ-

زىتىشىمىزگە ۋە ئوبيېكتىپ سۆزلىشىش پوزىتسىيەسى تۇتۇشى-مىزغا توغرا كېلىدىغان باشقا ھەرقانداق رايون يوق. نۇرغۇن مۇ-سۇلمانلار كۆچمەنلىك يولى ئارقىلىق غەرب جەمئىيىتىمىزگە كېلىپ ماكانلىشىپ قالدى، پۇقرالىق ھوقۇقىنى ئەركىنلەشتۇ-رۇش مۇساپىسىدە، ئۇلار بىز ياۋروپالىقلار بىلەن بولغان كەلگۈ-سىدىكى ۋاستىلىك مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى مۇمكىن. ئىسلام دۆلەتلىرى بىزگە بىۋاسىتە رايون خاراكتېرلىك قوشنا، شۇڭا ئۇنى تاشلىۋەتسەك، ئىككى ياقلىمىلىق شەكىل جەھەتتە بىزگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ، چۈنكى بىزنىڭ ئارىمىزدا چەك - چېگرانى ئايرىشقا ئۇرۇنۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقلار بەك كۆپ بولغان.

ئالدى بىلەن غەرب تەنقىدىنىڭ بىردەكلىكى ئارقىلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تىرىشىدى-غان ھەم غەربنىڭ سىياسىي مەدەنىيەت ئامىللىرى بىلەن بىر گەۋ-دىلىشىشنى ئىزدەيدىغان دۆلەتلەرنى قوللىشى كېرەك، گەرچە ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى يېتەرلىك بولمىسىمۇ، شۇنداق قىلماي بولمايدۇ. بۇنداق دۆلەتلەر تۈركىيە، ئىيوردانىيە، تۇنىس ۋە مىسىر-نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ دۆلەتلەرنىڭ بىرەرسىمۇ «بىز»نىڭ دې-موكراتىيە تۈزۈلمىمىزگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئىنسانىي ھوقۇق بۇ دۆلەتلەردە يېتەرلىك ھۆرمەت قىلىنمايدۇ، ئىقتىساد بىيۇروكرا-تىزمنىڭ ئاسارىتىدىن تېخى تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلىگىنى يوق، چىرىكلىكمۇ جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە، شۇڭا بۇن-داق ئەيىبلەشلەرمۇ ئاساسسىز ئەمەس. بىراق، ئۇلارنى ئىسلام دۇن-ياسىدىكى باشقا ھۆكۈمەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىزگە خېلى يېقىنلىشىپ قالغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىز ھەمىشە ئۇلارنىڭ بىزگە ئوخشمايدىغان تەرەپلىرىنى كۆڭلىمىزدىن چىقىر-

رىۋېتەلمەي كۆنۈپ قالدۇق. ئۇلار قولغا كەلتۈرگەن زور مۇۋەپپە-
قىيەتلەرنى ئېتىراپ قىلغۇمىز كەلمەيدۇ. بىز يەنە بۇ دۆلەتلەرنىڭ
ئەسلىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئىرادىسى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن
كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنىمۇ تۆۋەن چاغلاپ كەلدۇق. بولۇپمۇ،
تۈركىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتا غەربنىڭ
خاتالىقلىرى روشەن گەۋدىلەندى. ئەلۋەتتە، تۈركىيە چېگراسى ئى-
چىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كوردلارنىڭ ئېزىلىشكە ئۇچراۋاتقانلى-
قى (ئۇلارنىڭ ئۆزىدىمۇ سەۋەنلىك بار)، تۈرمىلەردە قاتتىق جازاغا
تارتىلىۋاتقانلىقى ئېنىق، شۇنداقلا ئارمىيەمۇ دېموكراتىك ھاكىمى-
يەت تۈزۈلمىسىگە زىيانلىق تەسىرلەرنى پەيدا قىلىۋاتىدۇ. بۇ مە-
سىلىلەرنى ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن تەنقىد قىلىشىمىز كېرەك.
بۇ ئۈچ مەسىلىدە تۈركىيە ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن بىر گەۋدىلى-
شىشتىن ئىلگىرى پۈتۈنلەي چوڭقۇر ئۆزگىرىش ھاسىل قىلمىسا
بولمايدۇ. ئەمما، ياۋروپا ئىتتىپاقى تۈركىيەنىڭ كەلگۈسىدە ئىت-
تىپاققا كىرىش مەسىلىسىدە ئېنىق ئىپادە بىلدۈرۈپ، شەرتنى ئې-
نىق ھەم كونكرېت ئوتتۇرىغا قويىدى ھەمدە سۆھبەتلىشىشتىكى ۋا-
قىت جەدۋىلىنىمۇ ئۇقتۇردى. شۇڭىنىسى، ياۋروپا ئىتتىپاقى تۈر-
كىيەنىڭ ئىتتىپاققا كىرىش ئىلتىماسىنى ئاز - تولا خىجالەت
بولغان قىياپەتتە ياكى يۈزىنى داپتەك قىلىپ تۇرۇپ دېگۈدەك رەت
قىلدى. ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا ئەللەر ھەر پەسىلدە دېگۈدەك تۈر-
كىيەنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرىنى ئەيىبلەپ يا-
كى بۇ ئىشلارغا سۈكۈت قىلىپ كەلدى؛ يەنە بىر جەھەتتىن، ياۋرو-
پا ئىتتىپاقى تۈركىيە ئارمىيەسىنى ئۇلار ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلى-
دىغان بارلىق قوراللار بىلەن سېخىيلىق بىلەن تەمىن ئەتتى؛ بىز-
نىڭ بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك خاتا سىگنال بېرەلىشىمىز يەنە مۇمكىن-
مۇ؟ شۈبھىسىزكى، بۇ ئىشلار تۈركىيەگە: بىز سېنى ئالدىنقى سەپ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىكى ھەربىي دۆلەت قىلىۋالماقچى ھەم سىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغى-نى نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇرۇپ، سىنىڭ مۇشۇنداق رول ئېلى-شىڭنى قوللىماقچى، دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ. بىراق، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە تۇركىيە بىزنىڭ دائىرىمىزگە كىرمەيدۇ. شۇڭا، تۇركىيەدىكى تامامەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچ-رىغان تايانچ كۈچلەرنىڭ بۇ سىگناللارنى ئۆزلىرىنى چەتكە قاققان-لىق ۋە بىر تېپىك بىلەن قوغلىۋەتكەنلىك دەپ چۈشىنىپ قېلى-شىدىنمۇ ھەيران قالغىلى بولمايدۇ.

ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ تۇركىيەگە قوللانغان سىياستى جە-ھەتتە ئىلگىرىكى مىساللاردىن پايدىلىنىپ كۆرۈشكە بولىدۇ، يەنى ئۇ گىرېتسىيە، ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيەدەك ياش، يەنە كېلىپ مۇقىم بولمىغان دېموكراتىك ھاكىمىيەت تۈزۈلمىلىرىنى غەرب مىللىي ئورتاق گەۋدىسىگە قوبۇل قىلدى.

ئەمما، ماراكەش، تۇنىس ۋە مىسىرغا نىسبەتەن ياۋروپا ئىتتى-پاقى ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى ئوتتۇرا دې-ڭىز سىياستى جەھەتتە مۇۋاپىق مۇنبەر ھازىرلاپ بەردى. ماراكەش ئىلھام ئاستىدا يولغا قويغان ئېچىۋېتىش سىياستى تېخىمۇ ئۇزاق قوللاشقا ئېرىشىشى كېرەك؛ تۇنىسنىڭ چەكلىمە ئاستىدىكى دې-موكراتىيەسى، مەسىلەن، بېسىم ئاستىدىكى ئەركىنلىك، قامال قىلىش، قارشى ئېلىنمايدىغان زىيالىيلارغا قارىتا يولغا قويغان چېگرادىن چىقىشنى چەكلەش قاتارلىقلارنىمۇ ئېنىق تەنقىد قىلى-شىمىز كېرەك؛ مىسىردا ھۆكۈمەتنىڭ كومپارتىيە ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆكتىچى پارتىيەلەر بىلەن بىرلىكتە ئورتاق سورۇن ھاسىل قىلىشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك. لۇكسوردىكى قىرغىنچىلىق پارتىيەلەرنىڭ چەكلەش بۇيى-رۇقلىرىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشىغا باھانە بولۇپ قالماسلىقى،

بەلكى ھەقىقىي سۆزلىشىشنىڭ ئاچقۇچىغا ئايلىنىشى كېرەك. ئۇ-
تۇرا دېڭىز بويىدىكى بۇ ئۈچ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش جە-
ھەتتىكى بىيۇروكراتچىلىققا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم قىلىش ئۇ-
چۇن، ئۇلارنىڭ قەرز دارلىقىغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە غەرب دۇنياسى
يۆلەك بولۇشى كېرەك، بولۇپمۇ، مىسىرغا بۇنداق ياردەم ئىنتايىن
زۆرۈر. ئەلۋەتتە، ياۋروپا ئىتتىپاقى نۆۋەتتىكى بىرلەشمە شەرتنا-
مىگە ئوخشىمايدىغان شەكىلنى قوللىنىشى كېرەك، بۇ شەرتنامە
پەقەت مەغرىب ئەللىرىنى سانائەتنى قوغداش خاراكتېرىدىكى تا-
موژنا بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى، ئەمما ئۇلارنىڭ
يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا قارىتا ياۋروپا بازارلىرىنى ئېتىۋال-
دى. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يېزا ئىگىلىك گۇ-
رۇھلىرىنىڭ ۋائىزلىقلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان خاتا سىياسەت
يەنىلا ئىجرا قىلىنىۋەردى.

غەرب بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى سۆزلىشىشكە نىس-
بەتەن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى توقۇنۇش سىياسىي ھەم
ئەخلاق جەھەتتىكى ئازۇك نۇقتا بولۇپ كەلدى. مۇسۇلمانلار غەرب
ۋە ئۇنىڭ باشلامچىسى ئامېرىكىنىڭ يۈزەكى ئىش تۇتۇشى ۋە قوش
ئۆلچىمىنى ئەيىبلەشتى، بۇنداق ئەيىبلەشلەرنىڭ ئەلۋەتتە ئاساسى
بار. بۇنداق خاتا چۈشەنچە كېلىپچىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇ-
چۇن، غەرب ئەللىرى ئىسرائىلىيەنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى شەرتسىز،
ھەتتا زۆرۈر تېپىلغاندا بارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق
قوغدىشى كېرەك. چۈنكى، تارىخ باشقا مۇۋاپىق يولنىڭ بولۇشىغا
يول قويمايدۇ، بىراق غەرب ئىسرائىلىيەنىڭ خەلقئارا قانۇنلارغا
بوزغۇنچىلىق قىلىش، چەت ئەل زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋېلىش،
بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ قارار-
لىرىنى مەنسىتمەسلىك، پەلەستىن رايونىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇ-

لۇشىغا بوزغۇنچىلىق قىلىشتەك قىلمىشلىرىغا سۈكۈت قىلىپلا كەلدى ياكى بولمىسا ئەڭ كۆپ دېگەندىمۇ ئانچە ـ مۇنچە ئاگاھلاندۇرۇش خاراكتېرىنى ئالغان تاقەت قىلىش پوزىتسىيەسىنىلا ئىپادىلەپ قويدى، بۇ تامامەن چۈشىنىش مۇمكىن بولمىغان، كۆپچىلىك تېخىمۇ كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمەيدىغان قىلمىش. يەنە كېلىپ ئىسرائىلىيە مىنىستىرى پەلەستىننى «يۇتۇۋېلىش» توغرىسىدا گەپ ساتقان، ئىسرائىلىيە ئالىي سوتىنىڭ «ئېغىرلىتىپ سوتلاش» تەدبىرىنى قوللىنىشىغا قوشۇلغان، يەنى ئەرەب مەھبۇسلىرىنى قاتتىق قىيناشقا قوشۇلغان چاغدىمۇ، غەرب ئەللىرى قۇلىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ دېگۈدەك يۈرۈۋەردى. ئوخشاشلا ئىسرائىلىيە خەۋپسىزلىك قىسىملىرى قوللانغان چېتىلما جاۋابكارلىق تەدبىرى، يەنى تېررورچىلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى يۇرت ـ ماكانىدىن قوغلىۋېتىش، ئۆيلىرى، ئۈزۈمزارلىقلىرى ۋە باغلىرىنى توپا تۇرتۇش ماشىنىسى بىلەن تۇرتۇپ تۈزلىۋېتىش ھەرىكەتلىرىنىمۇ غەرب ئۇقماسقا سېلىپ يۈرۈۋەردى. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارنىڭ داۋاملىق كېڭىيىپ كېتىشى توغرىسىدىكى تەتقىقات دوكلاتىدا، ئىسرائىلىيەدىن ئىبارەت بۇ يادرو چوڭ دۆلىتى بىرەر قېتىممۇ تىلغا ئېلىنىپ باقمىدى. غەرب ئىسرائىلىيەنىڭ تەلىپىنى قەتئىي قوللاپ، پەلەستىن ھۆكۈمىتى ئەسلىيەتچىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىشى كېرەك دەپ قارىدى. ئەمما، ئىسرائىلىيە پەلەستىندىكى قارشىلاشقۇچىلاردىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدىكى ئۆچىغا چىققان ئەسلىيەتچى كۆچمەنلەرنىڭ تولۇق قوراللىنىپ پەلەستىن زېمىنىدا كۆرەڭلەپ يۈرۈشى بىلەن كارى بولمىدى. 1994 ـ يىلى 2 ـ ئايدا كۆچمەن دوختۇر باررۇخ گولدستان خېبروندا ناماز ئوقۇۋاتقان 29 مۇسۇلمانغا تېررورلۇق ھۇجۇمى قوزغىدى، نۇرغۇن

كۆچمەنلەر تاكى بۈگۈنگە قەدەر گودىستاننى قەھرىمان ۋە پىدائىي دەپ ھېسابلىشىدۇ. ئىسرائىلىيە كۆچمەنلىرى ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ چېتىگە نىسبەتەن «چېگرانى تۈزىتىش» ھەرىكىتىنى يولغا قويغاندا، يەنى پەلەستىنىنىڭ تېخىمۇ كۆپ تېرىلغۇ يېرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغاندا، ئىسرائىلىيە ئارمىيەسى ئۇلارنى دەرغەزەپكە كەلگەن پەلەستىن ئېتىراز بىلدۈرگۈچىلىرىدىن قوغداپ قالدى. غەرب بۇ ئىشقا نىسبەتەن ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى. غەرب ھەتتا ئوسلو كېلىشىمىنى ئىمزالىغان چاغدا بەلگىلىگەن ئىشغال قىلىۋېلىنغان زېمىندا ئىسرائىلىيە ئاھالىلەر ئولتۇراق نۇقتىلىرىنى قۇرماسلىق توغرىسىدىكى ئېنىق بەلگىلىمىلەرنىمۇ قەتئىي ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلمىدى. ئۇنداقتا، ناۋادا ئىسلام دۇنياسى بۇ ئىشنى ئەھلىسەلىپنىڭ يېڭى بىر قېتىملىق، ۋاستىلىك شەرققە يۈرۈش قىلىش ھەرىكىتى دەپ قارىغان بولسا، بۇنىڭدىن كىم ھەيران قالار ئىدى؟ غەرب ئەللىرى بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشتا تامامەن مەغلۇپ بولدى. بۇنىڭ ئەڭ قىزىقارلىق ھەم ئەڭ تىراگېدىيەلىك يېرى شۇكى، ئىسرائىلىيەدىكى سىياسىي كۈچلەرگە بۇنداق چەكسىز كەڭ قورساقلىق بىلەن قوللاش پوزىتسىيەسى تۇتقانلارنىڭ غەرب قىممەت قارىشىغا قەتئىي ئىشىنىدىغان كىشىلەر بولۇشى ناتايىن. دىنىي دەستەك قىلىپ تۇرۇپ سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر قەدىمىي ئىسرائىلىيە پادىشاھلىقىنى يېڭىباشتىن قۇرۇش ئارزۇسىدا يۈرگەن بۇ ئەسەبىي كۈچلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان رەقىبلىرىگە ئوخشاش ئىنسانىي ھوقۇق، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايتتى. ناۋادا بىز ياشاۋاتقان دەۋردە ئەر - ئاياللار بىرلىكتە دۇئا - تىلاۋەت قىلسا، پىراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇتەئەسسىپ ئىسرائىلىيەلىكلەر بىلەن ئىسلاھاتچى يەھۇدىيلار ھازىردارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تېمى يېنىدا دۇئا قىلغاندا، ئۇلارغا راسا تىل ـ ئاھانەت قىلىنىدۇ، چۈنكى دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتى پىراۋوسلاۋىيە دىنى ـ يەھۇدىي دىنىنىڭ ھەرىكەت مىزانىغا خىلاپ، شۇڭا ساقچىلار ئۇلارنى قوغلىۋەتسە بولىدۇ؛ ئۇنداق بولغاندا بۇ ئىشلارنىڭ غەرب مەدەنىيىتى بىلەن قىلچە ئالاقىسى بولمايدۇ، بۇ شەرقتىكى ئەسلىيەتچىلىك بولۇپ، كىشىلەر ئافغانىستان، ئىران ۋە سۇدانىدا دۇچ كەلگەن ئىشلاردىن پەرقى يوق دېيىشمۇ بولىدۇ.[1]

ناۋادا بىز بۇ ئىشلارنى سەممىيلىك بىلەن تەنقىد قىلمىساق، ئۇنداقتا غەربنىڭ قوللانغىنى بىر خىل «كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىش» سىياسىتى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئادەتتىكى چەكلىمىنمۇ بۇزغانلىق بولىدۇ، بىز ئۆز دۆلىتىنىڭ يېڭىباشتىن تىنچلىق سۆھبىتى يولىغا قايتىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان نۇرغۇن ئىسرائىلىيەلىكلەرگە ياخشىلىق قىلدۇق دەپ يامانلىق قىلىپ قويدۇق. دەل مۇشۇ ئىسرائىلىيەلىكلەر ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل غەربچە سىياسەت قوللىنىشىنى ھەقىقىي ئارزۇ قىلىدۇ، غەرب ئەللىرى بىلەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن سۆزلىشىشنى ئۇمىد قىلىدۇ. غەربنىڭ يۈزەكىلىك بىلەن ئىش قىلىشىنىڭ بۇنداق سۆھبەتكە قانچىلىك ئېغىر زەربە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، يەنى قانچىلىك ئەجەللىك يۈك بولىدىغانلىقىنى ئۇلار ھەرقانداق كىشىدىن ئوبدان بىلىدۇ. ناۋادا بۇنداق يۈزەكى پوزىتسىيە ۋاقتىدا تۈزىتىلمىسە، غەربنىڭ مەۋقەسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. لېكىن، بۇنداق پۇرسەتنىڭ كېلىش ئېھتىمالى يوق دېيەرلىك. غەربكە مايىل مىسىر ھۆكۈمىتى بىلەن

---

① موشې زىممېرمان: «ئىسرائىلىيەنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى»، «دۆلەت بىلەن دىن ئوتتۇرىسىدا»، بېرلىن، 1996 ـ يىلى نەشرى.

ئىيوردانىيە ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئۇلارنىڭ مەۋ- جۇتلۇق مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىشى مۇمكىن.

بىز ئەمدى ئىران بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئۈستىدە توختى- لىمىز. ئىران ئامېرىكىنىڭ ياقتۇرماسلىقى تۈپەيلىدىن قىيىنىلىپ كەلدى. بۇ 1979 ـ يىلى تېھراندىكى تۇتقۇن قىلىنىشلىش كىرىزى- سىدىن قالغان چاتاق. ھۆمەينى ھاكىمىيەت تۇتقان مەزگىلدە، بۇ دۆلەت قوشنىسى ئىراقتەك مۇستەبىت، ئىستىبدات، ھوقۇق مەر- كەزلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەت تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ھۆكۈمراز- لىق قىلىنمىغان بولسىمۇ، 1997 ـ يىلىدىن بېرى «كۆپ مەنبە- چىلىك» تىن ئىبارەت بۇ نازۇك يېڭى شەيئى قەدىمىي پېرسىيە زې- مىنىدا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدى. ئىراندا زوڭتۇڭ سايلىمى ئۆتكۈ- زۈلۈشتىن ئىلگىرىلا، ئاشىق ـ مەشۇقلارغا نىسبەتەن ئادەتكە ئاي- لىنىپ قالغان تەكشۈرۈش ئاز ـ تولا بوشىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆرپ ـ ئادەتنى ساقلىغۇچىلار ئۇزاقتىن بېرى قات- تىق ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان قائىدىلەرمۇ چەكلەش كۈچىدىن خېلى قالدى. مەسىلەن، سۇنئىي ھەمراھلىق تېلېۋىزىيەنى ئۆزى خالىغانچە ئۇلىنىشلىش ياكى سىنئالغۇ فىلىملىرى، CD پىلاستىنى- كىلىرىنى ئەتكەس يول بىلەن ئىمپورت قىلىش قاتارلىق قىلى- مىشلارمۇ ئانچە سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغان كارى چاغلىق ئىش بولۇپ قالدى. ئىسلاھاتچىلاردىن بولغان زوڭتۇڭ نامزاتى ھاتەم سايلام رى- قابىتى پائالىيىتىدە، ئوخشىمايدىغان سىياسىي قاراشتىكىلەرگىمۇ ئىدىيە ئەركىنلىكى بېرىش، ئۆكتىچىلەر ۋە باشقا دىن مۇخلىسلى- رىنى قوغداش، ئاخبارات ئەركىنلىكى بېرىش ۋە ئاياللارغا ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەركىنلىكى بېرىش قاتارلىق پىروگراممىلارنى ئوت- تۇرىغا قويدى. 1997 ـ يىلى 12 ـ ئايدىكى ئىسلام قۇرۇلتىيى ئې- چىلىش ئالدىدا، ئۇ يەنە خېيىم ـ خەتەرگە قارىماي، «زەھەرنى

چېچىپ»لا يۇرىدىغان دىنىي داھىي ھامەنىي بىلەن ئاشكارا ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ دوگماتىزمچە ۋائىزلىق قىلىشلىرىغا قارشى چىقىپ، ئاۋام ـ پۇقرا جەمئىيىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قوغداش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ھەتتا ئىسلام دۇنياسى غەرب مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشى كېرەك دەيدىغان ئىدىيەنى ئوتتۇ- رىغا قويدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ھاتەم يەنە ئامېرىكا بىلەن سۆزلىشىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسرائىلىيە يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ چېگرادىن كىرىشىگىمۇ ئاستا ـ ئاستا يول قويۇلىدىغان بولدى. ئۇلار ئىراندىكى غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەزالىرى بىلەن سۆزلەشتى ھەمدە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرىنىڭ قوبۇل قى- لىشى ۋە قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى، ئىران تەرەپ بۇنداق ئۇچرىشىشلارنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئاكتىپ ئىلھام بېرىش پوزىتسى- يەسى تۇتتى. مېكنونى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ياۋروپانىڭ «تەنقىدىي يوسۇندا سۆزلىشىش» سىياسىتىنى قوللانغانلىقى يەنىلا توغرا بولدى. بۇ خۇددى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۆزۈشى دەۋرىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەزى تېررورلۇق تەش- كىلاتلىرىنى قوللاپ، ئۇلارغا نىسبەتەن سۇس سىياسەت قوللانغان- لىقى توغرا بولغىنىغا ئوخشاشلا ئىش بولدى. شۇڭا، يولغا قويۇلۇ- ۋاتقان سۆزلىشىش سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىراننىڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، بۈگۈن قول- لىنىلغان بارلىق تەدبىرلەرنىڭ تېھران بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلغانلىقى ۋە بۇنىڭ ئاقىلا- نىلىك بولغىنىغا بەلكىم ئاخىرىدا ئامېرىكىمۇ ئىشىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئىسلام دۇنياسى بىلەن سۆزلىشىشتە، غەربنىڭ ئاسىيادىكى

سۈھبەت ھەمراھلىرى بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلغاندىكىگە ئوخ ـ
شاش ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشىنى كۈچلۈك تۈردە قوغدىماسلىقتا
ئاساسى يوق، بىر نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، غەرب ـ
نىڭ قىممەت ئىدىيەسى مۇقەررەر ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىچكى
قىسمىدا قوللاشقا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ قوللاش غەربنىڭ
قىممەت قارىشىنى تۈپتىن قوبۇل قىلغان، دىنىنى سىياسىيدىن
ئايرىۋېتىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ
قوللىشىدۇر. بۇ قوللاش يەنە ئىسلاھاتچىلىقى تەرەپدارلىرى ـ
نىڭ قوللىشىدۇر. ئۇلار ئۆزىنىڭ «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنىڭغا ئائىت
رىۋايەتلەرنى چۈشەندۈرۈش ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ، بۇ ئىدىيە
ياكى شۇنىڭغا يېقىنلىشىپ كېتىدىغان قىممەت قاراشلىرىنى ئىل ـ
غاپ چىقىدۇ. باسسام تىبى «ياۋروپادىكى ئىسلامىيەت» دېگەن ئۇ ـ
قۇمنى روياپقا چىقىرىپ، دىنىي دۇنيانىڭ ئېچىۋېتىش، زامانى ـ
ۋىلاشتۇرۇشقا بولغان يېڭى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى تەرغىب قىلدى.
ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىسلام ئەللىرى ياۋروپا ئەللىرى دۇنياسىغا تاما ـ
مەن سىڭىپ كىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ئۇ يەنە ياۋروپا ئور ـ
تاق مەدەنىيىتىنىڭ مول بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەن. ئىسلاھاتنى
خالايدىغان مۇسۇلمانلار بىلەن سۆزلىشىش داۋامىدىكى بۇنداق مەدە ـ
نىيەت قارىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانى بىز غەرب ئەللىرىگىمۇ
كەسكىن جەڭ ئېلان قىلدى. ئەپسۇس، بۇ مۇھىم ۋەزىپە مۇسا ـ
پىرلار مەسىلىسى، تۈركىيە كۆچمەنلىرىگە بولغان ۋەھىمە ۋە كۆپ
مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى سىغدۇرۇشچانلىقى
قاتارلىق مەسىلىلەر ئىچىگە كۆمۈلۈپ كەتتى.[1] بۇنداق نۇقتىئىنە ـ

---

① باسسام تىبى: «ئاللانىڭ سايىسىدا كۈن كەچۈرۈش»، «ئىسلام دىنى ۋە ئىنسانىي ھوقۇق»، مىيونخېن، 1994 ـ يىلى نەشرى.

زەرلەرنى پەقەت ئىسلام ئەللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىلا دەلىللىيەلەيمىز، يەنە كېلىپ بۇ ئارىمىزدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارغا تۇتقان پوزىتسىيەمىزدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، بىر گەۋدىلەشتۈرۈشكە تۇتقان چەتكە قېقىش، رەت قىلىش پوزىتسىيەسى كىشىلەرنى، بولۇپمۇ ياشلارنى ئەسلىيەتچىلەرنىڭ قوينىغا ئىتتىرىدۇ، خالاس.[1] ئۇلارغا تۇرمۇشتا چىقىش يولى تېپىپ بېرەلىگەنىمىزدىلا، ئاندىن ياۋروپادىكى كاتولىك دىنى، پىروتېستانت دىنى (يېڭى دىن) ۋە يەھۇدىي دىنى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشاش، دىنىي پەرقنىڭ قىممەت قارىشى جەھەتتىكى ئورتاقلىقنىڭ كەينىگە ئۆتۈشىدىن ئۈمىد كۈتەلەيمىز.

## ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشنىڭ رامكا شارائىتى

بۇنداق سۆزلىنىشلەر ھۆكۈمەتلەر ئوتتۇرىسىدىكىلا ئىش ئەمەس، سىياسىي ئامىللار ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلمىسىلا، ئىقتىساد ئەسلىدە ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە كېتىۋېرىدۇ. خەلق ئىگىلىكى سىستېمىسىنىڭ يەر شارىلاشتۇرۇش بويىچە تۈرلىنىشى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى ئورتاقلىقتا يۈزلەندۈرۈش ھادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەركىن سودا پىلانى دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا تەرەققىي قىلدى، بۇ جەھەتتە خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى ۋە دۇنيا

---

① ۋىلھېلىم خېيىمتمېير: «بىر گەۋدىلەشمەسلىك ۋە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى»، «گېرمانىيەدىكى تۈركىيە ياشلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى مۇلاھىزە قىلىش ۋە كۈندىلىك تەجرىبە ھەم ئۇلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىش شەكلى».

بانكىسىنىڭ تۆھپىسىگە كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ. بەزى دۆلەتلەردە،
ھۆكۈمەتمۇ دۆلەتنى خاتا يولغا باشلاپ قويىدىغان ئىشلاردىن قول
ئۈزدى. شۇڭا، نۆۋەتتە دۇنيا ئىقتىسادىدا ئاساسىي يېتەكچى ئورۇن-
دا تۇرىدىغان دۆلەت ھالقىغان كارخانىچىلار خەلقئارالىق ئىقتىسا-
دىي سەھنىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن كۈچلۈك ئازادلىكى بىلەن جانلىق
پائالىيەت قىلماقتا. ئەلۋەتتە بۇنداق ئەھۋال نۇرغۇن سەلبىي تە-
سىرلەرنىمۇ پەيدا قىلدى. نۇرغۇن جايلاردا كىشىلەر نەچچە ئون
يىلدىن بۇيان توقۇپ چىققان ئىجتىمائىي تور بۆسۈلۈپ كېتىشكە
باشلىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇ يەنە ئاكتىپ ئاقىۋەتلەرنىمۇ پەي-
دا قىلدى. نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت چەم-
بىرىكىدىن كەلگەن بىر قىسىم مۇھىم تايانچ كۈچلەر، يەنى ئىق-
تىسادىي پائالىيەتچىلەر مەسىلىلەر ئۈستىدە ئوخشاش بىر خىل
تىل، ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. دۆلەت
ھالقىغان كارخانىچىلار ئىقتىسادنى يەر شارىلاشتۇرۇشتەك چوڭ
ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، كۈنسايىن كۆپىيىۋاتقان ئىقتىسادىي پائا-
لىيەتلەر داۋامىدا ئۆزئارا ئالاقىنى ئۈزۈكسىز كۈچەيتتى. ئىقتى-
سادىي پائالىيەتلەردىكى بىردەكلىك ئوخشاشمايدىغان مەدەنىيەتلەر-
نىڭ قوشۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر مۇھىم ئامىل ياكى
بولمىسا ھەل قىلغۇچ تۈرتكىلىك كۈچ ھېسابلىنىدۇ. سىياسىي
تۈزۈلمە ئاخىر بېرىپ، بۇ كۈچلەرنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆز ئالدىغا
تىزگىنلەشكىمۇ قادىر بولالمايدۇ، بۇ يولدا كۆرسەتكەن تىرىشچان-
لىقلارنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايلا قالماي، بەلكى تۆلەنگەن بە-
دەلمۇ ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. شۇڭا، پايدىلىق رامكا شارائىتىنى
ھازىرلىماي بولمايدۇ.

بۇ رامكا شارائىتى ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايون تەشكىلاتلىرىدىن
ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى قائىدە - تۈزۈملىرىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كې-

چىشنى تەلەپ قىلمايدۇ. يەنى، بەزى كونسېرنلارنىڭ چوڭ غوجايىن-لىرى ئارزۇ قىلغاندىكىدەك ئىش بولمايدۇ. ئىجتىمائىي ۋە ئېكو-لوگىيەلىك پىرىنسىپلارنى دۇنيا ئىقتىسادىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغان دۆلەت ھالقىغان كارخانىچىلارنىڭ ئىقتىسادىي پائا-لىيەتلىرىگە سىڭدۈرۈشنى ئۇزاق مۇددەتلىك نىشان قىلىش لازىم. مالايشىيا بىلەن فىلىپپىن ئۇزاق مۇددەت تىرىشچانلىق كۆرسەت-كەندىن كېيىن، بالا ئىشچىلارنى ياللاپ ئىشلىتىشنى چەكلەيدىغان خەلقئارالىق ئەھدىنامىگە تۇنجى تۈركۈمدە ئىمزا قويغان ئاسىيا دۆ-لەتلىرى بولۇپ قالدى، بۇ كىشىلەرگە سىجىل يول كۆرسىتىش ۋە تىرىشىش ئارقىلىق نېمە قىلارنى بىلمەي ئارىسالدى بولۇپ يۈر-گەنلەرگە نىشاننى كۆرسىتىپ بېرىشكە تامامەن بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى. ئىنسانىي ھوقۇقنى ئېغىر دەپسەندە قىلىش ياكى مۇھىتقا قىلچە ئەيمەنمەستىن بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئارقىلىق رىقا-بەتتە ئۇستۇنلۈكنى قولغا كەلتۈرگەن بىرەر دۆلەت تېخى بولمىسا كېرەك، پۈتكۈل يەر شارىنى قاپلىغان رىقابەت مۇشۇنداق بىر تەر-تىپ رامكىسى ئىچىدە بىرەر دۆلەتنىڭ كۈچلۈك ئارىلىشىشى بول-مىغان ئەھۋال ئاستىدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئىچكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا قىيىنچى-لىقنىڭ پەۋقۇلئاددە ئېغىرلىقى ئىسپاتلانغان ئىسلام رايونىدىكى دۆ-لەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئىقتىسادىي مۇئامىلىدىكى توسالغۇ كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قورالالارنىڭ تەھدىتىگە ئېغىر دەرىجىدە ئۇچ-رىغان رايونلاردىلا بولىدۇ. بۇ خىل پىرىنسىپ ئەلۋەتتە باشقا ھەم-مىلا رايونلارغا باب كېلىۋېرىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا ئىقتىسادىي مۇ-ناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ئىككىلا تەرەپكە پايدىلىق بولۇپ، ئا-جىزلار كۈچلۈكلەردىن قورقىدىغان ئىشمۇ چىقمايدۇ. يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا شەرق رايونىدا بۇنداق مۇناسىۋەتلەر ھەمكارلىشىش ۋە

ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنى كۆپەيتىشكە قىزىقىدىغان تەرەققىيپەرۋەر تەشكىلاتلارنىڭ كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. بىراق مۇئەييەن ئەھۋالدا، ئال-قىشلانمايدىغان ئاشۇ ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىمۇ ئىجتى-مائىي رېئاللىققا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شۇنداقلا ئۇزاق مەزگىللىك نۇقتىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتىمۇ ئىنتا-يىن كىچىك بولىدۇ. ئىسلام سودا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەق-قىيات ئاساسىنى تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىپ، ئۇ يەرلەردىكى ئۆزگە-ئىشىنىدىغان، ئېچىۋېتىش تىپىدىكى كارخانىچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى قوللاش بىزنىڭ تېخىمۇ مۇھىم نىشانىمىز.

## ئىجتىمائىي تور: غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ رولى

مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستە پەقەتلا ئىقتىساد دېسەك يېتەرلىك بولمايدۇ. مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سۆزلىشىش ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي پائالىيەتچىلەرنىڭ پائالىيەت كاتېگورىيەسىگە كىرىدىغان بولۇپ، ئۇ ئىلىم - پەن ساھەسى، سەنئەت ساھەسى، ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلار، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ۋە جەمئى-يەتلەر، دىنىي تەشكىلاتلار ۋە غەيرىي ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىغا چې-تىلىدۇ. بۇ ئاپپارات ۋە تەشكىلاتلار ئىجتىمائىي كوللېكتىپلار تو-رىدا ھالقىلىق رول ئوينىدى. يېقىنقى بىرقانچە ئون يىلدا بۇ ئىج-تىمائىي كوللېكتىپلارنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، ئۇلارنىڭ كۈچىنىڭ زورىيىشى ۋە خەلقئارالىق سىياسىي سەھنىدە بارغانسې-رى جاراڭلىق سادا ياڭرىتىشى 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگى-لىدە كىشىلەرنىڭ ئەڭ دىققىتىنى قوزغىغان ئىشلارنىڭ بىرى بو-لۇپ قالدى. بۇنداق يېڭىلىقلار ئىجتىمائىي كوللېكتىپلارنىڭ سى-ياسىي تۈزۈلمىدىكى ئورنىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

بەردى. شۇڭا، غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ئاساسلىقى ئىجتىمائىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئىنتايىن ئۇزۇل - كېسىل بولغان جايلاردا، يەنى پۈتكۈل غەرب دۇنياسىدا يىلتىز تارتتى. ئۇلار يەنە شۇ يەرلەردىن پۈتكۈل دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىپ، سىياسىي ۋەزىيىتى ئىنتايىن ئازلا ئىمكانىيەت قالدۇرغان جايلارغىمۇ غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇرۇقىنى چاچتى. ھەرقايسى جەمئىيەتلەرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسىدىكى پەرقى چوڭقايغانسېرى، ئۇنىڭ پائالىيەت قىلىش ئىمكانىيىتىمۇ كۆپەيدى. غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ھۆكۈمەت ئاپپاراتى ھېسابلانمايدىغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە يېتەكچى ئورۇندا تۇرمايدىغان پۇقرالار، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ چېتىدە قالغان كوللېكتىپلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلدى، يەنە كېلىپ ئۇلار دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىپ، باشقا دۆلەت ۋە مەدەنىيەت چەمبىرەكلىرى بىلەن ھەمراھلىق تورى ھاسىل قىلدى. شۇڭا، مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى سۆزلىشىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغانلار، غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ھۆكۈمەتكە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇلار ئۆزىنى ھەرقانداق كېلىشىم، شەرتنامە ۋە توختامنامىلەر ھەمدە دۆلەت مەنپەئەتى ھەممىدىن ئۈستۈن دەيدىغان مۇھىم پرىنسىپلارنى ئويلىشىپ ئولتۇرۇشقا زورلىمىدى. ئىچكى ئىشلارنىڭ بېسىمى ۋە چەكلەش خاراكتېرىنى ئالغان مەنپەئەت ھېساباتىنىمۇ ئويلىشىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. بۇ قاتلامدىكى مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سۆزلىشىشتىن مۇنداق ئىككى خىل نەتىجە چىقىشى مۇمكىن: ئالدى بىلەن ئۇ بىرقەدەر ئاسان تالاش - تارتىش قوزغايدۇ، چۈنكى كىشىلەر دىپلوماتىيە جەھەتتە سەۋر - تاقەت قىلىشنى ئانچە ئويلىشىپ كەتمەيلا، بىر - بىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن ئىپادىلەيدۇ ۋە تەتقىق قى-

لىدۇ؛ بىراق ئۇ يەنە ئىجادىيلىققا باي بولىدۇ، چۈنكى ھوقۇق ۋە خەۋپسىزلىك مەسىلىسى بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىدىغان، ئىشەنچسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللارنى ئوتتۇرىغا قىستۇرۇۋالمايدۇ.

غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئەڭ دەسلەپتە مۇھىت ئاسراش سىياسىتى جەھەتتە نامايان بولۇپ، تەسىر كۈچى تەدرىجىي «يۇقىرى قاتلام»دىكى خەلقئارالىق سىياسىي ساھەلەرگىمۇ كېڭەيدى. ئۇلار ھەر خىل توقۇنۇشلاردا سالاكەشلىك قىلىپ تەرەپلەرنى ياراشتۇردى. مەسىلەن، موزامبىك ۋە ئالجىرىيەدە پائالىيەت قىلغان كاتولىك دىنى كاھىنلىرى تەشكىلاتى «St.Egidio» دەل شۇلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇلار يەنە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇش ۋە تالاش ـ تارتىشلارنى مۇرەسسە قىلدى. مەسىلەن، مالىدا كوپېراتىپ، كوپېراتسىيە پۇل ئامانەت بانكىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى ۋە كەسپىي تەشكىلاتلار دۆلەتنىڭ يېڭىباشتىن «Taureg» تەشكىلاتىغا قايتىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىلگىرى سۈردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، ئارمىيەنىڭ ھەربىي ھالەتنى تىزگىنلەش جەھەتتىكى ئەۋزەللىك ھوقۇقى چەكلەندى؛ ئۇلار يەنە شەخسلەرنىڭ قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىشىنى چەكلەشكە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدىمۇ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى خەلقئارالىق سىياسىي سەھنىدە سەل قاراشقا بولمايدىغان، جانلىق يېڭى سىياسىي كۈچكە ئايلاندى، ئۇلار دىپلوماتىيە ۋاسىتىسى رولىنى جارى قىلدۇرالمايدىغان جايلاردا، دۆلەت، رايون ۋە مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىغا كۆۋرۈك سالىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك ئەلچى بولۇپ قالدى.

بۇ جەرياندا نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرىمۇ غەيرىي ھۆ-

www.uyghurkitap.com

كۇمەت تەرەپلەرنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتە دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇ-
ناسىۋەتنى باشقا ئىشلار ئورنىنى ئالالمايدىغان ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە
قىلغانلىقىنى بايقىدى. ئوخشاشمىغان دۆلەت ۋە رايونلاردىكى ھۆ-
كۈمەتلەر بىلەن غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى دائىملىق ئارى-
لىشىشلاردا بىر - بىرى بىلەن بارغانسېرى كېلىشىپ، ئادەتتە
ئېيتىلىدىغان «قوش لىنىيەلىك تۈزۈلمە» باسقۇچىغا قەدەم قويۇ-
دى. بۇ يەردە بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئازدۇر - كۆپتۇر ئۆتكۈزۈ-
لۈۋاتقان قەرەللىك سۆھبەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، ھەربىي
ئىشلار، خەۋپسىزلىك، ئەسكەر قىسقارتىش قاتارلىقلارغا ئائىت
مەسىلىلەردە، بارغانسېرى كۆپ دۆلەتلەردىكى غەيرىي ھۆكۈمەت
تەشكىلاتلىرى ياكى خەلقئارالىق پۇقراۋى تەشكىلاتلار تەكلىپىگە
بىنائەن مۇشۇنداق سۆھبەتلەرگە قاتناشماقتا. مۇناسىۋەتلىك ئەل-
لەرنىڭ دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىمۇ «شەخسىي» سالاھىيىتى، يەنى
غەيرىي ھۆكۈمەت تەرەپ سالاھىيىتى بىلەن بۇنداق يىغىنلارغا قات-
ناشتى. غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ئۆزىنىڭ تەنقىدىي پىك-
رىنى قىلچە ئىيمەنمەستىن ئوتتۇرىغا قويسا ياكى باشقا سورۇنلاردا
چەك قويۇلىدىغان بەزى تەكلىپلەرنى بەرسە بولىۋېرەتتى. «قوش
لىنىيەلىك تۈزۈلمە» گە ئائىت يىغىنلاردا، بۇ نۇقتىئىنەزەرلەرنى
دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن مۇھاكىمە قىلىشقا بولاتتى، مە-
لۇم بىر تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ مۇخالىپ كېلىدىغان پىكىر-
لەرنى بېرىشى بىلەنلا ئۇلار تەئەللۇق بولغان دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى-
نىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ كېتىدىغان ئىش بولمايتتى.
بۇنداق شەكىل كۆپچىلىكنى قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالغان سۆھ-
بەت مۇھىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، تويۇق يولغا كىرىپ قالغان تالاش -
تارتىشلارنى يېڭىباشتىن «ھەل قىلىش ھاياتىي كۈچى» بىلەن تە-
مىن ئەتتى. شۇبھىسىزكى، بۇنداق يىغىنلار قاتناشقۇچىلارنىڭ مە-

دەنىيەت پەرقى توغرىسىدا ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن كېڭىشىپ، ئۇنىڭ سىياسىي ئەھمىيىتى ۋە ماسلاشتۇرۇش يولى ئۈستىدە مۇ- ھاكىمە يۈرگۈزۈشكە تۈرتكە بولدى، بۇنىڭدىن بىۋاسىتە دىپلوما- تىك ئاقىۋەت كېلىپچىقمايتتى.

غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمىتى باشقا ساھەلەردە ئىنسانىي ھوقۇق مەسىلىسىدە ئوينىغان رولىدىن تېخىمۇ مۇھىم رول ئويناپ بولالمايدۇ. دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ئىنسانىي ھو- قۇق «مەدەنىيەت پەرقى» باھانىسى بىلەن دەپسەندە قىلىنىپ كېلى- ۋاتىدۇ، خۇددى بىر مىلىقلار شىۋېتسارىيەلىكلەرگە قارىغاندا رە- ھىمسىز جازاغا بەرداشلىق بېرىشنى خالايدىغاندەك ياكى خىزمەت قىلىش ۋە تەربىيەلىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىنىغان ئافغا- نىستان ئاياللىرى نورۋېگىيە ئاياللىرىدەك ئەقىللىك، قابىل ئە- مەستەك ھەم ئەقىل ـ پاراسىتىنى جارى قىلدۇرالمايدىغاندەكلا ئىشلار بولۇۋاتىدۇ. خەلقئارالىق ئىنسانىي ھوقۇق تەشكىلاتى (مە- سىلەن، خەلقئارا ئومۇمىي كەچۈرۈم تەشكىلاتى) ياكى دۆلەت ئىچى- دىكى ئىنسانىي ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بۇنداق ناچار ھۆكۈمرانلىق ئەپسانىلىرىنىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى ئورتاق يوسۇندا يوققا چىقاردى. ناۋادا ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە، ئومۇملاشقان بىر ئىنسانىي ھو- قۇق ئاساسىي قائىدىسى پۈتكۈل دۇنيادا پەقەت نامدىلا ئەمەس، بەل- كى ئەمەلىي يوسۇندا ئىجرا قىلىنىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ تۆھپە بۇ پۈقراۋى تەشكىلاتلارنىڭ ھەمكارلىقى ۋە تىرىشچانلىقىغا مەنسۇپ بولىدۇ.

مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە پۈتكۈل يەر شارى بويىچە دېموكرا- تىيەلەشتۈرۈش جەريانىدا، غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ئاچ- قۇچلۇق رول ئوينىدى. شۇڭا، ئۇلار سىياسەت جەھەتتە شەرتسىز (مەزمۇنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنىدىغان ياكى بېسىم ئىشلىتىپ تە-

سىر كۆرسىتىدىغان ئىشلار بولمىغان ئاساستا) قوللاشقا ئېرىشە-شى كېرەك. ئەلۋەتتە نۇرغۇن كىشىلەر بۇ كوللېكتىپلارنىڭ ئىش-لىرىدىن ناھايىتى خاپا بولۇپ يۈرۈشىدۇ، بولۇپمۇ ھۆكۈمەت تەرەپ-نىڭ ۋەكىللىرى تېخىمۇ شۇنداق، ئۇلارنىڭ بەزى ئىشلىرىنىڭ ئە-يىبلەشكە تېگىشلىك جايلىرى ھەقىقەتەن بار. لېكىن، پايدىلىق تە-رىپى بىلەن زىيانلىق تەرىپىنى دەڭسەپ كۆرىدىغان بولساق، شۇن-داق بىر خۇلاسىگە كېلىشىمىز مۇقەررەر، يەنى غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولى ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىشىش مېخا-نىزمى ئۇلار پەيدا قىلغان پايدىسىز ئامىللارغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم ھەم تېخىمۇ قىممەتلىك.

### ئاياللارنىڭ ئورنىنى ئۆستۈرۈش

نۇرغۇن كىشىلەر، بولۇپمۇ ئەرلەر مېنىڭ كەلگۈسىدە پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرىمنى ئاڭلىغىنىدا تەئەججۈپلەنمەي قالمايدۇ، ئاياللارنىڭ ئورنىنى ئۆستۈرۈش ھەقىقەتەن شۇنچە مۇھىممۇ، ئەجەبا بۇ ئا-مىللار ئارقىلىق نۇرغۇن ساھەلەردە كۆزلەنگەن ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلغىلى بولامدۇ؟

بىرىنچىدىن، بۇ ئىنساني ھوقۇق غايىسىگە يېقىنلىشىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر باسقۇچ. نېمىلا دېگەنبىلەن ئاياللار دۇنيا ئا-ھالىسىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ. ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىش باشقا ھەرقانداق كوللېكتىپنىڭ ھوقۇقىنى ئاشۇرۇشقا قارىغاندا، ئىنساني ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە مۇساپىسىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ. ئاياللار ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى ئورتاق يوسۇندا قولغا كەلتۈرۈشكە كۈچلۈك تۈردە ئىنتىلگەندە، مەسىلەن، ئىران-دىكى «ئىسلام ئەركىن ئاياللىرى بىرلەشمىسى» ياكى ئىلگىرى گې-

ىنترىيەدە يۈز بەرگەن «ئالدىنقى سەپتىكى ئايال جەڭچىلەر ئازادلىق ھەرىكىتى»دە، ئۇلار ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى تامامەن كۆچەيتكەندىن كېيىن، شۇ دۆلەت ۋە رايوننىڭ تەرەققىياتى ۋە دېموكراتىيە مۇساپىسىدە بىر نۇرلۇق يول ئېچىلدى.

ئىككىنچىدىن، ئاياللارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان شەكىل بىلەن ئەڭ نامرات ئاھالىلەر قاتلىمىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى ياخشىلاش نىشانىغا يەتمەكتە. گىرامېن بانكىسى (Grameen Bank) نىڭ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى بۇ نۇقتىنى كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ ھەمكارلىق بانكىسى دەسلەپتە بېنگالدىلا پائالىيەت قىلغانىدى، ھازىر 58 دۆلەت ۋە رايونغا تەرەققىي قىلدى. ئاياللارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارغا ئاز سوممىلىق قەرز پۇل بېرىش ئۇنىڭ ئاساسلىق كەسپى. بېنگالدا بۇ بانكىنىڭ قەرز پۇلىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ 94% ى ئايال بولۇپ، ئايال قەرزدارلارنىڭ ئىنتايىن ئىشەنچلىك قەرزدار ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان، ئۇلار ئىقتىسادىي پائالىيەت ئارقىلىق ئائىلىسىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئەھۋالىنى ياخشىلىغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 1/3 قىسىم ئائىلىلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھال - ئوقىتىنى ياخشىلاش يولىغا ماڭدى؛ قالغان 2/3 قىسىم ئائىلىلەر «نامراتلىق» ئۆلچىمىگە يەتتى. بۇ ئائىلىلەردىكى بالىلار تېخىمۇ ياخشى تەربىيە ئالالايدىغان بولدى، بۇ ئائىلىلەردىكى ئىشسىز ئەرلەرمۇ خىزمەت ئورۇنلىرىغا يېڭىباشتىن قايتتى.

ئۈچىنچىدىن، ئاياللار تېخىمۇ كۆپ ھوقۇققا ئېرىشىپ، ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا تېخىمۇ سىجىل ئارىلاشقاندىلا، ئاھالىلەرنىڭ كۆپىيىشى ئاندىن مۇقىملىشىدۇ. ئەكسىچە، ئاياللار ھوقۇقىنىڭ كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ، غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھ-

ۋالى يەنىمۇ ياخشىلىنىدۇ. كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان يېرى شۇكى، تەرەققىي قىلىشۋاتقان دۆلەتلەردىكى غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا، ئاياللارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ھەتتا غەرب ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى ئاياللارنىڭ نىسبىتىدىن يۇقىرى. ناۋادا ئاياللارنىڭ ئۆزۈكسىز كۈچىيىۋاتقان قاتنىشىش ئېڭى ئارقىلىق غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ كۈچى زورايدى دېسەك، ئۇنداقتا مۇھىت ئاسراش، دېموكراتىيە ئىدىيەسىنى تارقىتىش ۋە ئۇنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىنسانىي ھوقۇق جەھەتتە مۇشۇ تۈپەيلىدىن تېخىمۇ ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

تۆتىنچىدىن، ئاياللار يەنە مەدەنىيەت چەك ـ چېگراسىدىن ئەڭ ئاسان ھالقىپ، دوستلۇق كۆۋرۈكى سالالايدىغان كۈچ بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق سۆزلىشىشتىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ھازىرچە تېخى ئىشەنچىمىز يوق، مەدەنىيەتلەرنىڭ چەك ـ چېگراسىمۇ ئاياللار ئارىسىدا ئاراز-لىق پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بىراق، ئاياللار ھەممىلا مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە ئەرلەرگە قارىغاندا ھەمىشە كەمسىتىشكە ھەم تەڭسىز مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ، ئافغانىستاندىكى تالىبان ھاكىمىيىتى ئاياللارنىڭ نۇرغۇن ھوقۇقلىرىنى تارتىۋالغاندىن تارتىپ، ئۆزىمىز ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىكى بېشىمىزدىن كەچۈرگەن بەزى ئىنچىكە ئۇسۇل ۋە ئادەتلەرگىچە بۇنداق مىساللار دېگەن كۆپ، بىز بۈگۈن يەنە ھوقۇق تەڭپۇڭلۇقى قائىدىسىدىن پايدىلىنىپ بۇنداق ھالەتنى ئىرىشىپ ياخشىلاشقا كىرىشكەن بولساقمۇ، ئەھۋال يەنىلا ئوخشاش. ئاياللارنىڭ ئورنىنى ياخشىلاش يولىدىكى بۇنداق مۇددىئا ھەرقايسى مەدەنىيەتلەرنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا ئاساسەن ئوخشاشمىغان غايىگە ئېتىلىدىغان ئاياللارنى بىر يەرگە جەم قىلىدى.

1995 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئېچىلغان 4 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئاياللار قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىغا ئوخشاشلا، پىكىردىكى ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، ئىختىلاپلارنى قويۇپ تۇرۇپ، مەدەنىيەت پەرقى ئاساسىدا كېلىپچىققان ئىختىلاپلارنى ئىجادىيلىق بىلەن توغرا يولغا سالساق بولىدۇ. ئەلۋەتتە ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلمايمىز.

## غەربنىڭ ئىسلاھاتى

مەن بۇ يەردە بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك بارلىق مەسىلىلەرنى غەربنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە تەسۋىرلىدىم، بۇنداق قىلىشىمدىكى سەۋەبنى 6 ـ بابتا شەرھلەپ ئۆتكەنىدىم. ئۇنىڭدىكى ئاگاھلاندۇرۇشنى يەنە بىر قېتىم تىلغا ئېلىپ ئۆتۇشىمىزنىڭ تامامەن زۆرۈرىيىتى بار، يەنى غەرب مەدەنىيىتى پۈتكۈل يەر شارىدىكى خىرىسلارغا تاقابىل تۇرالايدىغان ھەممىگە قادىر خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەر ئەمەس. تارىخ چاقى تېخى توختاپ قالغىنى يوق، غەرب تۈزۈلمىسىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرمۇ تېخى ئەڭ ئاخىرقى دەم ئېلىش نۇقتىسىنى تاپالىغىنى يوق. خۇددى گىيوتېنىڭ «فائۇست» دېگەن دىرامىسىدىكى: «توختاڭە، سىز نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە!» دېگەن مەشھۇر سۆز (شۇ پەيتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا) دە ئىپادىلەنگىنىگە ئوخشاش، بۇ نۇقتىئىنەزەر ئەڭ ئاخىرىدا غەلىبە پەيتىنى قولغا كەلتۈرمەستىن، ئەكسىچە مەغلۇبىيەت پەيتىگە مۇپتىلا بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئاچقۇچى غەرب ئەللىرىنىڭ قولىدىلا ئەمەس، ئەمما غەرب ئەللىرىنىڭ ئېچىۋېتىلگەن جەمئىيىتى، دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈلمىسى پۈتكۈل دۇنيانى ئىزدىنىشكە تۈرتكە بولىدىغان ئەڭ ياخشى ئالدىنقى شەرت بىلەن تەمىن ئەتتى.

www.uyghurkitap.com

يەر شارىلاشتۇرۇش، دۆلەتنىڭ ئەھمىيىتىنى نىسپىي ھالدا يوقىتىش، ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن قاتتىق سوقۇلۇش، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىلىشىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە تېزلىشىشى، پۈتكۈل يەر شارىنى قاپلىغان خەۋەرلىشىش تورى دېگەنلەرنىڭ ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىدىغانلىقىدا شەك يوق. بىراق، يەنە بىر جەھەتتىن، كۆچمەنلەر پەيدا قىلغان غايەت زور بېسىم، كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللار پەيدا قىلىدىغان يوقىتىش خەۋپى، يەر شارى مۇھىتىنىڭ ناچارلىشىشى تۈپەيلىدىن كېلىپچىقىشى مۇمكىن بولغان ئېكولوگىيەلىك ئاپەت دېگەنلەر بىزدىن مۇناسىپ ھەل قىلىش لايىھەسى ياكى بىرىكمە خاراكتېردىكى ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەمما بۇلارغا كۆپ خىل تەجرىبىلەر ئارقىلىقلا جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ. پەقەت ئاشۇ تەجرىبىخانىغا ئوخشاش تەشكىللەنگەن ۋە نامايان قىلىنغان دۆلەتلەر، يەنى كۆپ خىللىششقا سەۋر - تاقەت قىلالايدىغان ھەم ئۇنى پائال ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان دۆلەتلەرنىڭلا كەلگۈسىگە تۇتاشقان يولنى تاپالىشىدىن ئۈمىد بار. بۇنداق نىسپىي ئېچىۋېتىلگەن خۇسۇسىيەت ئەمەلىيەتتە دەل غەرب ئەللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، كىشىگە بۇنداق يۈكسەك دەرىجىدىكى ئەركىنلىك ۋە ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرۇش سورۇنى يارىتىپ بېرەلەيدىغان بۇنىڭدىن باشقا يول يوق. يەنە كېلىپ باشقا رايونلار كۈرەش قىلىش ئارقىلىقلا بۇنداق ئېچىۋېتىلگەن خاراكتېر ۋە تەجرىبە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالايدۇ. بىراق، بىز نۆۋەتتىكى رەھىمسىز رېئاللىق ئالدىدا، غەرب مەدەنىيىتى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ھالدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، «ئىتائەتچان» گۆركارلارنىڭ جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىدا

تەييارلىنىپ بولغانلىقىنى نەزەرگە ئالماي تۇرالمايمىز. بىز ئېچىۋېتىلگەن جەمئىيەتنىڭ زەربىسىگە تاقابىل تۇرۇشتا، ئۈچ تەرەپتىن كېلىدىغان خىرىسقا تەڭلا يۈزلىنىشىمىز كېرەك. بىرىنچىدىن، بىز ئۆزىمىزدىكى قاتمال ئاپپاراتلارغا دۇچ كېلىمىز. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بىلەن ئىشچىلار، كاپىتالىستلارنىڭ ھەمراھلىقى بىزنى تەسىرلىك مىساللار بىلەن تەمىن ئەتكەن؛ ئىككىنچىدىن، مەدەنىيەت، ئىرقىي ساپلىقنى ئارزۇ قىلىدىغان ئىۋق قانات كۈچلەرگە دۇچ كېلىمىز؛ ئۈچىنچىدىن، «ئاق كۆڭۈل كىشىلەر»نىڭ كۆپ مەنىبەلىك مەدەنىيەتكە بولغان ئىختىيارلىقىغا دۇچ كېلىمىز، ئۇلار دېموكراتىيە ۋە ئىنسانىي ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، دېموكراتىيە ۋە ئىنسانىي ھوقۇقنى ئۇزۇل - كېسىل ئىنكار قىلىدىغان قىلمىشلارغىمۇ ئۆزلىرىنىڭ چەكسىز كەڭ قورساقلىقى بىلەن سەۋر - تاقەت قىلىشىدۇ، چۈنكى ئۇ ئىشلارغا مەدەنىيەتتىن ئىبارەت بۇ تون كىيگۈزۈپ قويۇلغاچقا، پەرقلەندۈرمەكمۇ ئاسانغا توختىمايدۇ.

## مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەتلەر - نىڭ سۆزلىشىشى!

مۇقىملىق بىلەن ئېچىۋېتىش كەلگۈسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ. بۇ ئالدى بىلەن پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدا ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئۆسكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ھەرگىزمۇ جەمئىيەتتە پايدىسىز ئورۇندا تۇرۇۋاتقان جەمئىيەت ئەزالىرىنى جەمئىيەتنىڭ تاشلاندۇقلىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش دې - گەنلىك ئەمەس. ئىجتىمائىي دۆلەتلەرنى يوقاتماستىن، بەلكى ئۇلار - نى تۈۋەن تەننەرخ ئارقىلىق ئۈنۈملۈك ھالدا يېڭى ھەرىكەتلەندۈر -

گۈچ كۈچ بۆلىقىغا ئايلاندۇرۇش تەبىئىيلا بىر دۆچ كىلىدىغان ئەڭ چوڭ ۋەزىپە. شۇنداقلا، يەنە رەت قىلغىلى بولمايدىغان ئالدىنقى شەرت. غەرب ئەللىرى شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن بىر بەرگەن رەھ- بەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلغان بولىدۇ. ناۋادا دۇنيا- دىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەر ۋەھىمە قاپلىغان ئىجتىمائىي تۇزۇم ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسا، بىز ئېيتىۋاتقان بۇ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشمۇ ئەسلا مۇمكىن بولمايدۇ.① سەمىمىيلىك ئالدى بىلەن ئالماشتۇرۇشتىكى ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا قارىتىلىدۇ. بىراق، ئۇ ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن يات شەيئىلەرگە سەۋر - تاقەت قىلغىلى، ئۇنىڭ تەسىرىنى ھېس قىلغىلى ھەمدە ئۇنى چۈ- شەنگىلى ۋە ئۆزئارا ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ. بۇ ئىجتىمائىي بىخە- تەرلىك تۇيغۇسىدىن باشقا، يەنە ئىچكى قىسىمدىكى جەمئىيەت تەر- تىپىگە ئۆزىگە ئىشەنگەن ھەم ئاكتىپ يوسۇندا مۇئامىلە قىلىشىنى- مۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلەر كىشىنى رازى قىلالىغۇدەك دەرىجىدە ئەمەس، شۇنداق تۇرۇقلۇق سىرتتىكى مۇلاھىزىلەرنى ئىدراكىي يوسۇندا قىلىشنى قانداق تەلەپ قىلغىلى بولىدۇ؟

بىز باشقا مەدەنىيەتلەردىن پايدىلىق تەركىبلەرنى قوبۇل قىل- لىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك، ئەمەلىيەتتە بىز ئىسلام دىنى، ھىندى دىنى ۋە بۇددا دىنىغا ئائىت ئىشلارنى كۆپ بىلىپ كەتمەي- مىز. كۈڭزىچىلىق ياكى ياپونىيەنىڭ شىنتو دىنىغا ئائىت ئىشلار-

---

① ئانفونى گىددېنس: «سولچىل ۋە ئوڭچىللارنىڭ سىرتىدا»، فىرانك- كىفورد 1997 ـ يىلى نەشرى؛ ئۇلرىچ بېك: «يەر شارىلاشتۇرۇش دېگەن نې- مە؟»، «يەر شارىچىلىقتىكى خاتالىق ــ يەر شارىلاشتۇرۇشقا بېرىلگەن جا- ۋاب»، فىرانكفورد 1997 ـ يىلى نەشرى 4 ـ قىسىم.

نى كۆپ سانلىق غەربلىكلەر ئاڭلاپمۇ باقمىغان. مانا بۇنىڭ ئۆزىلا بىر ئەجەللىك ئاجىزلىق، غەرب دۇنياسى شۇنىڭ ئۇچۇن كومموۇ-نىزم ئۇستىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا غالىب كېلەلىدىكى، ھەر-بىر كىشى كوممۇنىزمدىن ئىبارەت بۇ ئاتالمىش «بىدئەتچىلىك»نى ئاساسەن دېگۈدەك چۈشىنەتتى. كۈچلۈك قارشىلىشىش ھالىتىگە باب كېلىدىغان ئاشۇ قانۇنىيەتلەر ئىجادىي خاراكتېردىكى سۆزلى-شىشلەرگە نىسبەتەنمۇ ئوخشاشلا مۇھىم؛ ناۋادا كىشىلەر ئۆزى بىلمەيدىغان شەيئىلەرنى ئاز ـ تولا چۈشىنىۋالسا، ئۇنداقتا بۇ شەي-ئى بىزگە نىسبەتەن ئەمدى يات ھېسابلانمايدۇ ـ دە، سۆزلىشىشمۇ ئاسانغا چۈشىدۇ. ئوقۇتۇش پىلانلىرى ۋە تەلىم ـ تەربىيە پىلانلى-رىدا، بەزى ۋاسىتىلەرنى ئاز مىقداردا قوللىنىش ئارقىلىق بەزى خۇشاللىنارلىق ھەم پايدىلىق ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. دىنىي جەمئىيەتلەر بۇ جەھەتتە ناۋادا دۇنيادىكى باشقا دىنلارغىمۇ ئۆز پىكرىنى بايان قىلىش پۇرسىتى بېرىشنى خالايدى-غان بولسا، ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن.①

بۇ كىتابىمىزدا گەپنى ئىنسانىيەتنىڭ ۋەھىمە تۇيغۇسىدىن باشلىدۇق، بىراق ۋەھىمىنىڭ كۆپ قىسمى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس. بېكىنمىچىلىك ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ، يات شەيئىلەرگە نىسبەتەن ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش پوزىتسىيەسى تۇتقاندىلا، ئىشلارنى ياخشى بىر ياقلىق قىلغىلى بولىدۇ. غەرب ئەللىرى دىل-خەستىلىك ۋە ۋەھىمە ئالدىدا يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. باشقا رايونلاردىكى كىشىلەر بىزنى پولات-

① ھانس كۈڭلىك: «دىنىي دۇنيا ئېتىكىسى ئۆچمەنلىك ۋە زوراۋاد-لىق قارشى» بېرلىن، 1994 ـ يىلى نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەك مۇستەھكەم دەپ قارايدۇ. چۈنكى، كۆچلۈكلەر مەۋجۇتلۇق جە-
ھەتتە ھېچقانداق ۋەھىمە ھېس قىلماستىن، ئاجىزلارغا يېقىنلى-
شالايدۇ. بۈگۈن غەرب دۇنياسىغا دەل مۇشۇنداق تەلەپ قويۇلۇۋاتى-
دۇ. پۈتكۈل دۇنيانىڭ تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، ئوخشاشمىغان مە-
دەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق-
لىقنىڭ تارايماستىن، بەلكى تېخىمۇ كېڭىيىۋاتقانلىقىغا ئىشەنمەي
تۇرالمايمىز. پەقەت تىرىشىپ ئىزدىسەكلا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدىن سۆزلىشىدىغان ھەمراھ ۋە ھەمكارلىشىدىغانغا نىشان
تاپالايمىز.

21 ـ ئەسىردە ئىنسانلار نەگە بارىدۇ؟ مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرى-
سىدىكى پەرق دۇنيانىڭ چەك ـ چېگراسىنى ئايرىشقا سەۋەب بولۇپ
قالامدۇ ياكى ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ
كۈچكە ئايلىنامدۇ؟ بۇ ئىشلار بىز غەرب ئەللىرىنىڭ مەدەنىيەتكە
تۇتقان پوزىتسىيەمىزگە باغلىق. ئامېرىكا غەربنىڭ سەركىسى بو-
لۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىشى كې-
رەك. بىز پەقەت ئامېرىكىدىنلا ئۈمىد كۈتىمىز، نۆۋەتتىكى ئەھ-
ۋالدىن قارىغاندا، ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسىلا بۇنداق ئارزۇغا يېقىن-
لىشىپ كەتمەيدۇ. ئۆزىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىنى، مۇۋەپپەقىيەتلىرى-
مىزنى قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىش ۋە باشقا مەدەنى-
يەتلەر بىلەن مۇۋاپىق شەكىلدە سۆزلىشىش ئارقىلىق بۇنداق نەتى-
جىلەرنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەسىلىنى ھەل قىلىش-
نىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلىشىمىز كېرەك. 21 ـ ئەسىردىمۇ 20 ـ
ئەسىردىكىگە ئوخشاش ھەممىلا يەرنى قانلىق ئۇرۇش ۋە زوراۋانلىق
توقۇنۇش ۋەقەلىرى قاپلاپ كېتەمدۇ ياكى بۇ تالاش ـ تارتىشلار
ھەمكارلىق ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان دۇنياۋى يېڭى تەرتىپنىڭ يا-
داشما ھادىسىلىرىگە ئايلىنىپ قالامدۇ؟ مەلۇم دەرىجىدىن ئېيتقان-

دا، ئەھۋالىنىڭ تەرەققىياتى «جۇڭگونىڭ خىرىسى»، ياپونىيەنىڭ تەھدىتى ياكى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىگە باغلىق بولماستىن، بەلكى ئالدى بىلەن ئۆزىمىزگە — دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ھاۋاسىدا بى- مالال نەپەس ئېلىۋاتقان، ئېچىۋېتىلگەن كۆپ مەنبەلىك مەدەنىي غەرب جەمئىيىتىگە باغلىق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئىبراھىم پەيدا
مەسئۇل مۇھەررىرى: زەپەرجان ئۇچقۇن
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئىسكەندەر ئەنۋەر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
قايتا تەكشۈرگۈچى: غەيرەتجان ئوسمان
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئەنۋەر قۇتلۇق
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېيىۋ

# مەدەنىيەتلەرنىڭ بىللە مەۋجۇتلۇقى

ئاپتورى: خارالد مۇللېر [گېرمانىيە]

تەرجىمە قىلغۇچى: خالىق ئاۋۇت

---

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى
پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
بەت ياسىغۇچى: شىنجاڭ ئۆگەن كىتاب تارقىتىش چەكلىك شىركىتى
زاۋۇت: ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېخېڭ رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 16.25
نەشرى: 2014 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2015 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN978-7-5469-5131-7
باھاسى: 60.00 يۈەن